ئەركىن سىدىق يازمىلىرى

# كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەر



بىلىۋال ۋە ئەركىن تورى سۆھبەت خاتىرىسى

# ئەركىن سىدىق يازمىلىرى

**(4 ـ قىسىم)**

**دوكتور ئەركىن سىدىق بىلەن سۆھبەت**

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇلئەزىز بەشتوغراق
مەسئۇل كوررېكتورى: پىداكار

ئەركىن سىدىق يازمىلىرى 4 ـ قىسىم

# كۆكۈل كۆكۈلدىن سۇ ئىچەر

ـ بىلىۋال ۋە سەلكىن تورى سۆھبەت خاتىرىسى


يازغۇچى: ئەركىن سىدىق ( ئامېرىكا )

ئېلخەت: erkinsidiq@gmail.com



مەسئۇل مۇھەررىر: ئابدۇلئەزىز بەشتوغراق

مۇقاۋا: ئەفۋان

بەتچىك: پىداكار

ئالاقىلاشقۇچى : تەدبىر شىركىتى www.tedbirltd.com

مەتبەئە ۋە نەشرىيات: تۈنچەل رېزىنكە باسما مەتبەئەچىلىك نەشرىيات

سانائەت تىجارەت چەكلىك ھەسسىدارلىق شىركىتى

Tunçel Ofset Matbaacılık Yay. San. Tic. Ltd. Şti. Davutpaşa Cad. Güven Sanayi Sitesi
B.blok 369-370 Topkapı / İstanbul Tel:(0212) 501 95 85 - (0212) 565 37 00

تۇنجى نەشرى: 2016 ـ يىل ماي

**ISBN:** 978-605-9078-75-7

ئاغاچ كىتاپخانا نەشرىيات قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىك غىزا ۋە تىببى بۇيۇملار

سانائەت تىجارەت چەكلىك ھەسسىدارلىق شىركىتى

AĞAÇ KİTABEVİ YAY. İNŞ. TAAH.
GIDA VE MEDİKAL ARAÇLAR. SAN. TİC. LTD. ŞTİ.
**Fevzi Paşa Cad. Şehit Kubilay Sk. No:6 Fatih/İstanbul**



« ئاراف نەشرىيات » « ئاغاچ كىتاپخانىسى » ماركىسىدۇر.

مەنبەسى ئەسكەرتىلگەن ھالدا پايدىلانسا بولىدۇ.

رۇخسەتسىز كۆپەيتىشكە ، بېسىشقا بولمايدۇ.

Araf Yayınları” bir “Ağaç Kitabevi” markasıdır.
Kaynak gösterilerek alıntı yapılabilir
İzinsiz çoğaltılamaz, basılamaz


Araf



ئاپتور: دوكتور ئەركىن سىدىق






سولدىكى رەسىم: ئەركىن سىدىق ئەپەندى James Webb ئالەم تېلېسكوپى مودېلىنىڭ ئالدىدا. بۇ مودېل خەلقئارا ئوپتىكا ئىنژېنېرلىرى جەمئىيىتى 2006-يىللىق ئىلمىي تەتقىقات يىغىنىغا كەلگەنلەرنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن تەييارلانغان بولۇپ، ئۇ ۋەكىللىك قىلىدىغان تېلېسكوپ 2013-يىلى قويۇپ بېرىلىدۇ. ئۇ ئالەم بوشلۇقىغا چىقىرىلغاندىن كېيىن، ھازىر پۈتۈن كائىناتنى تەكشۈرۈشكە ئىشلىتىلىۋاتقان Hubble ئالەم تېلېسكوپىنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ. ئۇ چاغدا Hubble تېلېسكوپى ئىشلىتىلىشتىن توختايدۇ. رەسىمدىكى تېلېسكوپ مودېلىنىڭ چوڭ كىچىكلىكى ۋە قۇرۇلمىسى ھازىر ياسىلىۋاتقان ھەقىقىي تېلېسكوپ بىلەن ئوپمۇ-ئوخشاش. بۇ رەسىم 2006-يىلى 26-ماي كۈنى تارتىلغان.

ئوڭدىكى رەسىم: ئەركىن سىدىق ئەپەندى فلورىدادىكى «Kennedy ئالەم بوشلۇق مەركىزى» دە. رەسىمدىكىسى ئامېرىكا ئالەم بوشلۇقىغا سۈنئىي ھەمراھ ۋە باشقا ئۇچقۇرلىرنى قويۇپ بېرىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن راكېتالارنىڭ مودېلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ رەڭگى، قۇرۇلمىسى ۋە چوڭ-كىچىكلىكى ھەقىقىي راكېتالارنىڭ بىلەن ئوپمۇ-ئوخشاش. بۇ رەسىم 2006-يىلى 28-ماي كۈنى تارتىلغان.

# مۇندەرىجە


ئاپتورنىڭ كىرىش سۆزى ........................ 1

بىلىۋال تورى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن يازما سۆھبەت ھەققىدە .......... 6

بىلىۋال تورى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن يازما سۆھبەت (1 ـ قىسىم) ...... 14

1. مۇھەررىردىن ........................ 15

2. ئەركىن سىدىقنىڭ ئائىلە ئەھۋالى ........................ 15

3. ئېلىپ بېرىۋاتقان تەتقىقاتى ........................ 17

4. 2006 ـ يىلىغىچە قولغا كەلتۈرگەن بىر قىسىم نەتىجىلىرى........ 18

5. ئەركىن سىدىقنىڭ ئۆگىنىش ئادىتى ........................ 20

6. دەم ئېلىش، خىزمەت ۋە ئۆگىنىشنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش ........ 26

7. ئائىلە، تۇرمۇش، ۋە خىزمەت مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىش ..... 31

8. ئەركىن سىدىق قۇرغان تور بېتى ........................ 38

9. مائارىپ سىستېمىسى ۋە بالا تەربىيىسى ھەققىدە ............. 45

10. يۇرتتىكى ياش-ئۆسمۈرلەرگە ئىككى كەلىمە............. 56

11. نوبېل مۇكاپاتى ھەققىدىكى كۆز ـ قاراشلىرى ............ 65

12. ئەركىن سىدىقنىڭ كىشىلىك خاراكتېرى ............... 69

13. چەتئەل ياشلىرىنىڭ ئۆگىنىش-ئىزدىنىش روھى ھەققىدە ....... 90

14. چەتئەللىكلەرنىڭ كىتاب ئوقۇشى ھەققىدە............. 101

15. چەتئەللىكلەرنىڭ تىل ئۆگىنىشى ھەققىدە ............. 111

16. ئىنتېرنېت ۋە تور مەدەنىيىتى ھەققىدە ............... 123

17. چەتئەللىكلەرنىڭ ئىقتىسادچىل بولۇش ئېڭى ھەققىدە........ 136

18. غەرب جەمئىيىتىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەت ھەققىدە........ 152

19. يېڭى شىركەت قۇرۇش ھەققىدە .................. 164

بىلىۋال تورى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن يازما سۆھبەت (2 ـ قىسىم) ..... 186

1. جۇڭگو ئىقتىسادى ھەققىدە....................... 186

2. خۇسۇسىي مىللىي كارخانىلار ھەققىدە ................ 194

3. مىللەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى ھەققىدە ................. 202

4. ئۆز كىملىكىنى چۈشىنىش ھەققىدە ................. 211

5. مۇستەقىل ئىگىلىك تىكلەش ھەققىدە ................ 222

6. چەتئەلدە قېلىپ قېلىش ۋە ۋەتەنگە قايتىپ كېتىش مەسىلىسى ھەققىدە ...... 228

7. چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى ھەققىدە ......... 241

8. مىللەتپەرۋەرلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ھەققىدە ....... 244

9. تەبىئىي پەندە ئوقۇش ۋە تەرەققىيات ھەققىدە............ 256

10. كىشىلىك مۇناسىۋەت ھەققىدىكى ئەھۋاللار ھەققىدە ......... 267

11. چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇش ھەققىدە ................. 280

12. سورۇن مەدەنىيىتى ھەققىدە ....................... 298

سەلكىن تور بېتىنىڭ ئەركىن سىدىق بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەت خاتىرىسى ................................ 313

# بىر ئادەمنىڭ دۇنيا قارىشى ئۇنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالىنىڭ قانداق بولۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ

— ئاپتورنىڭ كىرىش سۆزى—

«بىلىم ھاياتلىقنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ بىر ئادەمنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئۇنى ئىگىلەشنىڭ پەقەت بىرلا يولى بار: سەمىمىيلىك ۋە تىرىشچانلىق. ئۆگىنىش بىر چىراغ بولۇپ، بىز ئۇ ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ ئۆتمۈشىنى ئوقۇيالايمىز، ھەمدە ئۆزىمىزنىڭ كەلگۈسىنى يورۇتالايمىز. كىشىلەر بىلىم ئارقىلىق تەمىن ئېتىلىدىغان پۇرسەتلەر ئارقىلىق ئۆز دۇنياسىنى كېڭەيتەلەيدىغان كۈچ-قۇدرەتكە ئىگىدۇر». بۇ مەزكۇر كىتابتىكى 1-قېتىملىق يازما سۆھبەت خاتىرىسىدىكى بىر نەقىلدىن ئىبارەت.

كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ ئائىلە، تۇرمۇش، خىزمەت، مىللەت، ۋەتەن ۋە دۇنيا قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدىكى دۇنيا قارىشى ئۇلار 30 ياشقا كىرىشتىن بۇرۇن ئاساسەن شەكىللىنىپ بولىدۇ. يەنى، ئۇلاردىكى دۇنيا قاراش 30 ياشقا كىرىشتىن بۇرۇن ئېلىپ بارغان مەكتەپتىكى ئۆگىنىش بىلەن ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش جەريانى ئارقىلىق ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللىنىپ بولىدۇ. ئوتتۇز ياشقا كىرگەندىن كېيىن ئۆگەنگەن بىلىملىرى بىلەن توپلىغان تەجرىبە-ساۋاقلىرى ئاساسىي جەھەتتىن بۇرۇن شەكىللىنىپ بولغان دۇنيا قاراشلىرىنى تولۇقلايدۇ، چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ، ۋە كېڭەيتىدۇ. شۇنداق بولغاچقا 30 ياشقا كىرىشتىن بۇرۇن ئېلىپ بارغان ئۆگىنىش ئىنتايىن مۇھىم. بىر ئادەم ياش ۋاقتىدا تەشكىللەنگەن ئۆگىنىش جەريانلىرى بىلەن ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ۋاستىسىگە تايىنىپ ئىگىلىگەن بىلىملەر ئاساسىدا ھاسىل قىلغان دۇنيا قاراش ئۇنىڭ كېيىنكى ھاياتىدا يېتەكچى ئىدىيە سۈپىتىدە رول ئۆتەپ، ئۇنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالىنىڭ قانداق بولۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

بىر ئادەم يەنە بىر ئادەم بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، يەنە بىر ئادەمنىڭ دۇنيا قارىشىنى بىلىۋالالايدۇ، يەنە بىر ئادەمنىڭ بىلىملىرىنى ئۆگىنىۋالالايدۇ، ھەمدە يەنە بىر ئادەمنىڭ ئەمەلىيەتلىرىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىدىن ئىبرەت ئالالايدۇ. يەنى، سىز سۆزلىگەندە پەقەت ئۆزىڭىز بۇرۇن بىلىپ بولغان بىلىملەرنى تەكرارلايسىز. سىز ئاڭلىغاندا بولسا يېڭى بىلىملەرنى ئۆگىنىۋالالايسىز.

مەن مەزكۇر كىتابقا 2005 - 2006-يىللىرى «Biliwal.com» تور بېتى مەن بىلەن ئۆتكۈزگەن ئىككى قېتىملىق يازما سۆھبەت خاتىرىسى، ھەمدە مەن 2009-يىلى يۇرتقا بارغاندا سابىق «سەلكىن» تورى ئۇرۇمچىدە مەن بىلەن ئۆتكۈزگەن نەق مەيدان سۈرەتلىك سۆھبىتىنىڭ خاتىرىسىنى كىرگۈزدۈم. «سەلكىن» تورى مەن بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتنىڭ تولۇق جەريانى بىر سىن ھۆججىتى شەكلىدە ئىنتېرنېتتا تارقىتىلغان بولۇپ، ئۇ جۇڭگوغا تەۋە بەزى تورلاردا ۋە يۇتيۇب (YouTube) تا ھازىرمۇ بار. ئۇنى «ئەركىن سىدىق بىلەن سۆھبەت» دەپ ئىزدەش ئارقىلىق تاپالايسىز. شۇ قېتىمقى سۆھبەت ۋە ئۇنىڭغا ئۇلاپ ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەر مەن ئۈچۈن پۈتۈن ئۆمرۈمدە ئۇنتۇلغۇسىز گۈزەل ئەسلىمىلەرنى قالدۇردى. شۇنداقلا كېيىن يۈز بەرگەن بەزى ئىشلار قەلبىمدە ئاسانلىقچە ساقايمايدىغان ئېغىر زەخمىلەرنىمۇ پەيدا قىلدى. ئۇ چاغدىكى ئىشلار ئېسىمدە ھازىرمۇ خۇددى تۈنۈگۈنكى ئىشلاردەك ئېنىق بار. مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزۈش ئۈچۈن، «پىداكار» ئۆكىمىز ئاشۇ سۆھبەتنىڭ سىن ھۆججىتىنى قايتا-قايتا ئاڭلاپ، دېيىلگەن سۆزلەرنى ھۆججەت قىلىپ يېزىپ چىقتى.

مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزۈلگەن 3 قېتىملىق سۆھبەت خاتىرىسىدە مېنىڭ ئائىلە، تۇرمۇش، بالا تەربىيىسى، ئۆگىنىش، خىزمەت، مىللەت، ۋەتەن ۋە ئۆزۈم كۆرگەن چەت ئەل قاتارلىقلار ھەققىدىكى چۈشەنچەم، ئىدىيەم ۋە دۇنيا قاراشلىرىم بايان قىلىنغان. ئۇ مەزمۇنلار ئەينى ۋاقىتتا ۋەتەندىكى ئوقۇرمەنلەرنى كۈچلۈك جەلپ قىلغان بولۇپ، 1-قېتىملىق سۆھبەتنىڭ «بىلىك كۈلۈبى» مۇنبىرىدىكى نۇسخىسى ئۇ تور بېتى 2009-يىلى تاقىلىپ قېلىشتىن بۇرۇن 1.3 مىليون قېتىمغا يېقىن چېكىلگەن ئىدى. مېنىڭ بىلىشىمچە بىلىۋال تورى مەن بىلەن تور سۆھبىتى ئېلىپ بېرىشتىن بۇرۇن «تور سۆھبىتى» گە ئوخشاش بىر ئىش ئۇيغۇرچە تورلاردا بۇرۇن ئاساسەن بولۇپ باقمىغان بولۇپ، بىلىۋال تورى مەن بىلەن ئېلىپ بارغان 1-قېتىملىق سۆھبەت ئۇيغۇرلارنىڭ تور سۆھبىتىنىڭ بىر باشلىنىشى بولۇپ

قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرچە تورلاردا تونۇلغان زاتلار بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن تور سۆھبىتىنى داۋاملىق كۆرۈپ تۇرىدىغان بولدۇق.

بۇ 3 قېتىملىق سۆھبەتنىڭ روياپقا چىقىشىدا قۇربانجان روزى ئىنىمىز باشچىلىقىدىكى كۆپلىگەن قېرىنداشلار ئاساسلىق رول ئوينىدى. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە چىن كۆڭلۈمدىن چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن. مېنىڭ سەلكىن تورى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كۆپلىگەن يۈرەك سۆزلىرىممۇ بار ئىدى. ئەمما ئۇلارنى ھازىر دېيىشنى سەل نامۇۋاپىق كۆردۈم. مەن بىر قىسىم قېرىنداشلارنىڭ تەۋسىيىسى ئۈزۈمنىڭ تۆھپىسىنى ئۆزۈمنىڭ «كىرىش سۆز» قىسمىدا بىر ئاز تىلغا ئالدىم. شۇنداقلا 3-كىتابقا بىلۋال تورى بىلەن ئېلىپ بارغان يازما سۆھبەتكە چۈشكەن بىر قىسىم ئىنكاسلارنى كىرگۈزدۈم. ئۇلارنى تېخى ئوقۇپ باقمىغان ئوقۇرمەنلەرگە ئۇلارنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. مېنىڭ ماقالە تەييارلىشىم ۋە كىتاب چىقىرىشىمغا ھازىرمۇ چەت ئەلدىكى خېلى كۆپ قېرىنداشلار روھىي ۋە ئەمەلىي ياردەملەرنى قىلىۋاتىدۇ. مەن بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسمىنى بىر-بىرلەپ تىلغا ئېلىپ بولالمايمەن. ئەمما ئىسمىنى چوقۇم تىلغا ئالمىسام بولمايدىغان ئىككى ئىنىمىز بار. ئۇلارنىڭ بىرى مېنىڭ كۆپىنچە ماقالىلىرىمنى تورغا چىقىرىشتىن بۇرۇن تەھرىرلەپ بەرگەن، ۋە ئۇلارنى قايتا بىر قېتىم يۇقىرى تەلەپ بىلەن تەھرىرلەپ، كىتاب ئۇچۇن تەييار قىلغان، ۋە كىتابنىڭ ھۆججىتىنى بىر قوللۇق تەييارلاپ چىققان قەدىرلىك ئىنىم «پىداكار» دىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ يەنە بىرى بولسا مېنىڭ كىتابلىرىمنى باستۇرۇش ۋە تارقىتىش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر قوللۇق قىلىپ بېرىۋاتقان قەدىرلىك ئىنىم ئابدۇلئەزىز بەشتوغراقتىن ئىبارەت. مەن بۇ ئىككى ئۇكىمىزغا قانچىلىك رەھمەت ئېيتساممۇ ئازلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان ئابدۇرەھىم غېنى ئۇكىمىز مېنىڭ ئالدىنقى 3 كىتابىمنى ياۋروپادىكى قېرىنداشلارغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئالدى. مەن بۇ يەردە ئابدۇرېھىمجان ئىنىمىزغىمۇ چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.



1-رەسىم: ئەركىن سىدىق JPL دە «يۇلتۇزلار ئۇرۇشى» دېگەن كىنودىكى ماشىنا ئادەم بىلەن بىللە.

بىرىنچى قېتىملىق سۆھبەتنىڭ 19-سوئالىغا بەرگەن جاۋابىمدا مەن ئاشۇ قېتىملىق سۆھبەتنىڭ روياپقا چىقىش جەريانى بىلەن ئۆزۈمنىڭ بىر قىسىم مۇھىم كۆز-قاراشلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلغان ئىدىم. مەن ئوقۇرمەنلەردىن مەزكۇر كىتابنىڭ ئاشۇ قىسمىنى ئەڭ ئالدىدا بىر قېتىم ئوقۇۋېتىشنى ئۈمىد قىلىمەن. ئوقۇرمەنلەرگە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن مەن ئاشۇ 19-سوئالنىڭ جاۋابىنى مۇشۇ «كىرىش سۆز» نىڭ كەينىگىلا يۆتكەپ ئەكەلدىم.

بۇ كىتابنىڭ دەسلەپكى 1000 دانىسىنى باستۇرۇش ئۈچۈن كەتكەن ئىقتىسادىي چىقىمنى ئوغلۇم دىلشات مىللەت ئۈچۈن قىلغان بىر خىزمىتى سۈپىتىدە ئۆز يېنىدىن چىقىرىپ بەردى. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئوغلۇم دىلشاتقىمۇ چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. مىللەت بىزنىڭ ياردىمىمىزگە موھتاج. مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ ھەر خىل يوللىرى بار. خەلقىمىزگە كىتاب چىقىرىش يولى بىلەن خىزمەت قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى ناھايىتى زور. مەن مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ بۈنىڭدىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا كېڭىيىپ مېڭىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن. خەلقىمىز ئۈچۈن مۇشۇ تەرىقىدە خىزمەت قىلىشنى

ئىستەيدىغان پۇلدار ۋە مىللەتسۆيەر قېرىنداشلارنىڭ مەن بىلەن «bilim.humar@yahoo.com» ياكى باشقا ۋاستىلەر ئارقىلىق ئالاقىلىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.



2-رەسىم: ئوغلۇم دىلشات بىلەن بىللە.

بۇ قېتىم بېسىلىدىغان 1000 دانە كىتابمۇ خۇددى بۇرۇنقى 3 قېتىملىققا ئوخشاشلا تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن خالىسانە خىزمەت قىلىۋاتقان بەزى ئورۇنلارغا ئىئانە قىلىنىدىغان بولۇپ، سېتىلغان كىتابتىن كىرگەن پۇلنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ۋە ئۇيغۇر مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئەگەر سىز مېنىڭ كىتابىمنى سېتىۋالسىڭىز، سىز ئۇيغۇر مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن ئازراق پۇل ئىئانە قىلغان بولىسىز. مەن بۇ يەردە ھازىرغىچە مېنىڭ بېسىلغان كىتابلىرىمنى سېتىۋالغان بارلىق قېرىنداشلارغىمۇ كۆپتىن-كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن.

ئاخىرىدا مەن بۇ كىتابىنىمۇ مىللەتنىڭ غېمىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ياخشىلاش يولىدا پاك يۈرەك بىلەن توختاۋسىز، ئۈن-تىنسىز ۋە ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان بارلىق قېرىنداشلارغا بېغىشلايمەن.

**ئەركىن سىدىق**

**ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى لوس ئانژېلىس شەھىرى**

**2016-يىلى 20-ئاپرېل**

# بىلىۋال تورى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن يازما سۆھبەت ھەققىدە

ئەسكەرتىش: بۇ 1–قېتىملىق سۆھبەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سوئالىغا بېرىلگەن جاۋاب بولۇپ، ئاپتورنىڭ ئارزۇسى بىلەن مۇشۇ يەرگە يۆتكەپ كېلىندى.

**19-سوئال: بىزنىڭ ھازىرچە سىزدىن سورايدىغان سوئاللىرىمىز يۇقىرىقىلار بىلەن ئاخىرلاشتى. سىزنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇر دىيارىدىكى ۋەتەنداشلارغا دەيدىغان يەنە قانداق سۆزلىرىڭىز بار؟**

جاۋاب: 1976–يىلى 7–ئايدا، مەن ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن كۈنلا تراكتور ۋاگونىدا ئولتۇرۇپ، يوتقان–كۆرپىلىرىم بىلەن بىر كەتمەننى كۆتۈرۈپ، يېزىغا قايتا تەربىيە ئېلىشقا ماڭغاندا، مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ھېچ قانداق نۇر كۆرۈنمىگەنىدى. مەن ئۇچۇن ئىستىقبال دېگەن بىر قاپقارا ئۆڭكۈردىن ئىبارەت ئىدى. ئىچىمدە «مەن قاچانمۇ بىر ئېيىغا 25 سوم مائاش بېرىدىغان بىر ئىشچىلىق ياكى باشقا خىزمەتكە ئېرىشەلەرمەن؟» دەپ ئويلايتتىم. ۋەتەندىكى نۇرغۇن ياشلىرىمىز ھازىر دەل ئاشۇنداق بىر ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ھەتتا ئالىي مەكتەپ ئوقۇشىنى بىر خىل كۆۋرۈكتىن ئۆتۈش ئىشى قىلىۋېلىشقا يۈزلەنگىلى تۇرغاندەك قىلىدۇ. مەن بۇ ئىشلار توغرىسىدا كۆپ ئويلىنىپ، ئۇلارغا ئىنتايىن ئىچ ئاغرىتتىم. مېنىڭ كۆڭلۈم ئۇلارغا نىسبەتەن چوڭقۇر ھېسداشلىق تۇيغۇسى بىلەن تولدى. مەن ئازابلىنىش ئىچىدە ئۇلارغا بىرەر ئىش قىلىپ بېرىشكە يول تاپالماي تۇرغان بىر ۋاقىتتا، Biliwal.com نىڭ قۇرغۇچىسى قۇربانجان روزى ئەپەندىم بىلەن ئۇنىڭ ياردەمچىسى «مۇخبىر» ئەپەندىم ئۇشبۇ سۆھبەتنى ئېلىپ بېرىشنى ماڭا تەكلىپ قىلدى. مەن ئۇلارنىڭ تەكلىپىگە خۇشاللىق بىلەن قوشۇلدۇم. بىز بۇ سۆھبەتنى باشلىغان 3 ئاي ئەتراپىدىكى ۋاقىت جەريانىدا، قۇربانجان بىلەن «مۇخبىر» ئەپەندىلەر ئۆزلىرىنىڭ قانچىلىك ئالدىراشلىقىغا قارىماي، بۇ ئىش ئۈچۈن نۇرغۇن ۋاقىت ۋە كۈچ سەرپ قىلدى. مېنىڭ يازمامنى تەھرىرلەپ، ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلار كېچە سائەت 2 گىچە ئىشلىگەن

ۋاقىتلار ئاز ئەمەس. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قۇربانجان روزى ئەپەندىم بىلەن «مۇخبىر» ئەپەندىمگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. بۇ ئىككى ئۇت يۈرەك قېرىنداشىمىزدىن باشقا، بىلىك تور بېتىنىڭ باشقۇرغۇچىسى ئەليار ئەپەندىم بۇ سۆھبەتنى ئەڭ دەسلەپىدىن تارتىپلا ئۇيغۇر لاتىن يېزىقى (ULY) دىن ئۇيغۇر ئەرەبچە يېزىقى (UEY) غا ئۆزگەرتىپ، ئۇنى بىلىك تور بېتىگە قويۇپ، ULY نى بىلمەيدىغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ سۆھبەت خاتىرىسىدىن پايدىلىنىشىغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ يەردە مەن ئەليار ئەپەندىمگىمۇ چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مەيىن شامال، نەۋرۇز ۋە شەھرىزات، ئىزدىيارى ۋە باشقا بىر قىسىم تور بەتلىرى بۇ قېتىمقى سۆھبەتنى ھەمدە مەن يۈرتىمىزدىكى ئۇيغۇر ياشلىرى ئۈچۈن تەييارلىغان UyghurScholars.org دېگەن تور بېتىنى تەشۋىق قىلىش يولىدا ئىزچىل تۈردە كۆچ چىقىرىپ كېلىۋاتىدۇ. مەيىن شامال تور بېتى مېنى ئۆزلىرىنىڭ ئاۋازلىق چايخانىسىغا 2 قېتىم تەكلىپ قىلىپ، مېنى يۇرتىمىزدىكى ياشلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشى بىلەن، مەن خۇددى ئۆزۈمنى ئۆز خەلقىمنىڭ ئارىسىغا قايتىپ بارغاندەك ھېس قىلىپ، چەكسىز خۇشاللىق ۋە ھاياجانغا چۆمدۈم. مەندە ئۇنداق بىر ھېسسىيات بولۇپ باقمىغىلى 15 يىلدىن ئاشقاندى. مەن يۇقىرىقى تور بەتلىرىنىڭ باشقۇرغۇچىلىرىغىمۇ ئۆزۈمنىڭ سەمىمىي تەشەككۈرىنى بىلدۈرىمەن.

بىز بۇ سۆھبەتنى باشلىغاندىن كېيىن، نۇرغۇن كىشىلەردىن ئىنكاس تاپشۇرۇپ ئالدۇق. ئۇلار ئۆز ئىنكاسلىرىدا مەندىن تەلەپ قىلغان نەرسىلەرنىڭ بىرى، بۇ سۆھبەتنى ئىمكان قەدەر ئۇزۇنراق يېزىش. ماڭا كەلگەن بۇ ئىنكاسلار مەن ئۈچۈن زور ئىلھام بولدى. ماڭا زور كۈچ – قۇۋۋەت بېغىشلىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ھەر بىر سوئالنىڭ جاۋابىنى بارغانسېرى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇزۇنراق قىلىپ يازىدىغان بولۇپ كەتتىم. مەن ۋەتەندىكى قېرىنداشلارغا ئېيتىپ بېرىشنى ئارزۇ قىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى توغرىسىدا بىردىن سوئال چىقىرىش مۇمكىن بولمىغاچقا، مەن چىقىرىلغان سوئالنى چۆرىدىگەن ھالدا، شۇ چاغدا ئېسىمگە كەلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يېزىشقا تىرىشتىم. بولۇپمۇ چەت ئەلگە چىقىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغان كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوقۇپ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، ئامېرىكىنىڭ ھەر ساھەدىكى ئەھۋالىنى تونۇشتۇرىدىغان ھەمدە ئامېرىكىلىقلارنىڭ بالىنى قانداق تەربىيىلەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى مەزمۇنلارنى كۆپلەپ قوشۇپ قويدۇم. مەن ئېلېكتر ۋە ئوپتىكا ساھەسىدىكى

كەسىپ ئەھلى، ئىلمىي تەتقىقاتچى ۋە ئىنژېنېر. ئەمما، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى كەسىپ ئەھلى ياكى تەتقىقاتچى ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ماڭا ۋەتەندىن، ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىدىغان مۇھىتتىن ئايرىلغىلى 20 يىلدىن ئاشتى. مەن بۇ سۆھبەتنىڭ خاتىرىسىنى ئاشۇنداق بىر سالاھىيەت بىلەن يازدىم. ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى بەزى كەسىپ نۇقتىسىدىن قارىغاندا، يازغانلىرىمنىڭ بەزى يەرلىرى دېگەندەك توغرا بولماي قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى سورايمەن. ھەمدە ماڭا ئىلھام بېرىپ يازغان E–mail ۋە باشقا ئىنكاسلىرى ئۈچۈن، بارلىق ئوقۇرمەنلەرگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

Biliwal.com بىلەن مېنىڭ بۇ قېتىمقى سۆھبەتنى ئېلىپ بېرىشىمىزدىكى مەقسىتىمىز پەقەت بىرلا: يۇرتىمىزدىكى ياش ئوقۇغۇچىلارغا قولىمىزدىن كېلىشىچە روھىي جەھەتتىن بولسىمۇ بىر ئاز ئىلھام بېرىپ، ئۇلارنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن بىر توغرا يول تاللىۋېلىشىغا ئازراق بولسىمۇ ياردەم قىلىش. مېنىڭچە، ماڭا ئوخشاش ھەر خىل ئېگىز–پەس، ئەگرى–توقايلىقنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈپ، كىشىلىك ھاياتىنىڭ بىر قىسمىنى ياشاپ بولغان ھەمدە ئۆزى ئۈچۈن بىر قەدەر توغرا يول تېپىپ، كىشىلىك ۋە كەسپىي ھاياتىنى بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ ماڭالىغان ھەر بىر ئۇيغۇر قېرىندىشىمىزنىڭ، يۇرتىمىزدىكى ياش ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا مۇنداق بىر چۈشەنچىنى تەشەببۇس قىلىش مەجبۇرىيىتىمىز بار: ھازىر ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇشنى قانداق داۋام قىلىشتا، جۇڭگونىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى ئەمەس، بۇنىڭدىن 10 يىل، 20 يىل ھەتتا 30 يىلدىن كېيىنكى ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك. جۇڭگو ھازىر ئىنتايىن تېز ئۆزگىرىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن 10–20 يىل بۇرۇنقى «خىزمەتنى بىر تۇتاش تەقسىم قىلىش» تۈزۈمى ھازىر رىقابەت تۈزۈمىگە ئۆزگەردى. ئەگەر قانۇن–تۈزۈملەر مۇكەممەللىشىپ، رىقابەت ۋە خىزمەت پۇرسىتى ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولىدىغان بىر ۋەزىيەت شەكىللەنسە، ھازىر ئىگىلىگەن بىلىم، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئىقتىدارلار ئەڭ قىممەتلىك گۆھەرگە ئايلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ جەھەتتىكى چۈشەنچىسىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە، ھازىرغىچە ئۇزۇن مۇددەت تىرىشىپ، چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقالىغان ھەر بىر ئۇيغۇر ۋەتەندىشىمىز ئوخشىمىغان دەرىجىدە تۆھپە قوشالايدۇ. مېنىڭ بۇ قېتىم يېزىپ چىققىنىم ئۆزۈمدىن ئىبارەت بىر ئادەمنىڭ ھېكايىسى. ئىشىنىمەنكى، ھازىر چەت ئەلدە

ئوقۇغۇچىلار بىلەن قايتىشىپ بىرلەشمە رەشەدىن ئالغۇچى بالىنىڭ بولۇشى، ياخشى يۇرتتاشلارنىڭ ئىچىدە مەندەك ھېكايىسى بارلار ئىنتايىن كۆپ. ھەر خىل ئەگرى-توقايلىقنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا بىر مۇۋەپپەقىيەت يولىغا ئېرىشەلىگەنلەر ھەمدە بۇ يولدا ئۆز ئائىلىسى، ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن ئوخشىمىغان دەرىجىدە شان-شەرەپ كەلتۈرۈۋاتقان، ئۇيغۇر دېگەن بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى دۇنياغا بىلدۈرۈش جەھەتتە ئوخشىمىغان دەرىجىدە تۆھپە قوشۇۋاتقانلار خېلى كۆپ. مۇۋەپپەقىيەت بالدىقىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىغا تېخى چىقىپ بولالماي، تېخىچە جاپا-مۇشەققەتلىك دەۋرىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان بولسىمۇ، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى كۆزلەپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىدا كېچە-كۈندۈز بوشاشماي تىرىشىۋاتقانلارمۇ ئاز ئەمەس. مەن شۇلاردىن، ئۆز ھېكايىلىرىنى ماڭا ئوخشاش يېزىپ چىقىپ، ئۇنىڭدىن ۋەتەندىكى ياش ئەۋلادلارنى خەۋەردار قىلىشنى سەمىمىيلىك بىلەن سورايمەن. بىز ھەممىمىز قېرىيمىز. ئەڭ ئاخىرىدا ئۆلۈپ كېتىمىز. شۇغا يۇرتىمىزدىكى يېڭى ئەۋلادلار ئۈچۈن پايدىلىق نەرسىلەرنى ئۇلارغا قالدۇرۇپ قويايلى. بۇ يەردە، ھازىرغىچە ئازراق بولسىمۇ ئۆز ھېكايىسىنى ۋە ئۇيغۇر مەسىلىسىگە بولغان كۆز قارىشىنى يېزىپ، ئۇنى Biliwal.com ئارقىلىق كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە سۇنغان ياپونىيىدىكى دوكتور دىلشات ئابلا ئەپەندىم قاتارلىق ۋەتەنداشلارغىمۇ چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

مەن ئۆزۈم بېسىپ ئۆتكەن يولنى خۇلاسىلەپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ مۇنداق بىر فورمۇلىسىنى خۇلاسىلەپ چىقتىم:

مۇۋەپپەقىيەت = تالانت + تىرىشچانلىق + پۇرسەت

ھازىرغىچە www.meripet.com تور بېتىنى كۆرۈپ باققان يۇرتداشلار ئۈچۈن بۇ فورمۇلا ناتونۇش ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، بۇ بىر يېڭى فورمۇلا بولماستىن، مەن ئۇنى بۇنىڭدىن 20 نەچچە يىل بۇرۇن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدىلا ئوتتۇرىغا قويغاندىم. ئېسىمدە قېلىشىچە، مەن ئۇنى بىر قېتىملىق مەكتەپ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى قارشى ئېلىش چوڭ يىغىنى» دا سۆزلىگەن سۆزۈمگە كىرگۈزگەنىدىم. ئەسلىدە ئۇنى بىر چوڭ قەغەزگە يېزىپ، يىغىن زالىنىڭ سەھنىسىگە ئېسىپ قويۇپ تۇرۇپ چۈشەندۈرۈشنى ئويلىغان بولسامۇ، ئۇنىڭغا ئىمكانىيەت بولمىغانىدى. بۇ قېتىمقى سۆھبەتنى تولۇق ئوقۇغان كىشى، مېنىڭ نېمە ئۈچۈن يۇقىرىقى فورمۇلىدا كۆرسىتىلگەن بىر

خۇلاسىگە كەلگەنلىكىمنى ئاسانلا چۈشىنەلەيدۇ. بۇ فورمۇلىدىكى 3 ئامىلنىڭ ھەر بىرىنى مەن UyghurScholars.org تور بېتىدە بىر قەدەر تەپسىلىي چۈشەندۈردۈم. شۇڭا ئۇلارنى بۇ يەردە تەكرارلىمايمەن. مەن بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈپ كېتىشنى مۇۋاپىق كۆرگەن، ئامېرىكىلىقلارنىڭ مۇنداق بىر مىجەزى بار:

ئامېرىكىلىقلار ھەرگىز ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈنلا ئەمەس، بىر چوڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۆزىنىڭ شۇ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ.

ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، يۇقىرىقى فورمۇلىدىكى «تالانت» بىلەن «تىرىشچانلىق»نىڭ قانداق بولۇشى شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە باغلىق. لېكىن، «پۇرسەت» ئۇنداق ئەمەس. ھازىر زور كۆپ مىقداردىكى ئۇيغۇرلار «پۇرسەت» ئالدىدا ئۆزى ئۈچۈن بىر ئىنتايىن پايدىسىز ئورۇندا ياشاۋاتىدۇ. ئەمما، بىز بۇنىڭ ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇپ، بىر چۈشكۈنلىشىش، يوقىلىش يولىغا قاراپ ماڭساق، ئۇ ئۇچىغا چىققان نادانلىق بولىدۇ. چۈشكۈنلىشىش ئۆزىمىزنىڭ ئۆلۈمىنى ساقلاپ تۇرغان بىلەن باراۋەر. ئۇنداق قىلىش بىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىمىزنى ئۆزگەرتىشكە ئېلىپ بارمايدۇ. ئۇنداق قىلىشنىڭ بىز ئۈچۈن ھېچ قانداق قىممىتى يوق. ئۇنىڭ ئەكسىچە، بىز چۈشكۈنلۈكنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ئۆز-ئۆزىمىزگە بىر ياشاش يولى ئېچىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز كېرەك. يېڭى پۇرسەت يارىتىش جەھەتتە ئەڭ كۈچلۈك رول ئوينايدىغىنى بىلىم. مەن بۇ سۆھبەتتە مۇشۇنداق بىر نۇقتىنى تولۇق نامايان قىلىش ئۈچۈن ئىنتايىن كۆپ تىرىشتىم. ئۆزۈمنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەڭ تەرەققىي تاپقان ئەللەردىكى مىللەتلەر ئارىسىدىن كېلىپ چىققان ئەڭ نەمۇنە كىشىلەر بىلەن قانداق رىقابەتلەشكەنلىكىمنى ھەمدە بۇ رىقابەت ئىچىدە قانداق قىلىپ ئۆزۈمگە توختىماي يېڭى يول ئېچىپ ماڭغانلىقىمنى تەپسىلىي يېزىپ چىقتىم. بىلىمنىڭ پۇرسەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقى بىر دۇنياۋى ھەقىقەت بولۇپ، ئۇ ھەممە مىللەت ئۈچۈن ئورتاق. مەن مۇشۇ سۆھبەتتە نەقىل كەلتۈرگەن، ئوغلۇم دىلشات ئۆزىنىڭ مەكتىپىدىكى بىر پائالىيەتتە ئوقۇغان، ئامېرىكىلىقلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى كۆز قارىشى مۇنداق ئىدى: «بىلىم ھاياتلىقنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ بىر ئادەمنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئۇنى ئىگىلەشنىڭ پەقەت بىرلا يولى بار: سەمىمىيلىك ۋە تىرىشچانلىق. ئۆگىنىش بىر چىراغ بولۇپ، بىز ئۇ ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ ئۆتمۈشىنى ئوقۇيالايمىز، ھەمدە ئۆزىمىزنىڭ كەلگۈسىنى يورۇتالايمىز. كىشىلەر بىلىم ئارقىلىق تەمىن

ئېتىلىدىغان پۈرسەتلەر ئارقىلىق ئۆز دۇنياسىنى كېڭەيتەلەيدىغان كۈچ-قۇدرەتكە ئىگىدۇر». مەن يۇرتىمىزدىكى ھەر بىر ياش-ئۆسمۈرنىڭ بۇ سۆزلەرنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ ياشلىق دەۋرىنى ئىسراپ قىلماي، ۋاقتىنى يۈزدە-يۈز پىرسەنت بىلىم ئىگىلەش ئۈچۈن سەرپ قىلىشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىمەن.

مەن بۇ سۆھبەتتە يەھۇدىيلارنىڭ ئىشلىرىنى خېلى كۆپ تەسۋىرلىدىم. ئۇلارنىڭ «ياشاش يولى» نىمۇ خۇلاسىلەپ ئوتتۇرىغا قويدۇم. شۇ خۇلاسىنىڭ ئىچىگە تېخى كىرگۈزۈلمىگەن يەنە بىر ئىش بار. ئۇ بولسىمۇ، يەھۇدىيلار داۋاملىق ئۆزلىرى دۇچ كېلىش ئېھتىماللىقى بولغان ئەڭ ناچار ئەھۋالنى تەسەۋۋۇر قىلىپ، شۇنىڭغا ھەر تەرەپلىمە تەييارلىق كۆرۈپ تۇرۇپ ياشايدۇ. بۇ خۇددى بىر كۆپ يەر تەۋرەيدىغان رايوندا ياشاۋاتقان كىشىلەر «ئەگەر ھازىرلا 8 بال يەر تەۋرەپ قالسا، بىز قانداق قىلىمىز؟» دەپ سوراپ تۇرغانغا ئوخشاش ئىش. شۇنداقلا، بىر ئۇرۇش بولۇۋاتقان رايوندا ياشاۋاتقان بىر ئائىلە كىشىلىرى «ئەگەر ھازىرلا بىزنىڭ ئۆينىڭ ئۈستىگە بىر بومبا چۈشسە، بىز قانداق قىلىمىز؟» دەپ سوراپ تۇرغىنىغا ئوخشاش ئىش. ھازىر ئۇيغۇرلار ئىنتايىن كۆپ ۋە ئىنتايىن كەسكىن مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. مېنىڭچە ئەقلى-ھوشى جايىدا، ھەقىقىي ۋىجدانى بار بىر كىشىنىڭ بۇنداق كەسكىن ئەھۋاللارنى كۆرمەسلىككە سېلىپ، كاللىسىنى پۈركىۋېلىپ ياشاپ ماڭالىشى ئاسان ئەمەس. شۇڭا ئۇيغۇرلارمۇ ئارىلاپ-ئارىلاپ، «بىز دۇچ كېلىشىمىز مۇمكىن بولغان ئەڭ ناچار ئەھۋال قايسى؟» دەپ ئۆز-ئۆزىدىن سوراپ تۇرغىنى ياخشى. تېخىمۇ مۇھىمى، يالغۇز ئۆز-ئۆزىدىن سوئال سوراپلا قالماستىن، ئاشۇنداق ناچار ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، توختىماي تىرىشىشى كېرەك. يەھۇدىيلار دەل ئاشۇنداق قىلىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ ئانچە كۆپ كۈلمەي، ناخشا ئېيتماي، ئۇسسۇل ئوينىماي، كۆپىنچە ۋاقىتتا بىر خىل جىددىي ھالەتتە تۇرغاندەك كۆرۈنۈشى، مانا مۇشۇنداق سەۋەبتىن بولۇشى مۇمكىن. بۇ خۇددى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تەمسىلىدە ئېيتىلغاندەك ئىش: «مىدىرلاپ تۇرغان قۇرت كۆمۈلۈپ قالمايدۇ». مەن يۇقىرىقى ئىشنى ئۆزىنىڭ ئادىتىگە ئايلاندۇرۇشنى ھازىر ئۆز ئىستىقبالىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ، ئانچە تىرىشمايدىغان بولۇپ قالغان ھەر بىر ئۇيغۇر ياش-ئۆسمۈر ئۈچۈنمۇ تەشەببۇس قىلىمەن. چۈشكۈنلىشىپ ھېچ بىر ئىش خوش ياقمىغان ۋاقتىڭىزدا، ئۆزىڭىزدىن يۇقىرىقىدەك بىر سوئالنى سوراپ بېقىڭ. چوقۇم چۈشكۈنلۈكنى كۈچكە ئايلاندۇرالايسىز. ھېچ بولمىغاندا، مەن شۇنداق بولۇشىغا تىلەكداشمەن.

ئادەم جاپالىق ئىشلىگەنگە، ئىزچىل تۈردە قاتتىق تىرىشقانغا ئۆلۈپ قالمايدۇ. قىيىنچىلىققا باش ئەگمەي، ئەڭ قىيىن ئىشلاردا باشقىلار ئاسانلىقچە قىلالمىغان ئىشلارنى قىلىشقا جۈرئەت قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىگە بارغانسېرى كۆپ يول ئېچىپ ماڭالايدۇ. مەن يۇقىرىقى يازمامدا بۇ نۇقتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكىمۇ كۆپ تىرىشتىم. بۇ يىل (يەنى 2005-يىلى) 6-مارت كۈنى، 20-ئەسىرنىڭ ئەڭ مەشھۇر فىزىكا ئالىمىنىڭ بىرى بولغان Bethe ئەپەندىم ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ كىشى 2-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئامېرىكىنىڭ لوس ئانژېلىس ئالاموس (Alamos) دۆلەت تەجرىبىخانىسىدىكى مانخاتتان (Manhattan) پروجېكتىنىڭ نەزەرىيىۋى فىزىكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئاتوم بومبىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشىدا ئاچقۇچلۇق رول ئوينىغان ھەمدە قۇياش ۋە يۇلتۇزلارنىڭ ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسىنىڭ پەيدا بولۇش جەريانىنى بايقاش ئارقىلىق 1967-يىلى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

Bethe 1906-يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، ئاپىسى يەھۇدىي بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ گېرمانىيىدىكى پروفېسسورلۇق خىزمىتىدىن قۇرۇق قېلىپ، 1933-يىلى گېرمانىيىدىن قېچىپ كەتكەن. 1935-يىلى ئامېرىكىنىڭ كورنەلل (Cornell) ئۇنىۋېرسىتېتىغا پروفېسسور بولۇپ كىرگەن. بۇ كىشىنىڭ يۇقىرىقىدەك بىر قانچە جۈملە سەرگۈزەشتىلىرىدىن ئۇنىڭ ئۆز ئۆمرىدە قانچىلىك جاپا-مۇشەققەتلەرنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكىنى، قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ تۇرۇپمۇ، ئۇ كىشى 99 يىل ئۆمۈر كۆرۈپتۇ. شۇڭا بىر ئادەم ھەرگىز ئۆزىنىڭ قاتتىق ئىشلەپ، ئاسان قېرىپ كېتىشىدىن ياكى بالدۇر ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمەسلىكى كېرەك. خاتىرجەم ھالدا ئۆزىنىڭ بارلىق ئىقتىدارىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئىشقا سېلىپ، ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىدىن ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە پايدىلىنىش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر تىرىشىشى كېرەك. باشقىلار قىلالمىغاننى قىلىش، باشقىلاردىن ياخشىراق ياشاش ئۈچۈن، چوقۇم باشقىلارغا قارىغاندا بەكرەك تىرىشىش كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا يول يوق.

بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىش ھەرىكىتىنى بىر نىشان ياكى بايانامە (declaration) ئارقىلىق كونترول قىلغاندا، ئۇنىڭ ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بولىدۇ. مەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۆزۈم ئۈچۈن تۈزگەن بايانامىلەرنىڭ بىرى: «باشقىلار قىلالىغان ئىشنى ئۇيغۇرلارنىڭمۇ قىلالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش» بولغانىدى. مەن بۇ بايانامىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەمەلگە ئاشۇردۇم. ئۇنى مەندىن باشقا جۇڭگودىكى ۋە چەت ئەلدىكى نۇرغۇن شىجائەتلىك ئۇيغۇر ياشلىرىمۇ ئىسپاتلىدى. ئۇنى بۇنىڭدىن

كېيىن يەنە كۆپلىگەن تىرىشچان ئۇيغۇر ياشلىرى داۋاملىق ئىسپاتلايدۇ.

مەن بۇ يەردە بارلىق ئۇت يۈرەك ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن مۇنداق بىر باياناممىنى تۈزۈشىنى تەكلىپ قىلىمەن: «مەن توختىماي تىرىشىپ، ئۇيغۇردىن ئىبارەت بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى دۇنياغا بىلدۈرۈش ئۈچۈن بىر كىشىلىك تۆھپە قوشىمەن». هازىر بۇ جەھەتتە نۇرغۇن كىشىلەر جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ. لېكىن بۇ قوشۇن يەنىلا ئىنتايىن كىچىك. يەنىلا ئىنتايىن ئاجىز. بۇ جەھەتتە بىر ئاز كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجە يارىتىش ئۈچۈن، يەنە نۇرغۇن ئۇيغۇر ياشلىرى بۇ قوشۇنغا قوشۇلۇشى كېرەك.


مەن بۇ يەردە پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىگىمۇ ئۆزلىرى ئۈچۈن بۈنىڭدىن كېيىن ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانغا مۇنداق بىر بايانناممىنى تاللىۋېلىشىنى تەكلىپ قىلىمەن: «مەن توختىماي تىرىشىپ، ئۇيغۇرنىڭ كىملىكىنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىر كىشىلىك تۆھپە قوشىمەن». بۇ بايانناممىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىر ئۆزۈن مۇددەتلىك مۇشكۈل ۋەزىپە. ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ بۇ ساھەدە ئوينىغان رولىنىڭ قانداق بولۇشى پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كەلگۈسىدىكى تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇيغۇرنىڭ ئىستىقبالىغا، ئۇيغۇرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ھەر قانداق بىر ئادەم، بۇنداق بىر بايانناممىدىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچماسلىقى كېرەك. بىز پەقەت شۇنداق قىلىش ئارقىلىقلا، ئۆزىمىزنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىغا يۈز كېلەلەيمىز. بىز پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا، ئۆزىمىز ئۆلىدىغان ۋاقىتتا: «مېنىڭ ھېچ قانداق ئارمىنىم يوق. چۈنكى، مەن ئۆزۈمنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى ئىنتايىن مەنىلىك ئۆتكۈزدۈم» دەپ ئېيتالايمىز. ياخشى ئادەم ئەڭ ئاخىرى چوقۇم ئۇتۇپ چىقىدۇ. بىر ياخشى مىللەتمۇ شۇنداق. بىز ھەممىمىز ئورتاق تىرىشىپ، ئۇيغۇرنىڭ بىر ياخشى مىللەتلىكىدىن ئىبارەت بىر ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپ چىقايلى.

**ئەركىن سىدىق**

2005–يىلى 19–ماي

# بىلىۋال تور بېتىنىڭ ئەركىن سىدىق بىلەن ئۆتكۈزگەن يازما سۆھبىتى

(1 ـ قىسىم)



يۇقىرىدىكى رەسىمدە: ئەركىن سىدىق مارسنى تەكشۈرۈش ماشىنىسى «Mars Exploration Rover——Spirit (MTM)» نىڭ JPL دىكى مودېلى بىلەن بىرگە. بۇ مودېل چوڭ-كىچىكلىكى ۋە شەكلى جەھەتتىن مارسقا چىقىرىلغان MTM بىلەن ئوپمۇ-ئوخشاش. MTM 2003-يىلى 6-ئاينىڭ 10-كۈنى ئالەم بوشلۇقىغا ئېتىلغان بولۇپ، 487 مىليون كىلومېتىر يول يۈرۈپ، 2004-يىلى 1-ئاينىڭ 4-كۈنى مارسقا يېتىپ باردى. MTM قۇرۇلۇشىنى NASA ئۈچۈن JPL باشقۇرۇپ بېرىدۇ.

## مۇھەررىردىن

«بىلىۋال» تور بېتىمىز يېڭى قۇرۇلغان بولۇشىغا قارىماي، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دوستلارنىڭ بارغانسېرى دىققەت-ئېتىبارىغا ئېرىشىپ، زىيارەت قىلغۇچىلىرى ئۆزلۈكسىز كۆپىيىشكە باشلىدى. بىز بۇ جەرياندا يۇرتىمىزدىكى تورداشلىرىمىزنىڭ چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ھەققىدىكى قىزىقىش سادالىرىنى كۆپ ئاڭلىدۇق، بۇ ھەقتىكى ئىنكاسلار بىزنىڭ بۇ جەھەتتە ئىزدىنىشىمىزگە سەۋەب بولدى. شۇڭا بىز ئىشىمىزنىڭ مۇقەددىمىسى سۈپىتىدە ئامېرىكىدا ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇر ئالىمى ئەركىن سىدىق ئەپەندىنى زىيارەت قىلىش مەقسىتىدە، ئالىمنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى ئېلىشقا جۈرئەت قىلدۇق. بىزنىڭ ئالىمدىن سورىغان سوئاللىرىمىز بەلكىم ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ تەلەپلىرىنى قانائەتلەندۈرەلمەسلىكىمۇ مۇمكىن، ئەگەر ئۇنداق بولۇپ قالسا جاۋابكارلىق پۈتۈنلەي بىزنىڭ تەجرىبىسىزلىكىمىزدە. لېكىن ئەركىن ئەپەندىنىڭ سوئاللىرىمىزغا بەرگەن جاۋابلىرى ھەقىقەتەنمۇ بىزنىڭ كۆتكەن يېرىمىزدىن چىققان. شۇڭا بىز ئەركىن ئەپەندىگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز. تورداشلىرىمىز ئەركىن ئەپەندى ھەققىدە يەنە چۈشەنچە ھاسىل قىلىش ئارزۇسىدا بولسا، سۆھبەتنىڭ 3-جاۋابىدا ئەركىن ئەپەندى تىلغا ئالغان تور بېتىنى زىيارەت قىلىشقا تەۋسىيە قىلىمىز.

ئەسلى مەنبەسى: www.biliwal.com

**1-سوئال: يۇرتتىكى تورداشلار چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ئالاھىدە قىزىقىدىكەن، ئۆزىڭىز ۋە ئائىلە ئەھۋالىڭىز توغرىسىدا سۆزلەپ بەرسىڭىز؟**

جاۋاب: بىزنىڭ ئائىلىدە 4 جان كىشى بار: ئۇلار مەن، ئايالىم ئامانگۈل، 1985-يىلى تۇغۇلغان قىزىم دىلنارە ۋە 1989-يىلى تۇغۇلغان ئوغلۇم دىلشاتتىن ئىبارەت. بىزنىڭ ھازىرقى ئۆيىمىز كالىفورنىيە شتاتىنىڭ لوس ئانژېلىس شەھىرىگە 40km كېلىدىغان سانتا كلارىتا دېگەن شەھەردە بولۇپ، دىلنارەدىن باشقىلار مۇشۇ يەردە تۇرىمىز. دىلنارە سان فرانسىسكو شەھىرىگە 30km كېلىدىغان

ھايۋارد (Hayward) دېگەن شەھەردىكى كالىفورنىيە شتات ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىقتىساد كەسپى باكالاۋۇرلۇقىنىڭ 2-يىللىقىدا ئوقۇيدۇ. سان فرانسىسكو بىلەن لوس ئانژېلىس شەھىرىنىڭ ئارىلىقى 500km كېلىدۇ.

مەن خىزمەت قىلىدىغان ئىدارە ئۆيدىن 53km يىراقلىقتىكى Pasadena دېگەن شەھەرگە جايلاشقان. مەن ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 5 تىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە (5:45 دە) ئورنۇمدىن تۇرىمەن. سائەت 6:15 دە ئۆيدىن يولغا چىقىپ، 5km يىراقلىقتىكى بىر يىغىلىش ئورنىغا بارىمەن. ئۇ يەردە ئىدارىنىڭ كىچىك ئاپتوبۇسىغا چىقىپ، سائەت 6:30 دە ئىدارىگە قاراپ ماڭىمىز. بۇ 14 كىشىلىك ئاپتوبۇس بولۇپ، ئىدارىگە سائەت 7:15 ــ 7:30 دە يېتىپ كېلىپ، دەرھال ئىشقا چۈشۈپ كېتىمىز. چۈش ۋاقتى سائەت 12 دە بىر سائەت دەم ئېلىش ۋاقتىمىز بار بولۇپ، مەن تامىقىمنى ئىشخانامدا يەيمەن. ھەر كۈنى چۈشلۈك تامىقىمنى ئالغاچ كېلىپ، ئۇنى 15 مىنۇت ئىچىدە يەپ بولىمەن. ئېشىپ قالغان ۋاقىتتا، ماڭا كەلگەن E-mail خەتلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا جاۋاب يازىمەن. كەچتە سائەت 4:25 دە ئىدارىدىن ئۆيگە قاراپ يولغا چىقىمىز. ھەمدە سائەت 5:00 ـ 5:15 دە ئۆيگە يېتىپ بېرىپ بولىمەن. تاماق ئېتىپ يەپ، ئۆيدە يەنە 1 ـ 1.5 سائەت ئىشلەيمەن. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشىنى، بەزىدە ئىدارىنىڭ ئىشىنىمۇ قىلىمەن. تېلېۋىزوردىن ئازراق خەۋەر كۆرۈپ، كارىۋاتقا سائەت 9:30 چىقىپ، شۇ كۈنلۈك گېزىتنىڭ مەملىكەت ۋە خەلقئارا خەۋىرىنى ۋە ئىقتىساد قىسمىنى تەپسىلىي كۆرۈپ، سائەت 10:30 ئۇخلايمەن.

ئايالىم ئامانگۈلمۇ Pasadena شەھىرىدىكى بىر چوڭ دوختۇرخانىدا كومپيۇتېر پروگراممىسى يېزىش ۋە ئانالىز قىلىش ئىشىنى ئىشلەيدۇ. ئىشلەيدىغان ئىدارىسى ئۆيدىن 60km يىراقتا بولۇپ، ئۆزى ماشىنا ھەيدەپ بارىدۇ. ئۆيدىن سائەت 7:00 ئەتراپىدا يولغا چىقىپ، سائەت 8:00 ئەتراپىدا ئىدارىسىگە يېتىپ بارىدۇ. كەچتە سائەت 5:00 دە يولغا چىقىپ، 6:00 ئەتراپىدا ئۆيگە يېتىپ كېلىدۇ.

ئوغلۇم دىلشاتنىڭ مەكتىپى ئۆيدىن 8km يىراقلىقتا بولۇپ، مەكتەپكە بالىسى ئوخشاش مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بىر قوشنىمىزنىڭ ماشىنىسىدا بارىدۇ. بىز ئۇ قوشنىمىزغا ھەر ئايدا 50 دوللار پۇل تۆلەيمىز. ئۆيدىن سائەت 7:00 دە يولغا چىقىپ، چۈشتىن كېيىن سائەت 4:00 لەردە ئۆيگە قايتىپ كېلىدۇ. ئالدى بىلەن ھەممە تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ تۈگىتىپ، بىر تېلېۋىزور كۆرۈپ، كەچ سائەت 10 لاردا ئۇخلايدۇ. دىلشات بۇ يىل 4-ئايدا ماشىنا كىنىشكىسى ئالدۇ. شۇنىڭدىن

كېيىن مەكتەپكە ئۆزى ماشىنا ھەيدەپ باردۇ.

قىزىم دىلنارەنىڭمۇ ئۆز ماشىنىسى بار. ئۇ مەكتەپتىن 20km يىراقلىقتىكى بىر شەھەردە ئىجارىگە ئالغان ياتاقتا تۇرۇپ، مەكتەپكە بېرىپ-كېلىپ ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەر ھەپتىدە 20 سائەت ئەتراپىدا ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ پارچە-پۇرات تۇرمۇش خىراجىتى بىلەن ياتاق ئىجارىسىنى ئۆزى ئىشلەپ تاپىدۇ. ئوقۇش پۇلىنى بىز بېرىمىز.

## 2-سوئال: ھازىر ئاساسلىقى قايسى ساھە بويىچە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىسىز؟

جاۋاب: مەن ھازىر JPL دېگەن ئىدارىدە بىر «ئالىي دەرىجىلىك ئوپتىكا ئىنژېنېرى» بولۇپ ئىشلەۋاتىمەن. ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئالەم بوشلۇقى تېخنىكىسىنى باشقۇرۇش مەركىزى (ئىنگلىزچىسى «National Aeronautic and Space Administration» بولۇپ، ئۇنىڭ تور ئادرېسى http://www.nasa.gov، قىسقارتىپ NASA دەپ يازىدۇ) ئۇنىڭ قارمىقىدا 10 تەتقىق-تەرەققىيات مەركىزى (ئىنگلىزچىسى «Research and Development Center») بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ يۇقىرى تېخنىكا مەركىزى ئىنگلىزچىدا «Jet Propulsion Laboratory» دەپ ئاتىلىپ، ئۇ قىسقارتىلىپ JPL دەپ يېزىلىدۇ. JPL (http://www.jpl.nasa.gov) مەمۇرىي جەھەتتىن كالىفورنىيە تېخنىكا ئىنستىتۇتى (ئىنگلىزچىسى «California Institute of Technology» بولۇپ، قىسقارتىلىپ Caltech دەپ يېزىلىدۇ) گە قاراشلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي چىقىمىنى NASA چىقىرىدۇ. JPL خىزمەتچىلىرىنىڭ سانى 2004-يىلى 6000 ئەتراپىدا، ئۇنىڭ ئىچىدە 2000 ئادەمنىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋانى، 2000 ئادەمنىڭ ماگىستىرلىق ئۇنۋانى، قالغان 2000 غا يېقىن ئادەمنىڭ باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانى بار بولۇپ، 2004-يىللىق ئىقتىسادىي چىقىمى 1.6 مىليارد دوللار ئەتراپىدا بولغان. يېقىندا ئېلان قىلىنغان بىر دوكلاتقا ئاساسلانغاندا، Caltech پۈتۈن دۇنيادىكى ئالىي مەكتەپلەر ئىچىدە 3-ئورۇندا تۇرىدىكەن (خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى 1-ئورۇندا، ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتى 2-ئورۇندا ئىكەن. Caltech تە نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن پروفېسسورلارنىڭ سانى جەمئىي 30 ئىكەن. http://pr.caltech.edu/events/caltech_nobel/ )

ھازىر مەن 2 چوڭ ئالەم قۇرۇلۇشىنىڭ تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچىنى ھېسابلاپ چىقىش ئىشىنى قىلىۋاتىمەن. ئۇنىڭ بىرىنچىسى 2006-يىلى يەر شارى تۆۋەن ئوربىتىسىغا قويۇپ بېرىلىدىغان بىر يېڭى تىپتىكى ئالەم تېلېسكوپى بولۇپ،

ئۈنىڭغا ئاجرىتىلغان پۇل 200 مىليون دوللاردىن ئاشىدۇ. يەنە بىرى ئالەم بوشلۇقىدىن يېڭى پلانېتا تاپقۇچى (ئىنگلىزچىسى «Terrestrial Planet Finder» بولۇپ، تور ئادرېسى (http://planetquest.jpl.nasa.gov/TPF/tpf_index.html دەپ ئاتىلىپ، قىسقارتىلىپ TPF دەپ يېزىلىدۇ. ھازىر ئامېرىكا تاپقان، قۇياش (كۈن) دىن باشقا 150 ئەتراپىدىكى ئۆزى نۇر چىقىرىدىغان يۇلتۇزلار بار بولۇپ، كىشىلەر بۇ يۇلتۇز (پلانېتا) لارنىڭ ئىچىدە ئادەمگە ئوخشاش جانلىقلار ياشايدىغان پلانېتىلارمۇ بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىشىۋاتىدۇ. TPF نىڭ مەقسىتى ئاشۇنداق پلانېتىلارنىڭ ئىچىدىكى 30 نەچچىسىنى تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت. 2014 – يىلى TPF قويۇپ بېرىلمەكچى.

مەن دۇنيادىكى ئوپتىكا ئىنژېنېرلىرى ئىچىدە بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلغان كىشىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىمەن، ئۆزۈم ھەر خىل كومپيۇتېر تىللىرىدا مۇرەككەپ، يۇقىرى دەرىجىلىك پروگراممىلارنى يازالايمەن. مۇرەككەپ ئوپتىكىلىق ئۈسكۈنە ۋە زاپچاسلارنى لايىھىلەيمەن. ئۇلارنى تەجرىبىخانىدا ئۆزۈم ياساپ چىقالايمەن. ھەمدە ھەرخىل ئوپتىكىلىق زاپچاس – ئۈسكۈنىلەرنى تەجرىبىخانىدا سىناق قىلىپ تەكشۈرۈپ چىقالايمەن. شۇڭلاشقا ھازىرغىچە ئىشلىگەن 3 – 4 ئىدارىنىڭ ھەممىسىدە تېخنىكا جەھەتتىن ئەڭ ئەتىۋارلىق خادىم قاتارىدا ئورۇن تۇتۇپ كەلدىم. مەن JPL گە 2004 – يىلى 1 – ئايدا كىرگەن بولۇپ، شۇ يىل 8 – ئايدا «تۆھپىسى ئالاھىدە بولغان خادىم» دېگەن مۇكاپاتقا ئېرىشتىم.

JPL گە خىزمەتكە كىرىش ئىنتايىن قىيىن بولۇپ، بەزىلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە، ئۇيغۇر، تۈرك، قازاق، قىرغىز قاتارلىق تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ ئىچىدە، ئالدىنقى 20 يىل ئىچىدە JPL گە ئىشقا كىرەلىگەنلەر يالغۇز مەن ئىكەنمەن (ھازىرمۇ JPL دە مەندىن باشقا تۈركىي مىللەتلەردىن ئادەم يوق).

### 3-سوئال: قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىڭىز (ئېلان قىلغان ئەسەرلىرىڭىز، چوڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىش ئەھۋالىڭىز) دىن خەۋەردار بولغۇمىز بار، بۇ ھەقتە سۆزلەپ بېرەمسىز؟

جاۋاب: مەن 1986 – يىلىدىن ھازىرغا قەدەر خەلقئارادىكى ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك ئىلمىي – تەتقىقات ژۇرناللىرىدا جەمئىي 20 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدىم.

ئوپتىكا ئىلىم-تېخنىكىسى ساھەسىدە، ئامېرىكىدا 3 پارچە كىتاب بابى (Book Chapter) چىقاردىم. بۇ رىقابەتتى ۋە شان-شەرىپى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان ئىلمىي ئەمگەك بولۇپ، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم ئىلىم-پەن جەمئىيەتلىرى بىرنەچچە زىيالىي-مۇتەخەسسىلەردىن تەشكىل تاپقان گۇرۇپپىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىردىن كىتاب بابى يازدۇرۇپ، بۇ يېزىلغان بابلارنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر يۇقىرى سەۋىيىلىك تېخنىكىلىق كىتاب قىلىپ چىقىرىدۇ. مەن يۇقىرىدا ئېيتقان «كىتاب بابى» دەل ئەنە شۇ نەرسىدىن ئىبارەت. مەن يەنە ئامېرىكىدا 4 پارچە كەشپىيات پاتېنتى چىقاردىم. ھەمدە خەلقئارالىق ئىلمىي-تەتقىقات يىغىنلىرىدا جەمئىي 28 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدىم. بۇ ماقالىنىڭ تەپسىلاتىنى http://www.uyghurscholars.org/Main/Erkin_Bio.htm دېگەن تور بېتىدىن كۆرۈش مۇمكىن.

بۇلاردىن باشقا، مەن دۇنيادىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئوپتىكا ئىلمىي-تەتقىقات ژۇرناللىرى Optics Letter، Applied Optics ۋە Journal of Optical Society of America قاتارلىق ژۇرناللارغا تەھرىر ھەيئەت (مۇھەررىردىن: ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ژۇرنىلىغا ماقالە ئەۋەتىسىڭىز، ئۇلار ماقالىڭىزنى شۇ ساھەدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك مۇتەخەسسىستىن 3 كىشىگە يوللاپ، شۇلارغا تەستىقلىتىدۇ. ئەگەر بۇ 3 كىشىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتسە، ماقالىڭىز ئاندىن ژۇرنالغا بېسىلىدۇ) بولۇپ ئىشلەپ بەردىم. ئوپتىكا ساھەسىدىكى بىر قانچە يۇقىرى تېخنىكىلىق زاپچاس ۋە ئۈسكۈنە بويىچە دۇنيادىكى ئەڭ ئالدىنقى مۇتەخەسسىسلەر قاتارىدا ئورۇن تۇتتۇم. ئامېرىكا، گېرمانىيە ۋە ياپونىيىدىكى كۆپلىگەن ئىدارە ۋە ئالىي مەكتەپلەردە تەكلىپ بويىچە ئىلمىي دوكلات بەردىم.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، مەن كالىفورنىيە شتاتىنىڭ Sacramento شەھىرىدىكى كالىفورنىيە شتات ئۇنىۋېرسىتېتى (California State University, Sacramento) بىلەن Davis شەھىرىدىكى كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى (University of California, Davis) دە لېكتور بولۇپ ئىشلەپ، ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدىكى باكالاۋۇر ئوقۇغۇچىلىرىغا كەسپىي دەرس ئۆتۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەۋسۇملۇق ئوقۇتقۇچى باھالىشىدا شۇ مەكتەپلەرنىڭ رەسمىي پروفېسسورلىرىدىنمۇ كۆپ يۇقىرى باھاغا ئېرىشىپ، 3 قېتىم مۇكاپاتلاندىم.

**4-سوئال: سىز ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىڭىزدىن تارتىپ ھازىرقى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكىچە ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان ئۆگىنىش ئادىتىڭىز قايسى؟**

جاۋاب: مەن 4–5 ياشلارغا كىرگەن ۋاقتىتىن تارتىپ، پۈتۈن جەمئىيەت ئىنتايىن كەمبەغەل بولۇپ، ئاشلىق ئىنتايىن قىس بولۇپ كەتكەنىدى. دادام ئوقۇش بىلەن باشقا يەرگە كەتكەن، ئاپام ئىشلەۋاتقان بولۇپ، چۈشلۈك تامىقىمىز ئۈچۈن ئاكام بىلەن ئىككىمىزگە بىردىن كىچىك توقاچ تەييارلاپ قوياتتى. چۈش بولغۇچە قورسىقىم ئېچىپ كېتىپ، چىدىيالماي مەكتەپنىڭ بىر بىناسىغا ئېسىقلىق سائەتكە چۈش بولغان–بولمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن قايتا–قايتىلاپ بېرىپ قاراپ كېلىدىغانلىقىم ھازىرمۇ ئېسىمدە. مەن ئاكامدىن «سائەتنىڭ چوڭ تىلى مانچىگە، كىچىك تىلى مانچىگە كەپتۇ. ئەمدى توقاشنى يېسەك بولامدۇ؟» دەپ نەچچە قېتىم سورايتتىم. داۋاملىق ئاچ يۈرەتتىم. نېمە سەۋەب بولغانلىقى ھازىر ئېسىمدە يوق. ئىشقىلىپ مەن باشلانغۇچنىڭ 1–سىنىپىدىن تارتىپلا مەكتەپكە ئىنتايىن ئامراق ئىدىم. ئەخلەت دۆۋىلىرىدە ياتقان ئالقاندەك قەغەزنى كۆرسەم، ئۇنى دەرھال تېرىپ، «ھېساب ئىشلەشكە ئىشلىتىمەن» دەپ يانچۇقۇمغا سېلىۋالاتتىم. ئۇ چاغدا قارا قەلەمدىن باشقا قەلەم يوق بولۇپ، ھەر بىر قەلەمنى تەكرار ئۈچلاپ ئىشلىتىپ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئەڭ ئاخىرىدا 1cm ئەتراپىدا قېلىپ، بارماق بىلەن تۇتۇش پۈتۈنلەي مۇمكىن بولمىغاندا ئاندىن تاشلىۋېتەتتىم. باشلانغۇچنىڭ يۇقىرى يىللىقىغا چىقىپ، بىر ئاز ئاق–قارىنى پەرق قىلالايدىغان بولغان ۋاقىتتا، مەن ياخشى ئوقۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆز تەقدىرىمنى ئۆزگەرتىش ئىرادىسىگە كەلدىم. «قانچىلىك ئوقۇش بولسا، ھەممىسىنى تۈگەتكۈچە ئوقۇيمەن» دەپ ئويلايتتىم. ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن، بىلىمنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلۈكىنى چۈشىنىپ يەتتىم. بۇ توغرىدا مۇشۇ قىسىمنىڭ ئاخىرىدا يەنە بىر ئاز تەپسىلىيرەك توختىلىمەن. ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە يېزىدا «قايتا تەربىيە ئېلىش» جەريانىدا باشقا مىللەتلەر تەرىپىدىن قاتتىق كەمسىتىلىش ئىشلىرى بېشىمدىن ئۆتۈپ، ئۇ مېنىڭ ياش قەلبىمگە ناھايىتى قاتتىق تەسىر قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ھەممە جەھەتتىن تولۇق قابىلىيەت يېتىلدۈرۈپ، باشقا مىللەتلەر قىلالىغان ئىشنى بىز ئۇيغۇرلارنىڭمۇ قىلالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئىرادىسىگە كەلدىم. شۇنداق قىلىپ، مەن ئالىي مەكتەپكە چىقىشتىن بۇرۇن، ياخشى ئوقۇپ، ئىقتىسادىي تەقدىرىمنى ئۆزگەرتىش؛ بىلىمنى ئىمكانىيەت بار ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگىچە ئىگىلەش؛ ھەممىدە ئۇيغۇرلارنىڭمۇ باشقىلار قىلالىغان ئىشنى قىلالايدىغانلىقىنى

ئىسپاتلاپ، شۇ ئارقىلىق مىللەتتە ئۆمىد پەيدا قىلىشتىن ئىبارەت بىر قانچە غايە ۋە ئىرادىنى تۇرغۇزغان ئىدىم. مانا بۇلار ئىزچىل تۇردە مېنىڭ ئۆگىنىش ئادىتىمنىڭ ئاساسى بولۇپ كەلدى: مەن ھەرگىز ۋەزىپە ئۈچۈن ئۆگەنمىدىم. ھەرگىز ئىمتىھاندىن ئۆتۇش ئۈچۈن ئۆگەنمىدىم. ھەرگىز مەكتەپ پۈتتۈرۈۋېلىش ئۈچۈن ئۆگەنمىدىم. ئۆزۈم ئىزدىنىپ ئۆگىنىۋاتقان پۈرسەتنىڭ ھەممىسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئالدىمغا كەلگەن ھەممە نەرسىنى ئۆگەندىم .

تۆۋەندە، مېنىڭ يۇقىرىقىدەك ئىدىيەلەرنىڭ شەكىللىنىشىدىكى تارىخي ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ بىر قىسمى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن. مەن كىچىك ۋاقتىمدا، ئائىلىمىزدە جان سانى كۆپ (بىز جەمئىي 6 بالا) بولۇپ، دادام يالغۇز ئىشلەيتتى (ئاپام مېنىڭ ئىنىم تۇغۇلۇپ، بىر قانچە يىل ئۆتكەندە بالىلارنى بېقىشتا بەك قىينىلىپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ ئىشچىلىق خىزمىتىدىن چېكىنگەن ئىدى). ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن، مەندىن 2 ياش چوڭ ئاكام بىلەن ئىككىمىز بىر ئاز پۇل تېپىشنىڭ ھەر خىل ئامالى ئۈستىدە قاتتىق ئىزدەندۇق. مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە (ئاقسۇ 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە) ئوقۇۋاتقان ۋاقتىتا، ئاكام بىلەن ئىككىمىز رادىئو قۇراشتۇرۇشنى ئۆگەندۇق. ئۇ چاغدا رادىئو ئىنتايىن قىس بولۇپ، پەقەت ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئالاھىدە ياخشى كىشىلەرنىڭلا رادىئوسى بار ئىدى. بىز دەسلەپتە يۈز سوپۇنىنىڭ پلاستىك قۇتىسى ئىچىگە بىر كۆچەيتكۈچلۈك، پەقەت بىرلا باتارېيە بىلەن ئىشلەيدىغان رادىئو قۇراشتۇردۇق. ئەخلەتخانىلاردىن تۆمۈر-تەسەك ۋە سۆڭەك قاتارلىقلارنى تېرىپ، ئۇنى تۆمۈر، سۆڭەك يىغىش دۇكانلىرىغا ئاپىرىپ سېتىپ، تاپقان پۇلىمىزنىڭ ھەممىسىگە رادىئو زاپچاسلىرى ئالاتتۇق. رادىئودىن ئاۋاز چىقىرىش ئۈچۈن، كېچە-كېچە ئۇخلىماي تاڭ ئاتقۇزغان كېچىلىرىمىزمۇ كۆپ بولاتتى. ئۇ چاغدا رادىئو قۇراشتۇرۇش توغرىسىدا ھېچ قانداق ئۇيغۇرچە كىتاب-ماتېرىيال يوق بولۇپ، بىز خەنزۇچە كىتابلارنى ئوقۇيالمايتتۇق. بىراق، ئاكام بىلەن ئىككىمىز بارا-بارا رادىئوغا ئائىت خەنزۇچە كىتابلاردىكى توك يولى خەرىتىسىنى كۆرەلەيدىغان بولدۇق. ئۇزاق ئۆتمەي ئاكام بىلەن ئىككىمىز ئۇيغۇر دېھقانلارنىڭ بۇزۇلۇپ قالغان رادىئوسىنى ئوڭشاپ، بىر ئاز پۇل تاپاۋتى قىلىدىغان بولدۇق. مەن ھەر يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندىلا خەنزۇلارنىڭ رادىئو رېمونتخانىلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ساقلاپ تۇراتتىم. ئۇيغۇر دېھقانلار رادىئوسىنى ئېلىپ كەلگەندە، مەن ئۇلارغا بىزنىڭمۇ رادىئو ئوڭشايدىغانلىقىمىزنى ئېيتىپ، ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ كېلەتتىم. ئۆيدە ساقلاپ تۇرغان ئاكام دەرھال رېمونتچىلىقنى

باشلايتتى. مەن يېڭى خېرىدار تېپىش ئۈچۈن بازارغا يەنە كېتەتتىم. بىزنىڭ ئالىدىغان ئىش ھەققىمىز خەنزۇ دۇكانلىرىنىڭ 1/3 قىسمىدىنمۇ ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر دېھقانلار بىزگە ھېچ قانداق قىينالمايلا مەقسىتىنى ئۇقتۇرالايدىغان بولغاچقا، ئۇلار بىزنى تاپقانلىقى ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشال ئىدى. بىر ئاز پۇل تاپقانغا بىزمۇ ناھايىتى خۇشال ئىدۇق. بىز خېرىدارلىرىمىزغا چاي، ئەگەر چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولۇپ قالسا، بەزىدە چۈشلۈك تاماقمۇ بېرەتتۇق. بىز مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئاقسۇ شەھىرى ئەتراپىدىكى دېھقانلار بىر-بىرىدىن ئاڭلاپ، بىزنى ئۆزلىرى ئىزدەپ كېلىدىغان بولدى. ساقاللىرىغا ئاق كىرگەن چوڭلارمۇ بىزنى «ئۇستام» دەپ ئاتىغاندا، بىز ھەم ئوڭايسىزلىناتتۇق ھەم خۇشال بولاتتۇق.

ئەنە شۇ ۋاقىتلاردا، بىز بەزىدە كاشىلىسى چوڭراق رادىئولارنى تۈزىيەلمىدۇق. ئاكام بىلەن ئىككىمىز «ئەگەر خەنزۇچە كىتاب ئوقۇيالىغان بولساق، نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى؟» دەپ ئويلايتتۇق. كۆپرەك بىلگەنسېرى، بىلىمىمىزنىڭ قانچىلىك ئازلىقىنى ھېس قىلاتتۇق. بۇ ئىشلار ماڭا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. بىلىمنىڭ نەقەدەر قەدىرلىكلىكىنى، ئۇنىڭ ئادەم ئۈچۈن نەقەدەر كېرەكلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەنىدىم. شۇڭلاشقا، مەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدا، ھەممەيلەن دېڭ شياۋپىڭنى پىپەن (تەنقىد) قىلىش ھەرىكىتى، «بىلىمنىڭ كېرىكى يوق» نەزەرىيىسى ھەممە يەرنى بېسىپ كەتكەن بولسىمۇ، مەندە «بىلىمنىڭ چوقۇم لازىمى بار» دېگەن مۇستەھكەم كۆزقاراش بولغاچقا، ئۆزۈمنىڭ كۈندىلىك دەرسلىرىمنى پۇختا ئۆگىنىپلا قالماي، تاپالىغان ھەممە شەرت-شارائىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ ئۆگەندىم. ماتېماتىكا ۋە فىزىكا دەرسلىرىدە، ئوقۇتقۇچى تەلەپ قىلغان-قىلمىغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، مەن كىتابتىكى مەشىقلەرنىڭ ھەممىسىنى بىرىنمۇ قويماي ئىشلىدىم. ئۇ چاغدا ئۇيغۇر ئۈسمۈرلىرى ئۈچۈن ھېچ قانداق ئوقۇش كىتابلىرى يوق بولۇپ، 1972- ياكى 1973-يىللىرى تۇنجى قېتىم «قىزىل پۆپۈكلۈك نەيزە» دېگەن خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان كىتاب چىقتى. مەن سىنىپىمدىكى ھەممە ئوقۇغۇچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇلاردىن پۇل يىغىپ، ئاقسۇ شەھەرلىك كىتابخانىغا بېرىپ ھېلىقى كىتابنى سېتىۋېلىپ ئېلىپ كېلىپ، سىنىپتىكى ساۋاقداشلارغا تارقىتىپ بەردىم. بۇ مەزگىل مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرى بولۇپ، پۈتۈن جەمئىيەت ۋە مەكتەپ ئەخلاقى پۈتۈنلەي ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەنىدى. بىزنىڭ سىنىپتىكى كەپسىز ئوقۇغۇچىلار كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بىر دەرسنىڭ نورمال

ئۆتتۇلۇشىگە يول قويمايتتى. قىش كۈنلىرى مۆئەللىم سىنىپقا كىرىشتىن بۇرۇن، ئوت قالاپ ئىسسىنىدىغان مەشنىڭ ئۈستۈنكى ياپقۇچىنى ئېلىۋېتىپ، سىنىپنى ئىسقا لىق تولدۇرۇپ، ئادەم بىر-بىرىنى كۆرەلمەيدىغان ھالەتكە ئەكېلىپ قوياتتى، شۇ سەۋەبتىن سىنىپقا كىرگەن ئوقۇتقۇچى دەرس ئۆتەلمەي، سىنىپتىن يىغلاپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆپ قېتىم ئۆز سىنىپىمدا بىۋاسىتە ئۆتكۈزگەنىدىم. ئۇ مەزگىل ئوقۇتقۇچىلارمۇ پىپەنگە ئۇچراۋاتقان، ياخشى ئوقۇغانلارغىمۇ ياخشى كۆز بىلەن قارالمايدىغان چاغلار بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشتىن ئاساسەن ۋاز كەچكەنىدى. مەن ئادەتتىكى ۋاقىتتا ھەر خىل زەربىگە ئۇچرىساممۇ، ئەمما ئىمتىھاننىڭ ئالدىدا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ خۇشامىتىگە ئۇچرىغان ۋاقىتىممۇ كۆپ بولدى. بىر قېتىم فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى يىللىق ئىمتىھاننى ئوچۇق ئىمتىھان قىلىپ، سوئالنى بىزگە 3 كۈنلۈك تارقىتىپ بەردى. سىنىپ بويىچە پەقەت مەنلا ھەممە سوئالنى ئۆزۈم ئىشلىدىم. قالغان ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى ئەتىسى بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ، جاۋابنى مەندىن ئەينەن كۆچۈردى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىمتىھاندىكى ھەممە ئوقۇغۇچىلارنىڭ جاۋابى ئوپئوخشاش بولدى. نېمە ئىش بولغانلىقى ئوچۇق-ئاشكارا بولۇپ، ئۇنى ھەممەيلەن «توغرا» چۈشىنەتتى. شۇنىڭ بىلەن فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى ماڭا 100 نومۇر بېرىپ، قالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە 50 نومۇر قويدى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نى باشتىن كەچۈرۈپ باقمىغان ياشلار ئۇچۇن ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى كۆز ئالدىغا ئەكېلىش ئاسان ئەمەس. ياخشى ئوقۇغاننى پىپەن قىلىدىغان بىر دەۋردە ياخشى ئوقۇش ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدە شىجائەت تەلەپ قىلاتتى.

«بىلىم مەڭگۇ لازىم بولىدۇ» مانا بۇ شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلىپ كەلگەن بىردىن-بىر دۇنيا قارىشى. مەن شۇنىڭدىن باشلاپ، ئالدىمغا قانداق بىلىم كەلسە، شۇنى ئەستايىدىل ئۆگەندىم. بىز تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا، «ئىشىكنى ئېچىپ قويۇپ، مەكتەپ باشقۇرۇش» سىياسىتى بويىچە، بىزنىڭ مەكتەپنىڭ تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 3 سىنىپىنى «دېھقانچىلىق ماشىنىسازلىق سىنىپى»، «دېھقانچىلىق سىنىپى»، ۋە «دوختۇرلۇق سىنىپى» دەپ 3 كە ئايرىدى. بىزنىڭ سىنىپتا 24 ئوغۇل بالا بار بولۇپ، دوختۇرلۇقنىڭ ھەممىسى قىزلار، دېھقانچىلىقنىڭ بولسا قىز-ئوغۇللار ئارىلاش ئىدى. بىز ئاقسۇ تراكتور پونكىتىغا بېرىپ يېرىم يىل ئىشچى بولۇپ ئىشلىدۇق. مەن ئۇ يەردە تراكتور رېمونت قىلىشنى، چويۇندىن ياسىلىدىغان قوش (ساپان) قۇيۇشنى ناھايىتى ياخشى

ئۆگەندىم. ھەمدە تراكتور ھەيدەشنىمۇ ئۆگىنىۋالدىم (سىنىپ بويىچە پەقەت مەنلا شۇنداق قىلغانىدىم). مەكتەپنىڭ يېزا ئىگىلىك مەيدانىغا بېرىپ، يېرىم دېھقانچىلىق قىلدۇق. مەن ئۇ يەردە قوناق تېرىشنى، كېسەك قويۇشنى، يېمىش دەرىخىنى ئۇلاشنى ۋە تراكتور بىلەن يەر ھەيدەشنى ياخشى ئۆگەندىم. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى كۆپ ئوقۇپ، شېئىر يازالايدىغان بولدۇم. ئاقسۇ 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە بىر قېتىم ئۆزۈم باش تەھرىر بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر شېئىرلار توپلىمىنى چىقاردىم. ئاقسۇ گېزىتىدە بىر قانچە پارچە شېئىر ئېلان قىلدىم. ھېكايە يېزىشقىمۇ تەييارلىق قىلغان بولسامىمۇ، ئۇنى باشلىيالماي قالدىم. لۇشۇن فېلىيەتونلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ چىقىپ، فېلىيەتون يازالايدىغان دەرىجىگە يەتتىم. مەكتەپنىڭ ئەمگەك مەيدانىدا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، بىر 5 كىشىلىك ئوقۇغۇچى گۇرۇپپىسىنى يېتەكلەپ جەمئىيەت تەكشۈردۇم. ئەسلى مەقسىتىمىز خۇددى ماۋ زېدۇڭنىڭ «خۇنەن جەمئىيىتىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات» دېگەنگە ئوخشاش بىر دوكلات يېزىش بولسىمۇ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئەھۋالى ماۋ تەسۋىرلىگەن ئەھۋالغا ئۇيغۇن كەلمىگەچكە، بىز رەسمىي دوكلات يېزىشنى رەت قىلدۇق.

بۇلاردىن باشقا، تۇرمۇش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، ئاكام بىلەن ئىككىمىز ئۆيدە تامچىلىق، ياغاچچىلىق ۋە تۆمۈرچىلىكمۇ قىلىپ باقتۇق. مەن ئاپامغا ياردەملىشىپ، ئارام ۋاقىتلىرىمدىن پايدىلىنىپ، ئۆيدە بىر مەزگىل گىلەم توقۇدۇم. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىشتىن بۇرۇن، يازلىق ۋە قىشلىق تەتىللەرنىڭ ھەممىسىدە يېزىدىكى تۇغقانلىرىمىزنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇلارغا ياردەملىشىپ ئەمگەك قىلدىم. 5 ياشلىق ۋاقىتلىرىمدا كالىغا مىنىۋېلىپ خامان ھەيدىدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن كالا ھارۋىسى ۋە ئېشەك ھارۋىسى ھەيدىدىم. زەمبىل ۋە غالتەك بىلەن ئوغۇت توشۇدۇم. شاللىقتا ئوت تەردىم. بۇغداي ۋە قوناق ئوردۇم. سەل چوڭراق بولغاندا سۆرەم سۆرىدىم (نەچچە قېتىم سۆرەمدىن يىقىلىپ چۈشۈپ، سۆرەمنىڭ ئاستىدا قالغان ۋاقىتلىرىممۇ خېلى كۆپ بولغان)، قوش ھەيدىدىم. مەن 7 يېشىمدا تاماق ئېتىشنى ئۆگەندىم. ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا، تونۇرغا نان ياقالىغۇدەك بولغانىدىم.

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مەن كونىشەھەر (ھازىرقى ئونسۇ) ناھىيىسىنىڭ شال ئۇرۇقچىلىق مەيدانىغا «قايتا تەربىيە» گە چۈشكەن بولۇپ، ئۇ يەردە يېرىم يىلنىڭ ئىچىدىلا مەيدان بويىچە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى

شال تېرىش تېخنىكى بولۇپ قالدىم. بۇ يېزىدا ئېلېكتر توكى يوق بولۇپ، ئاخشىمى ئۆزىمىز ياسىۋالغان كىرسىن چىرىغى بىلەن ياتىقىمىزنى يورۇتاتتۇق. سائەتمۇ يوق بولۇپ، تاڭ ئاتقاندا ئىشقا بېرىپ، كۈن ئولتۇرغاندا ئىشتىن قايتاتتۇق. مەن بىر يىلنىڭ ئىچىدە 4-ئايدا شاللىقنىڭ سۈيىگە كىرىشنى باشلىغان بولۇپ، 10-ئايغىچە شۇ سۇدا ئىشلىدىم. 4-ئايدا يەر تېخى ئېرىمىگەن بولۇپ، بىز رېزىنكە ئۆتۈك كىيىۋېلىپ، مۇزنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ تۇرۇپ ئىشلەيتتۇق. شۇ جەرياندا مەن يېزىمىزدا قايتا تەربىيە ئېلىۋاتقان ئۇيغۇر ياشلارنى يىغىپ، بىر ئەدەبىيات-سەنئەت ئەترىتىمۇ تەشكىللىدىم (بىزنىڭ ئۆيدە ھېچقانداق ساز يوق بولۇپ، مەن ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يېزا ئىگىلىك مەيدانىدا ئىشلىگەن مەزگىلدە، ساۋاقداشلىرىمنىڭ دۇتتىرى بىلەن دۇتار چېلىشنى ئۆگىنىۋالغان ئىدىم). مەن ئۆزۈم تېكىست يازغۇچى، مۇزىكا رەتلىگۈچى، ساز چالغۇچى ۋە باشقۇرغۇچى بولۇپ، كونىشەھەر ناھىيىلىك كىنو كۈلۈبىدا تېخى بىر قېتىم ئويۇن قويدۇق. مەن بىر دەم داپ چالسام، بىر دەم راۋاب، يەنە بىر دەم دۇتار چالاتتىم. ئەترىتىمىزدە مەندىن باشقا سازچى يوق ئىدى. يېزىدىكى بىر يېرىم يىل جەرياندا، مەن بىر ئاي پادىمۇ باقتىم. كەڭرى كەتكەن جاڭگال، مەندىن باشقا ھېچ قانداق ئادەم قارىسى كۆرۈنمەيدۇ. مەن 30 دەك قوي، 4-5 كالا ۋە بىر قانچە ئات بىلەن بىرگە. ھەر كۈنى 10 نەچچە سائەت ۋاقتىنى ئاشۇ ھايۋانلار بىلەن بىرگە ئۆتكۈزۈشۈم كېرەك. ئوقۇيدىغان باشقا كىتاب يوق. مەن شۇ جەرياندا ماۋ زېدۇڭنىڭ 5 قىسىملىق ئەسىرىنى ئوقۇپ چىقتىم (ئۇنىڭ بىر قىسمىنى مەن بۇرۇنمۇ ئوقۇپ چىققان ئىدىم). ھەمدە بىر ئاز خەنزۇچە ئۆگەندىم. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى 1977-يىلى 12-ئاينىڭ 10-كۈنىدىن باشلاپ ئېلىنغان بولۇپ، 12-ئاينىڭ 5-كۈنى تېخىچە پۇتۇمغا رېزىنكە ئۆتۈك كىيىۋېلىپ، مۇزنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ تۇرۇپ، زەيكەش چېپىۋاتاتتىم. ئاقسۇ شەھىرىدىكى ئوقۇغان مەكتىپىمگە قايتىپ، ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىشىمغا رۇخسەت قىلىشمىدى. ھەر كۈنى ئەمگەكتىن قايتىپ كېلىپ، كىرسىن چىرىغىنى يېقىپ قويۇپ، ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلاتتىم. ئەتىگىنى بۇرنۇمنى سىلىسام، بۇرنۇمنىڭ تۆشۈكىگە يىغىلىپ كەتكەن ئىس قولۇمنى قاپقارا قىلىۋېتەتتى. يېرىم كېچە بولۇپ، پۈتۈن دالان ئۇيقۇغا كەتكەن ۋاقىتتا، ياتىقىمنىڭ پۈتۈن تاملىرى ۋە تورۇسلىرىدا ئۇۋۋا تۇتۇپ ياشاۋاتقان چاشقانلار ئۇۋۇلىرىدىن چىقىپ، يېڭىدىن تۆشۈك كولاپ، بەزىدە ئوقۇۋاتقان كىتابىمنىڭ ئۈستىگە چالما تاشلايتتى. مەن ئاشۇنداق شارائىتتا، كونىشەھەر ناھىيە بازىرىدا ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەردىم. ئاز ۋاقىتتىن كېيىن، پۈتۈن ئاقسۇ

ۋىلايىتىگە «بىر ئوقۇغۇچى ئاپتونوم رايون بويىچە ئالاھىدە يۇقىرى نەتىجە ئاپتۇ» دېگەن گەپ تارقالدى. ھەممە كىشىلەر ئۇ بالىنىڭ كىملىكىنى بىلمەكچى بولۇشاتتى. ئاخىرىدا قارىسام، ئۇ مەن ئىكەنمەن ـــ مەن ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇيغۇر تىلىدا ئىپىنغان ئىمتىھاندا 2-بولۇپتىمەن. شۇنداق قىلىپ، مەن ئالىي مەكتەپكە بېرىشتىن بۇرۇن، ئۆزۈمگە ئۆگىنىشتىكى مۇنداق نىشاننى تىكلىدىم:

1) بىلىمنى ئىمتىھاندىن ئۆتۈش، مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزۈمنىڭ بىلىم دائىرىسىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كېڭەيتىپ، ئىلىم-پەننىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىش ئۈچۈن ئۆگىنىش.

2) بىلىمنى باشقىلار قىلالىغان ئىشنى ئۇيغۇرلارنىڭمۇ قىلالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۆگىنىش.

3) بىلىمنى ئۆزۈمنىڭ ئىقتىسادىي تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئۆگىنىش.

شۇ چاغدىن باشلاپ، مانا يۇقىرىقىلار مېنىڭ ئۆگىنىش ئادىتىمگە ئايلاندى.

## 5-سوئال: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا سىزنىڭ «7 مىنۇتتىن كېيىن مېنى ئويغىتىپ قويۇڭلار» دېگەنلىكىڭىز ھەققىدە ئەسلىمىلەر بار ئىكەن، بۇ ۋاقىت قارىشىڭىزنى ئىخچام ئىپادىلەپ بېرىدۇ، سىز دەم ئېلىش بىلەن خىزمەت، ئۆگىنىشنى قانداق بىرلەشتۈرىسىز؟

جاۋاب: مەن ئاقسۇ 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان ۋاقتىمدا سىنىپىنىڭ ئۆگىنىش باشلىقى، سىنىپ باشلىقى ۋە ئاخىرقى 2 يىل مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەن ئىدىم. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا كېلىپ، 1-يىلى خەنزۇچە ئۆگىنىش ۋاقتىدا، سىنىپ باشلىقلىق خىزمىتىنى ئۈستۈمگە ئېلىپ ئىشلىدىم. مەن ھەممە ئىشتا ئۆزۈمگە ئەڭ يۇقىرى تەلەپ قويۇپ، ھەممە ئىشنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يۇقىرى ئۆلچەم بىلەن ئەستايىدىل بېجىرىدىغانلىقىم ھەمدە ئۆگىنىشنى ئىزچىل ياخشى قىلىدىغانلىقىم ئۈچۈن، بىر يىللىق ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ماڭا ئارقا-ئارقىدىن يېڭى ۋەزىپىلەر يۈكلەندى. مەن مەكتەپ ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى (ئۇ چاغدا ھازىرقىدەك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى دېيىلمەيتتى ـــ مۇھەررىردىن) نىڭ رەئىسى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون (ئۇ ئا ر) لۇق ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئۇ ئا ر لۇق ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ۋە مەملىكەتلىك

ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالدىم. ھەر ھەپتىدە بېجىرىدىغان، يۇقىرىقى ۋەزىپىلەرگە ئائىت نۇرغۇن ئىشلاردىن باشقا، مەن ھەر ھەپتىدە دەرستىن ئايرىلىپ، ئاز دېگەندە 3 قېتىم ھەر خىل يىغىنلارغا قاتناشمىسام بولمايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، 1-يىلىدىكى خەنزۇچە ئوقۇشنى تۈگىتىپلا، مەن خەنزۇچىغا تايىنىپ، ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشنى باشلىدىم. دەسلەپتە ئۆزۈم ئۆگەندىم. كېيىنچىرەك دەرسلىرىمنىڭ بەزىلىرىگە قاتناشماي، فىزىكا فاكۇلتېتىدىكى ۋە چەت ئەل تىللىرى فاكۇلتېتىدىكى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنگلىز تىلى دەرسلىرىگىمۇ قوشۇمچە كىرىدىغان بولدۇم. ئۆزۈمنىڭ ئوقۇشى، ئوقۇغۇچىلار خىزمىتى ۋە ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشى قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھۆددىسىدىن مۇكەممەل چىقىش ئۈچۈن، مەن ۋاقىتتىن ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئۈنۈملۈك پايدىلانمىسام بولمايتتى. مەن ھەر كۈنى 14 سائەتتىن 16 سائەتكىچە ئىشلىدىم. بىر ھەپتىدە 7 كۈن ئىشلىدىم. مېنىڭ دەم ئېلىش ۋاقتىم پەقەت ھەر شەنبە كۈنى كەچلىكى بولۇپ، ئۇ ۋاقىتتا مەن ئىمكانقەدەر بىرەر ئولتۇرۇشقا، دوست ياكى تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە باراتتىم. قالغان ۋاقىتنىڭ ھەممىسىدە ئىشلەيتتىم. ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى سائەت 6 دە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، كەچتە سائەت 11 دىن كېيىن ئاندىن دەم ئالاتتىم. يىغىنلارنىڭ ئالدى-كەينىدە، تاماققا ئۆچىرەت تۇرغاندا، ئاپتوبۇستا، يول ماڭغاندا ئىنگلىزچە سۆزلۈك يادلايتتىم. ماڭا نىسبەتەن ۋاقىتنىڭ قىس بولۇپ كەتكەنلىكىدىن، مەن قانداق قىلغاندا ۋاقىتنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدىمۇ ئىزدەندىم. شۇنىڭ نەتىجىسىدە، مۇنداق 2 ھەقىقەتنى تېپىپ چىقتىم: 1) ۋاقىتنى مىنۇت بويىچە ھېسابلايدىغان ئادەمنىڭ ۋاقتى، ۋاقىتنى سائەت بويىچە ھېسابلايدىغان ئادەمگە قارىغاندا 60 ھەسسە كۆپ بولىدۇ؛ 2) ئادەم بىر خىل ئىشنى قىلىپ چارچىغاندا، باشقا بىر خىل ئىشنى قىلسا، يەنىلا ئۈنۈملۈك ئىشلىيەلەيدۇ. مەسىلەن، سىز ئەگەر ماتېماتىكا ئۆگىنىپ چارچىغاندا، ئۆگىنىشنى تىل ئۆگىنىشكە ئۆزگەرتسىڭىز، ئۆگىنىشىڭىزنى يەنىلا ئۈنۈملۈك داۋاملاشتۇرالايسىز. بۇ خۇددى دوسكىغا خەت يازغانغا ئوخشاش. ئەگەر سىز ئاق رەڭلىك بوردا خەت يېزىۋەرسىڭىز، بىر ئازدىن كېيىن دوسكىغا نېمە يېزىلغىنىنى كۆرەلمەي قالىسىز. ئەمما ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز قىزىل بور بىلەن خەت يازسىڭىز، خەتنى يەنە بىر مەزگىل كۆرگىلى بولىدۇ.

ئادەم بىر ئىشتا ئالاھىدە نەتىجە قازانماقچى بولىدىكەن، چوقۇم باشقا بىر

قىسىم ئىشلاردىن ۋاز كېچىشى كېرەك. ھەممە ئىشلارنى تەڭ ئېلىپ مېڭىپ، ھەممىسىدىن ئالاھىدە نەتىجە قازىنىش ئاسان ئەمەس. مەن ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كەلگەن ئادەتنىڭ بىرى شۇكى، مەن خىزمەتنىڭ ئىشى، ئۆيغۇرنىڭ ئىشى ۋە ئائىلىنىڭ ئىشى قاتارلىق 3 تۈرنىڭ ھەممىسىدە، ئىشلارنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسىگە قاراپ، بىردىن تىزىملىك تۈزىمەن. شۇ تىزىمغا قاراپ، ئىشنى ئەڭ مۇھىمىدىن باشلاپ، بىر-بىرلەپ قىلىمەن. ئىشسىز قالىدىغان ۋاقتىم ئاساسەن يوق.

بەزى ياش ئۆسمۈرلەر «ياشلىقتا تازا قانغىچە ئوينىۋېلىش كېرەك» دەپ ئويلايدۇ. بۇ ئىنتايىن خاتا. سىز ياش ۋاقتىڭىزدا، ياشاش ئۇچۇن پۇتۇنلەي ئاتا-ئانىڭىزغا تايىنىسىز. ئۆزىڭىزنىڭ ھېچ نېمىڭىز بولمايدۇ. ئاشۇنداق تۇرۇپ، قانداق ياخشى ئويناياليسىز؟ ئۇنىڭدىن باشقا، ئەڭ مۇھىم بىر نۇقتا شۇكى، سىزنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگۈچە بولغان 12 يىل ئۆمرىڭىز سىزنىڭ كېيىنكى 50-60 يىللىق ئۆمرىڭىزنىڭ قانداق ئۆتۈشىنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا،ئاشۇ 12 يىلدىن ناھايىتى ياخشى پايدىلىنىشىڭىز كېرەك. شۇ مەزگىلدە ھەقىقىي بىلىم ۋە ھەقىقىي تۇرمۇش ئىقتىدارىنى ئىگىلىشىڭىز كېرەك. بۇ مەزگىلدە ھەر بىر ئاتا-ئانىنىڭ ۋەزىپىسى ئىنتايىن ئېغىر ۋە مۇھىم. سىز يۇقىرىقى ئۇقۇمنى پەرزەنتلىرىڭىزگە زېرىكمەي داۋاملىق چۈشەندۈرۈشىڭىز كېرەك. «بالام، سەن چوڭ بولغاندا قانداقراق ياشاي، دەپ ئويلاۋاتىسەن؟»، «ھازىر ياخشى ياشاشقا تەييارلىقىڭ بارمۇ؟» «ئۇ يولدا ھازىر قانداق ئىش تۇتتۇڭ؟» دەپ سوراپ تۇرۇش كېرەك. بالىڭىزدا تۇرمۇشقا كېرەكلىك ئىقتىدارلارنى يېتىشتۈرۈشىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرىڭىزنى ئۆگىتىشىڭىز كېرەك. بالىڭىزنىڭ ھەممە ئىشىنى سىز قىلىپ بەرسىڭىز، بالىڭىزنى ئورۇنسىز ئەركىلەتسىڭىز، ئۇ ھەرگىز بالىڭىزنى ئەتىۋارلىغانلىق بولمايدۇ. ئۆيدە بالىڭىزنى ئاشۇنداق ئەركىلەتكەن بىلەن، بالىڭىز چوڭ بولغاندا جەمئىيەتتە خارلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. ھەتتا ئۆز جېنىنى يولدا باقالماسلىقىمۇ مۇمكىن. شۇڭا بالىڭىزغا، «ئەگەر باشقىلاردىن ياخشىراق ياشايمەن، دېسەڭ، باشقىلاردىن بەكرەك تىرىشىشىڭ كېرەك. باشقىلاردىن كۆپرەك ۋاقتىنى ئۆگىنىشكە سەرپ قىلىشىڭ كېرەك» دېگەن ئۇقۇمنى كىچىكىدىن تارتىپلا سىڭدۈرۈشىڭىز كېرەك .

مەن ۋاقتىتىن يۇقىرىقىدەك پايدىلىنىپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئاخىرقى 4 يىل جەريانىدا، ئۆزۈمنىڭ ئوقۇشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمىتى ۋە چەتئەل

تىلى ئۆگىنىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئالاھىدە نەتىجە قازاندىم. پەقەت بىر قېتىمقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، 4 يىلنىڭ مەۋسۇملۇق ۋە يىللىق ئىمتىھانلارنىڭ ھەممىسىدە 100 دىن نومۇر ئالدىم. كەسىپ ئوقۇغان 1- ۋە 2-يىلدىن ئىبارەت 2 يىل ئىچىدە ئىنگلىز تىلىدا خەنزۇ تەبىئىي پەن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 3 يىللىق دەرسىنى تۈگىتىپ، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئوقۇش تاماملاش ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، سىنىپ بويىچە 5-بولدۇم. كەسىپ ئوقۇغان 3- ۋە 4-يىلى جەريانىدا ئۆزلۈكۈمدىن ياپون تىلى ئۆگىنىپ، ئوقۇش پۈتتۈرۈشتىن بۇرۇن ياپون تىلىنىڭ گرامماتىكىسىنىمۇ ئۆگىنىپ تۈگەتتىم. 1983-يىلى شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ، «مىكرو دولقۇن تېخنىكىسى» بويىچە بىر يىل بىلىم ئاشۇردۇم. بۇ ئۆزۈم بۇرۇن ئوقۇپ باقمىغان كەسىپ بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈن ئۇ ئار بويىچە بۇ ساھەدە بىرمۇ كەسپىي خادىم يوق ئىدى. مەن ئۆز ۋەزىپەمنىڭ ئېغىرلىقىنى تولۇق تونۇپ، ھەر كۈنى كەچ سائەت 11 دە چىراغ ئۆچۈرۈلگۈچە مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدا، چىراغ ئۆچۈرۈلگەندىن كېيىن «سۇ ئاستى پاراخوتى رادار سىستېمىسى» تەجرىبىخانىسىغا بېرىپ ئۆگىنىش قىلدىم. يازلىق تەتىلدىكى 2 ئاي ۋاقىت ئىچىدە يۇرتقا قايتماي، شاڭخەينىڭ ھەددىدىن تاشقىرى تىنچىق ئىسسىقىغا بەرداشلىق بېرىپ، كۈنىگە 10 نەچچە سائەت مىكرو دولقۇنغا ئائىت كەسپىي كىتابنى خۇددى رومان ئوقۇغاندەك ئوقۇدۇم. بۇرۇن بىر داڭلىق ئادەم ئۆزىنىڭ جاپاغا بەرداشلىق بېرىش قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىر تاختاينىڭ بىر يۈزىگە نۇرغۇن مىخ قېقىپ، شۇ مىخ قېقىلغان يۈزىدە ئۇخلاپتىكەن. مەن ئىسسىققا بەرداشلىق بېرەلمىگەندە، ئەنە شۇ ئادەمنى ئويلىدىم. بۇ مەكتەپنىڭ رەھبەرلىرى كېيىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا خەت يېزىپ، «ئەگەر ئەركىندەك ئادەملىرىڭلار بولسا، قانچىنى ئەۋەتسەڭلار شۇنچىنى قوبۇل قىلىمىز» دەپتۇ.

1985-يىلى 9-ئايدا ياپونىيىگە باردىم. يېڭى بارغاندا، ئۇستازىم ماڭا ئانچە قارىمىدى. ئەتىگەنلىكى مەن ياپون تىلىدا سالام بەرسەم، ئىلىك ئالماي ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئۇ كىشىنىڭ مېنى بىر يۈك، دەپ ھېسابلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. ھەر كۈنى ئەتىگىنى سائەت 8 دە 1-بولۇپ تەجرىبىخانىغا بېرىپ، كېچە سائەت 12 گىچە ئىشلىدىم. 3 ئايدىن كېيىن، ياپونىيىنىڭ بىر قېتىملىق مەملىكەتلىك پەن تەتقىقات يىغىنىغا 1-ماقالەمنى يوللىدىم. قاتتىق ئىشلەشتە ئۆزۈم تۇرغان مەكتەپتىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەيران قالدۇردۇم. كېيىن ھەممەيلەن ماڭا ئالاھىدە قارايدىغان بولۇپ كەتتى. يېقىندا ماڭا مېنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى

ئۇستازىمدىن بىر خەت كەلدى. ئۇ كىشى ھازىر 80 ياشقا يېقىنلاشقان بولۇپ، خېتىدە مۇنداق دەپتۇ: «ئەركىن، سېنى ئامېرىكىدىكى ئوقۇشىنى تۈگىتىپ، ياپونىيىگە كەلسە، يەنە بىرگە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانساق، دەپ ئويلىغانىدىم. ئۇ ھازىر مۇمكىن ئەمەس بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا ئامېرىكىغا بېرىش ئىمكانىيىتىمۇ يوق ئوخشايدۇ. مەن يېقىندا ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى ئۆمرىنى ئەسلەپ چىقتىم. قارىسام، مېنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتتا ئەڭ كۆپ ۋە ئەڭ مۇھىم نەتىجە چىقارغان ۋاقتىم سەن بىلەن بىرگە ئىشلىگەن ۋاقتىم بوپتۇ ...»

مەن ئامېرىكىدا ماگىستىرلىق ئوقۇغاندا ماڭا ئۇستاز بولغان كىشى بىر ياپونلۇق بولۇپ، ئۇ دەرسنى كالىفورنىيە شتات ئۇنىۋېرسىتېتى Northridge شۆبىسىدە ئۆتۈپ، تەتقىقاتنى Caltech تە قىلىدىغان بولۇپ، تەتقىقات جەھەتتە فاكۇلتېتنىڭ ئەڭ ئالدىدا بولغاچقا، مەن شۇ كىشىگە تەقسىم بولغان ئىكەنمەن. بۇنىڭدىن بىر قانچە يىل بۇرۇن ئۇ كىشى مېنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىمنى كۆرۈپ، ماڭا يازغان E-mail دا مۇنداق دەپتۇ: «ئەركىن، بىر ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن، ئۆز ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىشىدىن بەختلىك ئىش يوق. سەن ئۈچۈن مەن ئۆزۈمنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلىمەن ...»

قىسقىسى، مەن ئۆگىنىش ۋە خىزمەتتە ئىزچىل تۈردە «ئاق بوردا خەت يېزىپ كۆرگىلى بولمىسا، قىزىل بور بىلەن خەت يېزىش» ئۇسۇلىنى قوللاندىم. 1978-يىلىدىن 1995-يىلى دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئېلىشقىچە ھەر كۈنى 14-16 سائەت ئىشلىدىم. ھازىرمۇ ھەر كۈنى 10 سائەتتىن كۆپرەك ۋاقتىنى ئەقلىي ئەمگەككە سەرپ قىلىمەن. ئويۇن-تاماشا ۋاقتىدىمۇ ئىنتايىن ئاكتىپ. يىغىلىشقا بارسام، تانسا-ئۇسسۇلنى ھەممىيلەندىن كۆپرەك ئوينايمەن. ئۆيغۇرچە ناخشا، مۇزىكا، ساز، VCD لارغا ئىنتايىن ئامراق. ئۆيۈمدە دۇتار، تەمبۇر، گىتار ۋە پىئانىنولار بار (كۆپىنچە ئۆيگە كەلگەن مېھمانلارغا چالدۇرىمەن). ئۆيىمىزدە پات-پات «ئائىلە ۋاقتى» ئۆتكۈزىمىز. ئۇ ۋاقىتتا بىز ياكى ئائىلە بويىچە كىنو كۆرىمىز، ياكى تۆتىمىز بىرلىشىپ قارت ئوينايمىز. بىزنىڭ ئەتراپىمىزدىكى ۋەتەنداشلار بىلەن بىرگە بولۇشنىمۇ ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن. بىرگە پاراڭلىششتىن ئىنتايىن ھۇزۇرلىنىمەن. ئەتراپىمىزدىكى ۋەتەنداشلار بىلەن خۇددى ئۇرۇق-تۇغقاندەك بېرىش-كېلىش قىلىپ، يېقىن ئۆتىمىز. مانا بۇلار مېنىڭ ئەڭ ياخشى دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىمدۇر.

**6-سوئال: بىر ئادەم ئۆچۈن ئائىلە، تۇرمۇش، ۋە خىزمەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشمۇ ئىنتايىن مۇھىم. سىز ئۆزىڭىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەجرىبە-ساۋاق بىلەن ئوي-پىكىرلىرىڭىزنى سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز؟**

جاۋاب: ئائىلە، تۇرمۇش ۋە خىزمەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن مۇھىم. ئۇ بىر ئائىلە ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇشىنى، پەرزەنتلەرنىڭ قانداق يېتىلىپ چىقىشىنى بەلگىلەيدۇ. بۇ مەسىلىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشتا، بىز ئۇيغۇرلاردا ساقلىنىۋاتقان مەسىلە خېلى كۆپ.

بۇنىڭدىن 7–8 يىل بۇرۇن، بىر داڭلىق ئۇيغۇر پەلسەپە پروفېسسورى ماڭا مۇنداق دېگەنىدى: «بىر ئەر ئۈچۈن مۇنداق 3 نەرسە ھەممىدىن مۇھىم: 1) بىلىم، 2) پۇل، 3) بىر ياخشى خوتۇن». مەن ھازىرغىچە بىر ئايال ئۈچۈن قانداق نەرسىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىملىقىنى بىر كىمدىن ئاڭلاپ باقمىدىم. ياكى بىرەر يەردە ئوقۇپ باقمىدىم. شۇڭا ئۇ جەھەتتە بىر نەرسە يازالمايمەن. ئوخشىمىغان ئادەم ئائىلە ۋە خىزمەتتىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسىنى ئوخشىمىغان تەرتىپتە تىزىدۇ. ئۇنى ئوخشىمىغان مىللەتلەرمۇ ئوخشىمىغان تەرتىپتە تىزىدۇ. بىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈن، ھەممە ئادەم قوبۇل قىلالايدىغان بىر تەرتىپنى تۈزۈپ چىقىش ئانچە ئاسان ئىش ئەمەس. مەن بۇ يەردە پەقەت ئۆزۈم كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئەمەل قىلىدىغان تەرتىپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈپ كېتەي.

مەن ئائىلە، تۇرمۇش ۋە خىزمەتتىكى ھەر خىل مۇناسىۋەتلەرنىڭ مۇھىملىق تەرتىپىنى مۇنداق تىزىمەن:

1. ئەر ئۈچۈن ئايالى، ئايال ئۈچۈن ئېرى ھەممىدىن مۇھىم.
2. پەرزەنتلەر
3. ئاتا–ئانىلار
4. خىزمەت

بۇلاردىن كېيىن، قېرىنداش، ئۇرۇق–تۇغقان ۋە دوست–بۇرادەرلەر تۇرىدۇ. تۆۋەندە بۇنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەندۈرۈش بېرىمەن:

1) مەيلى رېئاللىقتا بولسۇن ياكى كىنولاردا بولسۇن، ياشىنىپ قالغان بىر جۈپ ئەر–خوتۇننىڭ بىر–بىرىنى يۆلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىز داۋاملىق ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. ئاشۇ ياشقا بارغاندا، ئۇلارنىڭ ئاتا–ئانىلىرى ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەن، بالىلىرى چوڭ بولۇپ مۇستەقىل ھاياتنى باشلاپ كەتكەن بولىدۇ. ئۇلار نۇرغۇن قېتىم خىزمەت، نۇرغۇن قېتىم دوست–بۇرادەرلەرنى ئالماشتۇرۇپ بولغان

بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، بۇ ئىككىيلەن يەنىلا بىرگە. بىرى كېسەل بولۇپ قالسا ياكى يەنە بىرىدىن جىق ئاجىزلاپ كەتكەن بولسا، يەنە بىرى ئۇنىڭ ئېغىرىنى ئۈن-تىنسىز كۆتۈرىدۇ. ساپ دىللىق، ھەقىقىي ساداقەتلىك، ھەقىقىي سەمىمىيلىك ۋە ھەقىقىي مۇھەببەت ئاساسىدا تۇرمۇش قۇرغان بىر جۈپ ئەر-خوتۇن ئۈچۈن، بۇ دۇنيادا بىر-بىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مۇھىم ئادەم بولمايدۇ. ئەر ئۈچۈن ئۇنىڭ خوتۇنى، ئايال ئۈچۈن ئۇنىڭ ئېرى بۇ دۇنيادىكى ھەممىدىن مۇھىم نەرسىدۇر. بۇ ئىككىيلەن 20 ياشلارغا كىرگەندىن كېيىنكى پۈتۈن ئۆمرىنى بىرگە ئۆتكۈزىدۇ. جاپادىمۇ ۋە ھالاۋەتتىمۇ بىرگە بولىدۇ. ئۆزىنىڭ بارلىقىنى جۆرىسىگە تەقدىم قىلىدۇ. شۇڭا يۇقىرىقى تىزىمدا ئەر ئۈچۈن خوتۇنى، ئايال ئۈچۈن ئېرى 1-ئورۇندا تۇرۇشى كېرەك. مەن بۇ يەردە مۇنداق بىر قانچە نۇقتىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈپ كېتىشنى لايىق كۆردۈم. (1) مۇھەببەتنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئىلىم. سىز مۇھەببەت يولىغا قەدەم تاشلاشتىن بۇرۇن، چوقۇم بىر ئاز ئىزدىنىپ، ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىڭ. (2) مۇھەببەت مەسىلىسىدە ياشلار بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بەزىلەر ئۇ يولغا بالدۇرلا كىرىپ، مۇھەببەتسىز باشقا ئىشلارنى ياخشى ئېلىپ ماڭالمايدۇ. بۇ بىر نورمال ئەھۋال. بەزىلەر مۇھەببەتنى خېلى كەينىگە كېچىكتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئوقۇشى ۋە باشقا ئىشلىرىنى مۇھەببەتسىزمۇ ياخشى ئېلىپ ماڭالايدۇ. بۇمۇ بىر نورمال ئەھۋال. قالغانلار يۇقىرىقى 2 تۈرلۈك كىشىنىڭ ئارىلىقىدا بولىدۇ. سىز ئۆزىڭىزنىڭ قايسى خىلدىكى ياش ئىكەنلىكىڭىزنى دەسلەپتىلا ئوبدان چۈشىنىپ يېتەلىسىڭىز، كېيىنكى ئىشلىرىڭىزنىڭ، يەنى ئوقۇش بىلەن مۇھەببەت ئىشلىرىڭىزنىڭ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا پايدىسى ئىنتايىن كۆپ بولىدۇ. (3) ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزدەش، ھەرگىز بىر «ياخشى ئادەم» نى تېپىش ئەمەس. ئۇ بىر «ياخشى كۆرگەن ئادەم» نى تېپىش جەريانى. «ياخشى» نىسبىي بولىدۇ، ھەممە ئۇنىڭ چېكى بولمايدۇ. بۈگۈن «ئەڭ ياخشى» دىن بىرنى تاپسىڭىز، بىر مەزگىلدىن كېيىن «ياخشىراق» قا يەنە ئۇچرايسىز. ئەمما، نورمال ئىنسانلار ئۈچۈن، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا «ياخشى كۆرىدىغان ئادەم» ئىدىن پەقەت بىرسىلا بولىدۇ. شۇڭا سىز مۇھەببەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ئۆزىڭىزنىڭ قايسى خىلدىكى ياش ئىكەنلىكىڭىزنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يەتكەندىن كېيىن، ئۆزىڭىزگە قانداق بىر جۆرىنىڭ كېرەكلىكىنى كۆڭلىڭىزدە تولۇق ئېنىقلىۋېلىڭ. ئاندىن سىز «ياخشى كۆرىدىغان ئادەم» نى ئىزدەشكە باشلاڭ. بىرنى ئۇچراتقاندا، بارلىق ئىقتىدارىڭىزنى ئىشقا سېلىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىشىڭ. بەزىدە

قارشىلىق ۋە توسالغۇغا ئۇچراپ قالسىڭىز، ئەگەر ئۆزىڭىزنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقىنىڭىزنى ھەقىقىي تۈردە بىلسىڭىز، ئۆزىڭىزگە تولۇق ئىشەنچىڭىز بولسا، ئۇنداق قارشىلىق ۋە توسالغۇلارغا پەرۋا قىلماڭ — ياخشى كۆرگەن كىشىڭىز بىلەن توي قىلماقچى بولغان سىز؛ ئاتا-ئانىڭىز، قېرىنداش-تۇغقانلىرىڭىز، ۋە ياكى دوست-ئاغىنىلىرىڭىز ئەمەس. ئەگەر بىرى بىلەن ئۇنى ئەخمەق قىلىپ، كۆڭۈل ئېچىۋېلىش مەقسىتىدە يۈرسىڭىز، ئۇ كۆپىنچە كېيىن ئۆزىڭىزگە يانىدۇ: ئۆمرىڭىزنىڭ مەلۇم بىر مەزگىلىدە سىز باشقىلارنىڭ ئۆزىڭىزنى بوزەك قىلىشىغا ئۇچرايسىز. بەزىدە «ياخشى كۆرۈش» نىڭ سەۋەبى بولمايدۇ. بىراق، ئەگەر يۇقىرىقى تەييارلىقلارنى پۇختا قىلسىڭىز، چوڭ ئۆكۈنۈشسىزلىكنىڭ ئالدىنى ئالالايسىز. مۇھەببەتنى ئىلمىي يوسۇندا توغرا چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مۇئامىلە قىلسىڭىز، ئۇ سىزنىڭ ئوقۇش ۋە باشقا ئىشلىرىڭىزنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇنداق قىلمىسىڭىز، ئۇ سىزگە زور زىيانلارنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. (4)

ئەر-ئاياللار ھەممە ئىشنىڭ ئالدىدا باراۋەر يارىتىلمىغان. گەرچە قىلالايدىغان ئىشلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش تەقسىماتى بولمىسىمۇ، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئاياللار ئەرلەردىن بەكرەك جاپاكەش بولىدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۇچۇن بۇ تېخىمۇ شۇنداق. مەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ۋاقتىمدا، «ئاھ ۋەتەن، ئۇلۇق ئانام!» دېگەن شېئىرلارنى كۆپ ئاڭلايتتىم. شۇ چاغدا، «نېمە ئۇچۇن ‹ئاھ ۋەتەن، ئۇلۇغ ئاتام!› دېمەيدىغاندۇ؟» دەپ ئويلايتتىم. بۇنىڭ سەۋەبىنى قىزىم تۇغۇلغاندىن كېيىن ئاندىن چۈشەندىم. مەن ياپونىيىگە مېڭىشتىن بۇرۇن، قىزىم بىلەن پەقەت 3 ئايلا بىرگە تۇرالىغان بولسامۇ، شۇ قىسقىغىنا 3 ئاي ئىچىدە، ئانىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى تولۇق تونۇپ يەتتىم. مەن 1985-يىلى ياپونىيىگە بارغاندا، تېلېفون تېخى ئانچە تەرەققىي قىلمىغان بولۇپ، ئۈرۈمچىدە ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون قىلىش ياكى تېلېفون ئېلىش ئۇچۇن پوچتىخانىغا بارمىسا بولمايتتى. ياپونىيىگە ياكى ياپونىيىدىن خەت يازسىمۇ، 15 كۈن ئەتراپىدا ئاران تېگەتتى. مەن ياپونىيىدە تۇرغان ئىككى يېرىم يىلنىڭ ھەممىسىدە، ئامانگۈلگە ھەر ھەپتىدە بىر پارچە خەت يازدىم. بىر ئەر ئۇچۇن، ئۆز خوتۇنىنى ئۆزىدىن بىر دەرىجە تۆۋەن كۆرۈش، ھەتتا بەزىدە ئۇرۇش، ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ قەدىرلىك نەرسىسىنى دەپسەندە قىلغىنى بىلەن باراۋەر. بولۇپمۇ، خوتۇنىنى ئۇرۇش، دۇنيادىكى ھەر قانداق ئەخلاقىي ئۆلچەم بىلەن قارىغاندىمۇ ھەرگىز قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان بىر ناچار قىلىق. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەڭ قەدىرلىك نەرسىڭىزنى ئاشۇنداق دەپسەندە

قىلىسىڭىز، سىزنىڭ ئاتا-ئانىڭىز سىزدىن نېمىنى كۈتەلەيدۇ؟ سىزنىڭ پەرزەنتلىرىڭىز، قېرىنداشلىرىڭىز، تۇغقانلىرىڭىز ۋە دوست-ئاغىنىلىرىڭىز سىزدىن نېمىنى ئۈمىد قىلالايدۇ؟ (5) مۇھەببەت توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزلۈكىدىن مەڭگۈ ساقلىنىدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇنى دائىم، ئاڭلىق ھالدا پەرۋىش قىلىپ تۇرۇشىڭىز كېرەك. شۇنداق قىلىسىڭىز، سىزلەرنىڭ يۈرگەن ۋە يېڭى توي قىلغان ۋاقىتىڭلاردىكى بەختلىك سىزلەرگە مەڭگۈ ئەسرا بولىدۇ. ھەتتا ئۇ مۇھەببەت تەرەققىي قىلىپ، كۈچىيىپ ماڭىدۇ. پەرۋىش قىلمىغان مۇھەببەتنىڭ ئۆمرى چەكلىك بولىدۇ.

2) پەرزەنتلەر. «مەن بالامنى باقىمەن. بالام بالىسىنى باقىدۇ». بۇ دۇنيادىكى ھەممە مىللەتلەر ئەمەل قىلىدىغان بىر ئىنسانىي قائىدىدىن ئىبارەت. ئاتا-ئانىلار پەرزەنت كۆرۈشنى قارار قىلغان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ئۆز پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيىلەش مەسئۇلىيىتىنىمۇ ئېتىراپ قىلغان ۋە ئۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. بىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، شەرت-شارائىت يول قويغان دائىرىدە ئىمكان قەدەر كۆپ بالىلىق بولۇش، ئۇ مىللەت ئۈچۈن قوشقان بىر تۆھپە ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، بالىنى تېپىپ قويۇپ، ئۇنى يولىدا تەربىيىلەش مەسئۇلىيىتىدىن ۋاز كېچىش جەمئىيەتكە ۋە مىللەتكە قىلىنغان جىنايەتتىن ئىبارەت. مەن پەرزەنت مەسىلىسىدە، تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈپ كېتىشنى لايىق كۆردۈم. (1) «بالا» دېگەننىڭ مەنىسى «كىچىك، گۆدەك، ساددا، ئىش بىلمەيدۇ» دېگەنلەردىن ئىبارەت. بالىغا ئىش ئۆگىتىش، ئىش قىلىشنىڭ توغرا يولىنى ئۆگىتىش، بۇ ئاتا-ئانىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى. سىز بالىڭىزنىڭ يېشىغا قاراپ، ھەر بىر باسقۇچتا بالىڭىزغا ئىشنىڭ توغرىسىنى ئۆگىتىڭ، ھەرىكەت دائىرىسىنىڭ چېگرىسىنى سىزىپ بېرىڭ. بالىڭىز سىز ئۆگەتكەن بويىچە ئىشنى ياخشى قىلسا، ئۇنى مۇكاپاتلاڭ. سىزنىڭ دېگىنىڭىزگە خىلاپلىق قىلىپ، خاتالاشسا، ئىلمىي ئۇسۇلدا جازالاڭ. ئەمما، ھەرگىز ئۇرماڭ. بالىنى ئۇرۇش ئۇنى جازالاش ئۈچۈندۇر. ئەمما، بالىنى جازالاشنىڭ نۇرغۇن ئىلمىي ئۇسۇلى بار. مەسىلەن، بىر ئورۇندۇققا چىقىرىپ، 5-10 مىنۇت توختىتىپ قويۇش؛ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئويۇنچۇقىنى ئويناش ھوقۇقىدىن بىر كۈن ياكى بىر ھەپتە مەھرۇم قالدۇرۇش. بالىڭىزنى ئۇرسىڭىز، سىز يالغۇز ئۇنى جازالاپلا قالماستىن، سىز ئۇنىڭ ئۆز-ئۆزىگە بولغان ھۆرمىتى (ئىنگلىزچە self-esteem دەيدۇ) ۋەيران قىلىسىز. بالىڭىز جەمئىيەتتە ئۆزىنى تۆۋەن دەرىجىلىك ئادەم ھېسابلايدىغان بولۇپ چوڭ بولىدۇ. (2) ئەگەر

بالىڭىز سىز تېخى ئۆگەتمىگەن بىر ئىشنى قىلىپ، ئۇنى خاتا قىلىپ قويسا، ئۇ بالىڭىزنىڭ ئەمەس، سىزنىڭ مەسئۇلىيىتىڭىز بولۇپ، بۇنداق ئەھۋالدا، سىزنىڭ بالىڭىزنى جازالاش هوقۇقىڭىز يوق. (3) دادىسىنىڭ ياكى ئاپىسىنىڭ خاتالىقى ئۈچۈن بالىسىنى جازالاش، بۇ دۇنيادىكى ئەڭ قالاق ئادەتلەرنىڭ بىرى؛ سىز ئۇنىڭدىن مۇتلەق ساقلىنىڭ. (4)ئېرىڭىز ياكى خوتۇنىڭىز بالىغا تەربىيە بېرىۋاتقاندا، ياكى بالىنى ئەدەپلەۋاتقاندا، ئەگەر سىز بۇ ئەدەپلەشكە قوشۇلمىسىڭىز، ھەرگىز بالىڭىزنىڭ ئالدىدا ئېرىڭىزنى ياكى خوتۇنىڭىزنى ئەيىبلىمەڭ. مەن يۇقىرىدا تىزغاندەك، جۈرىڭىز بالىڭىزدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۇ ئىش تۇگىگىچە ساقلاپ (بۇ جەرياندا ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشمەيدۇ)، ئاندىن جۈرىڭىزنى بالىڭىز يوق بىر يەرگە چاقىرىپ، ئۆز-ئارا چۈشەنچە ھاسىل قىلىڭ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئەگەر بالىنى ئەدەبلىگىنىڭىز خاتا بولۇپ قالغان بولسا، قىلچە ئىككىلەنمەي، بالىڭىزنىڭ ئالدىدا ئۆز خاتالىقىڭىزنى ئىقرار قىلىڭ. ھەمدە بالىڭىزغا كۆيىدىغانلىقىڭىزنى، شۇڭا مۇشۇنداق تەربىيە بېرىۋاتقانلىقىڭىزنى ئىزهار قىلىڭ. (5) بالىڭىز جۈرىڭىزدىن قالسىلا ھەممىدىن مۇھىم. شۇڭا بالىڭىزنىڭ بىر ئىشى سىزنىڭ بىر مېھماندارچىلىقىڭىز بىلەن توقۇنۇشۇپ قالسا، چوقۇم ئۇ مېھماندارچىلىقتىن ۋاز كېچىڭ. ئەگەر سىزگە بىر دوستىڭىزنى 10-20 سوملۇق بىر قۇتا هاراق ئېلىپ مېھمان قىلىش بىلەن بالىڭىز ئۈزۈندىن بۇيان تەلەپ قىلىۋاتقان بىر قەلەم، دەپتەر، كىتاب ياكى ئويۇنچۇقنى ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت 2 يولدىن بىرىنى تاللاشقا توغرا كەلسە، دوستىڭىزنى هاراق بىلەن كۈتۈشتىن ۋاز كېچىڭ. ئەگەر سىزگە بىر چوڭ مېھمان چاقىرىش بىلەن بالىڭىزغا بىر كومپيۇتېر ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت 2 يولدىن بىرىنى تاللاشقا توغرا كەلسە، بالىڭىزغا كومپيۇتېر ئېلىپ بېرىڭ.

3) ئاتا-ئانا. ئۇيغۇرلار ئاتا-ئانىغا مېهرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار مىللەتلەرنىڭ بىرى. شۇڭا مەن بۇ مەسىلىدە تەپسىلىي توختالمايمەن. تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر مەسىلە شۇكى، نورمال ئەھۋالدا، بالىڭىزدىن ياخشى خەۋەر ئېلىش ئاتا-ئانىڭىزدىن ياخشى خەۋەر ئېلىشتىن مۇھىم. بۇنى ھەر دائىم ئەستە تۇتۇش كېرەك. بۇنىڭ سەۋەبى، ئاتا-ئانىڭىز نورمال ئەھۋالدا ئۆز-ئۆزىدىن خەۋەر ئالالايدۇ، ئەمما بالىڭىز تېخى ئۇنداق قىلالمايدۇ (ئۇلار تېخى كىچىك-دە).

4) خىزمەت. ئىنسانلار ئۆمرىنىڭ كۆپىنچىسىنى خىزمەت بىلەن ئۆتكۈزىدۇ.

خىزمەت بىلەن كىرىم تېپىش يۇقىرىدا تىزغان باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى يولىدا قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. لېكىن، خىزمەت بىر-ئىككى كۈندە تۇگەيدىغان نەرسە ئەمەس. شۇڭا، جىددىي ئەھۋالدا، مەسىلەن، ئاياللىڭىز، بالىڭىز ياكى ئاتا-ئانىڭىز ئاغرىپ قالغاندا، چوقۇم ئالدى بىلەن ئۇلاردىن خەۋەر ئېلىشىڭىز كېرەك. مەن كالىفورنىيىنىڭ سىلىكون جىلغىسى (ئىنگلىزچە Silicon Valley دەپ ئاتىلىدۇ. ئامېرىكا بويىچە يۇقىرى تېخنىكىلىق شىركەتلەر ئەڭ كۆپ يىغىلغان ئورۇن بولۇپ، بەزىلەر ئۇ يەرنى «ئامېرىكىنىڭ ئامېرىكىسى»، دەپمۇ ئاتايدۇ. ئورنى سان فرانسىسكو شەھىرىنىڭ يېنىدا) دا 7 يىلدىن كۆپرەك ئىشلىدىم. ئۇ يەرنىڭ شىركەت مەدەنىيىتى «ئىشقا ئادەم ئېلىش، ئىشتىن ئادەم بوشىتىش» بولۇپ، ھەر قېتىم پەن-تېخنىكىدا بىر چوڭ ئىلگىرىلەش بولغاندا، بۇ جايدا بىر-ئىككى يىلنىڭ ئىچىدىلا 2-3 مىڭ يېڭى شىركەت قۇرۇلۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن 3-5 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، تاقىلىدىغىنى تاقىلىپ، سېتىلىدىغىنى سېتىلىپ، ھېلىقى شىركەتتىن بىر نەچچە ياكى بىر قانچە ئونىلا قالىدۇ. ئەگەر سىزنىڭ قابىلىيەت-تەجرىبىڭىز ئۇلارغا زۆرۈر بولۇپ قالسا، سىزنى يالۋۇرۇپ بولسىمۇ ئىشقا ئالىدۇ. ئەگەر شىركەت ئوبدان ماڭماي قالسا، سىزنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئىشتىن بوشىتىدۇ. 2001-يىلى دېكابىردا مەن بىزنىڭ Wave Splitter دېگەن شىركەتكە ياردەملىشىپ، بىر شەنبە كۈنى بىر كۈننىڭ ئىچىدىلا 30 ئادەم ئالغان ئىدۇق. 2002-يىلى 3-ئايدا شىركەتتىكى خادىملارنىڭ 30% نى ئىشتىن بوشاتتۇق (ئېلېكتر ئىنژېنېرلىقى كەسپى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى بار ئادەملەردىنمۇ 10 نەچچىسى بار ئىدى. بىر ۋاقىتتا ئاشۇلارنىڭ ئىچىدىكى 6 كىشىدىن تەركىب تاپقان «لايىھىلەش گۇرۇپپىسى» نى باشقۇراتتىم. كېيىن ئامېرىكىنىڭ نۇرلۇق-تالا خەۋەرلىشىش تېخنىكىسى توغرىسىدىكى مۆلچەر خاتا چىقىپ قېلىپ، يېڭى قۇرۇلغان شىركەتلەردىن 2-3 مىڭى ئارقا-ئارقىدىن تاقىلىشقا باشلىدى. بىزنىڭ شىركەتمۇ 125 مىليون دوللار مەبلىغىنى 4 يىلدا خەجلەپ تۈگىتىپ، ئامالسىزلىقتىن شىركەتنىڭ تەتقىقات، تەرەققىيات ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى تەيۋەنگە يۆتكەشكە مەجبۇر بولدى. ھېلىقى 10 نەچچە دوكتورنىمۇ ئىشتىن بوشىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەن يالغۇز قالدىم. شىركەت مېنىڭ تەيۋەنگە بېرىشىمنى، ئەگەر بارسام، ماڭا بۇ شىركەتنىڭ 1% نى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنى رەت قىلىپ، 2003-يىلى 4-ئايدا بۇ شىركەتتىن چىقىپ كېتىپ، FBI ئۈچۈن بىئولوگىيە ۋە خىمىيىلىك

قورالللارنى تەكشۈرۈپ بېرىدىغان ئۆسكۈنىنىڭ تەتقىقاتىنى قىلىدىغان يەنە بىر بىئولوگىيە تېخنىكىسى شىركىتىگە ئىشقا كىردىم). بۇنداق بىر مەدەنىيەت ئاستىدا، سىز بىر شىركەت بىلەن «مۇھەببەت باغلاش»، ئۇنىڭغا ئۆمۈر بويى سادىق بولۇشىڭىز مۇمكىن ئەمەس. خىزمەت بىر ئادەم ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. لېكىن ئۇ ئۆمۈرلۈك ئەمەس. سىزنىڭ بالىڭىز، ئاتا-ئانىڭىز ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭىز سىز ئۈچۈن ئۆمۈرلۈكتۇر.

ئۇلاردىن باشقا، قېرىنداش، ئۇرۇق-تۇغقان ۋە دوست-بۇرادەرلەر بار. بىر كىشىنىڭ بۇ كاتېگورىيىدىكى ئادەملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئېنىق تەسۋىرلەش ئانچە ئاسان ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىز چەت ئەلدە بولسىڭىز، بۇ ئادەملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىز سىز ۋەتەندە بولغان ۋاقتىڭىزدىكى بىلەن مۇتلەق ئوخشىمايدۇ. شۇڭا بۇنىڭ تەپسىلاتىنى ھەر بىر ئادەم ئۆزى ئويلىنىۋېلىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

مەن جاۋابىمنىڭ ئەڭ ئالدىدا ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتكەندەك، يۇقىرىقى مۇناسىۋەت ئوخشىمىغان ئائىلىلەر ئۈچۈن ئوخشاش بولمايدۇ. لېكىن، مېنىڭ كۆزىتىشىمچە، ئىناق ئۆتىدىغان، پەرزەنتلىرىنىڭ ساغلام ۋە ئەتراپلىق ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئاتا-ئانىلارنىڭ ھەممىسى مۇناسىۋەتتىكى مۇھىملىق تەرتىپىنى مەن يۇقىرىدا تىزغانغا ئوخشاش تىزىدۇ. ھەر بىر ئائىلە ئۈچۈن ئەر-خوتۇن ھەر ئىككىلىسى ماقۇل كۆرگەن مۇشۇنداق بىر تەرتىپنىڭ بولۇشى تولىمۇ مۇھىم. ئەگەر سىزلەردە ئاشۇنداق بىر تەرتىپ بولسا، نۇرغۇن ۋاقىتلاردا قايسى ئىشنى قىلىش، قايسى يولنى تالالاش مەسىلىسىدىكى پىكىر ئىختىلاپىدىن ساقلانغىلى، بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ئەر-خوتۇن مۇناسىۋىتىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى زور دەرىجىدە ئازايتقىلى بولىدۇ. يۇقىرىقى تەرتىپ ئوخشىمىغان مىللەتلەر ئۈچۈنمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، ياپونلۇق ئەرلەر ئۈچۈن خىزمەت 1-ئورۇندا، شىركەتتىكى باشلىق 2-ئورۇندا تۇرىدۇ. ياپونلۇق ئاياللار ئۈچۈن ئېرى 1-ئورۇندا، بالىلىرى 2-ئورۇندا تۇرىدۇ (ئۇلار ئاساسەن خىزمەت قىلماي ئاشۇ ئىككىيلەندىن خەۋەر ئالىدۇ). ئامېرىكىدىكى ئاق تەنلىكلەر ئۈچۈن، ئېرى ياكى خوتۇنى 1-ئورۇندا، بالا ۋە ئائىلە 2-ئورۇندا، خىزمەت 3-ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تۇغقان بىلەن ئانچە كارى بولمايدۇ. دوست-ئاغىنە، قولۇم-قوشنا ۋە خىزمەتداشلارغا ئېتىبار بېرىپ كەتكەنلىكىنىمۇ ئانچە كۆرمىدىم. مېنىڭ مەن دوكتورلۇق ئوقۇغاندا بىر ئۇستازنىڭ قولىدا ئىشلىگەن 4-5 بالىلار

بىلەن چۈشكەن بىر پارچە رەسىمىم يوق (ئامېرىكىلىقلار ئۇنداق قىلمايدىكەن)؛ هازىر بىر-بىرىمىز بىلەنمۇ ھېچقانداق ئالاقە قىلمايمىز. بىر شىركەتتە 3-4 يىل ئىشلىگەن ھەمدە خېلى يېقىن ئۆتكەن كىشىلەرمۇ، بۇ شىركەتتىن ئايرىلىدىكەن، پۈتۈنلەي يوق بولۇپ كېتىدىكەن. بۇ جەھەتتە بىز ئۇيغۇرلار ئۇلارغا ھەرگىز ئوخشىمايمىز.

## 7-سوئال: تور بېتىڭىزدە يۇرتىڭىزدىكى ياشلار بىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغان نۇرغۇن مەسىلىگە جاۋاب بېرىپسىز. بۇ تور بەتنى ئىشلەش ئارام ئېلىشىڭىزنىڭ بىر قىسمىمۇ؟

جاۋاب: مەن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدىن تارتىپلا، ساۋاقداشلىرىمغا ئۆگىنىشتە ياردەم بېرىشنى باشلىغان بولۇپ، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى ئۆزۈم ئۈچۈن شەرەپلىك ئىش، دەپ ھېسابلاش ماڭا شۇ چاغدىن باشلاپ ئادەت بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ ئادەتنى مەن ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلدىم. ئىمكانىيەتلا يار بەرسە، مەيلى بىرەر شەخسكە ياكى پۈتۈن مىللەتكە بولسۇن، پايدىلىقلا ئىش بولىدىكەن، مەن ئۇنداق ئىشنى قىلىشتىن زادىلا باش تارتمىدىم. ھەمدە پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئەتراپىمدىكىلەرنى ئۆزۈم بىلەن بىرگە ئېلىپ مېڭىشقا، ئۇلارنى توغرا يولغا باشلاشقا تىرىشتىم. قولۇمدىن كەلسىلا، مەن ھېچكىمدىن ھەر قانداق ياردىمىمنى ئايىمىدىم. 1976-1978-يىللىرى مەن قايتا تەربىيە ئېلىش ئۈچۈن بارغان يېزىدا، غالىپ ئىسىملىك بىر بالا بار ئىدى. ئۇ كونىشەھەر (ھازىرقى ئونسۇ) ناھىيىسىدىكى بىر باشلىقنىڭ بالىسى بولۇپ، باشقىلار بىلەن ئۇرۇشۇشتا داڭق چىقىرىپ، «غالىپ جودا» دەپ ئاتىلىدىكەندۇق. مەن يېزىدا ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇپ، ھەر جەھەتتە ئۇنى يېتەكلىدىم. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئۇ بىر ئىنتايىن مۇلايىم، قولىدىن كېلىشىچە باشقىلارغا ياردەم قىلىدىغان يېڭى بىر ئادەمگە ئۆزگەردى. ئۇ چاغدا بىزگە يېزىدا 2 يىل ياخشى ئىشلەپ، شۇ ئارقىلىق بىرەر مائاشلىق ئىشقا ئېرىشىشتىن باشقا ھېچقانداق چىقىش يولى يوق ئىدى. يېزىدا ياخشى ئىشلىمىگەنلەر 2 يىلدىن كېيىنمۇ بىرەر خىزمەتكە ئېرىشەلمەيتتى. شۇڭا مېنىڭ تۇتقان يولۇم ئاشۇنداق بىر «پارلاق ئىستىقبال يولى» غا ماسلاشقان ئىدى.

مېنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇماقچى بولغان ئۇيغۇر ياشلارغا بىر ئاز ياردەم قىلىشنى باشلىشىمدا يۇقىرىقىدىن باشقا يەنە بىر ئالاھىدە سەۋەبمۇ بار. مەن

1988-يىلى ئاپرېلدا ياپونىيىدىكى ئۆگىنىشىمنى تۈگىتىپ، يۇرتقا قايتىشتىن بۇرۇن، ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ئۇ ئا ر لۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ بىر قانچە پېشقەدەم ئۇيغۇر ۋە قازاق رەھبىرى (ئۇلارنىڭ بىرى تۈگەپ كەتتى، ئۇ ئاتىمىزنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي. مەن ئۇلارنىڭ ياردىمىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن) نىڭ ياردىمى بىلەن، ئامېرىكىدىكى كالىفورنىيە شتات ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ Northridge شۆبىسى (CSUN) بىلەن ئالاقىلىشىپ، TOEFL ئىمتىھانىدىن ياپونىيىدە ئۆتۈپ، ئۇ مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىپ بولغان ئىدىم. ئوقۇش پۇلۇمنى مەكتەپ تولۇق كۆتۈرۈۋەتكەن بولۇپ، تۇرمۇشۇمنى ياردەمچى ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ تاپىدىغان كىرىمىمگە تايىنىپ باقىدىغان بولغان ئىدىم (ئەمما، ماگىستىرلىق ئوقۇشىنى تۈگىتىپ، دوكتورلۇق ئوقۇيدىغاندا، مېنى قوبۇل قىلغان 5 ئالىي مەكتەپنىڭ ھېچقايسىسى ئېلېكتر ئىنژېنېرلىقى كەسپى بويىچە چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارغا 1-يىلى ئوقۇش ياردەم پۇلى بەرمەيدىغان بولغاچقا، كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى داۋىس شۆبىسى (UC, Davis) گە 1-يىلى 13 مىڭ دوللار ئوقۇش پۇلى تۆلىدىم. بۇنچىلىك پۇلنى تېپىش ئۈچۈن مەن ئۆزۈم ئىشلەپلا قالماستىن، بىز 2 بالىمىزنى ئۇرۇمچىدىكى تۇغقانلارغا قالدۇرۇپ قويۇپ، بۇرۇن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن ئايالىم ئامانگۈلمۇ ئامېرىكىدىكى ئەڭ جاپالىق ئىشلارنى قىلدى. UCD نىڭ ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسىدا ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە، ئىشتىن چۈشۈپ، ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، مايكىسىنى سىقسا، مايكىسىغا يىغىلىپ قالغان تەر سۈيى يەرگە تامچىلاپ ئاقاتتى). يۇرتقا قايتىپ، CSUN نىڭ ئۇقتۇرۇش قەغىزىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ قارىسام، ئۇ مېنىڭدىن 5-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە مەكتەپكە تىزىملىتىشىمنى تەلەپ قىلىپتۇ. مەن قىزىم 3 ئايلىق بولغاندا ياپونىيىگە كەتكەن بولۇپ، 3 ياشقا كىرەي دېگەندە قايتىپ كەلدىم (ئىككى ھەپتىگىچە قىزىم مېنى «دادا» دېگىلى ئۇنىماي، مېنى «ئەركىن ئاكا» دەپ چاقىردى). ئۇ چاغدا ئائىلىمىزدىكىلەرنى ياپونىيىگە چاقىرتىشقا ياكى بىزنىڭ يۇرتقا ئارىلىقتا تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن قايتىشىمىزغا رۇخسەت قىلىنمىغاچقا، يۇرتتىن ئىككى يېرىم يىل ئايرىلىپ، ئۆينى ناھايىتى سېغىنغاندۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن قايتىپ كېلىشىمگىلا، فاكۇلتېتتىن ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغان بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدىكى 4 ئوقۇغۇچىسىنى ماڭا تاپشۇردى. مەن ئۇلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ماقالىسىنى يېزىشىغا بىر يېرىم ئاي يېتەكچىلىك قىلدىم. بۇلارنى ئاز دەپ، ماڭا ئامېرىكىدىن

1-قېتىم ماڭدۇرغان ئوقۇش چاقىرىق قەغىزى ئۇرۇمچىگە كەلگەندىن كېيىن يوقاپ كېتىپ، مەن پوچتىخانىمۇ پوچتىخانا سۈرۈشتە قىلىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ خېلى ئاۋارە بولدۇم. شۇ چاغدا مەن ھېلىقى مەكتەپكە تىزىملىتىش ۋاقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، ئامېرىكىدا ئوقۇۋاتقان بىر ئۇيغۇر تونۇشۇمغا خەت يازدىم. ئەمما، ماڭا ئۇنىڭدىن خەت كەلمىدى. مەن ئامالسىز 7-ئاينىڭ ئوتتۇرىسى كېلىدىغان قۇربان ھېيتقىمۇ قارىماي، بېيجىڭغا بېرىپ ۋىزا ئېلىپ، 7-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئامېرىكىغا كېلىپ بولدۇم. كېلىپ قارىسام، مەكتەپكە 9-ئايغىچە تىزىملاتقىلى بولمايدىكەن. ھېلىقى مېنىڭ ئوقتۇرۇش خېتىمدىكى تىزىملىتىش ۋاقتى ئەسلىدە ئامېرىكىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان ئىكەن. شۇنداق قىلىپ، ئاشۇ بىر كىچىككىنە ئۇچۇرغا ئېرىشەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن، مەن ئىككى يېرىم يىل ئايرىلىپ كەتكەن ئۆيۈمدە ئاران 3 ئاي تۇرۇپ، ئامېرىكىغا بىر ئاي بالدۇر كېلىپ، ياتاق پۇلى تۆلەپ، بىكار ياتتىم. بۇ ئىش ماڭا ناھايىتى قاتتىق تەسىر قىلدى.

مېنىڭ غايەم بۇ دۇنيادا بار ئوقۇشنىڭ ھەممىسىنى ئەڭ يۇقىرى پەللىگىچە ئوقۇش ئىدى. ياپونىيىگە بېرىشتا، ئۇرۇمچىدىكى ئالىي مەكتەپلەردىكى 50 كە يېقىن ياش ئوقۇتقۇچىدىن 3 پەن بويىچە ئىمتىھان ئېلىنىپ، ئۇلاردىن 15 كىشى تاللىنىپ، ياپونىيىگە ئەۋەتىلدى. مەن ئۇ ئىمتىھانلاردا جەمئىي 240 نومۇر ئېلىپ، 1-ئورۇنغا ئېرىشتىم. ئىچكىرىكى ئۆلكىدە ئوقۇغان بىر ئوقۇتقۇچى 180 نومۇر بىلەن 2-ئورۇنغا ئېرىشتى. ئاڭلىشىمچە، ئاخىرىدا 40-50 نومۇر ئالغانلاردىنمۇ ھېلىقى 15 كىشىنىڭ ئىچىگە كىرگەنلەر بار ئىكەن. ئەمما، مەن تەقسىم بولغان ياپونىيىدىكى مەكتەپتە ئاسپىرانتلىق ئوقۇشى يوق ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن مەن بىلەن بىر قاراردا ياپونىيىگە بارغانلارنىڭ ئىچىدىكى ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇشنى خالايدىغانلارنىڭ ھەممىسى ماگىستىرلىق ئوقۇشىغا كىردى، مەن يۇقىرى ئۇنۋان ئۈچۈن ئوقۇيالمىدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن 2 يىل قاتتىق ئازاب يېدىم (لېكىن، چۈشكۈنلەشمىدىم. تارتقان دەردلىرىمنى كۆچكە ئايلاندۇرۇپ، ئىمكان قەدەر كۆپرەك ئىلمىي ماقالە چىقىرىشقا تىرىشتىم. بۇ ھەقتىمۇ نۇرغۇن ھېكايىلىرىم بار. ئەمما، بۇ سۆھبەتنىڭ ھەجىم چەكلىمىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارنى بۇ يەرگە يازمايمەن. ياپونىيىدىكى مەن ئوقۇغان مەكتەپ مېنى مەملىكەت بويىچە 3-ئورۇندا تۇرىدىغان ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكەپ قويماقچى بولغانىدى، مەسئۇل ئورگانلىرىمىز ئۇنىڭغا قوشۇلمىدى. بۇ ئىش ئۇ مەكتەپكە بەك تەسىر قىلدى، مەن ياپونىيىدىن قايتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇلار ماگىستىرلىق ئۇنۋانىنى تەسىس قىلىپتۇ. ئاشۇ

مەكتەپنىڭ مۇدىرى ماڭا 1991-يىلى ئېيتىپ بېرىشچە، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشنى شۇنچە تېز پۈتتۈرۈشىگە مەن سەۋەبچى بولۇپتىمەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مەكتەپتە يەنە 10 ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار ئوقۇدى). تەلىيىمگە يارىشا، پېشقەدەم ئۇيغۇر ئۇستازلىرىمىزنىڭ ياردىمى بىلەن، مەن ئۇچۇن بىر يامان ئىش ياخشى ئىشقا ئايلاندى. مەن ياپونىيىدە ئۇنۋان ئالالمىغانلىقىم ئۈچۈن، ئامېرىكىغا كېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. مەندە ئۆزۈمگە ئوخشاش ئوقۇش ئارزۇسى بار ھەممە ئۇيغۇر ياشلىرىغا چوڭقۇر ھېسداشلىقىم بار. شۇلارغا بىر ئاز بولسىمۇ ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن، 1994-يىلى مەن ۋەتەندىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ئامېرىكىدىكى ئالىي مەكتەپنىڭ ئۇچۇرلىرىنى ماڭدۇرۇپ بېرىش ئىشىنى باشلىدىم. چىقىمنى (يەنى كوپىيە قىلىش راسخوتى بىلەن پوچتا راسخوتىنى) ئەينى ۋاقىتتىكى تەڭرىتاغ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى (ئىنگلىزچە قىسقارتىلىپ TOSSA دەپ ئاتىلىدۇ) كۆتۈردى. ئىشلىرىنى مەن قىلدىم. بىر ئوقۇغۇچىدىن قايسى كەسىپتە ئوقۇماقچى بولغانلىقى توغرىسىدا بىر خەت تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، مەن ئامېرىكىدا چىققان Peterson’s Guide دېگەن كىتابنىڭ شۇ كەسىپكە ئائىت قىسمىنى كوپىيە قىلىپ (نۇسخىلاپ)، ئامېرىكىدىكى مەكتەپلەرگە ئىلتىماس قىلىشنىڭ قەدەم-باسقۇچلىرىنى تونۇشتۇرۇپ بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۇلارنى ھېلىقى ئوقۇغۇچىغا پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىپ بەردىم. بىر ئوقۇغۇچى ئۈچۈن كوپىيىخانىغا بېرىپ كىتابنى نۇسخىلاش، خەت ۋە لىپاپىلارنى تەييارلاش ۋە پوچتىخانىغا بېرىپ تەييارلىغان خەتنى سېلىش ئۈچۈن مېنىڭ بىر شەنبە كۈنىدىكى يېرىم كۈن ۋاقتىم كېتەتتى. 1998-يىلىدىن كېيىن، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردىن ماڭا تەلەپ يازىدىغانلار، مەن بىلەن ئالاقىلىشىدىغانلار ناھايىتى ئازلاپ كەتتى. مەن بۇنىڭغا ئىنتايىن ئۆكۈندۈم.

مەن ئامېرىكىغا ئەڭ بۇرۇن كەلگەنلەرنىڭ بىرى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئامېرىكىدىكى تۇرمۇش ۋەتەندىكىگە قارىغاندا خېلى كۆپ مۇرەككەپ بولغاچقا، كېيىن كەلگەن ۋەتەنداشلار مەندىن ئوقۇش، خىزمەت، تۇرمۇش ۋە ئاتا-ئانىلارنى چاقىرتىش توغرىسىدا داۋاملىق ياردەم ۋە مەسلىھەت سوراپ تۇردى. ۋەتەندىكى ياشلاردىنمۇ خەت-تەلەپلەر كېلىپ تۇردى. ئۆزۈم ھازىرغىچە يىغقان تەجرىبىلەردىن ھەممەيلەننىڭ پايدىلىنىشى ھەمدە ۋەتەندىكى ياشلارغا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، مەن 2004-يىلى يازدا www.UyghurScholars.org دېگەن تور بېتىنى ياساپ، ۋەتەندىكى ۋە چەت ئەلدىكى يۇرتداشلارغا پايدىلىق دەپ قارىغان بىر قىسىم

ئۇچۇرلارنى شۇنىڭغا كىرگۈزۈپ قويدۇم. ھەمدە ماڭا كەلگەن سوئاللارغا قاراپ، يېڭى نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا كىرگۈزۈپ تۇرۇۋاتىمەن.

بۇ تور بېتىدىن باشقا، مەن باشقا ۋەتەنداشلار ۋە تونۇش-بىلىشلەرگە داۋاملىق قىلىپ بېرىپ تۇرىدىغان ئىشلار خېلى بار. مەسىلەن، ئالدىمىزدىكى بىر ھەپتە (2005-يىلى 13- دىن 19-كۈنلىرىگىچە) ئىچىدە مېنىڭ باشقىلارغا قىلىپ بەرگەن ئىشلىرىم مۇنداق:

(1) ھەر كۈنى ۋەتەندىن ۋە باشقا جايلاردىن كەلگەن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بەش E-mail گە جاۋاب بېرىش.

(2) ۋەتەندىكى بىر قانچە ئوقۇغۇچىغا ئامېرىكىدىن ئوقۇش ئىلتىماسى يولدىكى ياردەمچىلەرنى تېپىپ بېرىش.

(3) Biliwal.com سورىغان سوئالغا جاۋاب يېزىش.

(4) ئاۋستىرالىيىدىكى بىر ئوقۇغۇچىغا «تەشەببۇس خېتى» (ئىنگلىزچە «Recommendation Letter» دەيدۇ) يېزىپ بېرىش.

(5) ياپونىيىدىكى بىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىغا ئامېرىكىغا ۋىزا ئېلىشتا تەلەپ قىلىنغان «ساياھەت پىلانى» (Travel Schedule) يېزىپ بېرىش.

(6) ياپونىيىدىكى بىر ئۇيغۇر زىيالىينىڭ كانادادىكى بىر پروفېسسورغا يازغان ئىنگلىزچە خېتىنى تەھرىرلەپ بېرىش.

(7) ئوپتىكىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان بىر تۇرك تونۇشۇمنىڭ «مۇتەخەسسىس كاتېگورىيىسى» بويىچە ئامېرىكىدا قېلىپ قېلىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ كەسپىنىڭ ئامېرىكا دۆلەت مەنپەئەتىگە ئىنتايىن زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان «مۇتەخەسسىسنىڭ باھالاش خېتى» نى يېزىپ بېرىش.

(8) فىرانسىيىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئېلىپ، ئامېرىكىغا كېلىپ، بۇرۇن مېنىڭ قولۇمدا ئىشلىگەن بىر فىرانسىيىلىك ئىنژېنېر يېڭى خىزمەتكە كىرىش ئۈچۈن، كۆرۈشۈش (job interview) غا بارماقچى بولۇپ، مەندىن 5 خىل تېخنىكىلىق سوئال سوراپ E-mail يېزىپ، مۇمكىن بولسا بىر كۈننىڭ ئىچىدە جاۋاب بېرىشىمنى سوراپتۇ. مەن ئۇنىڭغا دەرھال جاۋاب يېزىپ ماڭدۇردۇم.

مەن قوشۇمچە ئىشلار بىلەن داۋاملىق ئالدىنقى بىر ھەپتىدىكىدەك ئالدىراش بولۇپ كەتمەيمەن. ئالدىنقى ھەپتە بىر ئاز ئالاھىدىرەك بولۇپ، مەن بىر قانچە كۈن كەچ سائەت 10 دىن ئاشقىچە ئىشلەشكە مەجبۇر بولدۇم. لېكىن، ماڭا ئاشۇنداق تەلەپلەر داۋاملىق كېلىپ تۇرىدۇ. كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ 3 قىسمى بولىدۇ: 1)

ماددىي تۇرمۇش (تاماق يېيىش، كىيىم كىيىش، ئۇخلاش قاتارلىقلار)، 2) روھىي تۇرمۇش (مېھماندارچىلىققا بېرىش، كونسېرت – كىنولارغا بېرىش، تېلېۋىزور كۆرۈش، ئارام ئېلىش، مۇھەببەتتى بىلەن بىرگە بولۇش قاتارلىقلار)، 3) ئىجادىيەت تۇرمۇشى (ئۆگىنىش، خىزمەت قاتارلىقلار). باشقىلارغا ياردەم قىلىش، مەن ئۇچۇن روھىي تۇرمۇش بىلەن ئىجادىيەت تۇرمۇشىنىڭ بىرلەشمىسىدۇر. مەن بىر ئادەمگە بىر ئىشتا ياردەم قىلالىسام، بىر نەتىجىگە ئېرىشكەن بىلەن ئوخشاش، ئۆز – ئۆزۈمدىن خۇشال بولىمەن. بىر كىشىنىڭ ھاياتىغا چوڭراق تەسىر كۆرسىتەلىسەم، ئۆزۈمنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلىمەن. بىر ھەپتىنىڭ ئىچىدە يۇقىرىقى ئىشلارنى قىلمىغان بولسام، ئېھتىمال تېلېۋىزوردا بىر قانچە كىنونى ياكى بىر قانچە NBA ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىنى (مەن ئۇ مۇسابىقىلەرنى كۆرۈشنىمۇ ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن) كۆپرەك كۆرگەن بولاتتىم. لېكىن، مەن ئۇچۇن يۇقىرىقى ئىشلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تېلېۋىزور كۆرگەننىڭ قىممىتى كۆپ تۆۋەندۇر.

ئامېرىكىغا كەلگەن 16 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، مەن جاۋاب قايتۇرمىغان بىر پارچە خەت يوق. ماڭا پوچتا ۋە E–mail ئارقىلىق كەلگەن خەتلەرگە بىرىنىمۇ قويماي جاۋاب يېزىپ كەلدىم (ئەگەر سىز ماڭا E–mail يېزىپ، مەندىن جاۋاب كەلمىگەن بولسا، ئۇ چوقۇم سىزنىڭ E–mail ئىگىزدىن چاتاق چىققانلىقىدىن بولىدى، مېنىڭ بەزى جاۋابلىرىم ئىگىسىگە يېتىپ بارالماي قايتىپ كەلدى. 3 – 4 قېتىم ماڭدۇرۇپ باقسامۇ قايتىپ كەلدى. ئەگەر سىزگە مەندىن جاۋاب كەلمىگەن بولسا، ماڭا قايتا E–mail يېزىڭ. مەن چوقۇم جاۋاب قايتۇرىمەن.)

بىز داۋاملىق مىللەتلەرنىڭ سۈپىتى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا گەپ ئاچىمىز. بىر مىللەتنىڭ سۈپىتىنىڭ يۇقىرى – تۆۋەنلىكىنىڭ مۇھىم بىر كۆرسەتكۈچى، شۇ مىللەتتە «راست ئادەم» بىلەن «يالغان ئادەم»نىڭ نىسبىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىدۇر. مېنىڭ بۇ يەردە «راست ئادەم» دېگىنىم، سىز بىر پارچە خەت يازسىڭىز، سىزنىڭ خېتىڭىزگە جاۋاب قايتۇرىدىغان ئادەم؛ سىزگە «مۇنداق مۇنداق ئىشنى قىلىپ بېرىمەن»، دەپ، داستىخان ئۈستىدە ياكى ھاراق سورۇنىدا ۋەدە بېرىپ، ئەمەلىيەتتە بەرگەن ۋەدىسىنى ھەقىقەتەنمۇ قىلىدىغان ئادەمدىن ئىبارەت بولۇپ، «ساختا ئادەم»لەر بولسا يۇقىرىقىنىڭ ئەكسىچە كىشىلەردۇر.

2002 – يىلى فېۋرالدا مەن ياپونىيىگە بىر قېتىم خىزمەت ئىشى بىلەن باردىم. شۇ چاغدا، ئۆزۈمگە ياپونىيىدە تىكىلگەن كاستۇم – بۇرۇلكىدىن بىرنى ئېلىۋېلىش ئۇچۇن بىر كۈنى بازار چۆرگىلىدىم. دۇكانلاردىكى كىيىملەر ئاساسەن جۇڭگودا

ئىشلەنگەن بولۇپ، مىڭ تەسلىكتە ياپوندا تىكىلگەن كىيىم بار دۇكاندىن بىرنى تاپتىم. بىراق، مەن ياخشى كۆرگەن بىر قۇر كىيىمنىڭ نومۇرى مەن ئۈچۈن 1-2 نومۇر كىچىك ئىكەن. مەن دۇكاننىڭ ئىگىسىدىن ئۇ كىيىمنىڭ 1-2 نومۇر چوڭى بار-يوقلۇقىنى سورىسام، ئۇ كىشى «ھازىر دۇكىنىمدا يوق. سەل تۇرۇپ تۇرۇڭ. مەن بىر سۈرۈشتە قىلىپ باقاي»، دېدى. بەش مىنۇتتىن كېيىن مېنى چاقىرىپ، ئۇ كىيىمنى 3 كۈندىن كېيىن دۇكانغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئامېرىكىغا ئەتىسى قايتىدىغانلىقىمنى، شۇڭا سەل كىچىكرەك بولسىمۇ ھېلىقى دۇكاندا بار كىيىمنى ئېلىش قارارىمنى ئېيتتىم. لېكىن، ئۇ دۇكاننىڭ ئىگىسى «ئۇ سىزگە بەك كىچىك ئىكەن. ئۇنى ئالماڭ» دەپ تۇرۇۋالدى. بۇ بىر كىچىك دۇكان بولۇپ، ئۇ چاغدا بۇ دۇكاندا مەندىن باشقا ھېچ قانداق خېرىدار يوق ئىدى. شۇ بىر كۈننىڭ ئىچىدە ئۇ كىشىنىڭ قانچىلىك سودا قىلالىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئەمما، مەن ئەتىسى ئامېرىكىغا قايتىدىغانلىقىمنى ئېنىق ئېيتساممۇ، ئۇ كىشى ماڭا «بۇ كىيىم سىزگە ناھايىتى ياخشى كەلدى. ئۇنىڭدىن 2-3 نى ئېلىۋېلىڭ» دېمەي، بىرنى ئالىمەن دېسەممۇ، ماڭا ساتمىغىلى تاس قالدى.

«راست ئادەم» دېگەن ئەنە شۇ. مەن كىچىكىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ھاياتىم جەريانىدا ئۇچراتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدە «يالغان ئادەم» گە قارىغاندا، «راست ئادەم» لەرنىڭ سانى خېلىلا كۆپ. ئەمما، بۇ «راست ئادەم» لەرنىڭ كۆپىنچىسى يېزىلاردا. مەن شۇلار بىلەن بىرگە بولۇپ، ئۇلاردىن نۇرغۇن ئالىيجاناب خىسلەتلەرنى ئۆگەندىم. 2004-يىلى يازدا مېنىڭ 2 بالام يۇرتقا بېرىپ، مەن بۇرۇن ئويناپ چوڭ بولغان يېزىلارغا باردى. ئۇ يەردە بىزنىڭ دېھقان تۇغقانلارنىڭ ئۆيىدە قونۇپ، ئۇلار ئەتكەن تاماقنى ۋە ئۇلارنىڭ بېغىدىكى يېمىشلەرنى يەپ، ئۇلار ئۆتكۈزۈپ بەرگەن، داپ بىلەن لېگەننى بىرلەشتۈرۈپ چېلىپ، جۈپ-جۈپ بولۇپ ئۇسسۇل ئوينايدىغان، ھەمدە بىر-بىرىگە پوتا سالىدىغان، بىزنىڭ ئەڭ ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنىمىز «مەشرەپ» كە قاتناشتى. شۇ چاغدا مەن بىر قېتىم ئۇلارغا تېلېفون قىلغاندا، ئۇ ئىككىسى ماڭا ئايرىم-ئايرىم ھالدا: «دادا، بۇ يەردىكى ئادەملەر ئاجايىپ ياخشى ئىكەن. مەن بۇ دۇنيادا مۇنداق ياخشى ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى زادىلا بىلمەپتىكەنمەن. سىزنىڭ قانداق قىلىپ ھازىرقىدەك ئادەم بولۇپ چوڭ بولغانلىقىڭىزنى ئەمدى چۈشەندىم»، دېدى. ياپونىيىگە بارغاندىن كېيىن، خۇددى ياپونىيىگە بارغان باشقا ئۇيغۇر ۋەتەنداشلارغا ئوخشاش، «يۇقىرى سۈپەتلىك مىللەت»نىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تېخىمۇ تولۇق چۈشەندىم. ئاشۇنداق «راست

ئادەم» لەرنىڭ سانىنى كۆپەيتىپ، مىللىتىمىزنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش يولىدا ھەر بىر ئادەم بىر كىشىلىك تۆھپە قوشالايدۇ. مەن ھەممىمىز ئورتاق تىرىشىدىغانلا بولساق، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ كەلگۈسىدە خۇددى ياپونلۇقلار، يەھۇدىيلار ۋە گېرمانلارغا ئوخشاش بىر «تايىنى بار» مىللەت قاتارىدا دۇنياغا تونۇلىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمەن.

**8-سوئال: ھازىر مەملىكەتلىك مەتبۇئاتلاردا دۆلىتىمىز مائارىپىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرى، چەت ئەل مائارىپىنىڭ ئىلغارلىقلىرى توغرىسىدا مۇلاھىزىلەر بولۇپ تۇرىدۇ. سىز پەرزەنتلىرىڭىزنى ئامېرىكا ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە ئوقۇتقان ئاتا بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن قانداق سېلىشتۇرىسىز؟**

جاۋاب: جۇڭگو مائارىپى بىلەن ئامېرىكىنىڭ مائارىپى ئوتتۇرىسىدا ھەقىقەتەنمۇ خېلى چوڭ پەرق بار. جۇڭگو مائارىپىنى يىغىنچاقلاپ، بىر ئېغىز سۆز بىلەن «يادلاش مائارىپى»، ئامېرىكىنىڭكىنى بولسا «ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش مائارىپى»، دەپ ئېيتىش مۇمكىن. بۇنداق ئىككى مائارىپ سىستېمىسىدا تەربىيىلەنگەن كىشىلەرنىڭ ئىقتىدارىدىمۇ خېلى چوڭ پەرق بولىدۇ. تۆۋەندە مەن بۇ مەسىلىنى ئۆزۈم ئۇچراتقان ئەھۋاللار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن.

ئامېرىكىنىڭ دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلى باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپلا جۇڭگونىڭكى بىلەن ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، 1-سىنىپ باللىرىغا ھېساب ئۆتكەندە، جۇڭگودا كۆپىنچە ئەھۋالدا «بىرگە بىرنى قوشساق 2»، «ئىككىگە بىرنى قوشساق ئۈچ» دەپ يادلىتىدۇ. ئامېرىكىدا بولسا، باللارغا مەلۇم ساندىكى رەڭلىك بۇيۇملارنى تارقىتىپ بېرىپ، «قىزىلدىن 3 نى بىر يەرگە، يېشىلدىن 4 نى بىر يەرگە قويۇڭلار. ئەمدى ئىككى رەڭدىكىلەرنى بىرلەشتۈرۈڭلار. ئەمدى ھەممىسىنى قوشۇپ ساناپ بېقىڭلار»، دەپ ھەممەيلەننى ئىشقا سېلىپ، مۇشۇ بىر پائالىيەت ئارقىلىق «3 كە 4 نى قوشسا، 7 بولىدۇ»، دېگەن نەرسىنى ئۆگىتىدۇ. بۇ يەردىكى ئەڭ تۈپ پرىنسىپ، باللارنىڭ مېڭىسىگە بېسىم ئىشلەتمەي، يېڭى نەرسىلەرنى ئۆزلىرى قوبۇل قىلالايدىغان تەرىقىدە ئۆگىتىشتىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا، ئامېرىكىنىڭ باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ سىنىپلىرىغا قارىسىڭىز، ساندۇق ساندۇقتا، ھەر خىل رەڭدىكى بۇيۇملارنى كۆرىسىز.

باشلانغۇچتىن باشلاپلا، باللارنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىش،

ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىش، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل يېڭى نەرسىلەرنى ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىشىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. مەن بۇرۇن ئوقۇغان بىر ماقالىدە، بىر زىيالىي بۇ ئىككى دۆلەتتىكى بالا تەربىيىلەش ئۇسۇلىدىكى پەرق ئۈستىدە توختىلىپ، مۇنداق دەپتۇ: «جۇڭگودا ھەممەيلەن بالىسىغا: باشقىلارنىڭ بالىسى قانداق قىلغان بولسا، سەنمۇ شۇنداق قىل، دەپ تەربىيىلەيدۇ. ئامېرىكىلىقلار بولسا بالىسىغا: ئىمكان بار باشقىلار قىلمىغاننى قىل، دەپ تەربىيىلەيدۇ». مۇشۇنداق بالا تەربىيىلەش ئۇسۇلىنىڭ نەتىجىسىدە، ئامېرىكىدا ھەممە كەسىپ تۈرلىرى بويىچە يېڭى كەشپىياتچىلار دۇنيا بويىچە ئەڭ كۆپ چىقىدۇ.

مېنىڭ ئوغلۇم باشلانغۇچنىڭ 5-سىنىپىدىلا ئىلمىي تەجرىبىنى قانداق ئىشلەش، ئۇنىڭدىن چىقارغان ئىلمىي يەكۈننى قانداق قىلىپ بىر ئىلمىي دوكلات شەكلىدە باشقىلارغا يەتكۈزۈشنى ئۆگەندى. مەن يۇقىرىقى سوئالنى (يەنى 8-سوئالنى) كۆرگەندىن كېيىن، ئوغلۇمدىن «سەن 5-سىنىپتا 1-قېتىملىق ئىلمىي تەجرىبىنى ئىشلەپ، ئۇنىڭدىن دوكلات يازغان ئىدىڭ. سەن شۇ چاغدا ئۆگەنگەن ئىلمىي تەجرىبە ئۇسۇللىرى قايسى؟» دەپ سورىسام، ماڭا تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتىپ بەردى:

1) ئىلمىي پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويۇش

2) تەجرىبە ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماتېرىياللارنى تەييارلاش ۋە تەجرىبە ئۇسۇلىنى لايىھىلەش

3) تەجرىبىنى ئىشلەپ، سان-سىپىرلارنى خاتىرىلەش

4) تەجرىبە نەتىجىسىگە قاراپ، 1) قىسىمدىكى ئىلمىي پەرەزنىڭ توغرا ياكى ناتوغرىلىقىنى، ئۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى، ھەمدە بۇ تەجرىبە ئارقىلىق يەكۈنلەپ چىقارغان ئىلمىي خۇلاسىنى يېزىپ چىقىش

ئۇلار ئاشۇ ۋاقىتتىن باشلاپلا، ئۆزى ئىشلىگەن تەجرىبىنىڭ نەتىجىلىرىنى x-y رەسىمى (ئىنگلىزچە x-y plot دەپ ئاتىلىدۇ) ئارقىلىق ئىپادىلەشنى باشلىدى. مېنىڭ ئېسىمدە قېلىشىچە، مەن ياپونىيىگە يېڭى بارغاندا، ئىلمىي تەتقىقاتنى قانداق ئىشلەش جەھەتتە يۇقىرىقىچىلىك بىلىمىم يوق ئىدى (ئېھتىمال بۇ خىل ۋەزىيەت ھازىر ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن).

ئامېرىكىدا باشلانغۇچنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن باشلاپ، تولۇقسىز ئوتتۇرىنى

پۈتتۈرگۈچە، ئوقۇغۇچىلارغا ھەر مەۋسۇمدا بىر قېتىم دەرس پروجېكتىسى (ئىنگلىزچە Class Project دەپ ئاتىلىدۇ) ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بەزى ئوقۇتقۇچىلار سىنىپىدىكى 30 غا يېقىن ئوقۇغۇچىغا 15 ئەتراپىدىكى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان پروجېكت ماۋزۇسىنى چىقىرىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرى ياخشى كۆرگەنلىرىنى تاللىۋېلىشقا قويىدۇ. بەزىلىرى بولسا، پروجېكت ماۋزۇسىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تېپىشىغا قويۇپ قويىدۇ. مۇشۇنداق پروجېكتلار ئاساسىدا، ھەر يىلى مەكتەپ بويىچە بىر قېتىم ئىلىم-پەن كۆرگەزمىسى (ئىنگلىزچە Science Fair دەپ ئاتىلىدۇ) ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، «ئوچۇق ئۆي» (ئىنگلىزچە Open House دەپ ئاتىلىدۇ) پائالىيەتلىرىمۇ بىر يىلدا بىر قانچە قېتىم بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ كۆرگەزمە ۋە ئوچۇق ئۆي جەريانىدا، ئاتا-ئانىلار بەلگىلەنگەن ۋاقىت مۇددىتى ئىچىدە مەكتەپكە كېلىپ، ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ۋە باشقا ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى كۆرىدۇ. بۇ ئادەمنى خېلىلا ھۇزۇرلاندۇرىدىغان پائالىيەت بولۇپ، بالىلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى ئادەمنى ناھايىتى ھەيران قالدۇرىدۇ. مەن ھازىرغا قەدەر بالىلىرىمنىڭ مۇنداق پائالىيەتلىرىنىڭ بىرەرسىگىمۇ بارمىغان ۋاقتىم يوق. ئوغلۇم تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلىگەن پروجېكتنىڭ بىرى، ئوخشىمىغان رەڭلىك نۇرنىڭ تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئۆلچەپ ئىسپاتلاپ چىقىشتىن ئىبارەت بولدى. بىر قىسىم ماتېرىياللارنى بازاردىن سېتىۋالدۇق. تېمپېراتۇرىنى ئۆلچەش ئەسۋابىنى مەن ئۆزۈمنىڭ شىركىتىدىن ئارىيەت ئېلىپ ئەكەلدىم. قىزىمنىڭ ئىشلىگەن بىر پروجېكتىسى، نۇر ئىسسىق ھاۋادىن ئۆتكەندە، ئىسسىق ھاۋا ئۇنىڭ يۆنىلىشىنى بىر ئاز ئۆزگەرتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش بولدى. مەن قىزىمنى ئۆزۈمنىڭ شىركىتىگە ئاپىرىپ، قىزىل رەڭلىك لازېر (قوزغىتىلغان نۇر) دىن بىرىنى ماڭدۇرۇپ قويۇپ، ئۇنىڭ نۇر يولىنىڭ ئاستىغا شام يېقىپ ھاۋانى ئىسسىتىپ، شۇ ئارقىلىق قىزىم ئىسپاتلىماقچى بولغان نەرسىنى ئىسپاتلاپ چىقتى.

ئامېرىكىدا ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىمۇ ئوقۇغۇچىلار ئىنتايىن جانلىق تەربىيىلىنىدۇ. مېنىڭ ئىككىلا بالام تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ھازىر دۇنيادا مەۋجۇت بولغان 4 چوڭ دىنىنى ئۆگىنىپ چىقتى. مەن ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنى توغرىسىدىكى دەرسلىك كىتابىنى تۇنجى قېتىم كۆرگەندە ئىنتايىن ھەيران بولدۇم: مەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان ۋاقتىمدا دىن توغرىلىق بىرەر دەرسلىك ئەمەس، ھازىرغا قەدەر بۇنداق ياخشى يېزىلغان ئىسلام توغرىسىدىكى كىتابنى كۆرۈپ

باقمىغاندىم. قىزىم تولۇقسىزدىكى ۋاقتىدا، ئىجتىمائىي پەن بويىچە بىر قېتىم ئىشلىگەن پروجېكتىسى مۇنداق بولدى: 3 ئوقۇغۇچى بىر گۇرۇپپا بولۇپ، شۇ ۋاقىتتا ئامېرىكا جەمئىيىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئەڭ چوڭ مەسىلىلەردىن 5نى تىزىپ چىقىش. ئاندىن بۇ 3 كىشىدىن بىرىنى «ئامېرىكىنىڭ پرېزىدېنتى» قىلىپ تاللاپ، بۇ «پرېزىدېنت» ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى قانداق ھەل قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇسۇل لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىش. (شۇ چاغدا قىزىم «ئامېرىكا پرېزىدېنتى» بولۇپ تاللىنىپ، بۇ پروجېكت ۋە قىزىمنىڭ «پرېزىدېنت» بولغانلىق خەۋىرى بىز تۇرۇۋاتقان شەھەرنىڭ يەرلىك گېزىتىگە بېسىلدى). ئەڭ ئاخىرىدا بۇ «پرېزىدېنت» ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئامېرىكىنىڭ راست پرېزىدېنتى بىل كىلىنتون (Bill Clinton) غا يېزىپ ماڭدۇرۇش. بۇ ئىشتىن ئۇزۇن ئۆتمەي، قىزىم بىل كىلىنتوننىڭ ئىمزاسى بېسىلغان، كىلىنتوننىڭ ئىشخانىسىدىن كەلگەن كىلىنتوننىڭ نامىدىكى بىر جاۋاب خەتنى تاپشۇرۇۋالدى. يەنە بىر ئىجتىمائىي پەن پروجېكتىسىدە، قىزىمغا «ئەگەر سەن ھاۋاي شتاتىنىڭ شتات باشلىقى بولساڭ، ئۇ شتاتنىڭ ساياھەت ئىشلىرىنى قانداق قىلىپ تەرەققىي قىلدۇرىسەن؟ ئۆزۈڭنىڭ بۇ جەھەتتىكى سودا پىلانىڭنى (ئىنگلىزچە business plan دەپ ئاتىلىدۇ) يېزىپ چىققىن». ۋەتەندە بۇنداق ئىشلارنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولمىسا كېرەك. مەن «سودا پىلانى» يېزىپ باقتىم: 1996-يىلى ۋە 2002-يىلى مەن باشقا 2 نەپەر ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىسى بار، چوڭ شىركەتلەردە باشلىق بولۇپ باققان كىشىلەرگە شېرىك بولۇپ، ئىككى يۇقىرى تېخنىكىلىق شىركەت قۇرۇشقا قاتناشتىم. مانا شۇ چاغدا، بىز ئامېرىكىدىكى كاپىتالىستلاردىن مەبلەغ ئېلىش ئۈچۈن، ناھايىتى تەپسىلىي «سودا پىلانى» تەييارلاپ چىققان ئىدۇق (ئامېرىكا ئىقتىسادىدا يۈز بەرگەن شىددەتلىك ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن، بىزنىڭ بۇ شىركەتلەر ماڭماي قالدى. ئۇلارنىڭ بىرى ھازىرمۇ بار. مەن بۇ ئىككى شىركەتتە «باش تېخنىك» دېگەن ۋەزىپىنى ئۈستۈمگە ئالغان ئىدىم. بۇ ۋەزىپە ئىنگلىزچە Chief Technology Officer، CTO دەپ ئاتىلىدۇ).

ماتارىيېتىكى بۇنداق پەرقتىن كېلىپ چىققان نەتىجىلەرنىڭ ئوخشىماسلىقىنى مەن ئۆزۈمنىڭ ئامېرىكىدىكى خىزمىتىم جەريانىدا ئوبدان ھېس قىلدىم. مەن كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ داۋىس شۆبىسىدە (UDC دە) يۇقىرى يىللىقلارغا دەرس ئۆتۈۋاتقان ۋاقتىمدا، بىر قېتىملىق يېرىم مەۋسۇملۇق ئىمتىھانىنىڭ ئورنىدا، مۇنداق بىر لايىھىلەش پروجېكتى ئورۇنلاشتۇردۇم: ھەر بىر

ئوقۇغۇچى مۇستەقىل هالدا مەن چىقىرىپ بەرگەن تېخنىكىلىق كۆرسەتمە بويىچە بىردىن ئېلېكتر توك يولى لايىھىلەپ چىقىدۇ. ئىمتىھان نەتىجىسى، بۇ توك يولى ئىشلىتىدىغان ئېلېكتر توك قۇۋۋىتىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىگە (قانچە تۆۋەن بولسا، شۇنچە ياخشى)، سىگنال كۈچەيتىش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىگە (قانچە يۇقىرى بولسا، شۇنچە ياخشى) ۋە پۇل چىقىمىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىگە (قانچە تۆۋەن بولسا، شۇنچە ياخشى) قاراپ، مۇشۇ 3 كۆرسەتكۈچنى ئارگۇمېنت قىلغان بىر تەڭلىمىگە ئاساسەن بېرىلىدۇ. نومۇرى ئەڭ يۇقىرى ئوقۇغۇچىغا A+ بېرىلىدۇ. ئەڭ تۆۋەن ئوقۇغۇچىغا F بېرىلىدۇ (ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيدۇ). قالغانلار مۇشۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى نومۇرلارنى ئالىدۇ. ئەگەر 2 ئوقۇغۇچىنىڭ ماڭا تاپشۇرغىنى ئوپمۇ-ئوخشاش بولۇپ (يەنى بىر-بىرىدىن كۆچۈرگەن بولۇپ)، ئۇلار 100 دىن نومۇر ئېلىشقا تېگىشلىك بولسا، بۇ ئىككىيلەن بىر 100 نومۇرنى تەڭ بۆلۈشىدۇ (يەنى، ئۇلارغا 50 تىن نومۇر بېرىلىدۇ). ۋاقتى بىر ھەپتە (دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا تۈگىتىشى كېرەك). بۇ ئېلېكتر شىركىتىدە ئىشلەيدىغان بىر ئېلېكتر ئىنژېنېرىنىڭ ۋەزىپىسى بىلەن ئوخشاش ئىش بولۇپ، ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ ھەقىقىي رىقابەتلىك ھالىتىگە ماسلاشقان، ناھايىتى ئەمەلىي پروجېكت ئىدى. ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچىلار پروجېكت تەلەپلىرىنى چۈشىنىۋالغاندىن كېيىن يوقاپلا كەتتى. بىراق، مېنىڭ سىنىپىمدىكى 5 ئەتراپىدىكى ۋيېتنام، شاڭگاڭ، تەيۋەن ۋە جۇڭگو قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن ئاسىيالىق ئوقۇغۇچىلار بۇ بىر ھەپتىنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر كۈنى ئىشخانامغا سوئال سوراپ كىرىۋېلىپ، مېنى خېلىلا ئاۋارە قىلدى (ئامېرىكىدا كۆپىنچە پروفېسسورلار ئىشىكىنى تاقاپ قويۇپ، مەخسۇس بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىتتىن باشقا چاغلاردا ئوقۇغۇچىغا ئىشىك ئېچىپ بەرمەيدۇ. ئەمما، مەن ئىشىكىمنى ياپمايتتىم).

مەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئېلېكتروماگنىتلىق دولقۇن، مىكرو-دولقۇن تېخنىكىسى ۋە ئوپتىكا قاتارلىق كەسىپلەر ئېلېكتر ئىنژېنېرلىقى بويىچە ئەڭ تەس كەسىپ. شۇڭلاشقا ئامېرىكا پۇقرالىرى ئىچىدە بۇ كەسىپتە ئوقۇيدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس بولۇپ، ئامېرىكىدا بۇ كەسىپتە ئوقۇيدىغان ۋە ئىشلەيدىغان جۇڭگولۇق خەنزۇلار ناھايىتى كۆپ. بولۇپمۇ، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىدا بۇ كەسىپلەر ئۆتۈلىدىغان بولغاچقا، ئۇ مەكتەپنىڭ باكالاۋۇرلۇقىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەڭ يېرىمى دېگۈدەك ئامېرىكىغا كېلىپ، دوكتورلۇق ئۇنۋانلىرىنى ئېلىپ،

ئامېرىكىدا تۇرۇپ قالىدىكەن. شۇڭا مەن ئۆزۈمنىڭ كەسپىي ساھەسىدە بۇنداقلارنى ناھايىتى كۆپ ئۇچرىتىپ تۇرىمەن. مەن Wave Splitter دېگەن شىركەتتە ئىشلەۋاتقاندا، بىر مەزگىل ئىككى گۇرۇپپا كىشىگە مەسئۇل بولدۇم. ئۇنىڭ بىرىدە، جۇڭگونىڭ چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىدا باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانى ئېلىپ، ئامېرىكىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان 2 خەنزۇ ئىنژېنېر، چىڭخۇانى پۈتتۈرۈپ، ئامېرىكىدا ماگىستىرلىق ئالغان بىر خەنزۇ ئىنژېنېر، ئامېرىكىلىق دوكتورلۇق ئۇنۋانى بار 2 ئىنژېنېر ۋە باشقا بىر قانچە تېخنىك بار ئىدى. يەنە بىر گۇرۇپپىدا بولسا، تەيۋەننىڭ چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىدا باكلاۋۇرلۇقنى ئېلىپ، ئامېرىكىدا دوكتورلۇق ئالغان بىر ئىنژېنېر، ئامېرىكىلىق ماگىستىرلىق ئۇنۋانى بار بىر ئىنژېنېر ۋە ئامېرىكىلىق بىر تەرەپتىن بىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن بىزنىڭ شىركەتتە ئىشلەۋاتقان بىر ياش بار ئىدى. مەن ئامېرىكىلىقلارغا ئىش تاپشۇرسام، مەيلى بىۋاستە بولسۇن ياكى تېلېفون ئارقىلىق بولسۇن، ئۇلار مېنىڭ تەلىپىمنى بىر دەمدىلا چۈشىنىپ، تېلېفون قىلىدىغان يەرگە تېلېفون قىلىپ، كۆرۈشىدىغانلارنى ئۆزلىرى تېپىپ كۆرۈشۈپ، ناھايىتى يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن ئىشلەپ، ئىش پۈتكەندە ماڭا دوكلات قىلاتتى. ھېلىقى جۇڭگولۇق ئىنژېنېرلار بولسا، مېنىڭ قېشىمغا كۈندە نەچچە قېتىم كېلىپ، ئىشنىڭ ھەر بىر قەدەم–باسقۇچىنى مەندىن سورايتتى. ئامېرىكىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھان نومۇرىدا داۋاملىق سىنىپنىڭ ئالدىدا بولسىمۇ، ئەمەلىي خىزمەتكە چىقىپ ئىشلەشكە باشلىغاندا ئۆزلىرى بىلەن ئوخشاش ئورۇندىكى ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئالدىدا خېلىلا چانىدۇ. قول سېلىپ ئىشلەشكە كەلگەندە، ئۇلار ئامېرىكىلىقلارغا قارىغاندا كۆپ ئاجىز كېلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىمكانىيەتلا يار بېرىدىكەن، بالىڭىزنى قول سېلىپ ئىشلەشكە ئادەتلەندۈرۈڭ. قول سېلىپ ئىشلەشنى ئۆگىنىش دېگەنلىك ھەرگىز بىر تەجرىبىخانىدىكى يۇقىرى تېخنىكىلىق ئىشلارنى كۆزدە تۇتقانلىق ئەمەس. ئوتۇن يېرىش، گەمە كولاش، تام سېلىش، غالتەك ياساش، ۋېلىسىپىتنى رېمونت قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قول سېلىپ ئىشلەشكە كىرىدۇ. بۇ ئەرزىمەس ئىشلاردەك كۆرۈنسىمۇ، ئاشۇنداق ئىشلارنى قىلىش جەريانىدا يېتىلىدىغان قول سېلىپ ئىشلەش قابىلىيىتى كېيىنكى ھاياتتا ئىنتايىن جانغا ئەسقاتىدۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ كىچىكىدىن باشلاپ ئۆگەنگەن ئىقتىدارىمنىڭ ھەممىسى مېنىڭ كېيىنكى كەسپىي ھاياتىمغا ئىنتايىن زور پايدا يەتكۈزدى. مەن ئۆگەنگىنىمنىڭ ھەممىسىنى ھازىر

ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىۋاتىمەن. قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئادەم داۋاملىق بىر ئىشنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان باھانە ئىزدەيدۇ. قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم بولسا، داۋاملىق شۇ ئىشنى قىلىشتا مۇمكىنچىلىكى بار بولغان يولنى ئىزدەيدۇ. بىر بالىنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغان بولۇپ يېتىلىشىدە، ئاتا-ئانىلار ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئامېرىكىنىڭ بالا تەربىيىلەش سىستېمىسىدا، ئاتا-ئانىغا تايىنىدىغان تەركىب خېلى چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. تۆۋەندە مەن مۇشۇ نۇقتا ئۈستىدە بىر ئاز توختىلىپ ئۆتىمەن.

1) باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئاتا-ئانا يىغىنى. ھەر بىر مەكتەپ ھەر يىلى كەم دېگەندە بىر قېتىم مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىپ، ئاتا-ئانا يىغىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بۇ يىغىن ھەر بىر ئوقۇتقۇچى ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئاتا-ئانىسى بىلەن ئايرىم-ئايرىم كۆرۈشىدىغان يىغىن بولۇپ، ئادەتتە بىر كىشىگە بېرىلگەن ۋاقىت 15 مىنۇت ئەتراپىدا بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىنىڭ مۇشۇ بىر دەرستە ئىشلىگەن سىنىپ پروجېكتى، تاپشۇرۇقلىرى ۋە يازغان ماقالىلىرىنى بىر-بىرلەپ كۆرسىتىپ، بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ قايسى تەرەپتە كۈچلۈك، قايسى تەرەپتە ئاجىز ئىكەنلىكى، بۇنىڭدىن كېيىن قايسى تەرەپتە قانداق تىرىشىشى زۆرۈرلۈكىنى تەپسىلىي ئېيتىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئاتا-ئانىلار ئۆز بالىسىنىڭ مەكتەپتىكى ئىپادىسى توغرىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك ۋە ۋاقتى-ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇپ تۇرىدۇ. مېنىڭ ئوغلۇم باشلانغۇچتىكى ۋاقتىدا، بىر قېتىملىق مەملىكەتلىك Star دېگەن ئىمتىھاندا (مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش سەۋىيىسىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن، بۇ ئىمتىھان ئامېرىكا بويىچە يىلىغا بىر قېتىمدىن ئېلىنىدۇ) ناھايىتى يۇقىرى نومۇر ئېلىپتۇ. توققۇز ساھەنىڭ بەشىدە 99% گە، ئەڭ تۆۋەن بولغىنىدا 87% گە كىرىپتۇ (ئامېرىكىدا بۇنداق ئىمتىھانلاردا ھەر بىر ئوقۇغۇچىنى قانچە پىرسەنت ئوقۇغۇچىلاردىن يۇقىرى نومۇر ئالدى، دەپ تىزىدۇ. 99% دېگىنى بۇ ئوقۇغۇچى شۇ قېتىم ئىمتىھانغا قاتناشقانلارنىڭ ئىچىدە 99% ئادەمدىن يۇقىرى تۇرىدۇ، يەنى ئەڭ يۇقىرى نومۇر ئالغان 1% ئادەمنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ، دېگىنى بولىدۇ). ئوغلۇمنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ئامېرىكىغا نەدىن كەلگەنلىكىنى سوراپتۇ. ئوغلۇم «جۇڭگونىڭ ئۈيغۇر رايونىدىن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ ئوقۇتقۇچى ئامېرىكىدا بېسىلغان بىر خەرىتىنى ئاختۇرۇپ، بۇ يەرنى تاپالماي، بىر قېتىملىق ئاتا-ئانا يىغىنىدىن كېيىن مېنى

ئەيقېلىپ، بىزنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىمىزنى سورىدى. ئەسلىدىكى 15 مىنۇتلۇق يىغىن 45 مىنۇت داۋاملىشىپ، مەن ئۇ كىشىگە ئۆيغۇر توغرىسىدا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردىم. ئاخىرىدا ئۇ كىشى ماڭا: «دىلشات ئامېرىكىغا 4.5 يېشىدا كېلىپ، ئىمتىھاندا ئامېرىكىلىقلارنىڭ ھەممىسىدىن يۇقىرى نومۇر ئېلىۋاتسا، مەن ئۆزىمىز ئۈچۈن نومۇس قىلىمەن»، دېدى. يەنە بىر ئاتا-ئانا يىغىنىدا، ئوغلۇمنىڭ ئىنگلىزچە يېزىقچىلىق ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭ يازغان بىر ماقالىسىنى ماڭا كۆرسىتىپ، «مەن بۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقىلى 20 يىلدىن ئاشتى. لېكىن، بۇنىڭدەك تەسىرلىك يېزىلغان ماقالىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. مەن ئۇنى ئېرىمگىمۇ ئوقۇپ بەردىم. ئىككىلىمىز يىغلاپ كەتتۇق. مەن بۇ ماقالىنى بىر رەسىم رامكىسىغا ئېلىپ، ئۆيۈمگە ئېسىپ قويىدۇم»، دېدى. بۇ ماقالىنىڭ ئىسمى «بىر تالمۇ ئويۇنچۇقى يوق بالا» (ئىنگلىزچە A Boy without a Toy) بولۇپ، ئوغلۇم ئەسلىدە مېنىڭ كىچىك ۋاقتىمنى يازغان ئىكەن. بىزنىڭ يۇرتىمىزدا ئويۇنچۇقى بار بالىلارغا قارىغاندا، ئويۇنچۇقى يوقلارنىڭ سانى جىق كۆپ. ئەمما، ئامېرىكىلىقلار ئۈچۈن، بىر بالىنىڭ ھېچ قانداق ئويۇنچۇقى بولماسلىق، ئۇلارنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇرىدىغان، ئۇلارغا قاتتىق تەسىر قىلىدىغان بىر ئىش ئىكەن.

2) ئامېرىكىدا كىچىك بالىلىرى بار ئاق تەنلىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆيىدە كەم دېگەندە بىردىن ئىت، مۈشۈك، ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان ئائىلە ھايۋىنى (ئىنگلىزچە Pet دەپ ئاتايدۇ) باقىدۇ. بۇ ئامېرىكا جەمئىيىتىگە ناھايىتى ئومۇملىشىپ كەتكەن بولغاچقا، مەخسۇس ئائىلە ھايۋانلىرىنى ساتىدىغان سودا دۇكانلىرىمۇ ئىنتايىن كۆپ. ھەمدە ئادەملەرنىڭ يېمەك-ئىچمەكلىرىنى ساتىدىغان سودا دۇكانلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئائىلە ھايۋانلىرىنىڭ يېمەكلىرىنىمۇ ساتىدۇ. كىچىك بالىلارنىڭ ھايۋان بېقىشى، ئائىلە ھايۋانلىرى بىلەن بىللە ئوينىشى، ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئالاھىدە رول ئوينايدۇ. شۇڭا ئىمكانىيىتى يار بېرىدىغان ئۆيغۇر ئائىلىلىرى بۇ ئىشقا ھەرگىز سەل قارىماسلىقى كېرەك. مەن كىچىك ۋاقتىمدا ئىت، توشقان، تۇمۇچۇق ۋە جىڭسىرلارنى باققان ئىدىم. توشقاننى سېتىش ئۈچۈن باققان بولسامۇ، توشقىنىم ھەر قېتىم تۇغۇپ، باللىرىنى ساتقۇدەك بولغۇچە، ئۇلار بىلەن ناھايىتى كۆپ ئويناۋالاتتىم. تۇمۇچۇق ۋە جىڭسىرلار بولسا، پۈتۈن ئائىلىمىزگە ئىنتايىن چىرايلىق سايراپ بېرەتتى. بىر قېتىم مەن بىر ئېگىز دەرەخكە يامىشىپ چىقىپ، بىر قارا قۇشقاچنىڭ ئۇۋىسىدىن ئەمدىلا كۆزى ئېچىلغان بىر قۇشقاچ بالىسىنى تۇتۇپ چۈشتۇم. ھەمدە

ئۆنىڭغا ئاغزىنى قايرىپ ئېچىپ يېمەك يېگۈزۈپ، سۇ ئىچۈرۈپ، ئاشۇ يول بىلەن بېقىپ چوڭ قىلدىم. بۇ قارا قۇشقاچ مېنىڭ ئاشۇنداق بېقىشىم بىلەن ئۇچۇرۇم بولدى. ئەتىگىنى ئۆينىڭ ئالدىدا ئاياقتا ئۇماچ ئىچىۋاتسام، ئۇ قۇشقاچ بەزىدە ئۇچۇپ كېلىپ، ئاياغنىڭ قىرغىقىغا قونۇۋالاتتى. بەزىدە مەن سىرتتا ماڭغاندا، ئۇ قۇشقاچ ئۇچۇپ دەرەختكە قونۇپ، ئاندىن ئۇچۇپ كېلىپ مۈرەمگە قوناتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا مەن ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ كېتەتتىم. مەن ئۇچۇن بۇ بىر قولغا كەلتۈرگەن چوڭ غەلىبە ئىدى. مەن دوكتورلۇق ئوقۇۋاتقاندا بىز مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلار ياتىقىدا تۇردۇق. بىزنىڭ ئۇ ياتاقلاردا ئائىلە ھايۋىنى بېقىشىمىزغا يول قويۇلمايتتى. بىر كۈنى قىزىم 3 دانە چۈجە كۆتۈرۈپ كەپتۇ. بىر ساۋاقدىشى بەرگەن ئىكەن. ئۇنى باقىمەن، دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. بىز ئۇنىڭغا يول قويدۇق. بۇ چۈجىلەر بىر ئايغىچە بىزنىڭ پۈتۈن ئائىلىگە نۇرغۇن خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى. 1997-يىلى بىز ئۆي ئېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، باللىرىمىزغا بىر جۈپ توشقان ئېلىپ بەردۇق. نەچچە ئايدىن كېيىن بۇ توشقانلار 2 قېتىم تۇغۇپ، جەمئىي 18 توشقان بولدى. ئۆينىڭ ئارقا ھويلىسىنىڭ نەرىگە قارىساق توشقان. ئۇلار ئۆرە تۇرۇپ يەپ، ئارقا ھويلىدىكى خادىسىمان قارىغاي دەرىخىنىڭ ئاستىنقى قىسمىنى پاك-پاكىز يەپ بولدى. بىزنىڭ قولىمىزدىكى سەۋزىنى يېيىشكىمۇ ئۆگىنىپ كەتتى. سەۋزىنى كىچىك قەلەمچە قىلىپ، ئىككى قولىمىزدا تۇتۇپ بەرسەك، توشقانىنىڭ 16 بالىسىنىڭ ھەممىسى بىر-بىرىنى ئىتتىرىپ يۈرۈپ يەيتتى. ھەر كۈنى مەكتەپتىن ۋە ئىشتىن قايتىپ كېلىپ، توشقانغا سەۋزە ياكى لەتىس (ئىنگلىزچە Lettuce بولۇپ، توقماقسەي تۈرىدىكى كۆكتات) بەرگۈچە ھەممىمىز ئالدىراپ كېتەتتۇق. ئۇلار چوڭ بولغاندا، ئامېرىكىدا بۇ 18 توشقاننى بىر تەرەپ قىلىش ئىنتايىن قىيىنغا توختىدى. ئۇلارنىڭ ھېكايىسىنى يېزىش ئۇچۇن بىر كىتاب يېزىشىم كېرەك. ئىشقىلىپ بىز ئۇ توشقانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىنى 2004-يىلى يازدا شىمالىي كالىفورنىيىدىن جەنۇبىي كالىفورنىيىگە كۆچۈپ كەلگۈچە باقتۇق.

3) باللارنى ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان سپورت (تەنتەربىيە) قاتارلىق پائالىيەتكە قاتناشتۇرۇش. ئامېرىكىنىڭ ھەر بىر ناھىيىسىدە 10-20 شەھەر بار. ھەر بىر شەھەرنىڭ ئۆز ئالدىغا بىردىن كوللېكتىپ باغچىسى ۋە كۇتۇپخانىسى بار. بۇ شەھەر باغچىسىدا ياش ئۆسمۈرلەر ئۇچۇن ياسالغان ھەر خىل سپورت مەيدانلىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا، شەھەر ۋە شەخسىي شىركەتلەر ھەر يىلنى ئەتىياز، ياز، ۋە كۈز پەسلى قاتارلىق 3 مۇددەتكە بۆلۈپ، باللار ئۇچۇن ھەر خىل سپورت گۇرۇپپىسىنى

تەشكىللىنىدۇ. بىر مۇددەتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3 ئاي ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇنىڭغا قاتنىشىش ئۈچۈن بىر ئاز پۇل تۆلەش كېرەك. پۇللا تۆلىسە، بۇنداق سپورت تۈرلىرىگە ھەر قانداق ئادەم قاتنىشالايدۇ. مېنىڭ ئوغلۇم بۇرۇن Hockey (مۇزنىڭ ئۈستىدە ئوينايدىغان توپ تۈرى) ۋە ۋاسكېتبول ئوينىغان. ھازىر بىر تەنتەربىيە سارىيىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ئېغىرلىق كۆتۈرۈش، تېز سۈرئەتتە يۈگۈرۈش ۋە سۇ ئۈزۈش قاتارلىقلارنى قىلىۋاتىدۇ. قىزىم بۇرۇن بالېت ئۇسسۇلى، پىئانىنو ۋە ئامېرىكىچە مەكتەپ ئۇسسۇلى قاتارلىقلارغا قاتناشقان. ھازىر تاغدا قار تېيىلىش (ئوغلۇممۇ تاغدا قار تېيىلىيالايدۇ)، تاغقا چىقىش ۋە مۇشتلىشىش ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىۋاتىدۇ. 1997-يىلى بىز ئەمدىلا ئۆي ئېلىپ (ئامېرىكىدا ئۆينى بانكىدىن قەرز ئېلىپ ئالىمىز. شۇنداقتىمۇ، قەرز ئېلىش ئۈچۈن ئۆي پۇلىنىڭ دەسلەپكى %20-5 تىنى ئۆزىمىز تۆلىشىمىز كېرەك)، بانكىدىكى پۇلىمىز قۇرۇقدىلىپ كەتكەندە، قىزىم سان فرانسىسكو شەھىرىدىكى بىر شىركەت تېلېۋىزىيە ئارتىسلىققا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ كېلىپ، ئۇنىڭغا قاتنىشىشتا چىڭ تۇرۇۋالدى. بىر شەنبە كۈنى مەن قىزىمنى ئېلىپ، تەپسىلىي ئەھۋالنى ئۇقۇش ئۈچۈن سان فرانسىسكوغا باردىم. ئۇلار قىزىمنى تېخىمۇ قىزىقتۇرۇپ، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا 2600 دوللار تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. مەن ئۇ پۇلنى تاپشۇردۇم. سەۋەبى، ئەگەر بىر ئادەم بىر ئىشنى قىلىپ سىناپ باقمىسا، ئۆزىنىڭ ئۇ ئىشتا قانداق ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيدۇ. ئەگەر بىر ئىشنى قىلىپ كۆرمەيدىكەن، ئۇ ئىشنى قىلىش ئېھتىماللىقى نۆل پىرسەنت بولىدۇ. مەن قىزىمنى 2 ئاي ۋاقىت ھەر ھەپتىنىڭ پەيشەنبە كۈنى كەچتە ۋە شەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بولۇپ 2 قېتىم ئاشۇ مەكتەپكە ئاپاردىم. ئوقۇش تاماملانغاندا، قىزىمنى رەسمىي تېلېۋىزىيە ئارتىسى تاللاشقىمۇ بىر قانچە قېتىم ئاپاردىم. ئەمما، قىزىم تاللانمىدى. ئامېرىكىدا تېلېۋىزىيە ئېلانلىرىغا قاتناشتۇرۇلىدىغانلار ئاساسەن ئاق تەنلىك، قارا تەنلىك ۋە خەنزۇ، كورىيەلىك قاتارلىق ئاسىيالىقلار بولۇپ، باشقا مىللەتلەرنى ئانچە تاللىمايدىكەن. لېكىن، شۇنىڭدىن كېيىن قىزىمنىڭ كۆڭلىدە بۇ جەھەتتە بىر ئارمان قالمىدى، ئۇ بىر قېتىم سىناپ باقتى.

ئامېرىكىدىكى ئاق تەنلىكلەر نەچچە بالىسى بولسا شۇنچە بالىسىنى ھەر خىل سپورت تۈرلىرىگە قاتناشتۇرىدۇ. باشلانغۇچتا بالىلىرى بار ئائىلىلەر ئاساسەن ئىشلىمەي، بالىلىرىنى مەكتەپكە، مەكتەپتىن كېيىن يۇقىرىقىدەك سپورتلارغا

توشۇش بىلەن ئۆتىدۇ. ھەر شەنبە ۋە يەكشەنبە كۈنلىرى بالىلىرىنى يۈقىرىقى سپورت گۇرۇپپىلىرى ئارىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىلەرگە ئاپىرىدۇ. بالىلىرى مۇسابىقە ئوينايدۇ. ئۆزلىرى بولسا تاماشا كۆرىدۇ. بۇ ئىش ئاق تەنلىكلەر ئارىسىدا خېلىلا ئومۇملاشقان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاق تەنلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ بالىلىرى 10 نەچچە ياشقا كىرگەندە، ئۇلارنى ئىنتايىن چىڭ تۇتىدۇ. دەم ئېلىش كۈنلىرى كەچتە دوستىنىڭ ئۆيىگە بارماقچى بولسا، ئاتا-ئانىلار «كىمنىڭ ئۆيىگە بارىسەن؟ نېمە ئىش قىلىسىلەر؟ ئۇ دوستۇڭنىڭ تېلېفون نومۇرى قانچە؟ سائەت قانچىدە قايتىپ كېلىسەن؟ كەچ سائەت 10 ياكى 11 دىن كېيىن قالساڭ قەتئىي بولمايدۇ» دېگەن سوئاللارنى سورايدۇ ۋە ئۆزى بەلگىلىگەن تۈزۈمنى بالىسىغا تاپىلايدۇ. ئارىلىقتا بالىسىنىڭ دوستىنىڭ ئۆيىگە تېلېفون قىلىپ، بالىسىنىڭ ئۇ يەردە راست بار-يوقلۇقىنى سۈرۈشتە قىلىدۇ. بالىسى ئۇ يەردە ياكى كىنوخانىدا كىنو كۆرمەكچى بولسا، قايسى كىنونى كۆرسە بولىدۇ، قايسىنى كۆرسە بولمايدۇ، ئۇنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. دوستىنىڭ ئۆيىنىڭ ئىگىسىمۇ بۇ ئىشنى نازارەت قىلىدۇ. مەسىلەن، مېنىڭ قىزىم بىزنىڭ ئۆيگە بىر دوستىنى باشلاپ كېلىپ، بىرەر DVD كىنوسىنى بىرگە كۆرمەكچى بولسا، بىز ئۇ قىزدىن «ئاتا-ئانىڭىزدىن بۇ كىنونى كۆرۈشكە رۇخسەت ئالدىڭىزمۇ؟» دەپ سوراپ باقىمىز. بۇ جەھەتتە يۇرتىمىزدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى ناھايىتى ئارقىدا قالغان. سىز ھەپتىمۇ-ھەپتە، ئايمۇ-ئاي، يىلمۇ-يىل ھەر شەنبە ۋە يەكشەنبە كۈنلىرى توي، نەزىر، ئولتۇرۇش قاتارلىقلاردا يۈرگەندە، ئۆيدە قالغان بالىڭىزنىڭ نەدە، كىم بىلەن، نېمە ئىش قىلىۋاتقىنىنى بىلەمسىز؟ بىر يىلنىڭ ئىچىدە ئۆزىڭىزنىڭ بالىلىرى بىلەن قانچە شەنبە ۋە يەكشەنبە كۈنلىرىنى بىرگە ئۆتكۈزۈپ باقتىڭىز؟ ھەقىقەتەن توي-ئولتۇرۇشلار كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۆيىڭىزدە بالىلىرىڭىز بىلەن بىرگە بولغان بىلەن سېلىشتۇرغاندا كۆپ كۆڭۈللۈك بولىدۇ. توي-ئولتۇرۇشلار كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى.

بالا تەربىيىلەش بىر جاپالىق ئىش. لېكىن، بالىغا ئوبدان قارىماي، بالىنى ئوبدان تەربىيىلىمەي، بالا يولدىن ئېزىپ، ئاق چېكىملىككە ئۆگىنىپ قېلىپ ياكى جىنايەت ئۆتكۈزۈپ، تۈرمىگە كىرىپ قالغاندا، يەنىلا ھېلىقى توي-ئولتۇرۇشتىكى ۋاقىتلاردىكىدەك خۇشال-خۇرام، بەختلىك ئۆتەلەيدىغان ئاتا-ئانىلاردىن بىرەرىنى كۆرۈپ باقتىڭىزمۇ؟ بۇ دۇنيادا ئۇنداق ئاتا-ئانىنى ئاساسەن تاپالمايسىز. مىللەتنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى بالىلارنى ياخشى تەربىيىلەشتىن باشلاش كېرەك. بالىلارنى ياخشى تەربىيىلەش ئۈچۈن، ھازىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئەۋج

ئېلىپ كەتكەن توي-ئۆلتۈرۈشلارنىڭ سانىنى زور دەرىجىدە ئازايتىش كېرەك. مەن يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتكەندەك، ئاتا-ئانىلار ئۇچۇن باللار ئەڭ مۇھىم. باللا سىلەرنىڭ بارلىقىڭلار. مېنىڭ بىر يېقىن يەھۇدىي دوستۇم بار. ئۇ كىچىك ۋاقتىدا، دادىسى مائاشى يۇقىرى ئەمەس خىزمەتتىن ئىككىنى ئىشلەپ، ئوغلىنى باكلاۋۇرلۇق ئۇچۇن يىلىغا 30-40 مىڭ دوللار ئوقۇش پۇلى تۆلەيدىغان، دۇنيا بويىچە 4-5- ئورۇندا تۇرىدىغان MIT (ماسساچۇسېتتس تېخنولوگىيە ئىنستىتۇتى بولۇپ، ئىنگلىزچە «Massachusetts Institute of Technology» دەيدۇ، قىسقارتىپ MIT دەپ يازىدۇ) ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتۇپتۇ. دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۇچۇن كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بېركېلېي (Berkeley) شۆبىسىدە ئوقۇتۇپتۇ. يەھۇدىيلار ئۆزلىرى ھەممە ھالاۋەتتىن ۋاز كېچىپ، باللىرىنى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك مەكتەپلەردە ھەمدە دۇنيادىكى ئەڭ قىيىن كەسىپلەردە ئوقۇتقاچقا، ئۇلار ھازىر مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇ دۇنيانى سوراۋاتىدۇ. ھازىر ئىسرائىلىيە ئاھالىسىنىڭ 25%ى ئىنژېنېر ئىكەن. ياپونلۇق ئاياللارنىڭ خىزمەت قىلماي، باللىرىنى قانداق تەمىنلەيدىغانلىقىنىمۇ ھەممىمىز بىلىمىز. شۇڭا ئۇلار ھازىر ئىقتىسادىي جەھەتتە دۇنيانى سوراۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلار بۇ جەھەتتە ئويلىنىشى كېرەك. قاتتىق ئويلىنىشى كېرەك. ھەمدە دەرھال ئويغىنىشى كېرەك.

## 9-سوئال: يۇرتىڭىزدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا يەرلىك مائارىپنىڭ يېتەرسىز تەرەپلىرىنى ئۆزلىرىگە تونۇشتۇرۇپ بېرىپ، ئۆگىنىشتە بوشىشىنىڭ سەۋەبى قىلىۋالماسلىقى توغرىسىدا يۇقىرىقى باياناتلىرىڭىزدىن باشقا قوشۇمچە تەكلىپ-پىكىرلىرىڭىز بارمۇ؟

جاۋاب: يۇرتىمىزدا بىر جايدىكى مەكتەپ بىلەن يەنە بىر جايدىكى مەكتەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەقىقەتەنمۇ پەرق بار. ئۈرۈمچىدىكى مەكتەپلەر بىلەن ھەر قايسى ۋىلايەتلەردىكى مەكتەپلەرنىڭ سەۋىيىسى ئوخشىمايدۇ. بىر شەھەرنىڭ ئىچىدىكى بىر قانچە مەكتەپلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ پەرق بولىدۇ. كۆپ ساندىكى ياش ئۆسمۈرلەر ئوقۇتۇش ئەھۋالى ياخشىراق مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ بىر نورمال ئەھۋال. لېكىن، سىز ئۆز مەكتىپىڭىزنىڭ سەۋىيىسىنىڭ باشقا مەكتەپلەردىن سەل تۆۋەنلىكى تۈپەيلىدىن ياخشى ئوقۇمىسىڭىز، ئىنتايىن چوڭ زىيان تارتىسىز. جۇڭگو مائارىپىنىڭ بىر پايدىلىق تەرىپى ياكى بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، جۇڭگودا دەرسلىك كىتابلار بىر تۇتاش تەييارلىنىدۇ. شۇڭا سىز يۇرتىمىزنىڭ قەيىرىدە

ياشاۋاتقانلىقىڭىزدىن قەتئىينەزەر، سىزگە ئۆتنولۇۋاتقان دەرسلىك كىتابلار سىز تۇرۇۋاتقان جايدىكى باشقا مەكتەپ ۋە باشقا جايلاردىكى مەكتەپلەرنىڭكى بىلەن ئوپئوخشاش. دەرسخانا ۋە ئوقۇتقۇچى سىزنىڭ ئۆگىنىشىڭىزدىكى بىر ۋاستىدىن ئىبارەت بولۇپ، سىزنىڭ ئۆگىنىشىڭىز سۇپىتىنىڭ يۇقىرى–تۆۋەن بولۇشى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزىڭىزگە باغلىق. مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچى تاشقى ئامىل، سىز بولسىڭىز ئىچكى ئامىل. بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ۋىلايەتلىك مەكتەپتە تۇرۇپ، ئۇرۇمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلاردىن ياخشىراق ئوقۇيالىشى پۇتۇنلەي مۇمكىن. سىز مەلۇم بىر يېزىدا تۇرۇپ، ۋىلايەت مەركىزىدىكى بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلاردىن ياخشىراق ئوقۇيالىشىڭىزمۇ پۇتۇنلەي مۇمكىن. بۇ ئىشنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىنىڭ قانداق بولۇشى، پۇتۇنلەي ئۆزىڭىزنىڭ تىرىشچانلىقىغا باغلىق.

مەكتەپ سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى–تۆۋەنلىكىدىن باشقا، بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى نەتىجىسىنىڭ قانداق بولۇشى، يەنە مۇنداق بىر قانچە ئامىلغا باغلىق: ئاتا–ئانىنىڭ ئۆز بالىسىنىڭ ئوقۇشىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى، دوست ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ تەسىرى ھەمدە شۇ چاغدىكى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ۋەزىيەت.

تۆۋەندە مەن بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىمەن.

مەن تۈنۈگۈن (2005–يىلى 27–فېۋرال، يەكشەنبە) تېلېۋىزوردا ئامېرىكا كىنو ئاكادېمىيىسىنىڭ ئوسكار مۇكاپاتىنى تارقىتىش مۇراسىمىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆردۈم. ئايال باش رولچى تۈرىدە ئوسكار مۇكاپاتىنى ئالغان قىزچاقنىڭ ئىسمى ھىلاري سۋانك (Hilary Swank) بولۇپ، مۇكاپاتنى تاپشۇرۇپ ئېلىش نۇتقىنى سۆزلىگەندە، ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن بۇ مۇكاپاتقا لايىق بولۇش ئۈچۈن بۇ ئۆمرۈمدە نېمە ئىش قىلغىنىمنى بىلمەيمەن. مەن بىر ‹ۋاگون ئۆي› دە (يەنى، بىر ماشىنىغا سۆرىتىپ بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە يۆتكىگىلى بولىدىغان ئۆينى دېمەكچى بولۇپ، ئىنگلىزچىدا trailer home دەپ ئاتىلىدۇ. ئامېرىكىدىكى ئەڭ كەمبەغەل كىشىلەر ئەنە شۇنداق ئۆيدە ياشايدۇ) بىر غايە بىلەن چوڭ بولغان بىر ئادەتتىكى قىز. كىچىكىمدە ھازىرقىدەك بىر كىنو چولپىنى بولۇش ئۈچلاپ چۈشۈمگىمۇ كىرمەيتتى. مەن ئەڭ ئالدىدا ئاتا–ئانامغا رەھمەت ئېيتىمەن. ئەگەر ئۇلارنىڭ ماڭا بولغان ئىشەنچى ۋە ماڭا قىلغان ئىزچىل ياردىمى بولمىغان بولسا، مېنىڭ بۈگۈن بۇ سەھنىگە چىقالىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى». ئەر باش رولچى تۈرى بويىچە ئوسكار مۇكاپاتىنى ئالغان بىر Jamie Foxx ئىسىملىك قارا تەنلىك بولۇپ، ئۇ نۇتقىدا

مۇنداق دېدى: «بۇ مۇكاپات مېنىڭ چوڭ ئانامغا مەنسۇپ. مەن كىچىكىمدە ئۇرە تۇرغاندا ئوبدان تۇرالمىسام ۋە يول ماڭغاندا ئوبدان ماڭالمىسام، چوڭ ئاپام ‹قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەمدەك تۇر! قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەمدەك ماڭ!›، دەپ ئۇراتتى. مەن بۈگۈن چوڭ ئانامنىڭ شۇ تەنبىھلىرىگە رەھمەت ئېيتىمەن. چوڭ ئانام بۈگۈنكى بۇ ئىشلارنى كۆرەلمەيدۇ. بىراق، مەن ئۇنىڭ بىلەن چۈشۈمدە داۋاملىق كۆرۈشۈپ تۇرىمەن. مەن هازىر ئۆيگە قايتىپ كېتىپ ئۇخلاشقا ئالدىراۋاتىمەن. مېنىڭ بۈگۈن چوڭ ئانام بىلەن سۆزلىشىدىغان نۇرغۇن گېپىم بار».
ئۇ كىشى ئارىلىقتا كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇرالمىغىلى تاسلا قالدى. يۇقىرىقى نۇتۇقلاردىن چىقىپ تۇرغىنىدەك، بۇ ئىككىيلەننىڭ ئاشۇنداق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلىشىدە، ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىسى ناهايىتى چوڭ رول ئوينىغان. شۇنداق. بەزىلەر ئاتا-ئانا جەھەتتە تەلەيلىك. ئۇلار ئۆز پەرزەنتىنىڭ ساغلام، كارغا كېلىدىغان بولۇپ چوڭ بولۇشىغا چوڭقۇر كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئىزچىل تۈردە ئۆز پەرزەنتلىرىگە ياخشى شەرت-شارائىت يارىتىپ بېرىدىغان ھەمدە باشتىن ئاخىر بالىلىرىغا مەسئۇل بولىدىغان بىر ياخشى ئاتا-ئانىنىڭ ئۆيىدە تۇغۇلىدۇ. ئەگەر سىزنىڭ ئۆيىڭىز ئۇنداق ئائىلىلەردىن بولمىسا، قانداق قىلىشىڭىز كېرەك؟ ئاتا-ئانىڭىز ھە دېسىلا سىزنى ئەگەشتۈرۈپ ئولتۇرۇش-مېھماندارچىلىققا بارسا، سىز تاماكا ئىسى ۋە هاراق پۇرىقى بىلەن لىق توشقان ئۆينىڭ ئىچىدە كېچە-كېچە ئۇخلىماي يۈرسىڭىز بولامدۇ؟ ئوتتۇرا مەكتەپ دەۋرىدە، ئەگەر سىز 8-9 سائەت ياخشى ئۇخلىمىسىڭىز، سىزنىڭ مېڭىڭىز نورمال ئىشلىمەيدۇ. ئاتا-ئانىڭىز سىزنىڭ مەكتەپكە كېرەكلىك بولغان كىتاب، قەلەم-دەپتەرلەرنى ئېلىپ بەرمىسىچۇ؟ سىزگە باشقىلارنىڭ ئالدىدا يۈزىڭىز چۈشۈپ كەتمىگۈدەك كىيىم ئېلىپ بەرمىسىچۇ؟ ئەگەر سىز ئاشۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلسىڭىز، مېنىڭ سىزگە بىرلا نەسىھىتىم بار: سىز ئاتا-ئانىڭىزغا يۆلەنمەڭ، ئۆز تەقدىرىڭىزنى ئۆز قولىڭىزدا تۇتۇڭ. ئەگەر ئاتا-ئانىڭىزنىڭ يۇقىرىقىدەك ئىشلىرىنى باهانە قىلىپ، ئوبدان ئوقۇمىسىڭىز، كەلگۈسىدە زىياننى كىم تارتىدۇ؟ ئاتا-ئانىڭىز سىزنى مەڭگۈ باقمايدۇ. ھەمدە مەڭگۈمۇ باقالمايدۇ. ئۇلار ئەڭ مەرد بولغاندىمۇ، سىزنى ئۆزلىرىنىڭ كىرىمى توختىغۇچە باقالىشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىسىز؟ بىر كىشىنىڭ يېشى 18 دىن ئاشقاندىن كېيىن، يەنىلا ئاتا-ئانىغا يۆلىنىپ جان بېقىش ئىنتايىن نومۇسلۇق ئىش. ئۇنى سىز هازىر ھېس قىلالماسلىقىڭىز مۇمكىن. ئەگەر هازىر ياخشى ئوقۇمىسىڭىز، كەلگۈسىدە

مۇستەقىل جان باقالايدىغان بىر ئىقتىدارنى يېتىلدۈرمىسىڭىز، ۋاقتى كەلگەندە سىزگە چىقىپ كېتەي دېسىڭىز ئاسمان يىراق، كىرىپ كېتەي دېسىڭىز يەر قاتتىق بىر ئاقىۋەتكە دۇچ كېلىسىز. شۇڭلاشقا ھەرگىز ئاتا-ئانىڭىزغا قېيداپ، ياخشى ئوقۇماسلىق يولىغا كىرىپ قالماڭ.

مېنىڭ ئاپام بىلەن رەھمەتلىك دادام مەن كىچىك ۋاقتىمدا بالىغا بەكمۇ كۆيۈنەتتى. لېكىن، ئائىلىمىزدە بالا كۆپ، تۇرمۇشىمىز قىيىن بولغاچقا، ئاكام بىلەن ئىككىمىز نۇرغۇن ئىشلاردا ئۆزىمىزگە تايىنىشقا مەجبۇر بولدۇق. مەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلارنىڭ قىش كۈنلىرى بىز ئەتىگەنلىك تامىقىمىز ئۈچۈن ھەر كۈنى ئۇماچ چېلىپ ئىچەتتۇق. ئەتىگەنلىكى ئۆيدىكى مەشنىڭ ئوتى ئاللىقاچان ئۆچۈپ بولغان بولغاچقا، ئۆينىڭ ئىچى ئىنتايىن سوغۇق بولۇپ، ئوت قالاشتىن بۇرۇن ئورۇندىن تۇرۇش ئەڭ مۇشكۇل ئىشلارنىڭ بىرى ئىدى. مەن مەكتەپكە بەك ئامراق بولغاچقا، ھەر كۈنى ئەتىگەندە 1-بولۇپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ، مەشكە ئوت قالايتتىم (ئېھتىمال ئاكام بىلەن نۆۋەتلەشكەن بولۇشۇممۇ مۇمكىن. ئەمما ئۇنداق قىلغانلىقىمىز ھازىر مېنىڭ ئېسىمدە قالماپتۇ). ئوت تۇتاشقاندىن كېيىن، مەن ئۇماچ چالاتتىم. ئۇماچ تەييار بولاي دېگەندە قالغانلار ئورۇنلىرىدىن تۇراتتى. ئۇ چاغدا بىر ئايلىق نورمىلىق ئۇن بىلەن ماينى بىراقلا ئالاتتۇق. بەزىدە، دادام ئاخشىمى ئۇخلاشتىن بۇرۇن مېنىڭ ئەتىسى مەكتەپتىن سوراپ كېلىپ، ئۇن پونكىتىدىن ئۇن ئەكېلىشكە بىرگە بېرىشىمنى تاپىلايتتى. مەن «ماقۇل» دەيتتىم. لېكىن، ئەتىگىنى قالغانلار قوپۇشتىن بۇرۇن، سومكامنى ئېلىپ، ئاستا تالاغا چىقىپ، ئۇنى بىر يەرگە مۆكتۈرۈپ قوياتتىم. ئەتىگەنلىك تاماقنى يەپ بولغاندا، مەن دادامغا «مەن مەكتەپكە بېرىپ سوراپ كېلەي»، دەپ تالاغا چىقىپ، يوشۇرۇپ قويغان سومكامنى ئېلىپ مەكتەپكە كېتىپ، شۇ كەتكەنچە قايتىپ كەلمەيتتىم. مەن ئۈچۈن بىر كۈنلۈك مەكتەپتىن قېلىش ئىنتايىن ئېغىر مەسىلە بولۇپ، مەن دەرس قالدۇرۇشقا قاتتىق ئۆچ ئىدىم. مۇشۇنداق سەۋەب بىلەن، مەن دادامدىن نەچچە قېتىم جازا يېگەن ئىدىم. بىر كۈنمۇ مەكتەپتىن قالماسلىق مېنىڭ شۇ چاغدا باشلانغان ئادىتىم بولۇپ، ئۇ ئادەتنى ئۆز باللىرىمغىمۇ ئىزچىل تۇردە قوللىنىپ كېلىۋاتىمەن. ئاپامنىڭ ۋاقتى يەتمىگەندە، مەن رەختنى كەستۈرۈۋېلىپ، ئۆزۈم ماشىنىچىلىق قىلىپ، ئىچكى كىيىملىرىمنى ئۆزۈم تىكىپ كىيدىم. ئايىغىم يىرتىلىپ كەتسە، ئۆزۈم موزدۇزلۇق قىلىپ، ئايىغىمنى ئۆزۈم ياماپ كىيدىم. ئاكام بىلەن ئىككىمىزنىڭ ھەر كۈنى مەكتەپتىن كەلگەندە ئىنتايىن كۆپ ۋەزىپىمىز بار

ئىدى. كۆز ۋاقتى تونۇرغا قالاپ نان يېقىش ئۈچۈن غازاڭ يىغاتتۇق. ئۆيدىن 5 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جاڭگالغا بېرىپ، قۇرۇپ قالغان يانتاق-يۇلغۇنلارنى يىغىپ، ئۇنى ئارغامچا بىلەن يوغان بىر توپ قىلىپ تېڭىپ، يۈدۈپ ئۆيگە ئەكىلەتتۇق. قىش كۈنلىرى ئىدارىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلار تۆكۈۋەتكەن كۆمۈر كۇللىرىنى تاسقاپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى شاخارنى يىغاتتۇق. بۇنى «شاخار تېرىش» دەپ ئاتايتتۇق. ياز كۈنلىرى ئۆيدىن 5-6 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يېزىلارغا بېرىپ، ئېگىز ئۆسكەن ئوت-چۆپلەرنى ئورۇپ يىغىپ، يۈدۈپ كېلىپ، ياكى ساتاتتۇق، ياكى توشقانغا بېرەتتۇق. شۇ چاغدا مېنىڭ بىر ئاق رەڭلىك كۆينىكىم سۈتلۈك ئوتنىڭ سۈتى بىلەن بويىلىپ، قاپ-قارا بولۇپ كەتكەنىدى. تولۇقسىزنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن باشلاپلا، مەن ھەر يىلى يازلىق تەتىلدە قۇرۇلۇشتا ئىشلىدىم. بىر كۈن 8 سائەت ئىشلىسەم، 80 تىيىن (يەنى 8 موچەن) پۇل تاپاتتىم. تام ئۇلى كولاش، تام ئۇلى چىڭداش، سامانلىق ۋە سېمونت لاي ئېتىش، ئەپكەشتە لاي توشۇش، تام قوپۇرۇش، تام سۇۋاش ئىشلىرىنى قىلاتتىم. سامانلىق لاي ئەتكەندە، لايغا يالاڭ ئاياغ كىرىدىغان بولغاچقا، پۇتۇمنى سامان غاجاپ، قىپقىزىل بولۇپ كېتەتتى. ھاك ئارىلاشتۇرۇپ سېمونت لاي ئەتكەندە، پۇتۇمغا ھاك چاچراپ، پۇتۇمنى يېرىپ قانىتىۋېتەتتى. ئۇ چاغدا رادىئو ياساش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان بىر دانە 3 قۇتۇپلۇق لامپا بىر يۈەن بولۇپ، تاپقان پۇلۇمنىڭ بىر قىسمىدا رادىئو سايمىنى ئالاتتىم. قالغىنىنى كىيىمگە خەجلەيتتىم. بۇنداق ئىشلارنى يازسام، يەنە ئىنتايىن كۆپ. مەن ئاشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ، يەنە كېچىسى يېرىم كېچىگىچە ئۆگىنىش قىلاتتىم. ئۆيدىكى ھەممەيلەندىن كېيىن ئۇخلايتتىم. تەبىئىي پەنلەردە مەن كىتابتىكى ئۆتۈلمىگەن مەزمۇنلارنى ئالدىن ئالا كۆرۈۋالىدىغان بولغاچقا، دەرس ۋاقتىدا كۆپىنچە ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزلىگىنىنىڭ توغرا-خاتالىقىنى باھالاپ ئولتۇراتتىم. مېنىڭ چىرايىم سەل ئۆزگىرىپ قالسا، ئوقۇتقۇچى دەرھال توختاپ، «ئەركىن، بىر يېرى خاتا بولۇپ قالدىمۇ؟» دەپ سورايتتى. بىر قېتىم ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى بىر يېڭى بابنى باشلىغاندا، ئۇنى ئۆزۈم ئالدىنئالا ئۆگىنىپ، كىتابتىكى مەشىقلەرنىڭ بىرىنىمۇ قويماي ئىشلەپ بولغان بولغاچقا، ئوقۇتقۇچىم: «ئەركىن، تالاغا چىقىپ ئوينا» دەپ، مېنى ئويناشقا قويۇپ بەرگەن ئىدى. مەن پۈتۈن مەيداندا ئۆزۈم يالغۇز ۋاسكېتبول ئوينىغان ئىدىم. ھازىرقى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يۇقىرىقىدەك شارائىت ئاستىدا ئوقۇشقا مەجبۇر بولمىسا كېرەك. ئەگەر ئەمەلىي ئەھۋال ياكى سىزنىڭ ئاتا-ئانىڭىز

سىزنىڭ ياخشى ئوقۇشىڭىزغا پايدىلىق شەرت-شارائىت يارىتىپ بەرمىگەن بولسا، ئۇ شارائىتنى ئۆزىڭىز يارىتىڭ. مەن شۇنداق قىلغان. سىزمۇ شۇنداق قىلالايسىز.

مەن 1971-يىلدىن 1976-يىلغىچە ئاقسۇ 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇدۇم. تولۇقسىزنى پۈتتۈرۈپ بولماي تۇرۇپلا، «ئىشسكنى ئېچىپ قويۇپ مەكتەپ باشقۇرۇش» سىياستى يولغا قويۇلدى. ئىچكىرىكى ئۆلكىدىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا ئاق قەغەز تاپشۇرغان جاڭ تىيې شېڭنىڭ «ئىش-ئىزلىرى» كەڭ تۇردە تەشۋىق قىلىنىپ، ئوقۇتقۇچىلار «سېسىق 9-ئۇنسۇرلار» دەپ تەنقىد قىلىندى. نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار كۈرەشكە تارتىلىپ، بالىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا ئامالسىز قالدى. ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى «ياشلار بەرىبىر يېزىغا بارىدىغان بولغاندىكىن، شۇ يېزىدا لازىم بولىدىغان بىلىملەرنى ئۆگىنەيلى»، دەپ، بىزگە يەرنى قانداق ئاغدۇرۇش، زىرائەتنى قانداق تېرىش، قانداق ئاسراش، قانداق پەرۋىش قىلىش، كۆچەتنى قانداق ئۇلاش قاتارلىق نەرسىلەرنى ئۆتۈشكە باشلىدى. نېمىدېگەن «پارلاق» ئىستىقبال؟ پۈتۈن مەكتەپ پالەچ بولدى. لېكىن، ئالدىنقى قىسىملاردىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈپ كەتكەندەك، مەن ئۆگىنىشىمنى داۋاملاشتۇردۇم. ئوقۇتقۇچىلىرىمنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن قىيىن بولسىمۇ، ئۇلار شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنىڭ ئىنتايىن خاتالىقىنى ماڭا مەخپىي ھالدا ئېيتىپ تۇراتتى. بىر مەزگىل ھەممە ئادەم ھەممە سۆزنىڭ بېشىغا «ئەڭ ئالىي يوليورۇق»، «پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە» دېگەن سۆزنى قىستۇرمىسا بولمايدىغان بولۇپ قالدى. ئوقۇتقۇچىم سىنىپتا، «ئەگەر يەرگە بۇغداي تېرىسىڭىز، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، بۇغداي ئۈنۈپ چىقىدۇ»، دەيتتى. دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن، مېنىڭ قۇلىقىمغا ئاستا «ئەگەر پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىسا، يەرگە بۇغداي تېرىسىڭىز، يەردىن قوناق بولۇپ ئۈنۈشى مۇمكىن ئەمەس»، دەيتتى. مانا مۇشۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا، مېنىڭ ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك نورمال ئوقۇشتىن ۋاز كەچتى. ياخشى ئوقۇمىسا، ھېچكىم ھېچنېمە دېيەلمەيتتى. ئاخىرقى نەتىجە قانداق بولدى؟ بىز 1977-يىلى 12-ئايدا ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەندە، مەن بىلەن ئوخشاش يىللىقتا ئوقۇغان ئاقسۇ 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3 سىنىپىدىن ئاران 3 ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپكە ئۆتتى. ئۇنىڭ بىرى مەن. قالغان ئىككىسى قىز ئوقۇغۇچى. ئۇنىڭ بىرى تولۇق ئوتتۇرا مەزگىلىدە كونىشەھەردىن يۆتكىلىپ كەلگەن بولۇپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ كەسپىگە كىردى. يەنە بىرى شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتىغا كىردى. قالغانلارنىڭ بەزىلىرى ئىشچى بولدى. بەزىلىرى شوپۇر،

بەزىلىرى ساقچى، يەنە بەزىلىرى بولسا يېزىغا بېرىپ دېھقان بولدى. مەن 1989 – ۋە 1991 – يىللىرى يۇرتقا بارغاندا، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى كوچىدا ئۇچراتتىم. مېنىڭ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلار بىلەن بەكمۇ پاراڭلاشقۇم بار ئىدى. لېكىن، ئۇلار مېنى كۆرۈپلا ئۆزىنى ئەپقاچتى. مەن ئىنتايىن ھەسرەتلەندىم. ئىنتايىن ئازابلاندىم. ئۇلار ئاشۇنداق بىر تارىخىي دەۋردىكى سىياسەتنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى. مەن ئۇلارنى داۋاملىق ئەسلەيمەن. لېكىن، پەقەت بىر قانچە ساۋاقدىشىمنىلا كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلەيمەن. بىزنىڭ بىرەر پارچە سىنىپ رەسىمىمىز يوق. ئەمەلىيەتتە باشقا خىلدىكى رەسىملەردىنمۇ ھېچقانداقسى يوق. ئۇ چاغدا كىچىك تىپتىكى رەسىم ئاپپاراتى تېخى يوق ئىدى. ئامېرىكىدا باشلانغۇچنىڭ 1 – سىنىپىدىن تارتىپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئاخىرلاشقۇچە، مەكتەپتىن ھەر يىلى «يىلنامە» دېگەن ئىسىملىك بىر كىتاب ئىشلەپ بېرىدىكەن. ئۇ كىتابقا شۇ يىلى شۇ مەكتەپتە ئوقۇغان ھەممە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئايرىم چۈشكەن رەسىمى، سىنىپ رەسىمى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ رەسىمى ۋە شۇ بىر يىلدىكى ئالاھىدە پائالىيەتلەرنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنى مەزمۇن قىلغان رەسىملەرنى كىرگۈزىدىكەن. ھەر بىر رەسىمنىڭ ئاستىغا شۇ رەسىمدىكى كىشىنىڭ تولۇق ئىسمى يېزىلىدىكەن. بۇ كىتابنىڭ باھاسى 65 دوللار ئەتراپىدا. مەن بالىلىرىمغا ھەر يىلى ئېلىپ بېرىپ، ساقلاپ قويۇۋاتىمەن. ۋەتەندىكى ياش – ئۆسمۈرلەرگە بىر تەۋسىيەم: رەسىمگە چۈشۈپ، خاتىرە قالدۇرۇڭلار. ياخشى ئۆتكەن بولساڭلارمۇ، ياخشى ئۆتمىگەن بولساڭلارمۇ خاتىرە قالدۇرۇڭلار. سىلەرنىڭ زامانىڭلار بىر گۈزەل زامان. ئۇ بىر كەتسە، مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدۇ.

يېقىندا مەن بىز تام قوشنىمىزنىڭ يەنە بىر ئادەم بىلەن پاراڭلىشىۋاتقان سۆزىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئۇ قوشنىمىزنىڭ شەخسىي شىركىتى بار بولۇپ، قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: «مەن كىچىكىمدە ياخشى ئوقۇماي، مۇشۇ كەسىپكە كىرىپ قالغانىكەنمەن. ئەمدى كەسىپ ئۆزگەرتەي دېسەم، باشقا ساھەدە ھېچقانداق بىلىم ياكى ئىقتىدارىم يوق. بۇ ئىشتىن بىر ئاز زېرىكتىم. ئەمدى بىر ئالىي مەكتەپكە ئوقۇسام بولىدىغان ئوخشايدۇ». مەن ئۆتكەن يىلى ئۆي ئېلىش جەريانىدا تونۇشۇپ قالغان يەنە بىر قوشنام بار. يېقىندا ئۇ كىشى بىلەن ئۆينىڭ ئالدىدىكى كوچىدا ئۇچرىشىپ قېلىپ، «ئىشلىرىڭ قانداقراق؟ ئالدىراشمۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ كىشى: «خىزمىتىمغۇ ئالدىراش ئەمەس. لېكىن، يېقىندىن بۇيان بىر ئاز بىلىمگە ئېھتىياجىم چۈشۈپ قېلىپ، ئالىي مەكتەپنىڭ بىر ماتېماتىكا دەرسىنى تاللىغان ئىدىم. ھازىر شۇ دەرسنىڭ تاپشۇرۇقلىرى مېنى

ئىنتايىن ئالدىراش قىلىۋەتتى. قېرىغاندا ئۇنداق نەرسىنى ئۆگىنىش ئاسان ئەمەسكەن». بۇ كىشىنىڭمۇ خوتۇنى بىلەن بىرلىشىپ ئاچقان شەخسىي شىركىتى بار. ھازىر 50 ياشلارغا يېقىنلىشىپ قالغاندا، ئالىي مەكتەپ ماتېماتىكا دەرسىنى ئوقۇشقا باشلاپتۇ. مەن 1990-يىلى ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئالغاندا، ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا سەھنىگە چىقىپ، كىنىشكا ئالغانلارنىڭ ئىچىدە 65 ياشلىق بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ كىشى سەھنىگە چىققاندا، زالدىكىلەر ئۇنىڭ ئاشۇنداق قېرىغاندا ئوقۇغانلىقىنى تەبرىكلەپ، قاتتىق چاۋاك چېلىپ كەتكەنىدى. مېنىڭ بىر ئۇيغۇر دوستۇمنىڭ 3 كىچىك بالىسى بار بولۇپ، يېقىندىن بۇيان ھەم پۈتۈن كۈن ئىشلەپ، ھەم بىر ئالىي مەكتەپتە پۈتۈن كۈن ئوقۇۋاتىدۇ. ئائىلە كىرىمىنى ئۆزى تاپمىسا بولمىغاچقا، ئاشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. يېقىندا مەن ئۇنىڭغا بىر قېتىم تېلېفون قىلسام، ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى: «ئەركىن، مەن ھازىر دەھشەت ئالدىراش بولۇپ كەتتىم. ئۆيىنىڭ ئىچىدە ماۋۇ ئۆيدىن ئاۋۇ ئۆيگە ماڭساممۇ قولۇم قۇرۇق ماڭمايدۇ. تاپشۇرۇقۇمنى تاماق يەۋېتىپ ئىشلەيمەن. كېچىسى ئەڭ كۆپ بولغاندا 4 سائەت ئۇخلايمەن. خۇدايىم نېمىشقىمۇ ئادەملەرنى كېچىسى ئۇخلايدىغان قىلىپ قويغانكىن. بەزىدە كۈنىگە 24 سائەت ئىشلەۋېرىدىغان قىلىپ ياراتسا بولماسمىدى، دەپ ئويلايمەن».

مەن ئامېرىكىغا كەلگەندىن بۇيان، مەن بىلەن بىرگە ئىشلىگەن جۇڭگولۇق خەنزۇ ئوقۇغۇچىلاردىن نۇرغۇنلىرى مەندىن جۇڭگودىكى قايسى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلىكىمنى سوراپ بولدى. مەن ھەر قېتىم ناھايىتى پەخىرلەنگەن ھالدا «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى» دەپ جاۋاب بېرىپ كەلدىم. مەن ھازىرغىچە ئەنگلىيىنىڭ ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنى، ئامېرىكىنىڭ خارۋارد، ستانفورد، MIT، Caltech قاتارلىق مەكتەپلىرىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان كىشىلەردىن نۇرغۇنلىرى بىلەن ئىشلەپ باقتىم. ياپونىيىدە ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى بىلەن ئىشلەپ باقتىم. شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر يىل بىلىم ئاشۇرۇپ باقتىم. ئامېرىكىلىق، ياپونىيىلىك، ئەنگلىيىلىك، فىنلاندىيىلىك، ئىرانلىق، ھىندىستانلىق، شاڭگاڭلىق، تەيۋەنلىك، كورىيەلىك، ۋېنگرىيىلىك ۋە كانادالىق قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنژېنېرلار ۋە يۇقىرى تېخنىكىلىق شىركەت باشلىقلىرى بىلەن ئىشلەپ باقتىم. ئۇلارنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ئېرىشتىم. كەسىپ جەھەتتە مەندىن ئالاھىدە ئېشىپ چۈشىدىغان بىرەر جۇڭگولۇق خەنزۇ

ئىنژېنېرنى ئۆچرىتىپ باقمىدىم. ھازىرغىچە مېنىڭ ئاقسۇ 4-باشلانغۇچ مەكتەپتە، ئاقسۇ 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغانلىقىم چېنىپ باققان ئەمەس. ئۆزۈمنىڭ بىر ئۇيغۇرلۇقۇم چېنىپ باققان ئەمەس. ئۆزۈمنىڭ ئاشۇ مەكتەپلەردە ئوقۇغانلىقىمدىن ئىنتايىن پەخىرلىنىمەن. كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئىقتىدارىنىڭ يوقلۇقىدىن ئەمەس، رىقابەتنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى يۇقىرىلىقى ۋە پۇرسەتنىڭ بولماسلىقىدىن داڭلىق مەكتەپكە كىرەلمەيدۇ. ئەگەر داڭلىق مەكتەپكە كىرەلىسىڭىز، ئۇ يەردە سىزمۇ ئوقۇپ كېتەلەيسىز.

شۇڭا ئۇبدان ئويلاڭ. قانداق بىر ئائىلىدە تۇغۇلۇشنى سىز بەلگىلىيەلمەيسىز. قايسى باشلانغۇچ مەكتەپ، قايسى ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىشنى سىز ئاساسەن بەلگىلىيەلمەيسىز. سىز ياشىغان دەۋردىكى سىياسەتنىڭ قانداق بولۇشى سىزنىڭ ئىرادىڭىزگە باغلىق ئەمەس. ئۆزىڭىز كونترول قىلالمايدىغان ئىشلار ئۈستىدە قانچىلىك ئاھ ئۇرۇڭ، يولىڭىزنى تۈز قىلمىغان باھانە-سەۋەبلەر ئۈستىدە قانچىلىك شىكايەت قىلىڭ، بۇ جەھەتتە سىزنىڭ دەۋاتقىنىڭىز قانچىلىك ئەقىلگە مۇۋاپىق بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ سىز ئۈچۈن، سىزنىڭ ئىستىقبالىڭىز ئۈچۈن ھېچ قانداق قىممىتى يوق. كۈن بويى باشقا ئىش قىلماي، باشقىلار ۋە جەمئىيەت ئۈستىدە شىكايەت قىلىسىڭىزمۇ، سىز يەنىلا ئۆزىڭىزنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىڭىزدە تۇرۇپ قېلىۋېرىسىز. شۇڭا ياخشى ئوقۇماسلىقتا باھانە ئىزدىمەڭ. ياخشى ئوقۇشقا يول ئىزدەڭ. سىزگە يۆلەنچۈك بولمىسا، ھېچ كىمگە يۆلەنمەڭ. ھازىرقى سىزگە تەۋە بولمىغان نەرسىلەرگە ئالدىنىپ، كەلگۈسىدىكى رىقابەتنى ئۇنتۇپ قالماڭ. سىزنىڭ ھاياتىڭىزنى باشقا ھېچكىم ياشاپ بېرەلمەيدۇ. ئۇنى ئۆزىڭىز ياشايسىز. ئۇزۇل-كېسىل ئىزدىنىپ، ئۆزىڭىزنىڭ كەم ئىكەنلىكىنى، سىزنىڭ ئالاھىدىلىكىڭىزنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ئۆزىڭىزنىڭ كەلگۈسىدە قايسى تەرەپتە ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالايدىغانلىقىڭىزنى تېپىپ چىقىڭ. شۇنىڭغا ئاساسەن ئۆزىڭىزنىڭ كەلگۈسى نىشانىڭىزنى تۇرغۇزۇپ چىقىڭ. ئاندىن ئاشۇ نىشانىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاتلىنىڭ. ئەتە باشلايمەن ئەمەس، بۈگۈن باشلاڭ. ھېلىراق ئەمەس، ھازىر باشلاڭ. ئاندىن مەڭگۈ بوشاشماڭ. ئاشۇنداق قىلسىڭىز، سىز چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىسىز. مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەن.

**10-سوئال: يۇرتىڭىز ياش-ئۆسمۈرلەر ئىلىم-پەن ساھەسىدە ئەڭ قىزىقىدىغان تېمىلارنىڭ بىرى نوبېل مۇكاپاتى. سىزچە كەلگۈسىدە ئۇيغۇرلاردىنمۇ نوبېل مۇكاپاتى ئالىدىغان ئادەم چىقارمۇ؟ بۇ توغرىسىدا ئويلىغانلىرىڭىزنى سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز.**

جاۋاب: مەن ئالدى بىلەن نوبېل مۇكاپاتىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتەي. نوبېل مۇكاپاتى 1-بولۇپ تەسىس قىلىنغان خەلقئارالىق مۇكاپات بولۇپ، ئۇ 1901-يىلى فىزىكا، خىمىيە، فىزىئولوگىيە ياكى مېدىتسىنا، ئەدەبىيات ۋە تىنچلىق قاتارلىق ساھەلەر بويىچە بېرىلىشكە باشلىغان. 1968-يىلى Sweden (شۋېتسىيە) بانكىسى ئالفرېد نوبېلنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن ئىقتىساد ئىلمى ساھەسىدىمۇ نوبېل مۇكاپاتىنى تەسىس قىلغان. ھەر بىر مۇكاپات بىردىن مېدال، خۇسۇسىي دىپلوما (گۇۋاھنامە) ۋە پۇلدىن تەركىب تاپىدۇ. نوبېل مۇكاپاتىنى ئەڭ كۆپ ئالغان ئالدىنقى 10 دۆلەت تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت (1901–2002):

ئامېرىكا: (261)

ئەنگلىيە: (79)

گېرمانىيە: (61)

فرانسىيە: (28)

شۋېتسارىيە: (22)

شۋېتسىيە: (18)

رۇسىيە: (11)

گوللاندىيە: (9)

دانىيە: (8)

ياپونىيە: (7)

جۇڭگو تېخى بىرنىمۇ ئالالمىغان.

ياشلار ئۆزلىرىگە تۇرغۇزۇشقا تېگىشلىك نىشان 2 خىل بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، ئۆزىنىڭ تالانتى بىلەن ئۆز تىرىشچانلىقىغىلا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، يېتەرلىك دەرىجىدە تىرىشسا، ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان نىشاندۇر. مەسىلەن، ئەگەر سىز كىچىكىڭىزدىلا «مەن چوڭ بولغاندا چوقۇم بىر دوختۇر بولىمەن»، دېگەننى ئۆزىڭىزگە نىشان قىلىپ، شۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن يېتەرلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتسىڭىز، سىز چوقۇم دوختۇر بولالايسىز. بۇ جۇڭگودىمۇ، ئامېرىكىدىمۇ شۇنداق. مەن كىچىكىمدىن تارتىپ رادىئو ئېلېكترونىكا كەسپىگە قىزىققان ئىدىم.

مانا ھازىر ئاشۇ كەسىپنىڭ بىر تارمىقىدا ئىشلەۋاتىمەن. يەنە بىرى بولسا، ئۇ پەقەت ئۆز تىرىشچانلىقىڭىزغىلا مۇناسىۋەتلىك بولمىغان، دەرىجىدىن تاشقىرى رىقابەت ۋە بەلگىلىك دەرىجىدىكى تۇغما تالانت تەلەپ قىلىدىغان نىشاندۇر. مەسىلەن، بىر ناخشىچى بولۇش، ھوللىۋودقا كىلىپ، كىنو چولپىنى بولۇش ۋە نوبېل مۇكاپاتى ئېلىش. 2-خىلدىكى نىشاننىڭ ئەمەلگە ئېشىش-ئاشماسلىقى پەقەت ئۆزىڭىزگىلا مۇناسىۋەتلىك بولمىغاچقا، ئۇنى ھەرگىز ئۆزىڭىزنىڭ ئاساسلىق نىشانى قىلماسلىقىڭىز كېرەك (ئەگەر سىزنىڭ ئاۋازىڭىز ياخشى بولسا، ناخشىچى بولۇشنى ئاساسلىق نىشان قىلىسىڭىز ئەلۋەتتە بولۇۋېرىدۇ). كۆپىنچە ئەھۋالدا، ئۆزىڭىزگە 1-خىلدىكى نىشاندىن بىرنى تۇرغۇزۇۋېلىپ، ئاندىن 2- خىلدىكىنى قوشۇمچە قىلىشىڭىز كېرەك.

نوبېل مۇكاپاتى ھەر يىلى ھەر بىر ساھەدە دۇنيا بويىچە پەقەت بىرلا ئادەمگە ياكى بىر گۇرۇپپا ئادەمگە بېرىلىدۇ. بۇ مۇكاپاتنى ئالغانلار كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئۇنى ئالالايدىغانلىقىنى تاكى ئەڭ ئاخىرىدا نوبېل مۇكاپاتى كومىتېتىنىڭ ئاۋاز بېرىش نەتىجىسى چىقمىغۇچە بىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار ھەرگىز ئۆمۈر بويى نوبېل مۇكاپاتى ئېلىش ئۈچۈن تىرىشقانلار ئەمەس. لېكىن، ئىلىم-پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىش ئۈچۈن پۈتۈن ئۆمرىنى ئاتىغانلاردۇر. بۇ ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىلىرى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەڭ ھۇزۇرلىنىدىغان، ھەممىدىن مۇھىم ئىشى ئۆزلىرى شۇغۇللىنىۋاتقان ئىلمىي تەتقىقاتتىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا، بۇ ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىلىرى ئۈچۈن، مەن بۇ سۆھبەتنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا بايان قىلغان ئىشلارنىڭ مۇھىملىق تەرتىپىنىڭ ئەڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ تەتقىقاتى تۇرىدۇ.

مەن يېقىندا بىر قېتىم Caltech (يەنى، California Institute of Technology دېگەن ئالىي مەكتەپنى دېمەكچى. بىزنىڭ ئىدارە JPL ئاشۇ مەكتەپكە قارايدۇ) زىيارەت قىلدىم. باكلاۋۇر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ياتاقلىرىغا كىرىپ باقتىم. بۇ مەكتەپكە كىرگەن ھەر قانداق باكلاۋۇر ئوقۇغۇچىسى 1-يىلى چوقۇم مەكتەپ تەمىنلىگەن، مەكتەپنىڭ ئىچىدىكى ياتاقتا تۇرۇشى كېرەك ئىكەن. بۇ مەكتەپكە ھەر يىلى ئالىدىغان باكلاۋۇر ئوقۇغۇچىنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز بولۇپ، 200 ئەتراپىدا ئىكەن. ھەمدە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تالانت جەھەتتىن «نورمال ئادەم» لەردىن ئەمەس بولۇپ، ئوتتۇرا مەكتەپتە بىرەر نەرسە ئىجاد قىلىپ باققانلار ئىكەن. مەكتەپتىكى پروفېسسور بىلەن ئوقۇغۇچىنىڭ نىسبىتى 1:3 ئىكەن. يەنى، ھەر 3 ئوقۇغۇچىغا بىردىن پروفېسسور توغرا كېلىدىكەن. دېمەك، بۇ مەكتەپتىكى

پائالىيەتنىڭ ئاساسىي قىسمى دەرس ئۆتۈش ئەمەس، پەن تەتقىقاتى ئىكەن. Caltech تە ھازىرغىچە نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەرنىڭ سانى 30 نەپەر ئىكەن.

مەن ئالدىنقى سوئالنىڭ جاۋابىدا ئېيتقاندەك، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەردىن ھېچ قانداق پەرقى يوق. ئۇيغۇرلارمۇ باشقا مىللەتلەر قىلالىغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى قىلالايدۇ. يۇرتىمىزدىكى ياش-ئۆسمۈرلەر ئۇچۇن ھازىر «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»، «قايتا تەربىيە ئېلىش» دېگەن ئىشلار بولمىغاندىكەن، ئۇلار ئىلىم-پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىشقا ھەقىقىي ئىرادە باغلاپ، قاتتىق تىرىشسىلا، 28 ياشقا كىرمەي تۇرۇپ دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالالايدۇ. مانا شۇ ياشلارنىڭ ئىچىدىن، ھەمدە ھازىر چەت ئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ ئىچىدىن ئامېرىكىدىكى خارۋارد، ستانفورد، Caltech، MIT گە ئوخشاش داڭلىق مەكتەپكە كىرەلەيدىغانلىرى چىقىپ، ئاشۇ مەكتەپلەرنىڭ بىرەرسىدە تەتقىقات ئېلىپ بارسا، ئۇيغۇرلار ئىچىدىنمۇ نوبېل مۇكاپاتى ئالىدىغانلار چوقۇم چىقىدۇ. مەن بۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەن.

مەن بۇ يەردە تەكىتلەپ ئۆتۈپ كېتىشنى لايىق كۆرگەن مۇنداق بىر ئىش بار. بالىلارنى ئىلىم-پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، ھەرگىز ئۇلارنى باشلانغۇچنىڭ 1-سىنىپىدىن باشلاپ ھەر كۈنى 10 نەچچە سائەت ئۆگىنىش قىلىشقا مەجبۇرلاش دېگەنلىك ئەمەس. ئۇنداق قىلىش بالىلارنىڭ نورمال ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئىنتايىن زىيانلىق. ئامېرىكىدا باشلانغۇچ مەكتەپ بالىلىرىغا ئاساسەن تاپشۇرۇق بېرىلمەيدۇ. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىمۇ تاپشۇرۇق بىر قەدەر يەڭگىل بولۇپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن تاپشۇرۇق ئېغىرلىشىدۇ. باشلانغۇچتا ئاتا-ئانىلاردىن پەقەت بالىلىرىغا كۆپلەپ كىتاب ئوقۇپ بېرىش ھەمدە بالىلىرىنى ئۆزلۈكىدىن كىتاب ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. بالىلارنىڭ ھەر كۈنى 3-4 سائەت ئوينىشىغا كاپالەتلىك قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئامېرىكىدىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ بالىلىرىغا كىتاب ئوقۇپ بېرىش ۋە كىتاب ئوقۇتۇش ئادىتى ئىنتايىن ئومۇملاشقان بولۇپ، بەزىلەر قورسىقىدىكى تېخى تۇغۇلمىغان بالىلارغىمۇ كىتاب ئوقۇپ بېرىۋاتقىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ياش ئۆسمۈرلەر كىتابتىن نۇرغۇن كىشىلىك تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنەلەيدۇ. شۇڭا ھەر بىر ئاتا-ئانا بۇ مەسىلىگە ھەرگىز سەل قارىماسلىقى كېرەك. ئەگەر ئىمكانىيەتلا يار بەرسە، بالىڭىزغا ئۇلار ياخشى كۆرىدىغان كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ بېرىڭ. ئامېرىكىدىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ بىر

ئورتاق ئالاھىدىلىكى، ئۇلار گەپ-سۆزگە، باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشقا ئىنتايىن ئۇستا. ئۆزلىرى شىركەت ئېچىشقا ئىنتايىن ماھىر. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىملار بىرەر ساھەدە ئالاھىدە ئىقتىدارنى يېتىلدۈرمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ راۋان تىلى ئارقىلىق باشقىلار بىلەن ئۈنۈملۈك مۇناسىۋەت قىلىش ئىقتىدارىغا تايىنىپ، ناھايىتى ئوبدان جان باقالايدۇ. بۇ جەھەتتە كىچىكىدىن تارتىپ كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلىنىشنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ. جۇڭگو مائارىپىدا كىچىك ياش-ئۆسمۈرلەرگە بولغان بېسىم ھەددىدىن تاشقىرى يۇقىرى. بۇنى ئالىي مەكتەپكە كىرىشتىكى رىقابەتنىڭ كۈچلۈكلۈكى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، مېنىڭچە ياشلارنىڭ نورمال ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئىنتايىن ئېغىر زىيىنى بولۇۋاتىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، مەن ئالدىنقى قىسىملاردا ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتكەن، ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرگەن بىرەر ئۆي ھايۋىنىنى بېقىشى ۋە ئۆزلىرى ياخشى كۆرگەن بىرەر تەنتەربىيە ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىشىمۇ ئۇلارنىڭ ساغلام، ئىقتىدارلىق بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئىنتايىن پايدىلىق. مېنىڭ ئوغلۇم باشلانغۇچتا ئىشلىگەن بىر پروجېكت، ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تۇغقىنى، دوستى، كىتابى، تامىقى، ئويۇنى، ئۆي ھايۋىنى، تەنتەربىيە تۈرى قاتارلىقلارنى رەسىملەر بىلەن بىر چوڭ تاختايغا تىزىپ، ئۇلار توغرىسىدا چۈشەندۈرۈش يېزىپ ئاندىن بۇ تاختاينى مەكتەپتە كۆرگەزمە قىلىش بولدى. دېمەك، ئامېرىكىدا كىتاب ئوقۇش، ئويناش، ئۆي ھايۋىنى بېقىش ۋە تەنتەربىيىگە قاتنىشىش قاتارلىقلار بالىلار ھاياتىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان بىر تەركىبكە ئايلانغان.

ئامېرىكىدا ھەر قانداق ئادەم «مەن كەلگۈسىدە ئامېرىكا پرېزىدېنتى بولىمەن» دېيەلەيدۇ. ھەمدە ئاشۇ يولنى بويلاپ، ئۆز ئىقتىدارى يار بەرگەن ئەڭ يۇقىرى پەللىگىچە چىقالايدۇ. ياش ئۆسمۈرلەردە ئۇلارنىڭ تىرىشسىلا ھەر قانداق ئىشنى قىلالايدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئىشەنچنى يېتىلدۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. ئاتا-ئانىلار بالىلىرى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا، ئەگەر ئۇلار ياخشى ئوقۇسا، ئۇلار كەلگۈسىدە چوڭ ئالىم بولالايدىغانلىقى، چوڭ شىركەت قۇرالايدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ تۇرۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا بالىلارنىڭ يۈكسەك غايىلەر بىلەن چوڭ بولۇشىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ.

**11-سوئال: يۇقىرىقى سۆھبەت خاتىرىسىدىن سىزنىڭ ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ئۆگىنىش، خىزمەت ۋە تۇرمۇش جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىدە بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك ھايات كەچۈرگەن كىشىلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىڭىزنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. سىزنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشنى ئاشۇنداق ئېلىپ ماڭالىشىڭىزدىكى ئەڭ مۇھىم كىشىلىك خاراكتېرلەر قايسىلار؟ ئۆز بېشىڭىزدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز؟**

جاۋاب: بىر ئادەمنىڭ كىشىلىك ھاياتىنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدىغان بىر مۇھىم ئامىل، ھەقىقەتەنمۇ شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە خاس مىجەز-خاراكتېرىدىن ئىبارەت.

مېنىڭ مىجەز-خاراكتېرىمنى تۆۋەندىكى 5 ئېغىز سۆزگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

- سەمىمىيلىك
- قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بېرىش
- ئىجادكار بولۇش
- ئىشنى تەلەپتىن يۇقىرى قىلىش
- توختىماي ئىزدىنىش

بۇنىڭدىن 30 نەچچە يىل بۇرۇن مەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، سىنىپ مەسئۇلىمىز ماڭا مۇنداق سۆزلەرنى ئېيتقان ئىدى: «ھەر بىر ئادەمنىڭ ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ. يېتەرسىزلىكىمۇ بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى سىزنىڭ مۇرىڭىزدىكى بىر خۇرجۇننىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرگە ئوخشاتساق، ئارتۇقچىلىقىڭىز خۇرجۇننىڭ ئالدى خالتىسىدا، يېتەرسىزلىكىڭىز بولسا خۇرجۇننىڭ ئارقا خالتىسىدا بولىدۇ. ئادەملەر كۆپىنچە ۋاقىتتا، خۇرجۇننىڭ پەقەت ئالدىدىكى خالتىسىنىلا كۆرۈپ، ئارقىسىدىكىنى كۆرەلمەيدۇ. بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك. ئادەم خۇرجۇننىڭ ئارقىسىنىمۇ كۆرەلىگەندىلا، ئاندىن ئۆزىگىمۇ ۋە باشقىلارغىمۇ توغرا مۇئامىلە قىلالايدۇ، ھەمدە توختىماي ئالغا باسالايدۇ». مەن شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ سۆزلەرنى ئېسىمدىن چىقىرىپ باقمىدىم. مەن ئىزچىل تۇردە ئۆز-ئۆزۈمگە، ئائىلەمدىكىلەرگە، دوستلىرىمغا، خىزمەتداشلىرىمغا ۋە باشلىقىمغا راستچىل، سەمىمىي بولۇشقا تىرىشىپ كەلدىم. ئۆز-ئۆزۈمنى توغرا چۈشىنىشكە، ئۆز-ئۆزۈمگە توغرا باھا بېرىشكە، ئاجىزلىقىمنى تولۇق بىلىپ، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئالاھىدە

كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدىم. ئۆز-ئۆزۈمنى داۋاملىق ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە توغرا چۈشىنىپ تۇرغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئادالەتسىزلىككە، ناھەقچىلىككە، كەمسىتىشكە ۋە باشقىلارغا زىيان سېلىش بەدىلىگە پايدا ئېلىشقا ئىنتايىن قارشى بولۇپ، ئۇنداق ئىشلارنى قىلىشتىن قەتئىي ساقلىنىدىغان، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئاياپدىغان بولغاچقا، ئۆزۈم توغرا دەپ قارىغان يولۇمنى مېڭىۋېرىپ، باشقىلارنىڭ ماڭا قانداق باھا بېرىشىگە ئانچە كۆڭۈل بۆلمىدىم. چۈنكى، باشقىلار ماڭا ئەڭ توغرا باھا بېرەلىگەندىمۇ، پەقەت مېنىڭ ئۆزۈمچىلىك باھا بېرەلەيتتى.

مەن كىچىكىمدىن تارتىپلا جەمئىيەتنىڭ ۋە خەلقىمنىڭ ماختىشىغا كۆپ سازاۋەر بولدۇم. ھەر قېتىم باشقىلارنىڭ ماڭا بەرگەن باھاسىنى ئاڭلىغاندا، مېنىڭ 1-بولۇپ ئۆز-ئۆزۈمدىن سورايدىغىنىم: «مەن بۇنىڭغا ئەرزىيمەنمۇ؟» دېگەندىن ئىبارەت بولدى. رادىئو-گېزىتلەردە مەن توغرىلىق بىر نەرسە ئېلان قىلىنسا، مەن دەرھال ئۇنىڭ مەزمۇنىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە توغرىلىقىنى، يېزىلغان نەرسىنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن كۆپتۈرۈۋېتىلگەن قىسىملىرىنىڭ بار-يوقلۇقىنى ۋە ئۇنىڭ دەرىجىسىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تۇردۇم. ھەرگىز ئۆزۈمدە يوق نەرسىلەر بىلەن ئۆز-ئۆزۈمنى ئالداپ يۈرمىدىم. ئامېرىكىدا شىركەتلەردە ئىشلەشنى باشلىغاندىن بۇيان، مەن ئۆزۈمدىن داۋاملىق تۆۋەندىكى سوئاللارنى سوراپ تۇردۇم: «مەن ئالغان مائاشىمغا چۈشلۇق ئىشلەۋاتىمەنمۇ؟ مەن يېڭى ئىقتىدار، يېڭى بىلىم ئۆگىنىۋاتىمەنمۇ؟ ئەگەر بۇ شىركەتتىن چىقىپ كېتىپ قالسام، باشقا يېڭى خىزمەت تاپالايمەنمۇ؟ مەندە باشقا شىركەتلەرنى جەلپ قىلالايدىغان قانداق نەرسىلەر بار؟ مېنىڭ ھازىر قىلىۋاتقان ئىشىم مەندە يېڭى ئىقتىدار يېتىلدۈرەلەمدۇ؟». ئامېرىكا جەمئىيىتى رىقابەت بىلەن تولغان، بىر پارچە گۆشنى تالىشىۋاتقان بىر توپ يولۋاس-بۆرىلەرنىڭ ئۇۋىسىغىلا ئوخشايدۇ. كۈچلۈك بولسىڭىز پەللىمۇ- پەللە ئۆرلەپ كېتىۋېرىسىز. ئەگەر ئاجىز بولسىڭىز، ئاز كۈندىن كېيىن جەمئىيەتتە لەيلەپ قالىسىز. مەن ھازىرغا قەدەر بىر خىزمەت بىلەن يەنە بىر خىزمەتنىڭ ئارىلىقىدا ئەڭ ئۇزۇن خىزمەتسىز تۇرۇپ باققان ۋاقتىم 3 ھەپتە بولۇپ، ھەر قېتىم يېڭى خىزمەتكە كىرگەندە، ماڭا ئەڭ كەم دېگەندە 2 شىركەتتىن چاقىرىق كەلدى. مەن بۇرۇن ئىشلىگەن Wave Splitter دېگەن شىركەتتىن 2002-يىلى نويابىردا چىقىرىۋەتكەن دوكتورلۇق ئۇنۋانى بار بىر ئامېرىكىلىق تېخى ئۆتكەن يىلى (2004-يىلى) 7-ئايدا

ئاران خىزمەت تاپتى. شۇ ۋاقىتتا چىقىرىۋەتكەن دوكتورلۇق ئۇنۋانى بار بىر فرانسىيىلىك ئىنژېنېر تېخىچە خىزمەت تاپالماي، ھازىر بىر تەرەپتىن خىزمەت ئىزدەپ، بىر تەرەپتىن پارچە-پۇرات ئوقۇتقۇچىلىق خىزمەتلىرىنى تېپىپ ئىشلەپ كۈن كەچۈرۈۋاتىدۇ. مەن باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ قۇرغان 1-شىركەتكە ياردەملەشكەن، فىزىكىدا ماگىستىرلىق ئۇنۋانى بار، سىلىكون جىلغىسىدا 10 نەچچە يىل ئىنژېنېر بولۇپ ئىشلىگەن بىر كىشى بار بولۇپ، ئالدىنقى بىر قانچە يىلنىڭ ئىچىدە ئۇ خىزمەت تاپالمىدىم، دەپ يۈرگەن ئىدى. يېقىندا ئۇنىڭغا تېلېفون قىلسام، ئۇ ھازىر بىر كافېخانىدا ئىشلەۋېتىپتۇ. «مۇشۇ يەردە كوفى دەملەشنى ئۆگىنىۋېلىپ، ئاندىن ئۆزۈم ئايرىم كافېخانا ئېچىشنى ئويلاۋاتىمەن»، دەيدۇ. بۇ كىشى بۇرۇنقى يىلىغا 80 نەچچە مىڭ دوللار مائاش ئالىدىغان ئىنژېنېرلىق خىزمىتىدىن ئايرىلىپ، ھازىر يىلىغا 30 مىڭ دوللار ئەتراپىدا مائاش ئالىدىغان كوفىخانىنىڭ ئىشىنى قىلىۋېتىپتۇ.

بىر كىچىك بالىنىڭ قانداق ئادەم بولۇپ ئۆسۈپ-يېتىلىشىدە، ئاتا-ئانىنىڭ ئۈلگىلىك رولى ھەممىدىن چوڭ بولىدۇ. بالىلار سەل ئەقلىنى تاپقاندىن تارتىپ، دەسلەپكى نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاتا-ئانىدىن ئۆگىنىدۇ. شۇڭا مەن بالىلىرىمنىڭ ئالدىدىمۇ سەمىمىيلىك ۋە راستچىللىق جەھەتتە ئۆزۈمگە ئىنتايىن يۇقىرى تەلەپ قويدۇم. بالىلىرىمغىمۇ راستچىل بولۇش جەھەتتە تەربىيىنى ئىزچىل بوشاشتۇرمىدىم. ھەمدە ھالاۋەتتە ھەممىدىن كېيىن، جاپادا ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، بالىلىرىمغا ھەممە جەھەتتىن ياخشى ئۈلگە يارىتىشقا تىرىشتىم. ئامېرىكىغا مەن 1988-يىلى، ئايالىم ئامانگۈل 1989-يىلى، قىزىم 1991-يىلى ۋە ئوغلۇم 1993-يىلى كەلگەن بولۇپ، مەن 1985-يىلى ياپونىيىگە بارغاندىن تارتىپ ئاشۇنداق تېرە-پېرەڭ تۇرمۇشنى باشلىغان ئىدىم. 1993-يىلى ئاخىرى ئائىلىدىكى ھەممىمىز جەم بولۇپ ياشىيالايدىغان بولدۇق. ئوغلۇم باشلانغۇچنىڭ 1-سىنىپىدا ئادەتتىكى ھېسابلارنى ئىشلىيەلەيدىغان بولغاندا، مەن بىر كۈنى قىزىم بىلەن ئىككىسىنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇلارغا ئامانگۈل بىلەن ئىككىمىزنىڭ بىر ئايدا ئۆيگە ئەكىرگەن مائاش چېكىمىزنىڭ كۆتىكى بىلەن شۇ بىر ئاي ئىچىدە چوڭ-چوڭ ئىشلارغا خەجلىگەن پۇلنىڭ ھۆججەتلىرىنى بېرىپ، ئۇلاردىكى پۇلنىڭ سانلىرىنى قوشۇپ، ئاخىرىدا پەرقىنى ھېسابلاپ چىقىشنى تاپشۇردۇم. ئۇ چاغدا مېنىڭ ئاتا-ئانام ئامېرىكىغا بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلگەن بولۇپ، ئۇ بىر ئاينىڭ ئىچىدە بىزنىڭ كىرىمىمىزگە قارىغاندا، چىقىمىمىز يۇقىرى بولغانىدى. ئۇلار پۇلنى

ھېسابلاپ بولغاندىن كېيىن، مەن ئۇلارغا ھازىر بىزدە پۇلنىڭ كۆپ ئەمەسلىكىنى، شۇڭا ئۇلار ئويۇنچۇق توغرىسىدا كۆپ جېدەل قىلسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈردۈم. ئۇلارنىڭ ئالدىدا سانلىق مەلۇماتلار بولغاچقا، ئۇلارمۇ مېنىڭ سۆزۈمگە تېزلا قايىل بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن دۇكانلارغا بېرىپ، باللار ئويۇنچۇق توغرىسىدا ئارتۇقچە جېدەل قىلغاندا، ھېلىقى ھېسابنى تىلغا ئالسام، ئۇلار يامانلىمايدىغان بولدى. باللارنى ئۆيىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىدىن داۋاملىق، ئەينەن خەۋەرلەندۈرۈش بىزنىڭ ئائىلىنىڭ بىر ئادىتىدۇر. ئوغلۇم 1-سىنىپتا ئوقۇۋاتقاندا، بىر كۈنى ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىسى سىنىپتىكى باللاردىن مۇنداق بىر نەرسىنى سوراپتۇ: «ئەگەر سىلەر كوچىدىن 100 دوللار پۇل تېپىۋالساڭلار، ئۇ پۇلنى نېمىگە خەجلەيسىلەر؟» كۆپىنچە ئوغۇللار ئۇنىڭغا ئويۇنچۇق ئالىمىز، دەپتۇ. قىزلار قورچاق ئالىمىز، دەپتۇ. بەزىلىرى دىسنېي باغچىسىغا بارىمىز، دەپتۇ. دىلشاتقا كەلگەندە، ئۇ «مەن پۇلنى دادامغا بېرىمەن،  دادام ئۇنىڭغا ئۆي ئالىدۇ»، دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئوقۇتقۇچى قاتتىق تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش چىقىپ كېتىپتۇ. كېيىن مەن بىر ئاتا-ئانىلار يىغىنىغا بېرىپ، ئۇ ئوقۇتقۇچى بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇ ماڭا بۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىپ (مەن ئۇنى دىلشاتتىن ئاڭلىمىغان ئىدىم)، ئاندىن «سىلەر ئۆيدە داۋاملىق بىر ئۆي ئېلىشنىڭ گېپىنى قىلىشامسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئەمەلىيەتتە بىز ئۇنداقمۇ قىلمايتتۇق. مېنىڭ مەكتەپتىن كىرىدىغان مائاشىم ئېيىغا 1000 دوللار ئەتراپىدا بولۇپ، ئوقۇش پۇلى ۋە تۇرمۇش راسخوتىغا ئۇ ھەرگىزمۇ يېتىشمەيتتى. شۇڭا، ئۇ چاغدا ئايالىم بىزنىڭ شەھەردىكى بىرىنىڭ ئۆيىدە بالا باققان ئىدى. ئۇ ئۆيدىمۇ بىر ئوغۇل، بىر قىز بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېشى بىزنىڭ باللارنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئامانگۈل ئۇ ئۆيگە بىزنىڭ باللارنىمۇ ئاپىرىپ، تۆت بالىنى ئوينىغىلى قويۇپ بېرىپ، ئۆزى ئۆگىنىش قىلاتتى. ئۇ كىشىلەرنىڭ بىر چوڭ ئۆيى بولغاچقا، بىزنىڭ باللار مەندىن داۋاملىق: «دادا، بىز قاچانلىققا ئۆي ئالىمىز؟» دەپ سورايتتى. بىر قېتىم مەن: «كېيىن ئالىمىز. ھازىر ئالىدىغانغا پۇلىمىز يوق»، دېسەم، ئۇلار دەرھال: «دادا، سەندە چەك بارغۇ؟ چەك يېزىپ بەرسەڭ بولمىدىمۇ؟» دەپ سورىدى. ئامېرىكىدا سىز بىر بانكىغا پۇل قويسىڭىز، ئۇلار سىزگە شەخسىي بانكا چېكى بېرىدۇ. سىز بۇ چەكلەرگە پۇلنىڭ قىممىتىنى يېزىپ، ئىمزا قويۇپ، ئۇنى خۇددى نەق پۇل خەجلىگەندەك ئىشلىتەلەيسىز. چەكنى تاپشۇرۇپ ئالغان كىشى ئۇ پۇلنى سىزنىڭ بانكا ھېسابىڭىزدىن ئېلىۋالىدۇ. مەندىكى ئۇ چەك بانكىدا پۇل بولمىسىمۇ يازغىلى

بولىدىغان چەك ئەمەس ئىدى (چاقچاق). باللار ئۇنى چۈشەنمەيتتى. بىر قېتىم بىز بىر دوستىمىزنىڭ ئۆيىگە بارغىچە دىلشات بىر قۇتا ئىچىملىكنى ئىچىپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۇ قۇتىنى تاشلايلى دېسەك، ئەخلەت ساندۇقى تاپالمىدۇق. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇ قۇتىنى ياتاق بىناسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا قويۇپ قويسام، دىلشات: «دادا، بۇنداق قىلساڭ قانداق بولىدۇ؟ سەن بىزنى ئۇنداق قىلماڭلار دەيتتىڭغۇ؟» دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ھېلىقى قۇرۇق قۇتىنى دوستۇمنىڭ ئۆيىگە كۆتۈرۈپ كىرىپ كەتتىم. بىر قېتىم تۆتىمىز قارت ئويناۋاتقاندا، باللار ئۇقۇشماسلىقتىن مېنى يالغانچىلىق قىلدى، دەپ، «ھە دادا، سەنمۇ يالغانچىكەنسەنغۇ؟ بۇگۈن يالغانچىلىق قىلدىڭغۇ؟» دەپ، ئۆيىنىڭ ئىچىدە «دادام يالغانچى! دادام يالغانچى!» دەپ، سەكرىشىپ كەتتى. مەن ھەرگىز يالغان گەپ قىلمايدىغان بولغاچقا، ئۇقۇشماسلىقتىن ئاشۇنداق بىلىنگەن بۇ بىر قېتىملىق «يالغانچىلىق» باللىرىم ئۈچۈن بىر چوڭ ۋەقە بولۇپ كەتكەنىدى.

ماڭا كىچىكىمدىن سىڭىپ كەتكەن بىر ئاڭ شۇكى، ئادەم جاپا چەككەنگە ئۆلۈپ قالمايدۇ؛ ئۆلۈپلا قالمىسا، باشقا ئىشنىڭ كارى چاغلىق. مەن كىچىك ۋاقتىمدا يېزىدىكى رەھمەتلىك چوڭ ئاپامنىڭ قېشىغا يازلىق تەتىلدە بارغاندا، چوڭ ئاپام مېنى ئۆيدىن 2 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر تۈگمەنگە بېرىپ، ئۇن تارتىپ كېلىشكە بۇيرۇيتتى. ئۇچىرەتتە ئادەم كۆپ بولغاچقا، ماڭا نۆۋەت تېگىپ، ئۇننى تارتىپ بولغاندا، ۋاقىت يېرىم كېچە بولۇپ كېتەتتى. تۈگمەندىن ئۆيگە قايتىدىغان يولدا باشقا ئۆيلەر ئاساسەن يوق، يولنىڭ ئىككى تەرىپى مايماق-سايماق جىگدە دەرىخى بىلەن توشقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە زاراتگاھلىقتىن ئۆتەتتى. مەن كىچىكىمدىن تارتىپلا جىننىڭ ھېكايىسىنى كۆپ ئاڭلاپ، يېزىدا كېچىسى يول ماڭسام خېلىلا قورقىدىغان بولۇپ قالغان ئىدىم. شۇڭا، بۇ بىر زاراتگاھلىقتىن كېسىپ ئۆتىدىغان 2 كىلومېتىر يولنى مېڭىپ، ئۆيگە قايتىپ كېتىش، مەن ئۈمرۈمدە دۇچ كەلگەن ئەڭ مۈشكۈل ئىشلارنىڭ بىرى ئىدى. چوڭ ئاپامغا «مەن قورقىمەن» دېيىشتىن نومۇس قىلاتتىم. شۇڭا ئەڭ ئاخىرىدا، «مەن مۇشۇ يول بىلەن ئۆيگە قايتسام، چوقۇم ئۆلۈپ كەتمەيمەن، باشقىسى مەيلى»، دەپ يولغا چىقاتتىم. زاراتگاھلىقتىن ئۆتكىچە پۈتلىرىم تىترەپ ھەم جانسىزلىنىپ، يول ماڭالمىغىلى تاس قالاتتىم. جىگدىلەرنىڭ ئاي نۇرى ئاستىدىكى شولىلىرى كۆزۈمگە ئاجايىپ-غارايىپ كۆرۈنىدىغان بولغاچقا، ئاسمانغا قاراپ ناخشا ئېيتىپ ماڭساممۇ، ھېلىقى زاراتگاھلىققا كەلگەندە ناخشىنىمۇ داۋاملاشتۇرالمايتتىم.

لېكىن، ئۆزۈم ئويلىغاندەك، ھەر قېتىم ئۆيگە ئۆلۈپ قالماي ساق-سالامەت يېتىپ بارغاندىم. بىز قايتا تەربىيىگە بارغاندا، زىيالىي ياشلار («قايتا تەربىيە» گە بارغان ياشلار شۇنداق ئاتىلاتتى) يېزىدا كاپالەتكە ئىگە بولغان نەرسە پەقەت بىرلا ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، بىز ئاچ قېلىپ ئۆلۈپ قالمايتتۇق. بىزگە پەقەت تاماقنى بىكارغا بېرەتتى. ئەمما، بىزگە بىر تىيىنمۇ پۇل بەرمەيتتى. يىلبويى بىكارغا ئىشلەيتتۇق. كىيىم-كېچەكتە يەنىلا ئاتا-ئانىمىزغا تايىناتتۇق. مەن قايتا تەربىيە ئېلىشقا بارغان يېزا بىزنىڭ ئۆيدىن 12 كىلومېتىر يىراقلىقتا ئىدى. كونىشەھەرنىڭ ناھىيە بازىرىدىنمۇ يىراق بولغاچقا، ناھىيە بازىرىغا بېرىپ، ئاپتوبۇسقا چۈشۈشمۇ قۇلايسىز ئىدى. ئائىلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن، مەن بىرەر ۋېلىسىپىتقا چىقىنالمىغان ئىدىم. شۇڭلاشقا، ھەر شەنبە كۈنى كەچتە ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، ئاقسۇدىكى ئۆيىمىزگە پىيادە قايتىپ كېلەتتىم. ئاقسۇدىن بارغان باشقا ئوغۇل بالا بولمىغاچقا، ئۆزۈم يالغۇز ماڭاتتىم. يولنى قىسقارتىش ئۈچۈن، ئېتىزلىقلارنىڭ قىرلىرىدا، ئۆستەڭ بويلىرىدا ماڭاتتىم. 12 كىلومېتىر يولنى 2 سائەتتە مېڭىپ، ئاندىن ئۆيگە كېلەتتىم. يەكشەنبە كۈنى كەچتە يەنە 2 سائەت يول يۈرۈپ، ئۇ يېزىغا قايتىپ كېتەتتىم. يېزىدا قايتا تەربىيە ئالغان بىر يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتنىڭ ھەممىسىدە ئاشۇنداق قىلدىم.

1983-يىلى يانۋاردا، مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ بولۇشۇمغىلا، فاكۇلتېتتىن مېنى شاگىرتلىققا ئېلىپ قېلىشتى. ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ئېلېكترومەگنىتلىق دولقۇن بىلەن مىكرو-دولقۇن تېخنىكىسى بويىچە بىلىم ئاشۇرۇشقا ماڭدۇردى. ئۇ چاغدا شىنجاڭدا بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 2-بىر كىشى بولمىغاچقا، بىر يىلنىڭ ئىچىدە ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىپ، بۇ ساھەدە بىر نوپۇزلۇق ئادەم بولۇپ چىقىشقا بەل باغلىدىم. بەلگىلەنگەن دەرسلەرنى ئوقۇشتىن سىرت، مەن يەنە يېتەكچى ئوقۇتقۇچىمغا ياردەملىشىپ، مىكرو دولقۇن تەجرىبىخانىسىنى تەييارلاپ، ھەمدە ئۇ دەرسنى ئۆتۈشۈپ بەردىم. بىر يىلنىڭ ئىچىدىكى 2 مەۋسۇمنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە ئاشۇنداق قىلدىم. يازلىق تەتىلدە يۇرتقا قايتماي، نەنجىڭدە ئېلىپ بېرىلىدىغان 4 ھەپتىلىك پراكتىكىغا قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدىم. ئەينى ۋاقىتتىكى فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، ئوقۇتقۇچىم سۇلتان ئاكا مەكتەپتىن ئۇ پراكتىكىنىڭ خىراجىتىنى ھەل قىلىپ بەردى. پراكتىكىنى نەنجىڭدىكى بىر مەخپىي ھەربىي رادار زاۋۇتىدا ئېلىپ باردۇق. بۇ زاۋۇتنىڭ رادارنى سىناق قىلىدىغان ئورنى نەنجىڭدىكى بىر چەت يېزىدا ئىكەن.

بىز ئۇ سىناق ئورنىغا 1-كۈنى بارغاندا، چۈشلۈك تاماق ئۈچۈن ئۇ يەردىن ھېچقانداق بىر مۇسۇلمان ئاشخانىسى تاپالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن چۈشلۈك تاماق يېمىدىم. ئۇ چاغدا جۇڭگودا تېخى توڭلاتقۇ دېگەندەك نەرسىلەر چىقمىغان ئىدى. ئىككىنچى كۈنىدىن باشلاپ، مەن ئەتىگەنلىك تاماق ۋاقتىدا چۈشلۈك تاماقنىمۇ قوشۇپ، 100 گراملىق ھور نېنىدىن 3-4 يەۋالدىم. چۈشتە تاماق يېمىدىم. مەن پات-پات مۇشۇنداق ئىشلار بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئىرادىسىنى سىناپ تۇرىمەن. ئوغلۇمغا مۇشۇنداق ھېكايىلەرنى داۋاملىق ئېيتىپ بېرىپ، «ئوغلۇم، ئەگەر ھازىر سەن بىر جاڭگالدا قېلىپ، يەيدىغان بىر نەرسەڭ بولمىسا، ئۇ يەردە جېنىڭنى بىرەر ھەپتە ساقلىيالامسەن؟ ساقلاش ئۈچۈن قانداق قىلىسەن؟» دەپ سوراپ قويىمەن. ئۇ كۆپىنچە: «دادا، مېنىڭ سىزنىڭ ئۆتمۈشىڭىزگە ئىچىم ئاغرىيدۇ. ئەمما، ھازىر ئۆتمۈش ئەمەس. بىزدە ھازىر ئاش كەڭرى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، مەن شۇ ئوخشاش گەپنى تەكرارلاپ تۇرىمەن.

مەن ياپونىيىدە ئىشلىگەن تەتقىقات ماگنىتلىق مىكرو دولقۇن زاپچىسى ئۈستىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ماتېماتىكىلىق فورمۇلالاشتۇرۇلۇشى ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىدى. بىر فورمۇلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى نورمال ئىش قەغىزىدە 2 بەت كېلىدىغان بولۇپ، بىرەر پىلۇس ياكى مىنۇس بەلگىسىدە خاتالىق بولۇپ قالسىمۇ، ئەڭ ئاخىرقى نەتىجە توغرا چىقمايتتى. بۇ زاپچاسنىڭ ئاساسلىق فورمۇلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئۈچۈن، 20-30 فورمۇلا چىقىرىشقا توغرا كېلەتتى. مەن ئاشۇنداق ماتېماتىكىلىق مەسىلىنى يېشىپ، ياپونىيىگە بېرىپ 3 ئايدىن كېيىن، بىرىنچى ئىلمىي ماقالىنى مەملىكەتلىك يىغىنغا يوللىدىم. ئالتە ئايدىن كېيىن 2-ماقالىنى يوللىدىم. مەن ئىككىنچى قېتىمقى يىغىندا ماقالەمنى دوكلات قىلىپ بولغاندا، ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر پروفېسسورى قېشىمغا كېلىپ، بۇنىڭدىكى فورمۇلىنى كىم ئىشلەپ چىقارغانلىقىنى سورىدى. مەن ئۆزۈم قىلغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ كىشى ھەيران قېلىپ، دەرھال مېنىڭ ئۇستازىم بىلەن كۆرۈشتى. ئەسلىدە، بۇ پروفېسسورنىڭ بىر ماگىستىرلىق ۋە بىر دوكتورلۇق ئوقۇغۇچىسىمۇ بىزنىڭكى بىلەن ئوخشاش مەسىلە ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ گۇرۇپپىسى بۇ مەسىلىنىڭ ماتېماتىكىلىق فورمۇلىسىنى ئىشلەپ چىقىرالمىغان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ 2 گۇرۇپپا بىرلىشىپ، بىر ماقالە ئېلان قىلىدىغان بولدۇق. ئۇ ماقالە ئامېرىكىدا چىقىدىغان مىكرو دولقۇن ساھەسىدە دۇنيا بويىچە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ژۇرنال

بولغان «Ieee transachtions on micro wave technology» دېگەن ژۇرنالغا چىقتى. مەن 1-ئاپتور بولدۇم. شۇنىڭدىن كېيىن ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ھېلىقى پروفېسسور ئۆزىنىڭ تەتقىقات راسخوتىدىن پۇل چىقىرىپ، مېنىڭ بارلىق يول كىرايىمنى تۆلەپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان تەتقىقات مۇزاكىرە يىغىنىغا قاتناشتۇردى. مەن ئۆزۈم ئىشلەۋاتقان ئالىي مەكتەپتە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەندىن كېيىن، ئۇلار ماڭا ياردەم قىلىشنى قارار قىلىپ، 1987-يىلى ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماگىستىرلىق ئوقۇشىغا يۆتكەپ قويىدىغان بولدى. ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتىمۇ مېنى ئىمتىھانسىز قوبۇل قىلدى. دەل شۇ چاغدا شىنجاڭدىن بىر ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى كەلگەن بولۇپ، بىزنىڭ مەكتەپنىڭ 1-مۇدىرى بىر يىغىندا مېنىڭ مەكتەپ ئالماشماقچى بولغان ئىشىمنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ۋەكىللەردىن ھېچ قانداق ئىنكاس چىقمىغاچقا، مەكتەپ مۇدىرى ئۇلارغا تەزىم قىلىپ تۇرۇپ، مۇنداق دېدى: «ئەركىن بىر ئالاھىدە تالانتلىق ياش ئىكەن. ئۇنىڭغا ياردەم قىلساڭلار، ئۇ كەلگۈسىدە قالتىس ئىشلارنى قىلالايدۇ. سىلەر ھەرگىز زىيان تارتمايسىلەر. بىر ئويلىشىپ باقساڭلار». بۇنىڭغا يەنە جاۋاب چىقمىدى. يىغىندىن كېيىن، ئۇستازىم مېنى ئۆز يېنىغا چاقىرىپ، «ئەركىن، ياپونلۇقلارنىڭ بىر ئادىتى، ئۇلار ھەرگىز باشقىلارغا باش ئەگمەيدۇ. باشقىلارغا تەزىم قىلىشقا توغرا كەلگەندە، ئۇلار ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆز قارنىغا پىچاق تىقىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ. بۈگۈن بىزنىڭ مەكتەپنىڭ 1-مۇدىرى سەندەك بىر ئۇيغۇر ئۇچۇن بىر قانچە جۇڭگولۇققا باش ئەگدى. ئۇلارغا تەزىم قىلىپ تۇرۇپ يالۋۇردى. سەن بۇنىڭ قىممىتىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالما». بۇ گەپلەرنى دەۋاتقاندا، ئۇستازىمنىڭ ئاۋازى تىترەپ، كۆزلىرى ياش بىلەن لىق تولغانىدى. مەن ئۇنتۇپ قالمىدىم. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالالمايمەن. ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ھېلىقى ئۇستازىم مەن كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ۋاقتىمدا مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ، مەن ئىشلەيدىغان تەجرىبىخانىنى كۆرۈپ، بىزنىڭ ياتاقتا مېھمان بولۇپ باققان ئىدى. ئۇ بۇ يىل ئاپرېلدا ئامېرىكىغا يىغىنغا كېلىدىغان بولۇپ، مەن بىلەن كۆرۈشكىلى بىزنىڭ ئۆيگە يەنە كەلمەكچى.

مېنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغىنىم رادىئو ئېلېكترونىكىسى كەسپى بولۇپ، ئامېرىكىدا مېنى دەسلەپتە ئوقۇشقا قوبۇل قىلغان فىزىكا فاكۇلتېتى ئىدى. مەن 1-مەۋسۇمدا 3 دەرس تاللىدىم. جۇڭگودا ئوقۇغاندا، ئوقۇتقۇچى ھەر بىر دەرستىن بۈرۈن دوسكىغا بۈگۈن قايسى باب، قايسى پاراگرافنى ئۆتىدىغانلىقىنى

يېزىپ قوياتتى. ئامېرىكىدا ئۇنداق قىلمايدىكەن. دەرسنى كىتابتىكى تەرتىپ بويىچە ئۆتمەيدىكەن. مەن ئۇنى ئۇقمىغاچقا، دەسلەپتە ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى «ئوقۇتقۇچى كىرىش سۆزى سۆزلەۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپتىمەن. تاللىغان دەرسىنىڭ بىرى كۋانتوم فىزىكىسى بولۇپ، ئوقۇتقۇچى نيۇزەيكۇ (پادىچىلار ئىشتىنى) كىيىۋالغان، كۆينىكىنى ساڭگىلىتىپ قويغان ھەمدە گالستۇك تاقىۋالغان بولۇپ، داۋاملىق قولىدا ئۇزۇم كۆتۈرۈۋېلىپ، بىر تەرەپتىن ئۇزۇم يەپ، بىر تەرەپتىن دەرس سۆزلەيتتى. مەن «كىرىش سۆز قىسمىنى نېمىشقا بۇنچىۋالا ئۇزۇن سۆزلەيدىغاندۇ؟» دەپ ئويلايتتىم. ئۇ پروفېسسور 3 ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر كۈنى «كېلەر دۈشەنبە كۈنى ئىمتىھان ئالىمەن» دېدى. مەن ھەيران قېلىپ، «پروفېسسور، سىز دەرسنى قاچان باشلىغان ئىدىڭىز؟» دەپ سورىدىم. ئۇ كىشى «مۇشۇ مەۋسۇمنىڭ 1-سائىتىدىلا باشلىغان» دەپ جاۋاب بەردى. مەن چۆچۈپ كەتتىم. ئەسلىدە ئۇ كىشىنىڭ سۆزلەۋاتقىنى كىرىش سۆز ئەمەس، رەسمىي دەرس ئىكەندۇق! مەن ئۇ ئىمتىھاننى ئىنتايىن ناچار بەردىم. فىزىكا توغرىسىدا ئىنگلىزچە سۆزلۈكلەر ئۇ ياقتا تۇرسۇن، خەنزۇچە ھەتتا ئۇيغۇرچىنىمۇ بىلمەيتتىم. لېكىن، كىتاب ئوقۇيدىغانغا ۋاقىتلا بولسا، ھەر قانداق نەرسىنى ئۆگىنەلەيدىغانغا ئىشەنچىم بار بولغاچقا، بۇ مەكتەپكە ھېچقانداق ئىككىلەنمەيلا كەلگەنىدىم. بىراق، مېنىڭ ئىشىم پەقەت ئوقۇشلا ئەمەس. ھەر ھەپتىدە 3 تەجرىبە دەرسى ئۆتۈپ، 20 سائەت ئىشلىمىسەم بولمايتتى. ئىنگلىز تىلىنى ئۇ تىلنى سۆزلىمەيدىغان جۇڭگو بىلەن ياپونىيىدە ئۆگەنگەن بولغاچقا، دەسلەپتە مېنىڭ سۆزلەش ئىقتىدارىممۇ ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر بىر تەجرىبە دەرسىنى ئۆتۈش ئۈچۈن، 30 بەتلىك دەرسلىكنى كۆرۈپ، دەرس ئۆتۈشكە تەييارلىق قىلىشىم كېرەك ئىدى. مەن ئۈچۈن ۋاقىت ئىنتايىن قىس بولۇپ كەتتى. كىتاب كۆرۈشكە ۋاقىت يېتىشمەيتتى. ئىلاج بولماي، ئوقۇش باشلىنىپ 3 ھەپتە ئۆتكەندە، كۋانتوم فىزىكىسى دەرسىدىن چىقىۋالدىم. بىرىنچى مەۋسۇمدا پەقەت 2 دەرسنىلا ئوقۇپ، ھەر ئىككىلىسىدىن A ئالدىم. ئىككىنچى مەۋسۇمدىن باشلاپ سىنىپنىڭ ئەڭ ئالدىغا ئۆتتۇم. ئوقۇش پۈتتۈرگۈچە ھەممە دەرسلەردە A ئېلىپ، پەقەت بىرلا دەرستە B ئالدىم. بۇ دەرس «ئېلېكتىرو ماگنىت مەيدانى» دېگەن دەرس بولۇپ، ئۇ مېنىڭ كەسپىم ئىدى. ئۇ دەرسنى ئۆتكەن ئوقۇتقۇچى گېرمانىيىلىك رىكتەر ئىسىملىك پروفېسسور بولۇپ، دەرستە يۇقىرى تەلەپ قويۇشتا مەكتەپ بويىچە داڭقى بار ئىكەن. دەرس سۆزلىشى ئىنتايىن ياخشى بولۇپ، دوسكىغا بىر نەرسە يازسا، بىرەر پەش ـ چېكىتىنىمۇ

ئۆتتۇلۇپ قالماي تولۇق يازىدىكەن. ئۇ كىشى ھەر قېتىم دەرس ئۆتكەندە سىنىپتىكى قىز ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي، مەكتەپكە ئەرز قىلىپ بارىدىكەن. لېكىن، ئامېرىكىدا بىر پروفېسسورنىڭ بىر پادىشاھ بىلەن ئوخشاش ھوقۇقى بولغاچقا، مەكتەپتىن ئۇ كىشىنى ھېچ نېمە قىلالمايدىكەن. بۇ پروفېسسورنىڭ يەنە بىر ناچار يېرى، ئەگەر سىز ئۇنىڭ دەرسىنى تاللاپ بولۇپ، كېيىن ئۇنىڭ دەرسىدىن چېقىۋالىمەن دېسىڭىز، ئۇنىڭغا يول قويمايدىكەن (ئادەتتە بۇنىڭغا يول قويۇلىدۇ). فاكۇلتېتتىكى قالغان ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئۇنىڭغا ئۆچ بولغاچقا، ئۇنىڭغا باشقا بىر بىنادىن ئىشخانا بەرگەنىكەن. ئۇ كىشى بۇ دەرستە بىزنىڭ ئىمتىھانىنىڭ يېرىمىنى يېپىق، يېرىمىنى ئوچۇق ئالدى. سىز ئالدى بىلەن يېپىق قىسمىنى تۈگىتىپ، ئىمتىھان قەغىزىنى تاپشۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن ئوچۇق قىسمىنى ئىشلىگىلى يول قوياتتى. ئىمتىھانى ئىنتايىن تەس بولۇپ، مەن ئۇ دەرسنى ئوقۇغان چاغدا ئۇ كىشى ھېچكىمگە A بەرمىدى. شۇڭا مەن B ئالدىم. لېكىن، بۇ دەرسنى ئىنتايىن پۇختا ئۆگىنىۋالدىم. بۇ دەرسنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۆزۈمنى بۇ ساھەدە رەسمىي مۇتەخەسسىس بولغاندەك ھېس قىلدىم. مەن بۇ مەكتەپكە كېلىشتىن بۇرۇن، فاكۇلتېتتىكىلەر مېنىڭ تەتقىقاتىم ئۈچۈن بىر ياپونلۇق پروفېسسورنى بەلگىلەپ قويغان ئىكەن. ئۇ كىشى مۇشۇ مەكتەپنىڭ پروفېسسورى ھەمدە Caltech نىڭ زەرەت فىزىكىسى تەتقىقاتچىسى ئىكەن. فاكۇلتېت بويىچە تەتقىقاتتا ھەممىدىن ئاكتىپ ئىكەن. ماگىستىرلىق ماقالەم ئۈچۈن، مەن ياپونىيىدىكى تەتقىقاتىمنىڭ داۋامىنى قىلدىم. بۇ تەتقىقاتتا بىز ياپونىيىدە ھەل قىلالمىغان بىر مەسىلە بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ بىز نەزەرىيىۋى جەھەتتىن بىزنىڭ تەتقىقات مەسىلىمىزدە ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش قانۇنىنى ئىسپاتلاپ چىقىرالمىغان ئىدۇق. بۇرۇنقى ئىلمىي ماقالىنى ئېلان قىلىدىغاندا، بىز بۇ ئەھۋالنى ئىلمىي ژۇرنالنىڭ باش تەھرىرىگە ئېيتقان ئىدۇق. ئېنېرگىيە ساقلىنىش شەرتىدە چىققان خاتالىق ئىنتايىن كىچىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەزەرىيە بىلەن تەجرىبە نەتىجىلىرىنىڭ ناھايىتى يېقىن چىققانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلار بۇ ماقالىنى ئېلان قىلىشنى قارار قىلغانىدى. لېكىن، بۇ ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش قانۇنىدىكى مەسىلە ئامېرىكىدىمۇ داۋام قىلغانىدى. مەن ئوقۇش پۈتتۈرىدىغانغا بىر مەۋسۇم قالغاندا، ئۆزۈم ئىشلەپ چىقارغان تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئۇستازىمغا كۆرسىتىپ، شۇ ئاساستا ماقالە يېزىشنى باشلاشقا رۇخسەت ئالماقچى بولدۇم. لېكىن، ئۇ كىشى ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كەتتى. ئىنتايىن كەسكىن قىلىپ،

«ئەركىن، سەن ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش قانۇنىنى ئىسپاتلاپ چىقارمىساڭ بولمايدۇ. ئۇنداق قىلمايدىكەنسەن، ئوقۇش پۈتتۈرەلمەيسەن. ئەگەر ئۇ مەسىلىنى ھەل قىلمىساڭ، مېنىڭ قېشىمغا قايتىلاپ كەلمە» دېدى. بۇ مەن ئۈچۈن بىر ئېغىر سىناق بولدى. شان-شەرەپ بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرمەكچى بولغان ئادەم، بىراقلا ئوقۇش پۈتتۈرەلمەسلىك خەتىرىگە دۇچ كەلدىم. بىر قانچە كۈن قولۇم ھېچ ئىشقا بارمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەن مۇشۇ تەتقىقات مەسىلىسىدە قوللانغان ماتېماتىكىنىڭ ئەسلىدىكى كىتابىدىن بىرنى تاپتىم. ئۇ ئالىي مەكتەپلەردە ئۆتۈلىدىغان دەرس بولمىغاچقا، ماڭا پەقەت بىرلا يول بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ ئۇ كىتابنى ئۆزۈم ئۆگىنىپ چىقىش. مەن دەل شۇنداق قىلدىم. ماتېماتىكىنى تەپسىلىي چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۆزۈم بۇرۇن كەلتۈرۈپ چىقارغان فورمۇلىلارنىڭ ھەممىسىنى ناھايىتى ئىنچىكىلەپ قايتا تەكشۈرۈپ چىقتىم. ئاخىرىدا مەسىلىنى تاپتىم. ئەسلىدە مەن بۇ مەسىلىنى يېشىشكە باشلىغاندا، ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتىنى بۇرۇن پۈتتۈرۈپ چىقىپ كەتكەن بىر دوكتورلۇق ئوقۇغۇچىسىنىڭ دىسسېرتاتسىيىسىگە ئاساسلانغان ئىدىم. ئەسلىدە ئاشۇ دىسسېرتاتسىيىدە ئىككى ماتېماتىكىلىق ئوپېراتورنىڭ ئورنى ئالمىشىپ قالغان ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش قانۇنى توغرا چىقماپتۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن ئۇستازىم مېنى باشقىچە ھۆرمەتلەيدىغان بولدى. مېنىڭ ماقالەم ئامېرىكىدا چىقىدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك فىزىكا ئىلمىي ژۇرنىلى «Journal of applied physics» دا ئېلان قىلىندى. ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيىنى كىتاب قىلىپ چىقارغاندا، ئۇنىڭدىن 2 نۇسخىنى ئارتۇق چىقىرىپ، ياپونىيىدىكى 2 ئۇستازىمغا بىردىن ماڭدۇرۇپ بەردىم. يۇقىرىقىدەك ئوقۇش نەتىجەم بىلەن، بۇ مەكتەپتە ئوقۇغان 2 يىلنىڭ ھەر بىرىدە، بىر يىلدا فاكۇلتېت بويىچە پەقەت بىرلا ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىغا بېرىلىدىغان مۇكاپاتتىن بىرىگە ئېرىشتىم.

ئامېرىكىغا ئوقۇشقا كەلگەن چەت ئەللىكلەر دۇچ كېلىدىغان ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىقنىڭ بىرى، ئىقتىسادنى قانداق ھەل قىلىش مەسىلىسىدۇر. مەن ماگىستىرلىق ئوقۇشىغا بىر قانچە پېشقەدەملىرىمىزنىڭ ياردىمى بىلەن ھەمدە كەسىپ ئۆزگەرتىپ، تولۇق ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بىلەن كىردىم. لېكىن، دوكتورلۇق ئوقۇشىدا ماڭا ئۇنداق شەرت-شارائىت يوق ئىدى. شۇڭلاشقا، ئامېرىكىغا كېلىپلا بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدىم. مەن ماگىستىرلىق دەرسلىرىنى بىر يېرىم يىلدا (يەنى 3 مەۋسۇمدا) تۈگىتىپ بولۇپ، ئەڭ ئاخىرقى مەۋسۇمنى ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسى يېزىشقا ئاجرىتىپ قويدۇم. شۇڭا، بۇ ئەڭ

ئاخىرقى مەۋسۇمدا ۋاقتىم خېلى كەڭرى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆز فاكۇلتېتىمدىكى ھەپتىسىگە 20 سائەت قىلىدىغان ئوقۇتقۇچىلىقىمدىن باشقا، مەن يەنە مەكتەپنىڭ «ئاكادېمىيە ياردەم بېرىش مەركىزى» دە ھەپتىسىگە 10 سائەت ئەتراپىدا ئىشلىدىم. بۇ مەكتەپتىكى ئۆگىنىشتە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان ئورۇن بولۇپ، ھەر بىر ئوقۇغۇچى ھەر ھەپتىسى بۇ يەرگە كېلىپ، بىر سائەت مەخسۇس ياردەمگە ئېرىشەلەيتتى. بۇ يەردە دەرس چۈشەندۈرىدىغان ئوقۇتقۇچى ئىنگلىزچە Tutor دەپ ئاتىلاتتى. سائىتىگە 8.5 دوللار ئەتراپىدا پۇل بېرەتتى. مەندىن بىر قېتىم دەرس ئېلىپ باققان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى مەندىن ئىنتايىن رازى بولۇپ، داۋاملىق مېنى تاللايدىغان بولۇپ قالاتتى. شۇڭا، مەن بىر ھەپتىدە 10 سائەت ئىشلىسەم، بۇ 10 سائەتنىڭ ھەممىسىگە لىقمۇ-لىق ئوقۇغۇچى ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى (قېشىغا ئوقۇغۇچىلار ئانچە كەلمەيدىغان، ھەممە ۋاقىتتا تاپشۇرۇق ئىشلەپ ئولتۇرىدىغان Tutor لارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى). ئۇنىڭدىن باشقا، مەن فىزىكا، ماتېماتىكا ۋە ئېلېكتر كەسپلىرى بويىچە ئۆز ئالدىمغىمۇ شەخسىي Tutor لۇق قىلدىم. سائىتىگە 12 دوللار ئالدىم. دەسلەپتە مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىنالىرىنىڭ ئىچىگە ئېلان چاپلاپ قويدۇم. بۇ ئىشنى بىر نەچچە ئاي قىلغاندىن كېيىن، مېنىڭ دەرسنى ياخشى ئۆتىدىغانلىقىمدىن خېلى كۆپ ئوقۇغۇچىلار خەۋەر تېپىپ، مېنى ئۇلار ئۆزلىرى ئىزدەپ كېلىدىغان بولدى. ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ ئىچىدە ئۆز مەكتىپىمدىكى ئۆگىنىشى ئەڭ ناچارلارمۇ بار بولۇپ، ئەتراپتىكى باشقا ئالىي مەكتەپتىكى ئۆگىنىشتە ئەڭ ياخشى ئوقۇغۇچىلارمۇ، ھەتتا كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ لوس ئانژېلىس شۆبىسىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ بار ئىدى. شەنبە ۋە يەكشەنبە كۈنلىرىنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە ماڭا ئوقۇغۇچىلار لىق ئۆچۈرەت بولۇپ كېتىپ، كۈنىگە 12 سائەت دەرس ئۆتەتتىم. كەچتە ياتاققا قايتىپ بارغاندا، بىر كۈن توختىماي سۆزلىگەن بولغاچقا، ئايالىم ئامانگۈلگە گەپ قىلسام ئاۋازىم چىقماي قالاتتى. ئامانگۈل ئوغلىمىزنى 7 ئايلىق ۋاقتىدىلا سۈتتىن ئايرىۋېتىپ، 2 بالىنى ئۈرۈمچىدە قويۇپ ئامېرىكىغا كەلگەن بولغاچقا، دەسلەپتە زادىلا كۆنەلمىدى. ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش ئۈچۈن قولىغا كىتاب ئالسا، كۆزىگە 2 بالا كىتابنىڭ قىرغىقىدا ئولتۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. پاراڭلىشاي دېسە ئەتراپتا باشقا ئادەم يوق. مەن بولسام كۈنبويى مەكتەپتە. بىر ياش ئانا ئۈچۈن بۇ ناھايىتى كۆلپەتلىك كۈنلەر ئىدى. ئامېرىكىغا يېڭى كەلگەن 1-يىلىنىڭ ئىچىدە ئامانگۈل كۆپ يىغلايتتى. كەلگۈسىنى دەپ، ئۆزىنى ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلايتتى.

مەن دوكتورلۇق ئوقۇشى ئۈچۈن ئامېرىكىدىكى 10 دەك ئالىي مەكتەپنىڭ ئېلېكتىر ئىنژېنېرلىقى كەسپىگە ئىلتىماس قىلدىم. ئۇنىڭ ئىچىدە 6 مەكتەپتىن ماڭا ئوقۇش چاقىرىقى كەلدى. لېكىن، بىرىمۇ ماڭا ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بەرمىدى. ئېلېكتىر ئىنژېنېرلىقى كەسپى ئامېرىكىدا ئېھتىياجى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان كەسپ بولغاچقا، بۇ كەسپكە كەلگەن چەت ئەللىك دوكتورلۇق ئوقۇغۇچىلىرىغا 1-يىلى ئوقۇش ياردەم پۇلى بېرىلمەيدىكەن. مەن ئامالسىز، بىر يىل ئىشلەپ، ئاندىن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇش قارارىغا كەلدىم. ئەمما، 1989-1990-يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادى ئىنتايىن ناچارلىشىپ، خىزمەت تېپىش ئىنتايىن قىيىنلىشىپ كەتتى. مەن ئوقۇش پۈتتۈرۈشتىن بىر قانچە ئاي بۇرۇنلا خىزمەت ئىزدەشكە باشلاپ، پەقەتلا خىزمەت تاپالمىدىم. ئاخىرى بولماي، رېستوراندا كۆتكۈچى بولۇشقا ئىلتىماس قىلىشقا باشلىدىم. ئەمما، ئۇلار مېنىڭ ئىلتىماس جەدۋىلىمدىن مېنىڭ فىزىكىدا ماگىستېرلىق ئۇنۋانىم بارلىقىنى كۆرۈپلا، «سەن بۇ يەردە ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىمىگىدەكسەن»، دەپ مېنى ئىشقا ئالمىدى. هوللىۋودنىڭ كىنو ئارتىسلىرى تۇرىدىغان Berveley Hill دېگەن رايوندا كىچىك باللارنى باقسا، پۇلنى خېلى كۆپ تاپقىلى بولىدىكەن، دەپ ئاڭلىدىم. مەن كىچىكىمدە ئۆزۈمنىڭ ئۇكا-سىڭىللىرىنى خېلى بېقىپ باققان بولغاچقا، بۇنىمۇ سىناپ بېقىشنى قارار قىلدىم. ئەمما، مەن گېزىتتىكى ئېلاننى كۆرۈپ، ئۆي ئىگىلىرىگە تېلېفون قىلسام، «بىز ئەرلەرنى ئالمايمىز»، دەپ، ماڭا ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇش پۇرسىتىنىمۇ بەرمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مىڭ تەسلىكتە بىر ئېلېكترونلۇق توك يولى تاختىسىنى سىناپ تەكشۈرىدىغان 10 نەچچە كىشىلىك كىچىك شىركەتتىن ئىش تاپتىم. بۇ شىركەتنىڭ ئىگىسى بىر ئاق تەنلىك بولۇپ، قالغانلارنىڭ مەندىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى مەكسىكىلىقلار ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئۆز-ئارا ئىسپان تىلىدا سۆزلىشەتتى. شىركەتتىكى رادىئونىمۇ ئىسپانچە قانالغا قويۇپ قوياتتى. ئۇ مېنىڭ ئوقۇغان ئۇنۋانىم بىلەن ئاساسەن مۇناسىۋەتتى يوق بىر قارا خىزمەت بولۇپ، ماڭا سائىتىگە ئاران 5 دوللار بېرەتتى. بۇ يەردە بىر ئاي ئىشلەپ قارىسام، بىر ئايلىق كىرىمىمنىڭ بىر قىسمىنى ياتاققا تۆلەپ، بىر قىسمىنى تۇرمۇشقا ئىشلەتكەندىن كېيىن، بىزگە ئاران بىر-ئىككى يۈز دوللار پۇل قالىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن بىر يىلدا كېيىنكى مەكتەپنىڭ ئوقۇش پۇلىنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەن داۋاملىق ئىزدەپ يۈرۈپ، يەنە بىر شىركەتتە سائىتىگە 6.5 دوللار بېرىدىغان ئىش تاپتىم. ئۇ

ئېلېكتىر توك يولى تاختىسىنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان شىركەت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن 1-شىركەتتە ئەتىگەن سائەت 8 دىن چۈشكىچە، 2-شىركەتتە چۈشتىن كېيىن سائەت 1 دىن كەچ سائەت 10-11 لەرگىچە ئىشلەيدىغان قىلدىم. ئەتىگىنى ئۆيدىن سائەت 7 دە چىقسام، كەچتە سائەت 11 دىن كېيىن قايتىپ كېلەتتىم. بىر كۈنى 1-شىركەتتىن ئىشتىن چۈشۈپ، 2-شىركەتكە بېرىپ، بىناغا كىرىپ كېتىۋاتسام، پاراڭلىشىپ تۇرغان بۇ 2 شىركەتنىڭ ئىگىلىرىگە ئۇچرىشىپ قالدىم. ئەسلىدە بۇ 2 كىشى يېقىن دوستلاردىن ئىكەن. 1-شىركەتنىڭ باشلىقى «ئەركىن، نېمىشقا بۇ يەردە يۈرۈيدۇ؟» دەپ سورىدى. 2-شىركەتنىڭ باشلىقى «بىزنىڭ شىركەتتە ئىشلەيدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن، مېنىڭ 2 شىركەتتە تەڭ ئىشلەۋاتقانلىقىم پاش بولۇپ قالدى. ئۇلار مېنىڭ بىر ئىشىمنى قىسقارتىشىمنى قەتئىي تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن 1-شىركەتنى قىسقارتىپ، 2-شىركەتتە ھەر كۈنى 12 سائەت ئىشلەيدىغان قىلدىم. كېيىن قاراپ باقسام، بۇ يول بىلەن ھەر ئايدا يىغالايدىغان پۇل يەنە 500 دوللارغىمۇ بارمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مېنىڭ باشلىقىم ئۆزى ئىراندىن 15 يىل ئىلگىرى كەلگەن، ئەمما ئېرى ئامېرىكىغا كېلەلمىگەن بىر ئايال بولۇپ، باشقۇرۇش ئۇسۇلى ئىنتايىن ناچار ئىدى. ئۇ مېكسىكىلىق ئوقۇمىغان قارا خىزمەتچىلەرنى باشقۇرۇپ ئۆگىنىپ قالغان بولغاچقا، ماڭىمۇ دەل ئاشۇنداق مۇئامىلە قىلدى. ھەر كۈنى ئەتىدىن كەچكىچە كۆزۈمگە كىرىۋالاتتى. بەزىدە ئىشلەۋېتىپ بىر ئۆيدىن يەنە بىر ئۆيگە كېتىپ بارسام، «ئەركىن، نىمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟» دەپ سورايتتى. مەن ئاچچىقىمدا «ماۋۇ يەردىن ئاۋۇ يەرگە مېڭىۋاتىمەن!» دەپ جاۋاب بېرەتتىم. روھىي جەھەتتىن خۇددى ئاسماندىن يەرگە چۈشكەندەك بولۇپ، ھەر كۈنى ئىشقا بوينۇمنى باغلاپ تارتقاندەك باراتتىم. پەقەت پۇل ئۈچۈنلا ئىشلەيتتىم. بۇ شىركەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىسىرلىق كىشى بولۇپ، مېنىڭ ھەر كۈنى روھىم ئىنتايىن چۈشكۈن ئىشقا كېلىۋاتقىنىمنى كۆرگەندىن كېيىن، بىر كۈنى مېنى ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا چاقىرىپ، مەندىن ئەھۋال سورىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ دوكتورلۇقتا ئوقۇشقا پۇل يىغىش ئۈچۈن بۇ يەردە ئىشلەۋاتقانلىقىمنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، ئۇ كىشى ماڭا: «ئەركىن، ئەگەر ياخشىراق خىزمەت تاپالىساڭ، بۇ شىركەتتىن ھەر قانداق ۋاقىتتا چىقىپ كەتسەڭ بولىۋېرىدۇ. ھەرگىز بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى ئاياش ئويىدا بولما. مەنمۇ ئەينى ۋاقىتتا ساڭا ئوخشاش يوللارنى بېشىمدىن كەچۈرگەن. فىزىكىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئېلىپ بولغاندا، مەن ھېچيەردىن خىزمەت تاپالمىدىم. شۇنىڭ

بىلەن مەن ئۆزۈمنىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋانى بارلىقىنى ھېچكىمگە دېمەي، مۇشۇ شىركەتكە قارا ئىشچى ئورنىدا كىردىم. 5 يىلدەك ئىشلىگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۆزۈمنى ئاشكارىلىدىم. مانا ئەمدى ئۆز ئىقتىدارىمنى ھەقىقىي جارىي قىلدۇرالايدىغان بولدۇم. شۇڭا سەن بۇگۈن بىر ياخشىراق خىزمەت تاپساڭ، ئەتىلا چىقىپ كەتسەڭمۇ، مەن ھەرگىز خاپا بولمايمەن». بۇ يول بىلەن يېتەرلىك پۇل يىغىش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا، مەن ئاخىرى مېنى قوبۇل قىلغان مەكتەپلەرنىڭ بىرى بولغان كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئېلېكتىر ۋە كومپيۇتېر ئىنژېنېرلىقى فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرىغا تېلېفون قىلدىم. ئۇ كىشىگە ئۆزۈمنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقتا ئىنتايىن ياخشى ئىكەنلىكىمنى، شۇ سەۋەبتىن كالىفورنىيە شتات ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر ئىلغار ئوقۇتقۇچى دېگەن مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكىمنى ئېيتىپ، مېنىڭ ئوقۇش پۇلۇمنى كۆتۈرۈۋەتمىگەن تەقدىردىمۇ، ماڭا ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى بېرىشنى تەلەپ قىلدىم. ئۇ كىشى مېنىڭ بۇرۇنقى مەكتىپىمدىن يۇقىرىقى ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ باققاندىن كېيىن، ماڭا %25 خىزمەت بەردى. بۇ ھەپتىسىگە 10 سائەت ئىشلەيدىغان خىزمەت بولۇپ، ئامېرىكىدا پۈتۈن كۈنلۈك ئوقۇغۇچىلار ھەپتىسىگە %50 (يەنى 20 سائەت) ئىشلەشكە يول قويۇلىدۇ. ئامانگۈل بىلەن ئىككىمىز قانداق قىلىش توغرىسىدا بىر ھەپتە مەسلىھەتلەشتۇق. قايتا-قايتا پۇل ساندۇق. نەچچە كېچىنى ئۇخلىماي ئۆتكۈزدۇق. ماڭا ئۇ خىزمەتتىن كېلىدىغان مائاش 500 دوللار ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇ مەكتەپنىڭ بىر يىللىق ئوقۇش پۇلى 13000 دوللار ئىدى. ئاخىرى ئۇ مەكتەپكە بېرىشنى قارار قىلىپ، يۈك-تاقلىرىمىزنى ھەر بىرىنى 700 دوللاردىن سېتىۋالغان 2 كىچىك ماشىنىغا قاچىلاپ، 500 كىلومېتر يول يۈرۈپ، شىمالىي كالىفورنىيەگە كۆچۈپ كەتتۇق. ئۇ مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن، ئۇلار مېنىڭ خىزمىتىمنى %50 گە كۆتۈرۈپ بەردى. قالغان كەم يەرلىرىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، ئامانگۈل ھەر خىل جاپالىق خىزمەتلەرنى تېپىپ ئىشلىدى. ئۇ مەكتەپتە بىر يىل 3 مەۋسۇم بولۇپ، مەن 1-يىلى ئۆگىنىش ۋە ئوقۇتقۇچىلىق جەھەتتە خېلى كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولغاچقا، 2-يىلى فاكۇلتېتتىن مېنىڭ 3 مەۋسۇملۇق ئوقۇش پۇلۇمنىڭ ھەممىسىنى كۆتۈرۈۋەتتى. شۇ چاغدا بىر مەۋسۇملۇق ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغىمۇ ئېرىشەلمىگەن جۇڭگولۇق خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى فاكۇلتېت مۇدىرىنىڭ قېشىغا مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئەرز قىلىپ بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، مېنىڭ دوكتورلۇق ئوقۇشۇمدا ئايالىمنىڭ قوشقان تۆھپىسى ئىنتايىن كۆپ

بولۇپ، مەن ئالغان دوكتورلۇق ئۇنۋانىنىڭ بىر قىسمى ئامانگۇلگە تەۋەدۇر.

بۇ جەھەتتە ھېكايىلىرىم ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ھازىرچە مۇشۇ يەردە توختىتاي. مەن ئۆزۈم ئىشلەپ باققان ھەر بىر ئورۇندا، يۇقىرىدا تىزغان شەخسىي خاراكتېرىم بىلەن ناھايىتى يۇقىرى باھاغا ئېرىشىپ كەلدىم. مەسىلەن، ماڭا بېرىلگەن بىر قىسىم باھالار مۇنداق:

— مەن ھازىرغىچە ئۇچرىتىپ باققان ئەڭ ياخشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى.

— مەن ھازىرغىچە ئۇچرىتىپ باققان ئەڭ ئەقىللىق ئىلىم-پەنچى (scientist) نىڭ بىرى.

— مەن ھازىرغىچە ئۇچرىتىپ باققان ئەڭ ئالىيجاناب، ئەڭ ئىقتىدارلىق ئىنژېنېرنىڭ بىرى.

— ئىلمىي تەتقىقاتتا، ئىشلارنى داۋاملىق ئۆز نورمىسىدىن ئارتۇق قىلىدۇ.

— ھەممە خىزمەتنى تەلەپتىن كۆپ يۇقىرى ئورۇنلايدۇ.

— مەن ھازىرغىچە ئۇچرىتىپ باققان ئەڭ ياخشى پروفېسسورنىڭ بىرى.

— ئەگەر پروفېسسورلارنىڭ ھەممىسى ئەركىندەك بولسا، مەن ھازىرقىدىن يۇقىرى ئوقۇش پۇلى تۆلەشكە رازىمەن.

مەن دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئېلىپ، بىر يېرىم يىل ئامېرىكىنىڭ ساندىئا دۆلەتلىك تەجرىبىخانىسىدا دوكتور ئاشتى (پوستدوكتور) لىق بىلەن شۇغۇللاندىم. شۇ جەرياندا CVI Laser دېگەن بىر شىركەتنىڭ ئالېكس (Alex) دېگەن مۇئاۋىن رەئىسى بىلەن شىرىك ئىشلىگەن بولۇپ، پوستدوكتورلۇق تاماملانغاندا، ئۇ مېنى ئۆز شىركىتىگە خىزمەتكە ئالدى. بۇ كىشىنىڭ ئاتا-ئانىسى روسىيەدىن كەلگەن يەھۇدىيلاردىن بولۇپ، ئالېكس نيۇ يوركتا توغۇلۇپ ئۆسكەن، MIT ئۇنىۋېرسىتېتىدا باكلاۋۇر، كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بېركېلىي شۆبىسىدە دوكتورلۇق ئوقۇغان كىشى ئىدى. تۇغما ئەقىللىق بولۇپ، كەسپتە ئىنتايىن قابىلىيەتلىك ئىدى. لېكىن كىچىكىدىن تارتىپ ئائىلىسىدە خارلىق ئىچىدە چوڭ بولغان بولۇپ، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە بىر ئاز ناچار ئىدى. دەسلەپتە مېنى تۆزۈكرەك كۆزگە ئىلمىدى. ھە دېسىلا ماڭا قوپال مۇئامىلە قىلدى. لېكىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بىز ناھايىتى ياخشى چىقىشىپ كەتتۇق. بىر نەرسە ياساپ چىقىرىشتا، ئۇ كىشى بىر تېخنىكىنىڭ ئىشلەيدىغان-ئىشلىمەيدىغانلىقىنى ئالدىنئالا مۆلچەرلەشكە ئىنتايىن ماھىر ئىدى. مەن بولسام، ئۇنى لاھىيىلەپ، ئۇنىڭغا

كېتىدىغان زاپچاسلارنى تېپىپ ئېلىپ، ئۆزى تەجرىبىخانىدا ياساپ چىقىشقا قادىر ئىدىم. كېيىنچە ئىككىمىز بىرلەشسەك، بۇ دۇنيادا بىز قىلالمايدىغان ئىش يوقتەك تۇيۇلىدىغان بولدى. مەن بىلەن ئارىلىشىش جەريانىدا ئۇيغۇرلارنى، مېنىڭ بالىلىق هاياتىمنى، ھەمدە مېنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىگە بولغان چەكسىز سۆيگۈ ھېسسىياتىمنى تولۇق بىلىپ كەتتى. ئۇ تېخى كەلگۈسىدە ۋاقتىمىز چىققاندا، ئىككىمىز بىرلىشىپ مېنىڭ ھاياتىمنى ئىنگلىزچە يېزىپ، كىتاب قىلىپ چىقىرىشنى تەكلىپ قىلدى. مەن پاراڭلار ئارىسىدا ئۇنىڭغا، «قارا، مەن كىچىكىمدە قورسىقىم تويغىچە تاماق يېيەلمەي، ئېرىق-ئۆستەڭنىڭ پاسكىنا سۇلىرىنى ئىچىپ چوڭ بولغان بولساممۇ، ھازىر سەندەك بىر ئەقىللىق يەھۇدىيدىن قېلىشمايمەن. ئەگەر مەن سەن ئۆسكەن شەرت-شارائىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەن بولسام، سەندىن جىق ئەقىللىق بولاتتىم» دېسەم، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتاتتى. مەن ھەقىقەتەنمۇ ئېرىق-ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان ئىدىم. بىزنىڭ ئىدارىنىڭ ئالدىدا بىر كىچىك ئېرىق بار بولۇپ، بىز سۇنى شۇ يەردىن ئەپكىرىپ ئىچەتتۇق. بۇ ئېرىقنىڭ بېشى تارىم دەرياسى بولۇپ، بىزنىڭ ئىدارىنىڭ ئالدىغا كەلگىچە قانچىلىك جايلاردا بۇ سۇنى ئات-ئۇلاقلار ئىچىدىغانلىقى، قانچىلىك يەرلەردە كىچىك باللار ئۇنىڭ بېشىدىكى ئۆستەڭگە سۇغا چۈشىدىغانلىقى مەلۇم ئەمەس. مەن يېزىدا قايتا تەربىيە ئېلىۋاتقان مەزگىلدىمۇ، قىش كۈنلىرى بىر توڭلاپ قالغان ھور نېنىنى ئېلىپ، ئۆستەڭ بويىغا بىر چاشكا ئېلىپ بېرىپ، سۇنى شۇ ئۆستەڭدىن ئېلىپ، توڭلاپ قالغان ھور نېنىنى غاجىلاپ يەۋاتقاندا، ئۆستەڭنىڭ بېشىدا سۇغا كېچىپ تۇرۇپ سۇ ئىچىۋاتقان ماللارنى كۆرۈپ تۇراتتىم. يېزىدىكى تۇغقانلارنىڭ قېشىغا بارغاندا، ئېرىق بويلىرىغا ياساپ قويغان كىچىك كۆلچەكنىڭ سۈيىنى قول بىلەن ئىچكەندە، بەزىدە قولىمىزغا قۇمچاق (پاقىنىڭ بالىسى) چىقىپ قالاتتى. بىز قۇمچاقنى پۇۋلەپ چۈشۈرۈۋېتىپ، قولىمىزدىكى سۇنى ئىچەتتۇق. مەن تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرەي دېگەندە ئاندىن ئاقسۇ شەھىرىدە قۇدۇق پەيدا بولغانىدى. كېيىنچە ئالېكس مەندىن ناھايىتى تەسىرلىنىدىغان بولۇپ كەتتى. ئىككى يىلنىڭ ئىچىدە مائاشىمنى 50% ئۆستۈرۈپ بەردى. بىر كۈنى ئۇ مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ، «ئەركىن، مەندە سەندەك كىشىلىك پرىنسىپى دېگەن بىر نەرسە يوق ئىكەن. مەن ساڭا ۋە ئۇيغۇرلارغا ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن، بۈگۈندىن باشلاپ چوشقا گۆشى يېيىشنى توختىتىمەن»، دېدى. بۇ كىشى دىنغا ئىشەنمىگەچكە، بۇرۇن چوشقا گۆشىنىمۇ يەۋېرەتتى. بىزنىڭ دوستلۇقىمىز شۇنىڭدىن باشلاپ ئىزچىل

داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ كىشى ھازىر فلورىدا شىتاتىدا بولۇپ، ئۆزى بىر ئايرىم شىركەت قۇردى. ھەر قېتىم كالىفورنىيەگە كەلسە، چوقۇم بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ قونۇپ، مەن بىلەن پاراڭلىشىپ كېتىدۇ.

2000-يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ئالېكسنى مەن تونۇشتۇرۇپ، بىزنىڭ Wave Splitter دېگەن شىركەتكە ئالدۇردۇم. ئۇزۇن ئۆتمەي ئىككىلىمىز شىركەتنىڭ ئىنژېنېرلىق بۆلۈمىدىكى باشقا-باشقا گۇرۇپپىلارغا باشلىق بولدۇق. ئۇ ئۆز خىزمىتىدىن باشقا، مەن قىلىۋاتقان پروجېكتنىڭ بىر قىسىم مېخانىكىلىرىنى لايىھىلەشكە ياردەملىشىدىغان بولدى. ئۇ مەن ئۈچۈن ئاجايىپ جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ بەردى. بىر جىددىي ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن، 2-3 ھەپتە ھەر كۈنى 12 سائەتتىن ئارتۇق ئىشلىدى. لېكىن، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ نۇرلۇق تالا خەۋەرلىشىش ساھەسىدىكى ئىقتىسادىدا زور چېكىنىش يۈز بەردى. ئالېكس بىزنىڭ شىركەتتە پەقەت 9 ئاي ئىشلىگەندىن كېيىن، شىركەتتە بىر چوڭ خىزمەتتىن بوشىتىش بولۇپ، شۇ قېتىم ئۇنىمۇ ئىشتىن بوشىتىۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ گېرمانىيەنىڭ لامبدا-فىزىك دېگەن چوڭ لازېر شىركىتىنىڭ فلورىدادىكى تەتقىقات مەركىزىدىن ئىش تېپىپ، شۇ يەرگە كۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۇ شىركەتتىكى باشلىقى ئۆزىدىن 15 ياش كىچىك گېرمانلىق بولۇپ، ئۇ گېرمانلىق ئالېكسنى تازا بوزەك قىلىپتۇ. بىر كۈنى مەن ئالېكس بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشسەم، ئۇ ماڭا: «ئەركىن، ئەينى ۋاقىتتا مەن ساڭا قانداق مۇئامىلە قىلغان بولسام، مېنىڭ باشلىقىم ھازىر ماڭا شۇنداق مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا ھەر كۈنى ئازابلىنىۋاتىمەن. لېكىن، ھەر قېتىم مەن ئۇنىڭ ئەسكى مۇئامىلىسىگە ئۇچراپ، كۆڭلۈم يېرىم بولغاندا، سېنى ئويلايمەن. شۇنىڭ بىلەن ماڭا باشقىدىن كۈچ-قۇۋۋەت كىرىدۇ. ئەركىن قىلالىغاننى مەنمۇ قىلالايمەن، دەپ ئۆزۈمگە ئىلھام بېرىۋاتىمەن. ھازىر سەن مېنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگەم بولۇپ قالدىڭ. باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىلا ئەمەس، يەنە باشقا نۇرغۇن ئىشلاردا مەن سېنى ئۈلگە قىلىپ تىرىشىۋاتىمەن. بۇ مېنىڭ چىن كۆڭلۈمدىن چىققان گەپ»، دېدى.

ئامېرىكىدا ھەر قېتىم بىر يېڭى خىزمەتكە كىرىشتە، سىز ئالدى بىلەن ئۇ شىركەتكە ئىلتىماس قىلىسىز. ئۇ شىركەت سىزنى بىر ئاز مۇۋاپىق كۆرسە، ئالدى بىلەن سىزنى شىركەتكە چاقىرتىپ، دوكتورلۇق ئۇنۋانى بار كاندىداتلار بىلەن شىركەتنىڭ ھەممە باشلىقلىرى بىر-بىرلەپ كۆرۈشۈپ چىقىدۇ. بەزىدە سىزدىن ئىمتىھان ئالىدۇ. بەزىدە سىزنى بىر گۇرۇپپا ئادەمنىڭ ئالدىدا ئۆزىڭىزنىڭ بۇرۇن

قىلغان ئىشلىرىڭىز توغرىسىدا دوكلات بېرىشكە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بۇ تۈگىگەندىن كېيىن، ئەگەر سىز ئۇلارغا يارىسىڭىز، ئۇلار سىزدىن 4 گۇۋاھچى ئادەم (ئىنگىلىزچە «secnerefer lanoisseforp» دەپ ئاتىلىدۇ) نىڭ تىزىمىنى ئېلىپ، ئۇلار بىلەن تېلېفوندا بىر-بىرلەپ كۆرۈشۈپ، سىز توغرىلىق تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئەھۋال ئىگىلەيدۇ. ھەمدە سىزنىڭ ئۇلارغا ئېيتقانلىرىڭىزنىڭ راست-يالغانلىقىنى ئېنىقلايدۇ. ھازىر مېنىڭ تىزىمىمدا مەن بىلەن بۇرۇن بىرگە ئىشلەپ باققان پروفېسسور، ئىنژېنېر ۋە شىركەتلەرنىڭ چوڭ باشلىقلىرىدىن، ماڭا گۇۋاھچى بولۇپ بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنلەردىن 20 گە يېقىن ئادەم بار. ئۆتكەن يىل JPL گە خىزمەتكە كىرگەندە، تۆۋەندىكى 4 ئادەم گۇۋاھچى بولۇپ بەردى:

1) مېنىڭ دوكتورلۇق ئۇستازىم، كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئېلېكتىر ۋە كومپيۇتېر ئىنژېنېرلىقى فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى. ئۆزى ئافرىقىلىق ئاق تەنلىك بولۇپ، يېشى مەن بىلەن تەڭ، بالىلىرى مېنىڭكىدىن كىچىك. ئەمما، ئۇ كىشى ئۇزۇلدۇرمەي ئوقۇغان بولغاچقا، مەندىن 10 يىل بۇرۇن گېئورگىئا تېخنىكىلىق ئىنستىتۇتىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئېلىپ، پروفېسسور بولغان. مەن ئىشلىگەن تەتقىقاتىمنىڭ پەقەت يېرىمى بىلەن دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسى يېزىپ، 1995-يىلى 15 دىن ئارتۇق دوكتورلۇقنى ئالغانلار بىلەن رىقابەتلىشىپ، فاكۇلتېتنىڭ «ئەڭ ئالىي دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسى» دېگەن مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، بۇ كىشىگە چوڭ شان-شەرەپ كەلتۈرگەن ئىدىم.

2) مەن يۇقىرىدا چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈپ كەتكەن ئالېكس.

3) مېنىڭ ساندىئا دۆلەت تەجرىبىخانىسىدىكى پوستدوكتورلۇق ئۇستازىم، ھازىر گېئورگىئا تېخنىكا ئىنستىتۇتى (Georgia Institute of Technology) فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى. ئۇ كىشى دوكتورلۇقنى ستانفوردتىن ئالغان بولۇپ، دەرىجىدىن تاشقىرى قىسقا ئوپتىكىلىق پۇلسنى ئۆلچەش جەھەتتە بىر يېڭى ئۇسۇلنى كەشىپ قىلىپ، پۈتۈن دۇنياغا تونۇلغان. ئامېرىكىدا ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەتقىقاتلارنى ئىشلەيدىغان بىر قانچە قاتلام ئورۇنلار بار. دۆلەت تەجرىبىخانىسى شۇلارنىڭ بىرى. 1995-يىلى مەن دوكتورلۇقنى تۈگەتكەندىن كېيىن، مېنى ساندىئا دۆلەت تەجرىبىخانىسى پوستدوكتورلۇققا قوبۇل قىلدى. لېكىن، مەن ئۇ چاغدا جۇڭگو گىراجدانى بولغاچقا، مېنىڭ بۇ تەجرىبىخانىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئىشلىشىمگە يول قويۇلمىدى (جۇڭگو گىراجدانلىرى بۇ تەجرىبىخانىدىن چەكلەنگەن ئىكەن). شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار مېنىڭ مائاشىمنى

كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئارقىلىق بەردى. مەن شۇ ئالىي مەكتەپتە تۆرۈپ ئۆلارنىڭ تەتقىقاتىنى قىلدىم. مەن شۇ چاغدا لايىھىلىگەن ۋە CVI لازېر شىركىتىگە كىرگەندىن كېيىن ياساپ چىققان بىر لازېر سىستېمىسى ھازىر ئاسماننىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى ئوزون قەۋىتىنى يەر يۈزىدە تۆرۈپ كۆزىتىدىغان لىدار ئۈسكىنىسىگە ئىشلىتىلىۋاتىدۇ.

4) مەن Wave Splitter دېگەن شىركەتتە ئىشلىگەندىكى شىركەتنىڭ باش تېخنىكا ئوفىسورى (CTO)، ھازىر ئىنتېل (Intel) شىركىتى (يەنى كومپيۇتېرنىڭ CPU سىنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان شىركەت) نىڭ فوتونىك گۇرۇپپىسىنىڭ باش دىرېكتورى. ئۇ كىشى دوكتورلۇقنى TIM دىن ئېلىپ، بۇرۇن ئامېرىكىدا ئەڭ دەسلەپ قۇرۇلغان، تېلېفوننى ئىجاد قىلغان بېل (Bell) تەجرىبىخانىسىنىڭ بىر ئالىمى بولۇپ ئىشلىگەن، ھەمدە نۇرلۇق تالانىڭ دەسلەپتە تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشىغا خېلى چوڭ تۆھپە قوشقان ئىكەن. مەن ئۇ كىشى بىلەن 3 يىلدىن ئارتۇق بىرگە ئىشلىدىم.

مەن يېقىندا JPL نىڭ بىر 3 كۈنلۈك ئىنژېنېرلار كۇرسىغا قاتناشتىم. ئوقۇتقۇچى 1-سائەتلىك دەرسنىڭ بېشىدىلا، سىنىپتىكى 25 ئەتراپىدىكى ئىنژېنېر-مۇتەخەسسىسلەردىن ئۆزلىرىنىڭ قايسى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلىكىنى سىنىپتىكىلەرگە ئېيتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. قارىسام بۇ سىنىپتا چەت ئەلدىن كەلگەنلەردىن پەقەت مەنلا ئىكەنمەن. مەن ئوقۇغان ئوتتۇرا مەكتەپ بۇ يەر شارىنىڭ قەيېرىدە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ماڭا باشقىلاردىن 4-5 جۈملە سۆزنى ئارتۇق قىلىشقا توغرا كەلدى. لېكىن، مەن ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ تۆرۈپ سۆزلىدىم.

مەن CVI لازېر شىركىتىدە ئىشلەۋاتقاندا، بىر قېتىم گېزىتكە ئېلان چىقىرىپ، ئىلتىماس قىلغۇچى 80 كىشىنىڭ ئىچىدىن 3 نى تاللاپ بىزنىڭ شىركەتكە خىزمەتكە ئالدىم. ئۆلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى يۇقىرى دەرىجىلىك بوشلۇق چەمبىرىدە لازېر زاپچاسلىرىنى ئىشلەپ چىقىرىش ئىدى. بۇنى ئىشلەيدىغان ماشىنىنى باشقۇرۇش ئىنتايىن قىيىن بولۇپ، 2 قول بىلەن كۆزنى تەڭ ئىشقا سالمىسا، يۇكسەك دەرىجىدە زېھنىنى مەركەزلەشتۈرمىسە بولمايتتى. ئەگەر بىرەر خاتالىق بولۇپ قالسا، 10 مىڭ دوللارغىچە بولغان زاپچاس بۇزۇلۇپ كېتەتتى. ئۆلارغا سائىتىگە 17 دوللار ئەتراپىدا مائاش بېرىلەتتى. ھەممىسى ئالىي مەكتەپتە باكلاۋۇر ئۇنۋانى ئالغانلار بولۇپ، ئىككىسى ھىندىستانلىق، قالغان بىرسى ۋېيتناملىق ئىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆلارغا 2 ھەپتە بۇ ماشىنىنى

باشقۇرۇشنى ئۆگەتكەن بولسامۇ، ئۇلاردىن ئىككىسى زادىلا ئۆگىنەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن 2 ھەپتىدىن كېيىن ئۇ ئىككىسىنى ئىشتىن بوشىتىشقا مەجبۇرى بولدۇم. ئەتىسى ئىشتىن بوشىتىدىغان كېچىسى ئاساسەن ئۇخلىمىدىم. بۇرۇنقى سەرگۈزەشتىلىرىم كۆز ئالدىمغا كېلىپ، ئۇلارغا ئىچىم ئاغرىپ، ئىنتايىن ئازابلاندىم. ئۇلارنىڭمۇ ئائىلىسى، بالىلىرى بار ئەمەسمۇ؟ ئۇلارمۇ جان باقمىسا بولمايدۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنى ئىشخانامغا بىردىن-بىردىن چاقىرىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىشتىن چىقىرىلغانلىقىنى ئېيتىش، مېنىڭ ئۆمرۈمدىكى ئەڭ مۇشكۇل ئىشلارنىڭ يەنە بىرى بولدى.

دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادىتى، ئەنئەنىسى، قىلىق-مىجەزلىرى قاتارلىقلار بىر-بىرىنىڭكىگە ئوخشاپ كەتمەيدۇ. لېكىن، ئەگەر بىر ئادەمدە مەن يۇقىرىدا تىزغان كىشىلىك خاراكتىر بولسا، ھەمدە ھەممە جايدا، ھەممە ۋاقىتتا ئۆزىگە تەلەپنى يۇقىرى قويسا، ئۇ ئادەم بۇ دۇنيادىكى ھەر قانداق مىللەتنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ باشقا مىللەتلەر ئالدىدىكى ۋە خەلقئارادىكى ئوبرازى ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىپادىسى، جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسى ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ. ئەگەر سىز خۇسۇسى ئەخلاق-پەزىلەت ۋە خىزمەت ئىقتىدارى جەھەتتە باشقىلار بىلەن ھېچ بولمىغاندا تەڭلىشەلمىسىڭىز، بۇ دۇنيادىكى ھەر قانداق مىللەتنىڭ ئارىسىغا بېرىڭ، سىز يەنىلا خارلىنىسىز. نەزەرگە ئېلىنمايسىز. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ناخشا-ئۇسسۇل، چاقچاقلىرى بىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك بولغان، بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار مەدەنىيەتلەرنىڭ بىرى. بىز ئۇنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن قوغدىشىمىز، ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. لېكىن، بىزنىڭ يېقىنقى زاماندىن بۇيانقى ئەھۋالىمىز ئىسپاتلاپ تۇرغىنىدەك، بىز ئۆزىمىزنىڭ ناخشا-ئۇسسۇل، چاقچاقلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا مىللەتلەر ئالدىدىكى ۋە دۇنيادىكى ياخشى ئوبرازىنى تىكلىيەلمەيمىز. بۇ دۇنيا ئۇنداق ماڭمايدۇ. مەن ھازىرغىچە بىر يەھۇدىينىڭ ناخشا ئېيتقىنىنى ياكى ئۇسسۇل ئوينىغىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم. رىئاللىقتىمۇ، كىنودىمۇ كۆرۈپ باقمىدىم. يەھۇدىيلار، گېرمانلار، ۋە ياپونلۇقلار ئانچە كۈلمەيدۇ. چاقچاقنىمۇ ئانچە بىلمەيدۇ. لېكىن، مەلۇم مەنادىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇلار ھازىر دۇنيانى سوراۋاتىدۇ. دۇنيادىكى مىللەتلەر پۇرسەت ئالدىدا باراۋەر ئەمەس. ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بۇ تېخىمۇ شۇنداق. بۇ جەھەتتە بىز كۆنەلەپ، يىللاپ شىكايەت قىلساقمۇ بىز يوللۇق بولۇشىمىز مۇمكىن. لېكىن، ئۇنىڭ پايدىسى نېمە؟ ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالنى

ئۆزگەرتىشكە پايدىسى بارمۇ؟ ئەگەر پايدىسى بولمىسا، بىز ئۆزىمىزدىن سوراپ باقمىساق بولمايدۇ: مەن ئۆزۈمنى كەمسىتىدىغان باشقا مىللەتتىن بولغان خىزمەتدىشىم بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە تىرىشىۋاتىمەنمۇ؟ مەن ھە دېسىلا ئۇ يەر بۇ يەرلەردە ئولتۇرۇش ئويناپ يۈرگەندە، باشقا مىللەتتىن بولغان خىزمەتداشلىرىم نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئوبرازىنى ئۆزگەرتىشكە لايىق تەرىقىدە تىكلىشىنىڭ بىردىن-بىر يولى، ھەر خىل سۆپەت ۋە ئىقتىدار جەھەتتە ھېچ بولمىغاندا باشقىلار بىلەن تەڭلىشىش. ئەڭ ياخشىسى باشقىلارنى بېسىپ چۈشۈش. ھازىرقى شارائىتتا مىللىتىمىزنى قۇدرەت تاپقۇزۇشىمىزدا بۇ ئەڭ ئۈنۈملۈك يوللارنىڭ بىرىدۇر.

## 12-سوئال: چەت ئەل ياشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش-ئىزدىنىش روھى ھەققىدە سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

جاۋاب: چەت ئەل ياشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش-ئىزدىنىش روھى توغرىسىدا سۆز ئېچىشتىن بۇرۇن، مەن ئالدى بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك مائارىپ سىستېمىسى، ھەمدە ئوقۇش بىلەن كەلگۈسىدىكى خىزمەت، كىرىمنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەي. مەن ئامېرىكىغا كەلگەن 16 يىلدىن بۇيان پەقەت كالىفورنىيىدىلا تۇرغان بولغاچقا، يۇقىرىقى ئىشلاردا كالىفورنىيىنىڭ ئەھۋالىنى سەل ياخشىراق بىلىمەن. شۇڭا مەن كالىفورنىيىنى مىسالغا ئېلىشنى لايىق كۆردۈم.

ئامېرىكىنىڭ نوپۇسى 300 مىليون ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە كالىفورنىيىنىڭ نوپۇس سانى ئۇنىڭ 10 دىن بىر قىسمىغا، يەنى 35 مىليونغا توغرا كېلىدۇ. لېكىن، كالىفورنىيىنىڭ يىللىق ئىقتىسادىي كىرىمى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت يىللىق ئىقتىسادىي كىرىمىنىڭ 5 تىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئامېرىكىدا 50 شتات بولغىنى بىلەن، پەقەت كالىفورنىيىلا ئامېرىكا ئىقتىسادىي كىرىمىڭ 20 پىرسەنتتىن كۆپىنى يارىتىدۇ. يەنى، كالىفورنىيە ئامېرىكا بويىچە ئالىي مائارىپ ۋە يۇقىرى تېخنىكىلىق سانائەت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە مەملىكەت بويىچە ئەڭ ئالدىدا تۇرىدۇ.

كالىفورنىيىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنى جەمئىي 4 تۈرگە ئايرىش مۇمكىن:

1) كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى. بۇ مەكتەپنىڭ جەمئىي 10 شۆبىسى بار بولۇپ،

ھەر بىرىدە 20 مىڭ ئەتراپىدا ئوقۇغۇچى بار. بۇ مەكتەپلەرگە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى ئوقۇغان 12.5 پىرسەنت ئادەمنى ئالىدۇ. باكلاۋۇر، ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئۇنۋانلىرىنىڭ ھەممىسىنى بېرەلەيدۇ. ئۇلار تەتقىقات بىلەن ئالىي دەرىجىلىك تېخنىكىلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ئوقۇتۇش نىشانى قىلغان مەكتەپلەردىندۇر.

2) كالىفورنىيە شتات ئۇنىۋېرسىتېتى. ئۇنىڭ جەمئىي 22 شۆبىسى بار بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ ئوقۇغۇچى سانى 30 مىڭ ئەتراپىدا. ئەڭ ياخشى ئوقۇغان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 33 پىرسەنتى بۇ مەكتەپلەرگە كىرەلەيدۇ. باكلاۋۇر ۋە ماگىستىرلىق ئۇنۋانلىرىنى بېرەلەيدۇ. ئۇلار ئوقۇتۇشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، كالىفورنىيىنىڭ ئاساسلىق ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك تېخنىكىلىق خادىملىرىنى يېتىشتۈرىدۇ.

3) جەمئىيەت ئىنستىتۇتلىرى (ئىنگلىزچە «Community College» دەپ ئاتىلىدۇ). ئۇنىڭ جەمئىي 106 شۆبىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوقۇيالىغۇدەك ئىقتىدارى بار، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى بۇ مەكتەپلەرگە كىرەلەيدۇ. ئوقۇش مۇددىتى 2 يىل بولۇپ، 2 يىلدىن كېيىن ئىنگلىزچىدا « Associate in Art» ۋە «Associate in Science» دەپ ئاتىلىدىغان «كاندىدات باكلاۋۇر» ئۇنۋانى بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرسىمۇ بولىدۇ. ياكى بولمىسا، كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ياكى كالىفورنىيە شتات ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكىلىپ، يەنە 2 يىل ئوقۇپ، باكلاۋۇر ئۇنۋانى ئالسىمۇ بولىدۇ. ھەر بىر مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىنىڭ سانى 15 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، ئوقۇش پۇلى يۇقىرىقى قالغان 2 تۈرگە قارىغاندا كۆپ ئەرزان. شۇڭا ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار نۇرغۇن ئوقۇغۇچى دەسلەپكى 2 يىلنى مۇشۇ مەكتەپلەرنىڭ بىرىدە ئوقۇپ، ئاندىن 4 يىللىق ئالىي مەكتەپكە يۆتكىلىدۇ.

4) خۇسۇسىي ئالىي مەكتەپلەر. بۇ ئىقتىسادىي راسخوتىنى شتات ياكى دۆلەتتىن ئالمايدىغان مەكتەپلەر بولۇپ، كالىفورنىيە خۇسۇسىي ئالىي مەكتەپلىرى بىرلەشمىسى قارمىقىدا 77 ئالىي مەكتەپ بار ئىكەن. بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئىچىدە دۇنياغا داڭلىق مەكتەپلەردىن ستانفورد، Caltech ۋە جەنۇبىي كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى (ئىنگلىزچە «California Southern University» دەپ ئاتىلىدۇ) قاتارلىقلار بار.

مەن يۇقىرىدا تىزغان مەكتەپلەرنىڭ سانىنى قوشقاندا، ئۇ جەمئىي 215 ئالىي

مەكتەپ بولىدۇ. كالىفورنىيىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەمەلىي سانى بۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى بولۇشى مۇمكىن. 35 مىليون نوپۇسى بار بىر شتاتتا 215 ئالىي مەكتەپنىڭ بارلىقى، كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ. دۇنيادا بۇنىڭغا يېقىن كېلىدىغان باشقا بىر دۆلەت ياكى رايون بولماسلىقى مۇمكىن. بۇ پاكىت ھازىر نېمە ئۈچۈن كالىفورنىيىنىڭ دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەر ۋە رايونلار ئىچىدىكى ئىقتىسادىي كىرىمى 5-ئورۇندا تۇرىدىغان بىر رايون بولالىغانلىقىنى مەلۇم دەرىجىدە چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

ئامېرىكىدا ئوقۇغان بىلەن ئوقۇمىغانلارنىڭ مائاشى ئىنتايىن چوڭ پەرقلىنىدۇ. كالىفورنىيە ئامېرىكا بويىچە كىرىم ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان شتات بولۇپ، بۇ شتاتتىكى كىشىلەرنىڭ مائاشىمۇ يۇقىرى، نەرسىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئۆينىڭ باھاسىمۇ ھەممىدىن يۇقىرى. مەسىلەن، يېقىنقى بىر دوكلاتتقا ئاساسلانغاندا، لوس ئانژېلېس ناھىيىسىدىكى ئۆينىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى 450 مىڭ دوللار ئەتراپىدا ئىكەن. بۇ دېگەنلىك يېقىندا لوس ئانژېلېس ناھىيىسىدە سېتىلغان ئۆيلەرنىڭ يېرىمىنىڭ باھاسى 450 مىڭ دوللاردىن تۆۋەن، قالغان يېرىمىنىڭ باھاسى 450 مىڭ دوللاردىن يۇقىرى دېگەنلىكتىن ئىبارەت. ئىجارىگە بېرىلىدىغان 2 خانىلىق ياتاقنىڭ بىر ئايلىق ئىجارىسىمۇ 1000-1800 دوللار دائىرىسىدە. ئېلېكتىر، يۇمشاق دېتال، مېخانىكا، خىمىيە، ۋە بىئولوگىيە قاتارلىق ساھەدىكى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىغان تېخنىكلار ۋە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان ئىنژېنېرلارنىڭ يېڭى خىزمەتكە كىرگەن ۋاقتىدىكى ئوتتۇرىچە سائەتلىك مائاشىنى تەخمىنەن مۇنداق دەپ ئېيتىش مۇمكىن (بۇ بىر ئومۇملاشتۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويغان مۆلچەر بولۇپ، ئايرىم شەخسلەرنىڭ مائاشى بۇنىڭدىن كۆپ پەرقلىك بولۇشى پۈتۈنلەي مۇمكىن): ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرمىگەن تېخنىكلار: 10 دوللار؛ باكلاۋۇرلۇق ئالغانلار: 20 دوللار؛ ماگىستىرلىق ئالغانلار: 25 دوللار؛ دوكتورلۇق ئالغانلار: 35 دوللار ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى.

مەن ھازىر سىلەرگە بىر ئاددىي ھېساب ئىشلەپ بېرەي. بۇ ھېساب مەن تۆۋەندە بايان قىلماقچى بولغان بىر قىسىم نەرسىلەرنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق.

سائىتىگە 10 دوللار ئالىدىغان، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىغان بىر ياش 10 يىلدا قانچىلىك پۇل تاپىدۇ؟ ھەر بىر يىلنىڭ ئىچىدە 52 ھەپتە بار بولۇپ، ئامېرىكىدا بىر ھەپتىدە 5 كۈن، بىر كۈن 8 سائەت ئىشلەيدىغان بولغاچقا، بىر ئادەم بىر ھەپتىدە 40

سائەت ئىشلەيدۇ. شۇڭا، 10 يىللىق كىرىم = 10 دوللار × 10 (يىل) × 52 (ھەپتە) × 40 (سائەت) = 208 مىڭ دوللار.

سائىتىگە 20 دوللار ئالىدىغان، باكلاۋۇر ئۇنۋانى بار بىر ياش 10 يىلدا قانچىلىك پۇل تاپىدۇ؟ ئۇن يىللىق كىرىم = يۇقىرىقى پۇلنىڭ ئىككى ھەسسىسى = 416 مىڭ دوللار. لېكىن، بۇ ياش باكلاۋۇر ئۇنۋانى ئېلىش ئۈچۈن 4 يىل ئىشلىيەلمەيدۇ ھەمدە بىر يىللىق كىرىمى 4 يىللىق ئوقۇشى ئۈچۈن كېتىدۇ دېسەك، بۇ ياشنىڭ دەسلەپكى 10 يىللىق كىرىمىمۇ 208 مىڭ دوللار بولىدۇ.

نورمال ئوقۇغان بىر ياش، 22 يېشىدا باكلاۋۇر ئۇنۋانى ئېلىپ بولىدۇ. بۇنىڭغا يۇقىرىقى 5 يىلنى قوشساق، يۇقىرىقى 10 يىلدىن كېيىن بۇ ياشنىڭ يېشى 27 ياش بولىدۇ. بۇ چاغدا، باكلاۋۇر ئۇنۋانى بار ياشنىڭ سائەتلىك مائاشى 30 دوللارغا، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىغان ياشنىڭ مائاشى 15 دوللارغا ئۆسكەن بولۇشى مۇمكىن (ئامېرىكىدا بۇ پۈتۈنلەي مۇمكىن. كالىفورنىيىنىڭ سىلىكون جىلغىسىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانى بار ئىنژېنېرلار ئىچىدە سائەتلىك مائاشى 50−60 دوللاردىن ئاشىدىغانلار كۆرمىڭ). ئەگەر بۇ ئىككى ياش 60 ياشقىچە ئىشلىسە (ئامېرىكىدا 65 ياشقىچە ئىشلەيدىغانلار ئىنتايىن كۆپ)، بۇ يېڭى مائاش بىلەن يەنە 33 يىل ئىشلىيەلەيدۇ. ئۇلار بۇ 33 يىلدا قانچىلىك پۇل تاپىدۇ؟ باكلاۋۇر ئۇنۋانى بار كىشى 2 مىليون 59 مىڭ دوللار، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىغان كىشى 1 مىليون 30 مىڭ دوللار تاپىدۇ. بۇلاردىن باشقا، ئوقۇمىغان ئادەمنىڭ يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىش، كەسىپ جەھەتتە توختىماي ئىلگىرىلەش ئىقتىدارىمۇ تۆۋەنرەك بولىدىغان بولغاچقا، مائاشى ئۆسۈپ مەلۇم بىر سەۋىيىگە يەتكەندىن كېيىن توختىشى مۇمكىن. ئوقۇغانلار ئۈچۈن بولسا، كەسىپتە ۋە ئىقتىسادىي كىرىمدە ئۆمۈر بويى توختىماي ئىلگىرىلەش پۇرسىتى بولىدۇ.

ئوقۇغان بىلەن ئوقۇمىغاننىڭ پەرقى يالغۇز ئىقتىسادىي كىرىمدىلا ئەمەس. ئوقۇغانلارنىڭ قىلىدىغىنى كەسىپ ۋە تېخنىكا جەھەتتە بىر ئاز يۇقىرى دەرىجىلىك خىزمەت بولغاچقا، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، ئېرىشىدىغان ھۆرمىتىمۇ يۇقىرى بولىدۇ.

مەن بۇ ھېسابنى نېمە ئۈچۈن ئىشلىدىم؟ چۈنكى، بۇ ئامېرىكىدىكى كۆپ سانلىق ئاق تەنلىكلەر ئىشلەيدىغان ھېساب. ئۇ يەھۇدىيلار، ياپونلۇقلار، گېرمانلار ۋە ياۋروپادىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۆيدە چوقۇم ئىشلەپ كۆرىدىغان ھېساب. ھەر قانداق بىر تەرەققىي تاپقان ئەلدىن كېلىپ

چىققان كىشى بىلەن پاراڭلاشسىڭىز، سىز شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىسىزكى، ئۇلار مەيلى بىر ئىگىلىك پىلانى توغرىسىدا سۆزلىسۇن، مەيلى تۇرمۇشتىكى بىرەر ئاددىي ئىشلار توغرىسىدا سۆزلىسۇن، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدە سانلىق مەلۇماتلار ئىنتايىن كۆپ. ئۇلار ھەممە ئىشلارنى ھېسابلاپ تۇرۇپ قىلىدۇ. تەبىئىي پەن، ئىنژېنېرلىق ۋە ئىقتىسادلا ئەمەس، ئىجتىمائىي پەن ۋە سىياسەتتىمۇ شۇنداق. بولۇپمۇ، مەن بىر قەدەر چوڭقۇرراق ئارىلىشىپ باققان ياپونلۇقلار ۋە يەھۇدىيلار ئەنە شۇنداق. بۇ تەرەققىي تاپقان ئەللەردىكى «ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن ئىش قىلىش» دېگەن ئۇقۇمنى، «ھېسابلاپ تۇرۇپ ئىش قىلىش» دەپ ئاددىيلاشتۇرۇپ چۈشەنسىڭىز، ھەرگىز خاتالاشمايسىز. يەھۇدىي ئاتا-ئانىلار يۇقىرىقى ھېسابنى بەك ياخشى بىلگەچكە، ئۆزلىرى قانچىلىك جاپا چېكىشىدىن، خارلىنىشىشىدىن قەتئىينەزەر، پۇتۇن كۈچى بىلەن بالىلىرىنى ئوقۇتىدۇ. مەكتەپنىڭ ئەڭ ياخشىسىدا ئوقۇتىدۇ. ئەڭ قىيىن كەسىپلەردە ئوقۇتىدۇ. شۇڭلاشقا، ئامېرىكىدا كىرىمى ئەڭ يۇقىرى بولغان دوختۇرلۇق (مېدىتسىنا) كەسپى، ئادۋوكاتلىق كەسپى، ئىقتىساد كەسپى، ئالتۇن-بۇيۇم، سەنئەت ۋە كىنو ئىشلەش قاتارلىق كەسىپلەردە يەھۇدىيلارنىڭ نىسبىتى ئۇلارنىڭ نوپۇس سانى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئىنتايىن يۇقىرى.

ئامېرىكىدىكى كۆپ سانلىق ياشلارنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىش-ئىزدىنىش روھىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئەڭ مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ نېمە؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى يۇقىرىقى سانلىق مەلۇماتلاردىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. يەنى، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، يۇقىرىراق ئىقتىسادىي كىرىم ۋە شۇ ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغان ياخشىراق تۇرمۇشتىن ئىبارەت. ئامېرىكىدىكى ياشلارنىڭ كۆپىنچىسى كەلگۈسىدە باشقىلاردىن ياخشىراق ياشاش ئۈچۈن ئوقۇۋېدىغانلىقى ھەمدە كۆپىنچىسى ئوقۇش پۇلىنى ئۆز يانچۇقىدىن تۆلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ھېچكىم مەجبۇرلىمىسىمۇ، ناھايىتى تىرىشىپ ئوقۇيدۇ.

ئامېرىكىنىڭ مائارىپ سىستېمىسى 4 نومۇرلۇق سىستېما بولۇپ، دەرس نەتىجىلىرى مۇنداق بېرىلىدۇ: A=4، B=3، C=2، D=1 ۋە F=0. شۇڭا ھەممە دەرسلەردە تولۇق نومۇر ئالغانلارنىڭ ئوتتۇرىچە نومۇرى 4.0 بولۇپ، بۇ ئوتتۇرىچە نومۇر ئىنگلىزچىدا «Grade Point Average» ياكى قىسقارتىلىپ «GPA» دەپ ئاتىلىدۇ (ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدىكى ئوقۇشتا ئالاھىدە ياخشى ئوقۇغۇچىلارغا بىر خىل ئالاھىدە كاتېگورىيە بويىچە 4.0 دىن يۇقىرى نومۇرمۇ بېرىلىدۇ). مەن كالىفورنىيە شتات ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «Northridge»بىلەن

«Sacramento» دېگەن شۆبىسىدە، كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ Davis دېگەن شۆبىسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ باقتىم. نورمال دەرسىنىمۇ ۋە تەجرىبە دەرسلىرىنىمۇ ئۆتۈپ باقتىم. تەجرىبە دەرسلىرىدە، دەرسكە كەلمىگەن ئوقۇغۇچىنىڭ تەجرىبە دوكلاتى يېزىپ تاپشۇرۇشىغا يول قويمىدىم. دەرسكە كېلىپ، تەجرىبە ئىشلەپ، ئۇنىڭدىن دوكلات تاپشۇرغانلارنىڭ دوكلاتىنى تەكشۈرۈپ نومۇر بەردىم. دەرسخانىدا ئۆتۈلىدىغان نورمال دەرسكە كەلسەك، مېنىڭ كىم دەرسكە كەلدى، كىم كەلمىدى، ئۇنىڭ بىلەن ھەرگىز كارىم بولمىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىشلار بىلەن كارى بولۇشنىڭ ھەرگىزمۇ ھاجىتى يوق. سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ھەقىقىي بىلىم ئېلىش، ھەقىقىي ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئوقۇيدىغان بولغاچقا، ئۇلار ھەممە ۋاقىتتا كۆپرەك نەرسە ئۆگىنىۋېلىشقا تىرىشىدۇ. دەرسكە خۇددى ئوقۇتقۇچىدا قەرزى باردەك كىرىدۇ: مەن مەكتەپكە پۇل تۆلىدىم، شۇڭا سەن دەرسنى ياخشى ئۆتۈشۈڭ كېرەك. دەرس سۆزلەۋاتقاندا كىچىككىنە خاتالىق بولۇپ قالسىمۇ، ئۇلار دەرھال بىلىۋېلىپ، قولىنى كۆتۈرۈپ سوئال سورايدۇ. سىز شۇ نەق مەيداندا جاۋاب بېرىسىز. ئەگەر شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا جاۋاب بېرەلمىسىڭىز، ئوقۇغۇچىلارغا دەپ قويۇپ، كېيىنكى دەرستە جاۋاب بېرىسىز. مەكتەپ سىزگە بىر دەرسنى ئۆتۈشنى تاپشۇرغاندا، سىزگە ئوقۇغۇچىلار مۇشۇ دەرسنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن نېمىلەرنى بىلىشى كېرەك، شۇنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. قايسى كىتابنى ئۆتىسىز، قانداق تەرتىپ بويىچە ئۆتىسىز، قانچىلىك تاپشۇرۇق بېرىسىز، قانچە قېتىم ئىمتىھان ئالىسىز، ھەممىدە ئەڭ ئاخىرقى دەرس نەتىجىسىنى قانداق بېرىسىز، بۇ پۈتۈنلەي ئۆزىڭىزنىڭ ھوقۇقى. ئادەتتە، باكلاۋۇر ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس نەتىجىسى مۇنداق بېرىلىدۇ: تاپشۇرۇق 30 پىرسەنت، يېرىم مەۋسۇملۇق ئىمتىھان 30 پىرسەنت، مەۋسۇملۇق ئىمتىھان 40 پىرسەنت. سىنىپنىڭ ئەڭ ئالدىدىكى 10-15 پىرسەنت ئوقۇغۇچىغا A، ئۇنىڭدىن كېيىنكى 30 پىرسەنت ئوقۇغۇچىغا B، ئۇنىڭدىن كېيىن 30 پىرسەنت ئوقۇغۇچىغا C، قالغانلارغا D بىلەن F بېرىلىدۇ. ھەرگىز بىرەر ئىمتىھاننىڭ نەتىجىسى شۇ بويىچە ئوقۇغۇچىنىڭ دەرس نەتىجىسى بولۇپ ھېسابلانمايدۇ. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچىلار ھەقىقىي بىلىم ئىگىلەشنى 1-ئورۇنغا، ئىمتىھاندا يۇقىرى نومۇر ئېلىشنى 2-ئورۇنغا قويىدۇ. مەن ھازىرغىچە ئۇچراتقان ئاسىيالىقلار بولسا، بۇنىڭ قارمۇ-قارشىسىنى قىلىدۇ.

مەكتەپ پۈتتۈرۈپ بولۇپ، خىزمەت تېپىشتا، ئوتتۇرىچە مەكتەپ نەتىجىسى 2.5

نومۇردىن يۇقىرى بولسا بولۇۋېرىدۇ. يېڭى بىر شىركەتكە خىزمەتكە كىرگەندە، باكلاۋۇر ئۇنۋانى بارلارنىڭ مەكتەپ نەتىجىسى تەكشۈرۈلىدۇ. ئالىي مەكتەپنى 4.0 ئوتتۇرىچە نومۇر بىلەن پۈتتۈرگەنلەرگە بەزى شىركەتلەر «بىر ئاز چاتىقى بار ئوخشايدۇ» دەپ قارايدىكەن. ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئۇنۋانى بارلارنىڭ نەتىجىسىگە ئانچە قاراپ كەتمەيدۇ. لېكىن، ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇقتا ئوقۇش ئۈچۈن، باكلاۋۇر نەتىجىسى كەم دېگەندە 3.0، ئەڭ ياخشىسى 3.5 دىن يۇقىرى بولۇشى كېرەك.

ئىزاھلاپ ئۆتۈپ كېتىشكە تېگىشلىك بىر ئىش شۇكى، بىر كىشىنىڭ بىرەر ئۇنۋانى بولۇشى، ھەرگىز ئۇ كىشىنىڭ چوقۇم بىرەر خىزمەتكە ئورۇنلىششى كاپالەتكە ئىگە، دېگەندىن دېرەك بەرمەيدۇ. مەن يۇقىرىدا چۈشەندۈرگەن ھەر خىل دەرىجىدىكى مائاشنى چوقۇم ئالالايدۇ، دېگەندىنمۇ دېرەك بەرمەيدۇ. بۇ ئامىللار بىر كىشىنىڭ ئۇنۋانى بىلەن ئۇنىڭ ھەقىقىي بىلىمى ۋە خىزمەت ئىقتىدارى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ھەر بىر شىركەت سىزنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن خىزمەتكە ئالالىغانىكەن، سىزنى يەنە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن شىركەتتىن بوشىتالايدۇ. 2000-يىلىنىڭ ئاخىرى بىزنىڭ Wave Splitter دېگەن شىركەتكە فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا باكلاۋۇر، ئامېرىكىنىڭ خېلى داڭلىق بولغان خۇسۇسىي مەكتەپ Purdue ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان بىر خەنزۇ قىزنى ئالدى. لېكىن، ئۇ قىز ئىشنى زادىلا ياخشى قىلالمىدى. مەن بىرەرسى بىلەن تېخنىكىلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە پاراڭلاشسام، ئاستا قېشىمغا كېلىپ ئوغرىلىقچە ئاڭلايتتى. ئىنژېنېرلار يىغىنىدا پەقەت پىكىر قاتناشتۇرالمايتتى. مېنىڭ ئۇ قىزغا ئىچىم ئاغرىپ، ئۆزۈم شىركەت ئۈچۈن تەييارلىغان بارلىق تېخنىكىلىق ماتېرىياللارنى ئۇنىڭغا نۇسخىلاپ بەردىم. «ھەر قانداق ۋاقىتتا سوئالىڭ بولسا، مەندىن تارتىنماي سورا» دەپ تۇردۇم. لېكىن، بۇ قىز خىزمەتنى زادىلا قولىغا ئالالمىغاندىن كېيىن، شىركەتكە كىرىپ 5 ئاي ئەتراپىدا بولغاندا، ئۇنى شىركەتتىن بوشاتتى. 2003-يىلى مەن «نۇرلۇق تالا خەۋەرلىشش» خەلقئارالىق يىغىنىغا بارغاندا، بۇ قىزنى شۇ يىغىن زالىنىڭ خىزمەت ئىزدەش ئورنىدا ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇ قىز شۇ چاغقىچە باشقا خىزمەت تاپالماي يۈرۈپتۇ. چىڭخۇادا باكلاۋۇرلۇق ئېلىپ، ئامېرىكىدىكى يەنە بىر داڭلىق مەكتەپ بولغان پرىنسېتون ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتورلۇق ئالغان يەنە بىر خەنزۇ بالا بار بولۇپ، ئۇنىڭ بۇرۇن ئوقۇغىنى ئاكتىپ ئوپتىكىلىق زاپچاسلار ئىكەن. بىزنىڭ شىركەتتە قىلىدىغىنى پاسسىپ زاپچاسلار بولۇپ، ئۇ بالا ئىنژېنېرلار

گۆرۈپپىسىدا زادىلا ئىشلىيەلمىگەندىن كېيىن، ئۇنى شىركەتنىڭ سودا-سېتىق بۆلۈمى (ئىنگلىزچە Sales and Marketing Deparment دەيدۇ) گە يۆتكەپ قويىدى. لېكىن، ئۇ يەردىمۇ ياخشى ئىشلىيەلمىگەچكە، ئۆزۈن ئۆتمەي ئۇنىمۇ ئىشتىن بوشىتىۋەتتى. مەن بۇ يەردە ھەرگىز خەنزۇ بالىلارنىڭ ھەممىسى ياخشى ئىشلىيەلمەيدۇ، دېمەكچى ئەمەسمەن. يۇقىرىقىلار ناھايىتى داڭلىق مەكتەپلەردە ئوقۇۋان ئالالىغان بولسىمۇ، خىزمەت ئىقتىدارى تۆۋەن ھەمدە يېڭى شارائىتقا تېز ماسلىشىش قابىلىيىتى يوقلارنىڭ بىر قانچە مىساللىرىدىنلا ئىبارەت. ئامېرىكىدا ياخشى ئىشلەپ، ئۆز كۈنىنى ياخشى ئېلىپ كېتىۋاتقان خەنزۇلار ئىنتايىن كۆپ. ئۆزلىرى يۇقىرى تېخنىكىلىق شىركەت قۇرغانلارمۇ خېلى بار. مەن بۇنىڭدىن بىر قانچە يىل بۇرۇن ئوقۇغان بىر ماتېرىيالغا ئاساسلانغاندا، كالىفورنىيىنىڭ سىلىكون جىلغىسىدا جۇڭگو، شياڭگاڭ ۋە تەيۋەندىن كەلگەن، يۇقىرى تېخنىكىلىق شىركەتتە ئىشلەيدىغان خەنزۇ خادىملاردىن 50 مىڭدىن كۆپ ئادەم بار ئىكەن.

ئامېرىكىدىكى شىركەتلەر ھەقىقىي ئىقتىدارى يوق، شىركەتنىڭ ئىشلىرىغا ئۆز سالاھىيىتىگە چۈشلۇق تۆھپە قوشالمايدىغانلارنى ئىشتىن تېزلا بوشىتىۋەتكەن بىلەن، شىركەت ئۈچۈن مۇھىم كىشىلەرنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغدايدۇ. مەن بۇنىڭدىن بىر قانچە يىل بۇرۇن، سىلىكون جىلغىسىدىكى يەنە بىر شىركەتكە تېلېفون قىلىپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق تېخنىكا خادىمىنى ئىزدىدىم. ئۇلار ماڭا ئارىزونا (Arizona) شتاتىنىڭ بىر تېلېفون نومۇرىنى بېرىپ، شۇ يەرگە تېلېفون قىلىشىمنى ئېيتتى. مەن «سىلەرنىڭ ئارىزونادىمۇ بىرەر شۆبەڭلار بارمۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇلار «ياق، بىزنىڭ شىركەت بۇرۇن ئارىزونادا بولۇپ، كېيىن كالىفورنىيىگە يۆتكەپ كەلگەن. لېكىن ئۇ كىشى كالىفورنىيىگە كەلگىلى ئۇنىمىغاچقا، ئۇنىڭغا ئارىزونادا بىر ئايرىم ئىشخانا ئېچىپ بەردۇق» دېدى. مەن 2003-يىلى Wave Splitter دىن چىقىپ كېتىدىغانغا ئاز قالغاندا، ئۆزۈمنىڭ ھەممە تونۇشلىرىغا يېڭى ئىش ئىزدەۋاتقانلىقىم توغرىسىدا ئېلخەت يازدىم. مېنىڭ بۇرۇنقى ساندىئا دۆلەت تەجرىبىخانىسىدىكى ئۇستازىم، ھازىر گېئورگىئا تېخنىكىلىق ئىنستىتۇتى فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى مېنى ئۆز مەكتىپىنىڭ تارمىقىدا ئەمدىلا قۇرۇلغان، پەقەت بىر رەئىسى بىلەن بىر مۇئاۋىن رەئىسىدىن ئىبارەت ئىككىلا ئادىمى بار، شىركەت ئۈچۈن ئىقتىسادىي مەبلەغنى ھەل قىلىپ بولغان بىر شىركەتنى تونۇشتۇرۇپ قويىدى. بۇ شىركەتنىڭ ئىشلەپ چىقارماقچى بولغىنى، ھەر خىل دورا ۋە يېمەكلىكلەر شىركىتى دورا بىلەن يېمەكلىكتە مىكروب بار-يوقلۇقىنى

تەكشۈرىدىغان بىر ئوپتىكىلىق ئاپپارات بولۇپ، ئەسلىدە ئۇ مېنىڭ ئۇستازىمنىڭ بىر قانچە پاتېنتىغا ئاساسلانغان بولۇپ، مېنى شىركەتنىڭ باش تېخنىكى قىلىپ ئالماقچى بولدى. مەن كالىفورنىيىنىڭ يۇقىرى مائاشىغا كۆنۈپ قالغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ماڭا بەرگەن مائاشىنى ئاز كۆردۈم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ماڭا مائاش قوشۇپ بەرگەندى، مېنىڭ مائاشىم قالغان 2 كىشىنىڭكىدىن يۇقىرى بولۇپ كەتتى (ئاتلانتانىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كالىفورنىيەنىڭكىدىن جىق تۆۋەن بولۇپ، كالىفورنىيىدە بىر ئۆي ئالغان پۇلغا ئۇ يەردە كەم دېگەندە ئوخشاش دەرىجىلىك ئۆيدىن 2 ئۆي ئالغىلى بولىدۇ). ماڭا شىركەتنىڭ 3 پىرسەنتىنى بەرگەندى، ئۇنىمۇ ئاز كۆردۈم. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى 7 پىرسەنتكە كۆتۈرۈپ بەردى. ئەڭ ئاخىرىدا بىزنىڭ ئۆيىنى گېئورگىيا شتاتىنىڭ ئاتلانتا شەھىرىگە يۆتكەپ بېرىشتىن بۇرۇن، مەن ھەر 4 ھەپتە ئاتلانتادا ئىشلەپ، 5-ھەپتىسى ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، ئۆيدە بىر ھەپتە ئىشلەيمەن، دېگەن شەرتنى قويدۇم. ئۇلار بۇنىڭغىمۇ ماقۇل بولدى. لېكىن، دەل شۇ چاغدا، بىز تۇرۇۋاتقان شەھەرنىڭ قېشىدىكى شەھەرگە جايلاشقان بىر بىئولوگىيە تېخنىكىسى شىركىتىدىن ماڭا خىزمەت چىقىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئاتلانتادىكى شىركەتكە بارمىدىم. بۇنداق دېسەم، بەزىلەر ئۇچۇن مەن ئاجايىپ يۈزسىزدەك تۇيۇلۇشۇم مۇمكىن. بۇ ئامېرىكىدا ئىنتايىن نورمال ئىش. مەن بىر شىركەت ئۈچۈن ئاشۇنداق قىلالايمەن. بىر شىركەت مەن ئۈچۈنمۇ ئاشۇنداق قىلالايدۇ. 2001-يىلى ئايالىمنىڭ يۇمشاق دېتاللار شىركىتى ئازراق ئادەم قوبۇل قىلدى. يېڭى قوبۇل قىلىنغانلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى بۇ يېڭى خىزمەتنى باشلاشتىن بۇرۇن، ياۋروپاغا بېرىپ، بىر-ئىككى ئاي تاماشا قىلماقچى بولۇپ كېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا شىركەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولۇپ، ھېلىقى ئىشقا ئېلىپ بولغان، ئەمما تېخى خىزمەت باشلىمىغانلاردىن بىر قانچىسىنى شىركەتكە ئالماسلىقنى قارار قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شىركەت ياۋروپادا تاماشا قىلىۋاتقانلارغا «سىزنى ئىشتىن بوشاتتۇق. ئەمدى بىزنىڭ شىركەتكە كەلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ» دەپ خەت ماڭدۇرۇپتۇ. مېنىڭ ئاتلانتادىكى بۇرۇنقى ئۇستازىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم ھازىرمۇ ئىنتايىن ياخشى. يۇقىرىقى شىركەتتىكى ئۇ ئىككى ئادەم بىلەنمۇ ھېچ قانداق يامانلىشىپ قالمىدىم. مەن بارمايدىغانلىقىمنى ئېيتقاندا، ئۇلار «بىزگە بىرەر ئادەم كۆرسىتىپ بەرسەڭ» دەپ ئىلتىماس قىلىشىدى، مەن كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئۇستازىمنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدىكى بىر ئوقۇغۇچىسىنى كۆرسىتىپ بەردىم. كېيىن ئۇقسام، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شىركىتىگە

جەنۇبىي كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى يېڭى پۈتتۈرگەن بىر ياشنى ئېلىپتۇ.

مەن يۇقىرىدا ئامېرىكا توغرىسىدا خېلى كۆپ سۆزلىدىم. مەن تەسۋىرلىگەن بۇ ئىشلارنى بىزنىڭ يۇرتقا قانداق تەتبىقلاش مۇمكىن؟

يۇرتىمىزدا بۇ ئىشلار بىلەن ئالاقىدار مۇنداق 3 تەرەپ بار. 1) ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى. 2) ئوقۇتقۇچى ۋە ئاتا-ئانىلار. 3) ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى. ئامېرىكىنىڭ بۇ دۇنيادىكى نۇرغۇن تالانت ئىگىلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە بۇ دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت بولۇپ تۇرالىشىدىكى ئەڭ تۈپ سەۋەبلەرنىڭ بىرى، ئامېرىكىدا ھەممە ئادەم ئۈچۈن ئۆزى خالىغان كەسىپتە، ئۆزىنىڭ قۇدرىتى يېتىدىغان ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە بىلىم ۋە ئىقتىدار ئىگىلەيدىغان، ھەمدە بۇ بىلىم بىلەن ئىقتىدارنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئىشلىتەلەيدىغان پۇرسەت بار. يېقىنقى بىر قانچە يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭدىكى «خىزمەتنى بىر تۇتاش تەقسىم قىلىش» دېگەن سىياسەت، «خىزمەتنى ئۆزى تېپىش» دېگەن يېڭى بىر سىياسەتكە ئۆزگىرىپتۇ. بۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشىدۇر. ئامېرىكىدا ئەينى ۋاقىتتا مۇشۇنداق بىر ئۆتكۈنچى دەۋر بولغانمۇ-يوق، مېنىڭ بۇ جەھەتتىكى تارىختىن خەۋىرىم يوق. لېكىن، ھازىر ئامېرىكىدا «ھەممە ئادەم، ئۇنىڭ قايسى مىللەتتىن بولۇشى، قايسى دىنغا ئىشىنىشى، ئەر ياكى ئايال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خىزمەت پۇرسىتى ئالدىدا پۈتۈنلەي باراۋەر» دېگەن ئىنتايىن قاتتىق قانۇن بار. خىزمەت تېپىشتا بىر ئادەم ئازراق كەمسىتىشكە ئۇچراپ قالسا، ئۇ ئادەم شىركەت ئۈستىدىن ئەرز قىلالايدۇ. ئەگەر شىركەتنىڭ ئادەم كەمسىتكەنلىكى راست بولۇپ چىقسا، بۇ شىركەت ئىنتايىن ئېغىر جازاغا تارتىلىدۇ. ئادەم كەمسىتىدىغان ئىش-ھەرىكەتلەر ئۇ ياقتا تۇرسۇن، گەپ-سۆزنى قىلىشمۇ قاتتىق چەكلەنگەن. ئەگەر شىنجاڭدا «خىزمەتنى ئۆزى تېپىش» تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، «خىزمەت پۇرسىتى ۋە رىقابەت ئالدىدا ھەممە ئادەم، ھەممە مىللەت باراۋەر» دېگەن بىرەر قانۇن تۈزۈپ چىقىرىلمىسا ھەمدە بۇ قانۇن قاتتىق ئىجرا قىلىنمىسا، خۇددى ھازىرقىدەك، شىنجاڭدىكى شۇ ئىككى توك-توك ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئۇيغۇر ياشلىرى خىزمەت تاپالمايدۇ. سىز ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى يېتىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئىقتىدارىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشىغا شەرت-شارائىت ھازىرلاپ بەرمىسىڭىز، بۇ ھېچ بولمىغاندا بىر ئىقتىسادىي زىيان ۋە ئىسراپچىلىق ئەمەسمۇ؟ بۇ «دۇنيانىڭ ئىلغار تېخنىكىلىق سەۋىيىسىگە يېتىشىش»، «ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا

قىلىش» ۋە «جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ساقلاش» دېگەندەك شوئارلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا زور دەرىجىدە زىيانلىق ئەمەسمۇ؟

ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ، ھەقىقىي بىلىم ئىگىلىشىگە ئۇندەشتە ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئاتا-ئانىلارنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ. بۇنىڭدىن 10 يىل بۇرۇن، جۇڭگودا بۇگۈنكىدەك زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇشىنى كۆپىنچە ئادەملەر پەرەز قىلالمايتتى. بۇنىڭدىن كېيىنكى 10 يىل، 20 يىل، 30 يىلدىن كېيىن قانداق ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ؟ سىز ئوقۇغۇچىڭىزغا ياكى پەرزەنتلىرىڭىزگە يول كۆرسەتكەندە، نەزىرىڭىزنى ئاشۇنداق كەلگۈسىدە كېلىدىغان بىر دەۋرگە سېلىڭ. ھېچ بولمىغاندا، ھازىرقى ۋەزىيەتكە قاراپ، سىزنىڭ روھىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ ئوقۇغۇچىسى ياكى بالىڭىزنىڭكىدىن بەكرەك چۈشۈپ كەتمىسۇن. ئۆزىڭىزنىڭ روھى چۈشۈپ كەتسە، ياشلارغا ھەرگىزمۇ يول كۆرسىتەلمەيسىز.

بىر ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ئۇنىڭ بۇرۇن بولۇپ ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار توغرىسىدا توغرا يەكۈن چىقىرالىغانلىقىدا ئەمەس. بىر ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ئۇنىڭ كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلارنى توغرا مۆلچەرلىيەلىشىدە.

تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر جەمئىيىتىنىڭ ھەممىسى خۇددى بىر پارچە گۆشنى تالىشىۋاتقان بۆرە-يولۋاسلارنىڭ ئۇۋىسىغا ئوخشايدۇ. جۇڭگو جەمئىيىتىمۇ ھازىر دەل ئاشۇنداق بىر جەمئىيەت بولۇشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتىدۇ. ئەگەر سىز ھازىر ۋاقتىنى زايە قىلماي، ئۆزىڭىزدە ھەقىقىي بىلىم بىلەن ھەقىقىي ئىقتىدارنى يېتىلدۈرسىڭىز، كەلگۈسىدە پۇرسەت ۋە رىقابەت ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولىدىغان بىر جەمئىيەت شەكىللەنمەي قالغاندىمۇ، ھېچ بولمىغاندا سىزگە ھېچ قانداق زىيىنى بولمايدۇ. ئەگەر پۇرسەت ۋە رىقابەت ئالدىدا ھەممە ئادەم، ھەممە مىللەت باراۋەر بولىدىغان بىر جەمئىيەت شەكىللىنىپ قالسا، سىز ھازىر ئىگىلىگەن بىلىم بىلەن ئىقتىدار سىز ئۈچۈن بىر بىباھا گۆھەرگە ئايلىنىدۇ. ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىت خۇددى بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن تۇغقىنىغا ئوخشايدۇ. ئۇ بىر كەتكەندىن كېيىن مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدۇ. «ئەگەر يەنە بىر كۈن ھايات بولغان بولسا، ماۋۇنى قىلىپ بەرگەن بولسام»، «ئەگەر يەنە بىر ئاي ھايات بولغان بولسا، ئاۋۇنى قىلىپ بەرگەن بولسام»، بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ چاغدا سىز مىڭ يىغلىسىڭىزمۇ، تۇغقىنىڭىز تىرىلىپ بەرمەيدۇ. شۇڭا، تۇغقىنىڭىز ھايات ۋاقتىدا، سىز قىلىپ بېرىشكە تېگىشلىك ۋە سىز قىلىپ بېرەلەيدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىنى قىلىپ بېرىڭ. ھازىردىن باشلاپ قىلىپ بەرگەچ تۇرۇڭ. ئاشۇنداق

قىلىسىڭىز، تۇغقىنىڭىز ئۆلۈپ كەتكەندە ھېچ قانداق يىغلىمىسىڭىزمۇ بولۇۋېرىدۇ. مېنىڭچە، سىز ئۇ چاغدا پەقەتلا يىغلىمىسىڭىزمۇ، تۇغقىنىڭىز چوقۇم سىزدىن رازى بولۇۋېرىدۇ.

## 13-سوئال: چەت ئەللىكلەرنىڭ تۇرمۇشىدا كىتاب ئوقۇش ھەققىدە كۆزەتكەنلىرىڭىز قايسىلار؟

جاۋاب: مەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ كىتاب ئوقۇشقا ئائىت ئادەتلىرىنى ئۆزۈمنىڭ بىۋاسىتە كۆرگەنلىرى ئارقىلىق تەسۋىرلەپ بېرەي. مەن كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ داۋىس شۆبىسىدە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا، بىزنىڭ ئۆيگە باشقا بىر شتاتنىڭ كىچىك بىر يېرىدە تۇرىدىغان، ئۆزى مۇسۇلمان، ئەمما ئېرى ئامېرىكىلىق بىر دوستىمىز بىر قانچە كۈن تاماشا قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن كېلىپ، بىزنىڭ ياتاقتا 2 ئاخشام قوندى. بۇ دوستىمىزنىڭ ئېرى ئاشۇ دوستىمىز بىلەن توي قىلىش ئۈچۈن ئىسلام دىنىغا كىرگەندى. ئۇلار بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ ئەتىسى بازارغا چىقىپ قايتىپ كەلگەندە، ئۇ ئامېرىكىلىقنىڭ قولىدا ئىسلام دىنىغا ئائىت 3－4 ئىنگلىزچە كىتابنى كۆردۈم. ئۇلار تاماشا قىلىش جەريانىدا، مەخسۇس بىر قانچە كىتابخانىلارغا بېرىپ، ئىسلام دىنىغا ئائىت ئۆزلىرىدە يوق كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋالغان ئىكەن. مەن بۇ كىتابلارنى ۋاراقلاپ كۆرۈپ بېقىپ، ناھايىتى تەسىرلەندىم، ھەمدە ئىنتايىن خىجىل بولدۇم. ئىچىمدە، «چەت ئەلدە تۇرۇپ، ئۆزلىرىنى ‹مەن مۇسۇلمان› دەپ ھېسابلاپ يۈرىدىغان ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئۆز دىنى توغرىسىدا مۇشۇنداق ئىزدىنىدىغان ئادەملەردىن قانچىسى بار؟» دەپ ئويلىدىم.

كىتاب ئوقۇش ئامېرىكىلىقلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى ئىنتايىن مۇھىم تەركىبلەرنىڭ بىرى بولۇپ، كىتاب ئوقۇش ئادىتى ئۇلارنىڭ بالىلىق دەۋرىدىلا باشلىنىدۇ. كالىفورنىيىدىكى ھەر بىر ناھىيىدە 10 دىن 30 غىچە شەھەر بار بولۇپ، ھەر بىر شەھەرنىڭ بىردىن كۇتۇپخانىسى بار. سىزنىڭ ئائىلىڭىزدە 4 جان ئادەم بولسا، سىزنىڭ ئۆيىڭىز جايلاشقان شەھەرنىڭ كۇتۇپخانىسى ئائىلىڭىزدىكى 4 جان ئادەمنىڭ ھەممىسىگە ھەقسىز كۇتۇپخانا كىنىشكىسى بېرىدۇ. بۇ كۇتۇپخانىلاردا يېشى 3 كە كىرگەن بالىدىن تارتىپ، چوڭلارغىچە ھەممە ئادەمگە باب كېلىدىغان كىتابلار قويۇلىدۇ. كىتابتىن باشقا، مەخسۇس بالىلارنى تەربىيىلەشكە تەييارلانغان ئۈنئالغۇ ۋە سىنئالغۇ لېنتىلىرىمۇ بار بولۇپ، ھەر بىر كۇتۇپخانىدىكى كىتابلارنىڭ

ئەڭ كەم دېگەندە يېرىمى باللارغا ئائىت كىتابلار بولىدۇ. ھەر قېتىم ئارىيەت ئالىدىغان كىتاب ۋە لېنتىلارنىڭ سان چەكلىمىسى يوق بولۇپ، كىتابلارنى 3 ھەپتىلىك، لېنتىلارنى بىر ھەپتىلىك ئارىيەت بېرىپ تۇرىدۇ. بۇ كۇتۇپخانىلارنىڭ راسخوتىنىڭ بىر قىسمىنى شتاتلىق ھۆكۈمەت، قالغان قىسمىنى ھەر بىر شەھەر بىزدىن يىغقان يەر بېجى كىرىمىدىن چىقىرىدۇ. كىچىك باللىرى بار ئامېرىكىلىق ئاق تەنلىك ئاياللارنىڭ ئىچىدە ئىشلىمەي، ئۆز بالىسىنى پۈتۈن كۈن باقىدىغانلار خېلى يۇقىرى نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنداقلارنىڭ بىر ئادىتى ھەر كۈنى باللىرىنى ئۆز شەھىرىدىكى كۇتۇپخانىلارغا ئېپكېلىپ، بالىسى ھېرىپ قالغۇچە ئۇلارغا كىتاب ئوقۇپ بېرىش، بالىسى ھېرىپ قالغاندا ئۇلارنى ئۆزى خالىغان كىتابلارنى كۆرۈشكە بىر مەزگىل قويۇپ بېرىشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا، ئوقۇرمەنلەر ئامېرىكىنىڭ كىنوسىدىنمۇ كۆپ كۆرۈپ تۇرىدىغىنىدەك، ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئۇخلاشتىن بۇرۇن كىچىك باللىرىغا كىتاب ئوقۇپ بېرىش ياكى ئۇلارغا ھېكايە ئېيتىپ بېرىش ئادىتى بار. بۇنى ئۇلار «ئۇخلاش ۋاقتىدىكى ھېكايە» (ئىنگلىزچە «Bed time story») دەپ ئاتايدۇ. ئاشۇنداق قىلغاچقا، ئۇلارنىڭ باللىرى كىچىكىدىن تارتىپ كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ چوڭ بولىدۇ. بىر قېتىم ئايالىم بىلەن ئىككىمىز بالىغا كىتاب ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن كۇتۇپخانىغا بېرىپ، كىتاب ئىزدەۋېتىپ، 3 ياش ئەتراپىدىكى ناھايىتى ئوماق قىزچاقنىڭ ئاۋازىنى تازا قويۇپ بېرىپ كىتاب ئوقۇۋاتقىنىنى كۆردۇق. بىز ئۇ قىزنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ بىر دەم قاراپ تۇردۇق. تازا دىققەت قىلىپ قارىساق، ئۇ قىز بىر بەتنى تۈگەتمەيلا يېڭى بىر بەتنى ئېچىپ بولغان بولسىمۇ، ئالدىنقى بەتتىكى تېكىستنى ناھايىتى توغرا ئوقۇۋاتىدۇ. ئەسلىدە، بۇ قىز تېخى كىتاب ئوقۇشنى بىلمەيدىغان بولۇپ، ھېلىقى كىتابنىڭ تېكىستىنى پۈتۈنلەي يادلىۋالغان ئىكەن. شۇڭا، كىتابنى ئېچىپ، شۇ بىر بەتكە توغرا كەلگەن تېكىستنى پۈتۈنلەي يادقا ئوقۇپ، ئاندىن يېڭى بىر بەتنى ئاچىدىكەن. ئېھتىمال بۇ ئۆزىنىڭ ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان كىتابى بولۇپ، ئاپىسىغا قايتا–قايتا ئوقۇتۇپ، ئاخىرى ئۆزىگە ياد بولۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ. بىزمۇ ئىككى بالىمىز ئامېرىكىغا كەلگەن كۈندىن تارتىپ، ئۇلارنى ھەر كۈنى بىر سائەت ئەتراپىدا كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلەندۈردۇق. كۆپىنچە ۋاقىتتا ئۆزلىرىگە ئوقۇتۇپ، بىرىمىز ئۇلارنىڭ قېشىدا ئاڭلاپ ئولتۇردۇق. خاتالىقىنى تۈزىتىپ بەردۇق. بەزىدە ئۇلارغا كىتاب ئوقۇش پەقەت خۇش ياقماي قالسا، كىتابنى بىز ئۇلارغا ئوقۇپ بەردۇق. ئاساسەن ھەر ھەپتە دېگۈدەك ئۆزىمىزنىڭ كۇتۇپخانىسىغا بېرىپ، كىتابنى

ئالماشتۇرۇپ تۇردۇق. باللىرىمىز چوڭ بولۇپ، كۇتۇپخانىدىكى كىتابلارغا قىزىقمايدىغان بولۇپ قالغاندىن تارتىپ، بىز ئۇلارغا ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان كىتابلارنى سېتىپ ئېلىپ بېرىدىغان بولدۇق. شۇڭا ئىككى باللىمىزنىڭ ھازىرمۇ ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئوقۇيدىغان كىتابلىرى بار بولۇپ، ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئازراق كىتاب ئوقۇش ئۇلارغا پۈتۈنلەي ئادەت بولۇپ كەتتى. ئامېرىكىدا داڭلىقراق ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىشتا، ئوتتۇرا مەكتەپ نەتىجىسىدىن باشقا يەنە «سەۋىيە باھالاش ئىمتىھانى» دېگەن، ئىنگلىزچە « Scholastic Assessment Test (SAT)» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەملىكەتلىك ئىمتىھان نەتىجىسىگىمۇ قارايدۇ. مېنىڭ ئوغلۇم ھازىر شۇ ئىمتىھاندا سىنىلىدىغان ئىنگلىزچە سۆزلۈكلەرنى يادلاۋاتقان بولۇپ، ھەر كۈنى كەچتە مېنى چاقىرىپ، يېڭى يادلىغان سۆزلۈكلەرنى ۋە ئالدىنقى 4 كۈن ئىچىدە ئۆگەنگەن سۆزلۈكلەرنى ماڭا سىنىغۇزىدۇ. ئۇنىڭغا 20 مىنۇتتىن كۆپرەك ۋاقىت كېتىدىغان بولۇپ، ئوغلۇم قانداق ۋاقىتتا تەييار بولسا، مەن ئۆزۈم قىلىۋاتقان ھەر قانداق ئىشنى توختىتىپ قويۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ھېلىقى سۆزلۈكلەرنى ئۆتكۈزىمەن. ئەگەر تېلېۋىزوردا ئۆزۈم ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان بىر نەرسە كۆرۈۋاتقان بولساممۇ، ياكى مۇشۇ ماقالىنى يېزىۋاتقان بولسامۇ، ئوغلۇمنىڭ قىلىۋاتقان ئۇ ئىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى بىلدۈرۈش، ئۇنى داۋاملىق رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئۆز ئىشىمنى تاشلاپ قويۇپ، ئۆزۈمنىڭ ناھايىتى چارچاپ كەتكەنلىكىگە قارىماي، ئوغلۇمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە سۆزلۈكلەرنى تەكرارلايمەن.

ئامېرىكىدا ئاتا-ئانىلار باللارغا كۇتۇپخانىدىن كىتاب ئارىيەت ئېلىپ بەرگەندىن باشقا، بازاردىنمۇ نۇرغۇن كىتابلارنى سېتىپ ئالىدۇ. بولۇپمۇ ئاق تەنلىكلەرنىڭ باللىرىنىڭ ئۆيىگە قارايدىغان بولسا، چوقۇم بىردىن كىتاب ساقلاش ئورنى بارلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. باللار چوڭ بولغاندا، ياكى بۇ كىتابلاردىن زېرىككەندە، ئاتا-ئانىلار ئۇ كىتابلارنى ئۆز شەھىرىدىكى كۇتۇپخانىغا ئىئانە قىلىدۇ. شۇڭا ھەر بىر كۇتۇپخانىدا ئىئانە قىلغان كىتابلارنى قويۇپ قويىدىغان مەخسۇس ئورۇن ۋە قەغەز ساندۇقلار بولىدۇ. بەزى كۇتۇپخانىلار يىغىلغان كىتابلارنى ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلالمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالسا، «بۇ يەردىكى كىتابلارنى ئۆزىڭىز خالىغانچە ئېلىپ كەتسىڭىز بولىدۇ» دەپمۇ يېزىپ قويىدۇ.

باللارنى كىتاب ئوقۇشقا ئۈندەش پۈتۈن ئامېرىكا جەمئىيىتىگە سىڭىپ كەتكەن بىر ئىش بولۇپ، مەكتەپ، ئوقۇتقۇچى، ئاتا-ئانا، ۋە ھەر ساھەدىكى داڭلىق

ئەربابلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئىشنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم بۇرچلىرىنىڭ بىرى قاتارىدا تۇتىدۇ. ئامېرىكىدىكى باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەر ھەر يىلى بىر ئاينى «كىتاب ئوقۇش ئېيى» قىلىپ بەلگىلەپ، بۇ بىر ئاينىڭ ئىچىدە پۈتۈن مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا مەلۇم ساندىكى كىتابنى ئوقۇپ بولۇشنى تاپشۇرۇق قىلىپ بېرىدۇ. ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىغانلارغا مۇكاپات بېرىدۇ. مەن ئىككى بالامنىڭ «كىتاب ئوقۇش ئېيى» تۈگىگەندىن كېيىنكى «maerceci» زىياپىتىگە كۆپ قېتىم قاتنىشىپ باقتىم. باشلانغۇچنىڭ بالىلىرىنى كىتاب ئوقۇشقا قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن، ھەر بىر مەكتەپتە ھەر يىلى «كىتاب يەرمەنكىسى» پائالىيىتى ئېلىپ بارىدۇ. بۇ پائالىيەتتە بالىلار كىتابلىرىنى نەشر قىلىدىغان شىركەتلەر مەكتەپكە كېلىپ، ئۆزلىرى نەشر قىلغان ئەڭ يېڭى كىتابلارنى كۆرگەزمە قىلىدۇ ھەمدە نەق مەيداندا ساتىدۇ. بىر قېتىم مەن ئوغلۇمنىڭ مەكتىپىدىن بالامغا مەخسۇس كىتاب بۇيرۇتۇش توغرىسىدا بىر تەكلىپ تاپشۇرۇپ ئالدىم. پەقەت 5 دوللار خەجلەپ بىر كىتاب بۇيرۇتقاندىم، مەخسۇس ئوغلۇم ئۈچۈن بېسىلغان بىر كىتابنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. بۇ كىتابنىڭ ئىچىدىكى ئاساسي رولچى مېنىڭ ئوغلۇم بولۇپ، كىتابنىڭ تېشىغىمۇ ئوغلۇمنىڭ ئىسمى بېسىلغانىدى. مەن قاتتىق تەسىرلەندىم. ئامېرىكىنىڭ 2001-يىلىدىكى «11-سېنتەبىر» ۋەقەسى يۈز بەرگەن ۋاقىتتا، ئامېرىكا پرېزىدېنتى بۇش بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىگە قاتنىشىۋاتقانىدى. ئامېرىكىنىڭ ھۆكۈمەت خادىملىرى شۇ مەكتەپكە بېرىپ، بىر سىنىپتا بۇشنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، نيۇ-يوركتا بولغان ۋەقەنى دوكلات قىلغان. ئامېرىكىدىكى باشقا ئاتاقلىق ئەربابلارمۇ باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە بېرىپ، بالىلارغا كىتاب ئوقۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى بىز تېلېۋىزوردا داۋاملىق كۆرۈپ تۇرىمىز.

بىز شىمالىي كالىفورنىيىنىڭ داۋىس دېگەن شەھىرىدە 1990-يىلىدىن 1997-يىلىغىچە 7 يىل تۇردۇق. تۇرغان ياتىقىمىز كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەقەت توي قىلغان ئوقۇغۇچىلارغىلا ئىجارىگە بېرىدىغان ياتاق بىنا رايونىدا بولۇپ، ئۇ يەردە تۇرىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى. 1997-يىلىدىن 2004-يىلىنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە شىمالىي كالىفورنىيىدىكى سان فرانسىسكو شەھىرى بىلەن سىلىكون جىلغىسىغا يېقىن جايدىكى سان رامون دېگەن شەھەردە ئۆزىمىز سېتىۋالغان ئايرىم بىنالىق ئۆيدە تۇردۇق. بۇ شەھەر ئامېرىكىدىكى تۇرمۇش سەۋىيىسى ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك كىشىلەر تۇرىدىغان شەھەر بولۇپ، بۇ شەھەردىكىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق ئائىلە كىرىمى

87 مىڭ دوللار ئىكەن (كالىفورنىيىدە يىللىق ئائىلە كىرىمى 30 مىڭ دوللاردىن تۆۋەنلەر كەمبەغەللەر ھېسابلىنىدۇ).

داۋىستە مەكتەپنىڭ بىر چوڭ سۇ ئۈزۈش كۆلى بار بولۇپ، ياز كۈنلىرى بىز باللىرىمىزنى داۋاملىق شۇ يەرگە ئاپىراتتۇق. سان رامون شەھىرىدە بولسا، بىزنىڭ بىر كىچىك رايونغا تەۋە بىر سۇ ئۈزۈش كۆلى بىلەن بىر تېننىس (tennis) توپ مەيدانى بار ئىدى. بىزدە ئۈلارنىڭ ئاچقۇچى بار بولۇپ، بىز ئۇلارنى خالىغان ۋاقىتتا ئىشلىتەلەيتتۇق. بۇ كۆللەرنىڭ بىر تۈرۈمى، 15 ياشتىن كىچىك باللار سۇ ئۈزگەندە، ئۇلارنىڭ قېشىدا چوقۇم بىرەر 18 تىن يۇقىرى ياشتىكى ئادەم بولۇشى كېرەك. بىز باللىرىمىزنى سۇ ئۈزۈشكە ئاپارغاندا، كۆزىمىزگە داۋاملىق چېلىقىدىغان بىر ئىش، نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار باللىرىنى سۇدا ئوينىغىلى قويۇپ بېرىپ، ئۆزلىرى بىر تەرەپتىن باللىرىنى كۆزەتكەچ، بىر تەرەپتىن كىتاب ئوقۇشتىن ئىبارەت ئىدى. بىزنىڭ ياتاق رايونىمىزدا مەخسۇس باللار ئويناش ئۈچۈن ياسالغان سىيرىلغۇچ، ئىلەڭگۈچ، يامىشىپ چىقىپ ئوينايدىغان 2-3 مېتىر ئېگىزلىكتىكى قۇرۇلمىلار ۋە قۇملۇقلار بار بولۇپ، ئىشلىمەيدىغان ئانىلار باللىرىنى شۇ يەردە ئوينىغىلى قويۇپ بېرىپ، ئۆزلىرى كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتى. بىزنىڭ سان راموندىكى قوشنىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك گېزىتكە مۇشتەرى بولغانىدى (ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە گېزىت توشۇغۇچى گېزىتلەرنى ھەر بىر مۇشتەرىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قويىدىغان بولغاچقا، بىز ئىشقا ماڭغاندا قوشنىلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى گېزىتنى ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرىمىز). كالىفورنىيىدىكى شەخسىي ئۆيلەرنىڭ ئارقا ھويلىسىغا قارىسىڭىز، مەخسۇس كىتاب ئوقۇش ئۈچۈن تەييارلانغان ھەر خىل ئورۇندۇقلارنى چوقۇم كۆرىسىز. مەن بىلەن بىر مىنبۇستا ئىشقا بارىدىغان خادىملارنىڭ ئىچىدە، يول بويى كىتاب ئوقۇيدىغانلاردىن بىر قانچىسى بار.

بىز ئاپتوبۇس بېكىتىدە ئاپتوبۇس ساقلاپ تۇرغان، پويىز بېكىتىدە پويىز ساقلاپ تۇرغان، ئايروپىلان ئىستانسىسىدا ئايروپىلان ساقلاپ تۇرغانلارنىڭ كۆپىنچىسى گېزىت ياكى كىتاب ئوقۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىمىز. ئايروپىلان ۋە پويىزدىكى يولۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسىمۇ كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. باغچىلاردىكى چىملىقنىڭ ۋە دېڭىز بويىدىكى قۇملۇقتا ئاپتاپ سىنۇۋېتىپ، كىتاب ئوقۇپ ياتقان كىشىلەرنى داۋاملىق ئۇچرىتىمىز. دۇكانلاردا پۇل تۆلەشكە ئۆچىرەت تۇرغاندا، نۆۋىتى كەلگەن ئايالالارنىڭ سومكىسىدىن پۇل ياكى بانكا كارتىلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن سومكىسىدىكى كىتابنى ئېلىپ بىر تەرەپكە قويۇپ

قويغىنىنى داۋاملىق كۆرۈپ تۇرىمىز. مېنىڭ پەرىزىمچە، سومكا كۆتۈرۈۋالغان ئامېرىكىلىقلارنىڭ سومكىسىنى ئاختۇرسا، يېرىمىدىن كۆپىنىڭ سومكىسىدىن كەم دېگەندە بىرەر كىتاب، ژۇرنال ياكى گېزىت چىقىشى مۇمكىن. ئامېرىكىدىكى خېلى نۇرغۇن كىتابلار، بولۇپمۇ رومانلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن كەڭلىكى ئادەتتىكى كىتابلارنىڭكىدىن كىچىك بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى كۆتۈرۈپ يۈرۈش ئىنتايىن قولايلىقتۇر.

تەرەققىي تاپقان جەمئىيەتنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، بۇ جەمئىيەتتىكى كىشىلەر بىر-بىرى بىلەن ئېغىز ئارقىلىق ئالاقە قىلىشقا ئىنتايىن ماھىردۇر. ئامېرىكا جەمئىيىتىدە، نۇرغۇن ئىشلار تېلېفون ئارقىلىقلا بېجىرىلىدۇ. تېلېفون ئارقىلىق بېجىرگىلى بولىدىغان ئىشلار ئۈچۈن ھېچكىم مەخسۇس يول يۈرۈپ، قارشى تەرەپنىڭ قېشىغا بارمايدۇ. بەلگىلىك مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە كىشىلەر بىلەن ھەر قانداق بىر مەسىلە ئۈستىدە سۆزلەشسە، ئۇلار ناھايىتى ئورۇنلۇق پىكىر يۈرگۈزەلەيدۇ. مانا بۇلار يۇقىرىقىدەك كىتاب ئوقۇشنى ئۆمۈر بويى تاشلىماسلىق ئادىتىنىڭ نەتىجىسىدۇر. باكالاۋۇر ئۇنۋانىدىن يۇقىرىنى تەلەپ قىلىدىغان خىزمەتلەرنىڭ ئېلانلىرىغا قارىسىڭىزمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە «مۇكەممەل ئېغىز بىلەن قەلەم ئارقىلىق ئالاقىلىشىش ئىقتىدارى بولۇشى كېرەك» دېگەن جۈملىنى چوقۇم كۆرىسىز. بۇ ئامېرىكا جەمئىيىتىدە ئېغىز بىلەن قەلەم ئارقىلىق ئۆز-ئارا ئۈنۈملۈك ئالاقىلىشىشنىڭ قانچىلىك مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مەن CVI Laser دېگەن شىركەتتە ئىشلىگەن ۋاقتىمدا، بىزنىڭ بۇ شۆبە شىركىتىمىزدە مەخسۇس تېلېفون ئارقىلىق سودا-سېتىق قىلىدىغان خادىمدىن 3 كىشى بار ئىدى. بەزىدە ئاغرىق ۋە تەتىل قىلىپ دەم ئېلىش سەۋەبلىرى بىلەن بۇ 3 كىشىنىڭ ھېچقايسىسى ئىشقا كەلمەي قالغاندا، مېنىڭ باشلىقىم مېنى شۇ ئىشقا سېلىپ قوياتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى خېرىدارلار ئۆزىگە لازىم بولغان ئاپپاراتنىڭ فۇنكسىيىسىنى بىزنىڭ تىجارەت خادىملىرىمىزنىڭ بىرەرسىگە ئېيتىپ، ئۇنىڭ لايىھىسى قانداق بولسا ياخشىلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭغا قايسى زاپچاسلارنى ئالسا بولىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ خادىمنىڭ تېخنىكىدىن يېتەرلىك خەۋىرى بولمىغاچقا، مېنى ياردەمگە چاقىراتتى. مەن ئۇنداق خېرىدارغا تېلېفوندىلا بىرەر نەرسىنى لايىھەلەپ چۈشەندۈرۈپ، ئۇنىڭغا قايسى زاپچاسلارنى ئىشلەتسە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەتتىم. بىر قېتىم بىر ئالىي مەكتەپنىڭ پروفېسسورى

ئۆزىگە بىر ئالاھىدە لازېر ئەينىكىنىڭ لازىملىقىنى ئەمما ئۇ ئەينەكنىڭ بىزنىڭ شىركەتنىڭ مەھسۇلات تىزىملىكىدە يوقلۇقىنى ئېيتىپ، مېنىڭ ئاشۇنداق ئەينەكنى قايسى شىركەتنىڭ چىقىرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىشىمنى ئىلتىجا قىلدى. مەن بىزنىڭ شىركەتنىڭ ئىسكىلاتىدىن زاپچاس تېپىپ بېرىدىغان بىر خادىمنى خۇسۇسىيىتى ھېلىقى ئەينەككە يېقىن كېلىدىغان بىر خىل ئەينەكتىن 10 دانىسىنى قايتا ئۆلچەپ، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى ماڭا ماڭدۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇدۇم. نەتىجىسى چىققاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھېلىقى پروفېسسورغا لازىم ئەينەككە ئەڭ يېقىن كېلىدىغان بىرىنى تاللاپ، ئۇ پروفېسسورغا سېتىپ بەردىم. ئۇ پروفېسسور ماڭا جىق رەھمەت ئېيتتى. ھەمدە ئۆز تەجرىبىسىنى بۇ ئەينەك بىلەن غەلىبىلىك ئىشلەپ، تەتقىقات نەتىجىسىنى بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ئىلمىي تەتقىقات ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغاندا، ماقالىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا مېنىڭ ئىسمىمنى ئاتاپ تۇرۇپ ماڭا قايتىدىن رەھمەت ئېيتتى. ئۇ پروفېسسور بۇ ۋەقەنى ئۆزىنىڭ باشقا تونۇشلىرىغىمۇ ئېيتىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل بىر قانچە ئالىي مەكتەپنىڭ پروفېسسورلىرى بىزنىڭ شىركەتتىن بىر نەرسە ئېلىش ئۈچۈن تېلېفون قىلسا، تېلېفوننى ئېلىپلا، «بىز دوكتور ئەركىن سىدىق بىلەن كۆرۈشەتتۇق» دەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئىشتىن كېيىن مېنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى باشلىقىم ئالېكىس ناھايىتى تەسىرلىنىپ، پاراڭلاشقان ۋاقىتتا ماڭا «سەن كارامەت ئىنژېنېر بولۇپلا قالماي، ناھايىتى ئۇستا سېتىقچى (ئىنگلىزچە «salesperson») ئىكەنسەن» دەيدىغان بولدى. مەن Wave Splitter دېگەن شىركەتتە ئىشلەۋاتقاندا، شىركەتنىڭ سودا-سېتىق بۆلۈمىدىكىلەرگە ياردەملىشىپ، ياپونىيىگە بېرىپ، بىزنىڭ شىركەتنىڭ NEC، Hitachi، Fujitsu ۋە Sumitomo قاتارلىق چوڭ شىركەتلەر بىلەن ئېلىپ بارغان تېخنىكىلىق «سۆھبەت»لىرىگە قاتناشتىم. ھەمدە ئۆزۈمنىڭ تېخنىكىلىق ئىقتىدارى بىلەن ياپونچە تىلىمدىن پايدىلىنىپ، بىزنىڭ ئۇ ياپونلۇق خېرىدارلىرىمىزنى خېلى تەسىرلەندۈرۈپ، شىركىتىمىزنىڭ سودا-سېتىق ئىشلىرىغا كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتۇم. 2002-يىلى فېۋرالدا مەن شىركەتتىن بىر ھەپتە رۇخسەت سوراپ، ئامېرىكىنىڭ باشقا بىر شتاتىغا تەتىل قىلىپ كەتكەندە، بىزنىڭ شىركەتتە بىر چوڭ كۆلەملىك خادىم قىسقارتىش بولۇپ، مېنىڭ ئۇستۇمدىكى ئىنژېنېرلىق بۆلۈمىگە مەسئۇل 2 مۇئاۋىن رەئىسنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى شىركەتتىن چىقىرىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شىركەتنىڭ سودا سېتىقىغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى مېنىڭ ئىگىسىز قالغانلىقىمدىن پايدىلىنىپ،

مېنى ئىنژېنېرلىق بۆلۈمىدىن، سودا-سېتىق بۆلۈمىگە يۆتكىۋاپتۇ. تەتىلدىن قايتىپ كېلىپ، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، مەن قاتتىق نارازى بولدۇم. ئۇلارغا «مەن ئىنژېنېر بۆلۈمىدە تۇرۇۋېرىپ، سىلەرگە قانچىلىك ياردەم كېرەك بولسا، شۇنچىلىك ئىشلەپ بېرەي. شۇڭا مېنى يۆتكىمەڭلار. ئەگەر مۇشۇنداق مەجبۇرى يۆتكىسەڭلار، مەن بۇ شىركەتتىن كېتىشكە مەجبۇر بولىمەن» دېدىم. مەن ئۇ چاغدا شىركەتنىڭ ئىنگلىزچە «Planar Light wave Circuits» دەپ ئاتىلىدىغان «يىغىنچاق نۇر يولى تېخنىكىسى» دېگەن بىر ئەڭ يېڭى تېخنىكىسىغا مەسئۇل ئىدىم. بىز مۇشۇ تېخنىكا ئارقىلىق چىقىرىلىدىغان بىر زاپچاسنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا كەلگەن بولۇپ، مەن ئۇنى ئۆزۈم بىر باشقا ئېلىپ چىقىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئامېرىكىدا سودا-سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، شىركەتتە ئادەم قىسقارتسا، ئالدى بىلەن شۇنداقلارنى قىسقارتىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئىنژېنېرلىق ئەڭ ئېتىبارلىق خىزمەت بولۇپ، ئۇ كىم بولسا شۇ قىلىۋېرىدىغان كەسىپ ئەمەس. شۇڭا مېنىڭ ئىنژېنېرلىقتىن ئايرىلغۇم يوق ئىدى. ئاخىرىدا بىزنىڭ شىركەت مېنىڭ تەلىپىمگە قوشۇلدى.

ھېكايە، رومان ۋە ھەر خىل دەرسلىك كىتابلاردىن باشقا، ئامېرىكىدا ئادەم تەسەۋۋۇر قىلالايدىغان ھەر بىر كەسىپتە، بۇرۇنقىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەملى تەجرىبىلىرىگە، بېشىدىن ئۆتكۈزگەن مەغلۇبىيىتى بىلەن قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە، ئۆزى ئېلىپ بارغان ئىلمىي تەتقىقاتلىرىغا ۋە پۈتۈن دۇنيانىڭ كۆپ يىللىق ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسەن يېزىپ چىقىپ ئېلان قىلغان كىتابلاردىن بىر قانچىنى تېپىش مۇمكىن. بۇ كىتابلار بۇرۇنقىلار ياراتقان بىلىم جۇغلانمىسى بولۇپ، ئەگەر مۇۋاپىق پايدىلىنىلسا، ئۇلار كېيىنكىلەر ئۈچۈن مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي قىممەت يارىتالايدۇ. بىز داۋاملىق ئاڭلايدىغان «ئىلمىي ئۇسۇلدا ئىش قىلىش» دېگەنلىك، ئۆزىمىز قىلغان ھەر بىر ئىشتا، بۇرۇنقىلار ياراتقان بىلىمدىن تولۇق پايدىلىنىش دېگەنلىكتىن ئىبارەتتۇر. بۇ يەردە مەن شۇنى تىلغا ئېلىشقا مەجبۇرمەنكى، بىز ئۇيغۇرلار «ئىلمىي ئۇسۇلدا ئىش قىلىش»نىڭ مەنىسىنى ھەقىقىي تۇردە توغرا چۈشىنىپ، ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىمىزگە تەتبىقلاشتا ئىنتايىن ئاجىزمىز. نۇرغۇن كىشىلىرىمىز ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئاساسى بولمىغان پەرىزىگە ۋە شەخسىي ھېسسىياتىغا تايىنىپ ئىش قىلىشنى ئادەت قىلىۋالغان. بۇنىڭ زىيىنىنى

بىز هازىر يەتكۈچە تارتىۋاتىمىز. بارغانسېرى كۆپ ئۆيغۇر هۆنەرۋەنلىرىنىڭ ئۆز ئىگىلىكىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقانلىقى مانا مۇشۇ ئاقىۋەتنىڭ بىر ئىسپاتىدۇر. بۇرۇنقىلار ياراتقان بىلىمنىڭ ھەممىسى، سىز ئۆلاردىن پايدىلىنىدىغان ۋاقىتتا، سىزدىن شۇ كەسىپتە ئالىي مەكتەپ ئۇنۋانى بولۇشنى تەلەپ قىلمايدۇ. تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرمۇ ئوقۇپ پايدىلىنالايدىغان كىتابلارمۇ ساناقسىز بار. بىز ئۆز ئىشلىرىمىزدىن چوقۇم بىر ئۇنۇم هاسىل قىلماقچى بولىدىكەنمىز، بۇرۇن يارىتىلغان بىلىمدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ھەقىقىي تۈردە ئىلمىي ئاساستا ئىش قىلىشىمىز كېرەك.

مەن كىچىكىمدىنلا بىر ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇن، ئۇنى قىلىشتىكى مەقسىتىمنى، ھەمدە ئۇنى قانداق قىلسا توغرا قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ناهايىتى تولۇق ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ، ئەگەر بۇ نەرسىلەر ئېنىق بولمىسا، ئۇ ئىشنى ھەرگىزمۇ باشلىيالمايمەن. بۇ ئادەتنىڭ پايدىسىنى مەن يالغۇز ئۆزۈمنىڭ كەسپىي خىزمىتىمدىلا ئەمەس، ئۆزۈمنىڭ شەخسىي تۇرمۇشۇمدىمۇ داۋاملىق كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن. 1995-يىلى مەن دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، پوستدوكتورلۇق خىزمىتىنى باشلىغاندا، ئۆزىمىز ئىقتىساد قىلىپ يىغىدىغان كىرىمىمىزدىن قانداق پايدىلانسا ئەڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن، ئامېرىكىنىڭ بانكا سىستېمىسى توغرىسىدىكى بىر كىتابنى سېتىۋېلىپ ئوقۇدۇم. بىرىنچى شىركەتتە خىزمەت باشلىغاندىن كېيىن، «بايلىق يىغىشنىڭ 5 پرىنسىپى» دېگەن بىر كىتابنى سېتىۋېلىپ ئوقۇدۇم. مېنىڭ ئىقتىسادتىن خېلى خەۋىرىم بار بولۇپ، ئامېرىكا ۋە دۇنيا ئىقتىسادىي بازىرىنى خېلى تولۇق چۈشىنىپ ماڭىدىغان بولساممۇ، باشقىلارنىڭ يۇقىرىقى مەسىلىدە قانداق تەكلىپلىرى بارلىقىنى بىلگۈم كەلگەنىدى. 1997-يىلى ئۆي سېتىۋېلىشتىن بۇرۇن، «تۇنجى قېتىم ئۆي سېتىۋالىدىغانلار بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىشلار» دېگەن بىر كىتابنى سېتىۋېلىپ ئوقۇدۇم. 1998-يىلى ئۆيىنىڭ ئارقا هويلىسىغا كەڭلىكى 5 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 10 مېتىر كېلىدىغان ياغاچ سۇپا ياساش ئالدىدا، «ئۆزى سۇپا ياساشنىڭ ئۇسۇللىرى توغرىسىدا» دېگەن بىر كىتابنى سېتىۋېلىپ ئوقۇدۇم. 1999-يىلى ئامېرىكىدا پاي چېكى بازىرى ئىنتايىن قىزىپ كەتكەنىدى، «ئامېرىكىنىڭ پاي چېكى بازىرى» دېگەن بىر كىتابنى سېتىۋېلىپ ئوقۇدۇم. كەسىپ جەھەتتە كىتاب ئوقۇپ، يېڭى نەرسە ئۆگىنىش بىز ئۈچۈن داۋاملىق بولىدىغان بىر ئىش. دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئېلىش، ھەرگىز ئۆز كەسپىمىز ساھەسىدە

دۇنيادىكى بىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىپ بولغانلىقىمىزدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئۇ پەقەت بىزدە ئۆزىمىز كىتاب ئوقۇپ، يېڭى نەرسىلەرنى ئۆزىمىز ئۆگىنىپ، ئۇنى ئۆز ئەمەلىيىتىمىزدە ئىشلىتەلەيدىغان بىر قىسىم ئاساسلىق ئىقتىدارنىڭ يېتىلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. مەن مۇشۇ سۆھبەت خاتىرىسىنى يېزىشنى باشلىغاندىن بۇيان، ئۆز كەسپىمدە بىر قانچە يېڭى نەرسىنى ئۆگىنىپ، ئۇلارنى ئۆز تەتقىقاتىمدا پايدىلىنىپ بولدۇم. ئادەم قانچە كۆپ ئۆگەنگەنسېرى، ئۆز بىلىمىنىڭ كەملىكىنى شۇنچە ھېس قىلىدۇ. شۇڭا، ياخشىراق تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئىستەيدىغان ھەر قانداق بىر ئادەم، كىتاب ئوقۇپ، يېڭى بىلىم ئىگىلەشنى ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشى قىلىشى كېرەك. تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىكى كۆپ سانلىق ئادەملەر دەل ئاشۇنداق ئادەملەردۇر.

بۇنىڭدىن 30 نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا، مەن يېزىدىكى دېھقانلارنىڭ بىر يىل ئىشلەپ يەنە ئۆزىنىڭ ئاشلىق پۇلىنى تۆلىيەلمەسلىك تۇپەيلىدىن، يېشى مەن بىلەن باراۋەر كېلىدىغان باللىرىنى ئوقۇتماي، ئېتىزلىقنىڭ ئەمگىكىگە سېلىۋاتقان ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئىنتايىن ئېچىنغان ئىدىم. «ئەگەر ھۆكۈمەت مۇشۇ باللارنىڭ ئاشلىق پۇلىنى كۆتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى خۇددى مەندەك ئوقۇيالىغان بولاتتى» دەپ ئويلىغان ئىدىم. ھازىر ئۇنىڭدىن 30 نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. ھازىر يېزىلاردا ئوقۇيالماي قېلىۋاتقان باللار بارمۇ-يوق، بولسا ئۇلار قانچىلىك نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ، بۇلار ماڭا مەلۇم ئەمەس. ئەمما، ماڭا ناھايىتى ئېنىق بىر ئىش شۇكى، ئوقۇيالمىغان كىشىلەر مىللەت سۈپىتىنى يۇقىرىلىتىشقا ھېچ قانداق تۆھپە قوشالمايدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇلار كەلگۈسىدە جەمئىيەت ئۈچۈنمۇ، مىللەت ئۈچۈنمۇ بىر يۈك بولۇپ قالىدۇ. بىر مىللەتنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، پۈتۈن مىللەتتىن ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت توختىماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىدىغان جاپالىق ئىش. ياپونىيە 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن 100 يىل بۇرۇنلا ئومۇمىي خەلق مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بولغانىدى. شۇڭا ئۇلار 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلالىدى. ھازىرقى شارائىتتا، ئۇيغۇرلار ئۆز مىللىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن قانداق قىلىشى كېرەك؟ بۇ ئىشتا ھەر بىر ئادەم قانداق رول ئوينىشى كېرەك؟ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كەلگۈسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، مىللەتكە كۆيۈنىدىغان ھەر بىر ئادەم بۇ مەسىلە توغرىسىدا داۋاملىق، ئەستايىدىل ئويلىشى كېرەك. ھەممىدە ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى يەتكەن دائىرە ئىچىدە مۇۋاپىق ئىش كۆرۈشى

كېرەك. ئۇنداق قىلمايدىكەنمىز، ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ. دەۋر ئىلگىرىلەۋېرىدۇ. بىز بىر ئىزىمىزدا توختاپ قېلىۋېرىمىز.

**14-سوئال: چەت ئەللىكلەرنىڭ تىل ئۆگىنىشى ھەققىدە كۆزەتكەنلىرىڭىز قايسىلار؟**

جاۋاب: ئامېرىكا كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ، ئۇنىڭدا دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىن كەلگەن مىللەتلەر تېپىلىدۇ. 2000-يىلدىكى ئومۇمىي نوپۇس ساناش نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، ئامېرىكىدا يەر شارىنىڭ ئوخشىمىغان جايلىرىدىن كېلىپ چىققان نوپۇسنىڭ نىسبىتى مۇنداق ئىكەن:

- ئاق تەنلىكلەر 75.1 پىرسەنت
- قارا تەنلىكلەر 12.3 پىرسەنت
- ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلار ۋە ئالياسكىلىقلار 0.9 پىرسەنت
- ئاسىيالىقلار 3.6 پىرسەنت
- ھاۋايلىقلار 0.1 پىرسەنت
- قالغان مىللەتلەر 7.9 پىرسەنت

ئامېرىكىنىڭ جەمئىي نوپۇسى، ئالدىنقى بۆلۈمدە ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتكەندەك جەمئىي 300 مىليون ئەتراپىدىدۇر. بۇ يەردە ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر ئىش شۇكى، يۇقىرىقى «ئاق تەنلىكلەر» دېگەن كاتېگورىيىگە دۇنيادىكى ئوخشىمىغان مىللەتتىن كېلىپ چىققان ئاق تەنلىكلەرنىڭ ھەممىسى كىرىدۇ. شۇڭا ئۇلار بىر ئاق تەنلىك بولغىنى بىلەن، تىلى ۋە مىللىتى باشقا-باشقا بولغان مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان. مەسىلەن، ئەنگلىيىلىك، ئىتالىيىلىك، گېرمانلىق، فرانسىيىلىك ۋە مېكسىكىلىق قاتارلىقلار. 1999-يىلى مارتتىن 2000-يىلى مارتقىچە چەت ئەلدىن ئامېرىكىغا كۆچمەن بولۇپ كەلگەن نوپۇسنىڭ سانى 1.7 مىليون ئىكەن. مېنىڭ مۆلچېرىمدە، ھازىر كىچىك بالىلارنىمۇ قوشقاندا، ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 400 بىلەن 500 نىڭ ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن.

ئامېرىكىدا يۇقىرىقىدەك كۆپ سانلىق مىللەتلەر بولغاچقا، ئوخشاش بىر مىللەتتىن كېلىپ چىققان كىشىلەر ئۆز-ئارا سۆزلەشكەندە ئۆز تىلى بىلەن سۆزلىشىدۇ. ئوخشىمىغان مىللەتتىن كېلىپ چىققان كىشىلەر ئۆز-ئارا سۆزلەشكەندە، ھەممەيلەن ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەيدۇ. ئەگەر چوڭراق بىر سودا

سارىيىغا كىرىپ بىر دەم ماڭسىڭىز، ھەر خىل ھەر ياڭزا تىل بىلەن سۆزلىشىۋاتقان كىشىلەرنى ئۇچرىتىسىز.

ھەممەيلەننىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار ۋە ئەڭ يېڭى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى، ئۇنىڭ قايسى دۆلەتتە ۋە قايسى مىللەت تەرىپىدىن ئىجاد بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، چوقۇم ئىنگلىز تىلىدا ئېلان قىلىنىدۇ. ھەمدە ئىنگلىز تىلى دۇنيانىڭ قانداق يېرىگە بارسا ئاساسەن ئاقىدۇ. ئاشۇ سەۋەبتىن، ئامېرىكىلىقلار ئۆز مىللىتىگە تەۋە بولمىغان چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىش جەھەتتە دۇنيا بويىچە ئەڭ ئارقىدا تۇرىدۇ. يېقىنقى بىر قانچە 10 يىلنىڭ مابەينىدە دۇنيادىكى ئوخشىمىغان دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى خەلقئارالىق ھەمكارلىقنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇ يېڭى زامان تەرەققىياتىغا ماسلىشىش مەقسىتىدە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىپ، ئامېرىكىدا چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشنى قانداق ئومۇملاشتۇرۇشنى مەخسۇس تەتقىق ئېلىپ قىلدى. ھەمدە 1996-يىلى دەسلەپكى لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، 2000-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە بۇ ھەقتە مەخسۇس پىلان ۋە بەلگىلىمىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنداقلا ئامېرىكىدا 2005-يىلىنى «چەت ئەل تىللىرى يىلى» قىلىپ تەبرىكلەشنى قارار قىلدى. تەتقىقاتچى خادىملار ئۆز تەتقىقاتى جەريانىدا بايقىغان يېڭى بىر ئىش مۇنداق بولغان: چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلاردا يېتىلىدىغان يەنە بىر ئىقتىدار شۇكى، ئۇلار ئوقۇشنى چەت ئەل تىلى ئۆگەنمىگەن ئوقۇغۇچىلارغا قارىغاندا ياخشىراق ئېلىپ ماڭىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئامېرىكىدىكى تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپ دەرسلىكىگە چەت ئەل تىلى ئومۇمىيۈزلۈك قوشۇلدى. ھەمدە ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چەت ئەل تىلى دەرسى ئوقۇغۇچىلار چوقۇم ئوقۇمىسا بولمايدىغان مەجبۇرى دەرس قىلىپ بېكىتىلدى.

باللىرىمنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىسپان يېزىقىنى ئۆگەندى. ئوغلۇم ئۇنى ھازىرمۇ ئۆگىنىۋاتىدۇ. ئۇلار ھازىر ئۆز-ئارا ئىسپان تىلىدا مەقسىتىنى ئۇقتۇرالايدىغان سەۋىيىگە يەتكەن بولۇپ، بەزىدە ئائىلىمىزدىكى تۆتىمىز بىللە قارت ئوينىغان ۋاقتىمىزدا، ئۇ ئىككىسى ئىسپانچە سۆزلىشىپ، ئاپىسى بىلەن ئىككىمىزنى بوزەك قىلغان ۋاقتىمۇ بار. مەن بۇ يازمامدا بىزنىڭ ئائىلىدىكى تۆتىمىزنىڭ قارت ئوينايدىغانلىقىمىزنى بىر قانچە قېتىم تىلغا ئالدىم. ئەمەلىيەتتە بىز قارتنى بىر يىلدا بىر قانچە قېتىم ئويناپ باقىمىز. قارت ئويناش باللىرىمىزنىڭ ياخشى كۆرىدىغان پائالىيىتى بولغاچقا، ئۆيدىكى ھەممىمىزنىڭ

ۋاقتى يەتكەن ۋاقىتلاردا، ئائىلە پائالىيىتى تەرىقىسىدە تۆتىمىز قارت ئوينايمىز. 1993-يىلى ئوغلۇم ئامېرىكىغا يېڭى كەلگەن ۋاقىتتا، پۈتۈن شىمالىي كالىفورنىيىدە پەقەت بىزنىڭ ئائىلىدىن ئىبارەت بىرلا ئۇيغۇر ئائىلىسى بار ئىدى. شۇڭا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىمۇ بىز ئۈچۈن پەقەت بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئىچىدىلا بار ئىدى. ئۇ چاغلاردا بىز «ئائىلە پائالىيىتى» نى كۆپ قىلاتتۇق. ھازىر ئازلاپ كەتتى. بۇ يەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، بەزىلىرىڭلار مېنىڭ بالىلىرىمنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىسپانچىنى ئۆگەنگەنلىكىگە ھەيران قېلىشىڭلار مۇمكىن. مېكسىكا كالىفورنىيە بىلەن چېگرىداش بولغاچقا، ئۇ دۆلەتتىن كالىفورنىيىگە ھەر خىل يوللار بىلەن كۆچمەن بولۇپ كېلىدىغان مېكسىكىلىقلارنىڭ سانى ئىنتايىن كۆپ. شۇڭا كالىفورنىيىدە ئىسپان تىلىنى ئانا تىل قىلغان مېكسىكىلىقلارنىڭ نوپۇسىمۇ ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، 2000-يىلى كالىفورنىيىنىڭ 35 مىليون نوپۇسىنىڭ 11 مىليونى مېكسىكىلىقلار ئىكەندۇق. مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن، كالىفورنىيە شتاتىدا ئىسپان تىلىنى ئۆگىنىدىغانلار ئىنتايىن كۆپ. بولۇپمۇ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئىچىدە ئىسپان تىلىنى بىلىدىغانلار خېلى چوڭ مىقدارنى ئىگىلەيدۇ. بۇ ئوقۇتقۇچىلار ئامېرىكىغا كۆچمەن بولۇپ كەلگەن، ئىنگلىز تىلىنى ياخشى بىلمەيدىغان مېكسىكىلىق ئۆسمۈرلەرنى ياخشى ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئىسپان تىلىنى ئۆگەنگەنلەردۇر. بۇ خۇددى ئىچكىرىكى ئۆلكىلەرگە ئوقۇشقا بارغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى ياخشىراق ئوقۇتۇش ئۈچۈن، ئۇ يەرلەردىكى خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلار ئۇيغۇر تىلى ئۆگەنگەن بىلەن ئوخشاش ئىشتۇر.

تارىختا ئۆتكەن دۇنيادىكى داڭلىق ئەربابلارنىڭ كۆپىنچىسى كەم دېگەندە 3-4 چەت ئەل تىلىنى پۇختا ئۆگەنگەن. بۇ ھەقتە مەن تەپسىلىي توختالمىساممۇ، ئوقۇرمەنلەر ئۆز ئۆمرىدە كۆپ ئاڭلىغان ۋە ئوقۇغانلىقىغا ئىشىنىمەن. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، تىل بىلىم ئىسكىلاتىنىڭ ئاچقۇچىدۇر. سىز قانچە كۆپ خىل تىل بىلسىڭىز، سىز شۇ تىللاردا يېزىپ توپلانغان بىلىملەرنىڭ ھەممىسىدىن پايدىلىنالايسىز. يالغۇز ئۇنداقلا بولۇپ قالماي، بۇگۈنكى كۈندە بىر قانچە تىل بىلىش، نورمال ھايات كەچۈرۈشنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر شەرتىگە ئايلاندى. مەن شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتا، بىز ھەر يىلى يېڭى قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن مەكتەپ بويىچە «يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى قارشى ئېلىش يىغىنى» ئۆتكۈزەتتۇق. مېنىڭ شۇ چاغدا مەكتەپكە يېڭى كىرگەن ئوقۇغۇچىلارغا دەيدىغان بىر گېپىم مۇنداق ئىدى: «ھازىرقى زاماندا بىر مىللەت يەنە بىر

مىللەتنىڭ قۇلى بولۇپ قالىدىغان ئىشلار ئانچە كۆرۈلمەيدۇ. لېكىن، بىر مىللەت يەنە بىر مىللەت تىلىنىڭ قۇلى بولۇپ قېلىش پۇتۇنلەي مۇمكىن. بىر مىللەتنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش بىلەن ئۇ مىللەتكە قارىتا قانداق ھېسسىياتتا بولۇش پۇتۇنلەي باشقا-باشقا ئىش. ئەگەر سىلەر كەلگۈسىدە ياخشىراق ياشايلى، دېسەڭلار، بۇ ئالىي مەكتەپتىكى پۇرسەتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، خەنزۇچىنى چوقۇم ياخشى ئۆگىنىڭلار». مەن ئۇ چاغدا چەتكە چىقىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، شىنجاڭدىن باشقا يەرلەرگىمۇ تۇزۇكرەك بېرىپ باقمىغان بولۇپ، يۇقىرىقى سۆزلىرىم ئۆزۈمنىڭ شۇ ۋاقىتقىچە بولغان ھاياتىمنىڭ بىر خۇلاسىسى ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن كېيىن شاڭخەي، ياپونىيە ۋە ئامېرىكىلاردا ياشاپ باقتىم. بۇ جەرياندا يۇقىرىقى سۆزلەرنىڭ نەقەدەر توغرىلىقىنى تېخىمۇ ھېس قىلدىم. يېقىنقى بىر نەچچە يىلنىڭ مابەينىدە، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئامېرىكىغا كۆچمەن بولۇپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يۇقىرى ئۇنۋانغا ئېرىشىپ، ئەسلىدىكى دۆلەتلەردە ناھايىتى يۇقىرى كەسپىي ئورۇنلاردا ئىشلەپ باققانلارمۇ خېلى كۆپ. لېكىن، ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئىنگلىز تىلىدا ياخشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ كەسپىي ئۇنۋانى ۋە سەۋىيىسىگە لايىق خىزمەتلەرگە ئورۇنلىشالماي، ئادەتتىكى خىزمەتلەر بىلەن ھايات كەچۈرۈۋاتىدۇ. بىر تىلنىڭ قۇلى بولۇش دېگەن ئەنە شۇ. بىر قانچە يىل جاپالىق دەۋرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈپ، شۇ جەرياندا ئىنگلىز تىلىنى پۇختا ئۆگىنىپ، ئاندىن ھەقىقىي تۇردە ئۆزىگە لايىق خىزمەت تاپقانلارمۇ بار.

مەن 1979-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر يىللىق خەنزۇچە ئۆگىنىشنى تاماملاپلا، ئۆزلۈكۈمدىن ئىنگلىز تىلى باشلىغاندا، مېنىڭدىن بۇرۇن ئۇيغۇرچە مەكتەپتە ئوقۇغانلاردىن ئىنگلىز تىلى ئۆگەنگەنلەر بولمىغاچقا، بەزىلەر مېنى مەسخىرە قىلغانىدى. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ پەرىزىدە، مەندەك بىر ئۇيغۇر مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسىنىڭ چەت ئەل تىلى ئۆگىنەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەن يېرىم يىلغا قالماي، ئۇنىڭ مۇمكىنلىكىنى ئىسپاتلىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن مەكتەپ بويىچە ئۇيغۇر مەكتەپتە ئوقۇغان نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشكە ئاتلاندى.

جۇڭگو جەمئىيىتىدە يېقىندىن بۇيان يۈز بېرىۋاتقان دەرىجىدىن تاشقىرى تېز سۈرئەتلىك ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇر دىيارىدىكى ياشلار بىر ناھايىتى كەسكىن مەسىلىگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن

خىزمەت تېپىش. مېنىڭ خىزمەت كۆتۈپ ياتقان ھەر بىر ياشقا چوڭقۇر ھېسداشلىقىم بار. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھازىر ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىدىغان ياش ئۆسمۈرلەرگە مۇنداق تەشەببۇسۇمۇ بار:

تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ بولغۇچە ئۇيغۇر تىلىنى، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ بولغۇچە خەنزۇ تىلىنى ۋە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ بولغۇچە ئىنگلىز تىلىنى پۇختا ئىگىلەپ بولۇڭ.

دۇنيادىكى بارلىق جانلىقلارنىڭ ئىچىدە، ئىنسانلارنىڭ يېڭى مۇھىتقا ماسلىشىش ئىقتىدارى ئەڭ كۈچلۈك بولىدۇ. سىز كەلگۈسىدە ئوتتۇرا ياكى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندە دۇچ كېلىدىغان يېڭى مۇھىت قايسى؟ بۇ سوئالغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن سىز ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگۈچە ساقلاپ تۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئۇنىڭغا ھازىرلا جاۋاب تېپىڭ. بۇ جاۋابنى تېپىش ئىنتايىن ئاسان. ئۆزىڭىزنىڭ ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەرنى ۋە سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى ئوبدان كۆزەتسىڭىزلا كۇپايە. مەن يېڭى مۇھىتنىڭ بىر قىسمىنى سۆھبەتنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۈم.

بىر ئۇيغۇر بولۇشنىڭ نۇرغۇن شەرتلىرى بار. ئەڭ مۇھىم شەرتلەرنىڭ بىرى، ئۇيغۇر تىلىنى ناھايىتى پۇختا بىلىش. ئۇيغۇر بىر مەدەنىيەتلىك مىللەت. مەدەنىيەتلىك بىر مىللەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسى ئۆز تىلىنى پۇختا بىلىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، سىز باشقا تىللارنى ئۈنۈملۈك ھالدا ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىگىلىشىڭىز ئۈچۈن، چوقۇم ئانا تىلغا پۇختا بولۇشىڭىز كېرەك. چەت ئەل تىلىنى پەقەت ئۆزىنىڭ ئانا تىلىغا سېلىشتۇرۇپ ئۆگەنگەندە، ئاندىن ياخشى ئۆگەنگىلى بولىدۇ. مەن نۇرغۇن ئۇيغۇر ۋەتەنداشلارنى كۆزىتىپ، شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، كۆپىنچە ئەھۋالدا، ئەگەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ ئانا تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى بىلمىسە، باشقا تىللارنىمۇ ياخشى ئۆگىنەلمەيدۇ. ھازىر نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى خەنزۇ مەكتەپكە بېرىدۇ. بۇ ئاتا-ئانىلار مۇنداق بىر سوئالنى ئۆزىدىن سوراپ بېقىشى كېرەك: مەن بالامغا ئۇيغۇر تىلىنى قانداق ئۆگىتىمەن؟ ئۇيغۇر دىيارىدا ھەر خىل شەكىلدىكى چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش سىنىپلىرى ئېچىلغىلى تۇرۇپتۇ. مېنىڭچە بولسا ئۇيغۇر تىلى سىنىپلىرىمۇ ئېچىلىشى كېرەك. بۇ مەسىلە ئۈستىدە ھەر بىر ئۇيغۇر ناھايىتى چوڭقۇر ئويلىنىپ بېقىشى كېرەك. بىر

ئادەم ئۈچۈن ئانا تىلىنى يوقىتىپ قويۇش ئىنتايىن خەتەرلىك ئىش. ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى پۇختا بىلىش ھەرگىز بىر قولغا كەلتۈرگەن ئالاھىدە نەتىجە ئەمەس. ئۇ بىر ئادەم چوقۇم قىلىشقا تېگىشلىك ئىش.

بەزىلەر «ئۇيغۇر دېگەن ناچار مىللەت. مەن ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچتىم» دېيىشى مۇمكىن. ئۇيغۇر بولماسلىققا تىرىشىشى مۇمكىن. مەن ئالدى بىلەن ئۇنداقلاردىن مۇنداق بىر سوئالنى سوراپ باقاي: سىز ئۇيغۇر تەقدىرىنىڭ ياخشىراق بولۇشىغا، ئۇيغۇرلارنىڭ ھال-ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشىغا نېمە ۋە قانچىلىك تۆھپە قوشتىڭىز؟ مەن چەت ئەلدە 20 يىلدەك ياشىغان تەجرىبەمگە ئاساسەن، سىزگە شۇنى ئېيتىپ قوياي: ئۆز ئاتا-ئانىسىدىن «ياخشى ئەمەسكەن» دەپ ۋاز كەچكەن ئىنسان ياخشى ئىنسان ئەمەس؛ ئۆز مىللىتىدىن ۋاز كەچكەن كىشى ئۆز ئائىلىسىگە خائىنلىق قىلغان كىشى بىلەن باراۋەر بولىدۇ. ھەقىقىي ئۇيغۇر بالىسى ھەرگىز ئۆز ئاتىسىغا مۇشت كۆتۈرمەيدۇ. ھەقىقىي ئۇيغۇر ھەرگىز ئۆز قېرىندىشىغا زىيانكەشلىك قىلمايدۇ. سىز كىيىم-كېچەك، يۈرۈش-تۇرۇش ۋە تىلدا باشقا مىللەتكە قانچىلىك ئوخشاپ كەتكەنلىكىڭىزدىن قەتئىينەزەر، ئەگەر سىز ئۇلارغا ئۆزىڭىزنى «مەن ئۇيغۇر» دەپ تونۇشتۇرمىسىڭىز، ئۇلار سىزنىڭ ئۇيغۇرلۇقىڭىزنى بىلىۋالغان ھامان، سىزگە بولغان پۈتۈن ھۆرمىتىنى يوقىتىدۇ. سىزنىڭ قانچىلىك بىلىملىك، قانچىلىك ئىقتىدارلىق ۋە قانچىلىك داڭلىق بولۇپ كېتىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، باشقا مەدەنىيەتلىك بىر مىللەت يۈزىڭىزدە ھېجىيىپ قويغان بىلەن، كۆڭلىدە سىزنى ئازراقمۇ كۆزگە ئىلمايدۇ. شۇڭا سىزنىڭ تەقدىرىڭىز پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تەقدىرىگە باغلانغان. شۇڭا سىز جەمئىيەتتە ئوبدانراق ئورۇن تۇتۇپ، ياخشىراق ياشاي دېسىڭىز، پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز بىلەن كۈچ چىقىرىڭ. ھازىر پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىدا ياشاۋاتقان خەنزۇلار جۇڭگونىڭ دۇنيادىكى ئالدىنقى قاتاردىكى دۆلەتلەرگە باراۋەر كېلىدىغان كۈچلۈك دۆلەت بولالىشى ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، جۇڭگو كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلانسا، ئۇلارنىڭ كۈنىمۇ ھازىرقىدىن ياخشىراق بولىدۇ. پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتى ھەقىقىي كۈچەيگەن كۈن، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ھەر بىر ئەزاسى ھەقىقىي ياخشى ياشاشقا باشلىغان كۈن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۆز تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ھەر بىر ئۇيغۇر پۈتۈن مىللەتنىڭ ھال-ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشىغا قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

ئۇيغۇر ياشلىرىغا هازىر بىر «ياشاش يولى» لازىم. بۇنى ئىنگلىزچىدا «a path to survival» دەپ ئاتايدۇ. مەن يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويغان ئۇيغۇر تىلى، خەنزۇ تىلى ۋە ئىنگلىز تىلى توغرىسىدىكى ۋاقىت جەدۋىلى مانا شۇ ياشاش يولىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. بۇ «ياشاش يولى» نىڭ تولۇق مەزمۇنى نېمە؟ بۇ توغرۇلۇق ئۆزۈڭلار ئوبدان ئويلىنىپ بېقىڭلار. مەن بۇ سۆھبەتنىڭ هازىرغىچە بولغان قىسىملىرىدا، ئۆزۈم بېسىپ ئۆتكەن «ياشاش يولى»نى ئىمكان قەدەر تەپسىلىي بايان قىلىشقا تىرىشتىم. ھەممەيلەننىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، يەھۇدىيلار بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئۈزۈن ۋە ئەڭ دەھشەتلىك خارلانغان مىللەتلەرنىڭ بىرى. مەن ئۇلار بىلەن خىزمەتداش ۋە دوست بولۇش ئارقىلىق، ئۇلارنى بىر قەدەر چوڭقۇر چۈشەندىم. هازىرمۇ ئۆزۈمنىڭ ئىدارىسى بولغان ئامېرىكا ئالەم بوشلۇقى تېخنىكىسى تەتقىقات مەركىزى ـــ JPL دە بىر ياپونلۇق ۋە يەھۇدىي بىلەن بىرگە ئىشلەۋاتىمەن. بىزنىڭ بۆلۈمدە 15 ئەتراپىدا ئادەم بار بولۇپ، بىز 2006-يىلى، 2009-يىلى ۋە 2016-يىلى قويۇپ بېرىلىدىغان 3 دانە ئالەم تېلېسكوپىنىڭ ئىشىنى قىلىۋاتىمىز. يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ياپون، يەھۇدىي ۋە مەن بولۇپ مۇشۇ ئۈچىمىز، هازىر پۈتۈن بۆلۈمنىڭ ئەڭ جىددىي ۋە ئەڭ قىيىن ئىشلىرىنى قىلىۋاتىمىز. قالغانلار بىزگە چوڭقۇر هۆرمەت قىلىدۇ ۋە بىزدىن ئەيمىنىدۇ. شۇڭا بۇ يەردە، مەن ئۆزۈم خۇلاسىلەپ چىقارغان يەھۇدىيلارنىڭ «ياشاش يولى» نى ئېيتىپ بېرەي. ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ تۆۋەندىكى بىر ئابزاس سۆزنى بىر ئۆمۈر ئېسىدىن چىقارماسلىقىنى سورايمەن:

يەھۇدىيلار قايسى دۆلەتتە، قايسى مىللەتنىڭ ئارىسىدا ياشىسا، شۇ دۆلەت ياكى شۇ مىللەتنىڭ تىلىنى شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىدىنمۇ بەكرەك پۇختا ئىگىلەيدۇ. ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى پۇختا ئىگىلەپلا قالماي، دۇنيانىڭ قانداق يېرىدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز هېيت-بايراملىرىنى ئىشقا بارماي چوقۇم تەبرىكلەيدۇ، باشقىلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە بويسۇندۇرىدۇ؛ ئۆزلىرىنى-ئۆزلىرى قاتتىق هۆرمەتلەيدۇ. باشقا مىللەتكە قىلچە خۇشامەت قىلمايدۇ ھەمدە ھەر قانداق شارائىتتا ئۇلارنىڭ تەخسىسىنى كۆتۈرمەيدۇ. پۈتۈن ئىشتا بىر-بىرىنى شەرتسىز يۆلەيدۇ. ھەممە ئىشتا ئۆزلىرىگە ناھايىتى يۇقىرى تەلەپ قويۇپ، ھەممە ئىشنى ئىلمىي ئۇسۇل بويىچە، ئەخلاق بويىچە، قائىدە بويىچە، تۈزۈم بويىچە، پرىنسىپ بويىچە ۋە قانۇن بويىچە ياخشى قىلىدۇ. باشقا مىللەتتىن بولغان كىشىدىن بىرى قائىدە بويىچە ياكى ئىلمىي ئۇسۇل بويىچە ئىش قىلمايدىكەن،

ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ سەپدىشى ياكى باشلىقى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىۋېلىپ، قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرىدۇ؛ بىر قېتىممۇ ئۆتكۈزۈۋەتمەيدۇ؛ شۇ ئارقىلىق ئۆزى يېڭىلمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ كىشىنى ئۆز ئىچىدە بولسىمۇ خىجىل قىلىدۇرىدۇ. بىلىم ۋە ئىقتىدار جەھەتتە باشقىلارنىڭ مۇرىسىگە دەسسەپ، ئېگىز تۇرىدۇ. خىزمەت ئورنىدا ئۆز خىزمىتىگە كېرەكلىك بولغان قورال-بۇيۇملارنىڭ (مەسىلەن، كومپيۇتېرنىڭ) ئەڭ ئېسىل، ئەڭ قىممىتىنى ئالغۇزىدۇ (قورال-بۇيۇملار ياخشى بولسا، قىلغان ئىشىگىزنىڭ ئۈنۈمىمۇ يۇقىرى بولىدۇ). ئۆزى بىلەن يەنە بىر باشقا بىر مىللەتتىن بولغان كىشىنىڭ ئالدىدا 10 پۇرسەت بولسا، ئۇ 10 پۇرسەتنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى ئېلىۋېلىشقا تىرىشىدۇ ، باشقىلارغا قىلچە رەھىم قىلمايدۇ. شۇڭا ئۇلارنى باشقا نۇرغۇن مىللەتلەر ياخشى كۆرمەيدۇ، ئەمما يەھۇدىينى يىقىتالمايدۇ، يىقىتىدىغانغا ئامال تاپالمايدۇ.

جۇڭگو قانۇنلىرى ئىچىدە، ئۇيغۇرلار پايدىلانسا بولىدىغان قانداق قانۇنلار بار؟ ئۇلارنى ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ قانچە پىرسەنتى ئوقۇپ باققان؟ ئۇيغۇر ھوقۇق ئىگىلىرىنىڭ قانچىلىك نىسبىتى ئوقۇپ باققان؟ «بالا يىغلىمىسا، ئانا ئەمچەك سالمايدۇ».قانۇن بەرگەن ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىش ئۈچۈن قانۇننى بىلىش كېرەك.

ئەگەر بىر بالىڭىز بار بولۇپ، ئۇنىڭغا سىز ھۆرمەت قىلمىسىڭىز، باشقىلار تېخىمۇ ھۆرمەت قىلمايدۇ. ئەگەر ئۇيغۇر مىللىتى ئۆز-ئۆزىنى قەدىرلىمىسە، ئۆز-ئۆزىنى ھۆرمەتلىمىسە، ئۆز-ئارا ياردەم قىلمىسا، بىر-بىرىنى ھىمايە قىلمىسا، باشقا مىللەتتىن ھېچ قانداق نەرسىنى ئۈمىد قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

خەنزۇ تىلىنىڭ خېتى كۆپ بولغان بىلەن، ئۇنىڭ گرامماتىكىسى ئىنتايىن ئاددىي بولۇپ، شىنجاڭدا ياشاۋاتقان بىر ئۇيغۇر ئۆسمۈر ئۈچۈن ئۇنى ئۆگىنىش ئانچە قىيىن ئىش ئەمەس. شۇڭا مەن يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويغان نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ھەر بىر ئىرادىلىك ئۇيغۇر ياش ئۈچۈن ئېيتقاندا، پۈتۈنلەي قىلغىلى بولىدىغان ئىش. ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىش ئاسان ئەمەس. ئۇ ماتېماتىكا، فىزىكا دېگەندەك پەنلەرگە قارىغاندا تەس. ۋاقىت جەھەتتىنمۇ كەم دېگەندە 2 يىل تەلەپ قىلىدۇ. خەنزۇ تىلىنى پۇختا ئۆگىنىۋالسىڭىز، پۈتۈن جۇڭگونىڭ دەرۋازىسى سىزگە ئېچىلىدۇ. ئىنگلىز تىلىنى پۇختا ئۆگىنىۋالسىڭىز، پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىشىكى سىزگە ئېچىلىدۇ. ھىندىستاننى ئەينى ۋاقىتتا ئەنگلىيە بېسىۋېلىپ، ئۇلارغا

ئىنگلىز تىلىنى مەجبۇري ئۆگىتىپتىكەن، ھازىر پۈتۈن ھىندىستان دۆلىتى ئۇنىڭ پايدىسىنى كۆرۈۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالىي مەكتەپلىرى ئىنگلىز تىلىنى قوللىنىدۇ. شۇڭا ئۇلار پۈتۈن ياۋروپا ۋە ئامېرىكا كەسپىي كىتابلىرىدىن شۇ پېتىچە پايدىلىنالايدۇ. ئامېرىكىغا ئوقۇشقا بارسا، ئىنگلىز تىلىدىن ئىمتىھان تەلەپ قىلمايدۇ. يېقىنقى 5–10 يىلنىڭ ئىچىدە، ئامېرىكىدىكى نۇرغۇن يۇمشاق دېتال قاتارلىق سانائەت ئۆز شىركىتىنى ھىندىستانغا يۆتكەپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى بىراقلا يۇقىرى كۆتۈرۈۋەتتى. ھازىر ئامېرىكىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ھىندىستانلىقلارنىڭ سانى خەنزۇلاردىن قالسىلا ئەڭ كۆپ. كومپيۇتېرنىڭ CPU سىنى چىقىرىدىغان Intel دېگەن شىركەتنىڭ 30 پىرسەنت خىزمەتچىسى ھىندىستانلىق بولۇشى مۇمكىن.

باللارنىڭ بىر نورمال ئۆسۈپ يېتىلىش قانۇنىيىتى بار. ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا، بالا 18 ياشقا كىرگىچە، يەنى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگۈچە، بالىنى ئاتا-ئانىلار باقىدۇ. بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى ئىنتايىن تەپسىلىي ۋە ئەستايىدىل كۆزىتىپ، بالىسى قايسى ئىشلاردا كۈچلۈك، قايسى ئىشلاردا ئاجىزلىقىنى تولۇق چۈشىنىپ، بالىسىنىڭ ئاجىز تەرەپلىرىنى كۈچلەندۈرۈشكە ياردەم قىلىدۇ. مېنىڭ قىزىم باشلانغۇچتا ئوقۇۋاتقاندا، بىر قېتىملىق تۇغۇلغان كۈن ئولتۇرۇشىغا 15 تەك قىزنى چاقىردى. ئولتۇرۇش تۈگەپ، باللار تارقاپ بولغاندا، بىر قىزنىڭ ئاپىسى ئۆيىمىزگە كېلىپ، «مېنىڭ قىزىم بەك ياۋاش. قارىسام سىزنىڭ قىزىڭ ئىنتايىن ئاكتىپ، تەشكىللەش ئىقتىدارى ئىنتايىن يۇقىرى ئىكەن. ئەگەر ماقۇل كۆرسەڭ مەن ھەر كۈنى قىزىمنى ئەكېلىپ، دىلنارە بىلەن بىر سائەت ئوينىغىلى قويسام. بۇ جەرياندا سىزنىڭ بالىڭىزمۇ مەن قاراپ بەرسەم» دەپ تەلەپ قىلدى. بىز ماقۇل بولدۇق. ئامېرىكىلىقلار ئوقۇش يېشىدىكى بالىسىنى ئۆزىدىن ئەڭ ئۇزۇن بولغاندىمۇ 4 ھەپتىدىن ئارتۇق ئايرىمايدۇ. يازلىق كانىكول جەريانىدا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۇچۇن ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئىنگلىزچە «summer camp» دەپ ئاتىلىدىغان يازلىق دالا پائالىيەتلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بۇ پائالىيەتتە باللار ئۆز شەھىرىدىن يىراقتىكى بىر گۈزەل مەنزىرىلىك يەرگە بېرىپ، تەلىم-تەربىيە ۋە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ. مۇددىتى بىر ھەپتىدىن 4 ھەپتىگىچە بولۇپ، ئۇنىڭ چىقىمىنى ئاتا-ئانىلار ئۆزلىرى تۆلەيدۇ. بالىنى بۇ پائالىيەتكە ئەۋەتىشتىكى بىر

شەرت شۇكى، ئەگەر بالا ئۆينى سېغىنىپ، «ئۆيۈمگە كېتىمەن» دېسە، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ئۆيىگە ئېپكېلىپ قويىدۇ. بىر ئادەم نورمال ئەھۋالدا ئۆز ئۆمرىنىڭ پەقەت 18 يىلىنى ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسى بىلەن بىرگە ئۆتكۈزىدۇ. مۇشۇ 18 يىل ئىچىدە «بالا» بولۇپ ياشايدۇ. مېنىڭچە، مۇشۇ 18 يىل جەريانىدا ئىمكان قەدەر بالىنى بالىدەك ياشىغىلى قويغان ياخشى. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا، بالا ھەممە جەھەتتىن نورمال چوڭ بولىدۇ. يەنە بىر ئىش، بىر كىشىنىڭ ئۆز مىللىتى، ئۆز يۇرتى، ئۆز ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە ئۆزىنىڭ ئانا تىلى توغرىسىدىكى نۇرغۇن دۇنيا قارىشى مۇشۇ 18 يىل جەريانىدا شەكىللىنىدۇ. ئەگەر بالا ئوتتۇرا مەكتەپ يېشىدىلا ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلسا، ئۆزىنىڭ كېيىنكى ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم بولغان نۇرغۇن نەرسىلەردىن قۇرۇق قېلىشى مۇمكىن.

نۇرغۇن ئۇيغۇر ياشلار مەندىن «ئىنگلىز تىلىنى ئۆنۈملۈك ئۆگىنىشنىڭ ئۇسۇلى قايسى؟ ئىنگلىز تىلى گراماتىكىسىنى ئۆگىنىش ئۇسۇلچۇ؟» دەپ سورىدى. مەن بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى دېگەن تور بېتىگە كىرگۈزۈپ قويغان ئىدىم. بۇ سۆھبەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مەن ئۇنى بۇ يەرگىمۇ كىرگۈزۈپ قوياي.

**سوئال: ئىنگلىز تىلىنى ئۈنۈملۈك ئۆگىنىشنىڭ ئۇسۇلى قايسى؟ ئىنگلىز تىلى گراماتىكىسىنى ئۆگىنىش ئۇسۇلىچۇ؟**

جاۋاب: بىر ئادەمنىڭ ئۈنۈملۈك ئۆگىنىش ئۇسۇلى يەنە بىر ئادەمنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، تىل ئۆگىنىش بىر ئۇزۇن مۇددەتلىك، مۇشكۇل ۋەزىپە بولۇپ، ناھايىتى يۇقىرى ئىرادە بىلەن مۇستەھكەم بەل باغلىماي تۇرۇپ، بىر تىلنى مۇكەممەل ئۆگىنىش مۇمكىن ئەمەس. تىل ئۆگىنىش ھېچ كىم ئۈچۈن ئاسان ئەمەس. شۇڭا باشتىن تارتىپ بۇ توغرىدا مۇستەھكەم ئىدىيىۋى تەييارلىق بولۇشى كېرەك. مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان ۋاقتىمدا، 1-يىلى خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى 2 يىل ئىچىدە ئىنگلىز تىلىنى قوشۇمچە ئۆگىنىپ، تەبىئىي پەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 3 يىللىق دەرسلىكىنى 2 يىل ئىچىدە ئۆگىنىپ بولۇپ، ئىنگلىزچىنى ئوقۇپ تۈگەتكەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرگە ئىمتىھانغا قاتنىشىپ، يۇقىرى نەتىجىگە ئېرىشكەنىدىم. ئەڭ ئاخىرقى 2 يىل جەريانىدا ياپون تىلىنىمۇ ئۆزلۈكۈمدىن ئۆگىنىپ بولدۇم.

مەن قوللانغان ئۇسۇل مۇنداق: 1) ھەر كۈنى يېڭى خام سۆزدىن 20 دانە سۆز ئۆگىنىش. 2) بىر خام سۆزنى 5 كۈن، ھەر كۈنى 3 قېتىمدىن يېزىش. 3) تېكىستنى پۈتۈنلەي يادلىۋېلىش. 4) تاپشۇرۇقنى بىرنىمۇ قالدۇرماي ئىشلەش. تۆۋەندە ھەر بىر مەسىلە ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەي.

1) تىل ئۆگىنىشتە ئەڭ قىيىنغا توختايدىغان بىر نەرسە يېتەرلىك ساندىكى خام سۆزنى يادلاپ ئىگىلەشتىن ئىبارەت. يېتەرلىك مىقداردىكى چەت ئەل تىلى سۆزلۈكىنى يادلىۋېلىش قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قاتتىق تۇتۇپ ئېرىشكىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇزۇن مۇددەت ئىزچىل تىرىشىش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدىغان نەرسە. شۇڭا ئۇنى كۈندىلىك ۋەزىپە قىلىۋېلىش كېرەك. مەن ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 6 دە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى تەييارلاپ قويغان 20 سۆزلۈكنى يادلىدىم. يەنى خەنزۇچە مەنىسىگە قاراپ، ئىنگلىزچىسىنى دەپ بېرەلەيدىغان بولدۇم. ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن سىنىپقا 5–10 مىنۇت بالدۇر بېرىپ، دەرس باشلىنىشتىن بۇرۇن، بۈگۈن ئۆگەنگەن 20 سۆزلۈك ۋە ئالدىنقى 4 كۈندە ئۆگەنگەن 80 سۆزلۈك بولۇپ جەمئىي 100 سۆزلۈكنى خەنزۇچىسىغا قاراپ تۇرۇپ ئىنگلىزچىسىنى يازدىم. بۇنى چۈشتىن كېيىنكى دەرستىن بۇرۇن ۋە كەچلىك تەكراردىن بۇرۇن يەنە 2 قېتىم تەكرارلىدىم. يەنى ھەر كۈنى 5 كۈنلۈك 100 سۆزلۈكنى 3 قېتىم يېزىپ چىقتىم. ھەر بىر سۆزلۈكنى مۇشۇنداق 5 كۈن تەكرارلىسام، ئۇ مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدىغان بىر نەرسىگە ئايلاندى. بۇنى ئۆزۈمگە ئىنتايىن قاتتىق تۈزۈم قىلىۋالغان بولۇپ، سۆزلۈكنى يېزىپ بولماي تۇرۇپ كىنوغا بارمىدىم. سۆزلۈكنى يازماي تۇرۇپ ئولتۇرۇشقا بارمىدىم. ئويۇن – تاماشىدىن ۋاز كەچسەممۇ بۇ تۈزۈمنى قەتئىي بۇزمىدىم.

2) يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، ھەر قېتىم 5 كۈنلۈك سۆزنى (يەنى 100 سۆزنى) يازدىم. ھەر كۈنى 3 قېتىم يازدىم: ئەتىگەنلىك دەرستىن بۇرۇن، چۈشتىن كېيىنكى دەرستىن بۇرۇن ۋە كەچلىك تاماقتىن كېيىن.

3) مېنىڭ ئۆگەنگىنىم تەبىئىي پەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دەرسلىك كىتابى بولۇپ، ھەر بىر دەرسنىڭ بىردىن رەسمىي تېكىستى ۋە بىردىن «ئىختىيارىي ئوقۇش تېكىستى» (Reading Text) بار ئىدى. مەن ھەر ھەپتىدە بىردىن يېڭى دەرس ئۆگەنگەن بولۇپ، ھەپتىنىڭ ئاخىرىغىچە ھەر كۈنى ئەتىگەندە تېكىستنىڭ بىر

قىسمىنى يادلاپ، ھەپتە ئاخىرىغىچە تېكىستنى پۇتۇنلەي يادلىۋالدىم. بۇنىڭ پايدىسى، سۆزلۈكنى پۇختا ئېسىمگە ئېلىۋېلىپلا قالماي، گراماتىكا قائىدىسىنىمۇ پۇتۇنلەي يادلىۋالدىغان بولغاچقا، كېيىنچە گراماتىكىنى جانلىق ئىشلىتىشىمىز ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن پايدىسى بولىدىكەن. مەن «Reading Text» نىمۇ ھەر كۈنى ئوقۇپ، ئاساسەن ئېسىمگە ئېلىۋالدىم.

4) تاپشۇرۇقنى تولۇق ئىشلەش ھەر قانداق پەندە يېڭى ئۇقۇمنى پىششىق ئىگىلەشتە كەم بولسا بولمايدىغان نەرسە. شۇڭا بۇ يەردە تەپسىلىي توختالمايمەن.

مەن بۇ سۆھبەتنىڭ ئالدىنقى بۆلۈملىرىنىڭ بىرىدە، بىر داڭلىق ئادەمنىڭ مۇنداق بىر سۆزىنى تىلغا ئالغانىدىم: «ۋاقىتنى مىنۇت بويىچە ھېسابلايدىغان ئادەمنىڭ ۋاقتى، ۋاقىتنى سائەت بويىچە ھېسابلايدىغان ئادەمنىڭكىگە قارىغاندا 60 ھەسسە كۆپ بولىدۇ». بۇ سۆز تىل ئۆگىنىشتە ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق. مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، تاماققا ئۆچىرەت تۇرغان ۋاقتىمدا، ئاپتوبۇستا يول ماڭغان ۋاقتىمدا، يىغىنلارنىڭ ئالدى-كەينىدە دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىنگلىزچە سۆزلۈك يادلىغان ئىدىم.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ باشقا بىر مىللەت تەرىپىدىن كۆزگە ئىلىنىشى، ھەرگىز باشقا بىر مىللەت ئۆزلۈكىدىن بېرىدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇنى ئۇيغۇر مىللىتى ئۆزى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنى دۇنياغا بىر تايىنى بار مىللەت سۈپىتىدە تونۇتۇشتا، ھەر بىر ئۇيغۇر ناھايىتى چوڭ رول ئوينىيالايدۇ. مۇشۇنداق رولنى ئۇنۇملۇك ئويناشنىڭ بىر شەرتى، ھەر بىر ئىرادىلىك ئۇيغۇرنىڭ خەنزۇ تىلى بىلەن ئىنگلىز تىلىنى پۇختا بىلىشىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئىككى تىلنى پۇختا بىلىش، ھازىرقى شارائىتتا ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ «ياشاش يولى» نىڭمۇ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم تەركىبىي قىسمى. مەن ئاتا-ئانىلارنىڭ يېتەرلىك يول كۆرستىشى ۋە ياردەم قىلىشى بىلەن، بۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىدىغان ئۇيغۇر ياش-ئۆسمۈرلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ يۇقىرىقى تىل ئۆگىنىش نىشانىغا يېتىشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىمەن.

**15-سوئال: ئىنتېرنېت خەۋىرىدە «ئۇيغۇرلار جۇڭگودا ئۆز تىل-يېزىقىدا تور بېكەتلىرىنى ئىشلىگەن، Windows مەشغۇلات سىستېمىسىغا ئۆز يېزىقىنى كىرگۈزگەن 2-مىللەت» دېيىلدى، ئۇيغۇر تور مەدەنىيىتى ۋە كومپيۇتېر بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ھەققىدە قانداق تەكلىپلىرىڭىز بار؟**

جاۋاب: مەن بۇ خەۋەرنى ئوقۇغاندا، ئىنتايىن ھاياجانلاندىم، تەسىرلەندىم ھەمدە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تور بېكەت مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۇنى خەلقئارالىق يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكۈزۈش، ھەمدە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتە ھازىر ئەڭ ئالدىنقى سەپتە ۋاقتىنى، كۈچىنى ۋە ئىقتىسادىنى ئايىماي، ئۈن-تىنسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان قېرىنداشلاردىن ئىنتايىن پەخىرلەندىم.

1991-1992-يىللىرى مەن كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ داۋىس شۆبىسىدە ئالىي مەكتەپ ئىنژېنېرلىق كەسپىنىڭ 1-يىللىق ئوقۇغۇچىلىرىغا «كومپيۇتېر پروگراممىسىنى تونۇشتۇرۇش» دېگەن دەرستە «Fortran» بىلەن «Unix» نى ئۆتۈۋاتقان ۋاقتىمدا، ئامېرىكىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئىنتېرنېت تور بېكىتى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇ چاغدا بىز تور بېكىتىنى ئاچىدىغان پروگراممىنى «Mosaic» دەپ ئاتىغان بولۇپ، مەن ئوقۇغۇچىلارغا ئامېرىكىنىڭ سابىق مۇئاۋىن پرېزىدېنتى ئالگورنىڭ ئاۋازلىق نۇتقى بار بىر تور بېكىتىگە كىرىپ ئاڭلاپ بېقىشنى دەرس ۋاقتىدىكى بىر ۋەزىپە قىلغانىدىم. شۇنىڭدىن تارتىپ، ئامېرىكىدا ئىنتېرنېت تور بېكىتىنىڭ قانداق تەرەققىي قىلىپ ماڭغانلىقىنى ئىزچىل تۇردە كۆرۈپ تۇردۇم. مۇشۇ جەرياندا يۇرتىمىزدىكى تور بېكەت ئىشلىرىنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقىنى ئىنتايىن بىلگۈم بولسىمۇ، مەن ئىشلىگەن يۇقىرى تېخنىكىلىق شىركەتلەردە داۋاملىق ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە دۇنيا بويىچە ئەڭ ئىلغار، يۇقىرى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلارنى چىقارمىساق بولمىغاچقا، ئالدىراشلىقتا يۇرتىمىزنىڭ تور بېكەت ئىشلىرى توغرىسىدا ئانچە ئۇچۇر ئالالمىغان ئىدىم. بۇ قېتىم بىلىۋال بىلەن بۇ سۆھبەتنى باشلىغاندىن كېيىن، ۋەتەندىكى تور بېكەت ئىشلىرى توغرىسىدا سەل چوڭقۇرراق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. ھەمدە ئىنتايىن ھەيران قالدىم. دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىدىن ھېچ قانداق قېلىشمايدىغان، ئۇيغۇر كونا يېزىقى بىلەن لاتىنچە يېڭى يېزىقتىن پايدىلىنىپ ياسالغان بىلىك، بىلىۋال، دىيارىم، ئىزدىيارى، مەيىن شامال، مىسران، نەۋرۇز، ئۇيغۇر كومپيۇتېر ئىلمىي جەمئىيىتى، ئۇيغۇر نۇكە (Uyghur Nuke)، ئۇيغۇرسوفت ... قاتارلىق يۇقىرى سۈپەتلىك تور بېكەتلىرى مەيدانغا كېلىپتۇ (مەن

يۇرتىمىزدىكى يۇقىرى سۈپەتلىك تور بېكەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ بولالمايدىكەنمەن. شۇڭا ئوقۇرمەنلەرنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى سورايمەن). بىر قىسىم ئۇيغۇر ئىنتېرنېت شىركەتلىرىمۇ بارلىققا كېلىپتۇ. بەزى ئۇيغۇر شىركەتلىرى ئۆز ئىگىلىكىنى ئۇنۇملۇك ماڭدۇرۇشتا تور بېكەتتىن پايدىلىنىدىغان بولۇپتۇ. ھازىرقى زاماننىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىش، ئۇيغۇر تىل-يېزىقى ساھەسىدىكى قالايمىقانچىلىقلارنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئۇيغۇر لاتىن يېزىقى (ULY) توغرىسىدا قارار ئېلىش قاتارلىق ناھايىتى ئىلمىي ۋە ئەھمىيەتلىك ئىشلار قىلىنىپتۇ: تۆۋەندىكى تور بەتلىرىنى كۆرۈڭ:

http://www.ukij.org/uly/modules.php?name=Content&pa=showpage&pid=4

http://www.biliwal.com/modules.php?name=Forums&file=viewtopic&t=141

ھەمدە تور بېكەتتىكى ئۇيغۇرچە-ئىنگلىزچە، ئىنگلىزچە-ئۇيغۇرچە قوش يۆنىلىشلىك لۇغەتنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىمۇ مەيدانغا كېلىپتۇ:

http://uighurdict.uni.cc/modules.php?name=NukeWrap&page=cgi-bin/eudict.pl

شۇ ئارقىلىق، يۇقىرىقى سوئالدا ئېيتىلغىنىدەك، ئۇيغۇرلار ھازىر جۇڭگودا ئۆز تىل-يېزىقىدىكى تور بېكىتى ۋە Windows مەھسۇلاتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە 2-مىللەتلىك ئورۇننى ئېلىپتۇ. ئىجتىھاتلىق ھەم شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشۇش روھىغا ئىگە ياشلىرىمىزنىڭ ئۇيغۇرچە مەشغۇلات سىستېمىسىدىن باشقا، ئۇيغۇر تور مەدەنىيىتىگە قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن PHP، نۇكە، Nuke.POST تور بەت سىستېمىسى، ULY ۋە UEY دىكى بەتلەرنىڭ يېزىقىنى بىر-بىرىگە ئايلاندۇرغۇچ، Uyghuredit، ئۇيغۇرچە تور لۇغىتى ۋە Skype ئىنتېرنېت تېلېفون سىستېمىسىغا ئوخشاش سىستېمىلارنى تەرجىمە قىلىپ ياكى تۈزۈپ ئىشلەپ ھەقسىز تارقىتىشتەك مەدەنىيىتىمىزگە خالىس تۆھپە قوشۇش روھى كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ قايىل قىلىدۇ، تەسىرلەندۈرىدۇ.


تور بېكىتىنىڭ ئىگىلىك ۋە كىشىلىك تۈرمۈشتا قانچىلىك مۇھىم رول ئوينىيالايدىغانلىقىنى www.biliwal.com دا ئېلىپ بېرىلغان مۇشۇ سۆھبەتتىن ئىبارەت بىر مىسال ئارقىلىقمۇ خېلى چوڭقۇر چۈشىنىۋېلىش مۇمكىن. مەن بىر سوئالنىڭ جاۋابىنى يېزىپ پۈتتۈرۈپ، ئۇنى بىلىۋال باشقۇرغۇچىلىرىغا بېرىمەن. ئۇلار مېنىڭ يازغىنىمنى تەھرىرلەپ، بىلىۋال تور بېكىتىگە چىقارغان ھامان،

شىنجاڭ ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى ھەر قانداق بىر ئۇيغۇر ئۇنى دەرھال كۆرەلەيدۇ. ئۇ پەقەت بىر ئادەمدىن ئىنتېرنېت تور بېكىتىگە كىرىش ۋاستىسى بولۇشىنىلا تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق يول بىلەن بىر ئۇچۇرغا ئېرىشىشنىڭ تەننەرخى ئىنتايىن ئەرزان، سۈرئىتى تېز ۋە ئۇسۇلى ئىنتايىن قولايلىق ۋە ئاددىيدۇر. شۇڭا ئىنتېرنېت ئامېرىكىدا ھازىر ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدە ئومۇملاشتى. ئامېرىكىنىڭ 2003-يىلىدا ئېلان قىلىنغان بىر تەكشۈرۈش دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، ئامېرىكىدىكى يېشى 18 ياشتىن يۇقىرى كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى 58 پىرسەنت ئادەم ئىنتېرنېتقا كىرىش ۋاستىسىگە ئىگە ئىكەن. ھازىر ئامېرىكا قاتارلىق تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە ئىنتېرنېتسىز خىزمەت ۋە ھاياتنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

مەن كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ داۋىس شۆبىسىدە ئېلېكتر توك يولى دەرسىنى ئۆتكەن ۋاقىتتا ئوقۇغۇچىلارغا بەرگەن بەزى تاپشۇرۇق ۋە پروجېكتلار «SPICE» دەپ ئاتىلىدىغان توك يولى لايىھىلەش يۇمشاق دېتالى ئارقىلىق بىر ئەمەلىي توك يولى لايىھىلەش بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ لايىھىسىنى ماڭا ئىنتېرنېت ئارقىلىق ماڭدۇراتتى. مەن ئۇلارنىڭ پروگراممىسىنى كومپيۇتېرىمغا چۈشۈرۈۋېلىپ، ئۇلارنى ئىجرا قىلدۇرۇپ، چىققان نەتىجىسىگە قاراپ نەتىجە بېرەتتىم. بىزنىڭ شىركەتتىكى نۇرغۇن ئالاقىلىشىش ۋە ھۆججەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىمىز ئىنتېرنېت ئارقىلىق بولىدۇ. مەن 2000-يىلىدىن باشلاپ ئىشلىگەن شىركەتلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا بىردىن خاتىرە كومپيۇتېر ئېلىپ بەرگەن بولۇپ، ئۇلارنى شىركەتكە بارغاندا ئادەتتىكى كومپيۇتېرىمغا قوشۇمچە قىلىپ ئىشلەتسەم، ئاخشاملىرى ۋە شەنبە، يەكشەنبە، دەم ئېلىش كۈنلىرى ئۇنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كېلىپ، بىر قانچە ھەتتا 10 نەچچە سائەت ھېسابلاش ۋاقتى تەلەپ قىلىدىغان لايىھىلەش ئىشلىرىنى ئۆيدە بىر تەرەپتىن دەم ئالغاچ ئىشلىدىم. شۇ ئارقىلىق نۇرغۇن لايىھىلەش ئىشلىرىنى تاماملىدىم. ھازىر بەزى كۈنلىرى ئۆيدە ئىشىم چىقىپ قېلىپ، شىركەتكە بارالماي قالسام، خاتىرە كومپيۇتېرىمنى يۇقىرى سۈرئەتلىك ئىنتېرنېت ئۇلىنىشى ئارقىلىق شىركەتنىڭ سېرۋېرىگە ئۇلاپ، ھەممە ئىشلارنى خۇددى ئۆزۈمنىڭ شىركەتتىكى ئىشخانىسىدا ئولتۇرغاندەك قىلالايمەن. شۇڭا بىر تەرەپتىن ئۇزۇن ۋاقىت تەلەپ قىلىدىغان ھېسابلاش ۋە لايىھىلەش پروگراممىلىرىنى ماڭدۇرۇپ قويۇپ، بىر تەرەپتىن ئۆزۈمنىڭ شەخسىي ئىشىنى قىلىمەن. شىركىتىم بۇنداق ئىشلارغا پۈتۈنلەي يول قويىدۇ. باشقا شتات ھەتتا چەت

ئەلگە يىغىن ياكى خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن بېرىپ قالسامۇ، خاتىرە كومپيۇتېرىمنى ئىنتېرنېت ئارقىلىق شىركەتنىڭ سېرۋېرىگە ئۇلاپ، شىركەتتە بولۇۋاتقان ئىشلاردىن تولۇق خەۋەر تېپىپ تۇرىمەن. ئەگەر ماڭا جىددىي ۋەزىپە چۈشۈپ قالسا، ئۆزۈمنىڭ نەدە ئىكەنلىكىمدىن قەتئىينەزەر دەرھال ئۇنى ئىشلەپ بېرىمەن. ئايالىم ئامېرىكىدىكى بىر مەملىكەتلىك چوڭ دوختۇرخانىنىڭ سانلىق ئامبار باشقۇرۇش يۇمشاق دېتالىنىڭ ئىشىنى قىلىدىغان بولۇپ، بەزى شەنبە ۋە يەكشەنبە كۈنلىرى شىركەتنىڭ سانلىق ئامبىرىدا مەسىلە كۆرۈلسە، خاتىرە كومپيۇتېرىنى شىركەتنىڭ سېرۋېرىگە ئۇلاپ، چىققان چاتاقنى ئوڭشاپ بېرىدۇ.

مەن ھازىر Windows ئاساسىدىكى ھۆججەت تەييارلاش پروگراممىسىنىڭ ھەممىسىنى، ZEMAX، Code ۋە، BeamProp (RSoft)، BBV (Kymata)، TFCal، Film Wizard قاتارلىق ئوپتىكا لايىھىلەش يۇمشاق دېتالىنى، LabView دەپ ئاتىلىدىغان ئېلېكتر ئاپپاراتلىرىنى باشقۇرۇش يۇمشاق دېتالىنى، Ashlar CAD Drawing دېگەن مېخانىكىلىق لايىھىلەش يۇمشاق دېتالىنى، MatLab، Fortran، C، Visual C++، Windows programming قاتارلىق ھېسابلاش يۇمشاق دېتاللىرىنى، Unix مەشغۇلات سىستېمىسىنى، SPICE دەپ ئاتىلىدىغان ئېلېكترونلۇق توك يولى لايىھىلەش يۇمشاق دېتالىنى ۋە HTML دېگەن تور بېكىتى ياساش يۇمشاق دېتاللىرىنى بىلىمەن. بۇنىڭ ئىچىدە «Code V» دېگەن يۇمشاق دېتالنى بىر ھەپتىلىك مەخسۇس كۇرسقا قاتنىشىپ ئۆگەنگەندىن باشقا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى مەن ئۆز تەتقىقات ۋە باشقا خىزمىتىمدە ئىشلىتىشكە مەجبۇرى بولغاندا ئۆز-ئۆزۈمگە تايىنىپ ئۆگەنگەن. ھازىرغا قەدەر ئۆزۈم لايىھىلەپ ياساپ چىققان يۇقىرى تېخنىكىلىق 3-4 ئاپپاراتلارنىڭ ھەممىسىدە ئېلېكتر توك يولى، ئوپتىكىلىق لايىھە، مېخانىكىلىق قۇرۇلما ۋە ئاپپاراتنى باشقۇرىدىغان يۇمشاق دېتال قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈم ئىشلىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆزۈمنىڭ ھازىرقى كۈندىلىك تەتقىقات ۋە باشقا خىزمەتلىرىمدە ئوپتىكا، ئېلېكتر ئىنژېنېرلىقى، فىزىكا، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە بەزىدە ھەتتا بىئولوگىيە قاتارلىقلارنى ئىشلىتىپ تۇرىمەن.




ئۇيغۇر لاتىن يېزىقى (ULY) ئېلىپبەسى

مەن ئىنتېرنېت تور بېكىتى مەسىلىسى ئۈستىدە تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتا ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈشنى لايىق كۆردۈم.

1. تور بېكەت تېخنىكىسى ۋە مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ھازىرچە يەنىلا بىر يېڭى شەيئىدۇر. ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى، جەمئىيىتى ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىگىلىك ساھەلىرىدە تېز تەرەققىي قىلىپ، ئۇيغۇرلار ئۈچۈنمۇ ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدىغان بىر ۋەزىيەتنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە بارلىققا كەلتۈرۈشتە، كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئۇيغۇر ئەرەب يېزىقى (UEY) بىلەن ئۇيغۇر لاتىن يېزىقى (ULY) دىن ئىبارەت 2 خىل يېزىقتىكى، ئوخشىمىغان شەكىل ۋە

مەزمۇندىكى تور بېكەتلىرىنى قۇرۇشى ناھايىتى مۇھىم، زۆرۈر ۋە پايدىلىق ئىشتۇر. ئۇنىڭسىز ئۈيغۇرلارنىڭ تور بېكەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. غەرب ئەللىرىنىڭ يېقىنقى زاماندىكى يېڭى تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىغا قارايدىغان بولساق، مۇنداق بىر ئىشنى بايقايمىز. ھەر قېتىم بىر يېڭى تېخنىكا مەيدانغا چىققاندا، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە شۇ تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ھەمدە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ بىرەر مەھسۇلات ئىشلەپ چىقىرىدىغان شىركەتلەردىن نۇرغۇنلىرى قۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن 3 يىلدىن 5 يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، بۇ شىركەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىدىغىنى تەرەققىي قىلىپ، ئۆز-ئارا قوشۇلىدىغىنى قوشۇلۇپ، يىقىلىدىغىنى يىقىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ سانى بىر قانچە 10 غا چۈشىدۇ. مەن بۇ خىل ئەھۋالنى 1997-2000-يىللىرىدىكى «dot-com» (يۇمشاق دېتال شىركەتلىرى) تېخنىكىسى بىلەن 2000-2003-يىللىرىدىكى نۇر تالا خەۋەرلىشىش تېخنىكىسى ساھەسىدە بىر قەدەر تەپسىلىي كۆردۈم. 2000-يىلى مەن خەلقئارالىق نۇر تالا خەۋەرلىشىش يىغىنىغا بېرىپ، كۆرگەزمە زالىغا كىرگىنىمدە، ئۇ زالنىڭ چوڭلۇقى ۋە كۆرگەزمىگە قاتناشقان شىركەت بىلەن ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن بىر كۆز يەتمەس جاڭگالغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلغانىدىم. ئۇنىڭغا قاتناشقان شىركەتلەرنىڭ سانى 3000 دىن، ئادەمنىڭ سانى 30 مىڭدىن ئاشقان بولۇپ، مەن پۈتۈن بىر كۈن ۋاقتىمنى كۆرگەزمىلەرنى كۆرۈشكە ئاجراتقان بولساممۇ، ئۇلارنى تولۇق كۆرۈپ بولالمىغان ئىدىم. ھازىر ھېلىقى 3000 مىڭدىن ئارتۇق شىركەتتىن مەۋجۇت قالالىغانلىرىنىڭ سانى 100 گىمۇ بارماسلىقى مۇمكىن. قالغانلىرى يوقاپ كەتتى. بىزنىڭ Wave Splitter دېگەن شىركەتمۇ 4 يىلنىڭ ئىچىدە 120 مىليون دوللار ئەتراپىدىكى مەبلىغىنى تۈگىتىپ، ئامېرىكىدىكى ئىنژېنېرلىق ئىگىلىكىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. مەن 2003-يىلى ئاڭلىغان بىر دوكلاتتىن ئېسىمدە قېلىشىچە، كالىفورنىيىدە 2001-يىلدىن 2003-يىلغىچە بولغان 2 يىل ئىچىدە، «dot-com» شىركىتى بىلەن نۇر تالا خەۋەرلىشىش شىركەتلىرىنىڭ ۋەيران بولۇشى بىلەن يوقاپ كەتكەن ئىقتىسادىي قىممەت 2.3 تىرىليون دوللاردىن ئاشىدىكەن. ئامېرىكا مۇشۇنداق زىيانلارغىمۇ ئۇنچىۋالا دات-پەرياد دەپ كەتمىدى. يېڭى تېخنىكىلارنىڭ بازار ئىگىلىكى سىستېمىسىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن قاتتىق رىقابەت مېخانىزمى ئىچىدە تەرەققىي قىلىپ مېڭىشىغا قويۇپ بېرىۋاتىدۇ. يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان يۇقىرى تېخنىكىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بىئولوگىيە

تېخنىكىسىغا يۆتكەلدى. قىسقىسى، مېنىڭچە هازىرچە كۆپلىگەن ئۇيغۇر تىلىدىكى تور بېكەتلىرىنىڭ مەيدانغا چىقىشى هەرگىز زىيانلىق ئىش ئەمەس. ئۇيغۇر تور بېكەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا هارماي-تالماي خالىس خىزمەت قىلىۋاتقان هەممە ئوت يۈرەك ياشلىرىمىز بىزنىڭ هەقىقىي مىللەت سۆيەر ئەزىمەتلىرىمىز بولۇپ، ئۇلار هەممىمىزنىڭ چوڭقۇر هۆرمىتىگە، قەدىرلىشىگە ۋە مەدھىيىسىگە سازاۋەردۇر.

2. هازىر ئۇيغۇر تور بېكەتلىرىدە ئىشلىتىلىۋاتقان ئۇيغۇر لاتىن يېزىقى (ULY) نىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ. ئۇنىڭ شىنجاڭ، ئامېرىكا، ياۋروپا، تۈركىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق دۆلەتلەرگە قاراپ ئوخشىمىغان شەكلى بولۇپلا قالماستىن، هەر بىر دۆلەتتىمۇ يەنە بىر قانچە كىچىك تىپتىكى ئوخشىمىغان تۈرلىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. ئەگەر هازىر ئۇيغۇر ئەمەس، ئەمما ئۇيغۇرچىنى بىلىدىغان بىر ئادەم پۈتۈن ئۇيغۇر تور بېكەتلىرى ۋە ئىنتېرنېت مۇنبەرلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش قىلىدىغان بولسا، ئۇيغۇرنى «ساۋاتى ياخشى چىقمىغان، تايىنى يوق، ئىنتايىن چېچىلاڭغۇ بىر مىللەت ئىكەن» دېگەن خۇلاسىگە كېلىشى مۇمكىن. بۇ بىر ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئەھۋال بولۇپ، ئۇ هەر بىر ئۇيغۇرنىڭ دىققىتىنى قوزغىشى كېرەك. ئۇيغۇر تور بېكىتىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇر خەلقىگە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان. شۇنداق بولغان ئىكەن، ئۇلار كۆپ سانلىق ئۇيغۇرلارنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، يېزىق جەھەتتىكى بىرلىكنى قوغدىشى كېرەك. مەن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈپ كەتكەندەك، يۈرتىمىزدىكى بىر قىسىم تىل مۇتەخەسسىسلىرى ۋە ئوت يۈرەك ياشلار 4-5 يىل ئىلمىي مۇنازىرە، مۇزاكىرە يۈرگۈزۈش ۋە ئىزدىنىش ئارقىلىق، ULY يېزىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەقسىتىدە ULY نى بارلىققا كەلتۈرۈپتۇ. هەمدە يۈرتىمىزدىكى بىر قىسىم تور بېكەتلىرى مۇشۇ يېزىقنى قوللىنىۋېتىپتۇ. بۇ توغرىسىدىكى تەپسىلىي مەلۇماتنى

http://www.ukij.org/uly/modules.php?name=Content&pa=showpage&pid=4

http://www.biliwal.com/modules.php?name=Forums&file=viewtopic&t=141

تور بېكەتلىرىدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. مەن بۇ ULY توغرىسىدا كەم دېگەندە مۇنداق 2 ئالاهىدىلىك بارلىقىنى هېس قىلدىم: 1) ئۇنى ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشەلەيدىغان هەممە مىللەتلەر شۇ پېتىچە ئوقۇيالايدىكەن (مەسىلەن،

«Qimen’gül» بىلەن «Cimen’gül» نى ئىنگلىز تىللىرىدىكىلەر توغرا ئوقۇيالمايدۇ، ئەمما «Chimen’gül» نى ئوقۇيالايدۇ)، ھەممىدە تېز يېزىشقا توغرا كەلگەندە، چەت ئەلدىكى ئۆلچەملىك كومپيۇتېرنىڭ ھەممىسىدە چېكىتسىز ھەرپلەر بىلەن تېز سۈرئەتتە يازغىلى بولىدىكەن. 2) بىر قىسىم ئوت يۈرەك ئۇيغۇر ياشلىرى خالىس ئىشلەش ئارقىلىق، بىر خىلدىكى يۇمشاق دېتالنى ئىشلەپ چىققان بولۇپ، شۇنى ئىشلىتىش ئارقىلىق بىر ULY ۋە UEY دىكى ھۆججەتلەرنى ئۆز ئارا ئايلاندۇرغىلى بولىدىكەن (مەن بۇ ياشلارغا ھەممىدە ئۆزىنىڭ پۇلى، ۋاقتى ۋە كۈچى بىلەن ھەر خىل ئىنتېرنېت تور بېكەتلىرىنى ياساۋاتقان ھەممىدە ئۇلارنى باشقۇرۇۋاتقان يۇرتداشلارغا چىن كۆڭلۈمدىن مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن. ھەقىقىي مىللەتپەرۋەرلىك دېگەن مانا مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك). ئەمدى بۇ يېزىق توغرىسىدا ئامېرىكا، ياۋروپا، تۈركىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلار ئۆز ئالدىغا ئايرىم-ئايرىم مۇنازىرە ۋە مۇزاكىرە قىلىپ، ئۆز ئالدىغا بىردىن ULY نى تۈزۈپ چىقىشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق. ئۇنداق قىلىش بىر ئۇچىغا چىققان نادانلىق بولۇپ، ئۇيغۇر مىللىتىنى دۇنياغا بىر تاينى بار مىللەت سۈپىتىدە تونۇتۇشقا ئىنتايىن زىيانلىق. شۇڭا مەن چەت ئەلدە ئوقۇغان، ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقىدا بىلىمى بار، ئەمما يۇرتىمىزدا ULY توغرىسىدا قارار ئېلىش جەريانىغا قاتنىشالمىغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ھازىرچە ULY قارارىغا بويسۇنۇشىنى، ئۆز ئالدىغا ئايرىم ULY تۈزۈپ چىقىپ ئىشلەتمەسلىكىنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئۇنداق قىلمايدىكەنمىز بىز ئۇيغۇر ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى ئەمەس، ئۇنى بۇزغۇچى بولۇپ قالىمىز. بىز باش قاتۇرمىساق بولمايدىغان، كۆڭۈل بۆلمىسەك بولمايدىغان، ئىزدەنمىسەك بولمايدىغان نۇرغۇن مۇھىم ۋە جىددىي ئىشلار بار. ئۇيغۇر بىلىم ئىگىلىرىنىڭ ئۆز بىلىمىنى ئىشلىتەلەيدىغان ۋە ئىشلىتىشكە تېگىشلىك ئىشلار ۋە سورۇنلار ئىنتايىن كۆپ. ئەمما، مېنىڭچە يېڭى بىر ULY نى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۇنىڭ بىرى بولماسلىقى كېرەك. بىر قېتىم قارار قىلىنىپ بولغان ئىشنى يەنە قايتا مۇزاكىرە ۋە قارار قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. بىر ئىش توغرىسىدا ئاخىرى ئۈزۈلمەيدىغان مۇنازىرە ۋە مۇزاكىرە قىلىش بىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىسىز. شۇڭا مەن ھەممە ئادەمنىڭ ئۇيغۇرنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، يېڭى يېزىقتا تۈزۈلگەن تور بېكەتلىرىدە بىر تۇتاش ULY نى ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلىمەن. مەن باشلانغۇچ 1-سىنىپتىن تارتىپ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگۈچە ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىدا ئوقۇغان. لېكىن، باشلانغۇچتىلا UEY بىلەن ئۇيغۇر سلاۋيان يېزىقىنى

ئۆگىنىۋالغان بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈمنىڭ تورمۇشى بىلەن ئوقۇشىدا UEY نىمۇ ئىزچىل تۈردە قوشۇمچە قىلىپ قوللىنىپ كەلدىم. ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار ئىچىدە مۇشۇنداق قىلغانلار ئىنتايىن كۆپ ئىدى. مەن www.uyghurscholars.org (بۇ تور بەت ۋەتەندە ئېچىلمايدىغان بولۇپ قېلىپ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ www.meripet.com غا ئۆزگەرتىلدى) تور بېتىنى دەسلەپتە ياسىغاندا، ULY دىن تولۇق خەۋىرىم بولمىغاچقا، بىز بۇرۇن ئوقۇغان ULY نى قوللانغانىدىم. بېقىندىن بۇيان ULY نى ئىشلىتىشكە باشلىدىم. ھازىر Biliwal.com ئۈچۈن بېرىۋاتقان سۆھبەتنىڭ جاۋابلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، چوقۇم ۋاقىت چىقىرىپ، www.uyghurscholars.org نىڭ يېزىقىنى پۈتۈنلەي ULY گە ئۆزگەرتىش پىلانىم بار. مىللەت ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشنى ئىستەيدىغان ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن، ھەمدە كەلگۈسىدە چوڭراق ئىشلارنى قىلىشنى نىشانلىغان ھەر بىر ياش ئۈچۈن ULY دەك 32 ھەرپلىك يېزىقنى ئۆگىنىۋېلىش ھېچقانچە ئىش ئەمەس. ئۇ بىر كىشىنىڭ قولىغا كەلتۈرگەن چوڭ نەتىجىسى بولۇپمۇ ھېسابلانمايدۇ. بەلكى، ھازىرقى زاماندا ئۇيغۇر تىلى، UEY ۋە ULY نى پۇختا بىلىش ھەمدە ئۇلارنى توغرا ئىشلىتىش، ئۆزىنى مىللەتپەرۋەر ھېسابلايدىغان ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر.

3. مەن يۇقىرىقى 14–سوئالنىڭ جاۋابىدا، ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ كەلگۈسىدىكى «ياشاش يولى» نىڭ بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئۇيغۇر تىلى، خەنزۇ تىلى ۋە ئىنگلىز تىلىنى پۇختا بىلىش ئىكەنلىكىنى ھەمدە بۇ تىللارنى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگۈچە ئۆگىنىپ بولۇشىنىڭ كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىم. بۇ «ياشاش يولى»نىڭ يەنە بىر ئىنتايىن مۇھىم تەركىبىي قىسمى بار. ئۇ بولسىمۇ، كومپيۇتېرنى بىلىشتىن ئىبارەت. مەن بۇ نۇقتىنى قانچىلىك تەكىتلىسەممۇ ئازلىق قىلىدۇ. ھازىر ئامېرىكا ۋە باشقا تەرەققىي قىلغان ئەللەردە كومپيۇتېر بىلمەي تۇرۇپ، يەر ۋە بىنا تازىلاش، قۇرۇلۇشتا ئىشلەشتەكلەردىن باشقا ئەقلىي ئەمگەك تەركىبى بار بىرەر خىزمەت تېپىش ئاسان مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا كىشىلەر كومپيۇتېر ئۆگىنىشنى ئىنتايىن كىچىك يېشىدىلا باشلايدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ بولغۇچە كومپيۇتېرغا ناھايىتى ئۇستا بولۇپ كېتىدۇ. ئامېرىكىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدىلا كومپيۇتېر تەجرىبىخانىسى بار بولۇپ، 1–سىنىپ بالىلىرىنىمۇ ھەپتىدە بىر قانچە قېتىم كومپيۇتېر ئويۇنى ئويناشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

ئوتتۇرا مەكتەپتە بولسا كومپيۇتېر ئىنتايىن ئومۇملىشىپ كەتكەن بولۇپ، ھەر بىر سىنىپتا كەم دېگەندە 5 دىن ئەڭ يېڭى تىپتىكى كومپيۇتېرنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار بىر قىسىم تاپشۇرۇقنى (مەسىلەن، ماقالە يېزىش تاپشۇرۇقىنى) تور بېكىتى ئارقىلىقلا تارقىتىپ، ئىشلەنگەن تاپشۇرۇقنىمۇ E－mail ئارقىلىق يىغىدۇ. مەن 1993－يىلىلا ئۆيگە شەخسي كومپيۇتېر ئېلىشنى باشلىغان بولۇپ، ھازىر ئۆيدە 2 دانە ئادەتتىكى ۋە بىر دانە خاتىرە كومپيۇتېر ھەمدە 2 دانە ماشىنكا بار. ئۇنىڭدىن باشقا مېنىڭ شىركەتتىن بەرگەن بىر خاتىرە كومپيۇتېرىم، ئامانگۈلنىڭمۇ شىركىتىدىن بەرگەن بىر خاتىرە كومپيۇتېرى بار بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ خىراجىتى 3 مىڭ دوللار ئەتراپىدا. بۇ 5 كومپيۇتېرنىڭ ھەممىسى ئۆيىمىزدىكى ئۆز خىراجىتىمىز بىلەن ئورۇنلاشتۇرغان يۇقىرى سۈرئەتلىك ئىنتېرنېتقا سىملىق ۋە سىمسىز يوللار بىلەن داۋاملىق ئۇلاغلىق تۇرىدۇ. ئىككى بالىمىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى نۇرغۇن تاپشۇرۇق ۋە پروجېكتلارنى كومپيۇتېردا ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، ھۆججەت تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدىغان Windows يۇمشاق دېتاللىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى ناھايىتى پۇختا بىلىدۇ. تۆتىمىزنىڭ ھەممىمىسى كۇنۇپكىغا قارىماي، 10 بارماق بىلەن خەت ئۇرالايمىز. ئامېرىكىدا كۇنۇپكىغا قارىماي، 10 بارماق بىلەن خەت ئۇرۇشنى ئۆگىتىدىغان مەخسۇس يۇمشاق دېتال بار بولۇپ، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ بۇ پات يېقىندا يۈرتىمىزغىمۇ بېرىشى (ھەتتا ئالاقىچان بېرىپ بولغان بولۇشى) مۇمكىن. ئاشۇنداق خەت ئۇرۇشنى ئۆگىنىۋالغاندا، ھەر بىر مىنۇتتا تەخمىنەن 55 دانە ئىنگلىزچە سۆزنى ئۇرۇپ كىرگۈزگىلى بولىدۇ. مېنىڭ ULY دىكى سۆز ئۇرۇش سۈرئىتىممۇ ئىنگلىزچە سۈرئىتىمگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئوغلۇم كومپيۇتېرغا ئۆزلۈكىدىن ئىنتايىن قىزىقىدىغان بولغاچقا، ھازىر كومپيۇتېر توغرىسىدا خېلى مۇرەككەپ ئىشلارنى بىلىدۇ. ئۇيغۇر ۋەتەنداشلارنىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا بارغاندا، ئۇ بىر قانچە قېتىم باشقىلارنىڭ كومپيۇتېرىغا كىرىۋالغان «ۋىرۇس» لارنى تېپىپ تازىلاپ بەردى. بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن ئۇ ئۆزلۈكىدىن CPU نىڭ تېزلىكىنى ئەسلىدىكى ئۆلچىمىدىنمۇ يۇقىرى (ئىنگلىزچە «overclocked CPU» دەپ ئاتىلىدۇ)، تۇرۇبىلىق سۇ بىلەن سوۋۇتىدىغان بىر كومپيۇتېر لايىھىلەپ، ئۇنىڭغا كېتىدىغان زاپچاسلارنىڭ تىزىملىكىنىمۇ تۈزۈپ چىققان بولۇپ، ئۇنى ياساپ چىقىش ئۈچۈن شۇنىڭدىن بۇيان مەندىن 3 مىڭ دوللار پۇل تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭغا 2 شەرت قويدۇم: 1) ئالدى بىلەن بىر نورمال ئىشلىمەيدىغان كونا كومپيۇتېرنى چۇۋۇپ، قايتىدىن قۇراشتۇرۇپ، ئۇنى

ئىشلەيدىغان قىلىش. 2) يازلىق كانىكولدا ئىشلەپ، 1500 دوللارنى ئۆزى تېپىش، قالغان 1500 دوللارنى مەن چىقىرىپ بېرىش. ئامېرىكىدا يېشى 16 دىن يۇقىرى باللار قانۇنلۇق ئىشلىيەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ قىلىدىغىنى ئۆزۈن مۇددەتلىك رەسمىي خىزمەت ئەمەس بولۇپ، يازلىق تەتىلدە ھەپتىسىگە 40 سائەت، ئوقۇش باشلانغاندىن كېيىن ھەپتىسىگە 20 سائەتكىچە ئىشلىسە بولىدۇ. ئىشقا ئالىدىغان ئورۇنلار كۆپىنچە ھالدا ماكدونالد (MacDonald) غا ئوخشاش تېز تاماق چىقىرىدىغان رېستورانلار ۋە بەزى سودا دۇكانلىرى قاتارلىقلاردۇر. مېنىڭ ئوغلۇم بۇ يىل 3–ئايدا NASA نىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن بەرپا قىلغان بىر يازلىق تەتىل پروگراممىسىغا ئىلتىماس قىلغانىدى. خىزمەت ئورنى بىزنىڭ ئىدارىمىز JPL دە بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىلتىماس قىلغانلار ئوقۇشتا ئالاھىدە ياخشى بولۇشى، 3 ئوقۇتقۇچىنىڭ گۇۋاھلىق خېتى ۋە ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشنى قىلماقچى بولغانلىقى توغرىسىدىكى بىر ماقالىسىنى يوللاش شەرت ئىكەن. مەن 4–ئاينىڭ بېشىدا سۈرۈشتە قىلسام، پەقەت 10 ئوقۇغۇچى ئالىدىغان بۇ پروگراممىغا 170 تىن ئارتۇق كىشى ئىلتىماس قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى (ئامېرىكىدا مۇشۇنداق سۈرۈشتە قىلىشقا بولىدۇ، لېكىن ئارقا ئىشىكتە مېڭىشقا قەتئىي بولمايدۇ. ئەگەر بىرىنىڭ ئارقا ئىشىكتىن ماڭغانلىقى بىلىنىپ قالسا، ئۇ شەخسمۇ ۋە ئىدارىمۇ قانۇن بويىچە ئېغىر جازاغا تارتىلىدۇ.) ئالدىنقى ھەپتە (2005–يىلى 14–ئاپرېل كۈنى) دىلشاتقا خەت كەلدى. ئۇ قوبۇل قىلىنماپتۇ. ئامېرىكىدا «ئاز سانلىق مىللەتلەر» دېگەندە كۆپىنچە قارا تەنلىكلەر، مېكسىكىلىقلار ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىن كەلگەنلەر كۆزدە تۇتۇلىدىغان بولغاچقا، بىزنىڭ سانىمىز قانچىلىك ئاز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇنداق ئىشلاردا بىز يەنىلا پايدىسىز ئورۇندا قالىدىكەنمىز.

ئۆزىنىڭ بالىسىغا كومپيۇتېر ئېلىپ بېرىش بالىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مەبلەغ سېلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ خۇددى پۇل تۆلەپ بالىنى ياخشى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ھەمدە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقان بىلەن ئوخشاش. شۇڭا بىرەر كومپيۇتېرنىڭ پۇلىغا چىقىنالايدىغان ئاتا–ئانىلار پەرزەنتلىرىگە ئىمكانقەدەر بالدۇرراق كومپيۇتېر ئېلىپ بەرگىنى ياخشى. كومپيۇتېرنىڭ نۇرغۇن نەرسىلىرىنى دەرسخانىدا ئەمەس، ئۆزىگە تايىنىپ، ئۇنى ئىشلىتىش جەريانىدا ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ كىچىك باللار ئۈچۈن تېخىمۇ

شۇنداق. ئامېرىكىدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ كۆپىنچىسى مانا شۇنداق قىلىدۇ. بۇ يەردە ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر مەسىلە، بالىنىڭ كومپيۇتېر ئويۇنى ئوينىشىنى قانداق كونترول قىلىش. كىچىك بالىلار كومپيۇتېر بىلەن تېلېۋىزور ئالدىدا بەك ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كەتسە، ئۇلارنىڭ جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن نورمال ئۆسۈپ-يېتىلىشىگە ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يېتىدۇ. بۇ جەھەتتە ئامېرىكىدا نۇرغۇن قېتىملاپ ئىلمىي تەتقىقاتلار ئىشلەندى. ئامېرىكىدا ئاشۇنداق ئەھۋالدىن ساقلىنىش ھەمدە بالىلىرىنىڭ تېلېۋىزوردىن يامان تەسىر يۇقتۇرۇۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۆيىگە بىرمۇ تېلېۋىزور ئالمىغان ئائىلىلەرمۇ خېلى كۆپ. شۇڭلاشقا كىچىك بالىلارنىڭ كومپيۇتېرغا چىقىش ۋە ئۇنىڭدا ئويۇن ئويناش ۋاقتىنى كونترول قىلىش ئىنتايىن مۇھىم. مېنىڭ ئوغلۇممۇ كومپيۇتېر ئويۇنىغا ئىنتايىن ئامراق بولۇپ، ئامېرىكىدا سېتىلغان ئەڭ ئىلغار ئويۇنلارنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋېلىپ ئوينايدۇ. بىر قېتىم ئامېرىكىدىكى ئۆز-ئارا قىلچە تونۇشمايدىغان كىشىلەر ئارىسىدا ئىنتېرنېت ئارقىلىق بولغان كومپيۇتېر ئويۇنى مۇسابىقىسىدە ئۇتۇپ چىقىپ، ئازراق پۇل مۇكاپاتىمۇ ئالدى. بۇ ئىشتا بالىنى تۈزۈم بىلەن كونترول قىلىش كېرەك. بۇنداق تۈزۈم تۈرغۈزۈشنى ئىنگلىزچىدا «setting a boundary» ياكى «setting a discipline» (چېگرا بېكىتىپ بېرىش)» دەپ ئاتايدۇ. شۇنداق قىلغاندا ئاتا-ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرادىن ساقلانغىلى، كومپيۇتېر ئويۇنى ئويناشنى بالىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلىشىغا خىزمەت قىلدۇرغىلى بولىدۇ. بىزنىڭ چىقارغان تۈزۈمىمىز مۇنداق: دۈشەنبىدىن پەيشەنبىگىچە كومپيۇتېر ئويۇنى ئويناشقا قەتئىي بولمايدۇ. جۈمە كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھەمدە شەنبە كۈنى ۋە يەكشەنبە كۈنى ئۇنى ئوينىسا بولىدۇ. لېكىن بىر كۈن كومپيۇتېر ئويۇنى ئوينىغان ۋاقتى 3 سائەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. دىلشاتمۇ بۇ تۈزۈمگە ئىنتايىن ئاڭلىق بويسۇنىدىغان بولغاچقا، بىزنىڭ ئائىلىدە بۇ جەھەتتە ئاساسەن كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرمەيدۇ. ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇر ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مەبلەغ سېلىشى دېگەندەك يېتەرلىك بولماي كەلدى. بۇ خىل ئەھۋال بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزگەرتىلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن ھازىرقى زاماننىڭ تەرەققىياتىغا ماسلاشقىلى بولمايدۇ. بالىلارنى ھازىرقى زامانغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ياشاش ئىقتىدارىغا تولۇق ئىگە قىلغىلى بولمايدۇ.

بۇ يەردە مېنىڭ يۇقىرىقى سوئال بىلەن ئانچە مۇناسىۋىتى بولمىغان بىر ئىشنى سۆزلەپ بەرگىم كېلىۋاتىدۇ. ئوغلۇم دىلشات ھازىر ئوقۇۋاتقان ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىسمى ئالتۇن جىلغا تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى (ئىنگلىزچە «Golden Valley High School») بولۇپ، ئۇلار ئالدىنقى پەيشەنبە كۈنى (يەنى، 2005-يىلى 14-ئاپرېل كۈنى) مەملىكەتلىك شان-شەرەپ جەمئىيىتى (ئىنگلىزچە «National Honor society») نىڭ ئالتۇن جىلغا شۆبىسى قۇرۇلۇش مۇراسىمى بولدى. يىغىندا بۇ شۆبىنىڭ قۇرۇلۇشىغا دىلشاتنىڭ تۈرتكە بولغانلىقى ھەمدە ئۇنىڭ رەئىس بولغانلىقى ئېلان قىلىندى. سانتا كلارىتا شەھەرلىك مەكتەپلەر تارمىقىدا 22 مىڭ ئوقۇغۇچى بار بولۇپ، بۇ مەكتەپتىن يۇقىرىقى جەمئىيەتكە تاللانغانلار 28 نەپەر ئىكەن. يىغىندا بۇ جەمئىيەتنىڭ 4 رەھبىرىنىڭ ھەممىسى سۆزگە چىقتى. دىلشاتنىڭ سۆزلىگىنى مۇنداق بولدى (ئۇنى ئۆزى يازمىغان بولۇپ، يۇقىرىقى مەملىكەتلىك شان-شەرەپ جەمئىيىتىنىڭ بىرەر ھۆججىتىدىن ئالغان ئوخشايدۇ): «ئۆگەنگۈچى دېگەنلىك ئۆگىنىشكە بەل باغلىغان بىر ئادەمنى كۆرسىتىدۇ. بىر ئوقۇغۇچى سائەت-سائەتلەپ كىتاب ئوقۇشنى ۋە ئۆگىنىشنى خالايدۇ، ھەمدە ياخشى تەربىيىلەنگەن روھىي دۇنيانىڭ مەڭگۈ تۈگىمەس پايدىسى بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. بىزنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇشىمىز تاماملانغاندىن كېيىنمۇ بىز ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك، چۈنكى، بىر ئادەمنىڭ تەلىم ئېلىش جەريانى ئۇنىڭ ھاياتى ئاخىرلاشقاندىلا ئاندىن ئاخىرلىشىدۇ. بىلىم ھاياتلىقنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ بىر ئادەمنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئۇنى ئىگىلەشنىڭ پەقەت بىرلا يولى بار: سەمىمىيلىك ۋە تىرىشچانلىق. ئۆگىنىش بىر چىراغ بولۇپ، بىز ئۇ ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ ئۆتمۈشىنى ئوقۇيالايمىز، ھەمدە ئۆزىمىزنىڭ كەلگۈسىنى يورۇتالايمىز. كىشىلەر بىلىم ئارقىلىق تەمىن ئېتىلىدىغان پۇرسەتلەر ئارقىلىق ئۆز دۇنياسىنى كېڭەيتەلەيدىغان كۈچ-قۇدرەتكە ئىگىدۇر».



سۈرەتتە: ئەركىن سىدىق ئوغلى دىلشاتجان بىلىم چىرىغىغا ئوت ياقماقتا.

**16-سوئال: سىز تۇرۇۋاتقان ھەقىقىي بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشتا ئىقتىسادچىل بولۇش ئېڭى ھەققىدە ھېس قىلغانلىرىڭىز قايسىلار؟**

جاۋاب: ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئامېرىكىلىقلار جۇڭگولۇقلاردىن، جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردىن كۆپ ئىقتىسادچىل كېلىدۇ. مېنىڭچە بۇنى بۇ 2 دۆلەتتىكى پۇل تېپىشنىڭ ئاسان-قىيىنلىق دەرىجىسى بىلەن ئىلمىي ئاڭ سەۋىيىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى بويىچە چۈشەنسە ئەمەلىيەتكە بەكرەك ئۇيغۇن كېلىشى مۇمكىن. ئامېرىكىدا ئىگىلىكلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شەخسىنىڭ قولىدا. شىركەتكە بىرەر ئادەم ئالماقچى بولسا، شىركەتنىڭ ئىگىلىرى ئالدى بىلەن ئالىدىغان ئادەمنىڭ كەسپىي ساھەسى، ئۇنۋان دەرىجىسى، ئەمەلىي تەجرىبە توپلىغان يىل سانى، ئۇ كىشىنىڭ بۇ شىركەتتە قىلىدىغان كونكرېت ئىش تەقسىماتى، ئۇنىڭ يىللىق مائاشى ۋە ئۇنىڭغا بىر يىلدا كېتىدىغان مائاشتىن سىرتقى سالامەتلىك سۇغۇرتىسى قاتارلىق نەرسىلەرگە كېتىدىغان قوشۇمچە چىقىمى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنتايىن تەپسىلىي ھېسابلاپ، بۇ ئادەم شىركەت ئۈچۈن كەم دېگەندە ئۆز چىقىمىدىن بىر ھەسسە ئارتۇق ئىقتىسادىي قىممەت يارىتالايدىغان بولسا ئاندىن ئاشۇنداق ئادەمدىن بىرنى شىركەتكە ئالىدۇ. شۇڭا بىر ئادەم بۇ شىركەتكە كىرگەندىن كېيىن، داۋاملىق ئۆز ئىقتىدارىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئاران تۈگىتەلەيدىغان دەرىجىدىكى

خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدۇ. داۋاملىق قاتتىق ئىشلەيدۇ. بىر ئادەم شىركەتكە بىر مەزگىل كەلمىسە، ئۇ قىلىۋاتقان ئىش پۈتۈنلەي توختاپ قالىدۇ. شۇڭا ئامېرىكىلىقلارنىڭ ھەر يىلدا ئىككى ھەپتىدىن 4–5 ھەپتىگىچىلىك تەتىل ۋاقتى بولسىمۇ، ئۇلار بىر قېتىملىق تەتىلى ئۈچۈن ئادەتتە 10 كۈندىن ئارتۇق رۇخسەت سورىمايدۇ. ئۆزى يىغقان تەتىل ۋاقتىنى بىر يىلنىڭ ئىچىدە بىر قانچىگە بۆلۈپ ئىشلىتىدۇ. كالىفورنىيە شتات ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورلىرى ھەر مەۋسۇمدا 4 تىن 5 كىچە بىر–بىرىگە ئوخشىمايدىغان دەرسلەرنى ئۆتىدۇ. كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر پروفېسسورى ھەر مەۋسۇمدا بىردىن ئىككىگىچە باكلاۋۇر بىلەن ئاسپىرانتنىڭ دەرسىنى ئۆتىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت 4–5 تىن ئارتۇق ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئوقۇغۇچىلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ھەمدە ئۆزىمۇ مەلۇم بىر ساھەدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپلا قالماي، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەتقىقات خىراجىتىنى تېپىش ئۈچۈن توختىماي ئۇ يەر بۇ يەرلەرنىڭ تەتقىقات فوندلىرىغا ئىلتىماس يوللايدۇ. شۇڭا ئۇلاردا ئائىلە تۇرمۇشى دېگەن ئىنتايىن ئاز بولىدۇ. بۇلاردىن باشقا، ئامېرىكىدىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشىلەر پۇلنى ئۆزى ئىشلەپ، نورمال يول بىلەن ئازراق–ئازراقتىن تاپىدۇ.

ئامېرىكىدا تاپقان پۇلنىڭ مىقدارى يۇقىرى بولغان بىلەن، تۇرمۇش چىقىمىمۇ جۇڭگونىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا جىق يۇقىرى ۋە مۇرەككەپ. مەسىلەن، بىزگە ھەر ئايدا نۇرغۇن ھېسابات تالونى كېلىدۇ. بۇنى ئىنگلىزچە «bill» دەپ ئاتايدۇ. ھەمدە ھەر قېتىملىق مائاشىمىزنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى باج ۋە باشقا نەرسىلەرگە تۇتۇپ قالىدۇ. بۇلار مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىز ھەر ئايدا تۆلەيدىغان «bill» لار:

توك پۇلى (تەخمىنەن 45 دوللار)، سۇ پۇلى (20)، گاز پۇلى (25)، ئەخلەت پۇلى (18)، سىملىق تېلېۋىزىيە پۇلى (55)، ئۆينىڭ سىملىق تېلېفون بىلەن ئىنتېرنېت ئۇلىنىش پۇلى (55)، ۋە يانفون پۇلى (60). شەخسىي ئۆيدە ئەمەس، ياتاق ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتقانلار سۇ پۇلى بىلەن ئەخلەت پۇلىنى تۆلىمەيدۇ. قالغانلىرىنى بولسا ئوخشاشلا تۆلەيدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، بىر يىلدا 2 قېتىم ماشىنا سۇغۇرتا پۇلى (بىزدەك 4 ماشىنىسى بارلار بىر قېتىم 1800 دوللاردىن ئارتۇق تۆلەيمىز) ۋە يىلدا بىر قېتىم ماشىنىنى تىزىملىتىش پۇلى تۆلەيمىز (بىز 600 دوللار ئەتراپىدا تۆلەيمىز). بۇلاردىن باشقا ماشىنا ماي پۇلى ئۈچۈنمۇ ھەر ئايدا خېلى كۆپ پۇل خەجلەيمىز.

بىزدەك ئۆيى بارلار يىلدا 1 قېتىم ئۆيگە ئوت ئاپىتى سۇغۇرتا پۇلى (950 دوللار)، يىلىغا 2 قېتىم يەر بېجى (بىز ھەر قېتىم 3000 دوللار) تۆلەيمىز. كالىفورنىيىدىكى شەخسىي ئۆيلەر ۋە ياتاقلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي ياغاچ بىلەن سېلىنىدىغان بولغاچقا، ئوت ئاپىتى كۆپ بولىدۇ. شۇڭا بىزگە ئۆي ئېلىش ئۈچۈن پۇل قەرز بېرىپ تۇرغان بانكا بىزدىن ئۆيىمىزگە ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسى ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. يەر تەۋرەش سۇغۇرتىسىمۇ بار ھەمدە ئۇ ئايرىم بولۇپ، ئۇنىڭ بىر يىللىق پۇلى بەك يۇقىرى بولغاچقا، كۆپىنچە كىشىلەر ئۇنى ئالمايدۇ.

كۆپىنچە كىشىلەرگە ھەر 2 ھەپتىدە بىر قېتىم مائاش تارقىتىلىدىغان بولۇپ، ئۇ پۇل بىزنىڭ بانكىمىزغا بىۋاستە كىرىپ كېتىدۇ. شۇڭا بىز ھەرگىز نەق پۇل كۆرمەيمىز. بىزنىڭ ھەر قېتىملىق مائاشىمىزدىن مۇنداق پۇللار تۇتۇۋېلىنىدۇ:

-- دۆلەتلىك مائاش بېجى. بۇ پۇل كەمبەغەللەردىن ئېلىنمايدۇ. قالغانلارنىڭ يىللىق كىرىمىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىگە قاراپ ئېلىنىدىغان بولۇپ، ئادەتتە كىرىمنىڭ 15 پىرسەنتىدىن 35 پىرسەنتىگىچە ئېلىنىدۇ.

-- شتاتلىق مائاش بېجى. بۇمۇ كىرىمنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە قاراپ ئېلىنىدىغان بولۇپ، بىز 8 پىرسەنت ئەتراپىدا تۆلەيمىز.

-- ئىجتىمائىي كاپالەتلىك بېجى. ئامېرىكىدا پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن مائاش بېرىلمەيدۇ. كىشىلەرنىڭ 65 ياشتىن ئاشقاندا كىرىمسىز قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىزنىڭ مائاشىمىزنىڭ تەخمىنەن 5 پىرسەنتىنى خىزمەت باشلىغان 1-كۈنىدىن باشلاپ تۇتۇپ قېلىپ، ساقلاپ قويۇپ، بىز پېنسىيىگە چىققاندا ھەر ئايدا ئازراقتىن بېرىدۇ. ئۇ چاغدا بېرىلىدىغان ئايلىق پۇلنىڭ ئاز-كۆپلۈكى ھۆكۈمەت سىزدىن تۇتۇپ قالغان پۇلنىڭ ئاز-كۆپلۈكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر ئامانگۇل بىلەن ئىككىمىز ھازىرلا ئىشلەشنى توختاتساق، بىز 65 ياشتىن ئاشقاندا ھەر بىرىمىزگە ھەر ئايدا 1200 دوللار ئەتراپىدا پۇل كېلىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا بۇنداق پۇل يېتەمدۇ؟ بىز ئۆنىڭغىچە ئۆينىڭ پۇلىنى تۆلەپ بولۇپ، ئۆيلۈك بولىدىغان بولغاچقا بىزگە يېتىشى مۇمكىن. لېكىن، ھازىرقى كىرىمى يۇقىرى ئەمەس ھەمدە ئۆي سېتىپ ئالالمىغانلار ئۈچۈن ھۆكۈمەتتىن كېلىدىغان بۇنداق پۇل ئانچە يېتىپ كەتمەسلىكى مۇمكىن. چۈنكى، بىر ئايلىق ياتاق ئىجارىسى ئۈچۈنلا 1000 دوللاردىن ئارتۇق پۇل كېتىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغان قالغان نەرسىلەرگىمۇ پۇل بولمىسا بولمايدۇ.

-- دوختۇرلۇق داۋالاش بېجى. ئامېرىكىدا 65 ياشتىن ئاشقان كىشىلەرنىڭ

داۋالاش پۇلىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ھۆكۈمەت كۆتۈرىدۇ. لېكىن، ھۆكۈمەت شۇ چاغدا سىزگە خەجلەيدىغان پۇلنى سىزنىڭ مائاشىڭىزدىن ھازىردىن باشلاپ تۇتۇپ قالىدۇ. مېنىڭ پەرىزىمچە مائاشىنىڭ تەخمىنەن 1-2 پىرسەنتى مۇشۇنىڭغا تۇتۇپ قېلىنىشى مۇمكىن.

-- پېنسىيە پۇلى. يۇقىرىقى 4 خىل باج مەجبۇرى تۇتۇپ قېلىنىدىغان پۇللار بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا «401K-پىلانى» دەپ ئاتىلىدىغان، ئۆزىڭىز ئىختىيارىي تۆلەيدىغان بىر پۇل بار. ھازىر بىر ئادەم بۇ پۇل ئۈچۈن يىلىغا 13 مىڭ دوللار قويۇپ قويسا بولىدۇ. ئەگەر سىزنىڭ يىللىق كىرىمىڭىز 50 مىڭ دوللار بولۇپ، سىز 20 پىرسەنت دۆلەت بېجى تۆلەيدىغان بولسىڭىز، ئۇ 50 مىڭ دوللارنىڭ 10 مىڭ دوللىرىنى دۆلەت بېجىغا تۆلەيسىز. لېكىن، سىز بۇ كىرىمىڭىزدىن 13 مىڭ دوللارنى پېنسىيە پۇلىغا قويسىڭىز، ئۇنىڭدىن دۆلەت بېجى ئېلىنمايدۇ. سىز پەقەت قالغان 37 مىڭ دوللارغا 37000 × 0.2 = 6700 مىڭ دوللار باج تۆلەيسىز. بۇ كىشىلەرنى پېنسىيىگە پۇل يىغىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ يولغا قويغان بىر تۈزۈم بولۇپ، سىز بۇ 401K-پىلانىغا قويغان پۇلنى 65 ياشقا كىرمىگۈچە ئېلىپ خەجلىيەلمەيسىز. ئەگەر جىددىي ئىش بولۇپ قېلىپ ئۇنى چوقۇم خەجلىمىسىڭىز بولمىسا، ئۇنىڭغا جەرىمانە تۆلەيسىز.

-- بىزدەك بانكىدىن پۇل قەرز ئېلىپ، ئۆي ئالغانلار ھەر ئايدا قەرزنىڭ بىر قىسمى بىلەن ئۇنىڭ ئۆسۈمىنى تۆلەيمىز. مەسىلەن، بىر ئادەم بانكىدىن 30 يىللىق قەرز تەرىقىسىدە، 6 پىرسەنت ئۆسۈمى بىلەن 300 مىڭ دوللار ئالغان بولسا، ئۇ كىشى بانكىغا ھەر ئايدا 1800 دوللار تۆلىشى كېرەك. 1-ئېيىدا بۇ پۇلنىڭ 1500 دوللىرى قەرزنىڭ ئۆسۈمى بولۇپ، 300 دوللىرى قەرزنىڭ بىر قىسمىغا ماڭىدۇ. بۇ نىسبەت ھەر ئايدا ئۆزگىرىپ ماڭىدۇ ھەمدە 21 يىلدىن كېيىن 1800 دوللارنىڭ يېرىمى ئۆسۈمگە، قالغان يېرىمى قەرزگە ماڭىدۇ.

بۇ ماقالىنى مۇشۇ يەرگىچە ئوقۇغاندا، تۆلەيدىغان پۇللارنىڭ كۆپلۈكىدىن ئېھتىمال بەزىلىرىڭلارنىڭ بېشى قېيىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. يۇقىرىقى سان-سىپىر ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق. ھەر قېتىم بۇ پۇللارنى ئويلىغاندا، بىزنىڭ بېشىمىزمۇ قېيىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئىمكانقەدەر ئۇنى ئويلىماسلىققا تىرىشىمىز. ئامېرىكىدا كىشىلەر پۇلنى جىق تاپقان بىلەن، چىقىمىنىمۇ كۆپ تارتىدۇ. بۇ ھەرگىز ئامېرىكىلىقلار جۇڭگولۇقلاردىن بىچارە ئىكەن دېگەنلىك ئەمەس. ئامېرىكا دۇنيا

بويىچە ئەڭ باي دۆلەت. ئامېرىكىلىقلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى دۇنيا بويىچە ئەڭ يۇقىرى. لېكىن، ئۇ ھەرگىز بەزىلەر پەرەز قىلغاندەك بىر غايىۋى جەننەتمۇ ئەمەس. ئادەملەر دوللارنى جاپالىق ئىشلەپ، يۈزدە-يۈز پىرسەنت قانۇنلۇق يول بىلەن ئازراق-ئازراقتىن تاپىدۇ. شۇڭا بىز ئامېرىكىدا پۇل تېپىشنىڭ جۇڭگو بىلەن سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى تەسلىكىنى ھېس قىلىمىز. پۇلنى يۇرتتىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا كۆپ تاپقان بىلەن، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئامېرىكىلىقلار پۇل خەجلەشتە ئىنتايىن ئېھتىياتچان كېلىدۇ. بولۇپمۇ كىيىم-كېچەك ۋە يېمەك-ئىچمەك جەھەتتە ئىنتايىن ئىقتىسادچىل كېلىدۇ. يۇرتىمىزدا چىققىمى بىر ئايلىق مائاشنىڭ بىر قانچە ھەسسىسىگە توغرا كېلىدىغان بىر كىيىم-كېچەكنى سېتىۋالىدىغانلار، 10 نەچچە ئايلىق مائاشىغا توغرا كېلىدىغان مىقداردىكى پۇلنى خەجلەپ، بىر قېتىم سۈننەت تويى قىلىدىغانلار كۆرمىڭ. لېكىن، ئامېرىكىدا ئۇنداق ئىشلارنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بىر ئايلىق مائاشىڭىزنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇنداق خەجلىۋەتسىڭىز، يۇقىرىقى چىقىملارنى قانداق قىلىسىز؟

ئامېرىكىغا ئوخشاش تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ قانچىلىك مائاش ئالىدىغانلىقىنى سوراش ئىنتايىن ئەدەپسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، يۇرتىمىزدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە بۇنداق ئىش خېلى كۆپ. شۇنداقتىمۇ ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلار باشقىلارنىڭ قانچىلىك مائاش ئالىدىغىنى سورىشىنى قەتئىي ياخشى كۆرمەيدۇ. بىز ئادەتتە ئۆز ئاتا-ئانىمىز ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمىزغىمۇ قانچىلىك مائاش ئالىدىغانلىقىمىزنى دەپ بەرمەيمىز. بۇنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ بىرى، بىز ئۆز كىرىمىمىزنى مائاش بىلەنلا توغرا چۈشەندۈرەلمەيمىز. بىز ئۆز كىرىمىمىزنى توغرا چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، يۇقىرىقى سان-سىپىرلارنى بىردىن-بىردىن چۈشەندۈرۈشىمىز كېرەك. جۇڭگودا ھۆكۈمەت تۇتىدىغان پۇلنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ قېلىپ، پۇقراغا تېگىشلىكىنى «مائاش» دەپ ئاتاپ بېرىدۇ. ئامېرىكىدا بولسا «مائاش» نى ئالدىدا بېرىۋېتىپ ئاندىن يۇقىرىقىدەك نۇرغۇنلىغان پۇلنى تۇتۇپ قالىدۇ. شۇڭا بىز ئۆز مائاشىمىزنى ئەينەن دەپ بەرسەك، نۇرغۇنلاردا خاتا چۈشەنچە پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

دۇنيادىكى باشقا تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئامېرىكىدا يېمەكلىكلەر ھەقىقەتەنمۇ ئەرزان. 50 جىڭ (25kg) گۈرۈچ 8.50 دوللار (يەنى سائىتىگە 10 دوللار تاپىدىغان تۆۋەن دەرىجىلىك خىزمەتچىنىڭ بىر سائەتلىك ئىش ھەققىگە 50 جىڭ گۈرۈچ كېلىدۇ ). ئامېرىكىدا ئېغىرلىق بىرلىكى ئۈچۈن كىلوگرام

ئىشلەتمەي، «pound» دېگەن بىرلىكنى ئىشلىتىدۇ. pound 1 دېگەن 454 گرام بولۇپ، بىر جىڭغا يېقىن كېلىدۇ. مېنىڭ بۇ يەردە «جىڭ» دېگىنىم ئەمەلىيەتتە «pound» دېگەننى كۆزدە تۇتىدۇ). 25 جىڭ بۇغداي ئۇنى 3.50 دوللار. قوي گۆشى قىممەترەك بولۇپ، بىر جىڭ لوق گۆش 3.50 – 4.00 دوللار ئەتراپىدا. توخۇ گۆشى 0.80 دىن 2 دوللارغىچە. ئۈزۈمنىڭ بىر جىڭى بىر دوللار، تاۋۇزنىڭ بىر جىڭى 0.20 – 0.50 دوللار، ئالمىنىڭ بىر جىڭى 0.50 دوللار، شاپتۇلنىڭ بىر جىڭى بىر دوللار ئەتراپىدا. ئوتتۇرا دەرىجىلىك رېستورانلاردا تاماق يېسە، بىر ئادەمگە 15 دوللار ئەتراپىدا كېتىدۇ. شۇڭا، بىزگە ئوخشاش چەت ئەلدىن ئامېرىكىغا يېڭىدىن كۆچمەن بولۇپ كەلگەن كىشىلەر ئاساسەن رېستورانغا تاماق يېگىلى بارمايدۇ. ھەممە ئادەملەردە بولمىسا بولمايدىغان يېمەكلىكلەر ئاشۇنداق ئەرزان بولغىنى بىلەن، بولسىمۇ بولىدىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان باشقا نەرسىلەرنىڭ باھاسى ئۇنداق ئەرزان ئەمەس. مەسىلەن، مەن ھويلىغا ۋە تەشتەككە گۈل تىكىدىغان يۇقىرى سۈپەتلىك توپىنىڭ 25 جىڭ ئەتراپىدىكى بىر خالتىسىنى 12 دوللارغا سېتىۋالىمەن. ئۆزىمىز ھەيدەيدىغان ماشىنىلارنىڭ ئىچىدە Toyota Camry ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 14 مىڭ دوللار، Toyota Camry 18 مىڭ دوللار، Toyota مىنىبۇس 28 مىڭ دوللار ۋە چوڭ – كىچىكلىكى مىنىبۇس بىلەن ئوخشاش كېلىدىغان Toyota 4Runner 30 مىڭ دوللارغا كېلىدۇ.

كىيىم – كېچەك، يېمەك – ئىچمەك، ئۆي ياساش قاتارلىق ماددىي تۇرمۇشتا تۇتقان يولىغا قاراپ، ئادەملەرنى 2 خىلغا بۆلۈش مۇمكىن. ئۇنىڭ 1 – خىلى ئۆزلىرى ئۈچۈن ياشايدىغان ئادەملەر. ئىككىنچى خىلى بولسا باشقىلار ئۈچۈن ياشايدىغانلار. ئىككىنچى خىلدىكى ئادەملەر نۇرغۇن ئىشلارنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلىدۇ. ئۆزىگە قانچىلىك پايدىسى تەگكەنلىكى، ئۆزىگە قانچىلىك مەنپەئەت يەتكۈزگەنلىكى بىلەن ئانچە كارى بولمايدۇ. ئامېرىكىلىقلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى 1 – خىلدىكى كىشىلەر بولۇپ، ئامېرىكىدا ھېچكىمنىڭ ھېچ قانداق ئادەم بىلەن كارى بولمايدۇ. خىزمەتداشلىرىڭىز ۋە قوشنىلىرىڭىز ھېچ قانداق ۋاقىتتا سىزنىڭ كىيىمىڭىزگە دىققەت قىلىپ قويمايدۇ. تۇتقان ئۆيىڭىزگە قاراپ قويمايدۇ. ئۇلاردا ئۆيىگە مېھمان چاقىرىدىغان ئىشلارمۇ ئاساسەن يوق دېيەرلىك. بىر قانچە چوڭ بايراملىرىدا ئۇرۇق – تۇغقانلىرى بىرىنىڭ ئۆيىگە جەم بولۇشتىن باشقا، ئۆيىغۇرلاردەك پات – پات مېھماندارچىلىق ئوينايدىغان ئىشلار ئاساسەن مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭا ئۇلار كىيىمنىڭ چىرايلىقلىرىنى ئەمەس، راھەتلىرىنى تاللاپ كىيىدۇ.

ئەگەر بىزنىڭ ئىدارىگە كېلىپ قارىسىڭىز، ئۇنىڭ ئامېرىكىدىكى ئىنتايىن مۇھىم ئالەم تېخنىكىسى تەتقىقات مەركىزى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي قالىسىز: كىشىلەرنىڭ كىيىۋالغىنى ۋە باشقا يۈرۈش-تۇرۇشى ئىنتايىن ئاددىي بولۇپ، ئەرلەرنىڭ تەخدىن تولىسى «نيۇزەيكو» ئىشتان كىيىۋالىدۇ. مەن بۇ ئىدارىگە يېڭى ئىشقا كىرگەندە، بىرەيلەن ماڭا چاقچاق قىلىپ، «بىزنىڭ ئىدارىنىڭ كىيىم-كېچەك جەھەتتە پەقەت بىرلا تۈزۈمى بار. ئۇ بولسىمۇ سەن كاستۇم-بۇرۇلكىدىن باشقا نېمە كىيسەڭ بولۇۋېرىدۇ»، دېگەنىدى. ئۆيلىرىنى چىرايلىق ئەمەس، ئۆز تۇرمۇشىغا قولايلىق قىلىپ ياسايدۇ. رېستورانغا بارسىڭىز، ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق تاماق بۇيرۇتىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئالغان تامىقى ئېشىپ قالسا، ئۇنىڭ قانچىلىك ئاز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر چوقۇم قەغەز قاچىلارغا سېلىپ ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. خەلقئارالىق چوڭ يىغىن، شىركەتلەرنىڭ يېڭى يىللىق چوڭ ئولتۇرۇشى، توي-تۆكۈن قاتارلىق زىياپەتلەردىمۇ ھەر بىر ئادەمگە تاماقنى ئايرىم-ئايرىم ئەپكېلىدۇ. سىزگە كەلتۈرۈلگەن نورمىلىق تاماقنى قورسىقىڭىز ئارانلا تويىدۇ. بەزى زىياپەتلەردە تاماقلارنىڭ ھەممىسىنى بىر يەرگە قويۇپ قويۇپ، مېھمانلار تاماقنى ئۆزلىرى خالىغانچە ئېلىپ ئىستېمال قىلىدۇ. ئاشۇنداق سورۇنلاردىمۇ ھېچ قانداق ئىسراپچىلىقنى كۆرمەيسىز. قىسقىسى، ئامېرىكىلىقلارنىڭ يېمەكلىككە بولغان كۆز قارىشى ئۆمرىنى ئېتىزلىقتا ئاشلىق تېرىش بىلەن ئۆتكۈزگەن ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭكىگە ئوخشاپ قالىدۇ.

مەن يېقىنقى بىر قانچە يىلنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار چوڭ شەھەرلەردىكى رېستوراندا ئۆتكۈزىدىغان ئولتۇرۇشلار توغرىسىدا خېلى كۆپ ئىشلارنى ئاڭلىدىم. ھەمدە ئىنتايىن ھەيران قالدىم. ئادەمنىڭ تاماق يېيىشىدە مۇنداق 2 ئاساسىي مەقسەت بولۇشى مۇمكىن: 1) ھاياتلىقنى ساقلاش. 2) راھەت يۈرۈش. بىر ئادەمنىڭ ھاياتلىقنى ساقلاش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان يېمەكلىكنىڭ مىقدارى ئانچە چوڭ ئەمەس. ئەگەر تاماقنى جىق يەۋالسىڭىز، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئانچە راھەت يۈرەلمەيسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ سىزنى سەمرىتىۋېتىدۇ. سەمرىپ كەتسىڭىز، يېشىڭىز 45 ياشلاردىن ئاشقاندا نۇرغۇن سالامەتلىك مەسىلىسىگە دۇچار بولۇپ، ئۇ چاغدا سالامەتلىكىڭىزنى نورماللاشتۇرۇش ئۈچۈن يەنە نۇرغۇن جاپا چېكىشىڭىز مۇمكىن. شۇڭا ئامېرىكىلىقلار يېمەك-ئىچمەكنىڭ سۈپىتىگە ۋە ئۇنىڭ مىقدارىغا ئىنتايىن دىققەت قىلىدۇ. كىشىلەر باي بولغانسېرى گۆشنى ئاز يەپ،

مېۋە-كۆكتاتنى كۆپ يەيدىغان بولۇپ قالدىۇ. بىرى ماڭا چاقچاق قىلىپ: «مەن كەمبەغەل ۋاقتىمدا گۆش ۋە ئېسىل تاماقلارنى كۆپ يەيتتىم. ھازىر باي بولۇپ، يېمىش-كۆكتاتقىلا چۈشۈپ قالدىم»، دېگەندى. مەن يۇرتىمىزدا سپورت ياكى سەنئەت قاتارلىق بىرەر ساھەدە ئالاھىدە نەتىجە يارىتىپ، خەلق ئارىسىدا يۇقىرى نامغا ئېرىشىپ، بىر قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن بەدەن قۇرۇلۇشى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەن ئۇيغۇر ياشلىرىدىن بىر قانچىنى كۆردۈم. ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئۆكۈندۈم. ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندارچىلىق ئۆرپ-ئادىتى ۋە شۇ قاتاردىكى باشقا نۇرغۇن مەدەنىيىتىنىڭ قەدىر-قىممىتى ۋە جەلپكارلىقى ئىنتايىن ئۈستۈن. بىزنىڭ مانا ئاشۇنداق ئۆرپ-ئادىتىمىز ۋە مەدەنىيىتىمىز بولغانلىقتىن، تارىختا ھەر قېتىم باشقا بىر مىللەت ئۇيغۇرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلماقچى بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەن. لېكىن، بۇ ئىشلاردىمۇ ئىلمىيلىك بولۇشى كېرەك. مىللەتكە ۋە ئۆزىمىزگە نېمە پايدىلىق، نېمە زىيانلىق، ئۇلارنى ھېسابلاپ تۇرۇپ ئىش قىلىشىمىز كېرەك.

تۆۋەندە مەن ئۆز بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگەن بىر قانچە ھېكايىنى سۆزلەپ بېرەي.

كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئېلىش ئۈچۈن مۇنداق 4 ئۆتكەلدىن ئۆتۈش كېرەك. 1) مەكتەپنىڭ دوكتورلۇق پروگراممىسىغا قوبۇل قىلىنىش. بۇنىڭدا سىزنىڭ بۇرۇنقى ئوقۇش ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىڭىز ھەمدە TOEFL ۋە GRE ئىمتىھان نەتىجىلىرىڭىز ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. 2) ئىنگلىزچە «comprehensive exam» دەپ ئاتىلىدىغان ئومۇمىي ئىمتىھاندىن ئۆتۈش. بۇ ئىمتىھاننى ئادەتتە مەكتەپكە كىرىپ بىر يىل ياكى 2 يىل ئۆتكەندە، سىزدىن تەلەپ قىلىنغان 10 دەك ئاسپىرانتلىق دەرسلىرىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن بېرىسىز. ئامېرىكىدا ئاسپىرانتلىق دەرسلىرىنىڭ تەلىپىمۇ خۇددى باكلاۋۇر دەرسلىرىنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ، باكلاۋۇر دەرسلىرىگە ئوخشاشلا ئۆتۈلىدۇ ھەمدە قاتتىق ئىمتىھان ئېلىنىدۇ. بىزدىن ئېلېكتر ئىنژېنېرلىقىنىڭ 5 كەسپىي ساھەسى ئىچىدىكى 3 ساھەنى ئۆزىمىز تاللاپ ئىمتىھان بېرىش تەلەپ قىلىنغان. بۇ 3 دەرس ئەمەس، 3 كەسپىي ساھە بولغاچقا، ھەر بىر ساھەدە باكلاۋۇرلۇقنىڭ 2-3 دەرسىنى پۇختا بىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ھەر بىر ئىمتىھان يېرىم سائەت بولۇپ، 3 پروفېسسور سىزنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، تەرەپ-تەرەپتىن سوئال سورايدۇ. دوكتورلۇق پروگراممىسىغا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قىسمى مۇشۇ ئىمتىھاندىن

ئۆتەلمەي مەكتەپتىن چىقىپ كېتىدۇ. 3) ئىنگلىزچە «qualifying exam» دەپ ئاتىلىدىغان سالاھىيەتنى بېكىتىش ئىمتىھانى. بۇ ئىمتىھاننى دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى ئۈچۈن ئېلىپ بارىدىغان تەتقىقات مەزمۇنىنى بېكىتىپ بولغاندىن كېيىن، سىز خېلى چوڭ دائىرىلىك دوكلات يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، «مەن دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن مۇنداق-مۇنداق مەزمۇنلاردا تەتقىقات ئېلىپ بارىمەن» دەپ دوكلات بېرىسىز. ئۇنىڭغا سىز تاللىغان ۋە ئۆزلىرى قوشۇلغان 3 پروفېسسوردىن تەركىب تاپقان «دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىنى باھالاش كومىتېتى» نىڭ ئەزالىرى ھەمدە فاكۇلتېتتىكى باشقا پروفېسسور ۋە ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىلار قاتنىشىدۇ. ئەگەر بۇ 3 پروفېسسور سىزنىڭ قىلماقچى بولغان تەتقىقاتىڭىزغا قاراپ، «بۇ ئوقۇغۇچى مۇشۇ تەتقىقاتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك پۈتتۈرسە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالالايدۇ» دەپ خۇلاسە چىقارسا، سىز بۇ ئىمتىھاندىن ئۆتىسىز. ئۇنداق دەپ خۇلاسە چىقارمىسا سىز ئۇنىڭدىن ئۆتەلمەيسىز. سىزگە يەنە بىر قېتىملىق پۇرسەت بېرىلىدۇ. بىر يىلدەك ۋاقىتتىن كېيىن سىز بۇ ئىمتىھاندىن يەنە بىر قېتىم ئۆتەلمىسىڭىز، سىز مەكتەپتىن چىقىرىلىسىز. ئادەتتە دوكتورلۇق پروگراممىسىغا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدە 1/3 قىسمى مۇشۇ 2 ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي مەكتەپتىن چىقىرىلىدۇ. 4) سىز تەتقىقاتىڭىزنى تاماملاپ، دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، يۇقىرىقى 3-باسقۇچ بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغان بىر دوكلات يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆزىڭىزنىڭ تەتقىقات نەتىجىڭىزدىن دوكلات بېرىسىز. ئەگەر ھېلىقى كومىتېتنىڭ 3 ئەزاسى سىزنىڭ دىسسېرتاتسىيىڭىزنى تەستىقلىسا، سىز دوكتورلۇق ئۇنۋانى بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرىسىز. ئەگەر قولغا كەلتۈرگەن تەتقىقات نەتىجىلىرىڭىز يېتەرلىك بولمىسا، ھېلىقى كومىتېتنىڭ ئەزالىرى سىزگە قايسى جەھەتلەرنى تولۇقلاشنى ئېيتىپ، تاكى ئۆزلىرى قانائەتلەنگۈچە سىزنى تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇرلايدۇ. ئامېرىكىنىڭ ئىنژېنېرلىق كەسپىي ساھەسىدىكى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئېلىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان ئوتتۇرىچە ۋاقتى 6-7 يىل بولۇپ، مەن ئوقۇشۇمنى 4 يىلدىن سەل ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدە تاماملىدىم. ھەمدە بۇ سۆھبەتنىڭ ئالدىنقى بىر قىسمىدا تىلغا ئالغىنىمدەك، شۇ يىلى بىزنىڭ فاكۇلتېتتا دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن 15 تەك ئادەمنىڭ ئارىسىدا رىقابەتتە ئۇتۇپ چىقىپ، بىر يىلدا پەقەت بىرلا كىشىگە بېرىلىدىغان «ئەڭ ياخشى دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى» دېگەن مۇكاپاتقا ئېرىشتىم. ئامېرىكىدا

دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۇچۇن مۇشۇنداق ئۇزۇن ۋاقىت كېتىشىنىڭ بىر سەۋەبى، بىز يالغۇز ئوقۇپلا قالماي، ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇشىنى ئىقتىسادىي كىرىم بىلەن تەمىنلەش ئۇچۇن، ھەر ھەپتىسىدە كەم دېگەندە 20 سائەت ئىشلەيمىز.

مەن ئۆزۈمنىڭ ئومۇمىي ئىمتىھانىنىڭ بىرىنى بەرگەندە مۇنداق بىر ۋەقە بولدى. 3 پروفېسسور مەندىن ھەر بىر مىنۇتتا بىردىن سوئال سورىدى. مەن ھەممىسىگە ناھايىتى چاققان ۋە پۇختا جاۋاب بەردىم. بۇ 3 پروفېسسورنىڭ بىرى ئامېرىكىلىق ئاق تەنلىك بولۇپ، بۇ يېرىم سائەتلىك ئىمتىھان تۈگىگەندىن كېيىن ئۇ مەندىن:

— ئەركىن، سەن قايسى دۆلەتتىن كەلدىڭ؟ دەپ سورىدى.

— مەن جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى ...

— سەن ئۇيغۇرما؟

— شۇنداق! سەن ئۇيغۇرنى قانداق بىلىسەن؟

— مېنىڭ بىر يېقىن دوستۇم ھازىر شىنجاڭدا ئىنگلىز تىلى دەرسى ئۆتۈۋاتىدۇ. ئۇ ماڭا داۋاملىق ئۇيغۇرلار توغرىسىدا خەت يېزىپ تۇرىدۇ.

بۇ 1992-يىلى بولغان ۋەقە بولۇپ، مەن ئامېرىكىغا كەلگەن ئالدىنقى 4 يىل جەريانىدا ئۆزۈم بۇرۇن تونۇشمايدىغان ئامېرىكىلىقلار ئىچىدە ئۇيغۇرلارنى بىلىدىغان بىرەر ئادەمنى تېخى ئۇچرىتىپ باقمىغان ئىدىم. مېنىڭ شۇ چاغدا بىزنىڭ بىر ئامېرىكىلىق دوستىمىزدىن ئارىيەتكە ئالغان، ھېچ قانداق نەقىشى يوق بىر ئاددىي دۇتتىرىمىز بار بولۇپ، ئەتراپىمدىكىلەرگە ئۇيغۇرنى تەشۋىق قىلىش ئۇچۇن، پۇرسەتلا تاپسام شۇ دۇتارنى چېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئالدى-كەينىدە ئۇيغۇر توغرىسىدا بىر قانچە مىنۇت سۆزلەپ يۈرگەن ئىدىم. 1989-يىلى كالىفورنىيە شتات ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق «تالانت كۆرسىتىش» مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، سەھنىدە ئۆزۈم يالغۇز دۇتار چالدىم. باشقىلار ئورۇنلىغان مۇزىكا سايمانلىرىغا قارىغاندا، مېنىڭ دۇتتىرىم بەكلا ئاددىي بولۇپ، يالغۇز دۇتار سەھنىدە بىر ئاز چاندى. لېكىن، ئەتىسى مەكتەپنىڭ گېزىتىگە مېنى «ئۇيغۇر دۇتتارچىسى ئەركىن سىدىق بىر 2 تارلىق مۇزىكا ئەسۋابىنى چالدى» دەپ خەۋەر قىلدى. قىزىم دىلنارە ئامېرىكىغا بۇگۇنى كېلىپ، ئەتىسىلا 1-سىنىپقا كىرىپ ئوقۇش باشلىغانىدى. ئۇنىڭ مەكتىپىدە ھەر قېتىم بىرەر پائالىيەت بولسا، بىز ئۇنىڭغا قاتنىشىپ، مەن دۇتار چالدىم، دىلنارە ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل ئوينىدى. بىر نەچچە قېتىم بىز تۇرغان داۋىس (Davis) دېگەن شەھەرنىڭ شەنبە بازىرىدىمۇ

پائالىيەت بولغانىدى. بىز ئۇ يەردىمۇ دۇتار بىلەن ئۇيغۇر ئۇسسۇل ئويۇنى كۆرسەتتۇق. بىز سەھنىدىن چۈشكەندە بەزىلەر مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ، «سەن قىزىڭنى قايسى ئۇسسۇل مەكتىپىدە ئوقۇتۇۋاتىسەن؟» دەپ سورىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، دىلنارە ئۇ چاغقىچە ئۇسسۇل مەكتىپىنىڭ قارىسىنىمۇ بىرەر قېتىم كۆرۈپ باقمىغانىدى. پۈتۈن شىمالىي كالىفورنىيە بويىچە بىزدىن باشقا ئۇيغۇر ئائىلىسى بولمىغاچقا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇسسۇل ئوينايدىغان ئولتۇرۇشىنىمۇ ئانچە كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ چاغلاردا ئۇيغۇرچە VCD لار تېخى چىقمىغان بولۇپ، ئوقۇش جەريانىدا ئىقتىسادىي ئەھۋالىمىز ناچار بولغاچقا يۇرتقا بارالماي، يۇرتىمىزنى ۋە يۇرتتىكىلەرنى ئىنتايىن سېغىناتتۇق. بەزى يەكشەنبە كۈنلىرى تېلېۋىزوردا ھىندىستاننىڭ پروگراممىسى چىقىپ قالسا، مەن «مېنىڭ ئۇسسۇلنى ئۇلاردىن چىرايلىقراق ئوينايدىغان ۋە ناخشىنى ئۇلاردىن ياخشىراق ئېيتىدىغان مىللىتىم، مەنزىرىسى ئۇلارنىڭكىدىن گۈزەل يۇرتۇم بار ئەمەسمۇ؟» دەپ ئويلاپ، بەزىدە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي كۆزلىرىمدىن تارام-تارام ياش ئېقىپ كېتەتتى. 1992-يىلى داۋىستىكى مەكتەپنىڭ خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى (بۇ مەكتەپنىڭ 20 مىڭغا يېقىن ئوقۇغۇچىسى ئىچىدىكى 1100 نەپىرى جۇڭگو، شاڭگاڭ ۋە تەيۋەندىن كەلگەن خەنزۇلار ئىدى) چاغان بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن بىر يىغىلىش ئۇيۇشتۇرۇپ، بىزدىن ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل ئورۇنلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ ئۇيغۇرلارنى تەشۋىق قىلىشنىڭ بىر ياخشى پۇرسىتى بولغاچقا، بىز ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ، دىلنارە، ئامانگۈل ۋە مەن ئۈچىمىز بىر ئۇيغۇرچە ناخشا لېنتىسىنى ماڭدۇرۇپ، شۇنىڭغا ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل ئوينىدۇق. دىلنارە بىزدىن ئۆزۈنراق ئوينىدى. ئەتىسى داۋىسنىڭ شەھەرلىك گېزىتىدە بۇ پائالىيەت توغرىسىدا خەۋەر بېرىپ، 1-بەتنىڭ يېرىمىغا دىلنارەنىڭ يالغۇز ئۇسسۇل ئويناۋاتقان چوڭ بىر پارچە رەسىمىنى چىقىرىپ قويۇپتۇ. ھەمدە رەسىمنىڭ ئاستىغا «Davis تىكى كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلىرى چاغان مۇناسىۋىتى بىلەن يىغىلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. رەسىمدە باشلانغۇچ 1-سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىسى دىلنارە ئەركىن ئۇيغۇر يالغۇز ئۇسسۇلنى ئورۇنلىماقتا» ئىزاھلاپ قويۇپتۇ.

مەن ياپونىيىدە تۇرغاندا، ياپونلۇقلار مەندىن داۋاملىق «سەن قايسى دۆلەتتىن؟» دەپ سوراپ تۇراتتى. مەن «مەن بولسام بىر ئۇيغۇر» دېسەم، ئۇلار دەرھال چۈشىنىپ، «ھە! شۇنداقمۇ؟» دەپ ئىنتايىن كۈچلۈك قىزىقىش ھېسسىياتىنى بىلدۈرەتتى. ئامېرىكا نوپۇسىنىڭ ئاساسلىق قىسمى باشقا دۆلەتلەردىن كەلگەن

كىشىلەردىن تەركىب تاپقان بولغاچقا، ئۇلار بىر ئادەمنىڭ قايسى مىللەت ۋە قايسى دۆلەتلىك ئىكەنلىكىگە ئانچە پەرۋا قىلمايدىكەن. شۇڭا ئامېرىكىغا كەلگەن دەسلەپكى مەزگىلدە مەن ئىنتايىن ھەيران قالغاندىم، كېيىنچە كۆنۈپ قالدىم. ئامانگۇل بىلەن ئىككىمىز بەزىدە چوڭ سودا سارايلىرىدا پاراڭلىشىپ كېتىۋاتساق، بەزىلەر بىزدىن «سىلەر قايسى دۆلەتتىن؟ سۆزلەۋاتقىنىڭلار مەن زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان تىل ئىكەن. بەك چىرايلىق تىل ئىكەن» دەپ سورايدۇ. ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى تېخىچە 500 گە يەتمىسە، ئامېرىكىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىنىڭ ئۇيغۇر كۆرۈپ باقمىغانلىقى، ئۇيغۇرچە سۆزنى ئاڭلاپ باقمىغانلىقى تۇرغانلا گەپ-دە.

ئەمدى ئەسلىسەم كېيىنكى ئىشلار، يۇقىرىقى پروفېسسورغا مەن ئىنتايىن ھەيران قالدىم. ئۇمۇ مەندىن ئىنتايىن ھەيران بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى ئائىلە دوست بولۇپ قالدۇق. بۇ پروفېسسور مەندىن 10 ياش ئەتراپىدا چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇ چاغدا 6 بالىسى بار ئىكەن. ئەڭ كىچىكىنىڭ ئايىغى ئەمدىلا چىقىپتۇ. دەسلەپتە بىز ئۇز ئۆرپ-ئادىتىمىز بويىچە ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىنى ئۆيگە چاقىردۇق. ئامانگۇل پولۇ، مانتا، سامسا، نان ۋە خامسەي قاتارلىق تاماقلارنى تەييارلىدى. تامىقىمىز ئۇلارغا ئىنتايىن ياراپ كەتتى. ئۇلار تاماقنى قورساق تويغىچە يەپ بولغاندىن كېيىن، چوڭلار ئۆيدە پاراڭلاشتۇق. بالىلار سىرتقا چىقىپ ئوينىدى. بىرەر سائەتتىن كېيىن ئۇلار قايتىپ كىرىپ، تاماقتىن يەنە بىر ئاز يېدى. ئاخىرىدا قايتىدىغاندا، ئۇ پروفېسسورنىڭ بالىلىرى «بۇ تاماقنى بىز ئىنتايىن ياخشى كۆردۇق. ماۋۇ ئېشىپ قالغىنىنى بىز ئۆيگە ئېلىپ كەتسەك بولامدۇ؟» دەپ سورىدى. بىز ئەلۋەتتە ماقۇل بولدۇق. ئۇ پروفېسسور ئەڭ كىچىك بالىسى ئۈچۈن بىر قۇتا سۈت ئالغاچ كەلگەن بولۇپ، قايتىدىغاندا ئېشىپ قالغان سۈتنىمۇ ئۆزلىرى بىللە ئېلىپ كەتتى. ئارىلىقتىن 2-3 ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار بىزنى ئۆيىگە چاقىردى. داستىخان راسلاش ۋاقتىدا پۈتۈن ئائىلە بىر تۇتاش ھەرىكەتكە ئۆتتى. ئىشلىمىگەن بىرمۇ ئادەم قالمىدى. يولنى دەلدەڭلەپ تەستە ماڭىدىغان ئەڭ كىچىك قىزىغىمۇ قوشۇقلارنى كۆتۈرتۈپ، ئۈستەلگە توشۇغۇزدى. ھەر بىر ئادەمنىڭ يەيدىغان تامىقى بىردىن تەخسىگە سېلىنغان بولۇپ، ئۇ بىر تال قايىنتىپ پىشۇرۇلغان قوناق، بىر پارچە كالا گۆشى (ئىنگلىزچە «steak» دەپ ئاتىلىدىغان، ئامېرىكىچە كاۋاپدانىدا قاقلاپ پىشۇرۇلغان گۆش)، بىر دانە كىچىك بولكا ۋە بىر ئاز كۆكتاتتىن تەركىب تاپقان. پروفېسسورنىڭ بىر ئوغلى دادىسىدىن: «دادا، مەن

قوناقتىن يەنە بىرنى يېسەم بولامدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇ «ياق، سەن يەنە بىرنى ئېلىۋالساڭ، باشقىلارغا قوناق يېتىشمەيدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. دېمەك، بۇ تاماق ئادەم بېشىغا ھېسابلاپ تەييارلانغانىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، تاكى مەن ئوقۇش پۈتتۈرگۈچە بۇ ئىككى ئائىلە بىر-بىرىمىزنى چاقىرىشىپ ئۆتتۇق. ئۇ مېنى بىر يەردە ئۇچراتسا: «ئەركىن، بۇ قېتىم چاقىرىش نۆۋىتى كىمگە كەلدى؟» دەپ سورايتتى.

يۇقىرىدا تىلغا ئالغان مۇكاپاتنى كىمگە بېرىشنى قارار قىلىشتا، ئالدى بىلەن مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇش جەريانىدا ئېلان قىلغان ماقالىلىرىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ 3 كاندىداتنى تاللاپ چىقىپ، ئاندىن فاكۇلتېتتىكى بارلىق پروفېسسورلار بىرلىكتە بۇ 3 ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىدىن بىرنى تاللايدىكەن. ئەسلىدە بۇ 3 كاندىداتنىڭ ئىچىگە بۇ دوستىمىزنىڭ بۇرۇن IBM شىركىتىدە 7 يىل ئىشلەپ، ئاندىن بۇ مەكتەپتە ئوقۇغان بىر دوكتورلۇق ئوقۇغۇچىسىمۇ كىرگەنىكەن. بۇ مۇكاپاتنى مەن ئالغاندىن كېيىن، ئۇ پروفېسسور مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ: «ئەركىن، مېنىڭ ئوقۇغۇچىمدىن بۇ مۇكاپاتنى تارتىۋالدىڭ. بۇنىڭغا بەك كۆڭلۈم يېرىم. ئەمما، مەن سەن ئۈچۈن ۋە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشالمەن» دېدى.

مېنىڭ دوكتورلۇق ئوقۇشۇمدىكى ئۇستازىم بىر ئافرىقىدىن كەلگەن ئاق تەنلىك بولۇپ، يېشى مېنىڭ يېشىم بىلەن تەڭ ئىدى. دەسلەپكى 3 يىلنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ئايالى ئافرىقىدىن تېخى كېلىپ بولالمىغان بولۇپ، ئۇ يالغۇز ياشىدى. شۇڭا بىز ئۇنى ئۆيىمىزگە يىلدا بىر قانچە قېتىم چاقىرىپ تۇرىدۇق. مەن ئوقۇش پۈتتۈرگەندە ئۇلار بىزنى ئۆيىگە تۇنجى قېتىم چاقىردى. ئۇلارنىڭ تەييارلىغىنى ئىنگلىزچە «Spagatti» دەپ ئاتىلىدىغان، تەييار چۆپ بىلەن تەييارلانغان، بىزنىڭ لەڭمەنگە بىر ئاز ئوخشاپ قالىدىغان بىرلا تاماق بولۇپ، ھەر بىرىمىزگە بىزنىڭ ئۆلچىمىمىز بويىچە يېرىم تەخسە كېلىدىغان مىقداردا تاماق ئەكەلدى. ئۇ پروفېسسور ناھايىتى ئالدىراش بولغاچقا، بىز بىر سائەتتەك ۋاقىتنىڭ ئىچىدە تاماقنى يەپ، ئۇنىڭ ئۆيىدىن ئۇزاپ چىقىپ بولدۇق.

بىزنىڭ ئارمىن (Armin) دېگەن بىر قوشنىمىز بار بولۇپ، ئۇنىڭ دىلنارە بىلەن تەڭ ياشتىكى قىزىمۇ دىلنارەنىڭكى بىلەن ئوخشاش مەكتەپتە ئوقۇيتتى. بىز بالىلىرىمىزنى ئەتىگەنلىكى مەكتەپكە ئۆزىمىزنىڭ ماشىنىسىدا ئاپىرىپ، كەچتە يەنە ئۆزىمىز ئەكىلەتتۇق. ۋاقىت بىلەن ماي پۇلىنى ئىقتىساد قىلىش ئۈچۈن، بىز ئارمىن بىلەن ھەمكارلاشتۇق. بۇنداق ھەمكارلىشىشنى (يەنى بىرى يەنە بىرىنىڭ ماشىنىسىغا چىقىۋېلىشنى) ئىنگلىزچە «carpool» دەپ ئاتايدۇ. بىز بىر ھەپتە، ئۇلار

بىر ھەپتە دەملىشىپ باللارنى توشۇيتتۇق. ئۇلار ئىنتايىن ئاق كۆڭۈل كىشىلەر بولۇپ، بىز ناھايىتى ياخشى چىقىشىپ كەتتۇق. بىر قېتىم بىز ئۇلارنى ئۆيىمىزگە چاقىردۇق. ئۆز ئۆرپ-ئادىتىمىز بويىچە، ھەشەمەتلىك ئۇيغۇر تامىقىدىن نەچچە خىلنى تەييارلىدۇق. ئۇلارمۇ تامىقىمىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆردى. ئارىلىقتىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار بىزنى ئۆيىگە چاقىردى. ئۇلارنىڭ تەييارلىقىنى دۇكاندا تەييار ساتىدىغان دورا-دەرمەك ئۇندا ياسىغان شورپا بىلەن، ئۆزلىرى پىشۇرغان بىر دۇگىلەك بولكا نان (ئىنگلىزچە «bread» دەپ ئاتىلىدۇ) بولۇپ، بىز شۇ بولكىنى شورپىغا چىلاپ يەپ چىقتۇق.

ئەلۋەتتە ھەممە ئامېرىكىلىقلار يۇقىرىقىلاردەك ئەمەس. مېنىڭ بۇ يەردە يازغىنىم ئۆزىمىز ئۇچراتقان بىر قانچە مىسالدىنلا ئىبارەت. كالىفورنىيىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نانسى (Nancy) بىلەن جون (John) ئىسىملىك دوست ئائىلىسى بار. ئۇلار شىنجاڭغا 3-4 قېتىم بېرىپ باققان ھەمدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىنگلىز تىلى دەرسى ئۆتكەنىدى. ئۇلار بىزنى ئاساسەن ئۇيغۇرچە كۈتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆيى ھازىر بىر داڭلىق قار تېيىلىش مەيدانى بار تاغدا بولۇپ، بىز ھەر قېتىم ئۇلارنىڭكىگە بارساق، ئۆيىدە بىكارغا تۇرۇپ، تاماقنى بىكارغا يەپ، قار تېيىلىپ ئويناپ كېلىمىز. بىزنىڭ ئىككى بالىمىزغا ۋە ماڭا تاغ چوققىسىدىن پەسكە قاراپ قار تېيىلىشنى شۇ جون ئۆگەتكەنىدى. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر ئورتاق ئالاھىدىلىكى، ئۇلارنىڭ تەييارلىغان تامىقى ئاددىي بولغىنى بىلەن، ئۇلار ئىنتايىن سەمىمىي. ئۇلار ئادەتتە ئۆيىگە مېھمان چاقىرمايدىغان بولغاچقا، پەقەت بىزنىڭ ھۆرمىتىمىز ئۈچۈنلا بىزنى ئۆيلىرىگە چاقىردى. ھەمدە ئۆزى نېمىنى يېسە، بىزنىمۇ ئوخشاش تاماققا چاقىردى. بۇ يەردىكى بىر كۈچلۈك سېلىشتۇرما شۇكى، بىز 5 ئادەم چاقىرىش ئۈچۈن، كەم دېگەندە 10 كىشىلىك تاماق تەييارلايمىز. ئۆزىمىز ئادەتتە ئېتىپ يېيەلمەيدىغان تاماقلارنى مېھمانغا ئېتىپ ئېلىپ چىقىمىز. مېھمانلارنى ئۆزىمىزدىن كۆپ ئەزىز كۆرىمىز. ئامېرىكىلىقلار بولسا، ھەرگىز ئۇنداق قىلىپ كەتمەيدۇ. بۇ مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ-ئادەت جەھەتتىكى بىر چوڭ پەرقتۇر.

بىز ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۆزىمىزنىڭ توي-تۆكۈنلىرىنى ۋە ئولتۇرۇشلىرىمىزنى ئىنتايىن سېغىنىمىز. مەن ئامېرىكىغا كەلگەن 16 يىلدىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ تويىغا ئاران 4 قېتىم قاتنىشىپ باقتىم. بۇ تويلارنىڭ ئىككىسى كالىفورنىيىدە، بىرى ۋاشىنگتون شتاتىدا، يەنە بىرى بولسا ئامېرىكىنىڭ پايتەختى ۋاشىنگتوندا بولدى. بۇ تويلارنىڭ ھېچ قايسىسىدا قىز يۆتكەش بولمىدى،

ئامېرىكىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئازلىقىدىن ئۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ يەردىكى تويلار يۇرتىمىزدىكى ئولتۇرۇشقا ئوخشايدۇ. ئادەتتە ئەڭ كۆپ بولسا بىر ئايدا بىرەر قېتىم يىغىلىپ ئولتۇرالايمىز. قالغان ۋاقتتا ھەممىمىز ئالدىراش ئىشلەيمىز ياكى ئوقۇيمىز. بۇ يەردە جىددىيچىلىك تۇپەيلىدىن ۋاقىت ئىنتايىن تېز ئۆتىدىغان بولۇپ، بىز ئادەتتە كۈننى بىر كۈن، بىر كۈندىن ئەمەس، بىر ھەپتىدىن سانايمىز. ھەر قېتىم شەنبە-يەكشەنبە دەم ئېلىش كۈنى كەلگەندە، «ئۇھ، يەنە بىر ھەپتە ئۆتتۈپتۇ»، دەيمىز.

كالىفورنىيىنىڭ لوس ئانژېلىس شەھىرى ئەتراپىدا ھازىر ئۇيغۇرلاردىن 15 ئائىلە، باللارنى قوشقاندا 49 كىشى بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىزگە ئەڭ يېقىن ئولتۇرىدىغىنىنىڭ بىز بىلەن بولغان ئارىلىقى 32 كىلومېتىر، ئەڭ يىراقىنىڭ ئارىلىقى 240 كىلومېتىر كېلىدۇ. بىز بىر يەرگە يىغىلىپ ئولتۇرۇش ئۈچۈن، چاقىرغان يەرگە مانا ئاشۇنداق ئارىلىقلاردىن ماشىنا ھەيدەپ بارىمىز. 2004-يىلى 12-ئاينىڭ 31-كۈنى، بىز يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن بىر تايلاند مۇسۇلمان رېستورانىدا ئولتۇرۇش ئۆتكۈزدۇق. بۇ ئولتۇرۇش ئۈچۈن ھەر بىر ئائىلە بىردىن تاماق تەييارلاپ ئېپكەلدى. يېمىش ۋە ئىچىملىك قاتارلىق قالغان نەرسىلەرنى ئوپچە ئېلىپ، ئۇنىڭ پۇلىنى ھەممەيلەنگە چاچتۇق. 5 ياشتىن 10 ياشقىچە بولغان باللارنى يېرىم ئادەم، 10 ياشتىن چوڭلارنى پۈتۈن ئادەم ھېسابلاپ، 5 ياشتىن كىچىكلەرگە پۇل يىغمىدۇق. شۇنداق قىلساق، بولغان چىقىم بىر چوڭ ئادەمگە 10 دوللار ئەتراپىدا توغرا كەلدى. ئالدىنقى شەنبە كۈنى (يەنى 2005-يىلى 16-ئاپرېل كۈنى) بىزنىڭ ئۆيدىن 7 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر تەبىئىي باغچىدا بىز بىر دالا ئولتۇرۇشى قىلدۇق. بۇنداق ئولتۇرۇشنى ئىنگلىزچە «picnic» دەپ ئاتايدۇ. كالىفورنىيىلىكلەر ھاۋانىڭ ياخشىلىقىدىن بۇنداق پائالىيەتنى ناھايىتى كۆپ قىلىدۇ. بىز بۇ پىكنىك (picnic) تا، يەنىلا ھەر بىر ئائىلە بىردىن تاماق تەييارلاپ ئېپكەلدى. ئىككى ئائىلە قوشۇمچە ئىشلارغا مەسئۇل بولۇپ، ئىچىملىك ۋە يېمىشلەرنى ئېلىپ، كاۋاپنىڭ گۆشىنى تەييارلىدى. ھەممە ئولتۇرۇش جەريانىدا كاۋاپ پىشۇرۇشقىمۇ مەسئۇل بولدى. چۈشلۈك ۋە كەچلىك تامىقىمىزنى ئاشۇ پىكنىك (picnic)تە يەپ، قوي گۆشى كاۋىپىنىمۇ قانغىچە يېدۇق، كەتكەن چىقىم بىر چوڭ ئادەم ئۈچۈن 7 دوللاردىن توغرا كەلدى. picnic جەريانىدا بىز ئۆزۈن پاراڭ ۋە چاقچاقلارنى قىلىشقاندىن باشقا، چوڭلار ۋە چوڭ باللار بىر تاغقا چىقىپ چۈشتۇق. كىچىك باللار بىر كىچىك ئۆستەڭدە سۇ كېچىپ ئوينىدى ھەممە بۇ باغچىنىڭ بىر

كىچىك ھايۋانات ھايۋانلارنى زالىدىكى كۆردى. بىزنىڭ باللىرىمىز بۇنداق پائالىيەتنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار ئۇچۇن بۇ بىردىن-بىر باشقا ئۇيغۇر باللىرى بىلەن ئويناش پۇرسىتىدۇر. بىز بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق picnic نى ھەر ئايدا بىر قېتىم ئۆتكۈزمەكچى. ئاشۇنداق قىلساق، بىر ئائىلىگە بىر يىلدا ئاران بىر قېتىم picnic ئورۇنلاشتۇرۇش نۆۋىتى كېلىپ، بىز تاكى نويابىرغىچە picnic قىلالايدىكەنمىز. يۇقىرىقى picnic نىڭ بىر قىسىم رەسىملىرى Biliwal.com غا چىقىرىلىپتۇ. بىز بەزىدە ئۆيگىمۇ مېھمان چاقىرىشىپ ئۆتۈشىمىز. ھەرگىز يۇرت ئايرىماي، ھەممىمىز ئۆز-ئارا ئۇرۇق-تۇغقاندەكلا ئۆم بولۇپ ئۆتىمىز.

ئاخىرىدا پۇل خەجلەش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئامېرىكىلىقلارنىڭ بالا تەربىيىلەشتىكى بىر ئۇسۇلى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈپ كېتەي. ئامېرىكىلىقلار باللىرىغا كىچىكىدىن تارتىپلا ئاز مىقداردا «مائاش» بېرىدۇ. ئۇنى ئىنگلىزچىدا «allowance» دەپ ئاتايدۇ. ئۇيغۇرچە مەنىسى «ئاجرىتىلغان پۇل» دېگەنگە يېقىن كېلىدۇ. بۇ ھەر بىر ئاتا-ئانىنىڭ ئۆز بالىسىغا ھەر ئايدا بېرىدىغان پۇل بولۇپ، ئۇنىڭ ئاز-كۆپلۈكى ئوخشىمىغان ئائىلىدە ئوخشىمايدۇ. بىز باللىرىمىزغا 6 ياشتا پۇل بېرىشكە باشلىغان بولۇپ، دەسلەپتە بىر ئايدا ھەر بىر يېشىغا بىر دوللاردىن، يەنى 6 ياش ۋاقتىدا 6 دوللار، 7 ياش ۋاقتىدا 7 دوللاردىن پۇل بەردۇق. 13 ياشتىن ئاشقاندا ئېيىغا 20 دوللاردىن بەردۇق. مەكتەپكە مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەر ھەمدە پۇل سەل جىق كېتىدىغان پائالىيەتلەر بولسا، ئۇنىڭغا ئايرىم پۇل بەردۇق. بۇنىڭ بالا تەربىيىلەشتە كۆپ تەرەپلىك پايدىسى بار. ئۇ كىچىك بالىدا بىر ئىش ئۇستىدە مۇستەقىل تەھلىل يۈرگۈزۈش، ھۆكۈم ۋە قارار چىقىرىش ئىقتىدارىنى ئۇستۇرىدۇ. كىچىك بالىنىڭ بۇنداق مائاشى پۇتۇنلەي ئۆزىگە تەۋە پۇل بولۇپ، ئۇ پۇلنى قانداق خەجلەش پۈتۈنلەي بالىنىڭ ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار بۇ پۇلنى خەجلىگەندە ئىنتايىن ئەستايىدىل بولۇپ، بىر نەرسە ئالىدىغاندا خېلى ئويلىنىپ ئالىدۇ. بىر نەرسىنى ئېلىش ئۇچۇن بۇ ئايدا پۇلى يەتمىسە، بىر قانچە ئايلىق مائاشىنى يىغىپ ئاندىن ئالىدۇ. نەرسىلەرنىڭ ياخشىلىرىنى تاللاش ئۇستىدە باش قاتۇرىدۇ. ئالماقچى بولغان نەرسىنىڭ بىر قانچە تۈرلىرى بولسا، ئاتا-ئانىلار ھەرگىز «بالام، ماۋۇنى ئالغىن» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرمەي، بالىسىنىڭ قىلغان قارارىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ، ئاندىن ئۇلارغا قايسى تۈرىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرقى قارارنى چىقىرىشنى يەنىلا

بالىسىغا قويۇپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بالىغا مائاش بېرىش بالىدا مۇستەقىل پۇل خەجلەش ۋە پۇل باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدۇ. ھەمدە بالىنىڭ ئۆز-ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى ئۆستۈرىدۇ. كىچىك بالىلار ھەممە جەھەتتە چوڭلاردەك رول ئويناپ بېقىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۆزىنىڭ ئازراق پۇلى بولسا، ئۇ پۇلغا پۈتۈنلەي ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلسا، ئۇلارنىڭ تۇيغۇسى ئىنتايىن ياخشى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ ئەتراپلىق ۋە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆپ پايدىسى بولىدۇ. سىز بەزىدە بالىڭىزنىڭ بىر نەرسىنى ئېلىشىغا ئارىلاشسىڭىز، بالىڭىز بۇ پۇلنى سىز بېرىۋاتقىنىڭىزنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قېلىپ، «ئۇ دېگەن مېنىڭ پۇلۇم. ئۇنى قانداق خەجلىسەم ئۆزۈمنىڭ ئىختىيارى. سەن ئارىلاشما» دېگەندە، كىشىنىڭ ئىنتايىن مەسلىكىنى كەلتۈرىدۇ. بالىنى مۇشۇنداق تەربىيىلىگەندە، ئۇلار جەمئىيەتكە چىققۇچە پۇل مۇناسىۋەتلىرىنىمۇ پۈتۈنلەي ئۆگىنىپ بولىدۇ.

**17-سوئال: ھازىر جەمئىيىتىمىزدە كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ھەممىسنى پۇل بىلەن ئۆلچەيدىغان كەيپىيات قىسمەن باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. «غەرب جەمئىيتى» دىمۇ شۇنداقمۇ؟**

جاۋاب: مەن ئامېرىكىغا كەلگەن 15 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئەڭ كەم ئۇچراتقان ئىشلارنىڭ بىرى، كىشىلىك مۇناسىۋەتنى پۇل بىلەن ئۆلچەشتىن ئىبارەت. بۇ ئېھتىمال مەن ياشىغان جەمئىيەت قاتلىمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن، بىز گېزىت، رادىئو ۋە تېلېۋىزور خەۋەرلىرىدىمۇ بۇ جەھەتتىكى نەرسىلەرنى ئانچە كۆرمەيمىز.

ئامېرىكا جەمئىيىتىدىكى ئەڭ كۈچلۈك ئۇقۇمنىڭ بىرى، «كەسىپ ئەخلاقى» دىن ئىبارەت. ئامېرىكىدىكى شىركەت-ئىدارىلەرنىڭ كۆپىنچىسى شەخسىينىڭ قولىدا بولۇپ، پەقەت پوچتىخانا ۋە بارلىق ھۆكۈمەت ئورگانلىرىلا ھۆكۈمەتنىڭ قولىدا. بۇ ئىككى خىل ئىگىلىكنىڭ بىر ئورتاق ئالاھىدىلىكى، ئۇلار كەسىپ ئەخلاقىنى ئىنتايىن يۇقىرى ئورۇنغا قويىدۇ. سىز بىر يېڭى شىركەتكە ئىشقا كىرسىڭىز، ئۇلار سىز ئىشقا چۈشكەن 1-كۈنىلا سىزگە بىر «خىزمەتچىلەر قوللانمىسى» دېگەن ھۆججەت توپلىمىنى بېرىدۇ. بۇ توپلامدا سىز مۇشۇ شىركەتتىكى ھاياتىڭىزدا دۇچ كېلىدىغان ھەممە ئىشلار توغرىسىدىكى

شىركەتنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرى تەپسىلىي يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر قىسمى كەسىپ ئەخلاقىدىن ئىبارەت. چوڭراق شىركەتلەر يالغۇز سىزگە ئاشۇنداق قوللانمىدىن بىرنى بېرىپلا قالماي، شىركەتكە يېڭى كىرگەن خىزمەتچىلەرنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كەسىپ ئەخلاقى ۋە شىركەتنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرى توغرىسىدا مەخسۇس تەلىم-تەربىيە بېرىدۇ. مەن ھازىر ئىشلەۋاتقان JPL دېگەن ئىدارىدە بۇ جەھەتتىكى تەلىم-تەربىيىنى ھەر يىلى بىر قېتىم ئېلىپ بارىدۇ. ئىدارىمىز ھەممە ئادەمدىن ئۇنىڭغا يىلدا بىر قېتىم چوقۇم قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئامېرىكىدىكى شىركەتلەر ئۇچۇن ئۇلار خىزمەت قىلدىغان كىشىلەر ئۇلارنىڭ خېرىدارلىرى بولۇپ، ئەگەر بىرەر خىزمەتچىسى كەسىپ ئەخلاقى قائىدىلىرىگە بويسۇنماي، ئۆزىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى ياكى خىزمەت ئورنىدىن پايدىلىنىپ خېرىداردىن بىرەر مەنپەئەتكە ئېرىشمەكچى بولسا، بۇ بىر پارە يېيىش ھېسابلىنىپ، شىركەتتىن دەرھاللا قوغلاپ چىقىرىلىدۇ. بىز مۇلازىمەت ئورۇنلىرىنىڭ ھەر قانداق بىرىگە ئىش بېجىرىش ئۈچۈن بارساق، قارشى تەرەپ بىزگە خېرىدار سۈپىتىدە ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، بىزنىڭ ئىشىمىزنى ياخشى بېجىرىپ بېرىدۇ. ئۆزىنىڭ نورمال خىزمەت فۇنكسىيىسىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا بىزدىن بىرەر شەخسىي پايدا تەلەپ قىلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەگەر بىزگە نورمال مۇئامىلە قىلمايدىكەن، بىز دەرھال ئۇ كىشىنىڭ باشلىقىنى چاقىرىپ كېلىپ، «سەن قول ئاستىڭدىكى ئادىمىڭنى قانداق باشقۇرىسەن؟ ماڭا مۇنداق مۇنداق مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ؟» دەپ ئېيتالايمىز. ئۇ باشلىقمۇ ئۆزىنىڭ خىزمەتچىسىگە دەرھال چارە كۆرىدۇ. ئەگەر ئۇ باشلىقمۇ يولسىزلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى بىرەر قانۇنغا خىلاپ بولسا، سىز ئۇ شىركەتنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلالايسىز. قانۇن ئورۇنلىرى ئىشنىڭ ئاق-قارىسىنى ئېنىقلاپ، ئۇ شىركەتتە ھەقىقەتەن مەسىلە بارلىقىنى بېكىتسە، ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئېغىر جەرىمانە قويۇۋېتىدۇ. مۇشۇنداق بولغاچقا، بىز ئامېرىكىدا ئارقا ئىشىكتە مېڭىشنىڭ ۋە باشقىلارغا پارە بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى ئازراقمۇ ھېس قىلمايمىز. ھەممە ئىشنى نورمال مۇناسىۋەت بىلەن بېجىرىمىز.

مەن ھازىر مۇشۇ مەزمۇنغا توغرا كېلىدىغان بىر قانچە مىساللارنى سۆزلەپ بېرەي. مەن ئۆتكەن يىلى كۈزدە ئۆزۈمنىڭ باشلىقى (ئۇنى ئىنگلىزچە «superviser» دەپ ئاتايدۇ، مەنىسى «نازارەتچى» دېگەنگە يېقىن كېلىدۇ) بىلەن ئىدارىمىزنىڭ ئىچىدىكى بىر يىغىنغا قاتناشتىم. يىغىن تۈگەپ، ئىشخانىمىزغا قايتىپ

كېتىۋاتقاندا، ئۇ ماڭا: «ئەركىن، جۇر، كوفى ئىلىپ ئىچەيلى» دېدى. مەن ئۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ، ئۇنىڭ كوفىسىنىڭ پۇلىنى مەن تۆلىۋەتمەكچى بولسام، ئۇ: «ياق، ھەرگىز بولمايدۇ. ئۇنداق قىلساڭ مەن پارە يېگەن بولۇپ قالىمەن. بۈگۈن سېنى مەن مېھمان قىلاي» دەپ، مېنىڭ كوفىيمىنىڭ پۇلىنى باشلىقىم تۆلىۋەتتى. مەن مۇشۇنداق سەۋەبتىن، « پارە بېرىش، پارە يېيىش» خاراكتېرىدىكى بىر ئىشنى قىلماسلىق يۈزىسىدىن، باشلىقىمنى ئۆيۈمگە بىرەر قېتىممۇ مېھماندارچىلىققا چاقىرالمايمەن. مەن ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى شىركەتتىكى باشلىقلىرىمنىڭ ئىچىدىكى بىر قانچىسىنى ئۆيۈمگە مېھماندارچىلىققا چاقىرىپ باققان. ئەمما، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەن ئۇ شىركەتلەردىن كەتكەندىن كېيىن چاقىردىم. بىر قېتىم بىزنىڭ ئىدارىدىكى بىر گۇرۇپپا ئادەم ئىدارىنىڭ قېشىدىكى بىر تاغقا چىقىپ، بىر كۆنلۈك يىغىن ئاچتۇق. ئۇ تاغدا 1920-يىللىرى ياسالغان، ئەينى ۋاقىتتا دۇنياغا داڭلىق فىزىكا ئالىمى ئېينىشتېين ئىشلىگەن، مەخسۇس بىزنىڭ قۇياشنى كۆزىتىدىغان بىر تېلېسكوپ بار بولۇپ، بىزنىڭ بىر كۆنلۈك پائالىيىتىمىز ئاشۇ تېلېسكوپنى زىيارەت قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. شۇ پائالىيەت ئۈچۈن بىزنىڭ گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى ئۆزى چىقىم تارتىپ، بىر قاتتىق قەغەز قاپتا بىر قاپ ستاربۇككس كوفى ئىلىپ چىقىپتۇ. مېنىڭ پەرىزىمچە ئۇنىڭغا 50 دوللار ئەتراپىدا پۇل كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا، مەن بۇرۇن بىر گۇرۇپپا ئادەم بىرگە تاماققا بېرىپ، ئاخىرىدا تاماقنىڭ پۇلىنى بىزنىڭ باشلىقىمىز ئۆز يېنىدىن تۆلىۋەتكەن ئەھۋالنى يەنە بىر قانچە قېتىم ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم.

بىر قېتىم ئامانگۈل بىلەن ئىككىمىز بىز يېمەكلىك دۇكىنىغا كۆكتات ۋە يېمىش ئالغىلى كىردۇق. دۇكاننىڭ بىر يېرىدە كۆك ئۈزۈمنىڭ باھاسى تۆرۈپتۇ، ئەمما ئۈزۈم يوق. بىز قېشىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغان ئىككى ئاق تەنلىك ئەر خىزمەتچىدىن «سىلەردە ئۈزۈم يەنە بارمۇ؟» دەپ سورىدۇق. ئۇلارنىڭ بىرى «بېرىپ چوڭ ئاپاڭدىن سوراپ باق» دەپ جاۋاب بەردى. ھەمدە ئىككىسى كۈلۈشۈپ كەتتى. ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئىچىدە مانا مۇشۇنداق باشقا دۆلەتلەردىن كەلگەنلەرنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ئۇلارنى كەمسىتىدىغانلارمۇ بار. بىزنىڭ غەزەپ ئاچچىقىمىز كېلىپ، ئۇلارنىڭ باشلىقىنى تېپىپ، ئۇنىڭغا نېمە بولغىنىنى ئېيتتۇق. ئۇ كىشى بىزدىن قانچىلىك ئۈزۈم ئالماقچى ئىكەنلىكىمىزنى سورىدى. مەن «ئىككى جىڭ» دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ كىشى دۇكاننىڭ ئىسكىلاتىغا كىرىپ كېتىپ، بىر بولاق ئۈزۈمنى كۆتۈرۈپ چىقىپ بىزگە بېرىپ، بىزدىن سەمىمىي ئۆزرىخاھلىق سورىدى، ھەمدە بۇ

ئۆزۈمگە پۇل تۆلمەي ئېلىپ كېتىشىمىزنى ئېيتتى. مەن: «بولدى، ماڭا ئەمدى سىنىڭ ئۆزۈمۈڭ كېرەك ئەمەس. ئادەملىرىڭنى ياخشى باشقۇرغىن» دېدىم. ئۇ كىشى شۇ ۋاقىتتىلا ھېلىقى 2 خىزمەتچىسىنى ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرىپ كەتتى. ئامېرىكىلىق خېرىدارلارنىڭ ئىچىدە مۇشۇنداق بىر ۋەقەگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، بۇ سودا دۇكىنىغا ئىككىنچى كىرمەيدىغانلار ئىنتايىن كۆپ. دۇكاننىڭ يامان نامى چىقىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، دۇكاننىڭ خوجايىنلىرى ئۆز خىزمەتچىلىرىگە ئىنتايىن قاتتىق تەلەپ قويىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ شوئارى: «خېرىدارلار ھەممە ۋاقىت توغرا. سەن ئۇلارنىڭ سۆزىگە مۇتلەق قۇلاق سالمىساڭ بولمايدۇ» دېگەندىن ئىبارەت.

يەنە بىر قېتىم ئامانگۈل ئائىلە دوختۇرىمىزنىڭ دوختۇرخانىسىغا كېسەل كۆرسەتكىلى بارغاندا، دوختۇرلۇق سۇغۇرتا كىنىشكىسىنى ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ. ئادەتتە ئۇلار بۇ كىنىشكىنى ھەر قېتىم كېسەل كۆرسەتكەندە تەكشۈرۈپ يۈرمەيتتى. بۇ قېتىم بىز سۇغۇرتا شىركىتىنى ئالماشتۇرغان بولغاچقا، ئۇلار يېڭى كىنىشكىنى كوپىيە قىلىۋالمىسا بولمايدىكەن. نۆۋەت ئامانگۈلگە كەلگەندە، بىر كاتىپ «كىنىشكاڭ بولمىسا، بىز سېنى كۆرەلمەيمىز» دەپ، ئامانگۈلنى دوختۇرنىڭ يېنىغا كىرگۈزمەپتۇ. ئامانگۈل ئۇ كۈنى ئىشتىن سوراپ بارغان بولغاچقا، تىت-تىت بولۇپ، مېنىڭ خىزمەت ئورنۇمغا تېلېفون قىلدى. مەن بۇ دوختۇرخانىغا تېلېفون قىلىپ، دوختۇر بىلەن بىۋاستە كۆرۈشىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. دوختۇر تېلېفوننى ئالغاندا، ئۇنىڭغا ئەھۋالنى دەپ، «بىز پۈتۈن ئائىلە بويىچە سىنىڭ قولۇڭدا داۋالىنىۋاتقىلى 4-5 يىل بولدى. بىزدە ھازىرغۇ سۇغۇرتا بار. ناۋادا ئۇ بولمىغان تەقدىردىمۇ بىزنىڭ ئۆنچىلىك داۋالىنىش چىقىمىنى ئۆزىمىزنىڭ تۆلىيەلىگۈدەك ئىقتىسادىي ئىقتىدارىمىز بار. بىز ئەتىلا بىر يەرگە قېچىپ كېتىدىغان ئادەملەردىن بولمىغاندىكىن، بۈگۈن ئامانگۈلنى كۆرۈۋەتسەڭ بولمامدۇ؟» دېدىم. ئۇ دوختۇر ماڭا نۇرغۇن ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، ئامانگۈلنى دەرھاللا كۆردى. بىز ھېلىقى كاتىپنى ئۇ دوختۇرنىڭ ئىشخانىسىدا قايتا كۆرمىدۇق. دوختۇر ئۇنى ئىشتىن چىقىرىۋەتتىمۇ، ياكى دوختۇرنىڭ تەنقىدىگە چىدىماي ئۆزى چىقىپ كەتتىمۇ ۋە ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ بىلمىدۇق. ئامېرىكىدا مۇتلەق كۆپ ساندىكى دوختۇرلارنىڭ شەخسىي دوختۇرخانىسى بار بولۇپ، ھەر بىرى ناھايىتى كۈچلۈك رىقابەت ئاستىدا ئۆزىگە خېرىدار يىغىدۇ. ئەگەر بىز دوختۇرنى ئۆزىمىزنىڭ ئائىلە دوختۇرى قىلىپ تاللاپ، بىر قانچە قېتىم ئۇنىڭغا كۆرۈنۈپ، ئۇنى ياقتۇرماي قالساق، ئۆزىمىزنىڭ

سالامەتلىك سۇغۇرتا شىركىتىگە تېلېفون قىلىپ، ئائىلە دوختۇرىمىزنى شۇ ۋاقىتتىلا باشقا دوختۇرغا ئۆزگەرتەلەيمىز. شۇڭلاشقا ھەر بىر دوختۇرخانا ئۆزىنىڭ خېرىدارلىرىنى يوقىتىپ قويماسلىققا ئىنتايىن تىرىشىدۇ. بىزنىڭ چىش دوختۇرىمىز مۇلازىمىتىنى ياخشى قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، بىز ھەر قېتىم چىشىمىزنى تازىلىتىپ بولغاندا (بىز بىر يىلدا چىشىمىزنى 2 قېتىم تازىلىتىمىز؛ ئۇنىڭ چىقىمىنى چىش سۇغۇرتا شىركىتى كۆتۈرىدۇ)، دوختۇرىمىز بىزگە چىش چوتكىسى ۋە چىش مەلھىمى قاتارلىقلارنى بىكارغا بېرىدۇ. بىر قېتىملىق چىش تازىلاش تەخمىنەن 30 مىنۇت داۋام قىلىدىغان بولۇپ، شۇ ئىش ئۈچۈن ئۇلار سۇغۇرتا شىركىتىدىن كەم دېگەندە 100 دوللار پۇل ئېلىشى مۇمكىن. بىزگە بىر قېتىمدا 5 دوللارلىق نەرسىنى بىكارغا بېرىپ، ئۆزىگە 100 دوللار كىرىم قىلسا، بۇ يەنىلا بىزنى قاچۇرۇپ قويغانغا قارىغاندا مىڭ ياخشى. بۇ ھېساباتنى ئۇلار ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ.

مائاش تۈزۈمى بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا، ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ خىزمەتچىلىرى مۇنداق 2 خىلغا بۆلۈنىدۇ: ئايلىق ئالىدىغان خىزمەتچىلەر ۋە ئىشلىگەن سائىتىگە قاراپ مائاش ئالىدىغان خىزمەتچىلەر. مائاشلىق خىزمەتچىلەر بىر كۈندە 6 سائەت ئىشلەمدۇ ياكى 10 سائەت ئىشلەمدۇ، ھەر ئايدا مۇقىم مائاش ئالىدۇ. سائەتلىك خىزمەتچىلەر بولسا، ھەر كۈنى ئىشلىگەن ۋاقتىنى تىزىملاپ، جەمئىي ئىشلىگەن ۋاقتىغا قاراپ مائاش ئالىدۇ. ئەگەر بىر كۈنى 6 سائەت ئىشلىگەن بولسا، شۇ 6 سائەتكە چۇشلۇق پۇل ئالىدۇ. ئەگەر بىر كۈندە 10 سائەت ئىشلىگەن بولسا، كالىفورنىيىدە 8 سائەت ئۈچۈن نورمال ئۆلچەم بويىچە مائاش ئېلىپ، ئارتۇق ئىشلىگەن 2 سائەت ئۈچۈن ئادەتتىكى مائاشىنىڭ 1.5 ھەسسىسىنى ئالىدۇ. يەنى ئەگەر ئادەتتە سائىتىگە 10 دوللار ئالغان بولسا، ھېلىقى ئارتۇق ئىشلىگەن 2 سائەتنىڭ بىر سائىتىگە 15 دوللاردىن بېرىلىدۇ. شەنبە كۈنىمۇ سائىتىگە 15 دوللار بېرىلىدۇ. يەكشەنبە ياكى بايرام كۈنلىرى ئىشلىسە سائىتىگە 20 دوللار (يەنى 2 ھەسسە) مائاش بېرىلىدۇ. بۇ كالىفورنىيىدە بىر قانۇندۇر.

مەن Wave Splitter دېگەن شىركەتتە ئىشلەۋاتقاندا، مەن مەسئۇل بولغان بىر گۇرۇپپىدا ئاشۇنداق سائەتلىك ئىشلەيدىغان، 30 ياشلاردىكى بىر خەنزۇ ئايال بار ئىدى. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز بىر يىلدىن بىر يېرىم يىلغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە، ئۆزىمىز يوللۇق نۇر تالا خەۋەرلىشىشىگە ئىشلىتىلىدىغان بىر زاپچاسنى تەتقىق

قىلىپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئىشلەپ چىقىرىش ئىدى. بۇ زاپچاسنى چىقىرىش ئۈچۈن لازىم بولغان نۇر تالانى ئىشلەپ چىقىرىدىغان ياپونىيە شىركىتى فۇجىكۇرا (Fujikura) بۇ مەشغۇلات ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى باشلىغىلى 10 يىل بولغان ھەمدە ئۇ مەھسۇلاتنى بازارغا ئاللىقاچان سېلىپ بولغان بولغاچقا، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. ئەگەر بىز ئۇنى بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە ئىشلەپ چىقىرالمىساق، ئۇنىڭ بازىرى ئۆتۈپ كېتىش ئېھتىماللىقى بار ئىدى. شۇ چاغدا مەن جۇڭگودا فىزىكىدا باكلاۋۇر ئۇنۋانى ئالغان ئۇيغۇر دوستۇمدىن يەنە ئىككىسىنى مۇشۇ شىركەتكە خىزمەتكە ئالدۇرغان بولۇپ، شۇ چاغدىكى بىر مەزگىل بۇ شىركەت ئامېرىكا بويىچە ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ (يەنى جەمئىي 3 ئۇيغۇر بار) بولغان بىر يۇقىرى تېخنىكىلىق شىركەت بولۇپ قالغانىدى. مەن كۆپىنچە شەنبە كۈنىمۇ شىركەتكە بېرىپ ئىشلەيتتىم. بەزىدە مېنىڭ بىر ئۇيغۇر دوستۇم مەن بىلەن بىرگە كېلەتتى. بۇ مەھسۇلاتنى ئىشلەش جەريانىدا، مەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغان خەنزۇ قىز ئىنتايىن قاتتىق ئىشلەپ بەردى. ئۇنىڭ ئوقۇغان ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەكتىپى جۇڭگودىكى بىر ئوتتۇرا تېخنىكوم بولۇپ، بىزنىڭ گۇرۇپپىغا يېڭى كەلگەندە ئۇنىڭ سالاھىيىتى «تېخنىك» ئىكەندۇق. ئۇ ياخشى ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، بىر يىلنىڭ ئىچىدە مەن ئۇنىڭ خىزمەت دەرىجىسىنى ئىككى دەرىجە ئۆستۈرۈپ، كاندىدات ئىنژېنېر (ئىنگلىزچە associate engineer) گە كۆتۈرۈپ بەردىم. بىز بۇ مەھسۇلاتنى چىقىرىپ بولغاندا، بازارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئېھتىياجى ئاخىرلىشىپ، ئۇ مەھسۇلاتنى بازارغا سالمايلا بۇ پروجېكتنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدۇق. بىزنىڭ شىركەتتە سائەتلىك ئىشلەيدىغانلارنىڭ چۈشلۈك تاماق ۋاقتى 30 مىنۇت ئىدى. مەن بۇ پروجېكتنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدا بۇ ئايالنىڭ شىركەتتىكى بىر قانچە ئىنژېنېرلار بىلەن بىرگە چۈشلۈك تاماققا كېتىپ (ئىنژېنېرلار مائاشلىق خىزمەتچىلەرگە كىرىدۇ)، بىر سائەتتىن 2 سائەتكىچە يوقاپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىدىم. مائاش بېرىلىدىغاندا ئۇ ئايالنىڭ ۋاقىت تىزىملاش قەغىزىگە قارىسام، چۈشلۈك دەم ئېلىشقا چىققان ۋاقتى بىرەر قېتىممۇ 30 مىنۇتتىن ئېشىپ كەتمەپتۇ. كېيىن بۇ ئايال ھەر كۈنى ئۆزى تاماققا مېڭىشتىن بۇرۇن، بىزنىڭ گۇرۇپپىدىكى يەنە بىر خەنزۇ قىزغا ئېيتىپ قويۇپ، شۇ قىز ئۆزىنىڭ ۋاقىت جەدۋىلى بىلەن بۇ ئايالنىڭ جەدۋىلىگە تەڭلا ۋاقىت تامغىسى ئۇرىدىغانلىقىنى بىلدىم. مېنىڭ كۆڭلۈم ئىنتايىن يېرىم بولدى. بەك ئېچىندىم. بىر يىلدەك ۋاقىت جەريانىدا، مەن ئۇلارنىڭ ھەر كۈنى 8 سائەتتىن ئارتۇق ئىشلىشىگە ھەمدە بەزى شەنبە كۈنلىرىمۇ

ئىشلىشىگە يول قويغانىدىم. شۇنىڭ بىلەن شۇ بىر يىلدا بۇ ئايال 50 مىڭ دوللاردىن يۇقىرى كىرىمگە ئېرىشەلىگەنىدى. لېكىن، بۇ مەسىلە توغرىسىدا بىر ئىش كۆرۈشنى ياقتۇرمىدىم. بىزنىڭ شىركەتنىڭ مەخسۇس مۇشۇنداق ئىشلارغا مەسئۇل بۆلۈمى بار بولۇپ، خىزمەتچىلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەلىم-تەربىيىسىگە ئاشۇلار مەسئۇل ئىدى. شۇڭا مېنىڭ ئۇ ئىشقا ئارىلاشقۇم كەلمىدى. ئۇ ئىشنى باشقا ھېچ كىمگىمۇ ئېيتمىدىم. كېيىن بۇ پروجېكت توختىتىلغاندىن كېيىن، بىزنىڭ گۇرۇپپىمۇ تارقىتىۋېتىلدى. ئۇ ئايال باشقا بىر گۇرۇپپىغا كەتتى. ئارىلىقتا 2-3 ئاي ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر كۈنى، مەن ئۇ ئايالنىڭ شىركەتتىن چىقىرىلغانلىقىنى بىلدىم. ئۇ ئايال ئۆزى شىركەتتىن چىقىرىلغان كۈنى مېنى ئۆزىنىڭ بۇرۇن قانچىلىك ياخشى ئىشلىگەنلىكىگە گۇۋاھچىلىققا تارتىپتىكەن. مەن ئاشۇنداق گۇۋاھچى بولۇپ بەردىم. ئەمما، ئۇ ئايالنىڭ قىلغىنى شىركەتنىڭ تۈزۈمىگە خىلاپ بولغاچقا، ئۇ ئايال يەنىلا شىركەتتىن چىقىرىۋېتىلدى.

مەن مۇشۇ سۆھبەتنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا، بىر شىركەتكە بىر ئادەم ئېلىشتا، ئۇ شىركەتنىڭ نېمىلەرنى كۆزدە تۇتىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ ئۆتتۇم. ئامېرىكىدىكى شىركەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى شەخسنىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر يېڭى ئادەم ئېلىشىدىكى مەقسىتى شىركەت ئىگىلىكىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن بولۇپ، ھەرگىز ئۆزىنىڭ تۇغقىنىنى بېقىۋېلىش ئۈچۈن ئەمەس. شۇڭا ئۇلار ئۆز شىركىتىگە ئادەم ئالغاندا، ئەگەر بىر خىزمەتكە بىر تۇغقىنى بىلەن بىر يات ئادەم تەڭلا ئىلتىماس قىلغان بولۇپ، بۇ ئىككىسىنىڭ خىزمەت ئىقتىدارى ئوخشاش بولۇپ قالسا، ئۆزىنىڭ تۇغقىنىنى ئېلىشى مۇمكىن. ئەگەر ياتنىڭ قابىلىيىتى تۇغقىنىنىڭ قابىلىيىتىدىن يۇقىرىراق بولۇپ قالسا، كۆپىنچە ھاللاردا چوقۇم ھېلىقى ياتنى ئالىدۇ (لېكىن، جۇڭگولۇقلار قۇرغان شىركەتلەردە جۇڭگودىكىگە ئوخشاش ئىشلار ئىنتايىن ئېغىر، دەپ ئاڭلىدىم). ئامېرىكىلىقلار ئۆزىنىڭ تۇغقىنىنىڭ شىركىتىدە ئىشلەشنى، ئەر-خوتۇن بىر شىركەتتە ئىشلەشنى پەقەت ياخشى كۆرمەيدۇ. ئامېرىكىدا تونۇش ئارقىلىق خىزمەت تاپىدىغان ئىشلارمۇ ئاز ئەمەس. لېكىن، مېنىڭ بىلىشىمچە، قانۇن بويىچە ئادەم سانى تەخمىنەن 50 تىن ئاشىدىغان شىركەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى «ئوخشاش خىزمەت پۇرسىتى بېرىدىغان ئورۇن» دەپ ئېلان قىلىشى ھەمدە شىركىتىگە ئادەم ئالغاندا ئادەم كەمسىتمەسلىكى كېرەك. بۇنداق شىركەتلەرنى ئىنگلىزچە «Equal Opportunity Employer» دەپ ئاتاپ، قىسقارتىپ «EOE» دەپ يازىدۇ. شۇڭا، گېزىتكە چىقىرىلغان خىزمەت ئېلانىغا

قارىسىڭىز، كۆپلىرىنىڭ ئاستىدا «EOE» دەپ يېزىلغانلىقىنى كۆرىسىز. سىز ئەگەر مۇشۇنداق بىر شىركەتكە ئىلتىماس قىلىپ، ئۆزىڭىزنىڭ كەمسىتىلگەنلىكىنى ئىسپاتلىيالىسىڭىز، ئۇ شىركەت ئېغىر جازاغا تارتىلىدۇ. شۇڭا، تونۇشلارنىڭ خىزمەت تېپىشتا ئوينايدىغان ئاساسلىق رولى، ئۆزىنىڭ شىركىتىدە قانداق خىزمەتلەرنىڭ بارلىقىنى تونۇشىغا ئېيتىپ بېرىش ھەمدە ئۇنىڭغا ئىلتىماس قىلىپ بولغاندىن كېيىن نەتىجىسى قانداق بولغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەگەر سىزنىڭ شىركەتتە ئىناۋىتىڭىز بولسا، سىز بىر كىشىگە كۆۋاھچى بولۇپ، ئۇنى ئاسانراق ئىشقا ئالدۇرالايسىز. مەن CVI دېگەن شىركەتتىكى سابىق باشلىقىم، شىركەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسىنى Wave Splitter دېگەن شىركەتكە ئەنە شۇنداق ئىشقا ئالدۇرغان ئىدىم. يېقىنقى ئىككى ئۇيغۇر دوستۇمنىمۇ ئاشۇنداق ئىشقا ئالدۇردۇم. ئۇلارنى مەن تونۇشتۇرغان بولسامۇ، يەنىلا نورمال رەسمىيەت بويىچە، شىركەتتىكى بىر قانچە كىشى ئۇلار بىلەن ئايرىم-ئايرىم كۆرۈشۈپ، نۇرغۇن سوئاللارنى سوراپ، ئۇلار ئۇستىدە «بولىدىكەن» دېگەن خۇلاسىنى چىقارغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇلارنى شىركەتكە ئالغانىدى. بۇنداق ئىشلار كۆپ ئۇچرىمايدۇ. لېكىن ئۇ ئامېرىكا جەمئىيىتىدىمۇ مەۋجۇت. كىچىكرەك شىركەتتە ئاشۇنداق قىلغىلى بولىدۇ. لېكىن، مەن ھازىر ئىشلەۋاتقان ئىدارىگە ئوخشاش چوڭ شىركەتتە بولسا ئۇنداق قىلىش مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس.

ئامېرىكىدا مەن يۇقىرىدا ئېيتقاندەك كىشىلەرنىڭ خىزمەت ئەخلاقى توغرىسىدىكى ئاڭ-سەۋىيىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قانۇن بويىچە نورمال خىزمەت مۇناسىۋىتى تەرىقىسىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغاچقا، كىشىلەر ئىنتايىن كۆڭۈل ئازادىلىكى ئىچىدە ياشايدۇ. ئادەم كەمسىتىش، ھەققانىيەتسىزلىك، ئەخلاقسىزلىق، ئادالەتسىزلىك دېگەندەك نەرسىلەرنى ئانچە ئۇچراتمايمىز. جۇڭگودىكىگە ئوخشاش بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمگە ھاجىتى چۈشىدىغان ئىش ئاساسەن مەۋجۇت ئەمەس. پۇللا بولسا، ھەممە ئىشنى قانۇنلۇق ياكى نورمال مۇناسىۋەت بىلەن ھەل قىلغىلى بولىدۇ. مەن مۇشۇ سوئالغا بىرەر سەلبىي مىسال تېپىش ئۈچۈن خېلى تىرىشىپ باققان بولسامۇ، ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىمنىڭ ئىچىدىن بىرەر ياخشى مىسال تاپالمىدىم. پەقەت كالىفورنىيە شتاتلىق ھۆكۈمىتىدە بۇنىڭدىن بىر قانچە يىل بۇرۇن يۈز بەرگەن مۇنداق بىر ئىش ئېسىمگە كەلدى. دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ سانلىق ئامبار باشقۇرۇش يۇمشاق دېتالىنى چىقىرىدىغان «Oracle» دېگەن شىركەت بىزنىڭ بۇرۇنقى ئۆيىمىزدىن 10 كىلومېتىر

يىراقلىقتىكى بىر شەھەردە بولۇپ، كالىفورنىيە شتاتلىق ھۆكۈمىتى بىر قېتىم ئۆلاردىن تەخمىنەن 30 مىليون دوللار قىممىتىدىكى يۇمشاق دېتالنى سېتىۋاپتۇ. بۇ ئىشقا مەسئۇل بولغان كىشى «Oracle» دېگەن شىركەتتىكى سودا-سېتىققا مەسئۇل كىشى بىلەن يېقىن بولۇپ، سودا پۈتكەندىن كېيىن Oracle ھېلىقى ئەمەلدارغا بىرەر يۈزمىڭ دوللار ئەتراپىدا «مۇكاپات پۇلى» بېرىپتۇ. كېيىن بۇ ئىش پاش بولۇپ قالدى. ھۆكۈمەت تەكشۈرۈپ قارىسا، ئالغان يۇمشاق دېتالنىڭ سانى ئۇنى ئىشلىتەلەيدىغان خىزمەتچى خادىملارنىڭ ساندىنمۇ كۆپ ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن، شتاتلىق ھۆكۈمەت ھېلىقى سودا ئۈستىدىن « قانۇنسىز ئىش» (ئىنگلىزچىدا «illegal practice» دەپ ئاتايدۇ) دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىپ، ئۇ يۇمشاق دېتاللارنىڭ بىر قىسمىنى Oracle غا قايتۇرۇپ، ھېلىقى ئەمەلدار ئېرىشكەن مۇكاپات پۇلىنى تارتىۋېلىپ، ئۇ ئەمەلدارنى ئىشتىن بوشىتىۋەتتى. بۇ يەردىمۇ بىر ئاددىي ھېساب بار. ھېلىقى ئەمەلدارنىڭ يىللىق مائاشى چوقۇم بىر يۈز مىڭ دوللاردىن جىق يۇقىرى. مانا ئەمدى ئۇ خىزمىتىدىن قۇرۇق قېلىش بىلەن بۇنداق مائاشتىنمۇ قۇرۇق قالدى، دېگەن سۆز. ئۇ كىشىنىڭ باشقا بىر خىزمەت تېپىشى پۈتۈنلەي مۇمكىن. لېكىن، ئەگەر ئامېرىكىدا بىرى پارە يېمەكچى بولسا، ئۇ پارىنى خېلى كۆپ يېمىسە، ئۇ كىشىنىڭ تۇرمۇشىغا ئانچە تەسىر كۆرسەتمەسلىكى، ھەتتا ئۇنىڭ نەتىجىسىدە چوڭ زىيانلارنى تارتىپ قېلىشى مۇمكىن. مۇشۇنداق بىر رېئاللىق ئامېرىكىدا كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ بىر خىل نورمال خىزمەت مۇناسىۋىتى بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن.

ئاخىرىدا، گەرچە يۇقىرىقى سوئال بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ، مەن ئامېرىكىنىڭ ياش ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەشتىكى يەنە بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي. ئالدىنقى پەيشەنبە (2005-يىلى 28-ئاپرېل) كۈنى كالىفورنىيىدە «بالىسىنى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىدارىسىگە ئاپىرىش كۈنى» بولدى. ياش-ئۆسمۈرلەر داۋاملىق ئاتا-ئانىسىدىن ئۆزىنىڭ خىزمىتىگە ئائىت نەرسىلەرنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ. ھەمدە ئۆزىنىڭ چوڭ بولغاندا قىلىدىغان خىزمىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلگۈسى كېلىدۇ. شۇڭلاشقا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى يۇقىرىقى كۈننى بالىلارنىڭ دادىسى ياكى ئاپىسىنىڭ ئىدارىسىگە بېرىپ، بىر كۈن ئۇلار قىلىدىغان خىزمەتنىڭ پۈتۈن جەريانىنى كۆرۈپ باقىدىغان كۈن قىلىپ بېكىتكەن ئىكەن. مەكتەپلەرمۇ ئۇ كۈنى مۇشۇ ئىش مۇناسىۋىتى بىلەن مەكتەپكە كەلمەيدىغانلارغا يول قويىدۇ. مەن ئوغلۇمنى ئۆزۈمنىڭ ئىدارىسىگە ئاپاردىم. ئادەتتىكىگە ئوخشاشلا بىز ئەتىگەن

سائەت 5:45 دە ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، سائەت 6:15 دە ئۆيدىن يولغا چىقىپ، سائەت 6:30 دە ئىدارىنىڭ مىنىبۇسى بىلەن يىغىلىش ئورنىدىن يولغا چىقىپ ئىشقا باردۇق. ئۇ كۈنى بىزنىڭ ئىدارىگە 400–500 گە يېقىن بالا بېرىپتۇ. ھەممە يەردە بالىسىنى يېتىلەپ كېتىپ بارغانلارنى ئۇچراتتۇق. چۈشتىن بۇرۇن بالىلارنى 4 چوڭ گۇرۇپپىغا بۆلۈپ، نۆۋەت بويىچە بىر چوڭ زالنىڭ ئىچىدە بۇ ئىدارىدە ئاتا–ئانىلار نېمە خىزمەتلەرنى قىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا قانداق باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. ئولتۇرغان ئاتا–ئانىلاردىن 4–5 نى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن سەھنىگە چاقىرىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغىنىنى سوراپ، ئاندىن ئۇلاردىن ھەرىكەت بىلەن ئۆز خىزمىتىنى قانداق ئىشلەيدىغانلىقىنى كۆرسەتكۈزدى. بىر قىسىم بالىلارنىمۇ سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ، ئۇلارنىمۇ ئاتا–ئانىلارغا ياردەملەشتۇرۇپ، بەزى ھەرىكەتلەرنى قىلدۇردى. يىغىن باشقۇرغۇچى ئىنتايىن قىزىقچى ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ سۆزى ۋە قىلىقىنىڭ قىزىقلىقىدىن بۇ پائالىيەتنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئاخىرغىچە ھەممە ئادەملەر قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ تۇردى. بۇ پائالىيەتتىن كېيىن، بالىلارنى ئالدىن تەييارلاپ قويغان 3–4 تەجرىبىخانىغا ئاپاردۇق. ئۇ يەردە روبوت (ماشىنا ئادەم) قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ قانداق ئىشلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئىدارىدىن ھەر بىر بالىغا بىر خالتا سوۋغاتمۇ تەييارلاپ قويۇپتۇ. بىزدىن بالىلاردىن بىر قەدەممۇ ئايرىلماسلىق تەلەپ قىلىنغان بولۇپ، بىز پۈتۈن بىر كۈن بالىمىز بىلەن بىرگە يۈردۇق. چۈشتىن كېيىن بىزنىڭ گۇرۇپپىنىڭ بىر تېخنىكىلىق يىغىنى بار بولۇپ، مەن ئۇنىڭغا قاتناشمىسام بولمايتتى. ئۇ بىر ناھايىتى مەخپىي يىغىن بولۇپ، ئادەتتە سىرتتىكىلەرنى ھەرگىزمۇ كىرگۈزمەيتتى. مەن باشلىقىمدىن ئوغلۇمنى ئېلىپ كىرسەم بولىدىغان–بولمايدىغانلىقىنى سورىسام، ئۇ كىشى: «ئېلىپ كىرىۋەر» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئوغلۇممۇ بۇ يىغىنغا باشتىن–ئاخىر قاتناشتى. ئۆزى چۈشەنگەن بەزى گەپلەرنى مەندىن پىچىرلاپ سوراپ ئولتۇردى. بىزنىڭ باش ئىدارىمىز بولغان كالىفورنىيە تېخنىكىلىق ئىنستىتۇتى بىزنىڭ ئىدارىدىن 10 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، دىلشات بىلەن ئىككىمىز ئۇ ئىدارىگىمۇ بېرىپ، بىر سائەت ئۇ مەكتەپنى ئايلىنىپ كەلدۇق. بۇ بىر كۈن ئىچىدە خىزمىتىمنىڭ ئاساسەن ھېچ ئۈنۈمى بولمىدى. مۇشۇنداق بولسىمۇ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بالىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ–يېتىلىشى ئۈچۈن، مۇشۇنداق ئىقتىسادىي زىيانغىمۇ چىداپ، يىلدا بىر كۈنى بالىلار ئۈچۈن ئاجراتقان. بۇ پائالىيەتنىڭ يەنە بىر پايدىسى بالىلار

ئاتا-ئانىلارنىڭ ھەر ئايدا ئۆيگە ئەكىرىدىغان پۇلنى قانداق ئىشلەپ تاپىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشتۇر. شۇ ئارقىلىق بالىلار كىچىكىدىن تارتىپ پۇلنى قەدىرلەشنى ئۆگىنىدۇ. بىزنىڭ ئائىلىدە مەن بالىلارنىڭ بىر نەرسىنىڭ باھاسىنى «ئاران xxx پۇل ئىكەن» دېيىشىنى پۈتۈنلەي مەنئى قىلغان بولۇپ، ئۇلار قىممىتى بىر دوللاردىن يۇقىرى نەرسىلەرگە بۇ سۆزنى ھەرگىز ئىشلەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ پۇلنى قەدىرلەش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن مۇشۇنداق قائىدىنى چىقارغانىدىم.

بىر قېتىم بىز بالىلىرىمىزنى ئۆيىمىزدىن 40 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر ھاۋا ئارمىيە بازىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن ھەربىي ئايروپىلان ئۇچۇرۇش ئويۇنىغا ئاپارغان ئىدۇق. بۇمۇ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز پۇقرالىرىغا يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان پائالىيەت بولۇپ، ئۇنىڭغا ھېچ كىمدىن پۇل ئېلىنمايدۇ. ئامېرىكىلىقلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ھەر يىلى بۇ پائالىيەتكە بالىلىرىنى ئاپىرىدۇ. بىز بارغان بازىغىمۇ ئۇ كۈنى 5 مىڭ ئەتراپىدىكى ئادەم بارغان بولۇپ، كىچىك بالىلارمۇ ئىنتايىن كۆپ ئىكەن. ھەربىي ئايروپىلان ئۇچۇرۇش ئويۇنىدىن كېيىن، بىز قاتارى تىزىپ قويۇلغان ھەر خىل ئايروپىلانلارنى كۆردۇق. بىر تىك ئۇچار ئايروپىلان بىلەن بىر چوڭ تىپلىق ھەربىي توشۇغۇچى ئايروپىلانغا تاماشىچىلارنى كىرگىلى قويىدىكەن. بىزمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ، كۆرۈپ چىقتۇق. ئامېرىكىنىڭ ئەڭ يېڭى تىپتىكى چاشقان-شەپەرەڭ شەكلىدىكى، رادار كۆرەلمەيدىغان ئايروپىلانلىرىدىن تارتىپ بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىش مەنئى قىلىنغان بولۇپ، بىز 3-4 مېتىر يېقىنلىقتا كېلىپ كۆردۇق. ئامېرىكىدا ئىشلەپ چىقىرىلغان ئايروپىلانلارنىڭ ھەممىسىدىن بىرەرسى باردەك ھېس قىلدۇق. بىز شىمالىي كالىفورنىيىدە تۇرۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا، بىر قېتىم ئامېرىكىنىڭ بىر چوڭ تىپلىق ھەربىي ئايروپىلان توشۇغۇچى پاراخوتى سان فرانسىسكو دېڭىز بوغۇزىدا توختىدى. ئۇ پاراخوت سان فرانسىسكودا تۇرغان كۈنلەردە ئۇمۇ پۇقرالارنىڭ كۆرۈشىگە ئېچىپ بېرىلدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۆز پۇقراسى ۋە ئامېرىكىلىق ياش-ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن بۇنداق ئىشلارنى ناھايىتى كۆپ قىلىپ بېرىدۇ. ئامېرىكىلىقلارمۇ بالىلىرىنى مۇشۇنداق پائالىيەتلەرگە ئېرىنمەي ئاپىرىپ تۇرىدۇ. ياش-ئۆسمۈرلەر مۇشۇنداق ئىشلارغا قاتنىشىش ئارقىلىق كۆزى ئېچىلىپ، چوڭ بولغۇچە دۇنيادىكى نۇرغۇن يۇقىرى تېخنىكىلىق نەرسىلەرنى بىلىدىغان بولۇپ كېتىدۇ.

مەن ئالدىنقى بۆلۈملەردىمۇ تىلغا ئالغاندەك، بالىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ-يېتىلىشى مۇنداق 3 تەرەپكە باغلىق: 1) ئاتا-ئانا؛ 2) مەكتەپ؛ 3) جەمئىيەت. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ھەممە مەكتەپلەرگە ئوخشاش مىقداردىكى مەبلەغ ئاجرىتىپ، ھەممە مەكتەپكە ئوخشاش قارايدىغان بولسىمۇ، ئوخشىمىغان مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان ئاتا-ئانىلار بىلەن ئوخشىمىغان مىللەتنىڭ جەمئىيىتى ئوخشاش بولمىغاچقا، بالىلارنىڭ تەربىيىلىنىشىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، مەيلى كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا بولسۇن ياكى كالىفورنىيە شتات ئۇنىۋېرسىتېتىدا بولسۇن، مەن مېكسىكىلىق ۋە قارا تەنلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئىنتايىن ئاز كۆردۈم. ئاسپىرانتلارنىڭ ئىچىدە بولسا تېخىمۇ شۇنداق. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 2000-يىلى ئېلان قىلغان بىر دوكلاتقا ئاساسلانغاندا، گەرچە ئامېرىكىدىكى قارا تەنلىكلەرنىڭ سانى نوپۇسنىڭ ئاران 12 پىرسەنتىنى ئىگىلىسىمۇ، ئامېرىكا تۈرمىلىرىدىكى جىنايەتچىلەرنىڭ 44 پىرسەنتى قارا تەنلىكلەر ئىكەن. مانا بۇ ئاتا-ئانا ۋە جەمئىيەتنىڭ بالا تەربىيىلەشتىكى رولىنىڭ بوشلۇقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئۇيغۇرلارچۇ؟ يۇرتىمىزدا ئاق چېكىش، ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش، ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار تۈپەيلىدىن تۈرمىگە كىرىش، بۇ جەھەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ نىسبىتى قانداق؟ مېنىڭ ئاڭلىشىمچە ئۇيغۇرلارنىڭ نىسبىتى ئىنتايىن يۇقىرى ئىكەن. ئامېرىكىلىقلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى سىرتقى مېھمانلاردىن، ھەتتا ئۆزىنىڭ يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن مۇتلەق ئۈستۈن كۆرىدۇ. ئۆز بالىلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئېشىنسا ئاندىن باشقىلارغا ياردەم قىلىدۇ. ئۇيغۇرلارچۇ؟ بىر ئادەمگە 5 كىشىلىك تاماق بۇيرۇتۇپ، تاماقنى ۋەھشىيلەرچە ئىسراپ قىلىپ كەيپى-ساپالىق تۈرمۇش كۆچۈرۈۋاتقان ئاشۇ كىشىلىرىمىز ئۆز بالىلىرىدىن قانچىلىك خەۋەر ئېلىۋاتىدۇ؟ ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۇيغۇر بالىلىرى ئۈستىدىن ئازراق نازارەت قىلىش رولىنى ئۆتەمدۇ؟ ئەگەر ئۇيغۇرلار ئۆز-ئۆزىگە كۆيۈنمەيدىكەن، باشقىلار تېخىمۇ كۆيۈنمەيدۇ. ئەگەر ئۇيغۇرلار ئۆز-ئۆزىدىن خەۋەر ئالمايدىكەن، باشقىلارنىڭ تېخىمۇ كارى يوق. شۇڭا ئويلىنىش كېرەك.

مەن بۇ بۆلۈمنى 2 ھەپتىدىن ئىلگىرى يۇرتىمىزدىن كەلگەن بىر پارچە خەت بىلەن ئاخىرلاشتۇراي: «مەن بىر يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى. بۇ يەردە كىتاب پۇللۇق. ھەر دائىم كىتاب پۇلى يىغىدىغان ۋاقتىمدا بىر قېتىم كۆز يېشى

قىلىمەن. نۇرغۇن باللار كىتاب پۇلى ئۈچۈن 2-3 دانە تۇخۇم ياكى توشقان، توخۇ كۆتۈرۈپ كېلىپ، كىتاب بېرىشىمنى قاپقارا كۆزلىرى بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرۇپ سورايدۇ. نۇرغۇن قېتىم مائاشىمنى باللار ئۈچۈن تۆلەپ، ئۆزۈمگە پۇل ئاشمىدى. باللارنىڭ ئاتا-ئانىسى باللىسىنى مەكتەپكە ئەۋەتمەيدۇ. بۇ چاغدا بىز ئۆيىگە بېرىپ، چاقىرىپ كېلىمىز. بەزى ئاتا-ئانىلار بىزنى تىللاپ يولغا سالىدۇ. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە يەيدىغانغا نەرسە يوق، مەكتەپكە نەدە پۇل؟ ئۇنىڭدىن ئۆيدە ئىش قىلسۇن، دەپ قوپال گەپ قىلىدۇ. يەنە بەزىلەر بىر يىلدا بىر قېتىم تويغۇدەك گۆش يېيەلمىگەنلىكىنى، باللارنى ئوقۇتۇشنى تولىمۇ خالايدىغانلىقىنى، ئەمما ئامال يوق ئىكەنلىكىنى دەپ، كۆز يېشى قىلىشىپ كېتىدۇ. نۇرغۇن باللار ئوقۇشسىز قېلىۋاتىدۇ. ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن تەقدىردىمۇ، ئوقۇش پۇلى تاپشۇرالماي، تارام-تارام يىغلاپ كەلگەن ئوغۇل-قىزلارنى كۆرۈپ، چىدىيالماي قالىمەن. بىزنىڭمۇ تۇرمۇشىمىز ئارانلا كېتىپ بارغاچقا، جىق ئامال قىلالمايمىز».

## 18-سوئال: ئامېرىكىدا يېڭى شىركەت قۇرۇش ئىشلىرى قانداق بولىدۇ؟ ئۆزىڭىزنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىڭىزگە بىرلەشتۈرۈپ سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز.

جاۋاب: كالىفورنىيىنىڭ سان فرانسىسكو شەھىرى قۇرۇقلۇقتىن دېڭىز ئىچىگە سوزۇلغان، خۇددى بىر كىچىك ئارالدەك يەرگە جايلاشقان بولۇپ، ئەگەر ئۇ شەھەرنىڭ ئۈستىدىن ئايروپىلان بىلەن ئۆتسىڭىز، بىر توپ ئىنتايىن ھەيۋەتلىك ۋە چىرايلىق ئېگىز بىنالارنى كۆرىسىز. بۇ بىنالاردا ئىشلەيدىغان ئادەملەرنىڭ ئىچىدە ئىنگلىزچە «Venture Capitalist» دەپ ئاتىلىدىغان، قىسقارتىپ «VC» دەپ يازىدىغان كەسپتىكىلەر ئەڭ كۆپ. ئۇنىڭدىن قالسا ئادۋۇكاتلار كۆپ. بۇ يەردىكى «Venture» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ئۇيغۇرچىدا «دەتتىكام دەپ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، تەلەي سىناپ بېقىش» دەپ چۈشەنسەك ئانچە خاتالاشمايمىز. يەنى، بۇ كاپىتالىستلار يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان شىركەتلەرگە مەبلەغ سالىدۇ. ئەگەر ئۇ شىركەت ياخشى مېڭىپ قالسا، ئۇلار مەبلەغ سالغان پۇلىدىن 10 ھەسسە ھەتتا 100 ھەسسىلەپ پايدا كۆرىدۇ. ئەگەر ئۇ شىركەت مەغلۇپ بولۇپ كەتسە، ئۇلارنىڭ سالغان مەبلىغى يوق بولۇپ كېتىدۇ. سان فرانسىسكودىن باشقا، سىلىكون جىلغىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان پالو ئالتو (Palo Alto) دېگەن شەھەردىمۇ كىشىلەر «VC لار كوچىسى» دەپ ئاتايدىغان بىر كوچا بار بولۇپ، بۇ كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە

نۇرغۇن VC شىركەتلىرى جايلاشقان.

ئەگەر بىر ئادەمدە بىرەر يېڭى تېخنىكا ياكى يېڭى ئىدىيە بولسا، ئۇ ئادەم كەم دېگەندە يەنە بىر ئىككى ئادەمنى يېنىغا يىغىپ، بىر شىركەت قۇرۇش توغرىسىدا ئىگىلىك پىلانى تۈزىدۇ. بۇلار ئاشۇ شىركەتنىڭ قۇرغۇچىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىر شىركەتنى 2 ئادەم باشلىسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئادەتتە «رەئىس»، «باش ئىجرالىغۇچى ئەمەلدار» (ئىنگلىزچە «Chief Executive Officer» دېيىلىپ، قىسقارتىلىپ «CEO» دەپ ئاتىلىدۇ)، ياكى «رەئىس ۋە CEO» دېگەن ۋەزىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ كىشى شىركەتنىڭ ئومۇمىي ئىگىلىك ئىشلىرىغا، بولۇپمۇ دەسلەپكى مەزگىللەردە شىركەتكە مەبلەغ ئېلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ. يەنە بىر ئادەم «باش تېخنىكا ئەمەلدارى» (ئىنگلىزچە «Chief Technology Officer» دېيىلىپ، قىسقارتىلىپ «CTO» دەپ ئاتىلىدۇ) دېگەن ۋەزىپىنى ئۆتەيدۇ. بۇ كىشى شىركەت چىقارماقچى بولغان يۇقىرى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتنى لايىھىلەش، ئۇ مەھسۇلاتنى چىقىرىشقا زۆرۈر بولغان ئادەم، ئەسۋاب-ئاپپارات ۋە ۋاقىت جەدۋىلىنى پىلانلاش، ئۆزى چىقارماقچى بولغان، شۇ ۋاقىتتا باشقا شىركەتلەر تەرىپىدىن ياسىلىپ سېتىلىۋاتقان مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەتكەن تېخنىكىسىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ. يېڭى مەھسۇلاتنى تەتقىق ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئىشلەپ چىقىرىش ۋەزىپىسى ئاساسەن مۇشۇ كىشىگە يۈكلەنگەن بولغاچقا، بۇ كىشى شىركەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش-بولماسلىقىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. كۆپىنچە ئەھۋالدا 3-بىر كىشىمۇ شىركەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىدىغان بولۇپ، ئۇ كىشى شىركەتنىڭ سودا-سېتىقىغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. شىركەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىلا مۇشۇنداق بىر كىشىنىڭ بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، بۇ كىشى مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارالىق بازارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا ئىنتايىن مۇكەممەل تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بۇ شىركەت چىقارماقچى بولغان يېڭى مەھسۇلاتنىڭ قانچىلىك بازىرى بارلىقى توغرىسىدا تەپسىلىي ئۇچۇرغا ئىگە بولىدۇ. شۇنداقلا دەسلەپكى مەزگىلدىلا بۇ شىركەت چىقارماقچى بولغان مەھسۇلاتقا خېرىدار توپلاشنى باشلايدۇ. بۇمۇ شىركەت ئۈچۈن مەبلەغ ئېلىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

شىركەتنىڭ قۇرغۇچىلىرى VC كاپىتالىستلارنىڭ ئالدىغا مەبلەغ تەلەپ قىلىپ بېرىشتىن بۇرۇن، چوقۇم بىر تەپسىلىي «ئىگىلىك پىلانى» تۈزۈپ چىقىشى

كېرەك. بۇ پىلان كەم دېگەندە تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) بۇ شىركەت ئىگە بولغان يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى تېخنىكا ھەمدە بۇ شىركەتنىڭ تېخنىكىسىنى باشقىلارنىڭ كۆچۈرۈۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان مۇھىم توسالغۇلار. ئەگەر مۇشۇ شىركەتنىڭ قۇرغۇچىلىرىغا تەۋە بىر قانچە پاتېنت بولسا تېخىمۇ ياخشى. بۇ يېڭى ئىدىيە ۋە تېخنىكىنىڭ باشقا تېخنىكىغا سېلىشتۇرغاندىكى ئالاھىدىلىكلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنىشى كېرەك.

2) مەھسۇلات چىقىرىش ۋاقىت جەدۋىلى. مەسىلەن، شىركەتكە مەبلەغ بېرىلىپ بىر يىلدىن كېيىن مەھسۇلاتنىڭ 1-نۇسخىسىنى، بىر يېرىم يىلدىن كېيىن 2-نۇسخىسىنى، ئىككى يىلدىن كېيىن رەسمىي نۇسخىسىنى ئىشلەپ چىقىرىپ، مەھسۇلاتنى بازارغا سېلىش. تۆت يىلدىن كېيىن كىرىم-چىقىم تەڭلىشىش. ئالتە يىلدىن كېيىن پايدا كۆرۈش قاتارلىقلار.

3) مەھسۇلاتنى ئىشلەپ چىقىرىشنىڭ ئوخشىمىغان باسقۇچلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان ئادەملەرنىڭ كەسپىي تۈرلىرى ۋە سانى.

4) مەھسۇلاتنى ئىشلەپ چىقىرىشنىڭ ئوخشىمىغان باسقۇچلىرىدا سېتىپ ئېلىنىدىغان ئاپپارات-ئۈسكۈنىلەر (ئىنگلىزچە «capital equipment» دەپ ئاتىلىدۇ) نىڭ تۈرلىرى، سانى ۋە باھاسى.

5) مەھسۇلاتنى تەتقىق ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئىشلەپ چىقىرىش ئۈچۈن، ھەمدە پايدا كۆرۈشكىچە بولغان ۋاقىت جەريانىدا چىقىم بولىدىغان پۇلنىڭ تەپسىلىي سانى، پىلانى ۋە جەمئىي مەبلەغ پۇلنىڭ سانى.

سىز ئىشلەپ چىقىرىدىغان نەرسىگە باشقا شىركەتنىڭ زاپچاسلىرى ئىشلىتىلىدىغان بولسا، سىز ئۇلار بىلەن بىر-بىرلەپ كۆرۈشۈپ، سىزگە كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ بار-يوقلۇقى، ئۇنىڭ باھاسى قاتارلىقلارنىمۇ تەپسىلىي تەكشۈرۈپ چىقىسىز.

مۇشۇنداق بىر ئىگىلىك پىلانىنى يېرىم يىلدەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شىركەتنىڭ قۇرغۇچىلىرى ئۆزلىرى بىلىدىغان ياكى بىر ئاز ئىشەنچ باغلىغان، كاپىتالىستلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇلارغا ئۆز ئىگىلىك پىلانىدىن دوكلات بېرىپ، ئۇلاردىن مەبلەغ تەلەپ قىلىدۇ. بۇ كاپىتالىستلار كەم دېگەندە بىرەر كەسپىي ساھەدە باكلاۋۇر ئۇنۋانى، كۆپىنچە ھاللاردا ماگىستىرلىق ھەتتا دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغانلار ھەمدە ئۆزىنىڭ كەسپىي ساھەسىدە 10 يىلدىن ئارتۇق ئىشلەپ باققانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق قىلىدىغان ئىشى

مەملىكەتلىك ۋە خەلقئارالىق تېخنىكا بازىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار بازار ئەھۋالىدىنمۇ ھەمدە تېخنىكا ئەھۋالىدىنمۇ تولۇق خەۋەردار بولۇپ، ئالدىغا پۇل سوراپ كەلگەنلەرنى تەرەپ-تەرەپلەردىن سىقىپ تەرلىتىۋېتىدۇ. ئۇلار ئالدىغا كەلگەنلەرنىڭ دوكلاتىنى قايتا-قايتا ئاڭلاپ، ئۆزلىرى بۇ «ئىگىلىك پىلانى» دىكى ھەممە مەزمۇنلارنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نەرسىلەرنىڭ راستلىقىغا ھەمدە بۇ شىركەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدىغانلىقىدا ئۈمىد بارلىقىغا تولۇق ئىشەنگەندىن كېيىن، ئاندىن بۇ شىركەتكە ئىنتايىن قاتتىق شەرت ئاستىدا مەبلەغ سالىدۇ. بۇ شەرت مۇنداق بولۇشى مۇمكىن: شىركەتنىڭ 50 پىرسەنتىنى ئۆزلىرىگە بېرىش. بۇ، ئەگەر ئۇلار بۇ شىركەتكە 5 مىليون دوللار مەبلەغ سالغان بولۇپ، 5 يىلدىن كېيىن بۇ شىركەتنىڭ پاي چېكى بازارغا سېلىنىپ، ئۇنىڭ بازار قىممىتى 100 مىليون دوللارغا يارىسا، ئۇنىڭ 50 مىليون دوللار قىسمى مۇشۇ كاپىتالىستلارنىڭ بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر. ئەگەر 5 يىلدىن كېيىن بۇ شىركەت ئەسلىدە پىلانلىغان مەھسۇلاتنى چىقىرالماي قالسا، ئۇ ھالدا بۇ شىركەت تاقىلىپ، ھېلىقى كاپىتالىستلار مەبلەغ سالغان 5 مىليون دوللار پۇلدىن پۈتۈنلەي قۇرۇق قالىدۇ. شىركەتنى قۇرغۇچىلار ھەرگىز قانۇن جەھەتتىن جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ. ئاڭلىشىمچە، ئادەتتە كاپىتالىستلار مەبلەغ سالغان 10 شىركەتنىڭ ئىچىدە ئۈچى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، قالغان يەتتىسى مەغلۇپ بولىدىكەن. شۇنداقتىمۇ ياخشى ماڭغان 30 پىرسەنت شىركەتتىنلا ئۆزلىرىنىڭ مەبلەغ سالغان ھەممە پۇلىنىڭ 10 ھەسسىسىدىن كۆپرەكىگە تەڭ كېلىدىغان پايدا كۆرىدىكەن. شۇڭا بۇ كەسىپكە كىرىپ قالغانلار ھەرگىز باشقا كەسىپنى قىلغۇسى كەلمەيدىكەن.

كاپىتالىستلار ئۆزلىرى تېخنىكا ۋە سودا بازارلىرىنى ئىزچىل تۈردە تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلغاندىن باشقا، ئامېرىكىدا يەنە نۇرغۇن مەخسۇس كەسىپلەر بويىچە ئۇچۇر يىغىپ، مەھسۇلاتلارنى تەھلىل قىلىپ، شۇ ئاساستا يېزىپ چىققان ئىلمىي دوكلاتىنى باشقا شەخسلەر ۋە شىركەتلەرگە سېتىپ بېرىدىغان شىركەتلەر بار. ئۇلار تېخنىكا ساھەسىدىكى يېڭى يۈزلىنىشلەرنى ئانالىز قىلىپ، كەلگۈسىدىكى بازار ھەققىدە ئىلمىي مۆلچەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر دوكلاتىنى ئادەتتە 1500 دوللارغا سېتىۋالغىلى بولىدۇ.

ئامېرىكىدا خۇسۇسىي مەبلەغ سالىدىغان كاپىتالىستلاردىن باشقا، ئامېرىكا

ھۆكۈمىتىمۇ كىچىك تىپلىق ئىگىلىكلەر ئۈچۈن ھەر يىلى بەلگىلىك پۇل ئاجرىتىپ مەبلەغ سالىدۇ. مېنىڭ پەرىزىمچە ھۆكۈمەتنىڭ مەبلەغ ئۈچۈن ئاجراتقان پۇلى پۈتۈن ئامېرىكا بويىچە ھەر يىلى مەبلەغ سېلىنىدىغان پۇلنىڭ تەخمىنەن 10 پىرسەنتىنى ئىگىلىشى مۇمكىن. ھۆكۈمەت مەبلىغىنىڭ كۆپ قىسمى دۆلەت مۇداپىئەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەھسۇلات ئىشلەپ چىقىرىدىغان شىركەتلەرگە بېرىلىدۇ.

مەن تېخى يەنە بىر مۇھىم مەسىلىنى چۈشەندۈرمىدىم: VC دەپ ئاتالغان كاپىتالىستلارنىڭ ئەسلىدىكى پۇلى نەدىن كېلىدۇ؟ ئۇنى ھەرگىز ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپ تاپقان مائاشىدىن يىغقان ئەمەس. ئامېرىكىدا مائاشنى يىغىپ ئۇنچىلىك پۇل توپلاش ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەينى ۋاقىتتا كەم دېگەندە بىر شىركەت قۇرۇپ، ئۇنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ماڭدۇرۇپ، 5-10 يىلنىڭ ئىچىدە ئۆز شىركىتىنىڭ پاي چېكىنى بازارغا سېلىپ، شۇ ئارقىلىق نەچچە مىليون دوللارلىق بولغانلاردۇر. مەن سىلىكون جىلغىسىدىكى SDL دېگەن يېرىم ئۆتكۈزگۈچ لازېر نۇرى زاپچىسى ئىشلەپ چىقىرىدىغان بىر شىركەتتىكى سودا-سېتىقتا مەسئۇل بىر ئوتتۇرا دەرىجىلىك باشلىقنى تونۇيتتىم. ئۇ شىركەتنىڭ پاي چېكىنى 2000-يىلىنىڭ ئاخىرلىرى 20 دوللاردىن بازارغا سالغانىدى، 2001-يىلىنىڭ ئاخىرى بىر پاي چېكىنىڭ باھاسى 300 دوللارغا چىقىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شىركەتكە بالدۇر كىرگەنلەرنىڭ ھەممىسى مىليونېر بولۇپ كەتتى. مەن كېيىن بىر ئىش بىلەن ھېلىقى تونۇشۇمنى ئىزدەپ بارسام، شىركەتتىكىلەر ماڭا ئۇ كىشىنىڭ بۇ شىركەتتىكى خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، كاپىتالىست بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ئەگەر سىز بىر يېڭى قۇرۇلغان شىركەتكە قانچە بالدۇر كىرسىڭىز، ئۇ شىركەت سىزگە ئىنگلىزچە «Option» دەپ ئاتىلىدىغان پاي چەكتىن شۇنچە كۆپ ۋە شۇنچە ئەرزان بېرىدۇ. ئۇنى سېتىپ ئېلىش-ئالماسلىق ئۆزىڭىزنىڭ ئىختىيارلىقىدا. ئەگەر شىركەت ئوبدان مېڭىپ، ئۇنىڭ پاي چېكىنى بازارغا سالغاندىن كېيىن ئۇ پاي چەكنىڭ باھاسى شىركەت سىزگە سېتىپ بەرگەندىكى باھادىن يۇقىرى بولسا، سىز ئۆزىڭىزگە تەۋە پاي چەكنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى بازاردا ساتسىڭىز. شۇنىڭ بىلەن پايدا كۆرىسىز. ئەگەر شىركەت ياخشى ماڭمىسا، ئۇ پاي چەكنى ئالمايسىز.

سىلىكون جىلغىسىدا «Cisco» دېگەن بىر چوڭ شىركەت بار. پۈتۈن دۇنيادا خەۋەرلىشىش تورلىرى ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىۋاتقان يۇقىرى تېخنىكىلىق

ئەسۋاب-ئاپپاراتلارنىڭ يېرىمىدىن تولىسىنى مۆشۈ شىركەت ئىشلەپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئاپپاراتلار بىر تەرىپىنىڭ ئۆزۈنلۈقى يېرىم مېتىردىن ئاشمايدىغان قەلەي ساندۇققا قاچىلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ باھاسى ئىنتايىن يۇقىرى. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، «Cisco» ئىشلەپ چىقارغان بىر ساندۇق بىلەن ھەجمى شۇ ساندۇق بىلەن ئوخشاش بولغان ئالتۇننىڭ باھاسىنى سېلىشتۇرغاندا، «Cisco»نىڭ ساندۇقى ئالتۇندىن جىق قىممەت توختايدىكەن. بۇ شىركەتنىڭ پاي چېكىنىڭ باھاسىمۇ 2001-يىلى ئىنتايىن ئۆسۈپ كېتىپ، شىركەتتە بىرەر باشلىق دەرىجىسى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىر يىلنىڭ ئىچىدىلا مىليونېر بولۇپ كەتتى. شۇ يىلى «Cisco» دىكى مىليونېر بولغانلارنىڭ سانى 800 كىشىدىن ئاشىدىكەن.

شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەككى، ئامېرىكىدا شىركەتنىڭ پاي چېكى بىلەن باي بولۇپ كېتىدىغانلارنىڭ بولغىنىدەك، شۇ پاي چەك بىلەن كەمبەغەل بولۇپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. يەنى، ئىقتىساد ياخشى بولغاندا، شىركەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى ئۆسۈپ، ئادەملەر باي بولىدۇ. ئىقتىساد ياخشى بولمىغاندا، شىركەتنىڭ، جۈملىدىن شىركەتلەر پاي-چېكىنىڭ قىممىتى چۈشۈپ كېتىپ، كىشىلەر نۇرغۇن بايلىقتىن ئايرىلىپ قالىدۇ. مەن مۇشۇ سۆھبەتنىڭ ئالدىنقى بىر بۆلۈمىدە ئېيتقاندەك، 2001-يىلدىن 2003-يىلغا قەدەر 2 يىل ئىچىدە، ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ، جۈملىدىن كالىفورنىيىنىڭ نۇرلۇق تالا خەۋەرلىشىشنى مەركەز قىلغان يۇقىرى تېخنىكىلىق سانائىتىنىڭ ناچارلىشىپ كېتىشى سەۋەبىدىن، كالىفورنىيە شتاتىدا 2.3 تىرىلىيون دوللار قىممىتىدىكى ئىقتىساد يوقىلىپ كەتكەن. ماڭا «Wave Splitter» 30 مىڭ پاي چېكىنى بىر دوللاردىن بەرگەنىدى. ئارىلىقتا شىركەتنى بازارغا سالىدىغان گەپ-سۆزلەر كۆچىيىپ قالغاندا، مەن ئۇنىڭدىن 5 مىڭىنى 5 مىڭ دوللار خەجلەپ سېتىۋالغانىدىم. دەل شۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ نۇرلۇق تالا خەۋەرلىشىش سانائىتى پەسكە چۈشۈشكە قاراپ مېڭىپ، بىر چۈشكەنچە توختىمىدى. بىزنىڭ شىركەتنىڭ پاي چېكى دەپتەر ئۈستىدە بىر دوللاردىن 9 دوللارغا ئۆسكەن بولۇپ، ئىقتىسادنىڭ چۈشۈشى بىلەن ئۇنىڭ باھاسىمۇ چۈشۈپ، ئاخىرىدا بىر پاي چېكىنىڭ قىممىتى 3 سېنت (يەنى 0.03 دوللار) بولۇپ قالدى. مېنىڭ 5 مىڭ دوللار مەبلىغىم 150 دوللارغا چۈشۈپ قالدى. بۇ 150 دوللار پۇلمۇ ماڭا قايتىپ كېلەمدۇ-يوق، ئۇنىمۇ بىلمەيمەن. بىزنىڭ شىركەتتىكى يەنە بىر بالا مۇشۇنداق ئىش بىلەن 10 نەچچە يىل يىغقان 90 مىڭ دوللار پۇلىدىن قۇرۇق قالدى. ئاشۇ ۋاقىتتا مەن رادىئو خەۋەرلىرىدە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ۋەيران بولۇپ،

يىغلاپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ئاۋازىنى خېلى ئاڭلىدىم. مەسىلەن، بىر كىشى شىركەتتىن بەرگەن پاي-چېكىنىڭ دەپتەردىكى قىممىتىنى ھېسابلاپ، پايدا تېخى ئۆز قولىغا تەگمىگەن بولسىمۇ، 3 مىليون دوللارلىق ئۆيدىن بىرنى قەرزگە ئالغان پۇل بىلەن سېتىۋاپتۇ. كېيىن ئۇ پاي چېكىنىڭ قىممىتى يوق بولۇپ كېتىپتۇ. ئۆيىنىڭ باھاسىمۇ 2 مىليون دوللارغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئۆيىنى سېتىپ، قەرز تۆلەپ، بانكىغا يەنە بىر مىليون دوللار قەرز بولۇپ قاپتۇ. شىركىتى يوقاپ كېتىپ، خىزمىتىدىنمۇ قۇرۇق قاپتۇ. ئەگەر سىزنىڭ بانكىغا يىللىق ئۆسۈمى 6 پىرسەنتلىك بىر مىليون دوللار قەرزىڭىز بولسا، ئۇنىڭ ئۆسۈمى ئۈچۈنلا ھەر ئايدا 5000 دوللار تۆلىشىڭىز كېرەك. يۇقىرىقىدەك ئەھۋالدا، كىشىلەر نۇرغۇن شەرتلەر ئاستىدا ئىنگلىزچىدا «bankruptcy» دەپ ئاتىلىدىغان ۋەيران بولغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، قەرز پۇلىدىن قۇتۇلالايدۇ. ۋەيران بولغانلىقىنى ئېلان قىلىشنىڭ خېلى كۆپ زىيىنى بار. مەسىلەن، سىز ئۇنىڭدىن كېيىنكى 10 يىل ئىچىدە بانكىدىن ھېچقانداق قەرز پۇل ئالالمايسىز.

1996-يىلى 6-ئايدا، مەن ساندىئا دۆلەت تەجرىبىخانىسىدا پوستدوكتورلۇق قىلىۋاتقان ۋاقتىمدا، مېنىڭ ئاشۇ ئىدارىدىكى ئۇستازىمنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، بىر يۇقىرى تېخنىكىلىق يېڭى شىركەت قۇرماقچى بولغان 3 كىشىنىڭ بىرى بولدۇم. بىزگە CEO بولغان كىشى ھىندىستاندىن 6 يېشىدا كەلگەن، سىلىكون جىلغىسىدا ئۇزۇن يىل ئىشلەپ، ئۆزى بۇرۇن 2 شىركەت قۇرۇپ باققان، يېشى 60 قا يېقىنلىشىپ قالغان بىر كىشى ئىدى. سودا-سېتىقتا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىس بولسا ئەينى ۋاقىتتا سىلىكون جىلغىسىدىكى يىللىق سودىسى بىر قانچە مىليارد دوللارلىق بىر چوڭ شىركەتنىڭ سودا-سېتىقىغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ، بىزنىڭ «CEO» بىلەن يېقىن دوست ئىدى. مەن بولسام «CTO» بولدۇم. شىركىتىمىزنىڭ ئىسمى «Telelase» بولۇپ، بۇ يەردىكى «Tele» دېگەننىڭ مەنىسى خۇددى «تېلېگرامما»، «تېلېفون» دېگەندىكىگە ئوخشاش «يىراق» دېگەن مەنىنى ئۇقتۇراتتى. «Lase» بولسا ئىنگلىزچە «Laser» (يەنى لازېر نۇرى) نىڭ بىر قىسمى ئىدى. بىزنىڭ چىقارماقچى بولغىنىمىز، لازېر نۇرىنى ھاۋادا ماڭدۇرۇپ، ئارىلىقى 1 كىلومېتىردىن 4 كىلومېتىرغىچە بولغان بىنالارنىڭ ئارىلىقىدا يۇقىرى سىغىملىق خەۋەرلىشىش تورى قۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئاپپارات ئىدى. بۇ ئاپپاراتنىڭ كۆرۈنۈشى بىر خىل تېلېسكوپقا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە تېلېسكوپتىن

باشقا يەنە نۇر سىگنالىنى ئېلېكتر سىگنالىغا ئايلاندۇرىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك زاپچاسلار ھەمدە يۇقىرى سۈرئەتلىك ئېلېكتر سىگنالىنى باشقا خەۋەرلىشىش تورلىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان زاپچاسلارمۇ بار ئىدى. سان فرانسىسكوغا ئوخشاش چوڭ شەھەرلەر ۋە ئالىي مەكتەپلەردە بىنالار بەك زىچ بولغاچقا، ئەگەر يەرنى كولاپ نۇرلۇق تالا كۆمۈپ، خەۋەرلىشىش تورى ياسىماقچى بولسا، ئۇنىڭغا ۋاقىت ۋە ئىقتىساد ئىنتايىن كۆپ كېتەتتى. بەزى جايلاردا بولسا ئۇنداق قىلىش مۇمكىن، پۈتۈنلەي مۇمكىن بولمايمۇ قالىدۇ. ئەگەر بىزنىڭ ئاپپاراتتىن ئىككىنى بىر-بىرىگە قارىتىپ ئورناتسا، بىر-ئىككى ھەپتىنىڭ ئىچىدىلا ئىككى بىنانى بىر-بىرىگە ئۇلىغىلى بولاتتى. مەن مۇشۇنداق ئاپپاراتتىن 3 خىلنى لايىھىلىدىم. ئۈچىمىز بىرلىشىپ شىركىتىمىزگە ئىگىلىك پىلانى تۈزۈپ، نۇرغۇن VC لارنىڭ قېشىغا ئاپاردۇق. لېكىن، بىزنىڭ ئىگىلىك پىلانىمىز ئۇلارنى قانائەتلەندۈرەلمەي، بىز زادىلا پۇل ئالالمىدۇق. بۇ جەرياندا مەن ئۆز يېنىمدىن 5 مىڭ دوللاردەك پۇلنى مۇشۇ شىركەت ئۈچۈن خەجلىدىم. بىزنىڭ يېڭى قۇرغان شىركىتىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ھېچ قانداق كاپالەتكە ئىگە بولمىغاچقا، مەن بۇ شىركەتكە ئۆزۈمنىڭ 2-نىشانى تەرىقىسىدە مۇئامىلە قىلىپ، ئۆزۈمنىڭ رەسمىي خىزمىتىنى زادىلا توختاتمىدىم. پەقەت بىزنىڭ «CEO» لا بۇ شىركىتىمىز ئۈچۈن پۈتۈن كۈن ئىشلىدى. 1996-يىلى 9-ئايدا، مەن «CVI» دېگەن لازېر شىركىتىگە خىزمەتكە كىردىم. بىر تەرەپتىن CVI دىكى خىزمىتىمنى نورمال داۋاملاشتۇرۇپ، ھەر كۈنى ئاخشىمى، شەنبە-يەكشەنبە ۋە باشقا دەم ئېلىش كۈنلىرىنىڭ ھەممىسى «Telelase» نىڭ ئىشىنى قىلدىم. بىز مەبلەغ ئېلىش جەھەتتە قاتمۇ-قات قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسەكمۇ، ھەرگىز بۇ شىركەتتىن ۋاز كەچمىدۇق. ئەمما، 1998-يىلى ئامېرىكىدىكى غايەت چوڭ شىركەتنىڭ بىرى بولغان «Lucent Technology» شىركىتى ۋاشىنگتون شتاتىنىڭ سىئاتتىلە شەھىرىدە قۇرۇلغان «Terrabeam» دېگەن بىر شىركەتكە 500 مىليون دوللار مەبلەغ سالدى. «Terrabeam» نىڭ چىقارماقچى بولغىنىمۇ بىزنىڭ چىقارماقچى بولغىنىمىز بىلەن ئوپئوخشاش ئىدى. بۇ ئىشتىن كېيىن بىزنىڭ مەبلەغ ئالالىشىمىزدا ئاساسەن ئۈمىد قالمىدى. شۇنداق بولسىمۇ بىز باشقا يۇقىرى تېخنىكىلىق نەرسە چىقىرىش يولىدا ئىزدەندۇق. مۇشۇ جەرياندا «Telelase» نىڭ ئېھتىياجى بىلەن مەن ئۆزلۈكۈمدىن Windows programming ۋە SMNP قاتارلىق يۇمشاق دېتاللارنى ئۆگەندىم. 2001-يىلىغا كەلگەندە مەن ئىنتايىن ھارغىنلىق ھېس قىلىپ، بۇ شىركەتتىكى ۋەزىپەمدىن ئىستېپا بەردىم.

«Telelase» بىر رەسمىي تىزىمغا ئالدۇرۇلغان شىركەت بولۇپ، ئۇ ھازىرمۇ مەۋجۇت. مەن يەنىلا ئۇنىڭ بىر ئاساسلىق پاي چەك ئىگىسى. ھازىر ئۇنى بىزنىڭ ئەينى ۋاقىتتا «CEO» بولغان كىشى ئۆزى يالغۇز ماشدۇرۇۋاتىدۇ. باشقا شىركەت-ئىدارىلەرگە مەسلىھەتچىلىك قىلىپ بېرىپ، ئىشخانىنىڭ ئىجارىسى بىلەن ئۆزىنىڭ مائاشىنى تېپىپ ياشاۋاتىدۇ. ھازىر بىز چىقارماقچى بولغان ھېلىقى ئاپپاراتنى چىقىرىدىغان شىركەتلەر ئامېرىكا، ياپونىيە، ئىسرائىلىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق نۇرغۇن دۆلەتلەردە قۇرۇلۇپ كەتتى. ھازىر يەر شارى بىلەن ئالەم بوشلۇقى ئوتتۇرىسىدىكى خەۋەرلىشىش ئىنگلىزچە «Deep Space Network, DSN» دەپ ئاتىلىدىغان، ئۇيغۇرچە مەنىسى «چوڭقۇر ئالەم بوشلۇقى تورى» دېگەنگە يېقىن كېلىدىغان بىر مىكرو دولقۇنلۇق خەۋەرلىشىش تورى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھازىر مارستىكى ئىككى تەكشۈرگۈچى ماشىنا تارتقان رەسىملەرنىمۇ ئاشۇ تور ئارقىلىق يەر شارىغا ماشدۇرۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ تورنىڭ ئانتېننىسى قازان شەكلىدە بولۇپ، ئۇنىڭدىن جەمئىي 3 بار. ئۇلار يەر شارىنىڭ ئۈستىدىكى ئۆز ئارا 120 گرادۇس ياسىغان جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە شتاتىدا، بىرى ئاۋستىرالىيىدە، يەنە بىرى ئىسپانىيىدە. بۇ ئانتېننىنىڭ دىئامېتىرى 34 مېتىر ۋە 70 مېتىر چوڭلۇقتا بولۇپ، ئېگىزلىكى بىر 10 قەۋەتلىك بىنا بىلەن باراۋەر كېلىدۇ. مىكرو دولقۇنلۇق خەۋەرلىشىشنىڭ سۈرئىتى تېز بولمىغاچقا، ھازىر ئامېرىكا ۋە غەرب ئەللىرى يەر شارى بىلەن ئالەم بوشلۇقى ئوتتۇرىسىدىكى خەۋەرلىشىش ۋە ئالەم بوشلۇقىدىكى ئۆز ئارا خەۋەرلىشىشنى نۇر دولقۇنى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا نۇرغۇن تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ.

تۆۋەندە يازىدىغان نەرسىنى چۈشىنىش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، نۇرلۇق تالا (ئىنگلىزچە «optical-fiber») خەۋەرلىشىشكە ئائىت ئازراق ئۇقۇم بېرىپ ئۆتۈپ كېتەي. ھازىر كۆپ سانلىق نۇرلۇق تالا خەۋەرلىشىشنىڭ بىر كانالىنىڭ تېزلىكى بىر سېكۇنتتا 10 گىگابىت (giga bit) بولۇپ، ئۇنى قىسقارتىپ 10Gbps (ئىنگلىزچە «10 giga bit per second») دەپ ئاتايدۇ. بىر نۇرلۇق تالادا مۇشۇنداق كانالدىن تەخمىنەن 40 بولىدۇ. بىر ئاۋاز كانالىنىڭ ئىگىلەيدىغان مىقدارى (بەزى بىر يېڭى تېخنىكىنىڭ ياردىمى بىلەن) تەخمىنەن سېكۇنتتا 10 كىلو-بىت (10Kbps) بولغاچقا، بىر نۇرلۇق تالادا 40 مىليون ئاۋاز (يەنى تېلېفون) كانالى ماشدۇرغىلى بولىدۇ. 2001-يىلىنىڭ ئالدى كەينىدە بىر نۇرلۇق تالا خەۋەرلىشىش

كانالنىڭ سۈرئىتىنى 40Gbps قىلىش توغرىسىدا نۇرغۇن گەپلەر بولدى. بۇ تېخنىكىغا كېرەكلىك بولغان زاپچاس-ئاپپاراتلارنى ياسايدىغان نۇرغۇن شىركەتلەر قۇرۇلدى. لېكىن، 2003-يىلىغا كەلگەندە بۇ تېخنىكىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرى ئەمەسلىكى بايقىلىپ، بۇ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرمايدىغان بولۇپ، يېڭىدىن قۇرۇلغان نەچچە مىڭ شىركەت ۋەيران بولدى.

كانادادا بىر تۈركىيىلىك ئۆمەر ئىسىملىك تۈرك قۇرغان بىر ئوپتىكا شىركىتى بار. ئۇ بىر 200 كىشىلىك شىركەت بولۇپ، ئۇنىڭ مەھسۇلاتى ئامېرىكىدىمۇ كۆپ سېتىلىدۇ. مەن «CVI» ۋە «Wave Splitter» دېگەن شىركەتلەردە ئىشلەۋاتقان ۋاقتىمدا، بۇ شىركەتتىن نەچچە قېتىم ئوپتىكا زاپچاسلىرى سېتىۋالغانىدىم. 2001-يىلىنىڭ بېشىدا بىر خەلقئارالىق نۇرلۇق تالا خەۋەرلىشىش يىغىنىغا بېرىپ، كۆرگەزمە زالىدا بۇ شىركەتنىڭ كۆرگەزمىسىنىمۇ زىيارەت قىلىپ، ئۆمەر بىلەن كۆرۈشتۈم. ھەمدە بۇ شىركەتنىڭ ئامېرىكىدىكى بىر تەتقىقات ئىشخانىسىغا مەسئۇل بىر مۇئاۋىن رەئىسى بىلەنمۇ تونۇشتۇم. ئۇ بىر دوكتورلۇق ئۇنۋانى بار، زەينەپ ئىسىملىك ئايال كىشى بولۇپ، ئۇمۇ تۈركىيىلىك تۈرك ھەمدە يېشى ئۆمەرنىڭكىدىن 10 ياشلارچە چوڭ ئىدى. بىز كەسىپ توغرىسىدا كۆپ پاراڭلاشتۇق. پارىڭىمىزنىڭ ئاخىرىدا زەينەپ مېنىڭ ئۇلارنىڭ شىركىتىگە يۆتكىلىپ، ئۇلار ئۈچۈن ئىشلەپ بېرىشىمنى تەكلىپ قىلدى. گەرچە شۇ چاغدا بۇ شىركەت «Wave Splitter»گە قارىغاندا كۆپ پىشىپ يېتىلگەن شىركەت بولۇپ، ئىستىقبالىمۇ كۆپ ياخشىدەك كۆرۈنگەن بولسىمۇ، مەن ئۇنى رەت قىلدىم. بۇنىڭ سەۋەبى، مەن زەينەپ بىلەن پاراڭلىشىۋاتقان ۋاقتىمدا، بىر قېتىم ئۆمەر بىزنىڭ قېشىمىزغا كېلىپ، زەينەپنى «ئىشلىمەي كەچكىچە پاراڭ سالامسەن؟» دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئىنتايىن سەت سىلكىشلىۋەتتى. زەينەپ ئۆز شىركىتىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كۆچەۋاتقان بولۇپ، ئۆمەرنىڭ ئۆزىنىڭ ھەددىسىدەك بىر كىشىگە ئۇنداق مۇئامىلە قىلىشى مېنى ئىنتايىن سەسكەندۈرگەنىدى. شۇڭا مەن ئۆزۈمنىڭ ئويلىغىنىنى زەينەپكە شۇ پېتىلا ئېيتتىم.

2001-يىلىنىڭ ئاخىرى زەينەپ مېنى بىر ئايرىم كۆرۈشۈشكە چاقىرىپ، ئۆزىنىڭ بىر يېڭى شىركەت قۇرماقچى بولغان ئىدىيىسىنى ئېيتتى. ھەمدە مېنىڭ ئىنژېنېرلىققا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ ئىشلەپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى. زەينەپ مەندىن باشقا يۇمشاق دېتال مۇتەخەسسىسىدىن بىرنى ۋە ئېلېكتر ئىنژېنېرلىق مۇتەخەسسىسىدىن بىرنىمۇ ئۆز يېنىغا يىغىپ بولغانىكەن. ئۇلار

ئۆمەرنىڭ شىركىتى سېتىۋالغان بىر كىچىك شىركەتنىڭ رەئىس ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىرى بولۇپ، زەينەپ بىلەن بىرلىكتە بۇ يېڭى شىركەتنى قۇرۇشقا ماقۇل بولغانىكەن. بىزنىڭ چىقارماقچى بولغىنىمىز، ئۇزۇن يوللۇق، 40Gbps لىق نۇرلۇق تالا خەۋەرلىشىشىگە ئىشلىتىدىغان بىر ئاپپارات بولۇپ، مۇشۇنداق خەۋەرلىشىش توردا كەم بولسا بولمايدىغان، ئىنگلىز تىلىدا «Polarization Mode Dispersion, PMD» دېگەن بىر خىل ھادىسىنىڭ نۇر سىگنالىنىڭ سۈپىتىنى بۇزۇۋېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بىر يېڭى ۋە يۇقىرى تېخنىكىلىق ئاپپارات ئىدى. ئۇ بىر يېڭى نەرسە بولغاچقا، ئۇنى بۇرۇن ھېچكىم قىلىپ باقمىغانىدى. بىزنىڭ «Wave Splitter» دېگەن شىركىتىمىزدە مۇشۇ PMD پارامېتىرىنى ئۆلچەيدىغان بىر ئاپپارات لازىم بولۇپ قېلىپ، ئاشۇنداق ئاپپاراتنى چىقىرىدىغان بىر شىركەتنىڭ ئادەملىرى بىزنىڭ شىركەتكە كېلىپ، ئۆز مەھسۇلاتىنى تونۇشتۇرغاندا، مەن ئۇ ئاپپاراتنىڭ ئىشلەش پرىنسىپىنى پۈتۈنلەي چۈشىنىۋالغانىدىم. مەن ئۆزىمىزنىڭ شىركىتىگە «ماڭا 6 ئاي ۋاقىت بېرىڭلار. ئۇنى مەن لايىھىلەپ ياساپ چىقاي» دېگەندە، شىركەتتىكىلەر «بىزنىڭ 6 ئاي ۋاقتىمىز يوق» دەپ، ئۇ ئۆلچەش ئاپپاراتىدىن بىرنى 120 مىڭ دوللارغا سېتىۋالغانىدى.

مەن ئۆزۈمنىڭ «Telelase» دىكى تەجرىبەمگە ئاساسەن، بىزنىڭ بۇ ساھەدە تېخى تەجرىبىمىز ياكى تېخنىكىمىز يوقلۇقىنى، شۇڭا مەبلەغ ئېلىشنىڭ ئىنتايىن تەسلىكىنى ئېيتقاندا، زەينەپ ئۆزىگە پۇل بېرىشكە تەييار بولۇپ قالغان بىر قانچە «VC» كاپىتالىستلارنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن مەندە خېلى كۈچلۈك ئىشەنچ پەيدا بولدى، مەن بۇ يېڭى شىركەت مەبلەغ ئېلىپ بولغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭدا پۈتۈن كۈن ئىشلەيدىغانلىغا، ئۇنىڭغىچە «Wave Splitter» دىكى خىزمىتىمنى تاشلىمايدىغانلىغا شەرت قويۇپ، زەينەپنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدۇم. بىز تۆت كىشى بىرلىشىپ ئىگىلىك پىلانى تۈزگەندە، زەينەپ پىلانغا «بىزنىڭ بۇ ساھەدە يېڭى تېخنىكىمىز بار» دەپ يېزىپ قويۇپتۇ. مەن ئۇنىڭ نېمىشقا بۇنداق قىلىدىغانلىقىنى سورىغىنىمدا، ئۇ ئەگەر بىز ئۇنداق قىلمىساق، كاپىتالىستلار پۇل بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنداق قىلىش مېنىڭ كەسپىي ئەخلاقىمغا ۋە كىشىلىك پرىنسىپىمغا خىلاپ بولۇپ، مەن بۇ ئىشنى ئازراقمۇ ياقتۇرمىدىم. شۇنىڭ بىلەن قالغان 3 كىشىگە «يېڭى تېخنىكىمىز بار» دەپ يالغان ئېيتماي، بىزدە ئاشۇنداق بىر ئاپپاراتنى ئىشلەپ چىقىرالايدىغان تالانت ئىگىلىرى ۋە بىلىم بارلىقىنى، ئەگەر بىزگە مەبلەغ سېلىنسا، بىز ئۇ ئاپپاراتنى قىسقا ۋاقىت

ئىچىدە لايىھىلەپ ياساپ چىقىرالايدىغانلىقىمىزنى ئىپتىشنى تەشەببۇس قىلدىم. لېكىن مېنىڭ گېپىمنى قالغانلار ئاڭلىمىدى. «VC» كاپىتالىستلارنىڭ ئالدىغا دوكلات بېرىش ئۈچۈن بارىدىغاندا، ئۇلار بىزنىڭ ئىگىلىك پىلانىمىزدىكى ئۆپتىكىلىق تېخنىكىغا ئائىت مەزمۇن توغرىسىدا مېنىڭ دوكلات بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى. لېكىن مەن ئۇنىڭغا ئۇنىمىدىم. مەن ئادەتتىكى ئىشلاردا يالغان گەپ قىلالمايدىغان بىر ئادەم، بۇنداق يۇقىرى تېخنىكىلىق ئىشلاردا تېخىمۇ يالغان سۆزلىيەلمەيتتىم. شۇنداق بولسىمۇ مەن بۇ گۇرۇپپىنىڭ دوكلاتىنى تەييارلاشقا پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ياردەم قىلدىم. بىز بىر ھەپتىنىڭ ئىچىدە ئىككى «VC» كاپىتالىست شىركىتىگە بېرىپ، ئۇلارغا دوكلات بەردۇق. بىزنىڭ تېخنىكىمىز توغرىسىدىكى مەزمۇنلارنى زېنەپ ئۆزى دوكلات قىلدى. ئەمما، خۇددى مەن پەرەز قىلغاندەك، ھەر ئىككىلىسىدىلا كاپىتالىستلار «سىلەر ئۆزۈڭلاردا يېڭى تېخنىكا بارلىقىنى دېدىڭلار. كېلەر قېتىم شۇ تېخنىكا توغرىسىدا بىزگە تەپسىلىي ئۇچۇر بېرىڭلار» دەپ، بىزنى چىرايلىق يولغا سالدى. بىز ئۆزىمىزنىڭ پۈتىغا ئۆزىمىز پالتا چېپىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا قايتا بېرىشقا ئامالسىز قالدۇق. يەنى، ئەگەر بىز دوكلاتنى مەن يۇقىرىدا تەشەببۇس قىلغاندەك بەرگەن بولساق، بىزنىڭ «VC» كاپىتالىستلارنى ئۆزىمىزنىڭ تالانتى بىلەن تەجرىبە-بىلىملىرىگە ئىشەندۈرۈش ئېھتىماللىقى بار ئىدى. بىز ئۇنداق قىلماي، يالغان گەپ قىلىپ، ئىنتايىن ئوسال ئەھۋالغا قالدۇق. شۇ چاغدا مەن قالغانلارنىڭ بۇ ساھەدە تېخى مەنچىلىك تەجرىبىگە ئىگە ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم. ئارىلىقتا بىر ئىككى ئاي ۋاقىت ئۆتۈپ، بىز كېيىنكى قەدەمنى قانداق ئېلىشنى مۇزاكىرىلىشىۋاتقان مەزگىلدە، ئامېرىكىنىڭ نۇرلۇق تالا خەۋەرلىشىش سانائىتى 180 گرادۇس بۇرۇلۇپ، ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە تۆۋەنگە قاراپ ماڭدى. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ مەبلەغ ئالالىشىمىزدىن ئۈمىد قالماي، بىز تۆتىمىز تارقىلىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇق.

2000-يىلىنىڭ بېشىدا، مەن «CVI» دىن چىقىپ كېتىپ، يېڭى خىزمەت تاپىدىغاندا جەمئىي 3 شىركەتكە تەڭلا ئىلتىماس قىلدىم. ئۇ 3 شىركەتنىڭ ھەممىسىمۇ مېنى قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭ بىرى «Wave Splitter» بولۇپ، يەنە بىرى «KLA-Tencor» دەپ ئاتىلىدىغان، يىللىق سودىسى 4 مىليارد دوللاردىن ئاشىدىغان، يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان چوڭ تىپلىق ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان بىر خەلقئارالىق چوڭ شىركەت ئىدى. بۇ شىركەتتىكى مېنى قوبۇل قىلغان كىشى مەندىن 5 ياش ئەتراپىدا چوڭ،

ئەنگلىيىنىڭ ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، بۇ شىركەتتە ئىشلىگىلى 10 يىلدەك بولغان، شىركەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ، شىركەتنىڭ پۈتۈن يېڭى تۈرلەرنى تەتقىق قىلىدىغان بۆلۈمىگە مەسئۇل كىشى ئىكەندۇق. ئۇ ئەسلىدە ئىرانلىق بولۇپ، چىرايى ئۇيغۇرغىلا ئوخشايتتى. مەنمۇ بىۋاستە شۇ كىشىنىڭ قولىدا ئىشلەيدىغان بولۇپ، ئۇ مەندىن ھەر خىل ئىمتىھانلارنى ئېلىپ بېقىپ، مېنى ئىنتايىن ياقتۇرۇپ قالدى ھەمدە مېنى ئالغان 3 شىركەتنىڭ ئىچىدە مائاشىنىمۇ ئەڭ كۆپ بەردى. لېكىن، ئاخىرىدا قارار قىلىدىغاندا، مەن يەنىلا «Wave Splitter» نى تاللىدىم. سەۋەبى «Wave Splitter» پاي چېكى تېخى بازارغا سېلىنمىغان يېڭى شىركەت بولغاچقا، پاي چېكى ئارقىلىق بىراقلا باي بولۇش ئېھتىماللىقى بار ئىدى. مەن «KLA–Tencor» غا بارمىغان بولسامۇ، شۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئالغان ھېلىقى ئىرانلىق بىلەن دوست بولۇپ قالدىم. ئۇنى بىر قېتىم ئۆيۈمگە چاقىردىم. ئۇ بىزنىڭ ئۆي تۇتىشىمىز ۋە دۇتتىرىمىزنىڭ ئۆزلىرىنىڭكى بىلەن قانچىلىك ئوخشايدىغانلىقىغا ئىنتايىن ھەيران قالدى. بىز ئادەتتە پات-پات تېلېفوندا كۆرۈشۈپ تۇردۇق. ئۇ ئاللىقاچان مىليونېر بولۇپ بولغان بولۇپ، 2002-يىلى ئۇ خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، نۇرلۇق تالا خەۋەرلىشىش ساھەسىدە شىركەت قۇرماقچى بولۇپ، مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىشلىشىمنى تەلەپ قىلدى. بۇ چاغدا ئامېرىكىنىڭ نۇرلۇق تالا خەۋەرلىشىش سانائىتى ھە دەپ تۆۋەنگە قاراپ مېڭىۋاتقانىدى. مەن ئۇنىڭغا پۇل ئېلىشنىڭ ئىنتايىن تەسلىكىنى، ھەتتا ئاساسەن مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېيتقاندا، ئۇمۇ ئۆزىنىڭ «VC» كاپىتالىستلاردىن يېقىن تونۇشلىرىنىڭ بارلىقىنى، شۇڭا پۇل ئالالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن شىركەتكە پۇل ئېلىشتىن بۇرۇن «Wave Splitter»دىكى ئىشىمنى داۋاملاشتۇرىۋېرىدىغانغا، پۇل ئالغاندىن كېيىن ئاندىن رەسمىي ئىشلەيدىغانغا ماقۇل بولدۇم. شىركەتكە ئۇ ئۆزى رەئىس، مەن ئىنژېنېرلىققا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىس بولدۇم.

بىزنىڭ دەسلەپتە چىقارماقچى بولغىنىمىز ئۇزۇن يوللۇق نۇرلۇق تالا خەۋەرلىشىش تورىغا بىر كانالنى قوشۇپ، بىر كانالنى چۈشۈرىدىغان، ئىنگلىزچە «Optical Add/Drop Multiplexer, OADM» دەپ ئاتىلىدىغان ئاپپارات ئىدى. مەسىلەن، جەنۇبىي شىنجاڭدىن بېيجىڭغىچە بولغان خەۋەرلىشىش تورىنى ئېلىپ ئېيتساق، بۇ تور ئۈرۈمچىگە كەلگەندە ئۇنىڭدىكى بىر كانالنى چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭغا يېڭى بىر كانالنى قوشۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە

ماخدۇرغان E–mail ئۇرۇمچىگە، قەشقەردىن بېيجىڭغا ماخدۇرغان E–mail بېيجىڭغا، ۋە ئۇرۇمچىدىن بېيجىڭغا ماخدۇرغان E–mail بېيجىڭغا يېتىپ بارالايدۇ. مەن پۈتۈن دۇنيادىكى مۇشۇنداق نەرسە چىقىرىدىغان شىركەتلەرنىڭ تېخنىكىسىنى تەكشۈرۈپ، ئۆزۈمنىڭ «Wave Splitter» دە قىلىۋاتقان نەرسىلىرىمدىنمۇ پايدىلىنىپ، چىقىرىدىغان نەرسىنى لايىھىلەپ چىقتىم. ئىگىلىك پىلانىنى تۈزۈپ، بىز «VC» كاپىتالىستلار بىلەن كۆرۈشۈشنى باشلىدۇق. مېنىڭ ھەيران قالغىنىم، ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى تېخنىكىلىق سانائىتىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئىرانلىقلار خېلى كۆپ ئىكەن. مەسىلەن، مەن يۇقىرىدا تەسۋىرلەپ ئۆتۈپ كەتكەن «Cisco» شىركىتىنىڭ سودا–سېتىقتا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى ئىرانلىق ئىكەن. ياپونىيىنىڭ «ھىتاچى (Hitachi)» شىركىتىنىڭ ئامېرىكىدىكى مەبلەغ سېلىش ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلىمۇ ئىرانلىق ئىكەن. مەن ئۇ ئىرانلىق شېرىكىمگە ئۆزۈن يوللۇق خەۋەرلىشىش تورى ئاپپاراتى چىقىرىدىغان، «OADM» نى ئىشلىتىش ئېھتىماللىقى بار بىر شىركەتنى تونۇشتۇرۇپ قويسام، ئۇنىڭ ئاساسلىق قۇرغۇچىسى ۋە 1–قول باشلىقىمۇ ئىرانلىق چىقىپ قالدى. مۇشۇنداق تونۇشلىرىمىز بولغان بولسىمۇ، ئامېرىكىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى بىزگە پايدىسىز ئىقتىسادىي ئەھۋالى تۈپەيلىدىن، بىز بۇ شىركەتكىمۇ پۇل ھەل قىلالمىدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئۆنىڭدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدۇق. ئامېرىكىدا ئۆزىنىڭ دۆلىتى بار ھەر قانداق بىر مىللەتنى سۆرۈشتۈرسە، ئۇلارنىڭ ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان ئادەم نوپۇسىنىڭ خېلى كۆپلۈكى بايقىلىدۇ. مېنىڭ پەرىزىمچە، ئامېرىكىدا ئۇيغۇردەك نوپۇسى ئاز ئىككىنچى بىر مىللەت بولمىسا كېرەك.

بۇ ئىشتىن كېيىن، مەن سىلىكون جىلغىسىدىكى 15 تەك ئادىمى بار بىر يېڭى قۇرۇلغان شىركەتكە خىزمەت تېپىش كۆرۈشۈشىگە باردىم. مەن شىركەتنىڭ 5–6 باشلىق ۋە ئىنژېنېرلىرىغا ئۆزۈمنىڭ بۇرۇن قىلغان ئىشلىرىم ۋە «OADM» توغرىسىدىكى بىلىدىغانلىرىم توغرىسىدا بىر سائەت دوكلات بەردىم. دوكلات جەريانىدا ئۇلار مەندىن ئۈزۈلدۈرمەي سوئال سوراپ تۇردى. بۇمۇ «OADM» ئاپپاراتى چىقارماقچى بولغان بىر شىركەت بولۇپ، تېخى قايسى تېخنىكىنى ئىشلىتىشنى قارار قىلىپ بولالمىغان ئىكەن. دوكلاتنىڭ ئاخىرىدا شىركەتنىڭ «CEO» باشلىقى مەندىن: «ئەگەر بىز قايسى تېخنىكىنى ئىشلىتىشنى سېنىڭ ئۆز ئىختىيارىڭغا قويساق، سەن بىر OADM نى قانچە پۇلغا پۈتتۈرەلەيسەن؟» دەپ سورىدى. مەن «4500 دوللاردىن 6000 دوللارغىچە» دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ كىشى: «ساخا بىر ھەپتە ۋاقىت

بېرىمىز. ئەگەر مۇشۇ بىر ھەپتە ئىچىدە 2500 دوللارغا پۈتىدىغان OADM دىن بىرنى لايىھىلىسەك، بىر ھەپتىدىن كېيىن بىزنىڭ شىركەتكە كېلىپ ئىشقا چۈشكىن. ئەگەر لايىھىلىمىسەك، بىز بىلەن ئىككىنچى ئالاقىلەشمە» دەپ مېنى يولغا سالدى. مەن بۇرۇن قانداق قىلىپ قاتتىق رىقابەتتە ئۇتۇپ چىققىلى بولىدىغان «OADM» توغرىسىدا كۆپ ئىزدەنگەن بولغاچقا، 2500 دوللارغا «OADM» دىن بىر پۈتتۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتىم. شۇڭا بۇ كۆرۈشۈشتىن چىقىپلا بۇ شىركەتنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتتىم. بۇنىڭدىن 2−3 ئاي ۋاقىت ئۆتكەندە، بۇ شىركەتتىكى مەن ئالاقىلەشكەن كىشىگە تېلېفون قىلسام، شىركەتنىڭ تېلېفونى ئىشلىمىدى. قارىغاندا ئۇلار «OADM» نىڭ 2500 دوللارغا پۈتىدىغان لايىھىسىنى تاپالماي، «VC» كاپىتالىستلار يېڭى پۇل بەرمەي، شۇنىڭ بىلەن ئىشىكنى تاقاپ ئۆيلىرىگە كەتكەن ئوخشايدۇ. سىلىكون جىلغىسىدا بۇنداق ئىشلار ئىنتايىن كۆپ. ئەگەر ھازىر سىز ئۇ يەرگە بېرىپ، ماشىنا بىلەن ئايلانسىڭىز، ئۇ يەردىكى شىركەت بىنالىرىنىڭ يېرىمىنىڭ ئىچى قۇرۇق ئىكەنلىكىنى كۆرىسىز. 2003-يىللىرى نۇرغۇن شىركەتلەر تاقىلىپ كېتىپ، نۇرغۇن كىشىلەر سىلىكون جىلغىسىدىن باشقا جايلارغا، ھەتتا باشقا شتاتلارغا كۆچۈپ كەتتى. ئالدىنقى بىر بۆلۈمدە تىلغا ئالغىنىمدەك، بىزمۇ گېئورگىئا شتاتىنىڭ ئاتلانتا (Atlanta) شەھىرىگە كۆچۈپ كەتكىلى تاس قالدۇق.

2003-يىلى ئەتىيازدا، مەن «WaveSplitter» دىن چىقىپ كېتىپ، ئىنتېرنېت ئارقىلىق بىر كىچىك، يۇقىرى تېخنىكىلىق بىئولوگىيە شىركىتىنى تېپىپ، شۇنىڭغا يېڭى ئىشقا كىردىم. مەن كىرىشتىن بۇرۇن بۇ شىركەتتە جەمئىي 7 ئادەم بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈچىنىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋانى، بىرىنىڭ ماگىستىرلىق ئۇنۋانى، قالغانلىرىنىڭ باكلاۋۇر ئۇنۋانى بار ئىكەن. مەن 4-دوكتور ئۇنۋانلىق خادىم بولدۇم. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر ئاق تەنلىك دوكتورنىڭ كەسپى بىئولوگىيە (شىركەتنىڭ رەئىسى)، بىر ئاق تەنلىك دوكتورنىڭ كەسپى خىمىيە، يەنە بىر ئىرانلىق دوكتورنىڭ كەسپى مېخانىكا بولۇپ، مېنىڭ كەسپىم ئېلېكتر بىلەن ئوپتىكا ئىدى. قالغان 3 دوكتور كالىفورنىيىدىكى «Livermore» دۆلەتلىك تەجرىبىخانىسى ۋە يەنە بىر شەخسىي شىركەتتە بىرگە ئىشلىگەن دوستلاردىن بولۇپ، ھەممىسى ئۆز كەسپىي ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن، مەملىكەتلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشىپ باققان كىشىلەر ئىكەن. شىركەتنىڭ رەئىسى 2003-يىللىق مىكرو ئېقىملىق ئۆلچەش ئەسۋابلىرى بويىچە ئېچىلغان بىر خەلقئارالىق يىغىنىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۆتىدى. ئۇلار

قىلىۋاتقان ئىشلاردىن بىر قانچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە بىر كىچىك تىپلىق، ھاۋادىكى بىئولوگىيىلىك ۋە خىمىيىلىك قورالنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلايدىغان ئاپپارات ياساپ بېرىش ئىكەن. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ھەر بىر تېخنىكىلىق ساھەدە مۇشۇنداق شىركەتلەردىن ھەر يىلى بىر قانچىسىگە مەبلەغ سېلىپ، ئۇلارنى رىقابەتكە سېلىپ، قايسى شىركەتنىڭ مەھسۇلاتى ئۆتۈپ چىقسا، شۇنى ئىشلىتىدۇ. بۇ ئىش ئۈچۈن بۇ شىركەتكە ھۆكۈمەتتىن 1.5 مىليون دوللار پۇل بەرگەن ئىكەن. ئەگەر مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسا، ياسالغان نەرسىنىڭ ئىراق ئۇرۇشىغا ئېلىپ بېرىلىش ئېھتىماللىقىمۇ بار ئىكەندۇق. بۇ ئاپپارات ھاۋادىكى زەررىچىلەرنى يىغىپ، ئۇنى كۆپەيتىپ، DNA ئارقىلىق ئۇنىڭ تەركىبىنى ئانالىز قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ھاۋادا بىئولوگىيىلىك ۋە خىمىيىلىك قورالنىڭ بار-يوقلۇقىنى ئېنىقلاپ چىقىدىكەن. بۇ زەررىچىنىڭ تەركىبىنى ئانالىز قىلىدىغان نەرسە بىر ئوپتىكىلىق ئاپپارات بولۇپ، مېنىڭ ئىشىم ئەنە شۇنى لايىھىلەپ ئىشلەپ چىقىرىش ئىدى. مەن بۇ ئوپتىكىلىق قىسمىنىڭ ئوپتىكا، ئېلېكتر، مېخانىكا ۋە يۇمشاق دېتاللارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈم لايىھىلەپ ھەمدە ياساپ چىقتىم. ھەمدە ئۇنى ئامېرىكىدا سېتىلىۋاتقان، پەقەت بىرلا ئىشنى قىلالايدىغان يەنە بىر ئاپپارات بىلەن سېلىشتۇرۇپ، مەن ياسىغان ئاپپاراتنىڭ فۇنكسىيىسى باشقىلارنىڭكىدىن سەل ياخشىراق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتىم. شىركەتتىكىلەر مەندىن ئىنتايىن رازى بولدى. بۇ ئومۇمىي مەھسۇلاتنى ھۆكۈمەتكە 2003-يىلى نويابىردا تاپشۇرىدىغان بولۇپ، ۋاقىت توشقاندا ئۇنىڭ مىكرو ئېقىملىق زەررىچىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش قىسمى ئىشلىمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، شىركەت بۇ ئاپپاراتتىن بىرنى ئامېرىكىنىڭ پايتەختىگە ماڭدۇردى. بۇ ئاپپارات گەرچە ئىنگلىز تىلىدا «portable» (يەنى «كۆتۈرۈپ يۈرگىلى بولىدىغان») دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، ئۇنى بىر بىر تونىلىق ماشىنا ئاران سۆرىدى. بۇ ئاپپاراتنى ماڭدۇرۇپ بولۇپلا، شىركەتنىڭ باشلىقلىرى بىزنىڭ ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ۋە كۆپ يىللىق تەجرىبىسى بار مېخانىكىلىق ئىنژېنېرىمىزنى ئىشتىن بوشاتتى. ئەگەر بىر شىركەت ئۆزىنىڭ خېرىدارلىرىغا ئىشلىمەيدىغان ياكى سۈپىتى ناچار مەھسۇلاتنى ماڭدۇرسا، ئۇ بۇ شىركەتنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇنغا بارمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا، مەن بۇ شىركەتتە داۋاملىق تۇرۇشنىڭ ياخشى ئىستىقبالى يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ، يېڭى ئىش تېپىش قارارىغا كەلدىم. بۇ شىركەت ھازىرمۇ مەۋجۇت. ئۇنىڭ قۇرغۇچىلىرى كەسپىي جەھەتتە ناھايىتى نوپۇزلۇق كىشىلەر بولغاچقا، ئۇلار ئامېرىكا

ھۆكۈمەتتىن ئالىدىغان مەبلەغ ئۆزۈلۈپ قالماي، شىركەت ھازىرمۇ مېڭىۋاتىدۇ.

2003-يىلى نويابىردا مەن ئۆزۈمنىڭ ھازىرقى ئىدارەم بولغان JPL بىلەن ئىنتېرنېت ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ، بىر كۇنلۇك خىزمەت تېپىش كۆرۈشۈشكە ئېرىشتىم ھەمدە مەن ئىشلەۋاتقان يۇقىرىدىكى شىركەتتىن ئىككى كۈنلۈك تەتىل رۇخسىتى ئېلىپ، JPL بىلەن كۆرۈشۈپ كەلدىم. بۇ كۆرۈشۈشنىڭ رەسمىي نەتىجىسى چىققۇچە مەن ئىلتىماس قىلغان، سىلىكون جىلغىسىدىكى يەنە بىر يېڭى قۇرۇلغان شىركەت مېنى كۆرۈشۈشكە چاقىردى. بۇ شىركەت ياپونىيىنىڭ «Hitachi»، «Fuji－Xerox» قاتارلىق 3 چوڭ شىركەتتىن چىققان 3 ئادەم بىرلىشىپ قۇرغان شىركەت بولۇپ، ئۇنىڭ بىر قىسىم مەبلىغىنى ياپون ھۆكۈمىتى سالغان ئىكەن. شىركەتنىڭ تەتقىقات ۋە تەرەققىيات بۆلۈمى ئامېرىكىدا بولۇپ، مەن كىرسەم ئاشۇ بۆلۈمدە «ئوپتىكا لايىھىلەش دىرېكتورى» بولۇپ ئىشلەيدىكەنمەن. شىركەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش فابرىكىسى ياپونىيىدە بولۇپ، مەن دەسلەپتە ياپونغا بېرىپ، 6 ئاي ۋاقىت ئىچىدە بىر تەجرىبىخانا قۇرىدىكەنمەن. مەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈشكە كېلىشتىن بۇرۇن، ئۇلارنىڭ ئېلان قىلغان مائاشىنىڭ ئازلىقىنى، ماڭا يىللىق مائاش ئۈچۈن يەنە 5000 دوللار قوشۇپ بېرىشىنى ئېيتتىم. ئۇلار ماقۇل بولدى. ھەمدە 45 مىنۇتلۇق دوكلات ۋاقتى بەردى. لېكىن، مېنىڭ دوكلاتىم باشلانغاندىن كېيىن، يىغىنغا كىرگەنلەر يالغۇز تېخنىكا ئەمەس، مەندىن شىركەت باشقۇرۇش، خېرىدار تېپىش، يېڭى شىركەت قۇرۇش توغرىسىدا ھەر خىل سوئاللارنى سوراپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ دوكلات يىغىنىمىز 3 سائەتتە ئاران تۈگىدى. شىركەتنىڭ ياپونلۇق باشلىقلىرى مېنى ئىنتايىن ياقتۇردى. دوكلاتتىن كېيىن مەن بىلەن يەنە ئايرىم-ئايرىم كۆرۈشتى. بەزىدە ياپونچىلا سۆزلەشتۇق. ئۇلار مېنى ئىشقا ئالىدىغانلىقىنى شۇ چاغدىلا قارار قىلىپ، مېنىڭ قارار قىلىشىم ئۈچۈن ساق بىر ھەپتە ۋاقىت بەردى. مەن ئۇلاردىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن، ئۆزۈمنىڭ JPL بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ بولغانلىقىمنى، ئەگەر JPL مېنى خىزمەتكە ئېلىپ قالسا، چوقۇم JPL گە كېتىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇلار مېنىڭ بۇ قىلغىنىمدىن ئىنتايىن تەسىرلىنىپتۇ. ماڭا «ھەقىقەتەنمۇ ئەخلاقى يۇقىرى، سەمىمىي كىشى ئىكەن» دەپ باھا بېرىپتۇ. ئارىلىقتا بىر ھەپتە بولمايلا ئۇلاردىن ماڭا تېلېفون كەلدى:

— ئەگەر مائاشىڭىزنى يەنە ئۆستۈرۈپ بەرسەك، بىزنىڭ شىركەتكە كېلەمسەن؟

— رەھمەت. مەن JPL نى باھانە قىلىپ تۇرۇپ، بۇ شىركەتتىكى مائاشىمنى

ئۆستۈرۈۋېلىشنى خالىمايمەن. مەن ئۇنداق ئادەم ئەمەس. ئەگەر سىلەرنىڭ شىركەتكە بارسام، ھازىرقى مائاش بىلەنلا بارىمەن. بىر مەزگىل ئىشلىگەندىن كېيىن، مېنىڭ ئىپادەمگە قاراپ بېقىپ ئاندىن مائاشىمنى ئۆستۈرۈپ بەرسەڭلار بولۇۋېرىدۇ. مەن JPL نىڭ جاۋابىنى چوقۇم كۈتمىسەم بولمايدۇ.

— JPL ساڭا قانچىلىك مائاش بەرسە، بىزمۇ شۇنچىلىك مائاش بېرەيلى. شۇنداقتا كېلەمسەن؟

— رەھمەت. ئەمما، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن. بۇ پەقەت پۇلنىڭلا ئىشى ئەمەس.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ماڭا JPL دەك چوڭ ئىدارىنىڭ ئۇلارنىڭكىدەك كىچىك شىركەت بىلەن سېلىشتۇرغاندا قانداق يېتەرسىزلىكى بارلىقىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى. ئۇلارنىڭ ماڭا دېگەنلىرى توغرا بولۇپ، مەن ئۇنىڭ ھەممىسىگە قوشۇلدۇم. لېكىن، JPL كىملا بولسا كىرەلەيدىغان ئورۇن ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئالەم تېخنىكىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دۇنيادىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھەم ئىنتايىن مۇقىم بىر ئورۇن بولغاچقا، JPL نى ئۇ شىركەت بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. شۇڭا مەن JPL نىڭ جاۋابىنى كۈتتۈم. ئۇلارمۇ ئەسلىدىكى مېنىڭ بىر ھەپتە ئىچىدە جاۋاب بېرىشىم كېرەكلىكى توغرىسىدىكى شەرتىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارمۇ JPL نىڭ جاۋابىنى ساقلىدى. ماڭا JPL دىن رەسمىي خىزمەتكە قوبۇل قىلىش خېتى كەلگەندىن كېيىن، مەن ئۇلار بىلەن تېلېفوندا يەنە بىر ئاز پاراڭلىشىپ، چىرايلىق خوشلاشتىم. مەن بۈگۈن مۇشۇ قىسمىنى يېزىۋاتقاندا، ئۇ شىركەتنىڭ تور بېتىگە كىرىپ قاراپ باقتىم. ئۇلارنىڭ تور بېتى ئېچىلدى. لېكىن، «شىركەتنىڭ تارىخى» دېگەن بەتتە پەقەت 2003-يىلىغىچە بولغان ئۇچۇر بار ئىكەن. قارىغاندا بۇ شىركەتمۇ 2004-يىلىنى چىقىرالمىغان ئوخشايدۇ.

مەن يۇقىرىدا ئامېرىكىدا يېڭى ئىگىلىك يارىتىشتىكى سەلبىي نەرسىلەرنى كۆپرەك سۆزلىدىم. بۇ ھەرگىز ئامېرىكا بىر ناچار مەملىكەت دېگەنلىك ئەمەس. مەن بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن بىر قانچە يىل ئىچىدە، ئامېرىكىدا ئەنە ئاشۇنداق ئىشلار بولۇپ ئۆتكەنىدى. مەن ئۇلارنى شۇ پېتىچە يازدىم. پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدىن ئېيتقاندا، ئامېرىكا يەنىلا يېڭى ئىگىلىك يارىتىشتىكى ئەڭ ئىلغار، ئەڭ ياخشى دۆلەتتۇر. دۇنيادىكى يېڭى ئىلىم-پەن ۋە يېڭى تېخنىكىنىڭ كۆپىنچىسىمۇ يەنىلا ئامېرىكىدا ئىجاد قىلىنىدۇ. ئامېرىكىدا شىركەتلەر دەسلەپتە كىچىك قۇرۇلۇپ،

سېتىۋېلىش ۋە قوشۇلۇش ئارقىلىق ئۇ بارغانسېرى چوڭىيىپ ماڭىدۇ ھەمدە يېڭى ئىگىلىك يارىتىش پۇرسىتى ھەممە مىللەتلەر ئۈچۈن ئوخشاش. مەسىلەن، كومپيۇتېرنىڭ «CPU» سىنى چىقىرىدىغان ئىنتىل (Intel) دېگەن شىركەتنى ئەسلىدە بىر ۋېنگرىيىلىك ئىنژېنېر قۇرغان. مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۇ ئادەم ھازىرمۇ Intel نىڭ «CEO» سى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئىگىلىك يارىتىشتا، بىز ئۇيغۇرلاردا نۇرغۇن ئاجىزلىق بار. مەن بۇرۇن يۇرتىمىزغا بېرىپ كېلىپ يۈرگەن ۋاقتىمدا، ئاتا-بالا ئىككىيلەنمۇ بىر-بىرى بىلەن كېلىشەلمەي، دۇكان ئايرىغىنىنى كۆرگەنىدىم. بىز بىرلەشمەي، بۆلۈنىمىز. بۇنىڭ زىيىنى ئىنتايىن چوڭ. مەسىلەن، ئۈرۈمچىدە 100 ئۇيغۇر دۇكان ئاچقان بولسا، ئۇلار بېيجىڭغا كەم دېگەندە 100 ئادەم ماڭدۇرۇپ، شىنجاڭغا مال توشۇيدۇ. ئەگەر مۇشۇ 100 ئادەم بىرلىشىپ، بىر چوڭ دۇكان ئاچقان بولسا، بېيجىڭدىن مال توشۇش ئۈچۈن بىر قانچە ئادەم ماڭدۇرۇلسىلا كۇپايە قىلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئامېرىكىنىڭ ئىگىلىكى زەنجىرسىمان ۋە ئومۇملاشقان بولىدۇ. بۇ يەردىكى «زەنجىرسىمان» دېگىنىمىز، ئەگەر بىرى «رابىيە سودا سارىيى» دېگەن بىر شىركەتنى قۇرغان بولسا، 6 شەھەرنىڭ ھەممىسىدە بۇ شىركەتنىڭ سودا سارىيىدىن بىرنى ئاچىدۇ («ئارمان» شىركىتىدەك). «ئومۇملىشىش» دېگىنىمىز، ئەگەر بىر ئادەم قەشقەر بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقىدا قاتنايدىغان بىر يولۇچى توشۇش شىركىتى ئاچقان بولسا، بۇ 1500 كىلومېتىر ئارىلىقتا يولۇچىلار كېچىسى چۈشىدىغان مېھمانساراي، يول بويى تاماق يەيدىغان ئاشخانا قاتارلىقلارنىمۇ مۇشۇ ئادەم ئۆزى قۇرىدۇ. زەنجىرسىمان ئىگىلىك بىلەن ئومۇملاشقان ئىگىلىكنىڭ باشقۇرغۇچىلىرى، مالىيىسى، تەشۋىقاتى، مال يۆتكىشى قاتارلىق ئىشلىرى بىر تۇتاش بولىدىغان بولغاچقا، ئايرىم-ئايرىم ئىش ئېلىپ بارىدىغان كىچىك شىركەتلەرگە قارىغاندا، نۇرغۇن چىقىمنى ئازايتىپ، پايدىنىمۇ شۇنىڭغا ئوڭ تاناسىپ ھالدا كۆپەيتەلىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئىشلاردا ئاجىز بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبلىرى ئىنتايىن كۆپ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى 3 سەۋەب مۇنداق بولۇشى مۇمكىن: 1) ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى تۆۋەن؛ 2) ئۇيغۇرلاردا ئۆز شېرىكلىرىگە بولغان سەمىمىيەت يېتەرلىك ئەمەس؛ 3) ئۇيغۇرلار ھازىرقى زاماندا بىر نورمال ھالەتتە ياشاپ مېڭىشى ئۈچۈن، چوقۇم بىر-بىرىنى شەرتسىز يۆلەپ مېڭىشى كېرەكلىكىنى تېخى تونۇپ يەتمىگەن. مەن بىر دوستۇمدىن مۇنداق بىر ھېكايىنى ئاڭلىغان. ئۇنىڭ راست-يالغانلىقىنى بىلمەيمەن، لېكىن، ئۇ ھازىر ئۇيغۇرلار ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان

بىر گەۋدىلىك مەسىلىنى ناھايىتى جانلىق چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. ئۇ ھېكايىدە مۇنداق دېيىلگەن: چىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە، چىڭ ئەسكەرلىرى ئۇيغۇرلارنى زادىلا بېسىۋالالماي، پادىشاھ ئۆزىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىدىن بىر قانچىنى ئۇيغۇرغا ئوخشىتىپ ياساپ، ئۇيغۇر دىيارىغا ماڭدۇرۇپتۇ. ئۇلار ئۇيغۇر دىيارىغا كېلىپ قارىسا، ھەممە ئادەم ئىنتايىن قاۋۇل ۋە جەڭگىۋار بولۇپ، كىچىك باللارمۇ بىر ياغاچنى ئات قىلىپ مىنىپ، يەنە بىر تاياقنى قىلىچ قىلىپ، ئۇرۇش قىلىشنى مەشىق قىلىپ ئوينايدىكەن. بۇلارنى كۆرگەن چىڭ پادىشاھىنىڭ ئادەملىرى «ئۇيغۇرلارنى ئۇرۇش بىلەن يېڭىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن» دېگەن خۇلاسىگە كېلىپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ بىرى بىر قوغۇنچى ئۇيغۇرنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ قوغۇنلىرىنى كۆرۈپ، باھاسىنى سوراپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ قوغۇنچىنىڭ يېنىدىكى يەنە بىر قوغۇن دۇۋىسىگە قاراپ ماڭسا، بۇ قوغۇنچى «ئۇنىڭ قوغۇنىنى ئالما. ئۇنىڭ ياخشى ئەمەس. سۇنى جىق قويۇپ، چىرايلىق قوغۇنلارنى چۈشۈرگەن بىلەن، ئۇنىڭ قوغۇنى تاتلىق ئەمەس. مېنىڭكى كۆپ ياخشى». دەپتۇ. بۇنى كۆرگەن چىڭ پادىشاھىنىڭ ئادىمى «ئۇيغۇرلارنى ئۇرۇش بىلەن ئەمەس، ھىيلە بىلەن، بىر-بىرىنى ئۇرۇشقا سېلىپ، ئاسانلا يەڭگىلى بولىدىكەن. چۈنكى ئۇلاردا ئۆز-ئارا ھېچقانداق ساداقەتلىك يوق ئىكەن» دېگەن خۇلاسىگە كېلىپ، قايتىپ كېتىپتۇ. شۇنداقلا، راستتىنلا كېيىنلىكتە ھىيلە-مىكىر بىلەن ئۇيغۇرلارنى يېڭىۋاپتۇ.

مەن 1991-يىلى يۇرتقا بېرىش ئۈچۈن بېيجىڭغا بېرىپ، شىنجاڭ ئىش ئورنىغا چۈشكەندە، بىر قېتىم گەنجياكۇغا چۈشلۈك تاماق يېگىلى باردىم. ياتاققا ئەڭ يېقىن بىر ئۇيغۇر ئاشخانىسىغا كىرىپ، يېرىم سائەت ساقلىسام، ئاشپەز ئۇستام ماڭا زادىلا تاماق كەلتۈرمىدى. مەندىن كېيىن كىرگەن خەنزۇلاردىن نەچچە گۇرۇپپا كىشىلەرگە تاماق كەلتۈرۈپ بولدى. مېنىڭ قورسىقىم بەك ئېچىپ كېتىپ ھەم بۇ ئىشلارغا قورسىقىم كۆيۈپ، ئاشپەز ئۇستامدىن نېمىشقا مەندىن كېيىن كەلگەنلەرگە مەندىن بۇرۇن تاماق بېرىدىغانلىقىنى سورىسام، ئۇ كىشى «ئۇكام، سىز تاماقتىن ئاران بىر كىشىلىك بۇيرۇتىدىكەنسىز. ماۋۇلار دېگەن بىر قېتىمدىلا 40-50 كويلۇق تاماق بۇيرۇيدۇ. شۇڭا ئالدى بىلەن شۇلارنى كۈتمىسەك بولمايدۇ. يەنە سەل ساقلاپ تۇرۇڭ» دېدى. مېنىڭ غەزەپ ئاچچىقىم كېلىپ، بۇ ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتىم. يەنە بىر ئاشخانىغا بېرىپ، ئۇ يەردە يەنە بىر ئاز ساقلاپ، ئاران تاماق ئېلىپ، بىر ۋاق قورسىقىمنى تويغۇزدۇم. يەھۇدىيلار ئارىسىدا بۇنداق ئەھۋالنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. مەن ئالدىنقى بىر بۆلۈمدە،

يەھۇدىيلارنىڭ «ياشاش يولى» نى خۇلاسىلىگەندە، «بىر-بىرىنى شەرتسىز يۆلەيدۇ» دېگەندىم. بۇنىڭ مەنىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ ئامېرىكا نيۇ يورك (New York) شەھىرىنىڭ مانخاتتان (Manhattan) دېگەن رايونىدا يەھۇدىيلار ئىنتايىن كۆپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلار بىر نەرسە ئالماقچى بولسا، پەقەت يەھۇدىيلارنىڭ دۇكىنىدىنلا ئالىدىكەن. مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، يەھۇدىيلارنىڭ ماللىرى باشقا يەردىن قىممەت ھەمدە باشقا دۇكانلاردا يوق بىر خىل ئالاھىدە باج پۇلىمۇ بار ئىكەن. بەزى يەھۇدىيلارنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىلا باشقا دۇكانلار بار بولۇپ، يەھۇدىينىڭ دۇكىنى نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتا بولسىمۇ، يەھۇدىيلار ئاشۇ يىراق يەرگە ئېرىنمەي بېرىپ، نەرسە-كېرەكنى شۇ يەردىن ئالىدىكەن. بىز شىمالىي كالىفورنىيىدە تۇرۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا، تاللىغان ئائىلە دوختۇرىمىز بىر يەھۇدىي دوختۇر ئىكەن. كېيىن ئۇ بىزنى بەل ئاغرىقى دوختۇرى، كۆز دوختۇرى ۋە باللار دوختۇرى قاتارلىق باشقا دوختۇرغا ماڭدۇرغاندا، ئۆز شەھىرىمىزدىكى دوختۇرنى كۆرستىپ بەرمەي، نەچچە شەھەر يىراقلىقتىكى دوختۇرلارنى كۆرستىپ بەردى. بىز دەسلەپتە بۇنىڭ نېمىشقىلىقىنى بىلمەپتىمىز. كېيىن ئۇقساق، بىزنى داۋالىغان بۇ دوختۇرلارنىڭ ھەممىسى يەھۇدىي ئىكەن. «بىر-بىرىنى شەرتسىز يۆلەش» دېگەن مانا شۇ. بۇلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۆزىنىڭ ئازراق ماددىي مەنپەئەتىنى دەپ، ئۆز مىللىتىگە زىيان سالىدىغان، ئۆز مىللىتىنى خارلايدىغان، ئۆز مىللىتىدىن يۈز ئۆرۈيدىغان ئۇيغۇرلارنى بىز نېمە دەپ ئاتىساق بولىدۇ؟ مەن ئۇنى بىلمەيمەن. مېنىڭچە، كۆپ سانلىق ئۇيغۇرلار «مىللەت»نىڭ مەنپەئەتىنى ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىدىن يالغۇز ئېغىزدىلا ئەمەس، ئەمەلىيەتتىمۇ ئۈستۈن قويۇپ، قىلغان ھەر بىر ئىشىدا ئاڭلىق ھالدا ئۆز-ئارا بىر-بىرىنى يۆلىشىدىغان بىر ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرگەندىلا، ئۇيغۇرنىڭ كۈنى ھازىرقىدىن كۆپ ياخشىلىنىشقا قاراپ مېڭىشى مۇمكىن.

ھازىر ئۇيغۇر دىيارىدا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتۇشنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشلىرى ناھايىتى چىڭ تۇتۇلۇۋېتىپتۇ. بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن، خەنزۇ تىلىدا ئوقۇغان ياش-ئۆسمۈرلەر بارا-بارا ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان كىتابلارنى ئوقۇمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا تەبىئىي يەن ئۇچۇن پۇتۇنلەي خەنزۇچە كىتابلارنى قوللىنىدىغان بولۇپ، ئەگەر ئىجتىمائىي پەن ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئائىت كىتابلارمۇ ئانچە ئوقۇلمايدىغان بىر ھالەت شەكىللەنسە، ئۇيغۇر مىللىي نەشرىياتچىلىقى ئىنتايىن ئېغىر تەھدىتكە

ئۆچۈرىشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇيغۇر مىللىي نەشرىياتچىلىقى ۋەيران بولسا، شېئىر، ھېكايە، رومان قاتارلىق ئۇيغۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى باشقا تىلدا يازغىلى بولمىغاچقا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمۇ بىر ئېچىنىشلىق تەقدىرگە دۇچ كېلىشى مۇمكىن. ئەمما، ئاشۇنداق بىر شارائىتتا، ئەگەر بىر مىليون ئۇيغۇر ئائىلىسى ھەر يىلى بىر-ئىككى مېھماندارچىلىقتىن ۋاز كېچىپ، بىر يىلدا 100 سوم پۇلنى ئۇيغۇر تىلىدىكى كىتابلارنى سېتىۋېلىشقا خەجلىسە، ئۇيغۇر مىللىي نەشرىياتچىلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىمۇ يەنە بىر مەزگىل قوغداپ قېلىش مۇمكىن. مۇشۇ ئىشنى بىز ئۇيغۇرلار قىلالارمىزمۇ؟

# بىلىۋال تور بېتىنىڭ ئەركىن سىدىق بىلەن ئۆتكۈزگەن يازما سۆھبىتى

(2 ـ قىسىم)



يۇقىرىقى رەسىمدە: Kennedy ئالەم بوشلۇق مەركىزىدىكى ئالەم بوشلۇق قاتناش كېمىسى بىلەن ئۇنى ئالەم بوشلۇقىغا ئېلىپ چىققۇچى راكېتانىڭ مودېلى. ئۇلارنىڭ رەڭگى بىلەن چوڭ-كىچىكلىكى رەسمىي نەرسىلەرنىڭ بىلەن ئوپمۇ-ئوخشاش بولۇپ، ئادەم ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلمىگۈچە ئۇلارنىڭ قانچىلىك چوڭ بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئىكەن. بۇ رەسىم 2006-يىلى 28-ماي كۈنى تارتىلغان.

**1-سوئال: ھازىر جۇڭگو خەلقئارادىكى ئەڭ چوڭ بازار دەپ قارىلىۋاتىدۇ. جۇڭگو «غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش» ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇۋاتىدۇ. سىزچە، بازار ئىگىلىكى دەۋرىدىكى جۇڭگو بازىرىنى ئېچىش، پۇت دەسسەپ تۇرۇشتا قانداق قىلىش كېرەك؟ قانداق يولدا ماڭغاندا بۇ جەھەتتە تېز ئۈنۈم ياراتقىلى بولىدۇ؟**

جاۋاب: بۇ سوئال مېنىڭ ئۆز كەسپىمدىن خېلى يىراق بىر كەسپىي دائىرىدە جاۋاب بېرىشىمنى تەلەپ قىلىدىكەن. شۇنداق بولسىمۇ بۇنىڭغا مەن ئۆزۈم ئوقۇغان

ماتېرىياللار ۋە ئۆزۈم كۆزەتكەن ئەھۋاللار ئاساسىدا جاۋاب بېرىپ باقاي.

ئالدىنقى 20 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت جەريانىدا، جۇڭگو ھەقىقەتەنمۇ بازار ئىقتىسادىنى يولغا قويۇش يولىنى بويلاپ نۇرغۇن مۇھىم قەدەملەرنى باستى. بەزى ئىقتىساد مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئانالىزىغا ئاساسلانغاندا، بۇنىڭ مۇھىم ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1) جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئاساسلىق ئۆلى بولغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانىلار بىر غايەت زور ئىقتىسادىي كۈچ بولۇپ كۆتۈرۈلمەكتە.

2) بازار مەھسۇلات مەنبەسى بىلەن بازار ئېھتىياجى ئاساسىدىكى باھا مېخانىزمى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى. پىلانلىق ئىقتىساد دەۋرىدە باھا پۈتۈنلەي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بەلگىلىنەتتى. ھازىر بولسا مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئىستېمال بۇيۇملىرى ۋە مۇلازىمەتلەرنىڭ باھاسى سېتىۋالغۇچىلار بىلەن ساتقۇچىلارنىڭ سودىسى ئارقىلىق بەلگىلەنمەكتە. بۇ خىل ئەھۋال ھۆكۈمەت قاتتىق مونوپول قىلىۋالغان خەۋەرلىشىش، پوچتا ۋە ئېلېكتر قاتارلىق سانائەت دائىرىسىدىمۇ ۋۇجۇدقا كەلمەكتە.

3) كاپىتال بازىرى ئىجتىمائىي بايلىقلارنى تەقسىم قىلىش ساھەسىدە بارغانسېرى كۈچلۈك رول ئوينىماقتا.

4) ئۆزۈندىن بۇيان ھۆكۈمەت مونوپول قىلىپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم سانائەتلەر ھازىر ئەركىن قويۇپ بېرىلىشكە باشلىدى. بۇ سانائەتلەر نېفىت خىمىيە بۇيۇملىرى، خەۋەرلىشىش، ئېلېكتر بىلەن تەمىنلەش، تۆمۈر يول قاتنىشى ۋە يولۇچىلار ھاۋا قاتنىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ سانائەتلەرنى ئەركىن قويۇپ بەرگەندە، ئۇلار مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەل كاپىتالىغا ئىگە بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ.

يەنە بەزى ئىقتىساد مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قارىشىچە، جۇڭگو تېخى بازار ئىقتىسادى ئۆلچەم سىزىقىدىن ئۆتەلمىدى. جۇڭگو ھازىرغا قەدەر بازار ئىقتىسادى بوسۇغىسىغا قەدەم قويغان بولسىمۇ، لېكىن، بۇ بوسۇغىدىن تېخى ئۆتەلمىدى. بازار ئىقتىسادىنىڭ ھەر خىل تەركىبىي قىسىملىرى بار. ئاشۇ تەركىبىي قىسىملار بويىچە جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ بازارلىشىش دەرىجىسىگە قارىغاندا، ئىستېمال بۇيۇملىرى بازار ئىقتىسادى يولى بويىچە مېڭىۋاتىدۇ، دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەمما، قالغان ئىقتىسادىي تەركىبلەر تېخى بازار ئىقتىسادىغا قەدەم قويمىدى. بۇنىڭ

ئاساسلىق ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىدەك:

(1) جۇڭگودىكى ھەر خىل ئىگىلىكلەرنىڭ كاپىتال بىلەن تەمىن ئېتىلىشى ھازىرمۇ ئىنتايىن تەرەققىي قىلمىغان. ھازىرقى جۇڭگودىكى كاپىتال ئىگىلىرى قىمارخانىلارنىڭ ئىگىلىرىگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەبلەغ سېلىشتىكى ئىستراتېگىيىسى پەقەت «دەتتىكام» دەپ تەلەي سىناشتىن ئىبارەت بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ئۇلاردا مەبلەغنى ھەر ساھەلەرگە تەڭشەپ سېلىش، كاپىتالنىڭ كۈچىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئىقتىدارى يەنىلا ئىنتايىن كەمچىل بولۇۋاتىدۇ. نۇرغۇن ئىگىلىكلەرنىڭ ئىقتىساد باشقۇرۇشتىكى نامى ۋە رېكورتىسى ناچار بولغاچقا (بۇ ئىنگلىزچىدا «financial credit» دەپ ئاتىلىدۇ؛ مەن بۇ سۆزگە تېخىچە ئۇيغۇرچە مۇۋاپىق سۆز تاپالمىدىم)، بانكىلارمۇ ئۇلارغا قەرز بېرىپ تۇرۇشتىن قورقۇۋاتىدۇ.

مەن بۇ سۆھبەتنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرىدا خۇسۇسىي VC كاپىتالىستلار بىلەن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر خىل ئىگىلىكلەرگە مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى توغرىسىدا بىر ئاز توختىلىپ ئۆتتۈم. ئۇنىڭدىن باشقا ئامېرىكىدا شەخسىيلەر قۇرغان شىركەتلەرنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەيدىغان يەنە مۇنداق ئىككى ئاساسلىق ئىقتىسادىي ئورگانلار بار. ئۇنىڭ بىرسى «مەبلەغ سېلىش بانكىسى» (ئىنگلىزچە «Investment Bank» دەپ ئاتىلىدۇ). يەنە بىرى ئوتتۇرا ۋە چوڭ دەرىجىلىك شىركەتلەر ئۆزلىرىنىڭ بىر تارمىقى تەرىقىسىدە تەسىس قىلغان شىركەتنىڭ مەبلەغ سېلىش بۆلۈمى. مەسىلەن، ئامېرىكىدىكى چوڭ شىركەتلەرنىڭ بىرى بولغان، كومپيۇتېرنىڭ CPU سىنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان «intel» دېگەن شىركەتنىڭ «intel كاپىتال» دېگەن بىر تارمىقى بار. ياپونىيىنىڭ «Hitachi» دېگەن شىركىتىنىڭمۇ «Hitachi كاپىتال» دېگەن بىر تارمىقى بار. بۇ 2 ئىككى ئىقتىسادىي قۇرۇلمىمۇ خۇددى خۇسۇسىي كاپىتالىستلارغا ئوخشاش يېڭىدىن قۇرۇلغان شىركەتلەرگە مەبلەغ سالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، قۇرۇلغىلى ئۇزۇن بولغان، ناھايىتى ياخشى مېڭىۋاتقان، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇش ئېھتىماللىقى كۈچلۈك بولغان باشقا شىركەتلەرگىمۇ مەبلەغ سالىدۇ. شۇنداقلا، بۇ يەردىكى ئوتتۇرا ۋە چوڭ كۆلەملىك شىركەتلەرنىڭ مەبلەغ سېلىش تارماقلىرىنىڭ يەنە بىر خىزمىتى، مەھسۇلاتلىرى ئۆزلىرى ئىشلەپ چىقىرىۋاتقان بۇيۇملارغا كېرەكلىك بولغان ھەر خىل كۆلەمدىكى يۇقىرى تېخنىكىلىق شىركەتلەرنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىنى يۆلەشتىن ئىبارەت. ئۇلار ھەرگىز كىچىك شىركەتلەرگە

پۇلنى ئىشلىتىش ئۈچۈن بانكىغا بېرىپ ئىشلىتىش ئارقىلىق كېرەكلىك پۇل ئېلىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى، ئەمما ئۇ يەنە بىر خىل يول تاپتى. ئۇ مەبلەغ سېلىش شىركەتلىرىدىن مەبلەغ تەلەپ قىلىپ، شىركەت قۇرۇشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، ئامېرىكىدا شەخسىيلەر قۇرغان شىركەتلەرنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەيدىغان خۇسۇسىي ئىقتىسادىي ئورگانلاردىن پايدىلىنىپ كۆپ بار. ئۇنىڭدىن باشقا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىمۇ چىقارغان مەھسۇلاتى

پۇلنى بىكارغا بەرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، مەبلەغ سالغان پۇلدىن بانكا ئۆسۈمىگە قارىغاندا يۇقىرىراق دەرىجىدىكى ئۆسۈمنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بىرلىكتە، ئۆز ئىگىلىكلىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان باشقا شىركەتلەرنىمۇ يۆلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئامېرىكىدا شەخسىيلەر قۇرغان شىركەتلەرنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەيدىغان خۇسۇسىي ئىقتىسادىي ئورگانلاردىن يۇقىرىقى 3 خىلى بار. ئۇنىڭدىن باشقا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىمۇ چىقارغان مەھسۇلاتى دەرھال ئىقتىسادىي پايدا بەرمەيدىغان، ئەمما يېڭى تېخنىكىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، ئامېرىكىنىڭ دۇنيادىكى پەن-تېخنىكا جەھەتتىكى باشلامچىلىق رولىنى كۈچەيتىشكە ھەمدە دۆلەت مۇداپىئەسىگە پايدىلىق بولغان شىركەتلەرنى مەلۇم دەرىجىدىكى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ مەبلەغلەرنىڭ تەقسىم قىلىنىشى مەبلەغ تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزئارا رىقابىتى ھەمدە پۇل بەرگۈچى بىلەن پۇل ئالغۇچى ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزئارا سودىلىشىپ كېلىشىشى ئاساسىدىلا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنداق رىقابەتتە ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ ھەممە ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىمۇ ئىنتايىن قاتتىق قانۇن ئارقىلىق نازارەت قىلىنىدۇ.

2003-يىلى دېكابىردا، مەن JPL گە ئىشقا چۈشۈشكە بىر قانچە ھەپتە قالغاندا، ھېلىقى ئۆزۈمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 3 كىشى بىرلىشىپ قۇرغان Telelase دېگەن شىركەتنىڭ رەئىسى مېنى چاقىرتىپ، شىركەت تەييارلىماقچى بولغان، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىن پۇل تەلەپ قىلىدىغان بىر «مەبلەغ لايىھىسى» (ئىنگلىزچە «Fund Proposal» دەپ ئاتىلىدۇ) تەييارلاشقا ياردەملىشىشىمنى ئىلتىماس قىلدى. مەن ماقۇل بولۇپ، جەمئىي 2 ھەپتە ئىشتىن سىرتقى ۋاقتىمنىڭ ھەممىسىدە شۇ ئىشنى ئىشلىدىم. ئەسلىدە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىر يېڭى ھەربىي قوماندان سىستېمىسى ئىشلەپ چىقارماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ خەۋەرلىشىش تېخنىكىسى توغرىسىدا يېڭى لايىھە قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، لايىھىسى تاللانغان شىركەتلەرنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇش قىلغانىكەن. بۇنداق خەۋەرلىشىش تورىنى ئىشلەتكەندە، ھەربىي قوماندانلار ئۆزئارا سۆزلىشىپلا قالماي، دىئامېتىرى 10 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر ئۇرۇش مەيدانىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى قوماندانلىق مەركىزىدىكى كىشىلەر چوڭ تىپلىق تېلېۋىزور ئېكرانىدا ئەينەن كۆرۈپ تۇرىدىكەن. بۇنىڭغا كېتىدىغان خەۋەرلىشىش سۈرئىتى بىر سېكۇنتتا 10 مىليارد بىت (10Gbps) بولۇپ، چوقۇم لازېر نۇرى ئىشلەتمىسە بولمايدۇ. بىراق، نۇر بۇلۇتتىن ئۆتەلمىگەچكە، بۇنداق سىستېمىنىڭ بۇلۇتلۇق كۈنلەردىمۇ ئىشلىيەلىشى ئۈچۈن،

لازېر نۇرى خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرى قاچىلانغان ئايروپىلاندىن بىر قانچىسى ئۇرۇش مەيدانىنىڭ ئۈستىدىكى ئاسماندا داۋاملىق تۇرۇپ، بىر يەر بىلەن خەۋەرلىشىش تورىنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، ئاسماننىڭ بىر يېرىگە بۇلۇت كېلىپ قالسا، بۇ ئايروپىلانلار بۇلۇتسىز ئورۇنغا يۆتكىلىپ، خەۋەرلىشىش نۇر سىگنالىنى بۇلۇتقا يولۇقتۇرماي بىر نۇقتىدىن يەنە بىر نۇقتىغا ماڭدۇرۇپ بېرەلەيدۇ. كېيىن ئۇقسام، بىز ئىلتىماس قىلغان بىر تەتقىقات تۈرىگە جەمئىي 20-30 شىركەتلەر ئىلتىماس قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە لازېر نۇرى خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرى ساھەسىدە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللانغىلى كۆپ يىل بولغان شىركەتلەرمۇ كۆپ بولغاچقا، بىزنىڭ لايىھەمىز تاللانماي قاپتۇ. مەن بۇ ئىشتا ئۈمىد چوڭ ئەمەسلىكىنى بۇرۇنلا مۆلچەرلىگەن ئىدىم. شۇنداق بولسىمۇ، «قىلىپ سىناپ باقمىسا، بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنىڭ ئېھتىماللىقى نۆل بولىدۇ» دېگەن پرىنسىپقا ئاساسەن، پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئۇ لايىھىنى تەييارلاپ يوللاپ، سىناپ باقتىم.

(2) جۇڭگودا تېخىچە بىر بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن مەملىكەت مىقياسىدىكى ئەمگەك كۈچى بازىرى يوق. ئوخشىمىغان ئۆلكىلەر ۋە ئوخشىمىغان ئورۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى مەمۇرى توسالغۇلار ھازىرمۇ مەملىكەت ئىچىدىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئەركىن ئېقىشىنى توسۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق تورى ئىنتايىن تار ۋە ئاجىز بولۇپ، ئەمگەك كۈچىنىڭ كۆپ قىسمى بۇنداق ئىجتىمائىي پاراۋانلىقتىن مەھرۇم. بۇ ئەھۋال جۇڭگو ئەمگەك كۈچىنىڭ مەھسۇلات چىقىرىش ئۈنۈمىگە زور دەرىجىدە دەخلى قىلىۋاتىدۇ.

مەن بۇ سۆھبەتنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا، بىر شىركەت ئۆزىگە بىرەر يېڭى خىزمەتچى ئالماقچى بولسا، بۇ خىزمەتچىنىڭ ئىش تەقسىماتى بىلەن ئۇنىڭ چىقىمىنى ناھايىتى ئەستايىدىل ھېسابلايدىغانلىقىنى، بۇ چىقىم بۇ يېڭى خادىمنىڭ سالامەتلىك «سۇغۇرتا» سىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتكەن ئىدىم. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بىر شىركەتنىڭ ھەر بىر خىزمەتچىسىنىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان ئىقتىسادىي چىقىمى ئۇ كىشىگە بېرىلىدىغان مائاشنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى (يەنى 1/3) گە توغرا كېلىدۇ. بۇ ئەھۋال ئامېرىكىنىڭ دۆلەت قانۇنلىرى ۋە ھەر قايسى شتاتلارنىڭ ئۆز ئالدىغا تۈزگەن قانۇنلىرى ئارقىلىق تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان. بۇرۇنمۇ ئېيتىپ ئۆتكەنىدەك، ئامېرىكىدىكى بىر ئادەم دۆلەتنىڭ ھەر

قانداق بىر يېرىدىن خىزمەت تېپىپ، شۇ يەرگە ئۆز ئىختىيارلىقىچە كۆچۈپ كېتەلەيدۇ. شىركەتلەرمۇ ئۆز خادىملىرىنىڭ تۇرىدىغان ئۆيىگە مەسئۇل ئەمەس بولۇپ، ئۆيىنى ھەر بىر خىزمەتچى ئۆزلىرى ھەل قىلىدۇ. شۇڭلاشقا بىر يەردە تۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ خىزمەت ئورۇنلىرى ھەر يەر ھەر يەرلەردە بولىدۇ. ئامېرىكىدا قوشنىلار بىر-بىرىنى تونۇماسلىقىنىڭ سەۋەبىنىڭ بىرى مۇشۇدۇر. ئامېرىكىدا كىشىلەر ئەڭ كۆپ قىلىدىغان ئىشنىڭ بىرى ئۆي كۆچۈش. نەدە خىزمەت تېپىلسا، شۇ يەرگە كۆچىدىغان گەپ. شۇڭا سىز بىر ئائىلىلىكلەر رايونىغا كىرىپ، بىر ئاز ئايلانسىڭىز، «ئۆيىنى ساتىمەن» دېگەن خەت يېزىلغان تاختايلارنى داۋاملىق ئۇچرىتىسىز. ماڭا ئوخشاش يۇقىرى دەرىجىلىك خىزمەت ئورنىدا ئىشلەيدىغانلار بىر يېڭى خىزمەتكە ئېرىشىپ، بىر جايدىن يەنە بىر جايغا كۆچمەكچى بولسا، كۆچۈش خىراجىتىنى خىزمەتكە ئالغان شىركەت پۈتۈنلەي كۆتۈرىدۇ. ئامېرىكىدا مەخسۇس ئۆي كۆچۈپ بېرىدىغان شىركەتلەرمۇ كۆپ بولۇپ، ئۇنى «ئۆي كۆچۈرۈش شىركىتى» (ئىنگلىزچىدا «Moving Company») دەپ ئاتايدۇ. ئۆي كۆچۈش ماشىنىلىرىمۇ 18 چاقلىق، 20 تونىلىق ماشىنىلار بولۇپ، 4 ئېغىزلىق ئۆيدە تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ئۆيىنى بىر ماشىنا بىر قېتىمدىلا كۆچۈرۈپ كېتەلەيدۇ. بۇ ئۆي كۆچۈش شىركەتلىرىنىڭ خادىملىرى ئۆيدىكى نەرسىلەرنى ساندۇققا ئۆزلىرى قاچىلاپ، رەختتىن تىكىلگەن يۇمشاق ئەدىياللارغا ئوراپ، ماشىنىغا بېسىپ، يېڭى ئورۇنغا ئۆزلىرى ئاپىرىپ، يېڭى ئۆيگە ئەكىرىپ، يېڭى ئۆينىڭ ئىچىدىكى بىز دېگەن يەرگە قويۇپ، بىكار بولغان كارتۇشكا ساندۇقلارنى ۋە نەرسە ئوراشقا ئىشلەتكەن ماتېرىياللارنى ئېچىپ، كېرەكسىز نەرسىلەرنى ئۆزلىرى ئېلىپ كېتىدۇ. شۇڭا، بىر خىزمەتچى ئۈچۈن، ئۆي كۆچۈشمۇ ئىنتايىن ئاسان ئىش. مەن CVI لازېر شىركىتىگە ئىشقا ئورۇنلاشقاندا، شىركىتىم ئۆيۈمنى كالىفورنىيىنىڭ داۋىس (Davis) دېگەن شەھىرىدىن سان رامون (San Ramon) دېگەن شەھىرىگە كۆچۈرۈپ بەردى. بۇ شەھەرلەرنىڭ ئارىلىقى 104 كىلومېتىر كېلىدۇ. مەن JPL غا ئىشقا كىرگەندە، ئىشقا چۈشۈشتىن بۇرۇن شىمالىي كالىفورنىيىدىن جەنۇبىي كالىفورنىيىگە ئۆي ئىزدەپ 2 قېتىم كەلدىم. چىقىمنى شىركەت كۆتۈردى. ئىشقا چۈشۈپ دەسلەپكى 45 كۈن ئىچىدە بىر مېھمانخانىدا تۇردۇم. بۇ چىقىمنىمۇ شىركەت كۆتۈردى. ئۆيىنى كۆچۈرۈش چىقىمىنىمۇ شىركەت كۆتۈردى. بۇ ئىشلار ئامېرىكىدىكى شىركەتلەردە ئوخشىمىغان دەرىجىدە يولغا قويۇلغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ بىر جايدىن يەنە بىر جايغا كۆچۈشى بىر ئادەتتىكىلا ئىش.


مۇشۇنداق بىر سىستېما بولغاچقا، ئامېرىكىلىقلار تاكى ئۆزلىرى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ھەمدە ئۆزلىرى ئەڭ ياخشى قىلالايدىغان بىر خىزمەتنى تاپقىچە توختىماي يېڭى خىزمەت ئىزدەپ، شىركەت ئالماشتۇرىدۇ. شىركەتلەرمۇ ئۆزلىرىگە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان خىزمەتچى خادىمىنى تاپقىچە ياخشى ئىشلىمىگەن ياكى ئىشلىيەلمىگەنلەرنى توختىماي ئىشتىن بوشىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى خىزمەتچى ئالىدۇ. شۇڭا كىشىلەر توختىماي بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە ئېقىپ تۇرىدۇ. كۆپىنچە كىشىلەر ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان شىركەتتە ئۆزلىرى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئەڭ ياخشى قىلالايدىغان ئىشلارنى قىلىپ ياشايدۇ. شۇنداق بولغاچقا خىزمەت قىلىش كۆپىنچە ئادەملەر ئۈچۈن بىر ھۇزۇر قىلىدىغان ئىش ھېسابلىنىدۇ.

(3) جۇڭگودا ئەقلىي مۈلۈكنى قوغدايدىغان قانۇن-پەرمانلار بولمىغاچقا، ياكى بولسىمۇ يېڭىدىن تۈزۈلگەن، يولىدا ئىجرا قىلىنمىغان بولغاچقا، تېخنىكا يېڭىلىقلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ھەرىكىتى ھېچ قانداق ماددىي ياردەمگە ئېرىشەلمەيۋاتىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ ئىجادكارلىق روھىغا ئېغىر دەرىجىدە سوغۇق سۇ سېپىۋاتىدۇ. جۇڭگودا چەت ئەللەرنىڭ ئەقلىي مۈلكىنىمۇ قوغدىماسلىق ھازىر دۇنيا مىقياسىدا ئېغىر خەلقئارالىق مەسىلە سۈپىتىدە قارىلىۋاتىدۇ.

قىسقىسى، جۇڭگو پەقەت خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلمىلارنى بازارلاشتۇرۇش جەھەتتە بىر قىسىم ئىلگىرىلەشلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولسىمۇ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى ئىستراتېگىيىلىك ھالدا قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش جەھەتتە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار يەنىلا ئىنتايىن كۆپ. جۇڭگودا بازار ئىقتىسادىنى ئومۇملاشتۇرۇش قەدىمىنىڭ ئاستا بولۇشىغا بەزى ئۆرپ-ئادەت ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئامىللارمۇ سەۋەبچى بولۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. بازار ئىقتىسادىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا شەكىل قوغلاشقان بىلەنلا بولمايدۇ. مۇھىمى ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. تۈپ ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بازار ئىقتىسادى دېگەنلىك خۇسۇسىي مال-مۈلۈك بىلەن ئادەمگە ھۆرمەت قىلىشنى، شەخسلەرنىڭ تولۇق ئەركىنلىككە ۋە ئۆز ئىشىنى ئۆزى قارار قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇلارسىز ھەقىقىي بازار ئىقتىسادىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئېھتىمال مۇمكىن ئەمەستۇر. ئۆز ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرالمىغان بىر ئادەم مەلۇم دەرىجىدە تۆمۈر قەپەسكە سولاپ قويۇلغان بىر قۇشقا ئوخشايدۇ. بۇ

دۇنيادىكى ئەڭ ئازابلىنارلىق ئىشلارنىڭ بىرى. ئامېرىكىنىڭ بۇ دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئىقتىدارلىق ۋە ئەڭ تالانتلىق كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلالىشى، ئۇنىڭ ھەر بىر ئادەمگە ئۆز ئىقتىدارىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشى ئۈچۈن ھازىرلاپ بەرگەن چەكسىز پۇرسەتلەردۇر. شۇنداقلا بۇ پۇرسەتلەردىن ھەممە ئادەملەرنىڭ باراۋەر پايدىلىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان قانۇن – تۈزۈملەردۇر.

ئامېرىكىدا بىر قانچە يىل ياشاپ باققان كىشىلەر بۇ خىل ئەھۋالنى ئاسانلا ھېس قىلالايدۇ. دۇنيادىكى ئەڭ قابىلىيەتلىك كىشىلەرنىڭ بۇ دۆلەتكە يىغىلغانلىقىنى ئاسانلا كۆرەلەيدۇ. مەسىلەن، بۇنىڭدىن بىر قانچە يىل بۇرۇن ئامېرىكا ئافغانىستاننى تالىبانلارنىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان نۇرغۇن ئافغانلىقلار ۋەتىنىگە قايتىپ، ھەر خىل يۇقىرى دەرىجىلىك خىزمەت ئورنىنى ئالدى. دۆلەتنىڭ ئىقتىساد مىنىستىرى بولغان بىر كىشى ئامېرىكىغا كېلىشتىن بۇرۇنمۇ ئاشۇ ۋەزىپىنى ئۆتىگەن بولۇپ، ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان ۋاقتىدا شىمالىي كالىفورنىيىدىكى بىر ئافغانلىقلار رېستورانىغا مۇئاۋىن باشلىق بولغان ئىكەن. ئامېرىكىدا ئىقتىدارلىق كىشىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن، ئۇ كىشىگە ئاران شۇ خىزمەت تەگكەندى. بۇنداق ئەھۋال ئامېرىكىدا ئىنتايىن كۆپ.




ئەركىن سىدىق ئەپەندى 24-مايدىن 31-مايغىچە ئامېرىكا فلورىدا شتاتىنىڭ ئورلاندو

شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا ئوپتىكا ئىنژېنېرلىرى جەمئىيىتى 2006-يىللىق ئىلمىي تەتقىقات يىغىنىدا، رەسىمدە كۆرسىتىلگىنى ئەركىن سىدىق ئۆزىنىڭ ئىلمىي ماقالىسى. بۇ رەسىم 2006-يىلى 26-ماي كۈنى تارتىلغان.

**2-سوئال: ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدىن باشلاپ شىنجاڭدا ئۇيغۇر قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت خۇسۇسىي كارخانىچىلىرى كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. شۇڭلاشقا ئۇ، بۇ شىركەتلەر مەھسۇلاتلىرىنى رايوندىن ھالقىتالمىدى. سىزچە خۇسۇسىي مىللىي كارخانىلار قانداق قىلغاندا ساھەدىن، رايوندىن، چېگرىدىن ھالقىيالايدۇ؟**

جاۋاب: ئىنگلىزچە «Behavioral Science» دەپ ئاتىلىدىغان، ئۇيغۇرچىدا «قىلمىش ئىلمى» دېگەن مەنىگە يېقىن كېلىدىغان بىر ئىلىم بار. بۇ ئىلىمنىڭ ئەڭ تۈپ نەزەرىيىسى مۇنداق: ئادەمنىڭ ئېھتىياجى ئۇنىڭ مەقسىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئادەمنىڭ مەقسىتى بولسا ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

دۇنيادا بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان نۇرغۇن ئىلىم-پەنلەر مەۋجۇت بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشىمىغان دەرىجىدە بىر-بىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، بىر-بىرى بىلەن باغلانغان بولىدۇ. مەن ئىقتىساد كەسپىنىڭ مۇتەخەسسىسى بولمىغاچقا، بۇ يەردە يۇقىرىدىكى سوئالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىگىلىك باشقۇرۇشقا ئائىت بىر مەسىلىنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قىلمىش ئىلمى نەزەرىيىسى ئاساسىدا چۈشەندۈرۈپ باقاي.

مېنىڭچە ئىگىلىك ۋە سودا-سېتىقنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىشتە ئەڭ ھالقىلىق رول ئوينايدىغان مۇنداق ئىككى ئامىل بار. ئۇنىڭ بىرى، باشقا ساھە، باشقا رايون ۋە باشقا دۆلەتلەردىكى كىشىلەرنىڭ سىز چىقارغان مەھسۇلاتقا بولغان ئېھتىياجى. يەنە بىرى بولسا سىز چىقارغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئاشۇ ماكانلاردىكى رىقابەتلىشىش كۈچى. تۆۋەندە مەن مۇشۇ 2 ئامىلنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئۆزۈمنىڭ ئويلىغانلىرىنى سۆزلەپ ئۆتەي.

1. بىر يېڭى شىركەت قۇرۇشتىكى ئەڭ قىيىن ئىشلارنىڭ بىرى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازارلارنىڭ بۇ شىركەت چىقارماقچى بولغان مەھسۇلاتقا بولغان ئېھتىياجىنى توغرا مۆلچەرلەشتىن ئىبارەت. بۇ ئەھۋال ئىگىلىك ۋە سودا-سېتىقنى كېڭەيتىشكىمۇ ئوخشاشلا ئىشلەيدۇ. نۇرغۇن شىركەتلەرنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ياكى بولمىسا كۆپلىگەن ئىقتىسادىي مەبلەغنى ئىسراپ قىلىۋېتىشىدىكى ئاساسلىق

سەۋەبىنىڭ بىرى، ئۇلارنىڭ بازار ئېھتىياجىنى توغرا مۆلچەرلىيەلمىگەنلىكىدىن بولىدۇ. شۇڭا ئىگىلىك ئىگىلىرى بازار ئېھتىياجىنى كۆزىتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. بىر تەرەپتىن ئوخشىمىغان رايونلاردىكى بازار ئەھۋالىنى ئۆزى بىۋاستە، پىلانلىق ۋە قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، يەنە بىر تەرەپتىن مۇشۇ جەھەتتە مەخسۇس تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇلازىمەت ئورۇنلىرىدىن ئۇچۇر سېتىۋېلىپ، شۇ ئۇچۇرلاردىن تولۇق پايدىلىنىشى كېرەك. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى سودا-سېتىق يىغىنى ۋە كۆرگەزمىلىرىگە بېرىشى كېرەك. شۇ ئارقىلىق يالغۇز ئۆز شىركىتى ھازىر ئىشلەپ چىقىرىۋاتقان مەھسۇلاتلارغا يېڭى بازار تاپالايلا قالماستىن، قانداق يېڭى مەھسۇلاتلارنىڭ بازىرى بارلىقىنىمۇ بايقاپ، شۇ ئارقىلىق مەھسۇلات تۈرلىرىنىڭ سانىنىمۇ كۆپەيتىشكە ئاساس يارىتالايدۇ.

مەن ئامېرىكىدا ئىشلەپ باققان شىركەتلەرنىڭ ھەممىسىدە، شۇنداقلا مەن بىلىدىغان ئوتتۇرا ۋە چوڭ كۆلەملىك ۋە يۇقىرى تېخنىكىلىق بىر قىسىم شىركەتلەرنىڭ ھەممىسىدە «سودا-سېتىق ۋە تەشۋىقات بۆلۈمى» دېگەن بۆلۈمدىن بىرى بار بولۇپ، بۇ بۆلۈمنىڭ ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى، ئىزچىل تۈردە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازارلارنىڭ يېڭى يۈزلىنىش ئەھۋالىنى كۆزىتىش ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ شىركەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىنگلىزچە «New Product Introduction Procedure (NPI)» دەپ ئاتىلىدىغان، ئۇيغۇرچە «يېڭى مەھسۇلات بەرپا قىلىش قەدەم-باسقۇچلىرى» دېگەن مەنىدىكى بىر شىركەت تۈزۈمى بار بولۇپ، ئۇنىڭ 1-قەدىمى «بازار تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىش» تىن ئىبارەت بولىدۇ.

يېڭى قۇرۇلغان شىركەتلەرنى ئۇلارنىڭ سودا ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن راۋاجلاندۇرۇلىدىغان شىركەت بولۇپ، ئىنگلىزچە «Market driven development» دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە يېڭى قۇرۇلغان شىركەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ. يەنە بىرى بولسا تېخنىكىلىق ئېھتىياج ئاساسىدا راۋاجلاندۇرۇلىدىغان شىركەت بولۇپ، ئۇنى ئىنگلىزچە «Technology driven development» دەپ ئاتايدۇ. بۇنداق شىركەتنى قۇرغان ئادەم مەلۇم بىر يېڭى تېخنىكىغا ئالاھىدە ئىشتىياق باغلىغان ھەمدە ئۆزىنىڭ مەلۇم مىقداردىكى ئىقتىسادىي مەبلىغى بار بولغان بولۇپ، ئۇ ئالدى بىلەن بىر يېڭى تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئاندىن ئۇنىڭغا

خېرىدار ئىزدەيدۇ. مېنىڭچە ئۇيغۇر دىيارىدا بۇنداق شىركەتلەر ھازىرچە يوق دېيەرلىك بولۇشى مۇمكىن. بىرىنچى خىلدىكى شىركەتلەر ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرىمەن ۋە كېڭەيتىمەن دەيدىكەن، چوقۇم مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازار ئېھتىياجىنى مۇكەممەل چۈشىنىش جەھەتتە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىشى كېرەك. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا ئۇنۇملۇك كېڭىيىش پۇرسىتىنى يارىتالايدۇ.

2. كارخانا ئىگىلىرى ئۈزلۈكسىز تۈردە تېخنىكا يېڭىلاپ، شۇ ئارقىلىق ئۆز مەھسۇلاتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، تەننەرخىنى چۈشۈرۈشكە داۋاملىق تىرىشىشى كېرەك. كەسكىن رىقابەتتە ئۇتۇشنىڭ بۇنىڭدىن باشقا يولى يوق. ئامېرىكىدىكى مەن بىلىدىغان، ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك مېڭىۋاتقان بىر قىسىم شىركەتلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى، ئۇلار ئۆز كىرىمىنىڭ 10 پىرسەنتىدىن 30 پىرسەنتىكىچە بولغان قىسمىنى يېڭى مەھسۇلات تەتقىقاتىغا ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىشلىتىدۇ. بۇنى ئىنگلىزچە «Research and Development» دەپ ئاتاپ، قىسقارتىپ «R&D» دەيدۇ («&» بەلگىسى ئىنگلىزچە «and» دېگەن سۆزگە ۋەكىللىك قىلىدۇ). «R&D» غا خەجلىگەن پۇل دەسلەپتە ھېچ قانداق ئىقتىسادىي قىممەت يارىتالمايدىغان بولغاچقا، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ پۇلنى خەجلەشنى خالىمايدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ شىركىتىمۇ ياخشى ماڭمايدۇ. ھەقىقىي بىلىملىك، يىراقنى كۆرەلەيدىغان كىشىلەر بولسا بۇ پۇلنى خەجلەشتىن ئازراقمۇ باش تارتمايدۇ. ئامېرىكىدا بۇ جەھەتتە مەخسۇس ئىلمىي تەتقىقات ۋە تەكشۈرۈش ئاساسىدا يېزىپ چىقىلغان دوكلاتلار بار. شۇڭا مەن ئۇيغۇر كارخانا ئىگىلىرىنىڭ بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىنى تەشەببۇس قىلىمەن. بىر ئادەم ئازراق پۇل تاپقاندىن كېيىن، ھەرگىز ئۇنى خەجلەپ تۈگىتىشكە ئالدىرىماسلىقى كېرەك. «بۇ پۇلنى قانداق خەجلىسەم، شىركىتىمنىڭ ئىگىلىكىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرالايمەن؟»، «مەن تىرىشىپ A نۇقتىدىن B نۇقتىغا يېتەلىدىم. ئەمدى قانداق قىلسام B نۇقتىدىن C نۇقتىغا يېتەلەيمەن؟» دېگەندەك سوئاللارنى ئۆزىدىن داۋاملىق سوراپ تۇرۇشى كېرەك. پات-پات باشقا رايون ۋە باشقا ئۆلكىلەرگە بېرىپ، ھەتتا چەت ئەللەرگىمۇ چىقىپ، باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭكى بىلەن ئوخشاش كەسپىي ساھەسىدە نېمىلەرنى قىلىۋاتقانلىقىنى، دۇنيادا يەنە قانداق يېڭىلىقلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى كۆزىتىپ تۇرۇشى كېرەك.

مەن بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈپ كېتىشنى مۇۋاپىق كۆرگەن، ئامېرىكا ۋە باشقا تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىكى يەنە مۇنداق بىر ئەھۋال بار. ناھايىتى

مۇۋەپپەقىيەتلىك مېڭىۋاتقان شىركەت-كارخانىلارنىڭ ئىگىلىرى ھەرگىز غايەت زور بايلىققا ئېرىشكەن ھامان قانائەتلىنىپ توختاپ قالىدىغانلاردىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسمىلىرىنىڭ ئىگىلىك يارىتىشتىكى ئەسلى مەقسىتىمۇ ھەرگىز پۇل تېپىپ، باي بولۇش ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئەسلى مەقسىتى، ئۆز ئىقتىدارىنى ئىمكانىيەت يار بېرىدىغان ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق خەلق-ئالەم ئالدىدا ئۆزىنىڭ كارامىتىنى نامايان قىلىشتىن ئىبارەت. سىز ئەگەر ئىنچىكىلەپ تەكشۈرسىڭىز، بۇنداق كىشىلەر ئاللىقاچان بىر ئۆمۈر قانداق خەجلىسىمۇ تۈگىمەيدىغان بايلىققا ئېرىشىپ بولغانلىقىنى بايقايسىز. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار ئۆزلىرى دەسلەپتە يېڭى ئىگىلىك باشلىغان ۋاقىتتىكى جاپا-مۇشەققەتكە بەرداشلىق بېرىپ، قاتتىق تىرىشىش روھىنى ئازراقمۇ بوشاتمىغان بولۇپ، بۇرۇن ھەر بىر كۈننى قانداق ئۆتكۈزگەن بولسا، ھازىرمۇ بىر كۈننى شۇنداق ئۆتكۈزىدۇ. بىر ئۆمۈر ئاشۇنداق ياشاپ، ئاخىرىدا ئۆلۈپ كېتىدىغاندا، يىغقان پۇللىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز پەرزەنت ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا قالدۇرسا، قالغان بىر قىسمىنى ھەر خىل پاراۋانلىق ئورۇنلىرىغا ئىئانە قىلىۋېتىدۇ. ئەگەر سىز ئامېرىكىدىكى بىرەر ئالىي مەكتەپكە بېرىپ، ئۇلارنىڭ بىنالىرىنىڭ ئىسىملىرىغا قارىسىڭىز، كۆپىنچىسى بىرەر ئادەمنىڭ ئىسمىدا نام ئالغانلىقىنى بىلىسىز. بۇ ئادەم ئەسلىدە ئاشۇ بىنانىڭ سېلىنىشىغا ئەڭ كۆپ پۇل ئىئانە قىلغان كىشى بولۇپ، شۇ ئادەمنىڭ شەرىپى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسمىنى شۇ بىنانىڭ نامى قىلىپ بېكىتكەن بولىدۇ.

ئامېرىكىدىكى كارخانا ئىگىلىرىنى ئىنچىكىلەپ كۆزەتسەك، مۇنداق بىر ئەھۋالنى بايقايمىز. «شىركەت قۇرۇپ، مىليونېر بولغاندا پېنسىيىگە چىقىپ، راھەت ياشايمەن» دەپ نىشان تۇزگەنلەر مەڭگۈ مىليونېر بولالمىغان. ئۇنىڭ ئەكسىچە، بىر يېڭى ئىگىلىك يارىتىپ، ئۆز قابىلىيىتىنى دۇنياغا نامايان قىلماقچى بولغانلار مىليونېر ۋە مىلياردېر بولغان. ئۆتكەن يىلى كالىفورنىيىگە شتات باشلىقى بولۇپ سايلانغان ئارنولد سچاۋارزېنگېر (Arnold Schwarzenegger) 1968-يىلى ئاۋستىرىيىدىن ئامېرىكىغا كەلگەن ۋە 1983-يىلى ئامېرىكا گىراجدانلىقىغا كىرگەن بولۇپ، سايلىنىشتىن بۇرۇن يىغقان بايلىقىنىڭ قىممىتى 850 مىليون دوللار ئىكەن. ئۇنىڭ 2000-يىلىدىكى بىر يىللىق كىرىمى 31 مىليون دوللار بولۇپ، شتات ۋە دۆلەت بېجى ئۈچۈن 10 مىليون دوللار تاپشۇرۇپتۇ. ئاشۇنداق بايلىق بىلەن، ئۇنىڭ كالىفورنىيىدەك بىر چوڭ ۋە مۇرەككەپ شتاتقا رىقابەت ئىچىدە باشلىق

بولۇشىدىكى مەقسەت نېمە؟ مېنىڭچە ئۆز ئىقتىدارىنى نامايان قىلىشتىن باشقا نەرسە بولمىسا كېرەك.

3. ئۇيغۇر كارخانا ئىگىلىرى ئۆز بىلىمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئىقتىساد باشقۇرۇش ئىلمىدىكى ھەقىقىي كەسىپ ئەھلى بولۇشقا تىرىشىشى كېرەك.

ئۇيغۇر دىيارىدىكى كارخانا ئىگىلىرى مىكروسوفتنىڭ قۇرغۇچىسى بىل گېيتسنىڭ ھېكايىسىنى خېلى كۆپ ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن. بىل گېيتس ئامېرىكىنىڭ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا باكالاۋۇر ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا مەكتەپتىن چېقىپ كېتىپ، ئۆزى مىكروسوفت شىركىتىنى باشلىغان. ئامېرىكىدىكى داڭلىق تېز-تاماق رېستوران شىركىتىنىڭ بىرى بولغان «Denny's» نىڭ قۇرغۇچىسى دەننىي دېگەن كىشى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرەلمەي، شۇنىڭ بىلەن ئاشۇ شىركەتنى باشلىغانىكەن. بۇ كىشىنىڭمۇ ئامېرىكىدا خېلى داڭقى بار (ئۇ كىشى 2004-يىلى ئۆلۈپ كەتتى). لېكىن، يۇقىرىقىلار ئىگىلىك يارىتىش جەھەتتىكى مۆجىزىلەر بولۇپ، ئۇ ھەرگىز ئومۇمىيلىققا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. ئادەم بىر شىركەت ئېچىپ، پەقەت ئۆز تۇرمۇشىنى شۇ شىركەتتىن كىرىدىغان كىرىم بىلەن قامداشنى نىشان قىلسا، ئۇنى بىر ئوقۇمىغان كىشىمۇ قىلىپ كېتەلەيدۇ. بۇنىڭ مىسالى ئۇيغۇر دىيارىدا ئىنتايىن كۆپ. لېكىن، ئۆز ئىگىلىكىنى كېڭەيتىپ، بىر قانچە كىشىلىك كىچىك شىركەتتىن بىر قانچە يۈز كىشىلىك كىچىك شىركەتكە، نەچچە يۈز ۋە نەچچە مىڭ كىشىلىك ئوتتۇرا كۆلەملىك شىركەتكە، ھەتتا چوڭ كۆلەملىك شىركەتكە تەرەققىي قىلدۇرۇشى ئۈچۈن، چوقۇم ئىگىلىك باشقۇرۇش ساھەسىدىكى ئىلىم-پەننى ئۆگەنمىسە بولمايدۇ. مەن مۇشۇ سۆھبەتنىڭ بېشىدا، 50 ياشلارغا كىرگەن، بىر كارخانىسى بار قوشنىمىزنىڭ ھازىر ئالىي ماتېماتىكا دەرسلىرىنى تاللاپ ئوقۇۋاتقانلىقىنى تىلغا ئالغان ئىدىم. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئامېرىكىدىكى كارخانا ئىگىلىرىنىڭ بىر كەسپىي ساھەدە كەم دېگەندە بىردىن ئالىي مەكتەپ ئۇنۋانى بولۇپلا قالماي، «ئىگىلىك باشقۇرۇش» كەسپىدە بىردىن ماگىستىرلىق ئۇنۋانى بار. نەچچە يۈز كىشىلىك شىركەت خادىملىرى بار شىركەتلەردە بولسا، بۇنداق ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپىدە ئۇنۋانى بارلاردىن بىر قانچىسى بولىدۇ. شۇڭا ئامېرىكىدىكى ھەممە ئالىي مەكتەپلەردە «ئىگىلىك باشقۇرۇش» (ئىنگلىزچە «Management and Business Administration» بولۇپ، قىسقارتىلىپ «MBA» دەپ ئاتىلىدۇ) كەسپى بار بولۇپلا قالماي، پەقەتلا MBA ئۇنۋانى بېرىدىغان كىچىك تىپتىكى ئالىي مەكتەپلەرمۇ ئىنتايىن كۆپ.

نەگىلا بارسىڭىز بۇنداق مەكتەپلەرنى ئۇچرىتىپ تۇرىسىز. بۇ كەسىپ ئىشلەۋېتىپ ئوقۇۋېدىغانلار ئۈچۈن لايىھىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ دەرسلىرى ئاساسەن ئاخشىمى ۋە شەنبە-يەكشەنبە دەم ئېلىش كۈنلىرى ئۆتۈلىدۇ. شۇڭا كىشىلەر بىر تەرەپتىن پۈتۈن كۈنلۈك خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇيدۇ. كارخانا ئىگىلىرى بىلىم ئارقىلىق ئۆزلىرىگە يېڭى پۇرسەت يارىتالايدۇ. بىلىم ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ رىقابەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرەلەيدۇ. رىقابەت مېخانىزمى ئۈزلۈكسىز كۈچىيىۋاتقان جۇڭگو جەمئىيىتىدە ھەمدە ھەممە ئىگىلىك ئىنتايىن كەسكىن رىقابەت ئىچىدە راۋاجلىنىدىغان چەت ئەللەردە پۈت تىرەپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇيغۇر كارخانا ئىگىلىرى چوقۇم ئىگىلىك باشقۇرۇش ساھەسىدىكى يېڭى بىلىملەر بىلەن ئۆزلىرىنى ئۈزلۈكسىز ۋە تولۇق قوراللاندۇرۇپ تۇرۇشى كېرەك. بۇ ئىش دەسلەپتە بىر خىل ئىسراپچىلىقتەك تۇيۇلۇشى مۇمكىن. ئادەمنى جەلپ قىلالماي، زېرىكتۈرۈپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن، ئۇزۇن مۇددەتنى كۆزدە تۇتقاندا، بۇ بىر قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتمەي ئىلاج يوق. تەرەققىي قىلغان جەمئىيەت ۋە مىللەتلەر بىلەن رىقابەتلىشىش، ئۇلارنىڭ بازىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، چوقۇم ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بىلىم، ئىقتىدار ۋە تېخنىكا جەھەتتە ھېچ بولمىغاندا چوقۇم باشقىلارغا يېتىشىۋېلىش، مۇمكىن بولسا ئۇلاردىن ئېشىپ چۈشۈش كېرەك. ئۆز سودا-سېتىقىنى باشقا جايغا، باشقا رايونغا ۋە چەت ئەلگە كېڭەيتىشتە بۇنىڭدىن باشقا يول يوق. ئىگىلىك باشقۇرۇش ساھەسىدە بىلىم ئېلىش ئۈچۈن چوقۇم بىر ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئېلىش شەرت ئەمەس. دەسلەپتە ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپىي ساھەسىدە ئالىي مەكتەپ دەرسىدىن بىرنى تاللاپ ئوقۇشتىن باشلىسىڭىزمۇ پۈتۈنلەي بولىدۇ. مېنىڭچە، بىر قانچە يىللىق ئەمەلىي تەجرىبىلەرگە ئۇيغۇر كارخانا ئىگىلىرى ئۈچۈن ئىگىلىك باشقۇرۇش ساھەسىدىكى ئالىي مەكتەپ دەرسلىرىنى ئۆگىنىش ئۇنچىۋالا تەس توختاپ كەتمەيدۇ. مەن ئىشىنىمەنكى، ئەگەر ئاشۇنداق قىلسىڭىز، ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى بىر دەمدىلا كۆرىسىز. ئاشۇنداق بىر دەرسنى تاللاپ ئۆزىڭىزنى سىناپ بېقىپ، بۇنداق ئوقۇشنى سىزنىڭ ئېلىپ كېتەلەيدىغانلىقىڭىزغا كۆزىڭىز يەتسە، سىز يەنە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئوقۇسىڭىز، ھەمدە مۇمكىن بولسا ئاخىرىدا MBA دە ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئېلىۋالسىڭىز ئۆزىڭىز ئۈچۈن چەكسىز پايدىسى بولىدۇ. ئۇيغۇر دىيارىدا ھازىر بۇ جەھەتتىكى ئوقۇتۇش ئىشلىرى قانچىلىك تەرەققىي قىلدى، بۇنىسى ماڭا مەلۇم ئەمەس. ئەگەر ئۇنداق ئىشلار ھازىرچە يوق بولسا، پات ئارىدا بار بولۇشى مۇمكىن.

ئانچە تەرەققىي قىلمىغان بولسا، بۇنىڭدىن كېيىن تېز تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن. چۈنكى، بۇ ھازىرقى دۇنيانىڭ مۇقەررەر تەرەققىيات يۆزلىنىشى بولۇپ، شىجائەتلىك ئۇيغۇر كارخانا ئىگىلىرىمۇ مۇقەررەر ھالدا بۇ ئېقىمنىڭ ئىچىگە تارتىلىپ كىرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

4. ئىجتىمائىي ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ئۆزى ئۈچۈن توختىماي يېڭى خېرىدار تېپىش كېرەك. مەن يۇقىرىدا بايان قىلغان، ئامېرىكىدىكى شىركەتلەرنىڭ سودا-سېتىق ۋە تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ يەنە بىر ۋەزىپىسى ئۆز شىركىتىنىڭ خېرىدارى بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى بولغان باشقا شىركەتلەرنى توختىماي ئىزدەش ۋە ئۇ شىركەتلەردىكى مۇناسىۋەتلىك ئەمەلدارلار بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلارغا يېقىنلىشىپ، ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆزىنىڭ خېرىدارلار قوشۇنىغا كىرگۈزۈۋېلىش. سىز باشقىلارغا ئۆزىڭىزنىڭ مەھسۇلاتىنى سېتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن باشقىلارنى ئۆزىڭىزنىڭ مەھسۇلاتىدىن خەۋەردار قىلىشىڭىز كېرەك. خېرىدارلار بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىش ۋە ئۇلار بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەت ئورنىتىش مانا بۇنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىنىڭ بىرىدۇر. يېقىنقى 5-10 يىلنىڭ مابەينىدە جۇڭگونىڭ شاڭخەي ۋە شېنجېن رايونلىرى ئامېرىكىدىكى مىڭلىغان سودا ۋە ئىشلەپچىقىرىش شىركەتلىرىنى ئۆزلىرىگە جەلپ قىلىپ، ئۆز مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئامېرىكا بازىرىنى پۈتۈنلەي ئىگىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو ھازىر خەلقئارادا «دۇنيانىڭ ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. مېنىڭچە جۇڭگو شىركەتلىرىنىڭ مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتە ئىشلەتكەن ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى، ئۇلارنىڭ ئامېرىكا شىركەتلىرى بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنى ئۆز مەھسۇلاتلىرىنىڭ يۇقىرى سۈپىتى ۋە تۆۋەن تەننەرخىگە ۋە ئۆز شىركەتلىرىنىڭ تېخنىكا جەھەتتىكى مۇكەممەللىكىگە، ئۆزلىرىنىڭ ئىشچىلار قوشۇنىنىڭ خىللىقىغا ئىشەندۈرگەنلىكى بولۇشى مۇمكىن. جۇڭگو ماللىرىنىڭ مۇشۇنداق يوللار بىلەن ئامېرىكا بازىرىغا كەڭ دائىرىدە چوڭقۇرلاپ كىرىشى نەتىجىسىدە، ھازىر ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان يىللىق سودىسىنىڭ قىزىل رەقىمى 50 مىليارد دوللاردىن يۇقىرى بولۇۋاتىدۇ.

ئاخىرىدا، مەن جۇڭگودىكى چوڭ شىركەتلەرنىڭ ئامېرىكا بازىرىنى خەلقئارالىق بازارلارنى ئىگىلەش جەھەتتە قوللىنىۋاتقان يەنە بىر ئۇسۇلى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلاي. مەن بۇلارنى يۇقىرىدا تىزغانلىرىمنىڭ بەشىنچىسى قىلىپ

تىزمىدىم. سەۋەبى، بۇ ئۇسۇل جۇڭگودىكى ئىقتىسادىي كۈچى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان ئەڭ چوڭ كارخانىلارنىڭ قوللىنىۋاتقان ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر كارخانىلىرىغا هازىرچە ئۇيغۇن كەلمەسلىكى مۇمكىن. يېقىنقى بىر قانچە يىلنىڭ مابەينىدە، جۇڭگودىكى بىر قىسىم كارخانىلار ئامېرىكىدىكى ئۆزلىرىنىڭ بىلەن ئوخشاش مەهسۇلاتنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان، خەلقئارالىق بازار ئاساسى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان بەزى شىركەتلەرنى سېتىۋېلىپ، ئۆز مەهسۇلاتلىرىنى شۇلارنىڭ نامى بىلەن سېتىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ خەلقئارالىق بازارلاردىكى ئورنىنى تىكلىمەكچى بولۇۋاتىدۇ. تۆۋەندىكىلەر مانا مۇشۇنداق بىر ئىقتىسادىي ئىستراتېگىيە ۋە ئىقتىسادىي پائالىيەتنىڭ بىر قانچە مىساللىرىدۇر:

(1) جۇڭگو دۆلەت ئىگىلىكىدىكى «خەيئېر گۇرۇھى» ئامېرىكىنىڭ داڭلىق ئۆي ئىچى ئېلېكترونلۇق بۇيۇملىرى (مەسىلەن، مۇزلاتقۇ، مىكرو-دولقۇن دۇخوپكىسى قاتارلىقلار) نى ئىشلەپچىقىرىش شىركىتى بولغان «Maytag» نى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا 1.28 مىليارد دوللار باها قويدى.

(2) جۇڭگونىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى CNOOC نېفىت شىركىتى ئامېرىكىنىڭ «Unocal» نېفىت شىركىتىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئامېرىكىنىڭ يەنە بىر نېفىت شىركىتى «Chevron» بىلەن رىقابەتلىشىۋاتىدۇ. جۇڭگونىڭ قويغان باهاسى Chevron نىڭكىدىن 2 مىليارد دوللار ئەتراپىدا يۇقىرى بولۇپ، هازىر بۇ ئىش ئامېرىكىدا ئىنتايىن چوڭ غۇلغۇلا قوزغاۋاتىدۇ. سەۋەبى، نېفىت بىر دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيىلىك تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بىر ئىش بولغاچقا، بەزى كىشىلەر «جۇڭگو مۇشۇ ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ نېفىت بازىرىنى كونترول قىلماقچى» دەپ قاراۋاتىدۇ.

(3) 2005-يىلى ئەتىيازدا، جۇڭگونىڭ مەملىكەتلىك دېڭىز نېفىت شىركىتى كانادادىكى «MEG ئېنېرگىيىسى» ناملىق شىركىتىنىڭ 17 پىرسەنتىنى سېتىۋالدى. جۇڭگونىڭ يەنە بىر دۆلەت ئىگىلىكىدىكى نېفىت شىركىتى كانادانىڭ ئالبېرتا رايونىنىڭ قۇملۇقىدىكى بىر نېفىت پروجېكتىنىڭ 40 پىرسەنتىنى سېتىۋالدى.

(4) 2004-يىلى دېكابىردا، جۇڭگونىڭ «Lenovo گۇرۇھى» (لېيەنشياڭ گۇرۇھى) IBM نىڭ خۇسۇسىي كومپيۇتېر تارمىقىنى سېتىۋالدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

(5) 2004-يىلى، جۇڭگونىڭ «TCL گۇرۇھى» ئۆزىنىڭ تېلېۋىزور بىلەن DVD ئىگىلىكىنى فرانسىيە «Thomson» شىركىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، «RCA»

ماركسى بىلەن تېلېۋىزور ياسايدىغان دۇنيانىڭ ئەڭ ئالدىنقى تېلېۋىزور شىركىتىنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

(6) 2002-يىلى، جۇڭگونىڭ «Netcom خەۋەرلىشىش گۇرۇھى» ئامېرىكىنىڭ «Global Crossing» دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ تېلىق خەۋەرلىشىش شىركىتىنىڭ ئاسىيا تارمىقىنى بىر مىليارد دوللار پۇلغا سېتىۋالدى.

**3-سوئال: سىزچە، بىر مىللەت قۇدرەت تېپىشتا ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي ساھەدە ئۆزىنى نامايان قىلىشى كېرەكمۇ؟ ناۋادا شۇنداق بولسا، قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەكسىچە بولسىچۇ؟**

جاۋاب: ئەگەر بىز يېقىنقى زامان خەلقئارا تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بىر مىللەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى مۇنداق 2 خىل ۋاستىدىن پايدىلىنىپ ئىشقا ئاشۇرۇلغانلىقىنى كۆرەلەيمىز: بىرىنچىسى، ھەربىي كۈچنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق باشقا مىللەت، رايون ۋە دۆلەتلەرنى بېسىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ بايلىقىنى تالان-تاراج قىلىش ئارقىلىق قۇدرەت تېپىش. ئىككىنچىسى بولسا، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش. 1815-يىلى ناپولېئون ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ، 1914-يىلى 1-دۇنيا ئۇرۇشى پارتىلىغۇچە بولغان 100 يىل ۋاقىت جەريانىدا، ئەنگلىيە دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچ بولۇش رولىنى ئوينىدى. ئۇنىڭ تايانغىنى ئۆزىنىڭ تەرەققىي تاپقان، قۇدرەتلىك دېڭىز ئارمىيە قوشۇنى بولۇپ، ئۇ ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ يەر شارىدىكى قۇرۇقلۇق يەر زېمىنىنىڭ 1/4 قىسمىنى ۋە دۇنيا ئاھالىسىنىڭ 1/5 قىسمىنى بېسىۋالدى. ئۇنىڭ بېسىۋالغان دۆلەت ۋە رايونلىرى شىمالىي ئامېرىكا، كارىببىن، ھىندىستان، ئاۋستىرالىيە، ئافرىقا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە گېرمانىيە بىلەن ياپونىيە بىرلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچىدىن پايدىلىنىپ دۇنيانىڭ نۇرغۇن يەرلىرىنى بېسىۋېلىپ، شۇ ئارقىلىق دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئۇرۇندى. ئۇلار بۇ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدى، خەلقئارا جەمئىيەت ئۇلارنىڭ ھەربىي تەرەققىياتىغا چەكلىمە قويدى، ئۇلار يۇقىرىقىدەك قورالغا تايىنىپ دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش مەقسىتىگە يېتەلمىگەندىن كېيىن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان 2-يولنى:

ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق قۇدرەت تېپىپ، شۇ ئارقىلىق دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى تاللىدى. ھەممىمىزنىڭ ھازىر كۆرۈپ تۇرغىنىدەك، ئۇلار بۇ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ھازىر بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەر ئىككىلىسى دۇنيا ئىقتىسادىدىكى زور كۈچلەرنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ، دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە ئىنتايىن چوڭ تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ ياپونىيە ئۆزىنىڭ زېمىنىدا ھېچقانداق تەبىئىي بايلىقى يوق بىر كىچىك ئارال دۆلەت بولۇشىغا قارىماي، دۇنيا ئىقتىسادىدا پەقەت ئامېرىكىدىن كېيىنكى 2-ئورۇندا تۇرىدىغان بىر قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلاندى. شۇڭا ياپون مىللىتى ئىقتىسادىي ساھەدە ئۆزىنى نامايان قىلىش ئارقىلىق دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك مىللەتكە ئايلانغانلارنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالى بولالايدۇ.

سەۋەب-نەتىجە نۇقتىئىنەزىرى بويىچە ئېيتقاندا، يۇقىرىدا مەن ھەربىي كۈچ بىلەن ئىقتىسادىي كۈچنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى سەۋەب، مىللەتنى قۇدرەت تاپتۇرۇشنى نەتىجە قىلىپ تەسۋىرلىدىم. ئەمەلىيەتتە، بۇ سەۋەبلەرنى يەنە بىر سەۋەبنىڭ نەتىجىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. يەنى مەيلى ئەنگلىيە بولسۇن، ياپونىيە بولسۇن ياكى گېرمانىيە بولسۇن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي كۈچى بىلەن ئىقتىسادىي كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا تايانغان ۋاسىتىسى مائارىپ ۋە پەن-تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتۇر. شۇڭا، بىر قەدەم ئارقىغا يېنىپ قارايدىغان بولساق، مائارىپ ۋە پەن-تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سەۋەب، ئۇلارغا تايىنىپ ھەربىي كۈچ بىلەن ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق مىللەتنى قۇدرەت تاپتۇرۇش بولسا نەتىجە بولىدۇ. بۇ جەھەتتىكى ئەڭ روشەن مىسال ياپونىيەدۇر. گەرچە ياپونىيە 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، 1945-يىلىغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ پۈتۈن خەلق مائارىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولغىنىغا 100 يىل بولغان ئىدى. شۇڭا، گەرچە 1940-يىللىرى توكيو ئامېرىكىنىڭ ئايروپىلان بىلەن بومباردىمان قىلىشى نەتىجىسىدە تۈپتۈز بولۇپ كەتكەن، پۈتۈن ياپون دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادى ئۆزۈل-كېسىل نابۇت بولغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ مائارىپ ۋە پەن-تېخنىكا ئاساسى ناھايىتى ياخشى بولغاچقا، ياپون مىللىتى كېيىنكى 20-30 يىلنىڭ ئىچىدىلا بىر غايەت زور ئىقتىسادىي كۈچ بولۇپ دۇنيا مىقياسىدا قەد كۆتۈردى. ئەگەر ياپونىيىنىڭ مائارىپ ئاساسى بولمىغان بولسا، بۇنداق بىر مۆجىزىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ناپولېئون بىر چاغدا مۇنداق بىر مەشھۇر سۆزنى قىلغانىكەن: «جۇڭگو بىر

ئۇخلاۋاتقان دىۋە (غايەت زور ئادەم). بىز ئۇنىڭ يېتىپ ئۇخلىشىغا يول قويايلى. ئۇنداق قىلماي ئۇ ئويغىنىپ كەتسە، ئۇ دۇنيانى ھەيران قالدۇرىدۇ». بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ دىۋە ھازىر ئاللىقاچان ئويغىنىپ بولدى. جۇڭگو دەسلەپتە سودىدا، كېيىن تېخنىكىدا، ھازىر بولسا ھەربىي كۈچ جەھەتتە قەد كۆتۈردى. ئەگەر سىز يېقىنقى جۇڭگو توغرىسىدىكى خەۋەر-ھېكايە، باش ماقالە ۋە ھەر خىل تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىنى كۆرۈپ چىقسىڭىز، تۆۋەندىكىدەك سۆز-ئىبارىلەرنى ئۇچرىتىشىڭىز مۇمكىن:

ھازىر دۇنيا مىقياسىدا چوڭ كۈچنىڭ يۆتكىلىشى بولۇۋاتىدۇ.

جۇڭگو ئەڭ روشەن ئۆسۈۋاتقان كۈچتۇر.

جۇڭگو تېز تەرەققىي قىلىپ دۇنياۋى ئىقتىسادىي كۈچكە ئايلانماقتا.

جۇڭگو ئاللىقاچان رايون خاراكتېرلىك دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچكە ئايلىنىپ بولدى، ھەمدە ھازىر دۇنياۋى كۈچكە ئايلىنىشقا قاراپ مېڭىۋاتىدۇ.

جۇڭگو 21-ئەسىرنىڭ ئەڭ كۈچلۈك دۆلىتى.

جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان بىر بەلگە شۇكى، جۇڭگو يېقىندا كۈنىگە 5 مىليون تۇڭ (ئىنگلىزچە «barrel») ماي ئىستېمال قىلىدىغان ئىقتىسادتىن كۈنىگە 8 مىليون تۇڭ ماي ئىستېمال قىلىدىغان ئىقتىسادقا سەكرىدى. بەزى ئانالىزچىلارنىڭ پەرىزىچە، 2010-يىلىغا بارغاندا، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى گېرمانىيىنىڭكىدىن بىر ھەسسە يۇقىرى بولۇشى ھەمدە 2020-يىلىغا بارغاندا ياپونىيىنى بېسىپ چۈشۈشى مۇمكىن.

بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ھازىر شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى بىرلەشمىسى (SJADB) پۇلنى بىرلىككە كەلتۈرۈش توغرىسىدا ناھايىتى جىددىي ئويلىشىۋېتىپتۇ. ئەگەر بۇ ئىش ۋۇجۇدقا چىقىپ قالسا، ئۇ دۇنيا ئىقتىسادىغا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان ياۋروپا پۇلى (ياۋرو) ئامېرىكا دوللىرى بىلەن رىقابەتلىشىۋاتىدۇ. ئەگەر پۈتۈن ئاسىيادا پەقەت بىرلا پۇل يولغا قويۇلسا، ئۇمۇ دوللار بىلەن رىقابەتلىشىدۇ. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، ياۋروپا بىرلىكى 1980-يىلىدىن باشلاپ SJADB نىڭ سودا شېرىكى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. يالغۇز ئىقتىسادىي جەھەتتىلا ئەمەس، ياۋروپا بىرلىكى ھەربىي جەھەتتىمۇ جۇڭگوغا يېقىندىن ياردەم بېرىپ كېلىۋاتىدۇ.

بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ياۋروپا بىرلىكىنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى مەقسىتى، ئامېرىكىنىڭ بۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچ بولۇشىغا يول قويماسلىق ئۈچۈندۇر.

جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، يېقىندىن بۇيان ئۇيغۇرلار ئىچىدىنمۇ سودا دۇكىنى ۋە سانائەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەپ چىقىرىش كارخانىلىرىنى قۇرۇپ ماڭىدۇرۇۋاتقانلار خېلى كۆپىيىشكە باشلاپتۇ. مەن ئالدىنقى بىر يىل ئىچىدە ئاشۇنداق كارخانا قۇرغۇچىلارنىڭ بىر قانچىسى بىلەن تونۇشتۇم ھەمدە ئۇلاردىن ئىنتايىن پەخىرلەندىم. لېكىن، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، كارخانا قۇرۇپ، يېڭى ئىگىلىك يارىتىش جەھەتتە بىز ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئارقىدا. ئۇزۇن تارىختىن بۇيان، شۇنداقلا 20-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىمۇ ئۇيغۇرلار جۇڭگودىكى بىر سودىغا ئىنتايىن ماھىر، سودا قىلىش ئىقتىدارى ئىنتايىن مول مىللەت سۈپىتىدە ياشاپ كەلگەنىدى. لېكىن، يېقىنقى 5-10 يىلنىڭ مابەينىدە، ئۇيغۇرلار سودا-سېتىق، قول سانائىتى ۋە كارخانا قۇرۇپ، يېڭى ئىگىلىك يارىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە باشقا مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ خەنزۇلارنىڭ كۆپ ئارقىسىدا قالدى. ھازىرقى ۋەزىيەت ئادەمنى بەك ئېچىندۇرىدۇ. مېنىڭچە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇنداق بىر ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىنىڭ مۇنداق بىر قانچە تۈرلۈك سەۋەبى بار:

بىرىنچىدىن، جۇڭگودا قانۇن-تۈزۈملەرنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ مۇۋاپىق ئىجرا قىلىنىشى تېخى مۇكەممەللىشىپ بولالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئوخشىمىغان ئادەملەر ۋە ئوخشىمىغان مىللەتلەر خىزمەت تېپىش جەھەتتە ۋە ئىقتىسادىي پۇرسەت ئالدىدا باراۋەر بولالمايۋاتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بولغان زىيىنى ئەڭ كۆپ بولۇۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئەڭ تىپىك بىر مىسالى، ئۇيغۇر دىيارىدا ۋە ئىچكىرىكى ئۆلكىلەردە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ خىزمەتسىز قېلىۋاتقانلىقىدۇر. بىر ياشنى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگۈچە ئوقۇتۇش ئۈچۈن، دۆلەت ئىنتايىن كۆپ پۇل سەرپ قىلىدۇ. بۇ كەلگۈسىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن سېلىنغان بىر خىل مەبلەغ بولۇپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئۆز كەسپىي ساھەسىدە ئۆز ئىقتىدارىغا لايىق خىزمەت تېپىپ ئىشلىگەندىلا، ئاندىن بۇ مەبلەغنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىنى، ئۇنىڭ پايدىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ياشلارنى ئوقۇتۇپ قويۇپ، ئۇلارغا مۇۋاپىق خىزمەت تېپىپ ئىشلەش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىلمىسە، بۇ بىر چوڭ ئىقتىسادىي ئىسراپچىلىق بولىدۇ. بۇنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ساقلاشقا بولغان زىيىنىمۇ ئېغىر بولىدۇ. ھازىرقى

ئېچىنىشلىق ئەھۋال شۇكى، نۇرغۇن ئۇيغۇر ياشلىرى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن خىزمەت تاپالماي، نورمال ھايات كەچۈرۈش ۋاستىسىدىنمۇ قۇرۇق قالغىلى تۇرۇپتۇ. مېنىڭ ئۇلارغا ئىنتايىن چوڭقۇر ھېسداشلىقىم بار. ياش 22 دىن ئاشقاندىن كېيىنمۇ ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن ئاتا-ئانىغا تايىنىش، روھىي جەھەتتە ئىنتايىن ئازابلىنارلىق ئىش. شۇڭا خىزمەت پۇرسىتى جەھەتتىكى تەڭسىزلىكنى تېزدىن يوقىتىش كېرەك. 80-يىللاردا جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىش ۋە خىزمەتكە ئېرىشىش جەھەتتە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېتىبار قىلاتتى. ئەمدىلىكتە بولسا، خىزمەت تېپىش جەھەتتە ئۇيغۇر ياشلىرى چەتكە قېقىلغىلى، كەمسىتىلگىلى تۇرۇپتۇ. بۇنداق بىر قۇتۇپتىن يەنە بىر قۇتۇپقا سەكرەش ھەر قانداق بىر جەمئىيەت ئۈچۈن مۇۋاپىق ئەمەس. بۇنى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بولۇپمۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرى جۇڭگونىڭ ھەر خىل قانۇن-پەرمانلىرى دائىرىسىدە ھەقىقىي ئەھۋالنى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا يەتكۈزۈشى، شۇ ئارقىلىق بىر قىسىم ئۈنۈملۈك تەدبىر ۋە يېڭى قانۇن-تۈزۈمنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئارقىلىق ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ دۆلەت ئۈچۈنمۇ، رايون ئۈچۈنمۇ ۋە شەخسىيلەر ئۈچۈنمۇ غايەت زور پايدىسى بار. ئامېرىكىدا بۇ دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى بار. ئامېرىكىنىڭ ئادەم تۈزۈلمىسى دۇنيا بويىچە ئەڭ مۇرەككەپ. كالىفورنىيىدە ھازىر مېكسىكىلىقلار نوپۇسنىڭ كۆپ سانلىقى بولۇپ قالدى. شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ، بۇ مىللەتلەر ئارىسىدا ھېچ قانداق مىللىي سۈركىلىش يوق. جەمئىيەت مۇقىمسىزلىقى دېگەن ئۇقۇم ئاساسەن مەۋجۇت ئەمەس. بۇنداق بولۇشتىكى تۈپ سەۋەب، ئامېرىكىدا ئادەم، مىللەت، دىن ۋە جىنسىي كەمسىتىشكە قارشى تۈزۈلگەن قانۇن ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ، بۇ قانۇنلارنىڭ ئىجرا قىلىنىشىمۇ ئىنتايىن قاتتىق. ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى پرېزىدېنتى بۇش بۇرۇن تېكساس شتاتىغا شتات باشلىقى بولۇپ تۇرۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ 18 ياشقا تولمىغان قىزى يېشىنى يوشۇرۇپ بىر ھاراق دۇكىنىدىن ھاراق ئالغانلىقى ئۈچۈن تۇتۇلۇپ قېلىپ، تۈرمىدە نەچچە ئاي يېتىپ چىققان (ئامېرىكىدا 18 ياشقا تولمىغان بىر كىشىنىڭ ھاراق ئىستېمال قىلىشى قانۇنغا خىلاپ). مېنىڭچە ئامېرىكىنىڭ كۆپ مىللەتلىك بىر جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشتىكى يۇقىرىقىدەك تۈزۈمى جۇڭگوغىمۇ ئىنتايىن مۇۋاپىق كېلىدۇ.

ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ھازىرقى ئىشسىزلىق ھالىتىگە ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلىدىغان ئەمەلدارلار بۇ ئەھۋالنى چوقۇم تۈزۈم ۋە قانۇن جەھەتتىن ھەل قىلىشقا

تىرىشىشى كېرەك. بۇنداق قىلىش جۇڭگونىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ماددىي ۋە مەنىۋى تەرەققىيات ئېھتىياجى ۋە مەنپەئەتى بىلەن پۈتۈنلەي بىردەك.

ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇر خەلقى ئۇزۇن مۇددەتلىك بىر دەۋر ئىچىدە، يېرى كەڭ، ۋە بايلىقى مول بىر مۇھىتتا ياشاپ كەلگەن. 1950-يىلىدىن بۇرۇنقى بىر تىپىك ئۇيغۇرنىڭ تۇرمۇشىغا قاراپ باقىدىغان بولساق، ئۇنىڭ بىر كەڭرى ئۆيى، ئۆيىنىڭ ئۆپچۆرىسىدە ھەر خىل يېمىشلەر بىلەن تولغان بىر بېغى، كەڭرى كەتكەن، ئاشلىق تېرىغىلى بولىدىغان يېرى ۋە بىر توپ مېلى بار بولغان.

كۆپىنچە دېھقانلارنىڭ بىردىن ئاشلىق ئىسكىلاتىمۇ بولغان. ئۇيغۇرلاردا ھېچ قانداق سانائەت مەۋجۇت بولمىغان بولسىمۇ، ئاشلىق ۋە باشقا يېمەكلىك ئىنتايىن كەڭرى بولغان. 50-يىللاردىن كېيىنمۇ بۇ خىل ئەھۋال ھېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل داۋام ئەتكەندى. مەن كىچىك ۋاقتىمدا، مەن ياشىغان ئاقسۇدا ھېچكىم تۇخۇمنى ۋە يەل-يېمىشنى ساتالمايتتى. ئۆستەڭدىكى بېلىقلارنى ھېچكىم تۇتمايتتى. مەن 6-7 ياشلاردىكى ۋاقتىمدا ئاقسۇنىڭ ئارال يېزىسىدىكى بىر ئۆستەڭگە ياز كۈنلىرى كۆپ سۇغا چۈشكەن بولۇپ، بەزىدە سۇدا جىم تۇرۇۋالساق، ھەر چوڭ بېلىقلار كېلىپ، يەيدىغان نەرسە ئوخشايدۇ، دەپ ئۇلار پۇتىمىزنى چىشلەشكە ئۇرۇناتتى.

پۇتىمىز بۇنىڭغا ئازراقمۇ ئاغرىمايتتى. كۆڭۈللۈك بولغاچقا، بىز داۋاملىق ئۆزىمىزنى بېلىقلارغا چىشلىتىپ ئوينايتتۇق. تونۇمايدىغان ئادەملەرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئىسراپ قىلمىغان ئاساستا ئۇلارنىڭ بېغىدىكى يېمىشنى يېسەك، ئۇلار ئىنتايىن خوش بولۇپ كېتەتتى. قىسقىسى، ئۇ چاغلاردا مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر ئۇچۇن ياشاشقا كېرەكلىك بولغان ئەڭ مۇھىم نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىدىن تېپىلىدىغان بولۇپ، ئۇنچىۋالا جاپا چەكمىسىمۇ، ھېچكىم بىلەن رىقابەتلەشمىسىمۇ، تاشقى دۇنيا بىلەن ھېچقانداق ئالاقە قىلمىسىمۇ بىمالال ياشاپ ماڭالايتتى. بۇ خىل ئەھۋال ئۇيغۇرلاردا يېتىشتۇرگەن بىر مىجەز ئادەملەرنىڭ ھۇرۇنلۇقىدۇر. يېگى مۇھىتقا ماسلىشىش ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىكىدۇر. جاپاغا چىداپ بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئىرادىسىنىڭ كەمچىللىكىدۇر. مانا بۇ ئۇيغۇرلار ئۇچۇن ياخشى ئىش يامان ئىشقا ئايلانغان بىر ئەمەلىيەت.

80-يىللاردا ئىچكىرىكى ئۆلكىلەردىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىر قىسمى شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، شىنجاڭغا ياردەم قىلىش تەرىقىسىدە بىر سىنىپتىن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلدى. لېكىن، ئارىلىقتا ئۇزۇن ئۆتمەي، «تۇرمۇشقا كۆنەلمىدۇق» دەپ، بۇ

ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە بولغان تەلپىنىڭ ئاخىرى ئۈزۈلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەكتەپلەر بارا-بارا شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلاردىن زېرىكىپ، كېيىنچە ئۇلارغا بىرەر سىنىپ ئوقۇغۇچى ئالدۇرۇش ئىنتايىن مۇشكۈل ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. ئادەم ئويدان ئويلاپ بېقىشى كېرەك. كىم كىمگە قەرزدار؟ كىم كىمگە ياخشىلىق قىلىۋاتىدۇ؟ ئىچكىرىكى ئۆلكىلەرگە تاماق يېگىلى، ئۇخلىغىلى بارمىغاندىكىن، بىر قانچە يىل جاپا چەكسىڭىزمۇ، ئۆگىنىدىغانىنى ئويدان ئۆگىنىۋېلىپ، ئۆز تەقدىرىڭىزنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشسىڭىز بولمامدۇ؟

90-يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئامېرىكىنىڭ سان فرانسىسكو شەھىرىگە شىنجاڭدىن بىر 8 كىشىلىك ئۆمەك كېلىپتۇ. بۇ 8 ئادەمنىڭ يەتتىسى خەنزۇ بولۇپ، پەقەت بىرسى ئۇيغۇر ئىكەن. بىز بۇ ئۇيغۇرنى بىر ئاز تونۇيدىكەنمىز. بىر تونۇشىمىزدىن ئۇ كىشىنىڭ تاماق جەھەتتە ئىنتايىن قىينالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇلار سان فرانسىسكو غا كېلىپ، 3 كۈن بولغاندا، ئۆيدە پولۇ ۋە مانتا ئېتىپ، 130 كىلومېتىر يول يۈرۈپ، ئۇ ئۇيغۇرنى يوقلاپ باردۇق. ئۇ كىشى ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بىزگە ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇ كىشى تاماقتا قىينالغانلىقى ئۈچۈن، ئامېرىكىدىكى ئېكسكۇرسىيىنىڭ قالغىنىدىن ۋاز كېچىپ، سان فرانسىسكودىنلا ۋەتەنگە قايتىپ كېتىش ئۈچۈن ئۆمەك باشلىقىغا ئىلتىماس سۇنۇپتۇ. شىنجاڭدىن 8 كىشىلىك ئۆمەك ئامېرىكىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا بىر ئۇيغۇرنى قوشۇپ قويسا، بۇ ئۇيغۇر تاماقتا كۈنەلمىدىم، دەپ 3 كۈندىن كېيىن كېتىمەن دەپ تۇرۇۋالسا، ھەي، بىز ئۇيغۇرلار نېمە بولۇپ كەتتۇق؟ بۇنداق قىلساڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكىغا كېلىدىغان ئۆمەككە ئۇيغۇر قوشامدۇ؟ بىر قانچە ھەپتە يېرىم قورساق يۈرسەڭ، ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەن ئايالىڭنىڭ مەززىلىك تامىقىنى يېيەلمىسەڭ نېمە بوپتۇ؟ ئۆلۈپ قالمايتتىڭغۇ؟ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئامېرىكىغا ئېكسكۇرسىيىگە كېلىش پۇرسىتى قانچىلىك تەسكە توختايدۇ، بىلەمسەن؟ كېيىنكىلەرنىمۇ ئويلاپ قويغان بولساڭ بولماسمىدى؟ مۇشۇ يازغانلىرىمدىن، مېنىڭ ئەينى ۋاقىتتا قانداق ھېسسىياتتا بولغانلىقىمنى ھەر بىر ئوقۇرمەن ئويدان تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ.

ئادەم تاماق يېيىش ئۈچۈن ياشىمايدۇ، ياشاش ئۈچۈن تاماق يەيدۇ. ئادەم ئۇخلاش ئۈچۈن ياشىمايدۇ، ياشاش ئۈچۈن ئۇخلايدۇ. ھازىر زامان ئۆزگەردى. جاھان ئۆزگەردى. كونا كۈنلەر كەلمەسكە كەتتى. بۇرۇن بىر ئادەمگە 10 نان توغرا كەلگەن بولسا، ھازىر 10 ئادەم بىر ناننى تالىشىپ يېمىسە بولمايدىغان بىر جاھان ۋۇجۇدقا كەلدى. سەن نەگە بارساڭ، ئۆزۈڭ كۈنگەن تۇرمۇش شارائىتىنى ئۆزۈڭ بىلەن بىرگە

ئېلىپ بارالمايسەن. شۇڭا كۆزۈڭنى يېڭى ماكاندىكى تۇرمۇش شارائىتىغا تىكىۋالماي، سەن ئۇ يەرگە نېمىشقا كەلگەن، زېھنىڭنى شۇنىڭغا مەركەزلەشتۈرگىن. بۇ يېڭى ماكاندا ئېرىشىش مۇمكىنچىلىكى بولغان ھەممە بىلىمگە ۋە باشقا ھەممە نەرسىگە قاتتىق تىرىشىپ تولۇق ئېرىشىۋالغىن. بۇ جەرياندا يېيەلمىگەن تاماقلىرىڭنى يۇرتقا قايتىپ بارغاندىن يەنە تولۇقلىۋالالايسەن.

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى ئۆزگەرتىپ، مۇشۇ يېڭى زامانغا ماسلىشالايدىغان قىلىشى كېرەك. 80-يىللىرى جۇڭگودا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېتىبار بېرىلىدىغان ۋاقىتتا، مەن بىزنىڭ ياشلىرىمىزغا بۇنداق ئېتىبار بېرىشنىڭ شۇ ۋاقىتتا زۆرۈر ئىكەنلىكىنى، ئەمما ئۇ بىر شەرەپلىك ئىش ئەمەسلىكىنى، ئەكسىچە ئۇ بىر خىل نومۇس ئىكەنلىكىنى (ئادەم باشقىلار بىلەن ئىقتىدار جەھەتتە تەڭلىشەلمىگەندە، ئېتىبار بېرىلىشكە موھتاج بولىدۇ، شۇڭا بۇ بىر نومۇس.)، بىز تەدرىجىي ھالدا ئېتىبار بېرىلىش ئاستىدا ئەمەس، باشقىلار بىلەن رىقابەتلىشىپ ياشىيالايدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتقانىدىم. مانا ئەمدى ئۇيغۇرلار ئېتىبار بېرىلمەيدىغان بولۇپ قالدى. خىزمەت پۇرسىتى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات پۇرسىتى ئالدىدا باشقا مىللەتلەر بىلەن باراۋەرمۇ بولالمايدىغان بىر ئەھۋالدا ياشاشقا مەجبۇرى بولۇۋاتىدۇ. قانۇن ۋە تۈزۈمگە بېرىپ تاقىلىدىغان ئىشلاردا ئادەتتىكى پۇقرالار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ئادالەتلىك، راستچىل، ھەققانىيەتكە ئۇيغۇن پىكىر-تەلەپلىرىنىلا ئوتتۇرىغا قويالايدۇ. دۆلەت قانۇن-پەرمانلىرى دائىرىسى ئىچىدە بۇنداق ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئاساسەن ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا باغلىق. ھەر بىر ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ قىلالايدىغىنى، ھۇرۇنلۇقنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ، يېڭى ياشاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈپ، جاپا-مۇشەققەتكە باش ئەگمەي، باشقىلار بىلەن رىقابەتلىشىشتۇر.

يېقىنقى 4-5 يىل جەرياندا، ئەرزان ئەمگەك كۈچىدىن پايدىلىنىپ، كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئامېرىكىنىڭ نۇرغۇن سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ۋە يۇقىرى تېخنىكىلىق شىركەتلىرى ئۆز شىركىتىنى ياكى ئۆزىنىڭ بىر قىسىم ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى چەت ئەللەرگە يۆتكىدى. بۇنداق شىركەتلەر ئەڭ كۆپ يۆتكەلگەن دۆلەت جۇڭگو بولۇپ، ھازىر جۇڭگو خەلقئارادا «دۇنيا ئىشلەپچىقىرىش فابرىكىسى» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ قالدى. مۇشۇنداق ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم ئەمەلدارلار ھازىر يالغۇز بىر قىسىم خىزمەتلەرلا چەت ئەلگە يۆتكىلىپ قالماي، يۇقىرى دەرىجىلىك تېخنىكىمۇ چەت

ئەلگە چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، شۇڭا بۇ خىل يولنى توسۇش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. لېكىن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بولسا، «باشقىلار تارتىپ ئالالايدىغان تېخنىكىلارنى ئۇلار ئېلىۋەرسۇن. ئامېرىكىدىكى شىركەتلەر ھايات كەچۈرىمەن دەيدىكەن، چوقۇم باشقىلار دورىيالمايدىغان تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ يېتىلدۈرسۇن. ئەگەر بىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تېخنىكىمىزنىڭ چەتكە چىقىپ كېتىشىنى توسۇپ قويساق، ئامېرىكا شىركەتلىرى يېڭى تېخنىكىنى كۆپلەپ بەرپا قىلماي، تەدرىجىي ھالدا چەت ئەللەر بىلەن رىقابەتلىشەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ»، دېگەن كۆز قاراش بىلەن ھېلىقى يوللارنى قىلچە توسۇپ قويمىدى. بۇ ئەھۋال بىزگە نېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ؟ ئامېرىكىنى ئامېرىكا قىلغان زادى نېمە؟

ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزىنى نامايان قىلغان دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇلار يۇكسەك دەرىجىدە سانائەتلەشكەن ھەمدە ئۇلاردا ئىنژېنېرلار ئىنتايىن كۆپ. يەھۇدىي ئاھالىسىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى ئىنژېنېر ئىكەن. ياپون نوپۇسىنىڭ ئوندىن بىر قىسمى يولۇچىلار ماشىنىسى ئىشلەپچىقىرىدىغان سانائەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. گېرمانىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق باشقا تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرمۇ پۈتۈنلەي سانائەت دۆلەتلىرى. ئۇيغۇرلاردا بۇرۇن سانائەت ئاساسەن بولمىغان. ھازىرمۇ ئاساسەن يوق. ئۇيغۇرلار ياراتقان خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ ئىچىدە 1-ئورۇندا تۇرىدىغىنى ئاشخانا، 2-ئورۇندا تۇرىدىغىنى سودا-سېتىق بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئىگىلىكلەرگە زامانىۋى بىلىم ۋە زامانىۋى تېخنىكا كەتمەيدۇ. مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە ھازىرمۇ «زىيالىي» دېگەن ئۇقۇم ئىجتىمائىي پەنلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئۇيغۇرلاردا تەبىئىي پەنچىلەرمۇ تاكى 80-يىللارغىچە يوق دېيەرلىك ھالەتتە بولۇپ كەلدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە قەد كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۇيغۇرلار بۇ خىل ھالەتنى ئۆزگەرتىشى كېرەك. تەبىئىي پەندە ئوقۇشى كېرەك. ئىنژېنېر بولۇشى كېرەك. ئۇيغۇر زامانىۋى سانائەتنى يوقتىن بار قىلىشى كېرەك. بۇ بىر ئاسان ئىش ئەمەس. قىسقا مۇددەت ئىچىدە ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدىغان ئىشمۇ ئەمەس. شۇڭا، ئۇيغۇرلار بۇ ئىشقا ھازىردىن باشلاپ چوڭقۇر ئەھمىيەت بېرىپ، تارىخىي سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان ھۇرۇنلۇقىمىز تولۇق چۈشىنىپ، پۈتۈن مىللەت ئويغىنىپ، پۈتۈن مىللەت ھەرىكەتكە كېلىپ، رىقابەتتە ئۆز ئىچى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، باشقا مىللەتلەر بىلەنمۇ رىقابەتلىشەلەيدىغان شەرت-شارائىتنى ھازىرلىشىمىز كېرەك. شۇنداق

قىلغاندا، ئۇيغۇرلار ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلار دۇچ كەلگەن تەقدىرگە ئۇچراشتىن ساقلىنىپ قالالايدۇ.

**4-سوئال: سىز ھازىر ئىلىم-پەندە ئالەمگە يۈرۈش قىلىۋاتىسىز. ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلار بولسا ئاپىرىدە بولغان شۇ جايىنىڭ ئەسلى-ۋەسلىنى بىلمەس ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ. دېمەكچى، سىزنىڭ نەزىرىڭىزدىكى دۇنيا بىلەن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدىكى دۇنيا ھەققىدىكى قاراش قارىمۇ-قارشى. سىز بۇ ئوبيېكتىپ مەسىلىگە قانداق قارايسىز؟**

جاۋاب: ئامېرىكىلىق يازغۇچى ئالېكس ھالەي ئۆزىنىڭ «مىللەت يىلتىزى» (يۇرتىمىزدا بۇ رومان ئاساسىدا ئىشلەنگەن «يىلتىز» ناملىق كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان) دېگەن رومانىدا مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئۆزىنىڭ كىملىكىنى چۈشىنىدىغان ئادەم مەڭگۈ باشقىلارغا قۇل بولمايدۇ». بۇ بىر ئادەم ئۈچۈن شۇنداق. بىر مىللەت ئۈچۈنمۇ ھەم شۇنداق. مېنىڭچە يۇقىرىدىكى سوئالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلە ئۆز-ئۆزىمىزگە قانداق قاراش، ئۆز-ئۆزىمىزنى قانداق چۈشىنىش مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ.

1991-يىلى مەن يۇرتقا تۇغقان يوقلاپ بېرىپ، بىر كۈنى كەچتە رەھمەتلىك دادام ئىشلەيدىغان مەكتەپنىڭ ئىچىدە سەيلە قىلىپ مېڭىۋاتقاندا، مېنى تونۇيدىغان بىر ياش ئوقۇتقۇچىغا ئۇچراپ قالدىم. بۇ ئوقۇتقۇچى بىر ئاز ھاراق ئىچىۋالغان بولۇپ، مېنى كۆرۈپلا قولۇمنى مەھكەم تۇتۇپ، «بىر دەم پاراڭلىشايلى دەپ مېنى ياتىقىغا تارتىپ ماڭدى. مېنىڭ ۋاقتىم بەك قىس بولغاچقا، ئۇنىڭ ياتىقىغا كىرىشنى رەت قىلىپ، ئۇ يەرگە كىرمەسلىككە بىر ئاز تىرىشىپ باقتىم. لېكىن مەن ئۇتالمىدىم. ئۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ ياتىقىغا كىرگەندىن كېيىن، بىز بىر دەم ئۇ يەر، بۇ يەرلەردىن پاراڭلاشتۇق. ئاندىن، ئېھتىمال ھېلىقى ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن بولسا كېرەك، بۇ ئوقۇتقۇچى ماڭا تازا سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ماڭا ئېيتقان بىر قىسىم نەرسىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ دۇنيادا قانچىلىك ئۇلۇغ مىللەت ئىكەنلىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا تارىخىدىكى رولى نەقەدەر چوڭ بولغانلىقى، ھازىرمۇ ئۇنىڭغا ياپونىيە، ئامېرىكا قاتارلىق تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر نەقەدەر يۇقىرى باھا بېرىدىغانلىقى بولدى. بۇ ئوقۇتقۇچى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا مۇشۇ مەكتەپكە كەلگەن بولۇپ، بىرەر چەت ئەلگە چىقىپ باقمىغان ئىدى. مەن بولسام ئۇ ۋاقىتتا

ياپونىيىدە 2 يېرىم يىل، ئامېرىكىدا 3 يىل ياشاپ باققان بولسامۇ، بۇ ئوقۇتقۇچى ماڭا مەن ھېچ نېمىنى بىلمەيدىغاندەك مۇئامىلە قىلىپ، مېنىڭ سۆز قىلىشىمغىمۇ پۇرسەت بەرمەي، ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيادىكى ھازىرقى ئورنى ھەققىدە ماڭا بىر قېتىم دەرس ئۆتتى.

بۇ بىر ئايرىم ۋەقە بولسىمۇ، ئۇ ھازىر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان بىر قانچە مەسىلىلەرنى ناھايىتى گەۋدىلىك نامايان قىلىپ بېرىدۇ. بۇ مەسىلىنىڭ بىر قىسمى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. بىر قىسىم ئوقۇغان ئۇيغۇرلار سەمىمىي ئەمەس. يۇقىرىقى ۋەقەدە، ئەسلىدە مەن ھېلىقى ياش ئوقۇتقۇچىغا ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيادىكى ھازىرقى ئورنىنىڭ قانداقلىقىنى ئۆزۈمنىڭ چەت ئەلدىكى تەجرىبەمگە ئاساسەن ئېيتىپ بەرگەن بولسام، ھېچ بولمىغاندا ئىككىمىز ئوخشاش ئورۇندا تۇرۇپ پىكىر ئالماشتۇرغان بولساق، سەل مۇۋاپىقراق بولاتتى. مەن يەنە مۇنداق بىر ئەھۋالنى ئۇچراتتىم: ئامېرىكىدا ئوقۇۋاتقان بىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۈرۈمچىدە تونۇش-بىلىشلىرىگە «مېنىڭ ئوغلۇم دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇماقچى بولغانىدى، ئۇنى ئامېرىكىدىكى 4-5 داڭلىق ئالىي مەكتەپلەر تالىشىپ قاپتۇ.» ئامېرىكىدا باكلاۋۇر، ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئۇنۋانلىرى ئۈچۈن ئوقۇشتا، بىرلا ۋاقىتتا كۆپلىگەن مەكتەپلەرگە ئىلتىماس قىلىشقا بولىدۇ. ھەر بىر مەكتەپ ئۇ ئوقۇغۇچىنى ئۆزىنىڭ شەرتلىرى بويىچە باھالاپ، ئەگەر شەرتى توشسا، ئۇنىڭغا چاقىرىق قەغىزى ماڭدۇرىدۇ. بىر مەكتەپ بىر ئوقۇغۇچىنىڭ باشقا قانچە مەكتەپكە ئىلتىماس قىلغىنىنى ھەرگىز بىلمەيدۇ. بۇ ئوقۇغۇچى ئۆزى قوبۇل قىلىنغان مەكتەپلەرنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرگەن مەكتەپنى تاللايدۇ. مەن دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇيدىغاندا، جەمئىي 10 مەكتەپكە ئىلتىماس قىلغانىدىم. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 6 مەكتەپتىن ماڭا چاقىرىق خېتى كەلدى. يەنى، مېنى ھەرگىز بۇ 6 مەكتەپ تالىشىپ قالغان ئەمەس. مېنىڭ قىزىم ئالىي مەكتەپكە كىرگەندىمۇ، ئۇنىڭغا 3 مەكتەپتىن چاقىرىق كەلگەنىدى. ئۇيغۇرلار، بولۇپمۇ ئالىي تەربىيە كۆرگەن ئۇيغۇرلار ئۆز-ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا سەمىمىي بولۇشقا ئادەتلىنىشى كېرەك. ئۆزىدە يوق نەرسىلەرنى بار قىلىپ كۆرسىتىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىمۇ ۋە باشقىلارنىمۇ ئالداپ يۈرۈش بىر ئۇچىغا چىققان نادانلىق ۋە ئەخمەقلىكتۇر. بۇنداق مىجەز بىلەن بىر ئادەمنىڭ ئۆز-ئۆزىنى توغرا تونۇشى ۋە چۈشىنىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. بىر مىللەت ئۈچۈنمۇ ھەم

شۇنداق.

2. نۇرغۇن كىشىلەر مەلۇم بىر مەسىلە ياكى مەلۇم بىر كەسىپ جەھەتتە ھېچ قانداق بىلىمگە ئىگە بولمىسىمۇ، ئۇ مەسىلە ياكى كەسىپ ئۈستىدىن بىر مۇتەخەسسىسكە ئوخشاش ھۆكۈم چىقىرىشقا ئىنتايىن ئامراق. مەسىلەن، مەن ئامېرىكىدا ساز چېلىشتىن ۋە ناخشا-مۇزىكىدىن ھېچ قانداق خەۋىرى يوق بەزى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇر گىتارچىسى شىرئەلىنى «دۇنيا بويىچە گىتار چېلىشتا ئۇنىڭغا يېتىدىغان كىشى يوق» دەپ باھالاپ قىلغان سۆزلىرىنى داۋاملىق ئاڭلاپ تۇرىمەن. بۇ خىلدىكى ئەھۋال ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىنتايىن ئېغىر. تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر يۇقىرىقىدەك ئەھۋالدا ھەرگىز ئۇ گىتارچىغا ئۆزى باھا بەرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا «مەن شىرئەلىنىڭ گىتار مۇزىكىسىنى بەك ياخشى كۆرىمەن»، ياكى «مەن شىرئەلىنىڭ گىتار مۇزىكىسىنى مۇزىكىلار ئىچىدە ئەڭ ياخشى كۆرىمەن»، دەيدۇ. شىرئەلىنىڭ گىتار چېلىش ھۈنىرىنىڭ دۇنيادا قانداق ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، دۇنيادىكى گىتار ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشاش مۇزىكا كەسپىي ساھەسىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان بىر قانچە مۇتەخەسسىسلەرنى يىغىپ، شۇلارغا باھالىتىش كېرەك.

3. غەربلىكلەرنىڭ مۇنداق بىر سۆزى بار: «Beauty is on the eyes.» بۇ سۆزنىڭ ئۇتتۇر مەنىسى «گۈزەللىك ئادەمنىڭ كۆزىدە» بولۇپ، بىر نەرسىنىڭ گۈزەل ياكى گۈزەل ئەمەسلىكى ئۇنى كۆرۈۋاتقان ئادەمگە باغلىق، دېگەندەك مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەلۇم بىر شەيئى توغرىسىدا ئېيتىلغان سۆزلەرنى 2 تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن. ئۇنىڭ بىرسى پاكىت. يەنە بىرسى پىكىر. ئەگەر مەن ئالدىمدا تۇرغان بىر ماشىنىغا قاراپ «ماۋۇ ماشىنا قىزىل رەڭلىك ئىكەن» دېسەم، مېنىڭ دېگىنىم بىر پاكىت بولىدۇ. ئەگەر مەن «ماۋۇ ماشىنا دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى ماشىنا» دېسەم، ئۇ مېنىڭ پىكرىم بولىدۇ. مەن ئۈچۈن بۇ ماشىنا ئەڭ ياخشى بولسىمۇ، باشقىلار ئۈچۈنمۇ شۇنداق بولۇشى ناتايىن. بىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىزنىڭ ناخشىمىز، مۇزىكىمىز، ئۇسسۇلىمىز، تامىقىمىز، مەدەنىيىتىمىز ۋە ئۆرپ-ئادىتىمىز قاتارلىق نۇرغۇن نەرسىلىرىمىز ئىنتايىن ئېسىل. لېكىن، ئۇلارنى دۇنيا بويىچە ئەڭ ياخشى، دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. ئۇلار بىز ئۈچۈن ئىنتايىن ئېسىل بولغىنى بىلەن، باشقا مىللەتلەر ئۈچۈنمۇ شۇنداق بولۇشى ناتايىن. بىر مىللەتكە خاس نەرسىلەر ئاساسىدا ئۇ مىللەت دۇنيا بويىچە ئەڭ ياخشى مىللەت، دەپ باھا بېرىش ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس. سىز تۇنجى قېتىم ئامېرىكىلىقلارنىڭ ماكدانول رېستورانىغا كىرىپ، ئۇنىڭ «ساندۋىچ (sandwitch)»

دېگەن تامىقى بىلەن مايدا پىشۇرغان ياخشىۋسىنى يېسىڭىز، ئۇ ئىنتايىن مەززىلىك تۇيۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن. لېكىن سىز ئۇنى ئۇدا 2 كۈن ئىككى ۋاقلىق تاماق ئۇچۇن يېسىڭىز، ئۇنىڭدىن قاتتىق زېرىكىپ كېتىسىز. لەغمەننى ئۇدا 2 كۈن ئىككى ۋاق يېسىڭىز ئۇنداق زېرىكمەسلىكىڭىز مۇمكىن. ئەگەر سىز بىر ۋېيتناملىقلارنىڭ رېستورانى ئالدىدىن ئۆتسىڭىز، بۇرنىڭىزغا بىر خىل سېسىق پۇراق كىرىدۇ. ئەمما شۇ بىز ئۇچۇن سېسىق پۇراق ۋېيتناملىقلار ئۇچۇن خۇددى بىزنىڭ بۇرنىمىزغا پولۇ پۇرىغاندەك پۇرىشى مۇمكىن. شۇڭا بىز «ۋېيتنام تامىقى ئىنتايىن سېسىق ئىكەن» دېسەك بولمايدۇ. قىسقىسى، بىر مىللەتكە خاس نەرسىلەر ئۈستىدە توختالغاندا، ئىمكان قەدەر سىزنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرگەن-كۆرمىگەنلىكىڭىزنى ئېيتىپ، ئۇنىڭغا باھا بېرىشتىن ساقلىنىڭ. ئەگەر سىز ئۇنى باھالىسىڭىز، سىزنىڭ ئېيتقىنىڭىز پەقەت ئۆزىڭىزنىڭ پىكرى بولۇپ، ئۇنىڭ پاكىت بولۇشى ناتايىن.

مەن يۇقىرىدا ئۇيغۇرغا باھا بېرىشتىكى توغرا پوزىتسىيە ۋە ئۇسۇلغا ئائىت بىر نەچچە مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆزلەپ ئۆتتۈم. بىز ئەمدى ئۇيغۇرنىڭ دۇنيادىكى ئورنىنى قانداق چۈشىنىش كېرەكلىكى توغرىسىدا توختىلىشقا تەييار بولدۇق. تۆۋەندە بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئۆزۈمنىڭ كۆزەتكەن ۋە ئويلىغانلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتەي.

1) مەن گەپنى ئالدى بىلەن تارىختىكى ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن باشلاي. تارىخي خاتىرىلەرنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئۇيغۇرلار 4000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. مۇشۇ 4 مىڭ يىللىق تارىخي دەۋر جەريانىدا، ئۇيغۇرلار ئۆزىگە خاس مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دۇنيا مەدەنىيىتىگىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى قوشقان. 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر دىيارىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىلمي ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان ئۆڭكۈردىكى بۇتخانا (بۇددا مىڭئۆيلىرى)، بۇددا ئىبادەتخانىسى قالدۇقلىرى، تام رەسىملىرى، قىممەتلىك ئىزاھ رەسىملىرى، كىتاب ۋە ھۆججەتلەر بايقالغان. ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە ياپونىيىلىك تەكشۈرگۈچىلەر ئۇيغۇر دىيارىدا تېپىلغان سەنئەت بايلىقلىرىغا ئىنتايىن ھەيران قالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەشۋىقاتى دۇنيادىكى قىزىققۇچى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمي مەدەنىيەت بۇيۇملىرى بېرلىن، لوندون، پارىژ، توكيو، لېنىنگراد ۋە يېڭى دېھلى مۇزېيلىرىدا قويۇلغان بۇيۇملارنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر قىسمىنى تەشكىل

قىلىدۇ. مۇشۇ مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ھەمدە ئۇيغۇر دىيارىدا تېپىلغان قول يازما ۋە باشقا ھۆججەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا ئىنتايىن يۇقىرى مەدەنىيەت دەرىجىسىگە يەتكەن مىللەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلار تارىختا 3 خىل يېزىق ئىشلىتىپ باققان. 6- ۋە 7-ئەسىرلەردە ئۇلار كۆك تۈرك بىلەن بىرلىكتە ئورخۇن يېزىقىنى ئىشلەتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن كېيىنلىكتە «ئۇيغۇر يېزىقى» دەپ ئاتالغان بىر يېزىقنى قوبۇل قىلغان. بۇ يېزىقنى ئۇيغۇرلار كېيىنكى 800 يىل جەريانىدا ئىشلىتىپلا قالماستىن، باشقا تۈرك خەلقلىرى، موڭغۇللار، ھەتتا مانجۇلارمۇ ئىشلەتكەن. 10-ئەسىردە ئۇيغۇرلار ئىسلامغا كىرىپ، ئەرەب يېزىقىنى قوبۇل قىلغان. بۇ يېزىقنىڭ ئىشلىتىلىشى 11-ئەسىردە ئومۇملاشقان.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمي ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بۇددا دىنى بىلەن مانى دىنى تېكىستلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە نەسرىي، شېئىرىي ئەسەرلەر ۋە داستانلارمۇ بار. بۇ ئەسەرلەرنىڭ بىر قىسمى گېرمانچە، ئىنگلىزچە ۋە رۇسچىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇيغۇرلار ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىنمۇ ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەدەنىيەت جەھەتتىكى يۇقىرى ئورنىنى ساقلاپ كەلگەن. دۇنياغا داڭلىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋۇجۇدقا كېلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى گۈللەنگەن. ئاشۇ دەۋردىن باشلاپ ياشاپ كەلگەن يۈزلىگەن مۇھىم ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»، مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «دىۋانى لۇغەتىت تۈرك» ۋە ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق (ھەقىقەتلەر بوسۇغىسى)» لىرى بار.

ئۇيغۇرلارنىڭ تېبابەتچىلىك ۋە داۋالاشتا ئىنتايىن كەڭ بىلىمى بولغان. سۇڭ سۇلالىسى (906-960) خاتىرىلىرىدە كۆرسىتىشىچە، نانتو ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر دوختۇر شۇ چاغدىكى جۇڭگو دىيارىغا سەپەر قىلىپ، خەنزۇلار ئۇقمايدىغان نۇرغۇن دورىلارنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ بارغان. لى شىجېن (1518-1593) تۈزگەن دۇنياغا داڭلىق جۇڭگو تېبابەتنىڭ قىسقىچە بايانى ئىچىگە ئۇيغۇرلار دورا قىلىپ ئىشلەتكەن 103 تۈرلۈك ئۆسۈملۈك كىرگۈزۈلگەن. غەربلىك زىيالىيلارنىڭ ئېيتىشىچە «يىڭنە سانجىپ داۋالاش» نى ئۇيغۇرلار ئىجاد قىلغان ئىكەن. يېقىنقى يىللاردا ئۇيغۇر دىيارىدا مەخسۇس ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى دورىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىنستىتۇتلاردىن بىر قانچىسى قۇرۇلدى.

ئۇيغۇرلار بىناكارلىق، سەنئەت، مۇزىكا ۋە خەت بېسىش قاتارلىق ساھەلەردىمۇ

يۇقىرى دەرىجىلىك تەرەققىياتقا ئېرىشكەن. غەربلىك تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر دىيارىدىن تېپىلغان ھۆججەتلەرنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ياۋروپالىق دېھقانلارنىڭ ئىچىدە ئۇنداق قىلالايدىغانلار ئانچە يوق بىر مەزگىلدە ئۇيغۇر دېھقانلىرى قانۇنىي تېرمىنولوگىيە ئىشلىتىپ كېلىشىم يازالىغان. ئېلان قىلىنغان دوكلاتلارغا ئاساسلانغاندا، گۈتېنبېرگ خەت بېسىشنى كەشىپ قىلىشتىن نەچچە ئەسىر ئىلگىرى ئۇيغۇرلار كىتاب بېسىپ چىقىرىشنى بىلىپ بولغان. ئوتتۇرا ئەسىردە، خەنزۇلارنىڭ شېئىرىيەت، ئەدەبىيات، تىياتىرخانا، مۇزىكا ۋە رەسىم سىزىش ئىشلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىرىنى زور دەرىجىدە قوبۇل قىلغان. 981-يىلى بىلەن 984-يىلىنىڭ ئارىلىقىدا قارا خوجا ئۇيغۇر پادىشاھلىقىغا ئەلچى بولۇپ ئىشلىگەن ۋاڭ يەندې ئۆز تەرجىمىھالىدا مۇنداق دەپ يازغان: «مەن ئۇيغۇر پادىشاھلىقىدا كۆرگەن بۇ كەڭ كۆلەملىك مەدەنىيەتكە ئىنتايىن ھەيران قالدىم. بۇ پادىشاھلىقنىڭ ھەممە يەرلىرىدە ياسالغان بۇتخانا، بۇددا ئىبادەتخانىسى، تام رەسىمى، ھەيكەل، مۇنار، گۈلىستان، ئۆي ۋە ئوردىلارنىڭ گۈزەللىكىنى تەسۋىرلەش مۇمكىن ئەمەس. ئۇيغۇرلار قولدا ئالتۇن-كۈمۈش بۇيۇملىرى ۋە ۋازا ۋە ساپال قاچىلار ياساشقا ئىنتايىن ماھىر ئىكەن. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە تەڭرى بۇ خىل تالانتنى مۇشۇ خەلققىلا بەرگەن ئىكەن.»

ئىسلامدىن بۇرۇن ئۇيغۇرلار شامانىزم، بۇددىزم ۋە مانىزم دىنلىرىغا ئىشەنگەن. بۇددىزم ئۇيغۇر دىيارىغا بىزنىڭ دەۋرىمىزنىڭ بېشىدا كىرگەن بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۇيغۇر دىيارىدىكى تۈركىي خەلقلىرى ئارىسىدا ناھايىتى تېزلا كېڭەيگەن. مىڭئۆي دەپ ئاتالغان دۇنياغا مەشھۇر بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ قالدۇقىنى كۇچا، تۇرپان ۋە گەنسۇلۇق ئۇيغۇرلار ياشىغان دۇنخۇاڭلاردا ھازىرمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. كۇچا شەھىرىدە كەمبەغەللەرگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن ياسالغان 50 تىن ئارتۇق بۇتخانا، كۈتۈپخانا ۋە خەير-ساخاۋەت ئورۇنلىرى بولغان. خوتەن شەھىرىدە چوڭ كۆلەملىك بۇددا ئىبادەتخانىسىدىن 14 بار بولغان. ئۇيغۇرلار 934-يىلى قاراخانىيلار ھۆكۈمدارى سۇتۇق بۇغرا خان دەۋرىدە ئىسلامنى قوبۇل قىلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىسلام ئۇيغۇرلارنىڭ بىردىنبىر دىنى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرنىڭ قۇدرىتى ۋە مەدەنىيىتى ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەردە تەرەققىي قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تۇتۇپ كەلگەن.

ئەمما، 1870-يىللىرىدىكى مانجۇلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن كېيىن ئۇيغۇرلار قاتتىق چېكىنىشكە باشلىدى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇيغۇرلار 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى

يېرىمى ۋە 20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى دۇنيا سانائەت ئىنقىلابىغا ھېچ قانداق تۆھپە قوشالمىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئىقتىسادتا تېز تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرنىڭ قاتارىغا كىرەلمىدى. 20-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى خەۋەرلىشىش دەۋرى، ئۇچۇر دەۋرى ۋە كومپيۇتېر دەۋرلىرىنى ئۆزى ئۇچۇن ئۇبدان خىزمەت قىلدۇرالمىدى. بۇ جەرياندا ئۇيغۇرلاردىن دۇنيانى جەلپ قىلغۇدەك بىرەر نەرسە چىقمىغاچقا، دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەر، بولۇپمۇ ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئەللىرىدىكى ئۇيغۇر بىلەن قان-قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى يوق مىللەتلەر ئۇيغۇرنى ئاساسەن ئاڭلاپ باقمىغان، بىر خىل ھالەت ھازىرمۇ داۋام قىلماقتا. ئەگەر ئۇيغۇرلار يېقىنقى زاماندىكى پەننىي، تېخنىكىلىق، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي تەرەققىياتلارغا يېقىندىن ئەگىشىپ ماڭالىغان بولسا، ئۇيغۇر دىيارىدىكى يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى تەبىئىي بايلىقلىرى بىلەن، ھازىر ھېچ بولمىغاندا قاتار ۋە كۇۋەيت قاتارلىق دۆلەتنىڭ خەلقلىرى بىلەن ئوخشاش تۇرمۇش سەۋىيىسىدە ياشىيالىغان بولاتتى. مەن بىلىمەن، بۇ تەسۋىرلەر ھەر بىر غۇرۇرلۇق ۋە ۋىجدانلىق ئۇيغۇرغا ياخشى ئاڭلانمايدۇ. لېكىن، بۇ ئەمەلىيەت. بىز تارىختا دۇنيادىكى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسىرى ناھايىتى چوڭ مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ باققان. لېكىن، بىز ھازىر ئۇنداق ئەمەس. ئۇيغۇرلار بۇرۇن قولغا كەلتۈرگەن دۇنياۋى ئۇتۇق ۋە شان-شۆھرەتلەر ئۇلارنى ھازىرقى دۇنيادىكى ئورنى ئۈستۈن مىللەت قىلىپ كۆرسىتەلمەيدۇ. ئۇيغۇرلار كەلگۈسىدە قانداق بولىدۇ، بۇنى بىز ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تۇتىدىغان يولىمىز بەلگىلەيدۇ.

2) ئامېرىكىدىكى ئاق تەنلىكلەر تارىختا ئامېرىكىدىكى يەرلىك مىللەت بولغان ئىندىئانلار ئۈستىدىن كەڭ كۆلەملىك قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەن. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە گېرمانلىقلار يەھۇدىيلار ئۈستىدىن قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ باقتى. ياپونلۇقلار بولسا ئاسىيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەر ئۈستىدىن قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ باقتى. بۇنىڭغا ئوخشاش، بىر مىللەت باشقا بىر مىللەت ئۈستىدىن قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ باققان مىساللار يەنە ئىنتايىن كۆپ. لېكىن، ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ پۈتۈن تارىخىدا ناھايىتى كەڭ قورساقلىق ۋە مەردلىك بىلەن باشقا مىللەت، باشقا مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ-ئادەت، ۋە باشقا دىنلارغا يول قويۇپ، ئۆزىنىڭ قوشنىلىرى بىلەن ئىناق ئۆتكەن. پۇرسەت تاپقاندا باشقا مىللەتلەرگە ياردەمدە بولغان. ئۆزىگە تەۋە نەرسىلەرگە ۋە ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ، باياشات ياشىغان. ھەرگىز باشقىلار ئۈستىدىن زوراۋانلىق ۋە قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىپ

باقمىغان. شۇڭا، ئۇيغۇرلار ھېچ قانداق بىر تارىخىي جىنايىتى يوق پاك مىللەت. بۇ جەھەتتە ئۇيغۇرلار دۇنيا ئالدىدا قەددىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۆز-ئۆزىدىن پەخىرلەنگەن ھالدا ياشاشقا تولۇق ھوقۇقلۇق.

3) 1870-يىللىرىدىن كېيىن ئۇيغۇرلار ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي قاتارلىق ھەممە جەھەتلەردە ئۆز تارىخىدىكى ئەڭ تۆۋەن نۇقتىلارنى بېسىپ ئۆتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ سانائىتى ئانچە تەرەققىي قىلمىغان بىلەن، ئۇلارنىڭ نوپۇسىغا نىسبەتەن تېرىلغۇ يەرلىرى ۋە يايلاقلىرى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىققا تايىنىپ، ئىنتايىن باياشات تۇرمۇش كەچۈرگەن. ھېچنېمىدىن ئەندىشە قىلمىغان. باشقا مىللەتلەر بىلەن رىقابەتلىشىشكە مەجبۇرى بولمىغان. شۇ سەۋەبتىن، ئۇيغۇرلاردا بىر ئالاھىدە خىلدىكى ئاقكۆڭۈل، ياۋاش، مەرد، باشقىلارغا كۆيۈنىدىغان، باشقىلارنى ئۆزىدىن ئۈستۈن كۆرىدىغان پسىخىكا تەرەققىي قىلىپ يېتىشكەن. بۇ خىل پسىخىكا ئەينى زامانغا پۈتۈنلەي ماس كەلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرىقىدەك مىجەزلەرگە ئىگە بولۇشى ئۇ چاغدا بىر خىل ئارتۇقچىلىق ئىدى. ھازىر جاھان پۈتۈنلەي ئۆزگەردى. بۇرۇن بىر ئادەم 10 دانە نان يېگەن بولسا، ھازىر 10 ئادەم بىر دانە ناننى تالىشىپ يەيدىغان بولدى. شۇڭا، ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن كېيىن قۇلدەك ياشاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ياۋاشلىق بىلەن ھۇرۇنلۇقنى تاشلىشى كېرەك. كىچىكىدىن تارتىپ باشقا مىللەتلەر بىلەن رىقابەتلىشەلەيدىغان ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. ئۇيغۇرلار دۇنيادىكى ھەر قانداق ئىلغار مىللەتلەر بىلەن رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرەلەيدىغان ئەقىل-پاراسەتكە ئىگە. شۇنداقلا دۇنيادىكى ھەر قانداق ئىلغار نەرسىلەرنى، بولۇپمۇ ئىلغار مەدەنىيەتنى تېز قوبۇل قىلالايدىغان مەدەنىي ۋە ئاڭ-سەۋىيە ئاساسىغا ئىگە. بۇ نۇقتا تارىختىمۇ ئىسپاتلانغان. ھازىرمۇ ئىسپاتلىنىۋاتىدۇ. مەن بىر قېتىم كالىفورنىيىنىڭ مەلۇم بىر شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن، ئامېرىكىلىق يەرلىك مىللەت بولغان ئىندىئانلارنىڭ ھازىرقى زامان نەتىجىلىرىنى تەسۋىرلەيدىغان بىر كۆرگەزمىگە باردىم. بۇ كۆرگەزمىدە ئىندىئانلاردىن يېتىشىپ چىققان مەشھۇر شەخسلەرنى تونۇشتۇرغان جايدا ئاران 3 كىشى بار ئىكەن. بۇلار پۈتۈن ئامېرىكا بويىچە تاللانغانلارمۇ، ياكى شۇ بىر جايدىن چىققانلارمۇ، ئۇ مېنىڭ ئېسىمدە قالماپتۇ. ئۇنىڭ بىرسى كېسەل داۋالايدىغان دوختۇر، بىرسى ئالىي مەكتەپ پروفېسسورى، يەنە بىرسى بولسا ئۆزى شىركەت قۇرۇپ، ئىگىلىك ياراتقان كىشى ئىكەن. ئامېرىكىدەك ھەممە ئادەم ئۈچۈن ئۆز ئىقتىدارىنىڭ ئەڭ يۇقىرى

چەكلىمىسىگىچە تەرەققىي قىلىش پۇرسىتى بار بىر دۆلەتتە، بىر مىللەتتىن كۆزگە كۆرۈنەرلىك كىشىدىن ئاران 3 ئادەم چىقىشى كىشىنى چۆچۈتىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇيغۇرلار 1980-يىللىرىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. مۇشۇ قىسقىغىنا 20 يىلغا يەتمەيدىغان ۋاقىت ئىچىدە، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بۇ بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار ئىچىدىن ئىلىم-پەن ۋە تېخنىكا ساھەسىدە دۇنيادىكى ئەڭ نوپۇزلۇق كىشىلەر بىلەن بىرگە دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان كىشىلەردىن نۇرغۇنلىرى يېتىشىپ چىقتى. مېنىڭ پەرىزىمچە مۇشۇ 20 يىل ئىچىدە ئۇيغۇرلاردىن دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلەرنىڭ سانى 50 تىن ئاشقان بولۇشى مۇمكىن. مانا بۇ ئۇيغۇرلاردا دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەر قاتارىغا ئۆتۈشتىكى يوشۇرۇن كۈچنىڭ قانچىلىك كۆپلۈكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۇيغۇرلار ئىچىدە مىللەتنى تەتقىق قىلىدىغان زىيالىيلاردىن بىرەرسى يوق. دۇنيادا مىللەتنى ئەڭ كۆپ تەتقىق قىلىدىغانلار ياپونلۇقلار. ئۇلاردىن قالسا گېرمانلىقلار. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل ھالىتى بىزنىڭ يەنە بىر ئاجىزلىقىمىز بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بىر مىللەت پەقەت سېلىشتۇرۇش ئارقىلىقلا ئۆزىنىڭ قانداقلىقىنى ۋە باشقىلارنىڭ قانداقلىقىنى چۈشىنەلەيدۇ. سېلىشتۇرماي تۇرۇپ ئۆزىنى دۇنيا بويىچە بىرىنچى دەۋېلىش بىر ئۇچىغا چىققان نادانلىقتۇر. مەن بۇ سۆھبەتنىڭ ئالدىنقى بىر قىسمىدا بىر ئادەم ئۈچۈن ئۆزىگە بىر بايانامە تاللىۋېلىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى ئېيتىپ ئۆتتۈم. بۇ بىر مىللەت ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىم. بۇنداق بايانامىنى «مىللەت تەربىيىسى» دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، مېنىڭ چۈشىنىشىمچە ياپونلۇقلار ئۆز پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ئېلىپ بارىدىغان مىللەت ياكى دۆلەت تەربىيىسى مۇنداق بىر قانچە نۇقتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (تولۇق بولمىغان جايلىرىنى ياپونىيىدە ئوقۇغان ۋە ئوقۇۋاتقان باشقا ھەمشەھەرلەرنىڭ تولۇقلاپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن):

1. ياپونىيە ھېچ قانداق تەبىئىي بايلىقى يوق بىر ئارال دۆلەت. شۇڭا ياپونلۇقلار باشقىلارغا بوزەك بولماسلىق ئۈچۈن چوقۇم دەرىجىدىن تاشقىرى قاتتىق ئىشلەپ، باشقىلارنىڭكىدىن ياخشىراق نەرسە ئىشلەپ چىقىرىشى كېرەك. ياپوندا بىر مەزگىل تۇرۇپ باققان كىشىلەر بۇ ئۇقۇمنىڭ ئۇلارغا نەقەدەر سىڭىپ كەتكەنلىكىنى ئاسانلا ھېس قىلالايدۇ. مەن ياپوندا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا، بۇرۇن بىزنىڭ تەجرىبىخانىدا ئىشلەپ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ چىقىپ كېتىپ، شىركەتتە بىر

قانچە يىل ئىشلەپ باققانلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن دەسلەپكى 5 يىل ئىچىدە، شىركەتتە ھەپتىسىگە 7 كۈن، ھەر كۈنى كەم دېگەندە 12 سائەت ئىشلەيدىكەن. ئەگەر سىز ياپونىيىگە بارسىڭىز، كەچ سائەت 10 لاردا ئۇلارنىڭ بىنالىرىغا قاراپ بېقىڭ. شىركەت بىنالىرىنىڭ چىرىغى ئاساسەن يورۇق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدا تېخىچە كىشىلەرنىڭ ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز.

2. ئىشەنچلىك ئادەم بولۇش، كرېدىتى بار ئادەم بولۇش مۇتلەق كۆپ سانلىق ياپونلۇقلارنىڭ كىشىلىك خاراكتېرى بولۇپ، بۇنى ھەر بىر بالىغا كىچىكىدىن تارتىپ سىڭدۈرگەن بولىدۇ. ئەگەر بىر ياپونلۇق بىرىگە ۋەدە بېرىپ، ئۆزىنىڭ شەخسىي ياكى سىرتقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆز ۋەدىسىدە تۇرالمىغان بولسا، كېيىنكى قېتىم ۋەدە بەرگەن ئادەمنى ئۇچراتقاندا، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆز قارنىنى پىچاق بىلەن يېرىپ ئۆلۈپ بېرىشى مۇمكىن. ياپونلۇقلاردىكى ئىشەنچلىك بولۇش، كرېدىتى بار بولۇش كۆز قارىشى مانا مۇشۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ ھەمكارلىشىپ ئىشلەپ، بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش قابىلىيىتى ئىنتايىن يۇقىرى.

3. باشقىلارغا توسالغۇ بولماسلىق. ئەگەر سىز ياپونىيىنىڭ كوچىسىدا كېتىپ بېرىپ، دىققەتسىزلىكتىن بىر كىشىنى سوقۇۋەتسىڭىز، سىز ئەپۇ سوراشتىن بۇرۇن ئۇ كىشى سىزدىن ئەپۇ سورايدۇ. بۇ ئەھۋالدا ئۇ كىشىنىڭ ئويلىغىنى «ئەگەر مەن دەل مۇشۇ پەيتتە مۇشۇ ئورۇندا بولمىغان بولسام، ئۇ كىشى مېنى سوقۇۋەتمەيتتى»، دېگەندىن ئىبارەت. ياپونىيىدە پويىزغا چۈشسىڭىز ئادەم بىلەن لىق تولغان پويىز ۋاگونىدا ھېچكىم ھېچ قانداق ئاۋاز چىقارماي، تېلېفونىدىمۇ سۆزلەشمەي، جىمجىت ئولتۇرغانلىقىنى كۆرىسىز. مانا بۇ ئەتراپىدىكىلەرگە دەخلى يەتكۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن شۇنداق. بۇ ئىشنىڭ بىز بۇ يەردە توختىلىۋاتقان مەسىلە بىلەن ئانچە مۇناسىۋىتى يوق. شۇنداقتىمۇ ئۇنى بۇ يەردە تىلغا ئېلىشىمدىكى سەۋەب، ياپون خەلقىدىكى مىللەت ئېڭىنىڭ نەقەدەر يۇقىرى پەللىگە يەتكەنلىكىنى تەسۋىرلەشتىن ئىبارەت.

ياپونىيىدە مىللەت ئېڭى توغرىسىدا ھېچ قانداق تەشۋىقات ياكى كەڭ كۆلەملىك پائالىيەت يوق. ھېچ بولمىغاندا مەن ياپونىيىدە تۇرغان 2 يېرىم يىل جەريانىدا مەن ئۇنداق ئىشنى كۆرۈپ باقمىدىم. لېكىن، ياش-ئۆسمۈرلەردە يۇقىرىقىدەك ئاڭنى كىچىكىدىن باشلاپ يېتىلدۈرۈش، ھەر بىر ياپون خەلقىنىڭ ئاڭلىق ئىشىغا ئايلانغان. ئاتا-ئانا، مەكتەپ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئورتاق تەربىيىسى

ئارقىلىق، يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەر ھەر بىر ياپونلۇقتا پۇختا يېتىلگەن.

ھازىر ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىرەر ئورتاقلاشقان «مىللەت ئېڭى دېگەن نەرسە يوق. بۇ جەھەتتە بالىلار ئۈچۈن پۈتۈن مىللەت مىقياسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ھېچ قانداق تەربىيە يوق. ئۇيغۇرلار ئىچىدە، بولۇپمۇ ئوقۇغان ۋە شەھەردىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئىشەنچلىك كىشىلەر، ۋەدىسىدە تۇرىدىغان كىشىلەر، سەممىي كىشىلەر ئىنتايىن ئاز. ئادەمنى ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى، ئۇيغۇرچىدا تاكى ھازىرغىچە ئىنگلىزچىدىكى «Credit» دېگەن سۆزگە توغرا كېلىدىغان بىر سۆزلۈك يوق. شۇڭا كىشىلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئېڭى ھەققىدە سۆز ئېچىشمۇ قىيىن. شۇنى كەسكىن ئېيتىش مۇمكىنكى، ئۇيغۇر ئىشلىرىنىڭ راۋاج تاپماسلىقىدا، بىر قانچە ئادەم بىرلىشىپ، بىرەر چوڭ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالماسلىقىدا، ئادەملەردە «كرەدىت» يوقلۇقى، ئادەملەرنىڭ ئىشەنچلىك ئەمەسلىكى ئىنتايىن چوڭ رول ئويناۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلاردا كرېدىتى بار يۇقىرى سۈپەتلىك ئادەملەرنىڭ كەمچىللىكى ئۇيغۇرنى دۇنياغا ساپاسى تۆۋەن بىر مىللەت قىلىپ نامايان قىلىۋاتىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن، بىر قانچە ئادەم بىرلىشىپ بىر شىركەت قۇرسا ياكى ئىگىلىك باشلىسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن چوقۇم خىيانەت قىلىدىغان ئادەم چىقىۋاتىدۇ. بىر گۇرۇپپا ئادەم بىرلىشىپ بىرەر چوڭ ئىشنى باشلىسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن چوقۇم ئورتاق قوبۇل قىلىنغان ۋەدىگە ئاسىيلىق قىلىدىغان ئادەم چىقىپ كېلىۋاتىدۇ. بىر قانچە ئادەم بىرلىشىپ بىر ئىش ئېلىپ بارغاندا، چوقۇم شەخسىي مەنپەئەت ياكى كىچىككىنە مەنپەئەت ئۈچۈن ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ياكى چوڭ مەنپەئەتنى قۇربان قىلىدىغانلار چىقىۋاتىدۇ. ئاقكۆڭۈل، سەممىي ئادەملەردىن ئۇيغۇرلارغا ياردەم قىلىمەن دەپ، بەزىلەرنىڭ ئىشەنچلىك ئەمەسلىكىدىن، ئۆزى خالىغانچە ئۆزگىرىۋېلىشىدىن بۇرنىغا يەپ، قاتتىق ھەسرەتتە قالغان، زىيانغا ئۇچرىغان ۋە قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەنلەر ئىنتايىن كۆپ. بۇ ئەھۋال ئۇيغۇر دىيارىدىمۇ، چەت ئەلدىمۇ شۇنداق. ئەمدى بۇ خىل ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش كېرەك. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي پەن بىلەن شۇغۇللىنىدىغان زىيالىيلىرى ئىزدىنىپ، پۈتۈن مىللەت مىقياسىدا ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىدە يېتىلدۈرۈشكە تېگىشلىك مىللەت ئېڭى، مىللەت روھى ۋە مىللەت ئەخلاقى توغرىسىدا تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساق، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلىرىنى ياخشىلىنىشقا قاراپ بۇرىيالمايمىز.

**5-سوئال: مۇستەقىل ئىگىلىك تىكلەشكە بولغان قاراشلىرىڭىز قانداق؟ قانداق قىلغاندا ھەم تېز ھەم مۇستەھكەم ئىگىلىك تىكلىگىلى بولىدۇ؟**

جاۋاب: بۇ مەزمۇن ئىقتىساد ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش ساھەسىگە ئائىت مەزمۇن ئىكەن. بۇ سوئالنى كۆرگەندىن كېيىن، مەن بۇ سوئالغا بىر ئاز ئىزدىنىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپىي چۈشەنچىلىرىنى ئىشلىتىپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىشىم كېرەكمۇ-يوق، دەپمۇ ئويلاندىم. ئەگەر ئۇنداق قىلسام، بەرگەن جاۋابىم كەسپىي كىتابتىكى مەزمۇنلاردىن ئانچە پەرقى يوق بولۇپ قالىدىكەن. شۇنداق بولغاچقا، مەن بۇ يەردە ئۆزۈمنىڭ ئامېرىكىدا كۆزەتكەنلىرىم ئاساسىدا، بىر يېڭى شىركەت قۇرۇش، ياكى بىر يېڭى ئىگىلىك يارىتىشتا قانداق يوللارنىڭ بارلىقى ئۈستىدە سۆزلەپ بېرىشنى قارار قىلدىم.

ئامېرىكىدىكى خۇسۇسىي شىركەتلەرنى ئۇنىڭ ھۆكۈمەتكە قانداق خاراكتېردە تىزىمغا ئالدۇرۇلغانلىقى، ئۇنىڭ يېڭى قۇرۇلغان ۋاقتىدىكى ئىقتىسادىي مەبلەغ مەنبەسى، ئۇنىڭ باشقۇرۇلۇش خاراكتېرى، ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقى قاتارلىقلار ئاساسىدا نۇرغۇن ئوخشىمىغان تۈرگە ئايرىش مۇمكىن. مەن بۇ يەردە ئۇلارنى تەپسىلىي تەسۋىرلىمەيمەن. ئۇنىڭ ئورنىغا، تۆۋەندىكىدەك سوئاللارغا جاۋاب يازىمەن:

ئەگەر ئۆزۈم بىر شىركەت قۇرماقچى بولسام، ماڭا قانداق يوللار بار؟

گەرچە مېنىڭ يازىدىغىنىم ئامېرىكىنىڭ ئىشى بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۆزى شىركەت قۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئۇيغۇر ياشلىرىغا ئازراق ياردىمى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

تۆۋەندە مەن ئامېرىكىلىقلار بىر يېڭى خۇسۇسىي شىركەت قۇرۇشتا، ئۇلار ئۇچۇن مەۋجۇت بولغان شىركەت تۈرلىرى ۋە يوللار ئۈستىدە ئايرىم-ئايرىم توختىلىمەن.

1. يۇقىرى تېخنىكىلىق شىركەت. مەن بۇ خىل شىركەتلەر توغرىسىدا مۇشۇ سۆھبەتنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرىدا خېلى تەپسىلىي توختالدىم. شۇڭا ئۇلارنى بۇ يەردە تەكرارلىمايمەن. قىسقىچە خۇلاسىلىگەندە، ئەگەر سىزنىڭ يۇقىرى تېخنىكىلىق بىر نەرسە توغرىسىدا ئۆزىڭىزنىڭ ھېچ كىمگە ئوخشىمايدىغان ياكى باشقىلارنىڭكىنى بېسىپ چۈشىدىغان بىرەر ئىدىيە، پاتېنت ياكى تېخنىكىڭىز بولسا، سىز ئۆز يېنىڭىزغا ئىقتىدارلىق تېخنىكىلىق، كەسپىي ۋە باشقۇرۇش خادىملىرىدىن بىر قانچىنى توپلاپ، شۇ نەرسىنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان

شىركەتتىن بىرنى قۇرىسىز. دەسلەپكى مەبلەغنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىڭىز چىقارسىڭىزمۇ بولىدۇ. بىر قىسمىنى ئۆزىڭىز چىقىرىپ، بىر قىسمىنى باشقا شەخسلەردىن، مەبلەغ سېلىش كاپىتالىستلىرىدىن، مەبلەغ سېلىش بانكىلىرىدىن ياكى ھۆكۈمەت قەرز پۇلىدىن ھەل قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ. ياكى ھەممىنى سىرتتىن ھەل قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ.

2. ئامېرىكىدا كەڭ-كۆلەمدە مەۋجۇت بولغان ۋە پۈتۈن مەملىكەتكە كەڭ-كۆلەمدە تارقالغان بىر خىل ئىگىلىك بار بولۇپ، ئۇنى ئىنگلىزچە «Small Business» ۋە «Family Owned Business» دەپ ئاتايدۇ. بۇلارنىڭ مەنىسى «كىچىك ئىگىلىك» ۋە «ئائىلە ئىگىدارچىلىقىدىكى ئىگىلىك» دېگەنلەردىن ئىبارەت. بۇلار كىچىك تىپتىكى مەھسۇلات ئىشلەپ چىقىرىدىغان شىركەتلەر بىلەن ماددىي مەھسۇلاتى يوق، پەقەت خېرىدارلارنى مۇلازىمەت ئىشلىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان شىركەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۆۋەندىكىلەر مۇشۇ تۈردىكى ئىگىلىككە كىرىدۇ:

1) ئېلان چىقىرىشى مۇلازىمىتى (Advertising Services)؛ 2) ھاۋا تەڭشىگۈچ ۋە ئۆي ئىسسىتىش بۇيۇملىرى (Air Conditioning and Heating)؛ 3) ئائىلە ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلىرىنى رېمونت قىلىش (Appliance Repair Service)؛ 4) رېكورت-ھۆججەتلەرنى باشقۇرۇپ ۋە ساقلاپ بېرىش مۇلازىمىتى (Bookkeeping Serivice)؛ 5) بىنا ۋە ئۆي رېمونت قىلىش (Repairs Building and Home)؛ 6) گىلەم مۇلازىمىتى ۋە گىلەم تازىلاش (Carpet Service and Cleaning)؛ 7) بالا بېقىپ بېرىش (Childcare)؛ 8) كومپيۇتېر مۇلازىمىتى (Computer Service)؛ 9) سېمونت ئىشلىرى (Concrete). مەسىلەن ئۆينىڭ ئالدىغا سېمونت ياتقۇزۇش قاتارلىقلار؛ 10) كېلىشىم بىلەن ئۆي قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى قىلىش (Contractors and Builders). مەسىلەن، بۇرۇنقى ئۆيگە يەنە بىر ئېغىزلىق ئۆي قوشۇش؛ ئاشخانىنى قايتىدىن ياساپ چىقىش؛ مۇنچىنى قايتىدىن ياساپ چىقىش قاتارلىقلار؛ 11) كىيىم تىكىش ۋە ئۆزگەرتىش (Dressmaking and Alterations)؛ 12) توك يوللىرى (Electrical)؛ 13) ھويلا تاملىرى (Fencing)؛ 14) باغۋەنچىلىك (Gardening Service). مەسىلەن، مۇددەتلىك ھالدا ئۆينىڭ ئالدىدىكى ۋە ئارقا ھويلىدىكى ئوتنى ئورۇش؛ 15) ئىشچان ئادەم مۇلازىمىتى (Handyman Service). قولىدىن ھەر خىل ئىشلار كېلىدىغان ئادەمنى ئىنگلىزچىدا «Handyman» دەپ ئاتايدۇ. ئاشۇنداق ئادەملەر ئۆز ئالدىغا بىر شىركەت قۇرۇپ،

باشقىلارنىڭ ئۆيىدىكى ياكى شىركىتىدىكى ھەر خىل ئىشلارنى قىلىپ بېرىپ، سائىتىگە ياكى قىلغان ئىشىغا قاراپ پۇل ئالىدۇ. 16) يۆتكەش شىركىتى (Hauling). كونا ئۆيلەرنى بۇزۇپ، ئۇنىڭدىن چىققان نەرسىلەرنى يۆتكەش؛ ئۆي ۋە ھويلىنى تازىلاپ، ئۇنىڭدىن چىققان ئەخلەتلەرنى يۆتكەش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 17) ئۆينى ياخشىلاش (Home Improvement). بۇنداق شىركەت ئاشخانا بىلەن مۇنچىدىن باشقا يەنە ئۆينىڭ تورۇسى، سۇ تۇرۇبىلىرى ۋە دېرىزىلەرنى ئالماشتۇرۇش قاتارلىقلارنىمۇ قىلىدۇ. 18) ھويلا قۇرۇلۇشى (Landscaping)؛ 19) كۆچۈش ۋە ساقلاش (Moving and Storage). ئۆي كۆچۈرۈش، ئۆيگە پاتمىغان نەرسىلەرنى ساقلاپ بېرىش قاتارلىقلارنى قىلىدۇ. 20) سىرلاش (Painting). ئۆي ۋە باشقا بىنالارنىڭ ئىچى-تېشىنى سىرلاش، ھويلا تاملىرىنى سىرلاش قاتارلىقلارنى قىلىدۇ. 21) سۇ تۇرۇبىلىرى (Plumbing)؛ 22) كۆلچەك ۋە ئىسسىق تەڭلە ياساش ۋە رېمونت قىلىش (Pool and Spa) ئۆگزىنى يېڭىدىن يېپىش (Roofing)؛ 24) دەرەخ مۇلازىمەتلىرى (Tree Service)؛ 25) ياغاچنى بىر تەرەپ قىلىش (Wood Processing). مەسىلەن، ياغاچ سۇپا ياساش؛ 26) ماشىنا گاراژ ئىشىكى (Garage Door)

يۇقىرىقىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئامېرىكىدىكى شەخسىي ئۆيلەرنىڭ ئىشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا تۆۋەندىكىدەك شىركەتلەرمۇ بار:

27) رېستوران؛ 28) ماشىنا رېمونتخانا؛ 29) ساتىراشخانا؛ 30) گۈلخانا؛ 31) كىچىك كۆلەملىك سودا دۇكىنى؛ 32) كىچىك تىپلىق يۈك توشۇش شىركىتى؛ 33) تاكسى شىركىتى؛ 34) كوپىيخانا (ماتېرىيال نۇسخىلاش)؛ 35) پوچتا مۇلازىمىتى شىركىتى.

يۇقىرىقىلار ھەرگىز بىر مۇكەممەل تىزىم ئەمەس؛ بۇ يەردە تىلغا ئېلىنماي قالغانلىرىمۇ خېلى كۆپ بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل ئىگىلىك ئۇيغۇر دىيارىدىمۇ ئاز ئەمەس. بۇنداق ئىگىلىكنى باشلاش ئۈچۈن ئالىي مەكتەپ ئۇنۋانى كەتمەيدۇ. نۇرغۇن پۇلمۇ كەتمەيدۇ. جەمئىيەت ئېھتىياجى بار بىر ئورۇننى ۋە جەمئىيەت ئېھتىياجى بولغان بىر كەسىپ ياكى بىر مەھسۇلاتنى تاللاپ، ئۇنى باشلىسا، ئۇنى يامان ئەمەس ئېلىپ ماڭغىلى بولىدۇ. ئامېرىكىدا بۇ خىل سىنىپتىكى كىشىلەر كەمبەغەللەردىن يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تەبىقىلەردىن تۆۋەنرەك سەۋىيىدە ياشايدۇ. يەنى، بۇ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بەك بايمۇ بولۇپ كېتەلمەيدۇ، ياكى ئاچ-يالىڭاچمۇ قالمايدۇ. ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ خىل ئىگىلىكتىن ناھايىتى ئوبدان خەۋىرى بار، دەپ ئويلايمەن.

يۇقىرىقىدەك شىركەتتىن بىرنى قۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك سەۋىيىدە ياشايدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. 2003-يىلى بىزنىڭ ماشىنا گىراجىمىزنىڭ ئىشكى ئېچىلمايدىغان بولۇپ قالدى. مەسىلە گىراج ئىشكىنى ئاچىدىغان، يىراقتىن باشقۇرۇلىدىغان ئېلېكترلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچتە بولۇپ، مەن قايسى سايماننىڭ بۇزۇلغانلىقىنى تېپىپ چىقتىم. ئۇ سايماننى سېتىۋېلىپ بۇزۇلغان نەرسىنى ئۆزۈم ياساش ئۈچۈن، مەن گېزىتتىن ئۆزىمىزنىڭ شەھىرىدىكى بىر مەخسۇس گىراج ئىشكىنىڭ ئىشىنى قىلىدىغان شىركەتنىڭ ئادرېسىنى تېپىپ، ئۇنىڭغا بارسام، ئۇ ئەسلىدە ئاشۇ شىركەتنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۆيى ئىكەن. ئۇ ئادەم ئۆيىدە تۇرۇپ، بۇ شىركەتنى ماڭدۇرۇۋېتىپتۇ. ئۆيىگە كىرىپ ھەيران قالدىم: ئۇ كىشىنىڭ ئۆيى بىزنىڭ ئۆيدىن جىق چوڭ ۋە ھەيۋەتلىك ئىكەن. يەنى، مېنىڭ پەرىزىمچە، بۇ كىشىنىڭ كىرىمى مېنىڭكىدىن كۆپرەك بولۇشى مۇمكىن.

3. كەسپىي شىركەتلەر

يۇقىرىدا تىزىپ چىقىلغان شىركەتلەرنىڭ كۆپىنچىلىرى كەسپىي (professional) شىركەتلەردىن ئىبارەتتۇر. مەسىلەن، گىراج ئىشكىنى ئالماشتۇرۇش، سېمونت ئىشلىرىنى قىلىش قاتارلىقلار. بۇنداق شىركەتلەرنىڭ بىر ئورتاق ئالاھىدىلىكى، ئۇلار مەلۇم بىر كەسىپتە ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىدە تېخنىكىلاشقان ۋە سايمانلاشقان بولۇپ، ئۇلار ئۆزىنىڭ كەسپىنى ئىنتايىن يۇقىرى سۈپەت بىلەن قىلىدۇ. شۇنداقلا كۆپىنچىلىرى قىلغان ئىشىغا 10 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتقا كاپالەت بېرىدۇ.

4. «Franchised» شىركەتلەر. «Franchised» دېگەن سۆزنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىسى «بىر ئادەمگە بېرىلگەن ئالاھىدە ھوقۇق بولۇپ، بۇ ئادەم بۇ ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ ئۆزىگە مۇشۇ ھوقۇقنى بەرگەن شىركەتنىڭ مەھسۇلاتى ياكى مۇلازىمىتىنى مەلۇم بىر رايوندا ساتسا ياكى تارقاتسا بولىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت. بۇنداق شىركەتنىڭ بىر مىسالى ماشىنا مېيى ساتىدىغان شىركەتلەردۇر. مەسىلەن، ئامېرىكىدا Shell، Mobil دېگەندەك ماشىنا مېيى ساتىدىغان پونكىتلار ھەممە يەردە بار. ئەسلىدە بۇ پونكىتلارنىڭ باش شىركەتلىرى Shell, Mobil دېگەن شىركەتلەر بولۇپ، ھەر بىر پونكىتنى بىر ئادەم باش شىركەتتىن Franchised قىلىۋالغان بولىدۇ. كىرىمنى قانچە پىرسەنتتىن تەقسىم قىلىشىدىغانلىقىدىن مېنىڭ خەۋىرىم يوق. ئېھتىمال

ئوخشىمىغان شىركەتلەر ئۈچۈن بۇ نىسبەتمۇ ئوخشىماسلىقى مۇمكىن. مېنىڭ بىلىشىمچە كالىفورنىيىدە ئاشۇنداق ماي سېتىش پونكىتىدىن بىرنى قۇرۇش ئۈچۈن 150 مىڭ دوللار ئەتراپىدا پۇل كېتىدىكەن.

5. زەنجىرسىمان شىركەتلەر. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ ئومۇملاشقىنى زەنجىرسىمان رېستوران ۋە زەنجىرسىمان سودا دۇكانلىرى بولۇپ، ئىنگلىزچە ئۇلارنى «Chain Store» دەپ ئاتايدۇ. ئوقۇرمەنلەر ئېھتىمال هازىر جۇڭگودا ناهايىتى تېز كېڭىيىۋاتقان تېز سۈرئەتلىك يېمەكلىكلەر رېستورانى «ماكدونالد» (MacDonald) نى كۆرۈپ باققان بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىلدىكى شىركەتلەرنىڭ باشقۇرۇش ئاپپاراتى پەقەت بىرلا بولۇپ، يېڭى مەھسۇلاتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئېچىش، ئېلان چىقىرىش، بوغالتىرلىق قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىر تۇتاش ئېلىپ بارىدۇ. سودا دۇكانلىرى پۈتۈن مەملىكەتكە تارقالغان بولىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بىر قانچە تۈرلۈك ئىشلاردا، بىر دۇكاننى ماڭدۇرۇش بىلەن 5 دۇكاننى ماڭدۇرغاندىكى چىقىمنىڭ نىسبىتى ھەرگىزمۇ 1:5 كىچە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، نۇرغۇن ئىشلاردا چىقىمنى ئازايتىپ، كىرىمنى كۆپەيتكىلى بولىدۇ. ئامېرىكىدا بۇنداق مىساللار ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز دەرىجىدە كۆپتۇر.

ئەمدى بىر ئادەمنىڭ ئۆزى بىر شىركەت باشلىشىدا تۆرتكىلىك رول ئوينايدىغان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەي.

(1) بەزى ئادەملەر كىچىكىدىن تارتىپلا مەلۇم بىر كەسىپكە قىزىقىدىغان بولۇپ، كىچىكىدىن تارتىپ بىر شىركەت قۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ ھەمدە ئۆزىنى ئاشۇ يۆنىلىشتە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، چوڭ بولۇپ بىر ياخشى پۇرسەتنى تاپقاندىلا دەرھال ئۆزى بىر شىركەت قۇرۇپ، ئىگىلىك باشلايدۇ. دۇنيادىكى كېيىنچە ناهايىتى چوڭ، ناهايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك شىركەتلەردىن بىرى بولۇپ تەرەققىي تاپقان شىركەتلەرنى قۇرغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى مانا مۇشۇ خىلدىكى ئادەملەردۇر. بۇنىڭ ئەڭ تېپىك مىسالى مىكروسوفت (Microsoft) شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى بىل گەيتىس، Apple كومپيۇتېر شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ستېۋ جوبس (Steve Jobs) ۋە Dell كومپيۇتېر شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى دېل (Dell) قاتارلىقلاردۇر.

(2) جان بېقىشنىڭ يولىنى ئىزدەش جەريانىدا پۇرسەت تېپىپ، شۇنىڭ بىلەن شىركەت قۇرىدىغانلار. يۇقىرىدا تىلغا ئالغان كىچىك تىپتىكى ۋە ئائىلە ئىگىلىكىدىكى شىركەتلەرنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مانا مۇشۇنداق

كىشىلەردۇر.

(3) ئۆزى بىر نەرسىگە ئېھتىياجلىق بولۇپ قېلىپ، ئۇنى ھېچ يەردىن تاپالمىغاندىن كېيىن، شۇ نەرسىنى چىقىرىش ئىدىيىسىگە كېلىپ، شۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقى كەسپىنى تاشلاپ شىركەت قۇرىدىغانلار. يېقىنقى 5-10 يىلنىڭ مابەينىدە پۈتۈن دۇنيادا كىچىك باللارنىڭ گەپ قىلالايدىغان ئويۇنچۇق ۋە تەربىيە ئۈسكۈنىلىرى ئىنتايىن كۆپىيىپ كەتتى. مەن 2001-يىللىرى ئوقۇغان بىر گېزىتتىكى دوكلاتقا ئاساسلانغاندا، بۇنداق ئويۇنچۇقلارنى ئىجاد قىلغان كىشى كالىفورنىيىنىڭ سىلىكون جىلغىسىدا ئىشلەيدىغان بىر خىمىيە ئىنژېنېرى ئىكەن. ئۇ ئادەمنىڭ بالىسى 2 ياشقا كىرگەندە ھەم بالىسىغا ئويۇنچۇق بولىدىغان، ھەم بالىسىغا بەزى كېرەكلىك بىلىملەرنى ئۆگىتىدىغان بىر ئويۇنچۇق ئىزدەپتۇ. لېكىن ھېچ يەردىن ئۇنداق ئويۇنچۇق تاپالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشى ئۆزى شىركەت قۇرۇش ئىدىيىسىگە كېلىپ، خۇسۇسىي كاپىتالىستلاردىن مەبلەغ پۇلى ھەل قىلىپ، ئۆزى ياشاۋاتقان شەھەردىلا بىر شىركەت قۇرۇپتۇ. كېيىن بۇ شىركەت تەرەققىي قىلىپ، ئۇ كىشىنىڭ ئۆز پۇل بايلىقىمۇ نەچچە ئون مىليون دوللارغا يېتىپتۇ. ئامېرىكىنىڭ نيۇۋادا شتاتىدا تۇرىدىغان شانە مالەك (Shane Malek) ئىسىملىك بىر خىمىيە مۇتەخەسسىسىنىڭ چېچى ئىنتايىن كۆپ چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭغا دورا ئىزدەپ، ئۆزى قانائەتلەنگۈدەك بىر نەرسە تاپالماپتۇ. ئۆزى بۇرۇن ئىشلەۋاتقىنى ئادەمنىڭ چېچى قويۇق يېرىنىڭ چېچىنى ئېلىپ، ئۇنى چېچى يوق ياكى چېچى شالاڭ يەرگە كۆچۈرىدىغان بىر دوختۇرخانا بولۇپ، مالەك بۇنداق ئوپېراتسىيە ئۇسۇلىنى ياقتۇرماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزى بۇنىڭغا دورا ئىجاد قىلىش يولىدا ئىزدىنىشكە باشلاپ، نەچچە يىل تىرىشىپ يۈرۈپ، بىر چاچ ئۆستۈرىدىغانماينى ئىجاد قىلىپ، ئۆز ئالدىغا بىر شىركەت قۇرۇپ، بۇ ماينى ئىشلەپ چىقىرىپ سېتىۋاتىدۇ. بۇ ماينىڭ ئىنگلىزچە ئىسمى «Scalp Med» بولۇپ، ئۇ ئامېرىكىدا ھازىرمۇ كۆپ مىقداردا سېتىلىۋاتىدۇ.

(4) مەلۇم بىر كەسىپتە، مەلۇم بىر نەرسىنى لايىھىلەپ ئىشلەپ چىقىرىدىغان شىركەتتە نۇرغۇن يىل ئىشلەپ، تېخنىكىنى ۋە بىلىمنى پۇختا ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، باشقىلار ئۈچۈن ئىشلەيدىغان بۇرۇنقى شىركەتتىن چىقىپ كېتىپ، ئۆز ئالدىغا شىركەت قۇرىدىغانلار. كالىفورنىيىنىڭ سىلىكون جىلغىسىدا شىركەت قۇرۇۋاتقانلارنىڭ نۇرغۇنلىرى مانا مۇشۇ خىلدىكى كىشىلەردۇر. مەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغان، ئېلېكترونلۇق گىراج ئىشىكىنى ئاچقۇچىنى رېمونت قىلىدىغان ئادەممۇ

ئېھتىمال ئاشۇ ئەسۋابنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان شىركەتتە بىر مەزگىل ئىشلىگەن ئادەم بولۇپ، ئۇ نەرسىنىڭ ئۇجۇر-بۇجۇرىنى پۇتۇنلەي ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن بۇرۇنقى شىركىتىدىن چىقىپ كېتىپ، ئۆز ئالدىغا شىركەت قۇرغان بولۇشى مۇمكىن.

قىسقىسى، شىركەت قۇرۇش، مۇستەقىل ئىگىلىك تىكلەشنىڭ ھەر خىل يوللىرى بار. ئانچە كۆپ تالانتى يوق كىشىلەرمۇ شىركەت قۇرالايدۇ. بۇ يەردىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە، ئۆز-ئۆزىدىكى ئارتۇقچىلىقلارنى تولۇق بايقاش، جەمئىيەت ۋە كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى تولۇق چۈشىنىش، كەلگۈسىدە بىرەر شىركەت قۇرۇش غايىسىنى تىكلىگەندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن توختىماي پۇرسەت ئىزدەش، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز-ئۆزىنى ئاشۇنداق بىر يۆنىلىشنى بويلاپ تەرەققىي قىلدۇرۇشتۇر--ئۆزىدە بىلىم، تېخنىكا ۋە قابىلىيەت يېتىلدۈرۈشتۇر. بۇنداق ئىشتا كەم بولسا بولمايدىغان بىر ئامىل، ئادەمدە بىر ئىشنى باشلاپ، دەتتىكام دەپ كۆرۈپ بېقىشقا جۈرئەت قىلىش ئىرادىسى ۋە ئىقتىدارىدۇر. بۇنى ئىنگلىزچە «capable of taking a risk» دەپ ئاتايدۇ. بالىنى قانچە ئەركىن قويۇپ بېرىپ چوڭ قىلسا، بالىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىقتىدارىمۇ شۇنچە ياخشى تەرەققىي قىلىدۇ.

2005-يىلى 11-نويابىر كۈنى، ھازىرقى زامان ئىگىلىك باشقۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ پېشۋاسى دەپ ئاتالغان ئامېرىكىلىق پېتېر درۇككەر (Peter Drucker) ئەپەندى 95 يېشىدا ۋاپات بولدى. ئۇ ئادەمنىڭ قارىشىچە، بىر شىركەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىدىكى ئەڭ ئاچقۇچلۇق ئامىل بۇ شىركەتتە ئۆزىنىڭ بارلىقىنى شىركەتكە ئاتىغان خادىملارنىڭ بولۇشىدىن، شۇنداقلا ئۆز مەھسۇلاتىنى تەشۋىق قىلىش (ئىنگلىزچە marketing) بىلەن يېڭىلىق يارىتىشقا ئىقتىسادىي كىرىمدىنمۇ بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈشتىن ئىبارەت.

## 6-سوئال: ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان دۆلىتىمىزدىن چەت ئەللەرگە چىقىپ ئوقۇيدىغان ئۇيغۇرلار كۆپەيدى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن بۇلارنىڭ بەزىلىرى قايتىپ كەلدى، بەزىلىرى قېلىپ قالدى، سىز بۇ ئىككى مەسىلىگە قانداق قارايسىز؟

جاۋاب: مەن ئالدى بىلەن 80-يىللاردىن باشلاپ ئوقۇش يولى بىلەن ئامېرىكىغا كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇپ قېلىشىنىڭ قانداق

باشلانغىنىنى قىسقىچە تەسۋىرلەپ ئۆتەي.

1993-يىلى 3-ئايدا، مېنىڭ تەشەببۇسۇم ۋە تەشكىللىشىم بىلەن، ئامېرىكىدىكى 17 ئۇيغۇر ئائىلىسى بىرلىشىپ، تەڭرىتاغ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى (ئىنگلىزچە «Tengritagh Overseas Students and Scholars Association» بولۇپ، قىسقارتىلىپ TOSSA دەپ ئاتىلىدۇ) نى قۇردۇق. شۇ چاغدا، مەن TOSSA نىڭ نىزامنامىسى بىلەن بىر چاقىرىق خېتى يازغان ئىدىم. ئۇ خەتتە مەن ئۇيغۇرلارنى مۇنداق 3 تۈرگە بۆلگەن: 1) ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇرلار (Inside people)، 2) ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار (Outside people)، 3) ۋەتەنگە بېرىپ-كېلىپ تۇرىدىغان ئۇيغۇرلار (In-Out people). مېنىڭ شۇ چاغدا TOSSA نى قۇرۇشتىكى مەقسىتىم، يۇقىرىقى چاقىرىق خېتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان 3-خىلدىكى ئۇيغۇرلارنى بەرپا قىلىش ئىدى. مېنىڭ بۇ يەردە بۇ ئىشلارنى تىلغا ئېلىشىمدىكى سەۋەب، ئەينى ۋاقىتتا مەندە ۋەتەندىمۇ ۋە چەت ئەللەردىمۇ ئىشلىيەلەيدىغان، ئالىي دەرىجىلىك بىلىمگە ياكى يۇقىرى تېخنىكىغا ئىگە بىر ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ بەرپا بولۇشى توغرىسىدا ئىنتايىن كۈچلۈك ئارزۇيۇمنىڭ بولغىنىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشتىن ئىبارەت.

1993-يىلى سېنتەبىردە، ئامېرىكىنىڭ شۇ چاغدىكى پرېزىدېنتى بۇش (هازىرقى ئامېرىكىنىڭ پرېزىدېنتى گېئورگى بۇشنىڭ دادىسى) 1989-يىلدىكى تيەنئەنمېن ۋەقەسى توغرىسىدا بىر «تولۇق هوقۇقلۇق بۇيرۇق» (Executive Order) نى تەستىقلاپ، 1990-يىلى 10-ئايدىن بۇرۇن جۇڭگودىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ هەممىسىگە ئامېرىكىدا «يېشىل كارد» (ئىنگلىزچە Green Card) دەپ ئاتىلىدىغان كىنىشكىنى بېرىشنى قارار قىلدى. يېشىل كاردقا ئېرىشىش دېگەنلىك، ئامېرىكا نوپۇسىغا كىرىش دېگەنلىك بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭغا ئېرىشكەن ئادەم مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئىشلاردا خۇددى ئامېرىكا گراجدانىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئامېرىكا پۇقراسىغا سېلىشتۇرغاندا ئىككى چوڭ پەرقى بولۇپ، ئۇلار: 1) سايلام هوقۇقى يوق. 2) ئامېرىكا پاسپورتى يوق. قالغان جەھەتلەردە، هەتتا تۆلەيدىغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇش پۇلى جەھەتتىمۇ، ئامېرىكا پۇقراسىغا پۈتۈنلەي ئوخشاش. مۇشۇ يېشىل كارد كىنىشكىغا ئېرىشىپ، 5 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بىر ئادەم ئامېرىكا پۇقرالىقىغا ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. شۇ چاغدا يېشىل كارد ئالغان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى مېنىڭ مۆلچەرىمچە 60 مىڭدىن كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە (مېنىڭ بۈگۈن هېسابلاپ كۆرۈشۈمچە) 10 ئەتراپىدا ئۇيغۇر بار ئىدى.

قالغانلىرى ئاساسەن خەنزۇلار ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ئاران 10 نەچچە بولغاچقا، ئۇلاردىن تەخمىنەن 10 كىشى يېشىل كارد ئالدى. ئەينى ۋاقىتتا، ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدە بۇ يەردە قېلىپ قېلىشنى ئويلايدىغانلارمۇ ئاساسەن يوق ئىدى. بىزمۇ يېشىل كارد خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ۋەتەنگە قايتىپ كېتىش-كەتمەسلىكنى ئويلاشتۇق. بىزنى قېلىپ قېلىش يولىنى تاللاشقا ئىلھاملاندۇرغان بىر چوڭ ئىش شۇ بولدىكى، ئەينى ۋاقىتتىكى دېڭ شياۋپىڭ باشچىلىقىدىكى جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئامېرىكىنىڭ يۇقىرىقى قارارىغا ھەقىقىي نارازىلىق بىلدۈرمىدى. ھېلىقى 60 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئىچىدە ھۆكۈمەت راسخوتى بىلەن كەلگەنلەرنىڭ نىسبىتى ناھايىتى يۇقىرى بولسىمۇ، ئۇلار كەم دېگەندە باكلاۋۇرغىچە بولغان ئوقۇشىنى جۇڭگودا دۆلەت خىراجىتى بىلەن تاماملىغان بولسىمۇ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىر مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا بۇ ئىش توغرىسىدا بىر بايانات ئېلان قىلىپ قويۇپلا، بۇ ئىشقا ھەقىقىي تۈردە نارازىلىق بىلدۈرمىدى.

بۇ نېمىشقا بىلەمسىز؟ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى بىلەن پەن-تېخنىكىسىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىدا ھېلىقى 60 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئىنتايىن چوڭ رول ئويناۋاتىدۇ (كېيىنچە بۇ 60 مىڭ ئادەمنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىمۇ ئامېرىكىغا كېلىپ، بۇشنىڭ ھېلىقى بۇيرۇقىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئامېرىكىلىق بولۇۋالغان خەنزۇلارنىڭ سانى مېنىڭ مۆلچەرىمچە 150 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى). ئۇلارنىڭ چەت ئەلدە تۇرۇپ ئويناۋاتقان رولى، جۇڭگوغا قايتقان ئەھۋال ئاستىدىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا جىق كۆپ بولۇۋاتىدۇ. بۇنى ئەينى ۋاقىتتا دېڭ شياۋپىڭ ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا جۇڭگو ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسەتمىگەن ئىدى.

مېنىڭچە ئۇيغۇرلارنىڭ چەت ئەلدە ئوقۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن چەت ئەلدە تۇرۇپ قېلىشىدا ئاساسلىقى مۇنداق 4 مەقسەت بار:

1) ئىلىم-پەن، يۇقىرى تېخنىكا ۋە ئۆز كەسپىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىش.

2) بالىسىنى ياخشى تەربىيىلەپ ئالىي مەكتەپكە كىرگۈزۈش، بالىلىرىغا خىزمەت تېپىپ بېرىش، ياكى بولمىسا كەلگۈسىدە بالىسىنى چەت ئەلگە ئوقۇشقا

چىقىرىش يولىدىكى غەم-ئەندىشىلەردىن قۇتۇلۇش. چەت ئەلنىڭ ئىلغار مائارىپ شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، بالىلىرىنى بېسىمسىز ھالدا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگىچە ياخشى تەربىيىلەپ، شۇ ئارقىلىق بالىلىرىڭ كەلگۈسىدە ياخشى ھايات كەچۈرۈشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش.

3) ئۆز ئىقتىدارىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، ماددىي جەھەتتە ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشىش، روھىي جەھەتتە ئەركىن ياشاش.

4) مىللەت ئۈچۈن ۋەتەندە تۇرۇپ قىلىپ بېرەلمەيدىغان بەزى ئىشلارنى قىلىپ بېرىش.

باشقا مەقسەتلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، مېنىڭچە يۇقىرىقى تۆتىسى ئاساسلىق مەقسەتلەردىن ئىبارەت. مەن ئەينى ۋاقىتتا ئامېرىكىدا تۇرۇپ قېلىشنى قارار قىلغاندا، مانا يۇقىرىقى 4 سەۋەبنى كۆزدە تۇتقان ئىدىم. بۇ يەردە مەن چەت ئەلدىكى ھەر بىر ئوقۇرمەنگە ئۆزىنىڭ چەت ئەلدىكى تۇرۇپ قېلىشىدىكى سەۋەبىنى بىر ئويلاپ بېقىشىنى تەكلىپ قىلىمەن. نۇرغۇن جۇڭگولۇقلار ئۈچۈن چەت ئەلدە ياشاشقا ھەممىدىن بەك تۇرتكە بولۇۋاتقىنى 2- ۋە 3-سەۋەبلەر بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق بولۇشىنى جۇڭگونىڭ ھازىرقى ئەھۋالى بەلگىلىگەن. يەنى، جۇڭگودا نوپۇسنىڭ كۆپ بولۇشى، مەكتەپنىڭ قىس بولۇشى، ئادەملەر ئۈچۈن ئۆز ئىقتىدارىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز ئۆمرىدە ئۆز قابىلىيىتى يول قويغان ئەڭ يۇقىرى پەللىگىچە كۆتۈرۈلۈش پۇرسىتىنىڭ بولماسلىقى نۇرغۇن كىشىلەرنى چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشكە ئۈندەيدۇ. مەن مۇشۇ سۆھبەتنىڭ ئالدىنقى قىسمىلىرىدىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتكەندەك، جۇڭگودا بالىلارنىڭ ئۆسۈپ-يېتىلىش شارائىتى ئانچە نورمال ئەمەس. كەلگۈسىدە بىرەر ئالىي مەكتەپكە كىرگۈزۈش ئۈچۈن، ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنى 1-سىنىپتىن باشلاپ قاتتىق بېسىم بىلەن تەربىيىلەيدۇ. بالىلارنى كۈنىگە 10 نەچچە سائەت ئۆگىنىش قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ بالىلارنىڭ كەلگۈسىدە بىرەر ئالىي مەكتەپكە كىرەلىشى كاپالەتكە ئىگە ئەمەس. ئالىي مەكتەپكە كىرەلىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئوقۇغان كەسپىگە، ئوقۇغان دەرىجىسىگە ۋە ئۆز ئىقتىدارىغا چۇشلۇق خىزمەت تاپالىشى يەنە كاپالەتكە ئىگە ئەمەس. نوپۇس كۆپ، خىزمەت پۇرسىتى بەك كەمچىل بولغاچقا، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى ئۆز ئىقتىدارىدىن جىق تۆۋەن دەرىجىلىك بىر ئىشنى قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈشكە

مەجبۇرى بولىدۇ. ئىنسانلار ئۇچۇن ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرىدىغان پۇرسەت بولماسلىق بىر ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئىش. ئۇنداق ئادەملەر ئۆزىنى خۇددى قەپەستىكى ئۇچار جانىۋاردەك ھېس قىلىدۇ. ئامېرىكىدا چەت ئەلدىن كۆچمەن بولۇپ كەلگەن كىشىلەر توغرىسىدا «ئامېرىكا غايىسى» دېگەن بىر سۆز بار. بۇنى ئىنگلىزچىدا «American dream» دەپ ئاتايدۇ. يەنى، ئامېرىكىغا كېلىدىغان كۆچمەنلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى «ئامېرىكا غايىسى» نى قوغلىشىپ كېلىدۇ. ئۇنداقتا بۇ غايە نېمە؟ ئۇ بولسىمۇ، ئۆز ئىقتىدارىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، ماددىي جەھەتتە روناق تېپىش، ھەمدە روھىي جەھەتتە ئەركىن ياشاشتىن ئىبارەت. ئامېرىكىدا ھەممە ئادەملەر ئۇچۇن مۇشۇنداق پۇرسەت بار. مانا بۇ ئامېرىكىنىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى شۇنچە نۇرغۇن مىللەتنى ۋە شۇنچە نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلالىشىدىكى بىردىن-بىر سەۋەبتۇر. شۇنداقلا ئۇ ئامېرىكىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت بولۇپ تۇرالىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبتۇر. نۇرغۇن كىشىلەر ئۆز-ئۆزىدىن: «مېكسىكا بىلەن كانادا ئامېرىكا بىلەن ئوخشاش بىر كونتىنېنت (قۇرۇقلۇق) نىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، ھەمدە بىر-بىرىگە قوشنا تۇرۇپ، نېمە ئۇچۇن ئامېرىكىدەك تەرەققىي قىلالمايدۇ؟» دەپ سورىشىدۇ. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ دۆلەتنىڭ سىياسىي سىستېمىسىدىكى ۋە دۆلەت قانۇنىدىكى پەرقتىن ئىبارەت. شۇڭا مېكسىكا ئامېرىكا بىلەن بىر يەردە، ھەم ئامېرىكىغا قوشنا بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىقتىسادى دۇنيادىكى خېلى كەمبەغەل دۆلەتلەرنىڭكى بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە تۆۋەن تۇرماقتا.

ئۇيغۇر زىيالىيلىرىمۇ يۇقىرىقى 60 مىڭ كىشىدەك ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مائارىپ، پەن-تېخنىكا ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشالامدۇ؟ ئەلۋەتتە قوشالايدۇ. تۆھپە قوشۇشنى خالامدۇ؟ مېنىڭچە تۆھپە قوشۇشنى خالايدىغانلار مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، چەت ئەللەردە ئوقۇپ، ئۇيغۇر دىيارىغا قايتىپ بېرىپ، ئىنتايىن ناچار شارائىت ئاستىدىمۇ مائارىپ، ئىلىم-پەن، ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئىگىلىك يارىتىش جەھەتلەردە ناھايىتى مۇھىم ئىشلارنى قىلىۋاتقان، چوڭ تۆھپىلەرنى يارىتىۋاتقان ئۇيغۇر ياشلىرى خېلى كۆپ. ئۆز يانچۇقىدىن پۇل چىقىرىپ، تەتقىقات مەركىزى قۇرغانلارمۇ بار. بۇنداقلارنىڭ ئىچىدە ياپوندا ئوقۇغانلار كۆپرەك سانىنى ئىگىلەيدۇ. مەن بۇ يەردە مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، چەت ئەلدىكى ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇيغۇر

دىيارىغا قايتىپ، ھازىر ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن ھەر خىل خىزمەتلەرنى كۆرسىتىۋاتقان بارلىق ياشلارغا چىن كۆڭلۈمدىن چوڭقۇر تەشەككۇر ئېيتىمەن.

مەن بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتمىسەم بولمايدىغان يەنە بىر مەسىلە بار. ئۇ بولسىمۇ، بىر قىسىم ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ چەت ئەلدە تۇرۇپ، دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار پەن-تېخنىكا ساھەسىدە باشقىلار بىلەن رىقابەتلىشىشى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق. دۇنيادا، بىر مىللەتنىڭ ئىلغار مىللەت ئىكەنلىكى-ئەمەسلىكى شۇ مىللەتنىڭ دۇنيا تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسىنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ. شۇڭا شارائىت يار بەرگەن ۋاقىتتىمۇ، ھەممە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ۋەتەنگە قايتىپ، ئۇيغۇر دىيارىدا خىزمەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىش توغرا ئىش ئەمەس. بۇنداق قىلغاندا ئۇيغۇر مىللىتىگە بولغان پايدىسىدىن زىيىنى چوڭراق بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئەقىل، تالانت ۋە ئىقتىدار جەھەتتە قانداقلىقىنى بىلىۋېلىش ھەمدە ئۇنى دۇنياغا توغرا نامايان قىلىش ئۈچۈن، بىر قىسىم ئۇيغۇرلار چوقۇم چەت ئەلدە ئىشلىشى كېرەك. دۇنيادىكى ئىلغار بىلىم بىلەن ئەڭ يېڭى تېخنىكىنى ئىگىلەپ، خەلقئارا سەھنىدە باشقىلار بىلەن رىقابەتلىشىشى كېرەك. بۇ جەھەتتە زۆرۈر بولغان بىر قىسىم ئىشلارنى پەقەت ئۇيغۇر دىيارىدا تۇرۇپلا قىلىش مۇمكىن ئەمەس. مەن WaveSplitter دېگەن شىركەتتە ئىشلەۋاتقاندا، شىركەتتىن بىر قانچە خىل ئوپتىكىلىق خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرىگە ئىشلىتىدىغان كىچىك تىپلىق زاپچاسلارنى ئىشلەپ چىقىرىشنى قارار قىلدى. مەن ئۇنى لايىھىلەپ، تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئەڭ مۇھىم تېخنىكىلىق خادىمنىڭ بىرى بولۇپ ئىشلىدىم. بۇ ئوپتىكىلىق زاپچاسلارنى لايىھىلەش ئۈچۈن بىزگە 120 مىڭ دوللارلىق ئوپتىكىلىق لايىھىلەش يۇمشاق دېتاللىرى كېرەك بولغان ئىدى. ئۇنى شىركەتتىن سېتىۋالدى. ئۇلارنى ئىشلەپ چىقىرىش ئۈچۈن 10 مىليون دوللارلىق ئۈسكۈنە كېرەك ئىدى. ئۇنىمۇ شىركەتتىن سېتىۋېلىپ، بىر چوڭ شىركەت بىناسىدا تەييارلاپ چىقتى. بۇنداق ئىشلار ئۇيغۇر دىيارىدىلا ئەمەس، جۇڭگونىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ ئاسانلىقچە مۇمكىن ئەمەس. مەن كىچىكىمدىن تارتىپ «ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ» دېگەن بىر مۇھىتتا چوڭ بولغانىدىم. مانا ھازىر 80-يىللاردىن باشلاپ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇپ، چەت ئەلدە تۇرۇپ قالغان ئۇيغۇرلار «ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ» دېگەن باھانىڭ پۈتۈنلەي خاتا ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇرلارنىڭمۇ تالانت ۋە ئىقتىدار جەھەتتە دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار مىللەتلەرنىڭ

كەينىدە تۇرمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئامېرىكا، ياپونىيە ۋە ياۋروپا ئەللىرىگە ئوقۇشقا چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سالساق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىرى ئۆز فاكۇلتېتىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا ئوقۇدى. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆزى ئوقۇغان مەكتەپلەردە ئىنتايىن ياخشى تەسىر قوزغاپ، باشقا دۆلەتتىن كەلگەن چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارنى ھەيرانلىقتا قويدى. چەت ئەلدە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىنمۇ ئىنتايىن مۇھىم خىزمەتلەرگە ئورۇنلاشتى.

مەن بۇ يەردە ئۆزىگە Jeck دېگەن ئىنتېرنېت ئىسمى قويۇۋالغان بىر ۋەتەندىشىمىز يېقىندا ئىزدىنىش تور بېتىنىڭ «مەشھۇر كىشىلەر» دېگەن سەھىپىسىدە ئېلان قىلغان، «مەن بىلىدىغان بىر قىسىم ئۇيغۇر دوكتورلىرى» دېگەن ماۋزۇدىكى يازمىسىنى ئوقۇپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلىمەن. گەرچە بۇ يەردە تونۇشتۇرۇلغىنى پەقەت بىر قىسىم ئۇيغۇر دوكتورلىرىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى بولسىمۇ، ئۇنى ئوقۇش ئارقىلىق يېقىنقى 20 يىلنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئىلىم-پەن ۋە تېخنىكا ساھەسىدە قانچىلىك ئىلگىرىلەشلەرنى ھاسىل قىلغانلىقىنى، دۇنيادىكى باشقا ئىلغار مىللەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۇيغۇرلار قانداق ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى مەلۇم دەرىجىدە چۈشىنىپ يەتكىلى بولىدۇ.

يۇقىرىدا چەت ئەلدە تۇرۇپ قالغان چوڭلار ئۈستىدە توختالدىم. ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىچۇ؟ ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى چەت ئەلدە قانداقراق ئورۇن تۇتۇۋاتىدۇ؟ مەن بىلىدىغان مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئۆز مەكتەپلىرىدە ئىنتايىن ئەلا دەرىجىدە ئوقۇۋاتىدۇ. سىز چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرسىڭىز، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە مەكتەپتىن بەرگەن، تامغا چاپلاقلىق تۇرغان نۇرغۇن مۇكاپاتلارنى كۆرىسىز. مېنىڭ بىلىشىمچە چەت ئەلدىكى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆز سىنىپىنىڭ ئەڭ ئالدىدا ئوقۇۋاتىدۇ. ئۆتكەن يىلى ئامېرىكىدىكى بىر ئۇيغۇرنىڭ قىزى دۇنيادىكى ئەڭ داڭلىق بولغان خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىردى. بۇ يىل كالىفورنىيىدە تۇرىدىغان دوستىمىز ئادىل ئاتاۋۇللانىڭ ئوغلى ئامېرىكا بويىچە ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان 15 ئالىي مەكتەپنىڭ بىرى بولغان لوس ئانژېلېستىكى كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىندى. دۇنيادىكى ئەڭ ئالدىنقى 100 ئالىي مەكتەپنىڭ ئىچىدىكى مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا كىرگەن ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ھازىر ئامېرىكىدا يىلدىن-يىلغا كۆپىيىۋاتىدۇ.

مەن بۇ يەردە ئۆزۈمنى ناھايىتى پەخىرلىنىدىغان بىر ئۇيغۇر سىڭلىمىزنى قىسقىچە تىلغا ئۆتۈپ كېتىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. بۇ سىڭلىمىزنىڭ ئىسمى رەيھان بەكتۇر. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۇيغۇر دىيارىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ئوقۇغان. باكلاۋۇر بىلەن ماگىستىرلىق ئۇنۋانلىرىنى چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىي كارولىنا شتاتىدىكى كلېمسون (Clemson) ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئېلېكتر ئىنژېنېرلىق كەسپى بويىچە دوكتورلۇق ئوقۇشىغا كىرگەن. ئۆتكەن يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە ئاز قالغاندا، سىڭلىمىز رەيھاننىڭ بىر ئىلمىي ماقالىسى خەلقئارا رادىئو ئىلمىي بىرلىكىنىڭ ئامېرىكىدىكى مەملىكەتلىك كومىتېتى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلگەن بىر ئىلمىي ماقالە كۆرىكىدە بىرىنچىلىككە ئېرىشتى. بۇ يىل سىڭلىمىز رەيھان ئۇتاھ (Utah) شتاتىنىڭ لوگان شەھرىدىكى ئۇتاھ شتات ئۇنىۋېرسىتېتىغا پروفېسسورلۇققا قوبۇل قىلىنىپ، بۇ يىل كۈزدىن باشلاپ ئاشۇ مەكتەپكە ئىشقا چۈشمەكچى بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئىنژېنېرلىق كەسپىنى ئوقۇش ۋە ئىشلىتىش ناھايىتى قىيىن بولغاچقا، ئامېرىكىدىكى ئاق تەنلىك قىزلار ئىچىدە بۇ كەسىپنى ئوقۇيدىغانلار ئىنتايىن ئاز. ئۇنى دوكتورلۇققىچە ئوقۇيدىغانلار، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئالىي مەكتەپتە مۇشۇ كەسىپنىڭ پروفېسسورى بولىدىغانلار تېخىمۇ ئاز. لېكىن، بىر ئۇيغۇر قىزى بۇ ئىشنى قىلالىدى. سىڭلىمىز رەيھاننىڭ يېشى تېخى 30 ئەتراپىدا تۇرۇپ، ئىلمىي تەتقىقاتنى ئاساسىي ئورۇنغا قويىدىغان، دوكتورلۇق ئوقۇغۇچىلىرىغىچە تەربىيىلەيدىغان ئامېرىكىدىكى بىر ئالىي مەكتەپكە پروفېسسور بولدى. مەن بۇ يەردە رەيھاننىڭ ئىشلىرىنى بىر قانچە جۈملە سۆز بىلەنلا تەسۋىرلىگەن بولساممۇ، ئۇنىڭ ھازىرقىدەك نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسى ۋە يەڭگەن جاپا-مۇشەققەتلىرىنى يازسا بىر كىتاب بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. رەيھان ۋەتەندىكى ۋاقتىدىلا تاغقا چىقىش تەنھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆز ئىرادىسىنى تاۋلىغان. ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىنمۇ تاغقا چىقىش بىلەن تاغدا قار تېيىلىشنى ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى مۇستەھكەملەشتىكى بىر ۋاستە تەرىقىسىدە داۋاملاشتۇرغان.

ئامېرىكىدا ئالىي مەكتەپ پروفېسسورلىرى ياردەمچى پروفېسسور (Assistant Professor)، دوتسېنت پروفېسسور (Associate Professor) ۋە پروفېسسور (Professor) دەپ جەمئىي 3 دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ. دوكتورلۇقنى يېڭىدىن پۈتتۈرۈپ، پروفېسسور بولۇپ كىرگەنلەر چوقۇم ياردەمچى پروفېسسور دەرىجىسى بىلەن

خىزمەت باشلىشى كېرەك. دەسلەپكى 5 يىل سىناق مەزگىلى بولۇپ، بۇ جەرياندا ياخشى ئىشلىگەنلەر دوتسېنتلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە 2−3 يىل ياخشى ئىشلىگەندىن كېيىن رەسمىي پروفېسسور بولالايدۇ. ئادەتتە دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئېلىپ بولۇپلا، بىرەر مەكتەپكە ياردەمچى پروفېسسور بولۇپ كىرىشنىڭ ئۆزىلا ئانچە ئاسان ئىش ئەمەس. ئۇيغۇر دىياردا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بىر ئۇيغۇر قىزىنىڭ ئامېرىكىدا ئاشۇنداق قىلالىشى تېخىمۇ شۇنداق. بىز سىڭلىمىز رەيھان بەكتۇردىن پەخىرلەنمەي تۇرالمايمىز.

چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىپ، چەت ئەلدە تۇرۇپ قالغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كىندىكىنىڭ قېنى ئۇيغۇر دىيارىدىكى تۇپراققا تۆكۈلگەن. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى باشلانغۇچ مەكتەپنى، ئوتتۇرا مەكتەپنى، ھەتتا ئالىي مەكتەپنىمۇ ئۇيغۇر دىيارىدا ياكى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە تاماملىغان. شۇڭا بىزنىڭ ئۇيغۇر دىيارىغا ۋە ئۇيغۇر خەلقىگە ۋىجدانىي قەرزىمىز بار. ئۇلارغا قولىمىزدىن كېلىشىچە ياردەمدە بولۇش مىللىي بۇرچىمىز بار. بىز دۇنيانىڭ قانداق بىر يېرىدە ياشىشىمىزدىن قەتئىينەزەر، مۇشۇنداق بىر ۋىجدانىي قەرز ۋە مىللىي بۇرچىمىزدىن تېنىۋالالمايمىز. بىزنىڭ چەت ئەلدە ياشىشىمىزنىڭ ئۆزىلا ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن بىرەر ئالاھىدە قىممەت ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. ئەگەر بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىلىم−پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىپ، چەت ئەلدىكى ئەڭ ئىلغار مىللەتلەر بىلەن رىقابەتلىشىش ھەمدە پەرزەنتلىرىمىزنى ياخشى تەربىيىلەپ چىقىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلالىساق، ئاندىن بىز ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن بىر ئاز قىممەت يارىتالايمىز.

لېكىن، بۇمۇ يېتەرلىك ئەمەس. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بىزنىڭ چەت ئەلدىكى ئورنىمىز ۋە قىممىتىمىز «يەنە بىر چەت ئەللىك»، «يەنە بىر ئامېرىكىلىق»، ياكى «يەنە بىر XXX لىق» تىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىزنىڭ بولۇش−بولماسلىقىمىز بىز ئىشلەۋاتقان ئىدارىگە ياكى بىز ياشاۋاتقان دۆلەتكە ئانچە چوڭ تەسىر كۆرسىتىپ كەتمەسلىكى مۇمكىن. ئەگەر ئىدارىمىزدە بىز بولمىساق، ئورنىمىزغا باشقا بىر ئادەمنى ئاسانلا تېپىپ سەپلىيەلەيدۇ. ئەمما، ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن بىز ئۇنداق ئەمەس. چەت ئەلدە ياشاپ تۇرۇپ، ئۇيغۇر دىيارى ۋە ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە ياردەمدە بولىدىغانلار ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك بايلىق. بىز ئۆزىمىزنىڭ بۇنداق قىممىتىنى ھەرگىز ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك. ئەگەر بىزنىڭ ئەسلى مەقسىتىمىز ماددىي

جەھەتتىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنغا ئېرىششلا بولغان بولسا، بىزنىڭ چەت ئەلگە چىقىشىمىزنىڭ ھېچ قانداق ھاجىتى يوق ئىدى. نۇرغۇنلىرىمىز چەت ئەلگە چىقمىغان بولساق، ئۇيغۇر دىيارىدىمۇ ماددىي جەھەتتە ئوبدان ياشىيالايتتۇق. شۇڭا ماددىي تۇرمۇش بىردىن-بىر مەقسەت ئەمەس. ئەڭ مۇھىم مەقسەتمۇ بولماسلىقى كېرەك.

بىر ئادەمگە خۇشاللىق ۋە بەخت ئېلىپ كېلەلەيدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار. بەزىلەر ياخشى كىيىنگەنلىكتىن بەختلىك ھېس قىلىدۇ. بەزىلەر ياخشى يېگەنلىكىدىن بەختلىك ھېس قىلىدۇ. بەزىلەر بىر بەختىيار ئائىلە قۇرغانلىقى ئۈچۈن بەختلىك ھېس قىلىدۇ. بەزىلەر باشقا ئىش ئۈچۈن بەختلىك ھېس قىلىدۇ. قانداق ئىش بىلەن ئۆزىنى ئەڭ بەختلىك ھېسابلاش ئادەمگە قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ. مەن بۇ يەردە بىر ئادەمگە بەختلىك تۇيغۇسى ئېلىپ كېلىدىغان باشقا بىر ئىشنى تىلغا ئالماي تۇرالمايمەن. ئۇ بولسىمۇ، باشقىلارغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىپ، ئۆز ئەتراپىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ تەقدىرىدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلىش. بۇنى ئىنگلىزچە «make a diffirence on others and your community» دەپ ئاتايدۇ. بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالىغان ئادەم ئۆزىدە چەكسىز بەختلىك ھېس قىلالايدۇ. بۇنداق بەخت تۇيغۇسىنىڭ ئورنىنى باشقا ئىشلار بىلەن ئېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

مەن يېقىندا تېلېۋىزوردا دۇنياغا داڭلىق فىزىكا ئالىمى، نىسپىيلىك نەزەرىيىسىنىڭ ئىجادچىسى، نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئالبېرت ئېينىشتېين توغرىسىدا بىر ھۆججەتلىك فىلىم كۆردۈم. ئېينىشتېين 1879-يىلى گېرمانىيىدىكى بىر ئوتتۇرا دەرىجىلىك يەھۇدىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1933-يىلى گېرمانلىقلارنىڭ باستۇرۇشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئامېرىكىغا قېچىپ كېلىپ، بىر قانچە داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتتا ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ئىشلەپ، 1955-يىلى 18-ئاپرېل كۈنى ۋاپات بولغۇچە ئامېرىكىدا فىزىكا ساھەسىدە داۋاملىق يېڭىلىقلارنى ياراتقان. گەرچە ئېينىشتېين چەت ئەلدە تۇغۇلۇپ، ئاساسەن چەت ئەلدىلا ياشاپ، گېرمانىيە ۋە ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ شۇنچە چوڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات يولىدىكى ئورىگىنال قول يازمىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىسرائىلىيىگە تەقدىم قىلغان. مانا بۇ مىللەتپەرۋەرلىكنىڭ بىر ياخشى مىسالىدۇر.

مەن چەت ئەلدە ياشاۋاتقان ھەر بىر ئۇيغۇر ۋەتەنداشنىڭ تۆۋەندىكى سوئال

ئۇستىدە ئازراق ئويلىنىپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. مەن ئۇيغۇرۇم ئۇچۇن نېمە ئىش قىلىپ بەردىم؟ مەن ئۇيغۇرۇم ئۇچۇن نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەيمەن؟ ئۇيغۇر خەلقى ھازىر تارىختا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە بىزنىڭ ياردىمىمىزگە موھتاج. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ بولۇپمۇ، خىزمەت تاپالماي، ئۆزلىرىنى ئاتا-ئانىسىغا باقتۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر ياشلىرى بىزنىڭ ياردىمىمىزگە ئىنتايىن موھتاج. ئەگەر سىز چەت ئەلدە پروفېسسور بولسىڭىز، ھەر يىلى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىدىن بىرنى ئېپكېلىش ئېھتىماللىقى بارمۇ، ئىزدىنىپ باقسىڭىز. ئەگەر سىز چەت ئەلدە بىرەر شىركەت قۇرۇپ ماڭدۇرۇۋاتقان بولسىڭىز، سىزنىڭ شۇ شىركىتىڭىزگە ئوخشاش شىركەتتىن بىرنى ئۇيغۇر دىيارىدا قۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئۇيغۇر ياشلىرىنى خىزمەتچى قىلىپ ئېلىپ ماڭدۇرۇش ئىمكانىيىتى بارمۇ، ئويلىنىپ باقسىڭىز. ياكى سىز چەت ئەلدە بىر مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىگىلىك ياراتقان بولسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ كەسپىي ساھەسىدە ئۇيغۇر دىيارىدىن ئۇيغۇر ياشلىرىنى خىزمەتچى قىلىپ ئېپكېلىش ئېھتىماللىقى بارمۇ، تەكشۈرۈپ باقسىڭىز. ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، ھازىر ئامېرىكىدا يۇمشاق دېتال بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسپىي خادىملارنىڭ كەم دېگەندە يېرىمى ھىندىستانلىقلار بولۇپ كەتتى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئامېرىكىغا كېلىشىدىكى يولنى ۋە ھىندىستاندىكى يۇمشاق دېتال ئىگىلىكىنىڭ تېز ۋە مۇنتىزىم ھالدا تەرەققىي قىلىش يولىنىمۇ دەل ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان ھىندىستانلىقلار ئاچقان ئىدى. ئامېرىكىدىكى چوڭ دوختۇرخانىلاردىكى سېستىرالارنىڭ يېرىمىدىن تولىسى فىلىپپىنلىقتەك قىلىدۇ. خۇددى ھىندىستانلىقلارغا ئوخشاش، ئۇلارمۇ ئەينى ۋاقىتتا ئامېرىكا 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن كۆچمەن قىلىپ ئەكەلگەن فىلىپپىنلىقلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ئىدى. خۇددى مۇشۇ مىللەتلەرگە ئوخشاش، قالغان نۇرغۇن مىللەتلەرمۇ ئۆزىنىڭ ئەسلى دۆلىتىدىكى خەلقىنىڭ گۈللىنىشىگە ۋە ئۇلارنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ راۋاجلىنىشىغا ياردەمدە بولۇۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىش مەجبۇرىيىتى بار.

يېقىندا مېنىڭ ئامېرىكىدا ئىگىلىك باشقۇرۇشتا ئوقۇيدىغان بىر تونۇشۇم ماڭا تېلېفون قىلىپ، ئۆزى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىنتېرنېت ئارقىلىق ۋەتەندىكى ئۇيغۇر ياشلىرى ئۇچۇن ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپىي مەكتىپى ئېچىش ئارزۇسىنى ئېيتتى. مەن بۇ خەۋەردىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. چۈنكى، بۇ بىر يېڭى يۈزلىنىش. بىر يېڭى باشلىنىش. بۇ ساھەدە چەت ئەلدىكىلەر قىلالايدىغان

ئىشلاردىن يەنە نۇرغۇنلىرى بار بولۇشى مۇمكىن. ۋەتەندىكىلەر مۇشۇنداق چەت ئەلدە تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ غېمىنى يەيدىغانلارغا ھازىر ئىنتايىن موھتاج. مەن www.meripet.com (بۇرۇنقى www.uyghurscholars.org تور بېتى) نى ئېچىپ، چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارغا ۋەتەندىكى ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشىغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن باشلىغان بۇ ئىشىمغا ياردەمدە بولۇشنى ئىلتىماس قىلغاندىن كېيىن، ماڭا خېلى كۆپ كىشىلەردىن جاۋاب كەلدى. ئاۋستىرالىيە، تۈركىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە، مالايسىيا، كانادا، دۇبەي ۋە ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى بىر قىسىم ئوت يۈرەك ياشلار ئارقا-ئارقىدىن ماڭا ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇلار ئىچىدىكى بىر قىسىملىرى ئۆزلىرى بىلىدىغان ئۇچۇرلارنى يىغىپ، رەتلەپ يېزىپ چىقىپ، ماڭا ماڭدۇرۇپ بەردى. ھازىر بۇ ئۇچۇرلارنىڭ ھەممىسى مەرىپەت تور بېتىدە بار. يەنە بىر قىسىم كىشىلەردىن ماڭا: «ئەركىن ئاكا، سىز ئېھتىمال ھازىر بەك ئالدىراش بولۇپ كەتكەن بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئەگەر بىز قىلالايدىغان ئىشلار بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىزگە تاپشۇرۇڭ. ئۇلارنى بىز قىلايلى» دېگەنگە ئوخشاش ئىنتايىن قىزغىن خەتلەر كەلدى. بۇ كىشىلەر ھازىر ھەقىقەتەنمۇ ئۆن-تىنسىز ۋە نامسىز ھالدا مېنىڭ ۋەتەندىكى ياشلارغا ياردەم قىلىش ئىشلىرىمغا ھەمكارلىشىپ بېرىۋاتىدۇ.

«ئوقيا» ئەپەندى ئۇيغۇرلارنىڭ Yahoo ئېلخەت گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ ماڭدۇرۇپ، دۇنيانىڭ ھەر جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزئارا ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشىغا قولايلىق ئېچىپ بەردى. ئامېرىكىدىكى مەمەت ئىمىن ئەپەندى «ساغلام بولۇڭ» دېگەن بىر ئېلخەت گۇرۇپپىسىنى ماڭدۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنى ساغلاملىققا ئائىت ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەۋاتىدۇ. مەن يۇقىرىقى ۋەتەنداشلاردىن ئىنتايىن رازىمەن. ئۇلاردىن ئىنتايىن مىننەتدارمەن. ئەمما، مەن بۇ جەھەتتە چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىلالايدىغان ئىشلىرى تېخىمۇ كۆپ، دەپ ئويلايمەن. بولۇپمۇ مەن ھازىر چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان ھەر بىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىدىن ئۆزى ئوقۇۋاتقان مەكتەپتىكى ئۇيغۇرلار ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشىش ئېھتىماللىقى بار-يوقلۇقىنى تولۇق ئېنىقلاپ چىقىپ، ئەگەر ئاشۇنداق ئېھتىماللىق بولسا، مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى يېزىپ چىقىپ، ماڭا ماڭدۇرۇپ بېرىشىنى تولىمۇ ئۈمىت قىلىمەن. مەرىپەت تور بېتى پۈتۈن ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ. چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ۋەتەندىكى ئۇيغۇر ياشلىرىغا ياردەم قىلماقچى بولسا، مەن ئۇنداقلارنى ئىنتايىن قىزغىن قارشى ئالىمەن. ھەمدە پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئۇلارغا ياردەمدە بولۇپ، ئۇلارغا ئوڭايلىق

تۇغدۇرۇپ بېرىمەن.

ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۆزىگە «HelloLife» دەپ تور بەت ئىسمى قويۇۋالغان بىر ۋەتەندىشىمىز ھازىر «چەت ئەل كۆرگەن ئۇيغۇرلار بىلەن سۆھبەت» دېگەن بىر سۆھبەت خاتىرىسىنى تەييارلاۋاتىدۇ. ئاڭلىشىمچە بۇ قېرىندىشىمىز ئۇ سۆھبەتنى كېيىنچە بىر كىتاب قىلىپ چىقىرىدىكەن. بۇ ئىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش www.izdinix.com تور بېتىدە بار ئىكەن. مېنىڭچە بۇمۇ مىللەت ئۈچۈن زور پايدىلىق بىر ئىش. چەت ئەل كۆرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئومۇمىي ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ بىر پىرسەنتىنىمۇ تەشكىل قىلمايدۇ. ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھازىرمۇ سىرتقى دۇنيانى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەي ياشاۋاتىدۇ. چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارغا ھېچ قانداق قىممىتى يوق نۇرغۇن ئۇچۇرلار ۋەتەندىكىلەر ئۈچۈن يېڭىلىق بولۇپ تۇيۇلىدۇ. «ماۋۇ ئىش ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مۇنداقتى، مەن تۇرۇۋاتقان دۆلەتتە، مەن بىللە ياشاۋاتقان مىللەتنىڭ جەمئىيىتىدە مۇنداق ئىكەن»، دېگەنگە ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى خەلقىمىز ئۈچۈن زور قىممىتى بار. شۇڭا مەن چەت ئەلدىكى ئۇيغۇر ۋەتەنداشلارنىڭ «HelloLife» ئەپەندىنىڭ چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، ئۆزلىرى كۆرگەن، ئاڭلىغان ۋە بېشىدىن كەچۈرگەن نەرسىلەرنى يېزىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا ماڭدۇرۇپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بىز چەت ئەلدە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلار، مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەلەيلىك كىشىلەرمىز. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان يوللار بىلەن ئۇيغۇر دىيارىدىكى چەت ئەلنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن تەلەيسىز خەلقىمىزگە ياردەم قىلىشقا تىرىشايلى.

ئەينى ۋاقىتتا دېڭ شياۋپىڭ ئامېرىكىدىكى جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئامېرىكىدا قېلىپ قېلىشى مەسىلىسىدە ھەقىقەتەنمۇ دانىشمەنلىك قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ دانىشمەنلىكىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىلىم-پېنى، يۇقىرى تېخنىكىسى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن نۇرغۇن پايدىسى بولدى ھەم بولۇۋاتىدۇ. ئۇ تەسەۋۋۇر قىلغان ئىشلار چەت ئەلدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈنمۇ پۈتۈنلەي مۇۋاپىق كېلەر ئىدى. لېكىن، جۇڭگودىن چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن چەت ئەلدە تۇرۇپ قالغان خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تۈرلۈك ئەندىشە ۋە توسالغۇلار تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇر دىيارىغا ئەركىن-ئازادە بېرىپ كېلىشى، ئۇ يەرگە مەبلەغ سېلىپ، ئىگىلىك يارىتىشى ۋە ئۇ يەرنىڭ مائارىپ، ئىلىم-پەن، يۇقىرى تېخنىكا ۋە ئىقتىسادىغا

تۆھپە قوشۇشى تېخىچە دېگەندەك باشلىنىپ كېتەلمىدى. ئەگەر يەرلىك ھۆكۈمەتلەر سىياسىي جەھەتتىكى ئەندىشىنى يوقىتىپ، مەمۇرىي جەھەتتە ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەرسە، چەت ئەلدە تۇرۇپ قالغان ئۇيغۇرلاردىن ئۇيغۇر دىيارىغا بېرىپ، ئۇ يەرگە ھەر خىل يوللار بىلەن ياردەم قىلىدىغانلار چوقۇم كۆپىيىدۇ.

**7-سوئال: چەت ئەلدە تۇرۇپ قالغان ئۇيغۇرلار ئۇچۇن قانداق قىلىپ ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئۇيغۇر قىلىپ تەربىيىلەش بىر مۇشكۈل ۋەزىپە بولۇشى مۇمكىن. بۇ جەھەتتىكى ئۆزىڭىزنىڭ بىلگەنلىرىدىن بىر ئاز سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز؟**

جاۋاب: سىز بۇ سوئالدا ھەقىقەتەنمۇ ھازىر چەت ئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان بىر ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپسىز. ئالدىنقى سوئالغا بەرگەن جاۋابىمدا، مەن چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىققان ئۇيغۇرلار چەت ئەلدە تۇرۇپ قېلىشنى قارار قىلغاندا كەم دېگەندە مۇنداق 4 مەقسەتنى كۆزدە تۇتىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدىم:

1) ئىلىم-پەن، ئالىي تېخنىكا ۋە ئۆز كەسپىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىش.

2) چەت ئەلنىڭ ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنىپ، بالىلىرىنى ياخشى تەربىيىلەش.

3) ئۆز ئىقتىدارىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، ماددىي جەھەتتە ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشىش.

4) كۈچىنىڭ يېتىشىچە مىللەت ئۈچۈن بىر ئاز ئىش قىلىپ بېرىش.

جۇڭگودا نوپۇس كۆپ، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئوقۇش ۋە ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى خىزمەت پۇرستى بەك قىس بولغاچقا، مېنىڭچە چەت ئەلدە تۇرۇپ قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆڭلىدە يۇقىرىقى 2-مەقسەت خېلى يۇقىرى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئامېرىكىدەك دۆلەتلەرنىڭ شارائىتى ياخشى بولغاچقا، ئۆز پەرزەنتىنى بىلىم ۋە ئىقتىدار جەھەتتە ھېچ بولمىغاندا ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىقتىسادىي سەۋىيىدە ياشىيالايدىغان قىلىپ تەربىيىلەش كۆپ سانلىق ئۇيغۇر ئاتا-ئانىلار ئۈچۈن بەك تەسكە توختىمايدۇ. بۇ يەردىكى يەنە بىر ئەڭ مۇھىم مەسىلە، بالىنى يەنە بىر «ئامېرىكىلىق» قىلىپ تەربىيىلەيمىزمۇ، ياكى «ئۇيغۇر ئامېرىكىلىق» قىلىپ تەربىيىلەيمىزمۇ، دېگەندىن ئىبارەت. ئامېرىكىدىكى بالىلار ھەر كۈنى ئەتىگەن

سائەت 7 دىن كەچ سائەت 6 گىچە چەت ئەل مۇھىتىدا ياشاپ، پەقەت ئاخشىمى كارىۋاتقا چىققۇچىلىق بولغان 3–4 سائەت ۋاقىتلا ئۇيغۇرچە سۆزلەپ ئۇيغۇرچە ياشايدىغان ئاتا–ئانا بىلەن بىرگە بولغانلىقى، بۇ جەرياندىمۇ كۆرىدىغان تېلېۋىزور يەنىلا ئىنگلىز تىلىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، بالىدا ئۇيغۇرلۇق يىلتىزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىر ئىنتايىن مۇشكۇل ۋەزىپە ئىكەن. نۇرغۇن ئاتا–ئانىلار بالىسىنى ئۇيغۇر قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن كۆپ تىرىشىدۇ. كىچىكىدىن تارتىپ بالىغا ئۆيدە ئۇيغۇرچىدا سۆزلەيدۇ. ئۆيدە بالىغا ئۇيغۇرچە سۆزلەشنى ئۆگىتىدۇ. بىزنىڭ تاماقلىرىمىزمۇ 90 پىرسەنتتىن كۆپ ۋاقىتتا ئۇيغۇر تامىقىدۇر. بۇنىڭدىن باشقا ئامېرىكىدا ئۇيغۇرلار بىر قەدەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ۋاشىنگتون ۋە نيۇ يورك شەھەرلىرى ھەمدە كالىفورنىيە ۋە تېكساس قاتارلىق شتاتلاردىكى ئۇيغۇرلار پات–پات بىر يەرگە يىغىلىپ ئولتۇرۇش قىلىپ، ھەر قېتىم يىغىلغاندا بالىلىرىمىزنى بىرگە ئويناشقا قويۇپ بېرىمىز. ياكى ھەر خىل پائالىيەتلەرگە ئورۇنلاشتۇرىمىز. 2005–يىلى مايدىن ئۆكتەبىرگىچە، جەنۇبىي كالىفورنىيە بىلەن شىمالىي كالىفورنىيىدىكى ئۇيغۇرلار ئايرىم–ئايرىم ھالدا كەم دېگەندە ھەر ئايدا بىر قېتىم دالا ئولتۇرۇشى قىلدى. بۇ ئولتۇرۇش ئىنگلىزچىدا «picnic» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بىز ئۆزىمىزگە يېقىن بىر ئاممىۋى باغچىنى ياكى بىرەر گۈزەل مۇھىتلىق ئورۇننى تاللاپ، شۇ يەرگە شەنبە ياكى يەكشەنبە كۈنى چۈشتە يىغىلىمىز. ھەر بىر ئائىلە كەم دېگەندە بىردىن تاماق تەييارلايدۇ. ئوپچە گۆش، ئىچىملىك ۋە يەل–يېمىش ئېلىپ، گۆشتە ئۇيغۇرلارنىڭ كاۋىپىنى تەييارلايمىز. تاكى كەچ سائەت 6–7 گىچە ئولتۇرىمىز. بۇ جەرياندا تەنھەرىكەت ئويۇنلىرى ۋە باشقا ئويۇنلارنىمۇ ئوينايمىز. بەزىدە مەخسۇس ئادەملەر سەيلە قىلىش ئۈچۈن ياساپ قويغان يوللاردا بىر قانچە كىلومېتىر مېڭىپ كېلىمىز. شۇڭا بۇ يىغىلىشىمىزنىڭ شەكلى ئامېرىكىچە، ئەمما مەزمۇنى پۈتۈنلەي ئۇيغۇرچە بولىدۇ. بالىلىرىمىز مۇشۇنداق يىغىلىپ، بىرگە ئوينىغاننى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. 2006–يىلى مارت ئېيىدا شىمالىي كالىفورنىيىدىكى ئۇيغۇرلار نورۇز بايرىمىدا بىر يىغىلىش قىلدى. ئۇنىڭدا ئۇيغۇرچە شېئىر ئوقۇش، نورۇز ۋە ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت سوئاللارغا جاۋاب تېپىش، ئۇيغۇرچە نومۇرلارنى كۆرسىتىش قاتارلىق پائالىيەتلەرمۇ بولدى. تۆت ياشتىن 10 نەچچە ياشقىچە بالىلارنىڭ ھەممىسى نومۇر كۆرسەتتى. مانا بۇلار بىزنىڭ ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىگە ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر ئۆرپ–ئادىتى قاتارلىقلارنى ئۆگىتىشتىكى بىردىن–بىر مۇھىتىمىز بولۇپ

قىلىۋاتىدۇ. قالغان ۋاقىتلاردا بىز «مەدەنىيەتسىز ياشايمىز». يەنى، بىز ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ-ئادىتىدىن بەھرىمەن بولالمايمىز.

ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىگە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئۇيغۇر تىلى ۋە دىنىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن، ۋاشىنگتوندىكى ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن بىر قانچە يىل بۇرۇن «ئۇيغۇر ئۈمىد مەكتىپى» دېگەن بىر مەكتەپنى قۇردى. بۇ مەكتەپ ھەر شەنبە كۈنى بىر قانچە سائەت ۋاشىنگتون شەھىرى رايونىدىكى ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىگە دەرس ئۆتىدۇ. 2006-يىللىق نورۇز بايرىمىدىكى يىغىلىشتا، شىمالىي كالىفورنىيىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ بىر ئۇيغۇر مەكتىپى قۇرۇشنى ۋە ئۇيغۇر ياشلىرى ئۈچۈن بىر تور بېتى بەرپا قىلىشنى قارار قىلدى. بۇ تور بېتىدە ھەممە ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرى «باشقۇرغۇچى» بولۇپ، ئۇ تور بېتىگە خالىغان بالا ئۆزى بىر نەرسىلەرنى قويالايدىغان، بىر نەرسىنى يازالايدىغان قىلماقچى بولدى.

چەت ئەلدە ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا، بالىلارغا گەپ بىلەنلا ئۇيغۇرنىڭ قانداق مىللەت ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بولۇش قىيىن. گەپ بىلەنلا ئۇيغۇرلارنىڭ رەھىمدىللىكى، ئاقكۆڭۈللۈكى، سەمىمىيلىكى، مەردلىكى ۋە مېھماندوستلۇقى قاتارلىقلارنى ھېس قىلدۇرۇش ئاسانلىقچە مۇمكىن ئەمەس. گەپ بىلەنلا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى سىڭدۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. بىزنىڭ ئائىلىدە، بىز 1996-يىلدىن باشلاپ ئىككى بالىمىزنى ھەر يىلى يازلىق تەتىلدە، ھېچ بولمىغاندىمۇ ئىككى يىلدا بىر قېتىم يۇرتقا ماڭدۇرۇپ تۇردۇق. ئۇلار يالغۇز ئۇرۇمچىدىلا تۇرماي، ۋىلايەت، ناھىيە ۋە يېزىلارغىچە باردى. دېھقانلار ئۆيىدە تاماق يەپ، دېھقانلار بېغىدا يېمىش يەپ، دېھقانلار بىلەن مەشرەپ ئويناپ باقتى. بۇ ئىشلار ئۇلار ئۈچۈن ئىنتايىن قاتتىق تەسىر قىلدى. بىر قېتىم مەن ئۇلار بىر يېزىدا ۋاقتىدا تېلېفون قىلسام، ئىككى بالام ئايرىم-ئايرىم ھالدا: «دادا، بىز بۇ يەردىكى ۋاقتىمىزدىن قاتتىق بەھرىمەن بولدۇق. دېھقانلاردىن بەك تەسىرلەندۇق. مەن بۇرۇن بۇ دۇنيادا ئۇيغۇر دېھقانلىرىدەك ياخشى ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى بىلمەپتىكەنمەن» دېدى. چەت ئەلدە تۇرۇۋاتقان ھەممە ئۇيغۇرلارنىڭ بىزدەك بالىلىرىنى پات-پات يۇرتقا ماڭدۇرۇپ تۇرۇش شارائىتى يوق. شۇڭا، مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار ئۈچۈن باشقا ئامال يوق. ئەگەر شارائىت بولسا، ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنى يۇرتقا ماڭدۇرۇپ تۇرسا، ئۇلارغا مىڭ سۆز بىلەن قىلغان تەربىيىنىڭ ئۈنۈمىنى يۇرتقا بىر قېتىم بېرىپ كېلىشى بىلەنلا قازىنالايدۇ. شۇڭا مەن بۇ ئىشنى قاتتىق تەشەببۇس قىلىمەن.

مەن يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتكىنىمدەك، بىز چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى كۆچمەنلىرىمىزنىڭ يېتىشچە پەرزەنتلىرىمىزنى ئۇيغۇر قىلىپ يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمىز. ئەمدى مېنىڭمۇ بىر سوئال سوراپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ: ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇرلار قانداق قىلىۋاتىدۇ؟

يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان مەن مۇنداق بىر ئىشقا ئىنتايىن ھەيران قېلىۋاتىمەن: ئەگەر مەن ئۇيغۇر دىيارىدىكى بىرەرسىدىن بىر تېلېفون نومۇرىنى سورىسام، ئۇلار ماڭا چوقۇم رەقەملەرنى خەنزۇچە ئېيتىپ بېرىدۇ. يېشى 80 ياشتىن ئاشقان بوۋاي-مومايلارمۇ شۇنداق. ئون نەچچە ياشلىق باللارمۇ شۇنداق. ئۈرۈمچىدىكىلەرمۇ شۇنداق. ۋىلايەت ۋە ناھىيىدىكىلەرمۇ شۇنداق. تېخى مەن ئۇلار خەنزۇچە دەپ بەرگەنساننى خاتا بولۇپ قالمىسۇن، دەپ ئۇيغۇرچە تەكرارلىسام، ئۇلار چۈشىنەلمىگەندەك گاڭگىراپ تۇرۇپ قالىدۇ. بىز ئۇيغۇرلارغا نېمە بولۇۋاتىدۇ؟ ئەمدى ئۆزىمىزدىن ۋاز كېچىپ، ئۆزىمىزنى ئۇنتۇلۇپ، مۇشۇ دەرىجىگە كېلىپ قالدۇقمۇ؟ گەرچە ماڭا ئۇيغۇر دىيارىدىن ئايرىلغىلى 20 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، سان ساناشقا كەلگەندە، مەن تېلېفوندا سۆزلىشىپ باققان ۋەتەندىكى نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، مېنىڭ ئۇيغۇرچەم كۆپ ياخشى ئىكەن. مېنىڭچە ئۇيغۇر دىيارىدىكى خەلققە بىرەرسى رەقەمنى خەنزۇچە دېيىشكە مەجبۇرلاۋاتقىنى يوق. ئۇيغۇرلار ئۆز-ئارا خەنزۇچە سۆزلىشىشكە بىرەرسى مەجبۇرلاۋاتقىنى يوق. ئەگەر ئۆز تىلىمىزنى ئۆزىمىز ئاسرىمىساق، ئۆز تىلىمىزغا ئۆزىمىز كۆيمىسەك، ئۆز تىلىمىزنى ئۆزىمىز قوغدىمىساق، ئۇنى باشقا ھېچ كىم بىزگە قىلىپ بەرمەيدۇ. ئۆز-ئۆزىمىزنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا بولمىغان ئىشلار ئۈچۈن بىزنىڭ ئانچە ئامالىمىز يوق. لېكىن بىز ئۆزىمىزگە ھازىر يول قويۇلغان شارائىتنى ئىنتايىن قەدىرلىشىمىز، ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىمىز كېرەك. ئالدىلىق ھالدا ئۆز تىلىمىزنى قوغدىشىمىز، ئۇنى ساقلاپ قېلىشىمىز كېرەك. ئۇنداق قىلماي تۇرۇپ، مىللەتنىڭ بۈگۈنىدىن كېيىنكى تەقدىرىنى ياخشىلاش مۇمكىن ئەمەس.

## 8-سوئال: سىزچە مىللەتپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنىڭ ئەھمىيىتى بارمۇ؟ بۇ تەربىيىنى باللاردىن باشلاپ تۇتۇش كېرەكمۇ-يوق؟

جاۋاب: بۇ سوئالنىڭ ئالدىنقى قىسمى «توغرا ئىش قىلىش» قا بېرىپ تاقالسا، كېيىنكىسى «ئىشنى توغرا قىلىش» مەسىلىسىگە ئائىت ئىكەن. مەن سوئالدا

سورالغان مەسىلىنىڭ ئۆزى ئۆستىدە توختىلىشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن ئۆز بېشىمدىن ئۆتكەن بىر قانچە ئىشنى تەسۋىرلەپ ئۆتەي.

ئوقۇرمەنلەرنىڭمۇ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، مەن قىلىدىغان پروجېكتىنىڭ بىرسى قۇياش سىستېمىسىغا يېقىن باشقا يۇلتۇزلارنى ئايلىنىپ تۇرىدىغان پلانېتىلارنى تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭدا بىزگە ئوخشاش هاياتلىقنىڭ بار-يوقلۇقىنى ئېنىقلايدىغان بىر ئالەم تېلېسكوپى لايىهەلەش. بۇ NASA نىڭ «ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى» دېگەن بىر چوڭ تەتقىقات نىشانىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، بۇ تەتقىقات مۇنداق 3 سوئالغا جاۋاب تېپىشنى مەقسەت قىلىدۇ:

1) بىز (يەنى يەر شارى ۋە ئىنسانلار) نەدىن كەلگەن؟

2) كائىناتتا بىز يالغۇزمۇ؟

3) بىز نەگە بارىمىز؟

مەن هەر قېتىم يۇقىرىقى 3 سوئالنى ئۇچراتقاندا، ئېسىمگە بىز ئۇيغۇرلار كېلىپ قالىدۇ: قانچىلىك ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىلىدىغاندۇ؟ قانچىلىك ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلىدىغاندۇ؟ قانچىلىك ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ نەگە قاراپ مېڭىۋاتقانلىقىنى ئويلايدىغاندۇ؟

1991-يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندە، ئامېرىكا ۋە غەرب ئەللىرى هۆكۈمەتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ تۈركىيە خەلقى بىلەن بىرلىشىپ، خۇددى ئوسمان ئىمپېرىيىسىگە ئوخشاش يېڭى بىر ئىمپېرىيىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ قېلىشىدىن ئىنتايىن ئەنسىرىدى. شۇ ۋاقىتتىكى بىر قانچە يىل ئىچىدە، ئامېرىكىنىڭ گېزىت-ژۇرناللىرىدا مۇشۇ مەسىلىگە ئائىت ماقالىلەر ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىندى. شۇ چاغدا مەن بىر پارچە ئۇيغۇرلارغا ئائىت ماقالىنىمۇ كۆرۈپ قالدىم. ئۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى ئۇيغۇر دىيارىغا بېرىپ، ئۈرۈمچى ۋە بىر قىسىم ۋىلايەتنىڭ مەركىزىي شەهەرلىرىدىكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ سودا قىلىدىغان بازارلارغا بېرىپ، ئۇچراتقان ئۇيغۇرلاردىن: «سىزنىڭ مىللىتىڭىز نېمە؟» دەپ سوراپتۇ. كۆپىنچە ئۇيغۇرلار ئۇنىڭغا: «مەن قەشقەرلىك»، «مەن قاغىلىقتىن»، «مەن غۇلجىلىق»، «مەن كۇچارلىق»، «مەن ئاقسۇلۇق» دېگەندەك جاۋابلارنى بېرىپتۇ. ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر بولسا ئۇنىڭغا: «مېنىڭ مىللىتىم ئۇيغۇر»، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاپتور ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدا: ئۇيغۇرلاردا تېخى بىرلىككە كەلگەن بىر مىللىيەتلىك ئېڭى شەكىللەنمەپتۇ، دەپ خۇلاسە چىقىرىپ،

ئۇيغۇرلاردىن ئەنسىرىمىسىمۇ بولىدىكەن، دېگەندەك نەرسىلەرنى يېزىپتۇ. ئەگەر هازىر بىر كىشى ئۇيغۇر دىيارىدىكى بارلىق ئۇيغۇرلاردىن: «سىزنىڭ مىللىتىڭىز نېمە؟»، دەپ سورىسا، ئۇلارنىڭ قانچە پىرسەنتى: «مېنىڭ مىللىتىم ئۇيغۇر»، دەپ جاۋاب بېرەر؟ «مەن ئۇيغۇر» دېگەنلەرنىڭ ئىچىدە قانچە پىرسەنتى پەخىرلىنىپ تۇرۇپ، قانچە پىرسەنتى ئۇيالغاندەك بولۇپ جاۋاب بېرەر؟ هازىر ئۆزىنى پەخىرلىنىپ تۇرۇپ «مەن ئۇيغۇر» دەيدىغانلار كۆپىيىۋاتامدۇ ياكى ئازىيىۋاتامدۇ؟

1993-يىلى مەن، مېنىڭ كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئۇستازىم ئاندرە كىنوسەن (Andre Knoesen) ۋە ئۇنىڭ بىر بۇرۇنقى ساۋاقدىشى ئۈچىمىز بىرلىشىپ ئامېرىكىدىكى بىر ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىلمىي تەتقىقات ژۇرنىلىدا بىر پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدۇق. ئۇستازىمنىڭ ساۋاقدىشىنىڭ ئىسمى جوسېھ مايىت (Joseph Mait) بولۇپ، ئۇنىڭ مىللىتى يەھۇدىي ئىكەن. بۇ مەن چەت ئەلگە چىقىپ، تۇنجى قېتىم تونۇشقان يەھۇدىي ئىدى. ئۇستازىم بىلەن ئىككىسى دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن بىرگە ئوقۇغانلار ئىكەن. Joseph ئامېرىكىنىڭ نيۇ يورك شتاتىغا جايلاشقان بىر داڭلىق مىلىتارى تەتقىقات مەركىزىدە ئىشلەيدىغان بولۇپ، ئۇ هازىرمۇ شۇ يەردە ئىشلەۋاتىدۇ. بىز ئۇ ماقالىنى ئېلان قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، مەن Joseph بىلەن ئامېرىكىدا ئېچىلغان بىر خەلقئارالىق ئىلمىي تەتقىقات يىغىنىدا بىرگە بولۇپ قالدىم. بىز بىرگە پاراڭلىشىش جەريانىدا، ئۇ مەندىن مېنىڭ نېمە مىللەت ئىكەنلىكىمنى، ئىسمىم ئۇنىڭغا بەك يېڭى تۇيۇلغانلىقىنى سورىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئادىتىم بويىچە ئۇنىڭغا ئۇيغۇر توغرىسىدا بىر مەيدان دەرس ئۆتتۇم. سۆزۈمنى تۈگەتكەندىن كېيىن مەن ئۇنىڭدىن: «ئاندرە (Andre) نىڭ دەپ بېرىشىچە سەن يەھۇدىي ئىكەنسەن-ھە؟» دەپ سورىدىم. ئۇ: «ھەئە، مەن بىر يەھۇدىي. مەن ئۆزۈمنىڭ بىر يەھۇدىي بولغانلىقىدىن ئىنتايىن پەخىرلىنىمەن.» دەپ جاۋاب بەردى. مەن بۇ سۆزگە قارىتا ئۆزۈمنى مەجبۇرلاپ كۈلۈپ قويدۇم. قانداقتۇر بۇ سۆزدىن كېيىن مېنىڭ كۆڭلۈم ئىنتايىن بىئارام بولۇپ كەتتى. ئازراق زەربە يېگەندەكمۇ ھېس قىلدىم. «مەن ئۇ كىشىدىن ‹ئۆزۈڭنىڭ بىر يەھۇدىي ئىكەنلىكىڭگە قانداق قارايسەن؟› دەپ سورىمىغان تۇرسام، ئۇ ماڭا نېمىشقا بۇنداق جاۋاب بېرىدۇ؟» دەپ قورسىقىممۇ بىر ئاز كۆپتى. شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ سۆز يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر يېرىگە ئورناپ كەتتى. ھەر قېتىم بۇ ۋەقەنى ئەسلىگىنىمدە: «نېمە ئۈچۈن يەھۇدىيلار بىر كىشى سورىمىسىمۇ باشقىلارغا ئۆزىنىڭ يەھۇدىي

بولغانلىقىدىن ناھايىتى پەخىرلىنىدىغانلىقىنى ئېيتالايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بىز ئۇيغۇرلار ئۇنداق دېمەيمىز؟ نېمە ئۈچۈن بىز ئۇنداق دېيەلمەيمىز؟» مەن ئامېرىكىغا كەلگەن دەسلەپكى مەزگىلدە بالىلارنىڭ مەكتىپىدە بەزى پائالىيەتلەر بولۇپ قېلىپ، شۇ پائالىيەتتە مەن ئۇيغۇرلارنى تونۇشتۇرسام، تۆۋەندىن ھېچ قانداق سادا چىقمىغان ئىدى. ئامېرىكىلىقلار بىلەن ئايرىم پاراڭلاشقاندا ئۇلارغا ئۆزۈمنى ۋە ئۇيغۇرنى تونۇشتۇرسام، بەزىلىرى مېنىڭ دېگەنلىرىمگە ئەجەبلىنىۋاتقاندەك چىراي ھالىتىنى ئىپادىلىگەن ئىدى. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇلار بۇ پاراڭ مەزمۇنىغا ئانچە قىزىقىپ كەتمەيتتى.

يەھۇدىيلار كوممۇنىزمنى ئىجاد قىلغان. ئۇلار دېموكراتىيىنىمۇ ئىجاد قىلغان. ئىنسان تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر فىزىكا ئالىمى ئېينىشتېينمۇ يەھۇدىي. 1987-يىلىدىن 2005-يىلىغىچە ئامېرىكا فېدېراتسىيە بانكىسىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن كىشى ئالان گرېن سپانمۇ يەھۇدىي. ئەينى ۋاقىتتا بۇ كىشىنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزى پۈتۈن دۇنيانىڭ پايچېك بازىرىغا تەسىر كۆرسىتەتتى. كالىفورنىيە شتاتىنىڭ 2 سېنەتورىمۇ يەھۇدىي. مەن مۇشۇ سۆھبەتنىڭ ھازىرغىچە بولغان قىسىملىرىدا ئوخشىمىغان ساھەلەردە نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن يەھۇدىي ئالىملىرىدىن ئاز دېگەندە 3 كىشىنى تىلغا ئالدىم. بۈگۈن ئىنتېرنېتنى ئىزدەپ كۆرسەم، يەھۇدىيلاردىن نوبېل مۇكاپاتى ئالغانلارنىڭ سانى 160 كىشىدىن ئاشىدىكەن. بۇ سان دۇنيادىكى باشقا ھەرقانداق مىللەتنى بېسىپ چۈشىدىكەن. يەھۇدىيلارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى مۇشۇنداق تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن كەم دېگەندە بىرەر كىتاب يېزىشقا توغرا كېلىشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇلارنىڭ باشقا مىللەتلەرگە ۋە ئىنسانىيەتكە قىلغان جىنايى ئىشلىرىدىنمۇ خېلى كۆپ. تېخى يېقىندا ئۇلار خۇددى بىر خوتۇنى بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ، خاپا بولۇپ، ئۆيىدىكى چىنە-قاچىلارنى چاققان ئەرگە ئوخشاش (ئىنگلىزچىدا بۇنى «A mad man» دەپ ئاتايدۇ) لىۋانغا بېسىپ كىرىپ، ئۇ يەرنى 2 ئاي بومباردىمان قىلىپ، نۇرغۇن شەھەرلەرنى ۋەيران قىلىپ، دېڭىز بويىنى ماي بىلەن بۇلغاپ، 1000 دىن ئارتۇق پۇقرانى ئۆلتۈرۈپ چىقىپ كەتتى. مۇشۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ، ئۇلار يەنە پۇرسەتلا بولسا باشقىلارغا «مەن ئۆزۈمنىڭ بىر يەھۇدىي بولغانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن»، دەيدۇ.

2000-يىلى مەن ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بىلەن خېلى ئارىلىشىپ باققان بىر ئامېرىكىلىق بىلەن بىرگە بولۇپ قالدىم. پاراڭلىشىش جەريانىدا ئۇ مەندىن ئۇيغۇرنىڭ قانداق مىللەت ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قانداق

تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى بارلىقىنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈم بىلگەن ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردىم. سۆزۈمنىڭ ئاخىرىدا ئۇ مېنىڭ قولۇمنى مەھكەم سىقىپ: «ئەركىن، مەن بۇ سوئاللارنى ھازىرغىچە خېلى كۆپ ئۇيغۇرلاردىن سورىغان. لېكىن، بىرەرسىدىن ئۆزۈم قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب ئالالمىغان. مانا بۈگۈن سېنىڭ جاۋابىڭنى ئاڭلاپ تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر توغرىسىدا بىر ئاز چۈشەنچىگە ئىگە بولغاندەك ھېس قىلدىم. ساڭا رەھمەت.» دېدى.

ئەمدى يۇقىرىقى سوئالنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، بۇ سورۇندا ئۇنى ئۇيغۇرلارغا ۋە ئۇيغۇر دىيارىغا باغلاپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىش مۇۋاپىق ئەمەس. شۇڭا مەن بۇ مەسىلىگە ئامېرىكىدىكى ئىجتىمائىي پەن مۇتەخەسسىسلىرى قانداق قارايدىكەن، شۇ توغرىسىدا ئۆزۈمنىڭ چۈشەنچىسىنى ئازراق سۆزلەپ بېرەي. مىللەتپەرۋەرلىك (ئىنگلىزچە «nationalism») بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك (ئىنگلىزچە «patriotism») مەنە جەھەتتىن بىر-بىرىگە ئىنتايىن يېقىن بولۇپ، ئۇلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈشمۇ ئاسان ئەمەس. يەنى، بۇ 2 ئۇقۇمنىڭ قانداق كونكرېت مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى بىر دۆلەت، بىر رايون ۋە بىر مىللەتكە قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، 20-ئەسىردە بىر قىسىم دىكتاتورچىلار خەلقنىڭ ئۆز دۆلىتىگە بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك مۇھەببىتىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۇنى ئۆزى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇشنىڭ ماھىيىتىنى ئاقلاش ۋە خەلقنى تىزگىنلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى. دېموكراتىيىلىك رېسپۇبلىكىلاردە بولسا، ئاشۇنداق دىكتاتورلۇققا قارشى ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشلەرنى ۋەتەنپەرۋەرلىك كۈرىشى، دەپ ھېسابلىدى.

ئىنگلىزچە لۇغەتتىكى ئېنىقلىمىسى بويىچە ئېيتقاندا، مىللەت (ئىنگلىزچە nation) دېگەن سۆز بىر خىل ئېتنىك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ئادەملەر توپىغا قارىتىلغان بولۇپ، بۇ توپنىڭ ئىچىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر خىل تىلنى ياكى بىر-بىرىگە ناھايىتى يېقىن بولغان تىلنى ئىشلىتىدۇ. مىللەت توغرىسىدا يېقىندا ئۆزىگە «ئاپتاپ» دېگەن ئىنتېرنېت ئىسمى قويۇۋالغان بىر قېرىندىشىمىز بىلىۋالغا بىر ئىنتايىن ياخشى ماقالە چىقاردى. ئۇ ماقالىنىڭ ماۋزۇسى «مىللەت دېگەن نېمە؟» بولۇپ، ئىنتېرنېت ئادرېسى:
http://www.biliwal.com/modules.php?name=Forums&file=viewtopic&p=2389#2389

مەن ئۇنى www.meripet.com غىمۇ قويۇپ قويدۇم: http://www.meripet.com/Academy/Millet.htm. مەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۇنى بىر

قېتىم كۆرۈپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. بۇ ماقالىدە ئېيتىلىشىچە، مىللەتنىڭ تىل، غۇرۇر ۋە مەدەنىيەتتىن ئىبارەت 3 مۇھىم ئامىلى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە، تىل بولسا مىللىي مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ مۇكەممەل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ۋاستە. مەدەنىيەت بولسا مىللەت روھىنىڭ ئىپادىسى، شۇنداقلا مىللەت پۈتۈنلۈكىنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇچى شىلىم. غۇرۇر بولسا مىللەتنىڭ روھى، تىل ۋە مەدەنىيەتنىڭ كىملىك كىنىشكىسى.

مىللەت سۆيۈملۈكنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ، بىر ئادەم ئۆز مىللىتى ئارقىلىق ئۆزىنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئۆز مىللىتى ئىچىدە ئۆزىگە خاس بۇرچى ۋە كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان بىر قىسىم ئالاھىدە ھوقۇقى بولىدۇ. بۇ يەردىكى «بۇرچى» دېگىنىمىز ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئاساسىي قانۇنى ۋە جۇغراپىيىسى قاتارلىقلارنى بىلىش مەسئۇلىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. قىسقارتىپ ئېيتقاندا، مىللەتپەرۋەر كىشىلەر بىر ئىنستىتۇتنى ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئامىللارنى سۆيىدۇ. روشەنكى، ئۆز مىللىتىنى سۆيۈش ۋە شۇ ئارقىلىق مىللەتپەرۋەر بولۇش ئۇچۇن چوقۇم ئۆز مىللىتىنى، بولۇپمۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۆز مىللىتىگە خاس بىر قىسىم نەرسىلەرنى بىلىش كېرەك. ياش-ئۆسمۈرلەرگە بۇ نەرسىلەرنى مىللەتپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئارقىلىق ئۆگىتىش دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى مىللەتلەر قوللىنىدىغان ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ھازىر بۇنداق قىلىش ئاسان ئەمەس. ھازىر بۇ جەھەتتىكى ئىشلار پەقەت تەربىيە كۆرگەن ئاتا-ئانىلار ئۆيىدە ئۆز پەرزەنتلىرىگە سۆزلەپ بېرىش بىلەنلا چەكلىنىۋاتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن مەن يۇقىرىدا تەسۋىرلەپ ئۆتكەن بىر قانچە مەسىلىلەردىكىدەك ئەھۋاللار يۈز بېرىۋاتىدۇ.

ۋەتەنپەرۋەر كىشىلەر بىر خىل ئىدىيە ۋە ئۇنىڭ پرىنسىپلىرىنى سۆيىدۇ. ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ مۇنداق ئالاھىدىلىكلىرى بار: ۋەتەنپەرۋەرلىك كىشىلەرنىڭ دۆلەت سىياسىي پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ سىياسىي پائالىيەتلەر سايلامدا بېلەت تاشلاش، مەملىكەتلىك ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىش، سوتقا چىقىپ دەۋالىشىش، ئەسكەر بولۇش ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئىشلەش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كۆپلىگەن كىشىلەر مۇشۇنداق دۆلەت سىياسىي پائالىيەتلىرىگە قاتناشقاندا، دۆلەت سىياسىتىنىڭ تېخىمۇ ياخشىلىنىشى ۋە تېخىمۇ ئادىل بولۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ.

مەن مۇشۇ سوئالنى كۆرگەندىن كېيىن، ئامېرىكا جەمئىيىتى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بېرىشكە قانداق قارايدىغانلىقى توغرىسىدا ئازراق ئىزدىنىپ، تاپقان ماتېرىياللارنى تېز سۈرئەتتە ئوقۇپ باقتىم. مەن كۆرگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئامېرىكىلىقلار ئاساسەن مەكتەپتە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بېرىشكە قارشى ئىكەن. ئۇلار كۆرسەتكەن سەۋەبلەرنىڭ بىر قىسمى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

1. بەزىلەر ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن پايدىلىنىپ، بىر دۆلەتتىكى ئەركىن ۋە مۇكەممەل ئاساسقا ئىگە سىياسىي مۇنازىرىنىڭ داۋاملىشىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

2. ۋەتەنپەرۋەرلىك ئايرىمچىلىقنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ھەمدە قانۇنسىز ھالدا ئۆز گراجدانلىرىنى باشقا ئىنسانلاردىن ئۈستۈن كۆرىدىغان ئىدىيىنى تەرغىب قىلىدۇ. بارلىق مۇھەببەتلەر «قارىغۇ» (يەنى سەۋەبسىز) بولغىنىدەك، كىشىلەرنىڭ بىر دۆلەتكە بولغان مۇھەببىتى ئۇ دۆلەتنىڭ يېتەرسىزلىكىنى كۆرمەسلىككە ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن.

3. بىر قانۇنلۇق ھۆكۈمەت ئۆزى باشقۇرغان كىشىلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن سەمىمىي قوللىشى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولىدۇ. ئەگەر بىر ھۆكۈمەت ئۆزىنىڭ غايەت زور ھوقۇقىنى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈستىدىن ئىشلىتىپ، ئۇ ئوقۇغۇچىلارنى بۇ ھۆكۈمەتنى ياقتۇرۇشقا مەجبۇرلىسا، ئۇ ھالدا خەلقنىڭ بۇ ھۆكۈمەتنى قوللىشى سەمىمىي بولماي قالىدۇ.

4. ئوقۇغۇچىلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىكنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ تۇرۇپ تارىخ سۆزلىگەندە، تارىخنى ئۆزگەرتىش ۋە يالغان تارىخ ياساشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئوقۇغۇچىلارغا تارىختا نېمە ئىش بولغانلىقىنى ۋە نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولغىنىنى ئەينەن سۆزلىگىلى بولمايدۇ. (مەن «جۇڭگو كومپارتىيە تارىخى» نى ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپتە جەمئىي 3 قېتىم دەرس قىلىپ ئوقۇدۇم. ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، بۇ 3 قېتىملىق دەرسنىڭ مەزمۇنىدا پەرق ئىنتايىن چوڭ بولدى.)

ئامېرىكا مەكتەپلىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى مونوپولىيە قىلىۋالمايدۇ. ئۇلار ھەر خىل سىياسىيونلار بىلەن، يەنى ھۆكۈمەت سىياسىتىنى قوللايدىغان ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدىغان سىياسىيونلار بىلەن، رىقابەتلىشىدۇ. دۆلەتنىڭ ھەقىقىي

ئىگىسى خۇدا، دەپ قارايدىغان دىنىي باشچىلار بىلەنمۇ رىقابەتلىشىدۇ. سىياسىيغا قاتنىششىنى ئەمەس، ئىستىبالنى ئىلگىرى سۈرىدىغان چوڭ سودا شىركەتلىرى بىلەنمۇ رىقابەتلىشىدۇ. بۇ جەھەتتە مەكتەپنىڭ بىر ئوقۇتقۇچىسى خۇددى بىر پادىشاھقا ئوخشاش بولۇپ، ھېچ قانداق كىشى ئۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسخانىدا نېمە دەپ دەرس سۆزلىشىگە ئارىلىشالمايدۇ. شۇڭلاشقا ئوقۇتقۇچىلار دۆلەتنىڭ ھەر خىل چوڭ سىياسەتلىرىگە نىسبەتەن، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەر خىل چوڭ سىياسىي ۋەقەلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بەس-مۇنازىرىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىنى تەڭ سۆزلەپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزلىرى مۇستەقىل ئويلاش ۋە تەھلىل قىلىشقا چاقىرىدۇ. ئاخىرقى خۇلاسىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزى چىقىرىۋېلىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. مېنىڭ ئوغلۇم ھازىر تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 3-يىللىقىدا ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭ تارىخ ئوقۇتقۇچىسى ھەر قېتىملىق دەرستە ئالدى بىلەن ئامېرىكىنىڭ تېما بولۇۋاتقان ھەر خىل ئىچكى ۋە تاشقى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى چوڭ بەس-مۇنازىرىلەرنى چۈشەندۈرۈپ تۇردى. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا چۈشەندۈرگەن نۇرغۇن نەرسىلىرى ئامېرىكا پرېزىدېنتى بۇشنىڭ تاشقى سىياسىتى ۋە ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئايرىم مۇددىئاسى بولۇپ، بۇشنى چۈشۈرىدىغان نەرسىلەرمۇ ئىنتايىن كۆپ بولدى. مەن نۇرغۇن گېزىت ئوقۇپ چۈشىنىپ ماڭغان نەرسىلەرنى مېنىڭ ئوغلۇم مەكتەپتىكى دەرس ئارقىلىقلا چۈشىنىپ ماڭدى. نۇرغۇن سىياسىي ئىشلاردا مەن ھازىر ئوغلۇم بىلەن خېلى ئۇزۇن ئوخشاش سەۋىيىدە پاراڭلىشالايمەن.

ئامېرىكىدىكى ۋىسكونسىن ئۇنىۋېرسىتېتى (Wiskonsin University) نىڭ مادىسون (Madison) شۆبىسىدە كەۋىن باررەتت (Kevin Barrett) ئىسىملىك بىر پروفېسسور بولۇپ، ئۇ سىنىپىدا دەرس سۆزلىگەندە ئوقۇغۇچىلارغا 11-سېنتەبىر ۋەقەسىنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى پىلانلاپ كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى، ئۇنداق قىلىشىدىكى مەقسىتى ئوتتۇرا شەرقتىكى ئۆرۈشتا سىياسىي پايدىغا ئېرىشىش ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئامېرىكا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرى بۇ پروفېسسورنى مەكتەپتىن قوغلاپ چىقىرىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. لېكىن، ئۇ مەكتەپ بۇ پروفېسسورنى ئىشتىن بوشاتمىدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، پۈتۈن ئامېرىكا بويىچە بۇ پروفېسسورنى قوللاش ھەرىكىتى قوزغىلىپ، گېزىت-ژۇرناللاردا ئۇنى قوللايدىغان نۇرغۇن ماقالىلەر ئېلان قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ پروفېسسور بىر مەملىكەتلىك قەھرىمان ياكى «چولپان»

بولۇپ قالدى. مەن بۇگۈن ئىنتېرنېتنى ئاختۇرۇپ كۆرسەم، ئامېرىكىدىكى بىر ئورۇن كەۋىن باررەت (Kevin Barrett) قا ئوخشاش، 11-سېنتەبىر ۋەقەسىنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان، دەپ قاراپ مەيدانغا چىققان، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە داڭلىق كىشىلەردىن جەمئىي 44 نەپەرنى تىزىملاپتۇ.

يۇقىرىقىلار ئامېرىكىنىڭ ئەھۋالى. مەن ئوقۇرمەنلەردىن بۇ يەردىكى ئۇقۇملارنى ئۇيغۇرغا ۋە ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئۆزلىرى تەدبىقلىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ يەردە تەكىتلەپ قويۇشقا تېگىشلىك بىر نەرسە شۇكى، خۇددى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈپ كەتكەندەك، بىر ئادەم ئۆزىنى مەلۇم بىر مىللەتنىڭ بىر ئەزاسى، دەپ ھېسابلايدىكەن، ئۇ چوقۇم ئۆز مىللىتى ئىچىدىكى مۇنداق بىر بۇرچنى ئادا قىلىشى كېرەك: ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى، ئاساسىي قانۇنىنى، ۋە جۇغراپىيىسىنى ياخشى ئىگىلىۋېلىش. ئۇيغۇرلار ھازىر بۇ جەھەتتە ئىنتايىن ئاجىز.

بۇ يىل يازدا ئۇرۇمچىگە بارغاندا، مەن بىر پۈتۈن ئۆمرىنى ئۇيغۇر ژۇرنالىستلىقى بىلەن ئۆتكۈزگەن پېشقەدەم ئۇيغۇر زىيالىيسى بىلەن يېرىم سائەت پاراڭلىشىپ قالدىم. ئۇ ئاكىمىز ھازىرغىچە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى نۇرغۇن مەسىلىنى نەزەرىيە جەھەتتىن تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىپتۇ. خېلى كۆپ كىتابمۇ چىقىرىپتۇ. ئۇنىڭ ھازىر باسمىغا تەييارلاۋاتقان كىتابىنىڭ مەزمۇنىدىن مەن ئازراق خەۋەر تېپىپ، ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ كەتتىم. سەۋەبى، مەن بۇرۇن ئۇيغۇرلار ئىچىدە بۇنداق مەسىلە ئۈستىدە باش قاتۇرىدىغان ئادەملەر يوقمىكىن، دەپ ئەنسىرەيتتىم. ئۈرۈمچىدە كىتابخانىلار ئانچە كۆپ ئەمەسكەن. ئاقسۇدىمۇ ھەم شۇنداق. مەن ئۇلارغا كىرىپ باقتىم. بىر قىسىم كىتابلارنى ۋاراقلاپ باقتىم. ناھايىتى ياخشى يېزىلغان كىتابلار بار ئىكەن. بىر قىسىم ئوت يۈرەك ئۇيغۇر زاتلىرى توسالغۇنىڭ قانچىلىك كۆپ بولۇشى، قىيىنچىلىقنىڭ قانچىلىك ئېغىر بولۇشى، شارائىتنىڭ قانچىلىك ناچار بولۇشىغا قارىماي، ئۆتمۈشتىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئىچىدىكى ھەر خىل گۆھەرلەرنى قېزىپ تېپىپ، ئۇنى كىتاب قىلىپ چىقىرىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇنۇپتۇ. بۇ كىتابنىڭ ئاپتورلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئالىي مەكتەپ تەربىيىسى كۆرمىگەن ئىكەن. لېكىن، يازغان نەرسىلىرىنىڭ سۈپىتى ناھايىتى يۇقىرى ئىكەن. بىر كۈنى مەن بىر چوڭ بازار بىناسىنىڭ ئىچىدە كېتىۋاتسام، مېنى بىر ئۇكىمىز چاقىردى. ئۇ ئۇكىمىز شۇ بازاردا بىر كىچىك يەرنى ئىجارىگە ئېلىپ، ئۇيغۇر كىتاب دۇكىنى ئاچقان ئىكەن. مېنىڭ رەسىمىمنى بۇرۇن

تور بەتلىرىدىن كۆرگەن بولغاچقا، مېنى تونۇۋېلىپ چاقىرىشى ئىكەن. ئىككىمىز ئولتۇرۇپ بىر دەم پاراڭلاشتۇق. پەقەت تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە بۇ ئۇكىمىز ئۆزى يېزىپ چىقارغان كىتابتىن ماڭا 3 خىل كىتاب سوۋغات قىلدى. پۇل بەرسەم ھەرگىز ئالمىدى. مېنىڭ ئىگىلىشىمچە، ھازىر ئۇيغۇر دىيارىدا بىر يازغۇچى مۇشۇنداق كىتاب چىقارسا، ئۇنىڭدىن جەمئىي ئاران 3000 دانە ئەتراپىدا سېتىلىدىكەن. شۇڭلاشقا باسقاندىمۇ ھەر بىر خىل كىتابنى 3000 دانە ئەتراپىدا بېسىپ چىقىرىدىكەن. تەخمىنەن سەككىز مىليون نوپۇسقا ئىگە ئۇيغۇر خەلقىدىن مۇشۇنداق كىتابلارنى سېتىۋالىدىغانلاردىن ئاران 3000 كىشى چىقىدىكەن. كىتابخانىلارنىڭ ئىچىدە ئادەم ئىنتايىن ئاز بولۇپ، كىشىگە ناھايىتى سوغۇق تۇيۇلىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇيغۇر رېستورانلىرى باشقا بىر دۇنيا ئىكەن. مەيلى چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولسۇن، مەيلى كەچلىك تاماق ۋاقتى بولسۇن، مەيلى ھەپتە ئارىلىقى بولسۇن، ياكى شەنبە-يەكشەنبە دەم ئېلىش كۈنلىرى بولسۇن، ئۇيغۇر رېستورانلىرى ئىچىنىڭ ئاۋاتلىقى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىكەن. مەن ئامېرىكىدا ئۇيغۇر دىيارىدا كۆرگەنلىرىمنىڭ دەل ئەكسىنى كۆرىمەن: كىتابخانىلار مىغ-مىغ ئادەم بىلەن لىق تولغان. رېستورانلار بولسا ئادەمسىز چۆللۈككە ئوخشاپ قالغان. بۇنىڭدىن 3 ھەپتە بۇرۇن بىزنىڭ بىر ئەر-ئايال دوستىمىز ئۆزلىرىنىڭ يىللىق توي خاتىرە كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن ئايالىم بىلەن ئىككىمىزنى بىر ئىرانلىقلار ئاچقان رېستورانغا تەكلىپ قىلدى. ئۇ بىر جۈمە كۈنى كەچتىكى ئىش بولۇپ، ئادەتتە بۇنداق ۋاقىت ئامېرىكىنىڭ رېستورانلىرىدا ئادەم ئەڭ كۆپ بولىدىغان ۋاقىت ئىدى. بۇ بىر ئاۋات  بازارغا جايلاشقان، دەرىجىسى خېلى يۇقىرى رېستوران بولۇپ، نەق مەيداندا ساز چېلىپ ناخشا ئېيتىدىغان ئادەملىرىدىن 5-6 ئادىمى بار ئىكەن. مەخسۇس ئۇسسۇل ئوينايدىغان سورۇنىمۇ بار ئىكەن. لېكىن، ئۇ كۈنى كەچتە بۇ رېستورانغا بىزدىن باشقا پەقەت يەنە بىر جۈپ ئادەملا كەلدى. سازچىلار بىزنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا جەمئىي 6 خېرىدارغا كەچ سائەت 11 گىچە ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ بەردى.

JPL دە مەن بار بىنانىڭ مېنىڭ ئىشخانام جايلاشقان قەۋىتىدە ئىشلەيدىغان بىر يەھۇدىي بار. ئۇ بېشىغا داۋاملىق يەھۇدىيلارنىڭ كىچىك دوپپىسىنى كىيىۋالىدۇ. خالاغا ماڭغاندىمۇ قولىدا بىرەر كىتاب ياكى ژۇرنال ئوقۇپ ماڭىدۇ. قولىدىكى كىتابقا قاراپ، يولغا قارىمايدىغان بولغاچقا، مەن ھەر دائىم ئۇنىڭ

كىلىۋاتقىنىنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ بىلەن ئۇسۇشۇپ كەتمەي، دەپ ناھايىتى ئېھتىياتلىق بىلەن ماڭىمەن. بىر نەچچە قېتىم مەن ئۇنىڭ خالادا ئۆرە تۇرۇپ، كىچىك تەرەت قىلىۋاتقاندىمۇ بىر قولىدا كىتاب بار بولۇپ، ئۇنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردۇم. بۇ ئالاھىدە ئەھۋال بولۇپ، مەن بۇ كىشىدىن باشقىلارنىڭ بۇنداق قىلغىنىنى كۆرمىدىم. لېكىن، يەھۇدىيلارنىڭ دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەردىن ئىلىم-پەن قاتارلىق بىر قىسىم ساھەلەردە ئېشىپ كېتىشىدە مانا مۇشۇنداق روھنىڭ چوڭ رولى بار. مەن مۇشۇ سۆھبەتنىڭ 1-قىسمىدا تىلغا ئالغان مېنىڭ ئالېكىس ئىسىملىك يەھۇدىي دوستۇمنىڭ ئۆيىدە بىرەرمۇ تېلېۋىزور يوق. ئۇ قەتئىي تېلېۋىزور كۆرمەي، بوش ۋاقىتلىرىدىمۇ كىتاب-ژۇرنال ئوقۇيدۇ. كىتاب ئوقۇشتىن خۇددى باشقىلار تېلېۋىزور كۆرۈپ ھوزۇرلانغاندەك ھوزۇرلىنىدۇ. بىر ئىنسان ئۈچۈن بۇنداق بىر ياشاش يولىنى تاللاش ۋە ئۇنىڭغا ئادەتلىنىش ئاسان ئىش ئەمەس. لېكىن 55 ياشلارغا كىرىپ قالغان ئالېكىس ھازىر شۇنداق قىلىۋاتىدۇ. مەن 80-يىللارنىڭ بېشىدا ماۋ زېدۇڭنىڭ جۇڭنەنخەيدىكى ئۆيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ باققان. ئۇ كىشىنىڭ ئۇخلايدىغان كارىۋىتى 2 كىشىلىك كارىۋات بولۇپ، يېرىمىدا ئۆزى ئۇخلايدىكەن، قالغان يېرىمىغا بولسا لىقمۇ-لىق كىتاب تىزىقلىق ئىكەن. كۆرگەزمە خادىملىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ كىشى كۈنىگە پەقەت 3-4 سائەتلا ئۇخلاپ، قالغان ۋاقىتتا كىتاب ئوقۇيدىكەن. خالادىكى ئورۇنىنىڭ ئالدىغا ۋە يېنىغا بىردىن كىچىك ئۈستەل قويۇلغان بولۇپ، ئۇلارغىمۇ لىقمۇ-لىق كىتاب قويۇلغان ئىكەن. مەن يېقىندا JPL دە ئادەمنىڭ ئۇخلىشى ھەققىدە بىر مۇتەخەسسىسنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ دېيىشىچە ئادەم ھەرگىزمۇ ئۇخلىمىغانغا ئۆلۈپ قالمايدىكەن (لېكىن، ئىلمىي نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئادەم نورمال ئەھۋالدا كۈنىگە 6-9 سائەت ئۇخلىشى كېرەك ئىكەن). مەن ئۆمرۈمدە ئۇيغۇرلارنىڭ تولا كىتاب ئوقۇيدىغان، ياكى مەكتەپتە بەك تىرىشىپ ئوقۇيدىغان كىشىلەرگە قارىتا «كەچكىچە كىتابلا ئوقۇيدىكەن، يا بىرەر ئالىم بولالمايدىكەن» دېگەن گېپىنى كۆپ قېتىم ئاڭلىدىم. شۇنداق، ئازراق كىتاب ئوقۇپ قويۇپلا ئالىم بولغىلى بولمايدۇ. ئالىم بولماق ئۇنداق ئاسان ئەمەس. خەقلەر كىتاب ئوقۇپ يۈرسە، سىز ئۇلاردەك كىتاب ئوقۇشنىڭ ئورنىغا ئۇلارنى مەسخىرە قىلىپ يۈرسىڭىز، ئۇلار ئالىم بولالمىسىمۇ سىزگە خوجايىن بولالايدۇ. سىز تەدرىجىي ھالدا ئۇلارغا قۇل بولۇپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. يېقىندا بىلىۋال تور بېتىگە «كىتابقا ئىشتىياق باغلىغان مىللەت، ئۈمىدكە تولغان مىللەت»، دېگەن بىر قىسقا يازما چاپلاندى. كىتابقا

ئىشتىياق باغلىمىغان مىللەت قانداق بولۇپ كېتەر؟ 80–يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدىكى بىر يازدا، ئۇيغۇر دىيارىدا «ئىنتىپاقلىق ئېيى» ھەرىكىتى بولۇۋاتقان بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر خالانىڭ ئىشىكىگە «مەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرلىرىنى قۇل، ئاياللىرىنى xxx قىلىمەن»، دېگەن بىر جۈملە خەت يېزىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچىدە خېلى بىر مەزگىل چوڭ ۋەقەلەر بولۇپ كەتتى. ئۇ خەت يېزىلغىلى ھازىر 20 يىلدەك بولۇپ قاپتۇ. ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

مىللەتپەرۋەرلىك دېگەن مىللەتنى سۆيۈش، مىللەتكە كۆيۈش، مىللەتنىڭ ئىستىقبالىغا كۆڭۈل بۆلۈش، ھەر بىر ماكاندا، ھەر بىر زاماندا ئۇيغۇرنىڭ غېمىنى يېيىش، دېگەن سۆز. كۆپ كىتاب ئوقۇغاندا، ئۇيغۇرلار تەرەققىيات جەھەتتە باشقىلارنى بېسىپ چۈشەلمىگەن تەقدىردىمۇ، قۇللۇق ئورنىغا چۈشۈپ خارلىنىپ قالمايدۇ. مۇشۇنداق مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كىتابنى كۆپ ئوقۇش، مىللەتپەرۋەر بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. ئۇيغۇرلار ئىچىدە توغرا ئىشنى قىلىشنى ۋە ئىشنى توغرا قىلىشنى بىلىدىغانلار خېلى كۆپ. لېكىن ھازىر ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئويلىغانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىمكانىيەت يوق. ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ناھايىتى ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئۇيغۇرلارنى ۋە ئۇيغۇر دىيارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ناھايىتى پايدىلىق بولغان ئىلغار سەۋىيىلىك، يۇقىرى سۈپەتلىك ئىدىيە ۋە چۈشەنچىلەر كۆپلەپ مەيدانغا كېلىۋېتىپتۇ– –يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كىتابلار ۋە مۇشۇ سۆھبەتنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۇيغۇر ئىنتېرنېت تەرەققىياتلىرى مانا مۇشۇنىڭ تىپىك مىساللىرىدۇر. لېكىن، بۇ ئىدىيە، چۈشەنچە ۋە بىلىملەر ھازىر ئۇيغۇر خەلق ئاممىسىغا ئانچە يېتىپ بارالمايۋېتىپتۇ. سېتىلغان 3000 كىتابنى ئۆزئارا ئارىيەت ئېلىپ، ئۇنىڭدىن 3 ھەسسىدىن ئارتۇق ئادەم ئوقۇيدۇ، دېسەكمۇ، ئۇ 10000 ئادەم بولىدۇ. بۇ ئادەملەر 8 مىليون ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ئاران 0.125 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. دېمەك، بۇ سان «يوق» دېگەندىن ئازراقلا ياخشى. ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئىنتېرنېت ئىشلىتىدىغان ئادەملەرنىڭ سانىمۇ ئىنتايىن ئاز ئىكەن. ناھىيە ۋە يېزىلارغۇ ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ۋىلايەت شەھەرلىرىدىمۇ كومپيۇتېرى بارلار ۋە كومپيۇتېرىنى ئىنتېرنېتقا ئۇلىغانلار ئىنتايىن ئاز ساندا ئىكەن. شۇڭلاشقا، ئىلغار كىتاب يېزىۋاتقانلار، ئىلغار ماقالە ۋە باشقا ئەدەبىي ئەسەر يېزىۋاتقانلار، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىنتېرنېت تور بەتلىرىنى ياساۋاتقانلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى، قانداق قىلىپ ئۆز

مەھسۇلاتلىرىنى كەڭ ئۇيغۇر خەلق ئاممىسىغا يەتكۈزۈش. بولۇپمۇ ھازىرغىچە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن چىقىرىلغان تۈزۈم، بەلگىلىمە ۋە قانۇن پەرمانلار ئىچىدە، ئاپتونوم رايون نىزاملىرى ئىچىدە ئۇيغۇرلار پايدىلىنىشقا بولىدىغان، لېكىن ھازىرغىچە كۆمۈلۈپ قالغان ياكى ھېچ قانداق ئەھمىيەت بېرىلمىگەن قانداق مەزمۇنلار بار، بۇ ھەقتە ئىزدىنىش كېرەك. ئۇيغۇر ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق قانۇنىي يوللارنى تېپىپ چىقىش كېرەك. ئاشۇ يوللاردىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر خەلقىنى توغرا يۆنىلىشكە يېتەكلەش كېرەك. يېقىندا ۋارىس ئابدۇكېرىم جانباز ئىسىملىك بىر قېرىندىشىمىز «ئۇيغۇر تىلىنى ئىشلىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ» دېگەن، پۇتونلەي ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان قانۇن-بەلگىلىمىلەر ئۇستىگە قۇرۇلغان بىر تەكلىپنى تەييارلاپ، ئۇنى ئۇيغۇر دىيارىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا يوللاش ئۈچۈن ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلاردىن ئىمزا توپلاۋاتىدۇ. مانا بۇ مەن يۇقىرىدا ئېيتقان ئىشنىڭ بىر تىپىك مىسالى. قانۇنىي يول ئارقىلىق ئۆز مەنپەئەتىنى قوغداش، قانۇنىي يول ئارقىلىق ئۆزى ئۈچۈن يول ئېچىش، قانۇنىي يول ئارقىلىق ئۆز ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ بىر تىپىك مىسالى. مەن بارلىق ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ تەكلىپنى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك قانۇن-بەلگىلىمىلەرنى بىر ئوقۇپ چىقىشنى چىن كۆڭلۈمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

**9-سوئال: جۇڭگو مائارىپىدا، ئالىي مەكتەپلەردە ئىجتىمائىي پەن، تەبىئىي پەن دەپ ئايرىلغان. بىزدە يېقىنقى 25 يىلدىن بۇيان ئىجتىمائىي پەندە ئوقۇغانلار ھەقىقەتەن كۆپ بولدى. سىزچە تەبىئىي پەندە ئوقۇش ئالەمنىڭ خوجايىنى بولۇشنىڭ مۇقەددىمىسىمۇ؟**

جاۋاب: 1988-يىلى 4-ئايدا، ئۇيغۇر دىيارىدىن ياپونىيىگە تۇنجى قېتىم ئوقۇشقا چىققان ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئوقۇشىمىزنى تاماملاپ، يۇرتىمىزغا قايتىپ كەلدۇق. بىز كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي شىنجاڭ گېزىتىنىڭ ئۇرۇمچىدىكى باش ئىدارىسى بىز بىلەن بىر سۆھبەت يىغىنى ئۇيۇشتۇردى. شۇ چاغدا يىغىن ئېچىلغان ئىشخانىنىڭ تېمىغا قارىسام، تامدا بىر پارچە مۇكاپاتنامە ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭغا يېزىلغىنى «يېزىق ئۆزگەرتىشتە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالانغىنى ئۈچۈن تەقدىم قىلىندى» دېگەنگە ئوخشاش بىر جۈملە سۆز ئىكەن. بۇ سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەش نۆۋىتى ماڭا كەلگەندە، مەن تامدىكى تەقدىرنامىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

«مەن تامدىكى تەقدىرنامىنى كۆردۈم. ئەگەر يېزىق ئىشلىرىنى ئۆزگەرتىشكە مەن مەسئۇل بولغان بولسام، مەن سىلەرگە مۇكاپات ئەمەس، جازا بەرگەن بولاتتىم»، دېدىم. ھەمدە سۆزۈمنى ئەسلىدە سورالغان سوئالغا يۆتكەپ داۋاملاشتۇردۇم. بۇ چاغدا يىغىندىكىلەر مېنىڭ يۇقىرىقى سۆزۈمگە بىر نەرسە دېمىدى. لېكىن، كېيىن بىلسەم، گېزىتخانىدىكى بىر خادىم مەن بىلەن ياپونغا بىرگە بارغانلاردىن بىرسىگە: «سۆزلىگەن بۇ كىشى كىم بولىدۇ؟ ئەجەب ئالجىپ قالغان كىشىكىنا بۇ!»، دەپتۇ.

شۇنداق. مەن 1985-يىلى 9-ئايدا ياپونىيىگە ئوقۇشقا ماڭغاندا، ئۇيغۇرلار تېخىچە لاتىن يېزىقىنى ئىشلىتەتتى. مەن باشلانغۇچنىڭ 1-سىنىپىدىن تارتىپ، تاكى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگۈچە ئاشۇ يېڭى يېزىقتا ئوقۇغان ئىدىم. مېنىڭ دادامۇ ئۇيغۇر يېزىقى كونا يېزىقتىن يېڭى يېزىققا ئۆزگەرگەندىن كېيىن نەچچە يىل تىرىشىپ، يېڭى يېزىقتىكى ئۇيغۇرچە ماتېرىياللارنى بىمالال ئوقۇيالايدىغان، ھەمدە ئاشۇ يېڭى يېزىقتا تېز سۈرئەتتە ماقالە يازالايدىغان سەۋىيىگە ئاللىقاچان يېتىپ بولغانىدى. لېكىن، 1988-يىلى ياپونىيىدىن كەلسەم، بىزنىڭ بۇرۇنقى كونا يېزىقىمىز ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ بولۇپتۇ.

مەن ياپونىيىگە بارغاندىن كېيىن، تەرەققىي قىلغان دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىر قەدەر ياخشىراق چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى تەرەققىي قىلغان نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى لاتىن يېزىقى ئىشلىتىدىغانلىقىنى، ئۇلاردا قولىغا قەلەم ئېلىپ، خەتنى قول بىلەن يازىدىغان ئىشلار ئاساسەن ئەمەلدىن قالغانلىقىنى، كىشىلەر خەت ياكى ماقالە يازغاندا خەت يېزىش ماشىنىسى ياكى كومپيۇتېر ئىشلىتىدىغانلىقىنى كۆردۈم. ياپونلۇقلارنىڭمۇ ئۆز يېزىقىدىكى خەنزۇچە خەتنى ئىمكانقەدەر ئازايتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنگلىزچە سۆزلەرنى دەسسىتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا، بىزنىڭ رەسمىي باسمىخانىلاردا بېسىلغان دەرسلىك كىتابىمىز ئاساسەن يوق ئىدى. بىز ئاساسەن مەكتەپ ئۆزى تەييارلىغان لېكسىيىلەرگە ياكى بولمىسا ئۆزىمىز قالدۇرغان دەرس خاتىرىسىگە تايىنىپ ئوقۇيتتۇق. بەزى يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي دەرسلەر ئۈچۈن خەنزۇچە كىتابلارنى بىۋاستە قوللانغان ئىدۇق. مەن دەرستىن تېزرەك ۋە تولۇقراق خاتىرە قالدۇرۇش ئۈچۈن، بەزى ۋاقىتلاردا دەرس خاتىرىسىنى ئۆزۈم ئۆگىنىۋالغان كونا يېزىقتا قالدۇراتتىم. تەبىئىي پەنلەردە تېكىستلەرنى ئوڭدىن سولغا يېزىپ،

ماتېماتىكىلىق ۋە خىمىيىلىك فورمۇلالارغا ياكى سانلىق رەقەملەرگە دۇچ كەلگەندە ئۇلارنى سولدىن ئوڭغا يازاتتىم. بەزىدە فورمۇلا ۋە سانلىق رەقەملەرگە قانچىلىك ئورۇن قويۇپ ئاندىن يېزىشنى باشلاشنى بىلمەي، قويغان ئارىلىق قىسقا كېلىپ قېلىپ، بۇرۇن يازغان تېكىستنىڭ ئۈستىگە يېزىشىمغا توغرا كېلەتتى. مانا بۇ كونا يېزىقنىڭ تەبىئىي پەيدىكى بىر ئاجىز ۋە ناچار يېرى ئىدى. ئۇيغۇر ئەرەپچە يېزىقى (UEY) نىڭ بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر ئەڭ چوڭ ئاجىزلىقى، ئۇ بىر مىللەتنىڭ دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان تەرەققىي تاپقان مىللەتلەر بىلەن يېزىق ئىشلىرىدا ئورتاقلىششىغا ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. مەسىلەن، ناخشا ۋە مۇزىكا نوتىلىرىغا قارايدىغان بولساق، ئۇلار خەلقئارادا بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن نەرسە بولۇپ، ھەممىسى سولدىن ئوڭغا يېزىلىدۇ. ناخشا نوتىلىرىنىڭ ئۈستىگە ناخشا تېكىستىنى UEY دا يېزىش مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس.

ھازىر لاتىن يېزىقى ئىشلىتىدىغان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى كومپيۇتېر ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان ئېلخەت ئالاقىلىشىش ۋاستىسىدىن ۋە يانفوننىڭ تېكىست ئارقىلىق ئالاقىلىشىش ئىقتىدارىدىن بىمالال پايدىلىنالايدۇ. ئۆز دۆلىتى ئىچىدىلا ئەمەس، ئۆز دۆلىتى بىلەن دۇنيانىڭ باشقا جايلىرى بىلەنمۇ شۇنداق قىلالايدۇ. لېكىن، ئەرەب يېزىقى ئىشلىتىدىغان مىللەتلەر ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار كومپيۇتېرغا مەخسۇس ئىشلەپ چىقىرىلغان باشقا ئالاھىدە يۇمشاق دېتاللارنى قاچىلىشى كېرەك. يانفونمۇ چوقۇم «يەرلىك يانفون» بولۇشى كېرەك. «خەلقئارالىق يانفون» لار ئۇنداق دۆلەت ياكى رايونلاردا ئىشلىمەسلىكى مۇمكىن. تەبىئىي پەن، يۇقىرى تېخنىكا، ئىنژېنېرلىق ۋە سانائەت ساھەسىنىڭ ھەممىسىدە لاتىن يېزىقىنى قوللىنىشنىڭ ئەرەبچىگە قارىغاندا ساناق تۈگەتكۈسىز ئەۋزەللىكلىرى بار. مەن 2001-يىلىدىكى «11-سېنتەبىر ۋەقەسى» دىن كېيىن ئۆزۈمنىڭ ئىشخانىسىدا، دوختۇرخانىدا ساقلاپ ئولتۇرغاندا ۋە باشقا ئاممىۋى سورۇنلاردا UEY دا يېزىلغان ئۇيغۇرچە ماتېرىيال ياكى كىتابلارنى ئوچۇق-ئاشكارا ئوقۇيالمايدىغان بولۇپ قالدىم. سەۋەبى مېنى باشقىلار كۆرسە، مېنىڭ «ئەرەبچە» نى ئوقۇۋاتقىنىمنى باشقىلار كۆرسە، ئۇلار مېنى ياقتۇرماسلىقى مۇمكىن. ماڭا ئۆچ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر دوختۇر بولسا ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلماسلىقى مۇمكىن. بۇنداق دېسەم بەزىلەر ھەيران بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ھەقىقەتەنمۇ «11-سېنتەبىر ۋەقەسى» بىلەن ئۇيغۇرنىڭ ھېچ قانداق مۇناسىۋىتى يوق. لېكىن، ھازىر قانداقتۇر ئامېرىكىدا ئۇنىڭ «ئەرەب» ۋە ئۇنىڭ بىلەن چېتىشلىق نەرسىلەر بىلەن مۇناسىۋىتى

بار بولۇپ قالدى. بۇ ئەھۋالنى مەن ئازراقمۇ ياخشى كۆرمەيمەن. ئۇنىڭغا ئېچىنىمەن. لېكىن، مەن ئۇنى ئۆزگەرتەلمەيمەن. ئۇ ھازىر بىر رېئاللىق بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ يەردە ئوقۇرمەنلەرنى ئامېرىكىنىڭ باشقا بىر يېڭى نەرسىسىنى چۈشىنىۋالسۇن، دەپ ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ ئىشنى تىلغا ئېلىپ قويدۇم. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ مەن بۇ يەردە ئىلگىرى سۈرمەكچى بولغان ئاساسىي ئىدىيە بىلەن ئانچە چوڭ مۇناسىۋىتى يوق.

نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، مۇستافا كامال تۈركىيە تارىخىدىكى ئەڭ داڭلىق ئىسلاھاتچىدۇر. ئۇ تۈركىيەگە پرېزىدېنت بولۇپ يۈرگەن دەۋرىدىكى 1924-يىلى بىلەن 1938-يىلىنىڭ ئارىلىقىدا، پۈتۈن تۈركىيە مىقياسىدا كەڭ كۆلەملىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، تۈركىيە ۋە تۈركلەرنىڭ قىياپىتى ۋە ئۇلارنىڭ دۇنيا سەھنىسىدىكى ئورنىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر چوڭ ئۆزگىرىشنى پەيدا قىلدى. مۇستافا كامالنىڭ تارىخىي ئورنىنى تولۇق نامايان قىلىش ئۈچۈن، تۈركلەر شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇنى «ئاتا تۈرك» دەپ ئاتاپ كېلىۋاتىدۇ.

مۇستافا كامال ئېلىپ بارغان ئىسلاھاتنىڭ بىر چوڭ قىسمى تۈرك يېزىقىدۇر. دۇنيا تارىخىدا بىر دۆلەتنىڭ ھۆكۈمىتى ئۆز خەلقىنىڭ تىل-يېزىقىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شىددەتلىك ھالدا ئۆزگەرتىپ، ئۇنى ئۆز خەلقىگە غايەت زور بېسىم بىلەن تاڭغان دۆلەتلەر ئانچە كۆپ ئەمەس. لېكىن، مۇستافا كامال مانا ئاشۇنداق قىلغانلارنىڭ بىرسى. ئۇ تىل-يېزىق ئىسلاھاتىنى بىر يېڭى تۈركىيە بىلەن بىر يېڭى، زامانىۋىلاشقان تۈرك مىللىتىنى بەرپا قىلىشنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر قىسمى، دەپ قارىغان. ئۆزگەرتىلگەن تۈرك تىل-يېزىقى تۈركلەرگە بىر يېڭى مىللىيەتلىك ۋە مىللىي كىملىك بەرپا قىلىش چارىلىرىنىڭ بىرسى، دەپ قارىغان. شۇڭا 1928-يىلى تۈركىيە رېسپۇبلىكىسى قۇرۇلۇپ 5 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ تىل-يېزىقنى ئىسلاھات قىلىپ، تۈرك يېزىقىنىمۇ ئەرەبچىدىن ھازىرقى لاتىنچە يېزىققا ئۆزگەرتكەن. ئۇ مۇشۇ ئۆزگەرتىشلەرنى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ۋاقىتلاردا، ئۆزى ھەر شەنبە-يەكشەنبە كۈنلىرى تۈركىيەدىكى چوڭ ئاممىۋى باغچىلارغا بېرىپ، تۈرك خەلقىگە لاتىن يېزىقى دەرسىنى ئۆزى بىۋاستە ئۆتكەن. تۈركلەر مانا بۈگۈنكى كۈندىمۇ مۇستافا كامالنى «ئاتا تۈرك» دەپ ئاتىشىۋاتىدۇ.

ئاتا تۈركنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى يېزىق ئۆزگەرتىشىنىڭ پايدىسىنى تاكى ھازىرغىچە كۆرۈۋاتىدۇ -- تۈركىيە گەرچە دۇنيادىكى بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان

دۆلەتلەر بىلەن تەڭ تۇرالمىسىمۇ، ئۇ ھازىر (مىنىڭچە) بارلىق مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ بىر ئۈلگىسى سۈپىتىدە دۇنيا سەھنىسىدىن ئورۇن ئېلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. لېكىن، بىز ئۇيغۇرلار مۇستافا كامال ئەرەبچە يېزىقنى تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا لاتىن يېزىقىنى قوبۇل قىلىپ 55–60 يىل ئۆتكەن 1986–87–يىللىرى ئۆزىمىزگە پۇتۇنلەي ئۆزلىشىپ بولغان لاتىن يېزىقىنى تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەرەبچە يېزىقنى قوللىنىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالدۇق.

مەن 1980–يىللىرى ئۇيغۇر دىيارىدا يېزىق ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلغان ۋاقىتتىكى ئارقا كۆرۈنۈشلەرنى بىلمەيمەن. سەۋەبى مەن ئۇ چاغدا ياپونىيىدە ئىدىم. مېنىڭ بۇ ئىشنى بۇ يەردە تىلغا ئېلىشىمدىكى مەقسىتىم ھەرگىز ئەينى ۋاقىتتا يېزىق ئۆزگەرتىشكە تۇرتكە بولغان ئۇيغۇر كەسىپ ئەھلىلىرىنى ياكى رەھبەرلەرنى ئەيىبلەش ئەمەس. يەنە بىر قېتىملىق يېزىق ئۆزگەرتىشنى، يەنى UEY نى لاتىن يېزىقىغا ئۆزگەرتىشنى، تەشەببۇس قىلىشمۇ ئەمەس –– ئەگەر ھازىرقى ۋەزىيەت داۋاملىشىۋەرسە، ئۇيغۇرلارغا يەنە بىر قېتىم يېزىق ئۆزگەرتىش پۇرستى بۇنىڭدىن كېيىن مەڭگۈ كەلمەسلىكىمۇ مۇمكىن. مېنىڭ قىلىۋاتقىنىم ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنتايىن يېقىنقى بىر تارىخىدا يۈز بەرگەن بىر ۋەقەنى ئەسلەپ ئۆتۈش. شۇنداقلا بۇ ۋەقەنىڭ، يەنى يېزىقىمىزنىڭ لاتىن يېزىقىدىن ئەرەب يېزىقىغا ئۆزگەرتىلگىنىنىڭ، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئىنتايىن زىيانلىق ئىكەنلىكىنى، بىز ۋە بىزدىن كېيىنكى ئەۋلادلار ئۇنىڭ زىيىنىنى خېلى بىر مەزگىل تارتىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشتىن ئىبارەت.

بىر مىللەتتە قوغداپ قېلىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرمۇ بولىدۇ. ئۆزگەرتىشكە، ئىسلاھات قىلىشقا ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ياكى يوقىتىشقا تېگىشلىك نەرسىلىرىمۇ بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلى پۈتۈن مىللەت بارلىق كۈچى بىلەن قوغداپ قېلىشقا تېگىشلىك نەرسە ئىدى. لېكىن ئۇ ھازىر ئېغىر تەھدىت ئاستىدا قالدى. ئۇيغۇر يېزىقىنى تەرەققىي تاپقان جەمئىيەتكە ۋە تەرەققىي تېپىش ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇش كېرەك ئىدى. ئەگەر ئۇيغۇر كونا يېزىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى ئاساسىي سەۋەب ئۇنى قول بىلەن ناھايىتى تېز يازغىلى بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بولغان بولسا، ئۇ ھالدا بىزنىڭ UEY نى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىز تەرەققىي قىلماسلىق يولىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن بولغان بولىدۇ.

ياپونلۇقلارنىڭ خەنزۇچە خەتلەرنى تاشلاپ، ئىنگلىزچە سۆزلەرگە يۈرۈش قىلىشىدىكى سەۋەب دۇنيانىڭ ئەڭ ئىلغار تەرەققىياتىغا ماسلىشىش ئۈچۈندۇر.

بىز قول بىلەن ئىتتىك يازغىلى بولىدىغان يېزىقتا ئەمەس، دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى مىللەتلەر ئىشلىتىدىغان ماشىنا بىلەن يازغىلى بولىدىغان، ۋە هازىرقى دەۋردىكى زامانىۋى تېخنىكىلاردىن پايدىلىنىپ ھەم ئۆزئارا ھەم دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن ئالاقىلەشكىلى بولىدىغان يېزىقتا ئۆتۈشىمىز كېرەك ئىدى. تەبىئىي پەن، يۇقىرى تېخنىكا، ئىنژېنېرلىق، ۋە سانائەتلىشىش ئېھتىياجىغا ئەڭ ئۇيغۇن كېلىدىغان يېزىقنى تاللىشىمىز كېرەك ئىدى. بىز مەيلى نېمىنى قوغداپ قالايلى، نېمىنى ئۆزگەرتەيلى، بىزنىڭ ئاخىرقى نىشانىمىز ھېچ بولمىغاندا مىللەتنىڭ ئىنسانلار دۇنياسىدا بىر مىللەت سۈپىتىدە ياشىيالىشىغا، بىر مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش بولۇشى كېرەك. ئۇنى دۇنيا سەھنىسىدە بىر ئۆزگىچە چۈشلۇق ئورۇندا ساقلاپ تۇرۇش. ئۇنى ئۆزگىچە چۈشلۇق بىر سەۋىيىدە ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش. ياكى بولمىسا مىللەتنى بارا-بارا تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۇنى دۇنيادىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان مىللەتلەر قاتارىدا ئورۇن ئالغۇزۇش. بىزنى مۇشۇنداق نىشانغا يەتكۈزمەيدىغان، ياكى ئۇنداق قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھاتلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىرەر قىممىتى يوق. ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن بۇ مەسىلىدە، ئەگەر ئۇيغۇر لاتىن يېزىقى ئىسلاھ قىلىنغان بولسىلا كۇپايە ئىدى. ئۇنىڭ UEY غا ئۆزگەرتىلىشى ئۇيغۇرلارنى نەچچە ئون يىل ئارقىغا چېكىندۈرگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئەمدى يۇقىرىقى سوئالنىڭ مېغىزىغا كېلەيلى. تەرەققىي تاپقان ۋە هازىر تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا زور ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي پەرقلەر بار. بۇنداق پەرقلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاشۇ دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات تارىخى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلار ئىجتىمائىي، مەدەنىي ۋە ئىقتىسادىي ئامىللارنى، تارىخىي ۋە سىياسىي ئامىللارنى، خەلقئارا مۇناسىۋەتنى ۋە جۇغراپىيىلىك ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لېكىن، بۇ سەۋەبلەر يالغۇز يۇقىرىقىلارلا ئەمەس. ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي سەۋىيە جەھەتتىكى بۇنداق ئىككى خىل دۆلەتلەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدە ئىلىم-پەن ۋە تېخنىكا قۇرۇلمىسىدىكى پەرق ۋە ئىلىم-پەن بىلەن تېخنىكىنىڭ ئومۇملىشىشىدىكى پەرقلەر ئەڭ مۇھىم رول ئوينىغان.

بىر دۆلەتنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسىنى يۇقىرىلىتىشتىكى ئەڭ ئالدىنقى شەرت ئۇنىڭدا بىر ياخشى مائارىپ سىستېمىسى بولۇشىدىن ئىبارەت. مەن مۇشۇ

سۆھبەتنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، ياپونىيىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ھازىرقىدەك يۈكسىلىشىگە ئۇنىڭ 100 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان مائارىپ سىستېمىسى ئەڭ مۇھىم ھەل قىلغۇچ رولىنى ئوينىغان.

بۈرۈن ئەرەبىستانغا ئوخشاش بەزى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر دۇنيانىڭ ئىلىم-پەن بىلەن تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان. بەزىلىرى ھەتتا يول باشلىغۇچ رولىنىمۇ ئويناپ باققان. بىراق، ئىلىم-پەن بىلەن تېخنىكىنىڭ مېغىزىنى چېقىش 17-ئەسىردە ياۋروپادا باشلىنىپ، ئۇنىڭ پايدىسىنى پەقەت ئىنتايىن ئاز ساندىكى بىر قىسىم دۆلەتلەرلا كۆرگەن. شۇنىڭ بىلەن يالغۇز مەدەنىيەتنىڭ ماددىي جەھەتلىرىدە بۇ دۆلەتلەر بىلەن باشقىلار ئوتتۇرىسىدا پەرق پەيدا بولۇپلا قالماي، ئىجتىمائىي مۇھىتتىمۇ پەرق پەيدا بولغان. يەنى، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە ئىلىم-پەننىڭ تېخنىكا ئارقىلىق ئەمەلىي قوللىنىلىشى بۇ دۆلەتلەرنى مائارىپ بىلەن ئىلىم-پەنگە تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلۈش تەرەپكە ئېلىپ ماڭغان. ئۇلاردا ئىلىم-پەن ئىشلىرىغا زور مەبلەغ ئاجرىتىش بىر كەم بولسا بولمايدىغان ئۈزۈن مۇددەتلىك مەبلەغ سېلىشتۇر، دېگەن ئاڭنى يېتىشتۈرگەن. ھازىر تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە ئاساسىي ۋە قوللىنىشچان (applied) ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىنى كۈچەپ ئېلىپ بېرىش بىر ئەڭ مۇھىم ئۈزۈن مۇددەتلىك مەبلەغ سېلىش، دەپ قارىلىدۇ. ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلمىي ۋە تېخنىكىلىق تالانتىنى ئۆرغۈتۈش ۋە يېتىلدۈرۈشكە ئەڭ ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇنىڭ نەتىجىسىدە مائارىپ بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات ناھايىتى زىچ بىرلەشكەن بولىدۇ. تەرەققىياتتىكى يۇقىرى سۈرئەت بىلەن يۇقىرى ئۈنۈم ئالىي مەكتەپلەردىكى ئىلمىي تەلىم-تەربىيىنى قوللاش ۋە يۈكسەلدۈرۈش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بولسا ئىلىم-پەنگە 2-دەرىجىلىك ئىشلار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنىڭ ئارقىدا قالغان قالاق ھالىتىنى زامانىۋى ئىلىم-پەن بىلەن تېخنىكىنى ئۆز جەمئىيىتىگە سىڭدۈرۈش ئارقىلىقلا ئۆزگەرتكىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتمىدى. بەزىلىرى ئۇنى تونۇپ يەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلمىدى. بۇ دۆلەتلەردە ئىلىم-پەن قۇرۇلمىلىرىنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى ئۇلارنىڭ تەرەققىيات يولىدىكى

بىر چوڭ ۋە ھالقىلىق تۇسالغۇ بولۇپ تۇرماقتا.

بۇنىڭ بىر ئەڭ تىپىك مىسالى، مەن مۇشۇ سۆھبەتنىڭ بۇرۇنقى قىسىملىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەن ئامېرىكىدىكى باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەر بىلەن جۇڭگودىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇشىدىكى پەرقلەردۇر. ئامېرىكىدا ئۆسمۈرلەرگە زېھنىي جەھەتتىن ھېچ قانداق بېسىم ئىشلەتمەيدۇ. ھەرگىز بىر نەرسىنى قارىغۇلارچە يادلاتقۇزمايدۇ. باشلانغۇچتا ئۆگىتىدىغان كۆپەيتىش كەررىلىرىنىمۇ ھەرگىز يادلاتقۇزمايدۇ. بەشكە 4 نى كۆپەيتىش 5 نى ئۆز-ئۆزىگە 4 قېتىم قوشۇش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ (يەنى، 5 كەررە 4 = 5 + 5 + 5 + 5)، ھەرگىز 5 كەررە 4 = 20، دەپ يادقا ئالغۇزمايدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى كۈنىگە 4-6 سائەت تالادا ئويناشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. باشلانغۇچتىن تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگۈچە بولغان ئارىلىقتا ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ كۈنىگە 9-10 سائەت ئۇخلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى ئاتا-ئانىلاردىن تەلەپ قىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇتقۇچىلار ئىمكانقەدەر باشقىلار قىلىپ باقمىغان ئىشلارنى قىلىشقا، ھەرگىز ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزىگە ۋە كىتابتا يېزىلغان نەرسىلەرگە يۈزدە-يۈز ئىشىنىپ كەتمەسلىككە دەۋەت قىلىدۇ. «مەنمۇ بىر ئادەم، كىتابنى يازغۇچىمۇ بىر ئادەم، سەنمۇ بىر ئادەم. بۇ جەھەتتە بىزنىڭ ھېچ قانداق پەرقىمىز يوق.» دەپ، ياشلارنى ئۆزىگە ئىشىنىشكە، ئۆز قابىلىيىتىگە ئىشىنىشكە، ھەرگىز ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن چاغلىماسلىققا، ھەر قانداق ئەھۋالدا ئۆز غۇرۇرىنى ساقلاشقا، ئۆز-ئۆزىگە بولغان ھۆرمەتنى ساقلاشقا، باشقىلارنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئەمەس، ئۆزىنىڭ يۈرەك ئارزۇسى بويىچە ئىش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

مەن بۇ يىل (2006-يىلى) يۇرتقا بېرىپ، باشلانغۇچ 1-سىنىپىدا ئەمدى ئوقۇشنى باشلىغان تۇغقىنىمنىڭ بىر ئوغلىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كەلدىم. مەكتەپ باشلىنىپ، 1-كۈنىلا بېرىلگەن تاپشۇرۇقنى تۈگىتىش ئۈچۈن، بالىنىڭ دادىسى بالىسى بىلەن 4 سائەتتەك بىرگە تاپشۇرۇق ئىشلىدى. بۇ ئوقۇغۇچى بىر قوش تىللىق سىنىپتا بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇيغۇر تىلىدىنمۇ، خەنزۇ تىلىدىنمۇ تەڭلا تاپشۇرۇق بېرىلىپتۇ. مەن ئويلاپ قالدىم: ئەگەر بالىلار 6 ياش ۋاقتىدىلا مۇشۇنداق زېھنىي جەھەتتىن ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىسا، ئۇلار چوڭ بولغاندا نېمە ئىش قىلالايدۇ؟ بالىلارنى بۇنداق كۈنگە قويۇشنىڭ بىرەر ئىلمىي ئاساسى بارمىدۇ؟ ئەگەر بار بولسا نېمە ئۈچۈن ئامېرىكا، ياپونىيە ۋە باشقا تەرەققىي قىلغان ئەللەر پۈتۈنلەي باشقىچە يول تۇتىدۇ؟ مەندە ھازىر مۇشۇنداق جاۋابسىز

قالغان سوئاللار ئىنتايىن كۆپ.

مەن يۇقىرىدا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ «ئىلىم-پەن» مەسىلىسىنى تىلغا ئالغاندا، ئاساسەن ئۇلارنىڭ «تەبىئىي پەن»، تېخنىكا ۋە ئىنژېنېرلىق مەسىلىسىنى كۆزدە تۇتقان. يەنى، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئارقىدا قالغىنى ئۇلارنىڭ تەبىئىي پەن، تېخنىكا ۋە ئىنژېنېرلىق تەرەققىياتىدۇر. 1990-يىلىدىكى ئىراق ئۇرۇشىدىن كېيىن، كۇۋەيتنىڭ ئىچمىلىك سۇ تۇرۇبىلىرىنى ئامېرىكا شىركەتلىرى بىرىپ رېمونت قىلىپ بەردى. شۇ ۋاقىتتا ئامېرىكىنىڭ مەملىكەتلىك چوڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ بەزىلىرى مۇشۇ ئىشلارنى خەۋەر قىلغاندا، كۇۋەيتنىڭ سۇ تۇرۇبىسىنى ياسىغۇدەك ئىنژېنېرلىرىنىڭمۇ يوقلۇقىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇلارنى ئىنتايىن قاتتىق مەسخىرە قىلغىنىنى كۆرگەنىدىم. يەنى، كۇۋەيتنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسى دۇنيادىكى ئەڭ ئالدىنقى دۆلەتلەر قاتارىدا بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تېخنىكا ۋە ئىنژېنېرلىق ئىشلىرى ئىنتايىن تەرەققىي قىلمىغان ئىكەن. بۇنىڭ ئەكسىچە، مەن مۇشۇ سۆھبەتنىڭ بېشىدا تىلغا ئالغاندەك، ئىسرائىلىيىدىكى ھەر 4 ئادەمنىڭ بىرسى ئىنژېنېر ئىكەن. ئامېرىكا، ياپونىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىمۇ تېخنىكىلىق خادىملار ۋە ئىنژېنېرلار دۆلەت ئاھالىسىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى نىسبىتىنى ئىگىلەيدۇ.

ئۇيغۇرلار تەرەققىي قىلىۋاتقان مىللەتلەر كاتېگورىيىسىگە كىرىشى مۇمكىن. شۇڭا مەن يۇقىرىدا ئېيتقان تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر توغرىسىدىكى بايانلار ئۇيغۇرلارغىمۇ ئاساسەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇيغۇرلار بىر مائارىپنى، بىلىمنى، ئىلىم-پەننى ۋە بىلىم ئىگىلىرىنى قەدىرلەيدىغان مىللەت. لېكىن، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، 19-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدىن كېيىن، ئۇيغۇرلار دۇنيادىكى ئىلىم-پەن ۋە تېخنىكىلىق يۈكسىلىشلەردىن ئاساسەن بەھرىمەن بولالماي قالدى. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ جەرياندا تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى، ئۇيغۇر دىيارىدا ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىي قىلالماسلىقىغا كۈچلۈك دەرىجىدە سەۋەبچى بولدى. ئىلىم-پەن بىلەن تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلماسلىقى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر سانائىتىمۇ بەرپا بولمىدى. بەرپا بولغانلىرىمۇ ھېچ قانداق تەرەققىي قىلالمىدى. ئۇيغۇر ئاھالىسى ئىچىدە ئىشچىلار قوشۇنى دېگەن بىر تەركىب قەتئىيلا ۋۇجۇدقا كېلەلمىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تەبىئىي پەن ۋە تېخنىكىنىڭ جەمئىيەت ۋە مىللەت تەرەققىياتىدىكى رولىغا بولغان كۆز قارىشى يوق دېيەرلىك بولۇپ، ئۇ ھازىرمۇ

**داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ھازىرمۇ «زىيالىي» دېسە پەقەت شائىر، يازغۇچى ۋە تارىخچىلارنىلا كۆزدە تۇتىدىغان ئەھۋال ئىنتايىن ئېغىر. مەن 1980-يىللىرى ULY دىن UEY غا ئۆتۈشىمىزدىمۇ يۇقىرىقى ئارقا كۆرۈنۈشلەر خېلى چوڭ رول ئوينىغان، دەپ ئويلايمەن (بۇنىڭغا قىل سىغمايدۇ -مۇخبىر). ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقىدەك ئۆز رايونىدا ۋە رايون ئاتلاپ رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەن بولۇپ قېلىشىنىڭ بىر سەۋەبىنىمۇ يۇقىرىقى ئامىللاردىن كۆرىمەن. مەن يېقىندا مەرھۇم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندىنىڭ «ئۈچ خىل مىللەت ۋە مىللىيەتلىكتىكى ئۈچ خىل قىممەت» دېگەن ماقالىسىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇرنىڭ ھازىرقى ھالىتى توغرىسىدىكى تۆۋەندىكى بايانلىرىنى خېلى ياقتۇرۇپ قالدىم. مەن يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن سەۋەبلەر ئۇيغۇرلارنىڭ تۆۋەندىكى بىر ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىر قىسمى بولۇشى مۇمكىن:**

**مەرھۇم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندىنىڭ ماقالىسىدىن نەقىل:**

«قېنى ئويلاپ كۆرۈڭچۇ، بۈگۈنكى كۈندە مەنسەپ تاپسا ئۆيمۇ-ئۆي زىياپەت، پۇل تاپسا مەككە-مەدىنىگە زىيارەت، بۇ ئىككىسى بولمىغاندا كاللا-پاقالچاق، ئۆپكە-ھېسىپ چاغلىق تىجارەتتىن باشقىسىغا قۇربىتى يەتمىگەن خەلق يەنىلا كونا مۇقامغا يورغىلىسا، ئەسىر ئالماشقان بىلەن ئۇنىڭ رىزقى نېسىۋىسى ئالمىشارمۇ؟!

يېقىنقى بەش ئەسىر مابەينىدە «ئەۋلىيا چەتتىن، مۇرت بىزدىن» بولۇپ، ئىچكى نىزا ۋە تەپرىقىچىلىكتە ئېرىشكىنىمىز زادى نېمە بولدى؟ يېقىنقى بەش ئەسىردىن بۇيان دىنىي مەزھەپچىلىك بىلەن مۇرت-مۇخلىسلىق پىرقىۋازلىقى، يۇرتۋازلىق-مەھەللىۋازلىق، موللام ياكى ئەپەندىلىرىمىزدىكى كىچىك گۇرۇھۋازلىق، ئەل غېمىنى مۇز دەرياغا پىرقىرىتىپ چۆرۈۋەتكەن مەنسەپ-بالداق ھېرىسمەنلىكى، تۇركۇم ئېڭى ۋە مىللىي مەدەنىيەت ئىنكارچىلىقىنىڭ تەلۋە دەبدەبىلىرى بىلەن دەل-دەرەخسىز جەزىرىدىكى قۇيۇنتازدەك مەسئۇلىيەتسىز پىتنە-ئىغۋا تۆھمەتخورلۇقى قاتارلىق ئالتە زەھەر تۈپەيلىدىن «ئوغۇز سۈتىدەك ئۇيۇماق» دېگەن مەنىدىكى «ئۇيغۇرلار» ئۇيۇشۇش كۈچىنى «ئېچىغان سۈت»كە ئايلاندۇرۇپ قويدى. نەتىجىدە «ئىسمىمىز ئۇيغۇر، ئىشىمىز ئۇرغۇي» بولۇپ چىقتى.»

**يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ھالىتى كىشىنى ئىنتايىن ئازابلايدۇ. شۇنداقلا كىشىنى ئىنتايىن چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. ئۇيغۇرلار زادى قانداق**

قىلىشى كېرەك؟ مەن بۇ سوئالنى ئۆز-ئۆزۈمدىن داۋاملىق سورايمەن. ھازىرقى زامان ئىلىم-پەنلىرى ئىنسانلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە سىڭىپ كىرگەن. شۇڭلاشقا، تەرەققىياتنى ئىستەيدىغان ھەر بىر دۆلەت ۋە مىللەت چوقۇم مائارىپ، تەتقىقات ۋە تېخنىكىغا تەرەققىياتنى تېزلىتىدىغان قورال سۈپىتىدە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشى كېرەك. بۇ جەھەتتىكى پىلانلاش ۋە باشقۇرۇش ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن ياخشى ئېلىپ بېرىشى كېرەك. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇيغۇرلار ھازىر بۇ جەھەتتىكى ئىشلاردا ئۆز-ئۆزىگە ئىگە بولالايدىغان ھالەتتە ئەمەس. ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئىي پەندە ئوقۇغان كىشىلىرى سانىنىڭ ئىنتايىن ئاز بولۇشىغا قارىماي، شۇ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ خىزمەت تېپىشىمۇ بىر ئىنتايىن ئېغىر مەسىلە بولماقتا. نۇرغۇن ياشلار ئوقۇغان نەرسىلىرىنى پۈتۈنلەي تاشلاپ، جان بېقىش ئۈچۈن ھېچ قانداق ئالىي دەرىجىلىك مائارىپ سەۋىيىسىنى تەلەپ قىلمايدىغان تۆۋەن دەرىجىلىك خىزمەتنى تېپىپ ئىشلەشكە مەجبۇر بولماقتا. چوڭ شەھەرلەردىكى ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى ئىدارىلەرگە ئورۇنلاشقانلارنىڭ ئىچىدىمۇ ئەسلىدە ئوقۇغان كەسپىنى پۈتۈنلەي تاشلاپ، باشقا كەسىپنى قىلىۋاتقانلار ئىنتايىن كۆپ. بۇ ئەھۋال كىشىنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇرىدۇ.

مەن بىرقەدەر ياخشىراق بىلىدىغان ئامېرىكا بىلەن ياپونىيىدە ھەر قېتىم ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىش سۈرئىتى تېزلەشكەن ۋاقىتتا، تەبىئىي پەندە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار يېتىشمەيدۇ. نۇرغۇن شىركەتلەر ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ، تېخى ئوقۇش پۈتتۈرمىگەن ئوقۇغۇچىلارنى خىزمەتكە ئېلىپ بولىدۇ. بۇ دۆلەتلەردە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ ئومۇمى ئاھالە ئىچىدىكى نىسبىتىمۇ ئىنتايىن يۇقىرى. شۇنداق تۇرۇپمۇ ئۇ دۆلەتلەردە «تېز تەرەققىيات» دېگەن نەرسە «ئالىي بىلىملىك ئەمگەك كۈچى يېتىشمەسلىك» دېگەن نەرسىدىن دېرەك بېرىدۇ. لېكىن، ئۇيغۇر دىياردا ئۇنداق ئەمەسكەن. يېڭى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئۇيغۇر ياشلىرى دۇچ كېلىۋاتقان ئەھۋال ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئىكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئىي پەن، تېخنىكا، ئىنژېنېرلىق ۋە سانائەت ساھەسىدىكى ئىشلىرىنىڭ بۈنىڭدىن كېيىن قانداق ۋە قايسى يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىدىغانلىقى ئاساسىي جەھەتتىن ھۆكۈمەتنىڭ تۇتقان يولىغا باغلىق. يەرلىك ھۆكۈمەت ئالىي مەكتەپلەر ۋە سانائەت شىركەتلىرى بىلەن بىرلىكتە، تېخنىكا، ھەرخىل بايلىق ۋە

ئىش بېجىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىكى ھەر خىل ئېھتىياجلار، شۇنداقلا يەرلىك خەلقنىڭ ئېھتىياجى ئاساسىدا بىر ئىلىم-پەن تەرەققىياتى سىياستىنى تۈزۈپ چىقالىسا، ئۇنى قانۇنىي ۋاستىلەر بىلەن قاتتىق ئىجرا قىلالىسا، بولۇپمۇ يەرلىك مىللەتلەرنىڭ خىزمەت پۇرسىتى جەھەتتە چوڭ مىللەت بىلەن باراۋەر بولۇشىغا مۇتلەق كاپالەتلىك قىلالىسا، شۇ چاغدىلا ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئىي پەن، تېخنىكا، ئىنژېنېرلىق ۋە سانائەت ئىشلىرىمۇ ئۆزلۈكسىز ھالدا تەرەققىي قىلالايدۇ. ھازىرقى شارائىتتا ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بۇنىڭدىن باشقا ئۇنۇملۇك يول بولماسلىقى مۇمكىن.

**10-سوئال: مىللىتىمىز ئارىسىدا «پېشقەدەملەر» ئۆزىنى كۆز-كۆز قىلىش، ياشلارنىڭ ئۇتتۇقلىرىغا ئاكتىپ، توغرا باھا بەرمەسلىك مەسىلىسىمۇ مەۋجۇت. دېمەكچى، بىزنىڭ پېشۋالىرىمىزدا بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئۆسۈپ-يېتىلىۋاتقان ياشلىرىمىزغا «كەڭ قورساق بولماسلىق» مەۋجۇت، چەت ئەللەرنىڭ بۇ ساھەدىكى ئىشلىرى قانداق؟**

جاۋاب: مېنىڭچە بۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللار دۆلەتلەرگە قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ. مىللەتلەرگە قاراپمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئوخشاش دۆلەت، ئوخشاش رايون ۋە ئوخشاش مىللەتتىمۇ كىشىلەر تەبىقىسىگە قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ. مەن ھازىرغىچە ئۇيغۇر رايونى، شاڭخەي، ياپونىيە ۋە ئامېرىكا قاتارلىق ئوخشىمىغان رايون ۋە دۆلەتلەردە ياشاپ باقتىم. دېھقان، ئىشچى، رېمونتچى، ئوقۇغۇچى، بىلىم ئاشۇرغۇچى، تەتقىقاتچى، ئوقۇتقۇچى، ئالىي دەرىجىلىك ئىنژېنېر ۋە ئوقۇغۇچىلار ھەم شىركەت ئىچىدىكى باشلىقمۇ بولۇپ باقتىم. مۇشۇ جەرياندا بىر-بىرىگە پەقەت ئوخشىمايدىغان ئىشلارنى ۋە ئادەملەرنى ئۇچراتتىم. مېنىڭچە يۇقىرىقى سوئالغا ئۆزۈمنىڭ ياپون ۋە ئامېرىكىدا كۆزەتكەنلىرىم ئاساسىدا جاۋاب بەرگىنىم ياخشى. بۇ 2 دۆلەتتە مەن بىر قەدەر يۇقىرى تەبىقىدىكى ئادەملەر بىلەن كۆپرەك ئارىلاشتىم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە دۇنيانىڭ ئوخشىمىغان جايلىرىدىن ۋە ئوخشىمىغان مىللەتلەر ئارىسىدىن كەلگەن ئادەملەر بار. شۇڭا مەن شۇلار بىلەن ئارىلىشىش جەريانىدىكى كۆزەتكەن ۋە ھېس قىلغانلىرىمنى يېزىپ باقاي.

مېنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ھېس قىلغىنىم، بىر مىللەتنىڭ مەرد بولۇش-بولماسلىقى، قورسىقىنىڭ كەڭ-تار بولۇشى، ئاقكۆڭۈل ياكى قارا نىيەت بولۇشى ۋە ئىنسانپەرۋەر بولۇش-بولماسلىقى قاتارلىقلار شۇ مىللەت ياشىغان دۆلەت ۋە رايوننىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالى بىلەن، ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى

تارىخى ۋە ھازىرقى مەدەنىيەت ھەم ئۆرپ-ئادەتلىرى بىلەن ئىنتايىن مۇناسىۋەتلىك بولىدىكەن.

مەن ياپونىيىگە يېڭى بارغاندا، ئۆزۈمنىڭ تەتقىقاتتىكى ئۇستازىمنىڭ ئىنتايىن سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرىدىم. ئۇ كىشى ماڭا ئۆزىنىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان تەتقىقاتىنى ۋە تەجرىبىخانىسىنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، بىر قۇچاق كىتاب-ژۇرناللارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، مېنىڭ خىزمەت ئۈستىلىمگە پالاق-پۇلۇق تۆكۈپ قويدى. ئاندىن «مۇشۇلارنى ئوقۇساڭ، بىزنىڭ تەجرىبە ئۇسكۈنىلىرىمىزنى ۋە مېنىڭ تەتقىقاتىمنى تەلتۆكۈس چۈشىنەلەيسەن»، دېدى. مەندەك دۇنيانىڭ بىر قالاق يېرىدىن كەلگەن، ئۆمرىدە بىرەر قېتىم يۇقىرى سەۋىيىلىك تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ باقمىغان بىر ئادەم ئۈچۈن بۇ مۇئامىلە ئىنتايىن نامۇۋاپىق تۇيۇلدى. ھەتتا كۆڭلۈم بىر ئاز زەربىمۇ يېدى. شۇ چاغدا «ياپونلۇقلار ئىنتايىن رەھىمسىز مىللەت ئىكەن»، دەپ ئويلىدىم. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ ئاقكۆڭۈل، ئەڭ رەھىمدىل بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

ياپونىيىنىڭ توكيو شەھىرىگە يېقىن بىر جايدا ياشايدىغان ھاسۇمى ماسايو ئىسىملىك بىر مەرىپەتچى، ساخاۋەتچى كىشى بار. بۇ كىشى پۇلى خېلى كۆپ بايلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۆزۈن يىللاردىن بۇيان ياپونىيىگە ئوقۇشقا بارغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى ھەقسىز ياتاق بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر رايونىغىمۇ خېلى كۆپ پۇل ئىئانە قىلىپتۇ. بىلىۋال تور بېتىدە ئۇ كىشىنى تونۇشتۇرغان بىر يازما بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئادرېسى: http://www.Biliwal.com/GoogleTap_SG_article_1023.html.
ئۇ كىشى بىر قانچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۈرۈمچىگە بارغاندا، باشقىلاردىن شۇ چاغدا ئۈرۈمچىدە سۇ ئىنتايىن قىس بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ئۈرۈمچىدە تۇرغان 4-5 كۈن جەريانىدا، سۇنى ئىقتىساد قىلىش ئۈچۈن بىر قېتىممۇ مۇنچىغا چۈشمەپتۇ. ماسايو ئەپەندىدەك بىر نەچچە مىليون، ياكى نەچچە ئون مىليون دوللار پۇلى بار كىشىنىڭ مۇشۇنداق قىلىشى كىشىنى ھەيران قالدۇرماي قالمايدۇ.

مەن ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان، ئۇيغۇر تارىخىنىمۇ ئوبدان بىلىدىغان بىر قانچە ئالىي مەكتەپ پروفېسسورلىرى بىلەن تونۇشۇپ قېلىپ، ئۇلار بىلەن يېقىن ئۆتتۈم. شەنبە-يەكشەنبە كۈنلىرى غېرىبسىنىپ قالغان ياكى زېرىكىپ قالغان

ۋاقىتلىرىمدا ئۆلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، يېرىم كۈن پاراڭلىشىپ، تاماق يەپ قايتىپ كېلەتتىم. ئۆلارنىڭ ئۆيلىرى مەن تۇرۇۋاتقان شەھەردىن خېلى يىراق بولۇپ، ئۆلارنىڭ ئۆيىگە بىر قېتىم بېرىپ كېلىش ئۈچۈن پويىز يول كىراسىغا 10–15 دوللار پۇل كېتەتتى. ئەگەر ئۆلار مېنى چاقىرغان بولسا، ھەر قېتىم ئۆلارنىڭ ئۆيىدىن ئۇزاپ چىقىدىغاندا، ئۆلار بىر لىپاپىنىڭ ئىچىگە 2 مىڭ يېن ياپون پۇلىنى سېلىپ، ئۇنى ماڭا يول كىراسىغا ئىشلىتىشكە بېرەتتى. مەن ئۇنى ئالمىسام ئۆلار ھەرگىز ئۇنىمايتتى. (بۇ يەردىكى «يېن» دېگەن ياپون پۇلىنىڭ بىرلىكى بولۇپ، بىر مىڭ يېن ھازىر تەخمىنەن 8.5 دوللارغا توغرا كېلىدۇ). ئۆلارنىڭ نەزىرىدە بىزگە شىنجاڭ ھۆكۈمىتى بەرگەن تۇرمۇش خىراجەت پۇلى ئىنتايىن تۆۋەن ئىدى. شۇڭا بىزنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىينىلىپ قېلىشىمىزدىن ئەنسىرەپ يۇقىرىقىدەك قىلاتتى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، مەن ياپونلۇقلارنىڭ كۆپىنچىسى خۇددى ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا ئوخشاش ئاقكۆڭۈل ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. كەسىپ ۋە تەتقىقات جەھەتتىمۇ، مېنىڭ ئۇستازىم ئۆزى يىغقان تەتقىقات ماتېرىيالىنى ۋە ئۆز بىلىمىنى مەندىن زادىلا ئايىمىدى. مەن گەرچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تەتقىقات جەھەتتە مەكتەپ بويىچە خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن بولساممۇ، مەكتەپ مۇدىرىدىن تارتىپ باشقا پروفېسسورلارغىچە، شۇنداقلا مەن بىلەن بىر تەجرىبىخانىدا ئىشلەيدىغان ياپونلۇق ئوقۇغۇچىلارغىچە ھەممىسى ماڭا قىلچىمۇ ھەسەتخورلۇق قىلمىدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە مەن باشقا پروفېسسورلار بىلەن مەكتەپ ياكى بىنالارنىڭ ئىچىدە ئۇچرىشىپ قالسام ماڭا چوڭقۇر تەزىم قىلىپ، مېنى ناھايىتى ھۆرمەتلىدى.

كېيىن چۈشەنسەم، ئۇستازىمنىڭ ماڭا بىر قۇچاق كىتابنى تاشلاپ بېرىپ، ئۆلارنى ئۆزۈمنىڭ ئوقۇپ چۈشىنىشىمنى تەلەپ قىلىشى ياپونىيىدىكى بىر ئورتاق ئەھۋال بولۇپ، بۇ ئۆلارنىڭ يېڭى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ياشلاردا مۇستەقىل ئىش قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن تۇتقان يولى ئىكەن. ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر پروفېسسورى بىلەن ئۇنىڭ بىر قانچە ئاسپىرانتلىرى بىر تەتقىقات مەسىلىسىنى ھەل قىلالماي، ئۇنى مەن ھەل قىلغاندا، ئۆلار ماڭا ھەسەتخورلۇق قىلىشنىڭ ئەكسىچە مېنى ئۆز مەكتىپىدىكى ھەپتىلىك تەتقىقات مۇزاكىرە يىغىنىغا تەكلىپ قىلىپ قاتناشتۇردى. مېنىڭ يول كىرايىمنىمۇ شۇلار ئۆزى چىقىرىپ بەردى. مەن تەقسىم قىلىنغان ئالىي مەكتەپتە ماگىستىرلىق ياكى دوكتورلۇق ئۇنۋانى يوق بولغاچقا، مەن ئۆز مەكتىپىمدىن ياپونىيە بويىچە 3-ئورۇندا

تۇرىدىغان ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكىلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. شۇنداق ۋاقىتتىمۇ مېنىڭ مەكتىپىمدىكىلەر «بىزنى ياراتماپتۇ» دەپ ماڭا قورسىقى كۆپۈش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، مەكتەپ مۇدىرى ئۆزى ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ، بۇ ئىشنى ھەل قىلىپ كەلدى. ھەمدە شىنجاڭ مائارىپ نازارىتىنىڭ بىر ئۆمىكى بىزنىڭ مەكتەپكە كەلگەندە، بىزنىڭ مەكتەپنىڭ مۇدىرى ئۇلارغا باش ئېگىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ، مېنىڭ مەكتەپ ئالماشتۇرۇشىمغا ماقۇل بولۇشنى يالۋۇرۇپ تۇرۇپ تەلەپ قىلدى. (لېكىن، مەن مۇشۇ سۆھبەتنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، شۇ قېتىم مېنىڭ مەكتەپ ئالماشتۇرۇشىم شىنجاڭدىكىلەرنىڭ قوشۇلماسلىقى بىلەن يەنىلا ھەل بولمىدى.)

ئومۇمىيۈزلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئامېرىكىلىقلار ياپونلۇقلارغا قارىغاندا ناھايىتى جىق خۇشخۇي كېلىدۇ. نەگىلا قارىسا، قاچانلا قارىسا ئۇلارنىڭ كۈلۈمسىرەپ يۈرگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ يۈزىدە غەم-ئەندىشە دېگەندىن ئەسەرمۇ كۆرۈنمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. مەكتەپ ۋە شىركەتنىڭ يىغىنلىرىدىمۇ، ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان مەسىلىنىڭ قانچىلىك جىددىي مەسىلە ئىكەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، يىغىن باشقۇرغۇچى ۋە يىغىندىكى سۆزلىگۈچىلەر ئىمكانقەدەر يۇمۇرلۇق گەپلەرنى كۆپ ئىشلىتىپ، ئاڭلىغۇچىلارنى كۈلدۈرۈشكە تىرىشىدۇ. 2002-يىلى مەن خىزمەت ئالماشتۇرۇش قارارىغا كېلىپ، بىر تۈرك قۇرغان، ئۈپتىكىلىق خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرىنى ياساپ چىقارماقچى بولغان بىر شىركەت بىلەن ئالاقىلەشتىم. ئۇلار چىقارغان خىزمەت ئېلانىدا ئالماقچى بولغان ئادەمگە بولغان تەلەپلىرىنى تىزىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا «ئادەمنىڭ تاسما بەلۋېغىنى ئۈزۈۋېتىدىغان دەرىجىدە باشقىلارنى كۈلدۈرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك»، دېگەن بىر ماددىنى قوشۇپ قويۇپتۇ. مەندە كىشىلەرنى ئۇ دەرىجىدە كۈلدۈرەلەيدىغان يۇمۇرلۇق ئىقتىدار يوق. شۇنداق بولسىمۇ مېنى ئۇ شىركەت خىزمەتكە ئالغانىدى. لېكىن، ئەڭ ئاخىرى مەن ئۇنىڭغا بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بارمىدىم (مەن بۇ شىركەتنى سۆھبەتنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا تىلغا ئالغانىدىم. شۇڭا بۇ يەردە تەكرارلىمايمەن).

ئامېرىكىلىقلارنىڭ بۇنداق خۇشخۇي بولۇشىنى ئۇلارنىڭ ئۆزۈن مۇددەتلىك تۇرمۇش ھالىتى بەلگىلىگەن. يەنى ئامېرىكىلىقلار ئەزەلدىن يوقسۇزلۇقنىڭ، تۇرمۇش قاتتىقچىلىقىنىڭ دەردىنى تارتىپ باققان ئادەملەر ئەمەس. ئۇلار ئۈچۈن باياشاتلىق تۇرمۇش ئاساسەن كاپالەتكە ئىگە. ئەگەر مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن

ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقتا ئۇچراپ، بانكىنىڭ يۇقىرى ئۆسۈملۈك پۇلىغا قەرز بولۇپ قالسىمۇ، يەنە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش يوللىرى بار. مەسىلەن، بەزى كىشىلەر قىيىنچىلىقتا دۇچ كېلىپ، بانكىدىن پۇل قەرز ئېلىپ، ئۇنى بىر قانچە يىل تۆلىيەلمىسە، مەلۇم شەرتلەر ئاستىدا خۇسۇسىي كرىزىس (ئىنگلىزچە personal bankrupcy) ئېلان قىلسا، بانكا ئۇنىڭ قەرزىنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. بۇنداق قىلىشنىڭ زىيانلىق تەرىپىمۇ خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى بۇنداق ئادەم كېيىنكى 10 يىل ئىچىدە بانكىدىن قايتا قەرز پۇل ئالالمايدۇ. بانكىلار ئۇلارغا كېيىنكى 10 يىل ئىچىدە كرېدىت كارتىسىمۇ بەرمەيدۇ. ئائىلە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ياشلارمۇ پۈتۈنلەي بانكىدىن قەرز پۇل ئېلىپ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالايدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئۇچۇن بېرىلىدىغان بۇنداق قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈمى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ، ئۇنى ھۆكۈمەت مەخسۇس بەرپا قىلغان. ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش جەريانىدا بۇ قەرز پۇلنى قايتۇرماي، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن تەدرىجىي تۆلەپ بولسىمۇ بولىدۇ. مۇشۇنداق يول بىلەن ئامېرىكىدا ئوقۇش ئارزۇسى ۋە ئىرادىسى بار ھەر بىر ياشقا ئوقۇش پۇرسىتى ھازىرلاپ بېرىلگەن.

2006-يىلى 17-ئۆكتەبىر كۈنى ئامېرىكىنىڭ نوپۇسى ساق 300 مىليونغا يەتتى (مەن بۇ خەۋەرنى لوس ئانژېلىس دەۋر گېزىتىدىن كۆردۈم). لېكىن ئۇنىڭ يەر زېمىنى ۋە بايلىقى دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپ دۆلەتلەرنىڭكىدىن كۆپ. شۇنداقلا يېقىنقى بىرەر يۈز يىلنىڭ مابەينىدە ئۇلار تۇرمۇش ئازابىنى، يوقسۇزلۇقنىڭ ئازابىنى ئاساسەن تارتىپ باقمىغان. ئېھتىمال مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئامېرىكىلىقلار ئىنتايىن كەڭ قورساق كېلىدۇ. مەن بىر قېتىم بىر يېمەكلىكلەر دۇكىنىدا نەرسە ئېلىپ، پۇل تۆلەيدىغاندا ئالغان نەرسىلىرىمگە 10 دوللار 3 سېنت كەلدى (بىر ئامېرىكا دوللىرى 100 سېنت بولۇپ، ئۇنى ئىنگلىزچە cent دەپ يازىدۇ). مەن مال ساتقۇچىغا 20 دوللار بەرسەم، ئۇ مەندىن «سەندە 3 سېنت بارمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن «ياق، مەندە يوق»، دەپ جاۋاب بەرسەم، مال ساتقۇچى ئۆز يانچۇقىدىن 3 سېنت ئېلىپ، مېنىڭ پۇلۇمغا قوشۇپ تۆلەپ، ماڭا 10 دوللار قايتۇرۇپ بەردى. مەن بۇ ئىشتىن خېلى تەسىرلەندىم. مېنىڭچە جۇڭگودا بۇنداق ئىشنى ھەرگىز تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئامېرىكىدا بولسا بۇنداق ئىشنى نەچچە قېتىم ئۇچراتتىم. ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكىمۇ ئىنتايىن كۈچلۈك. ئادەم شەخسىي ئۆيلەر جايلاشقان رايونلاردا يول يۈرسە، بەزىدە كىشىلەر ئۆز ئۆيىدىكى سافالاردىن بىرەرنى ياكى باشقا ئائىلە جابدۇقلىرىنى يول بويىغا ئاچىقىپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە «بۇنى بىكارغا ئېلىپ كەتسىڭىز بولىدۇ»

(ئىنگلىزچە Free to take) دەپ يېزىپ قويغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. يەنى، ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى ئەخلەتخانىغا تاشلىۋەتمەي، بۇنى كېرەك قىلىدىغانلار ئىشلىتىۋالسۇن، دەپ يولنىڭ بويىغا قويۇپ قويىدۇ. بۇنداق ئىشلارنى ئامېرىكىدىكى تۇرمۇشنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

ئامېرىكىلىقلارنىڭ كەڭ قورساقلىقى ۋە ئادەمگەرچىلىكى ئىلىم-پەن ۋە ھەر خىل كەسىپ ساھەلىرىدىمۇ تولۇق ئەكس ئەتكەن. مەن قولىدا ئىشلەپ باققان ئوقۇتقۇچى ئۇستازلىرىم مېنىڭ ئىلىم-پەندە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمنى چىن كۆڭلىدىن ئارزۇ قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھېچ قانداق نەرسىسىنى مەندىن ئاياپ باقمىدى. پۈتۈن كۈچى بىلەن ماڭا ياردەم قىلدى. مەن بىرەر مەسىلە ئۈستىدە ئۇلارنىڭ قېشىغا سوئال سوراپ كىرسەم، ئۇلار سوئالىمغا ئەستايىدىل جاۋاب بېرىپ، ئاندىن ئۆزى ئاشۇ ساھەدە يىغقان بارلىق ئىلمىي ماقالە توپلانمىسىنى ياكى ئىلىم-پەن كىتابلىرىنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ماڭا تۇتقۇزۇپ قويىدى. ئۇلار ئۆزلىرى كوپىيە قىلىۋېلىپ يىغقان ئىلمىي ماقالە توپلىمىنى «بۇلارنى ئۆزۈڭگە كوپىيە قىلىۋېلىپ، ئاندىن ماڭا قايتۇرۇپ بەر. ياكى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن قايتۇرۇپ بەرسەڭمۇ بولىدۇ»، دەيتتى. كىتابلارنى بولسا «ئىشلىتىپ بولۇپ ئاندىن قايتۇرۇپ بەر»، دەيتتى. مەن ئۇلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتنىڭ نەتىجىلىرىنى ئىلمىي ماقالە ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىدىغان ۋاقىتتا، ئۇلار مېنىڭ تۆھپەمگە ئاساسەن، قىلچە ئىككىلەنمەي مېنى 1-ئاپتور قىلدى (تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە تەتقىقاتنى ئاساسلىق كىشى بولۇپ ئېلىپ بارغان كىشى تەبىئىي ھالدا 1-ئاپتور بولىدۇ). مەن مۇشۇ سۆھبەتنىڭ 1-قىسمىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، بۇ ئۇستازلىرىمدا مېنى كۆرەلمەسلىك ئالامەتلىرىدىن ئەسەرمۇ يوق بولۇپلا قالماي، ئۆزلىرىنىڭ قولىدىن مەندەك ئوقۇغۇچىنىڭ چىققىنىدىن پەخىرلىنىپ، پۇرسەتلا بولسا مېنى ماختاپ يۈردى.

مەن ساندىئا دۆلەت تەجرىبىخانىسى، JPL ۋە باشقا يۇقىرى تېخنىكىلىق شىركەتلەردە ئىشلىگەندە، مۇنداق 2 خىل ئادەملەر بىلەن خىزمەت مۇناسىۋىتىدە بولدۇم. بىرى مېنىڭ باشلىقىم. شىركەتتىكى بۇنداق باشلىقلارنى ئىنگلىزچىدا manager دەپ ئاتايدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇتتۇر مەنىسى «باشقۇرغۇچى» دېگەندىن ئىبارەت. JPL دەك ئورۇنلاردا بولسا supervisor دەپ ئاتايدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «نازارەتچى» دېگەنگە توغرا كېلىدۇ. يەنى بۇ ئورۇندا ئىشلەيدىغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يۇقىرى دەرىجىلىك تېخنىكا خادىملىرى بولغاچقا، ئۇلارغا «باشقۇرغۇچ»

ئەمەس، پەقەت «نازارەتچى» لەرلا كۆپايە قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ بىزنىڭ باشلىقىمىز بىزگە يېقىنقى بىر مەزگىلدە قىلىدىغان ئىشىمىزنى تاپشۇرۇپلا قويۇپ، بىزنىڭ ئۇنى قانداق قىلىشىمىز بىلەن ھېچ قانداق كارى بولمايدۇ. ئۇ ئىشلارنى قايسى ئۇسۇل بىلەن قىلىش پۈتۈنلەي ئۆزىمىزگە باغلىق. بىز زۆرۈر تېپىلغاندا باشلىقىمىزغا دوكلات قىلىپ قويساقلا بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن مەن بىر ھەپتىنىڭ ئىچىدە باشلىقىمنى بىرەر قېتىممۇ كۆرمەيدىغان، بەزىدە ئۇنى ئىزدەپمۇ بىرەر قېتىم تاپالمايدىغان ۋاقىتلىرىم ئىنتايىن كۆپ. يۇقىرىدىكى خىزمەت ئورۇنلىرىدا باشلىقلارنىڭ ماڭا بولغان مۇئامىلىسى ئوقۇتقۇچى ئۇستازلىرىمنىڭ مۇئامىلىسى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولدى. شۇڭا بۇ يەردە ئۇ ئىشلارنى تەپسىلىي تەسۋىرلىمەيمەن.

شىركەتتىكى باشلىقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئوخشىمايدىغان بىر نەرسە، ئامېرىكىلىقلارنىڭ چۈشەنچىسىدە، بىر شىركەتنى شىركەت قىلىدىغان ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرىدىن ئىبارەت. شۇڭا كۆپىنچە ئەھۋاللاردا مېنىڭ شىركەتتىكى باشلىقلىرىم ئۆزلىرىنى مەندىن ئۈستۈن قويۇۋالماي، ماڭا يېقىندىن ياردەمدە بولۇپ، ئۆزلىرىنى مېنىڭ خىزمەتچىم (بۇنى ئىنگلىزچە «servant» دەپ ئاتايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيىدىكى بالا باققۇچىلار مانا ئاشۇنداق «servant» قا كىرىدۇ) دەك ئورۇندا تۇتۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مېنىڭ ئىشىمنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى، ئۈنۈملۈكرەك بولۇشى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئۈچۈن كۈچىدى. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا مەن ئۇلارنىڭ كۆزىگە ئەمەس، ئۇلار مېنىڭ كۆزۈمگە قارىدى.

مەن بىرگە ئىشلىگەن 2-خىلدىكى كىشىلەر مېنىڭ خىزمەتداشلىرىم. مېنىڭ بۇ خىلدىكى كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم يۇقىرىقىدىن سەل مۇرەككەپرەك بولدى. ئامېرىكىدىكى شىركەتلەر خىزمەتداشلار ئارىسىدىكى دوستانە رىقابەتنى تەشەببۇس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەمكارلىشىپ ئىشلەشنى ئىنتايىن قاتتىق تەكىتلەيدۇ. بۇنى ئىنگلىزچىدا «team work» دەپ ئاتايدۇ. خىزمەتكە ئادەم ئېلىش ئېلانلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە ئالماقچى بولغان كىشىنىڭ ھەمكارلىشىپ ئىشلەش ئىقتىدارىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، ئەگەر بىر گۇرۇپپا ئادەمنىڭ ئىچىدە باشقىلار بىلەن چىقىشالمايدىغان «ناچار» ئادەمدىن بىرى بولۇپ قالسا، ئۇ كىشى ئۆزى ياخشى ئىشلىمەيلا قالماستىن، پۈتۈن گۇرۇپپىنىڭ خىزمەت ئۈنۈمىنىمۇ تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. شۇڭلاشقا، ئامېرىكا شىركەتلىرى يېڭى خىزمەتچى ئېلىشتا نۇرغۇن پۇل

خەجلەپ، كاندىداتلار بىلەن «يۈز كۆرۈشۈش» پائالىيىتى ئورۇنلاشتۇرۇپ (بۇنى ئىنگلىزچە job interview دەپ ئاتايدۇ)، كاندىداتنىڭ كىشىلىك مىجەزىنىڭ قانداقلىقىنى ئېنىقلاشقا ئىنتايىن تىرىشىدۇ. مەن ھازىرغىچە ئۆزۈمنىڭ خىزمەتداشلىرى ئىچىدە ئاق تەنلىكلەرنىڭ خۇددى مېنىڭ ئوقۇتقۇچى ئۇستازىم ۋە باشلىقلىرىمغا ئوخشاش كەڭ قورساق، مەرد، ئاقكۆڭۈل ۋە ئىنسانپەرۋەر ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا مەن ئۇلاردىن بىر نەرسە سورىسام، ئۇلار سەمىمىيلىك ۋە قىزغىنلىق بىلەن جاۋاب ياكى ياردەم بېرىدۇ. شۇڭا ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش، ئۇلارغا يېقىنلىشىش ئىنتايىن ئاسان ئىش. باشقا مىللەتلەر بولسا ئاق تەنلىكلەرگە سېلىشتۇرغاندا ئوخشىمىغان دەرىجىدە تۆۋەن تۇردى. بولۇپمۇ خەنزۇلار، پاكىستانلىقلار، ھىندىستانلىقلار ۋە فىلىپپىنلىقلار قاتارلىق ئاسىيالىقلار ھەمدە يەھۇدىيلار كۆپىنچە ھالدا ناھايىتى ئىچى تار، ھەممىنى باشقىلاردىن يوشۇرىدىغان، باشقىلارغا ئانچە ياردەم بەرمەيدىغان كىلىدىغانلىقىنى، بەزىلىرى ھەتتا ئىچى زەھەر كېلىدىغانلىقىنى كۆردۈم. بۇ خىل ئەھۋالنى ئامېرىكىدىكى باشقا ئۇيغۇر ۋەتەنداشلاردىنمۇ كۆپ ئاڭلىدىم. مەن تەدرىجىي ھالدا بىرگە ئىشلەيدىغان خەنزۇ خىزمەتداشلاردىن بىر نەرسە سوراپ بارسام، ئۇنىڭدىن تولۇق ياكى توغرا جاۋاب ئالالمايدىغانلىقىمغا ئىدىيىۋى تەييارلىق قىلىپ بارىدىغان بولۇپ قالدىم. بىزنىڭ ھازىرقى گۇرۇپپىدا جۇڭگونىڭ چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن كەلگەن بىر خەنزۇ خادىم بار. بىز ئادەتتە ئۆزىمىز يازغان كومپيۇتېر پروگراممىلىرىنى ۋە باشقا مۇھىم ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بىزنىڭ ئىدارىنىڭ مۇلازىمېتىرىغا (ئىنگلىزچە computer server) قويۇپ قويىمىز. ئۇنداق قىلىشتا 2 مەقسەت بار. بىرى، سەرۋەرلەردىكى ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسى ھەر كۈنى مەخسۇس ساقلاپ (ئىنگلىزچە backup) قويۇلىدىغان بولغاچقا، ئەگەر بىرەر سەۋەبتىن ئۆزىمىزنىڭ كومپيۇتېرىدىن كاشىلا چىقىپ قالسىمۇ، بىز تەييارلىغان پروگرامما بىلەن ھۆججەتلەر يوقاپ كەتمەسلىك ئۈچۈن. يەنە بىرى، بىر گۇرۇپپىدىكى كىشىلەر بىر-بىرىنىڭ پروگرامما ۋە ھۆججەتلىرىدىن بىمالال پايدىلىنىش ئۈچۈن. يەنى، مەن ئۆزۈمنىڭ كومپيۇتېرى ئارقىلىق باشقىلارنىڭ سەرۋەردە ساقلىغان پروگرامما ۋە ھۆججەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆرەلەيمەن. ئۇلارنى ئۆزۈمنىڭ كومپيۇتېرىغا كۆچۈرۈپ ئالالايمەن. لېكىن ئۇلارنى بىۋاستە ئۆزگەرتەلمەيمەن (ئۆزۈم كۆچۈرۈۋالغان نۇسخىسىنى ئۆزگەرتسەم بولۇۋېرىدۇ). بىر قېتىم مېنىڭ باشلىقىم ماڭا بىر ئىشنى تاپشۇرۇپ، بىزنىڭ گۇرۇپپىدىكى ھېلىقى خەنزۇ خادىم بۇ ئىشنى بۇرۇن ئازراق

قىلىپ باققانلىقىنى، شۇڭا ئەگەر مەن ئۇنىڭ يازغان پروگراممىلىرىنى كۆرۈپ باقسام، ئېھتىمال ماڭا پايدىسى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭ سەرۋەردىكى ھۆججەتلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرسەم، ئۇنىڭ سەرۋەردىكى ھۆججەت ساقلاش ئورنى ئاساسەن قۇرۇق بولۇپ، ئۇ يەردىن ھېچنېمە تاپالمىدىم. يەنى، ئۇ ئۆزى تەييارلىغان نەرسىلەرنى سەرۋەرگە پەقەتلا قويماپتۇ. بۇنداق ئەھۋالنى ئامېرىكىدىكى ئاق تەنلىكلەر ئىچىدىن ئۇچراتماق تەس.

مېنىڭ بۇ يەردە بىر ئەسكەرتىپ قويۇشۇمغا تېگىشلىك ئەھۋال، مېنىڭ ئامېرىكىدىكى ئۆمرۈم ئاساسەن ئالىي مەكتەپلەردە، دۆلەت تەجرىبىخانىسىدا، يۇقىرى دەرىجىلىك تېخنىكا ئىدارىسىدە ۋە يۇقىرى تېخنىكىلىق شىركەتلەردە ئۆتتى. بۇ ئورۇندىكى كىشىلەر جەمئىيەتتىكى مائارىپ سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى كىشىلەردىن بولۇپ، ئۇلار ئامېرىكا جەمئىيىتىدە يۇقىرى تەبىقىلەرگە كىرىدۇ. شۇڭا تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى مەن يۇقىرىدا ئېيتقان ئەھۋاللاردىن پۈتۈنلەي پەرقلىق بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا، مەن بۇ يەردە ئوتتۇرىغا قويغان ئەھۋاللارنىڭ ھېچ قايسىسى مۇتلەق ئەھۋال ئەمەس. بىر گۇرۇپپا بولۇپ توپلاشقان ئادەملەرنىڭ ئىچىدە چوقۇم ياخشى ئادەملەر، ئوتتۇرا ھال ئادەملەر ۋە ناچار ئادەملەر بولىدۇ. بۇ ھەممە دۆلەت ۋە ھەممە مىللەت ئۈچۈن ئورتاق بولۇپ، ئوخشىمىغان دۆلەت بىلەن ئوخشىمىغان مىللەتلەردە ياخشى ئادەم بىلەن ئەسكى ئادەمنىڭ نىسبىتى ئوخشاش بولماسلىقى مۇمكىن. لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە يۇقىرىقى 3 خىل ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بار. بۇ ئۇيغۇرلار ئۈچۈنمۇ شۇنداق. باشقا مىللەتلەر ئۈچۈنمۇ ھەم شۇنداق.

مەن باشلانغۇچنىڭ 1-سىنىپىدىن تارتىپ باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى باشلىغان بولۇپ، بارا-بارا باشقىلارغا ياردەم قىلىش ئۆزۈم ئۈچۈن بىر خۇشاللىق، بىر خىل شەرەپلىك ۋە بىر خىل بەختلىك ئىشتەك تۇيۇلىدىغان بولدى. ئامېرىكىغا كېلىپ، ھەقىقىي تەتقىقاتچىلىق ئىشىمنى باشلىغاندىن كېيىن، مېنىڭ باشقىلارغا ياردەم قىلىشتىكى تېخنىكامۇ ئۆسۈپ ماڭدى. 1992-يىلىدىن باشلاپ، مەن ئۆزۈم ئېلىپ بارغان ھەر بىر تەتقىقاتتا، ئىشلەپ چىقارغان نەتىجىلەر ۋە پايدىلانغان ماتېرىياللارنىڭ تىزىملىكى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «تەتقىقات دوكلاتى» تەييارلىدىم. ئۇلارنىڭ كومپيۇتېردا تەييارلىغىلى بولىدىغان قىسمىنى كومپيۇتېردا تەييارلىدىم. ئۇنداق قىلغىلى بولمايدىغان قىسمىنى قول بىلەن يازدىم. ئۇلارنى بېسىپ چىقىرىپ ياكى نۇسخىلاپ، يىل بويىچە

ئايرىم-ئايرىم تۈپلەپ، 5-10cm قېلىنلىقتىكى كىتابتەك قىلىۋالدىم. مەن ئۇلاردىن ئىلمىي ماقالە يازىدىغاندا پايدىلاندىم. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىم بۇرۇنقىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋاقىتتا، ئۇلاردىن يەنە پايدىلاندىم. ھەمدە ئۇلارنى مەندىن ياردەم سوراپ كەلگەنلەرگە كەڭ تۈردە تارقاتتىم. مەسىلەن، بىرسى ماڭا كېلىپ، «ئەركىن، ماۋۇ مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىدۇ؟» دەپ سورىسا، مەن ئۇنىڭغا «مەن ئۇنى بۇرۇن ھەل قىلىپ بولغان. ماۋۇ دوكلاتنى كوپىيە قىلىۋېلىپ، كۆرۈپ باق»، دەپ قولىغا دوكلاتىمدىن بىرنى تۇتقۇزۇپ قويدۇم. شۇنداق قىلىپ مۇشۇ دوكلاتلىرىم كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ۋە مەن ئىشلىگەن باشقا شىركەت-ئىدارىلەردە كىشىلەر ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ يۈردى. مەندە ھازىرمۇ 1992-يىلدىن بۇيان ئاشۇنداق تەييارلىغان دوكلاتلىرىمنىڭ ھەممىسى بار. مەن ھازىرقى ئىدارەم بولغان JPL گە خىزمەتكە چۈشكەندىن كېيىن، بىر قېتىم مېنىڭ كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئۇستازىمدىن تېلېفون كېلىپ، «ئەركىن، ماڭا سېنىڭ xxx نەرسە توغرىسىدىكى دوكلاتىڭنىڭ كوپىيىسى لازىم بولۇپ قالدى. ئۆزۈمدىكىسىنى تاپالمىدىم. بولسا ئۇنى كوپىيە قىلىپ ماڭا دەرھال ماڭدۇرۇۋەتسەڭ» دېدى. مەن شۇنداق قىلدىم. ماڭا بۇرۇن ساندىئا دۆلەت تەجرىبىخانىسىدا پوستدوكتور ئۇستازى بولۇپ، كېيىن گېئورگىئا تېخنىكا ئىنستىتۇتى فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان ئۇستازىمدىنمۇ بىر قېتىم ئاشۇنداق تەلەپ كەلگەنىدى. ئۇنىمۇ دېگىنى بويىچە بېجىرىپ بەردىم. JPL غا كىرگەندىن بۇيان، مەن قىلىدىغان تەتقىقاتنىڭ تۈرى ۋە كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان نەتىجىلەرنىڭ مىقدارى ناھايىتى كۆپىيىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن تەييارلايدىغان ھېلىقىدەك تەتقىقات دوكلاتىنىڭ سانىمۇ بەك يۇقىرىلاپ كەتتى. مەن 2005-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 2006-يىلى 6-ئاينىڭ 30-كۈنىگىچە تەييارلىغان تەتقىقات دوكلاتىنىڭ سانى 74 گە يەتكەن بولۇپ، بۇ يىل (2006-يىلى) يازدا ئېلىپ بېرىلغان يىللىق باھالاشتا، باشلىقىم مۇنداق باھا يازدى:

— ئەركىن خىزمەتنى پەۋقۇلئاددە ياخشى ئىشلىدى. ھەمدە چىقارغان نەتىجىلىرىنى گۈزۈپپىدىكى ھەممەيلەندىن ياخشى ھۆججەتلەشتۈردى. (ئىنگلىزچە documented). ئۇ ئۆز زېھنىنى ھەقىقەتەنمۇ پروجېكتلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا مەركەزلەشتۈردى.

— ئەركىن باشقىلار بىلەن ئىنتايىن ئۈنۈملۈك مۇناسىۋەت قىلالايدۇ. ئۇ باشقا ھەممە كىشىلەرگە كۆيۈنىدۇ ھەمدە ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ.

— ئەركىن ئىنتايىن يۇقىرى ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ، يېڭى نەرسىلەرنىمۇ ناھايىتى تېز ئۆگىنەلەيدۇ. ئۇ نۇرغۇن ئىشلاردا مۇتەخەسسىسلەر ئىچىدىكى مۇتەخەسسىسلىك (ئىنگلىزچە an expert among experts) سالاھىيىتىگە كۆتۈرۈلدى.

— ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىشلىگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئەركىننىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ئەلا دەرىجىلىك ئىكەنلىكىنى، ناھايىتى ئۈنۈملۈك ئىكەنلىكىنى، ھەمدە ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن ھەمكارلىششقا ئىنتايىن ماھىر ئىكەنلىكىنى باھالىدى. (ئەسكەرتىش: يىللىق باھالاشتا باشلىقىمىز باشقا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭمۇ پىكرىنى ئالىدىغان بولۇپ، بۇ يەردىكىسى شۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ خۇلاسىسىدۇر.)

— ئەركىن گۇرۇپپىمىزدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئالاھىدە تۆھپە قوشتى.

(يۇقىرىقىلار باشلىقىم 2006-يىلى ئېيۇلدا مېنى باھالاش جەدۋىلىدىكى ئوخشىمىغان كاتېگورىيىگە تولدۇرۇپ يازغان قول يازمىسىنىڭ ئەينەن تەرجىمىسى.)

دوكلاتنىڭ سانى مۇشۇنداق كۆپىيىپ كەتكەن بولغاچقا، مەن تەدرىجىي ھالدا بۇ دوكلاتلارنى بېسىپ چىقىرىپ، تۈپلەپ قويۇشنى توختاتتىم. لېكىن، ئۇلار ناھايىتى ئېنىق ئىسىملار بىلەن تەرتىپلەنگەن بولۇپ، ئۇلاردىن بىرەرسىنى تېپىش ئىنتايىن ئاسان. مەسىلەن، بىر دوكلاتنىڭ كومپيۇتېردىكى ھۆججەت ئىسمى مۇنداق:

ES06 – 19 – P4 – V3 – HCIT – 4th_New

بۇنىڭ مەنىسى مۇنداق:

ES = ئەركىن سىدىق نىڭ باش ھەرپى

06 = 2006-يىلى

P4 – V3 – 19 = 19-نومۇرلۇق دوكلات، 4-قىسىم 3-نۇسخىسى

HCIT = تۇر ئىسمىنىڭ باش ھەرپلىرى (High – Contrast Imaging Testbed)

th4 = 4-دەرىجىلىك ماسكا

New = بۇ ماسكىنىڭ يېڭى لايىھىسى

دوكلاتنىڭ سانى ئىنتايىن كۆپ بولغان بىلەن، ئۇلارغا يۇقىرىقىدەك ئىسىم

قويغاندا، ئۇلارنى ئىزدەپ تېپىش ئىنتايىن ئاسان بولىدۇ. مېنىڭ باشلىقىم بەزىدە ماڭا تېلېفون قىلىپ، مەن بۇرۇن قىلغان بىر ئىشنىڭ نەتىجىسىنى سورايدۇ. ئۇ تېلېفوندا ماڭا مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بولغۇچە، مەن بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى دوكلاتنى تېپىپ، ئۇ ھۆججەتنى ئېچىپ، باشلىقىم سورىغان سوئالنىڭ جاۋابىنى تېپىپ بولالايمەن. بۇنىڭغا نەچچە 10 سېكۇنتلا ۋاقىت كېتىدۇ. بەزىدە باشلىقنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىمەن. بەزىدە شۇ ھۆججەتنى شۇنداقلا ئېلخەت ئارقىلىق ماڭدۇرۇپ بېرىمەن. بىر قانچە ئادەم بىر گۇرۇپپا بولۇپ ئىشلىگەن تەتقىقات توغرىسىدىكى دوكلاتنى پۈتتۈرۈپ بولۇپلا گۇرۇپپىدىكى ھەممە كىشىگە ماڭدۇرۇپ بېرىمەن. ئىدارىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك باشلىقلار بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىدىغان مەسىلە توغرىسىدىكى دوكلاتنى شۇ يىغىنغا قاتنىشىدىغان بارلىق كىشىلەرگە ئېلخەت ئارقىلىق ئەۋەتىپ بېرىمەن. خىزمەتداشلىرىم ياردەم سوراپ كەلسە، ئۇلارغا مۇشۇنداق دوكلاتنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇنى ئېلخەت ئارقىلىق ئۇلارغىمۇ بېرىمەن. ھازىر بىزنىڭ باشلىق گۇرۇپپا يىغىنىدا باشقىلارنىڭ ئاغزاكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، «ئۇنى ئەركىنگە ئوخشاش دوكلات قىلىپ يېزىپ چىقساڭ»، دەيدىغان بولدى. ئاڭلىشىمچە مەن مۇشۇنداق تەييارلىغان بەزى ھۆججەتلەرنى ھازىر NASA نىڭ باش ئىشخانىسىمۇ ئىشلىتىۋېتىپتۇ.

قىسقىسى، مەن كىشىلەردىن ھەرگىز ياردىمىمنى ئايىمىدىم. ئۆزۈم ياردەم قىلالايدىغانلا ئىش بولسا، چوقۇم ئۇنداق ئىشلارنى ئۆز ئىشىمدىنمۇ مۇھىم ئىشلار قاتارىغا قويۇپ، ئۇنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن بېجىرىپ بېرىشكە تىرىشىپ كېلىۋاتىمەن. يېقىندىن بۇيان ماڭا ۋەتەندىكى ئۇيغۇر ياشلاردىن كېلىدىغان تەلەپلەرمۇ كۆندىن-كۈنگە كۆپىيىپ، ئۆزۈم يۇرتىمىز ئۈچۈن قىلىۋاتقان ئىشلىرىممۇ كۆپىيىپ، ئۆزۈمگە تەۋە دەم ئېلىش ۋاقتىم بارغانسېرى ئازىيىۋاتىدۇ. لېكىن، مەن باشقىلار ئۈچۈن بىر ئاز كېرەكلىك ئىش قىلىپ بېرەلىگەنلىكىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن.

بىر ئادەم باشقىلارغا ياردەم قىلسا، ئۇنى ياردەمگە ئېرىشكەن ئادەم بىۋاستە قايتۇرۇشى ياكى قايتۇرالىشى ناتايىن. لېكىن مەن ئۇنى ئاللاھ چوقۇم باشقا يوللار بىلەن قايتۇرىدۇ، دەپ ئويلايمەن. شۇڭا بىر ئادەم باشقىلارغا بىر ئىش قىلىپ بەرسە، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە قانداق قايتىپ كېلىشىنى ئويلىماسلىقى كېرەك. ئۆز بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلار ۋە مەن كۆزەتكەن ئىشلاردىن شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئىچى تار ئادەملەر ئۆزى بىلىدىغان ئىشلارنى شۇنچە باش قاتۇرۇپ باشقىلاردىن

**يوشۇرىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تەقدىرى كۆپىنچە ئەھۋالدا ئاقكۆڭۈل، كەڭ قورساق، ۋە باشقىلاردىن ھېچ قانداق ياردەمنى ئايىمايدىغان ئادەملەرنىڭكىدىن ياخشى بولمايدۇ. بەزىدە ئۇلار تېخى بەكرەك زىيان تارتىدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكىدىكى شىركەتلەردە ئادەم چىقىرىش بولسا، ئالدى بىلەن ئاشۇنداق باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشالمايدىغان ئادەملەرنى ئىشتىن بوشىتىدۇ.**

**مەن يېقىندا ئوقۇغان بىر ماقالىدە (http://www.meripet.com/Academy/MAbduxukur.htm)، مەرھۇم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن مۇئەللىم دۇنيادىكى مىللەتلەرنى مۇنداق 3 تۈرگە ئايرىپتۇ: ئېتنولوگىيىلىك مىللەت، ئىجتىمائىي مىللەت، ۋە سىياسىي مىللەت. ئۇ ماقالىدە ئۇيغۇرلار «ئېتنولوگىيىلىك مىللەت» تۈرىگە، ياپونلۇقلار بىلەن يەھۇدىيلار بولسا «سىياسىي مىللەت» تۈرىگە ئايرىلىپتۇ. مەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ ماقالىنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئاپتور ياپونلۇق بىلەن يەھۇدىيلار توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:**

«ئۇلار نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ۋە ئاساسىي نەزەرىيە تەتقىقاتىدا، ئىنسانىيەت تارىخىنى كەلگۈسى كامالەتكە ئېرىشتۈرۈش ئىزدىنىشىدە ھەممىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى. توپلىشىپ ياشايدىغان ياپونلار بىلەن تارقىلىپ ياشاش ئازابىنى باشتىن كەچۈرگەن يەھۇدىيلارغا نەزەر سالساقلا كۇپايە. ياپونلار كىچىككىنە ئۇنۇمسىز، تاغلىق ئارالنى ماكان قىلغان، مەدەنىيەت تارىخىغا خېلىلا كېيىن قەدەم قويغان مىللەت. ئۇلاردىكى ياشاش رىقابەت كۈچى، تۈركۈم ئېڭى ۋە مىللەتنىڭ قاتتىق ھەمدەملىكىگە شۇ قەدەر زىچ مەركەزلەشكەنكى، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئۆز زېمىنىدىكى ۋە چەت ئەلدىكى ھەر بىر قەدىمى، ھەر بىر سۆزى، ھەر بىر ھەرىكىتىگە مىللىي نومۇس-ئىپتىخارىنى ئۆلچەم قىلغان. ئۇلار خەلق ئىگىلىكى بىلەن خەلق تۇرمۇشىنى يۇقىرى ئۈنۈمدارلىق مۇمكىنلىكى ئۈستىگە ئۇيۇشتۇرغان.»

**دېمەك، بىز ئۇيغۇرلار ئۆزىمىزنىڭ «ئېتنولوگىيىلىك مىللەت» لىك كاتېگورىيىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ياپونلۇقلار ۋە يەھۇدىيلارغا ئوخشاش «سىياسىي مىللەت» كاتېگورىيىسىگە ئۆتمەكچى بولساق، ھەر قانداق ۋاقىت ۋە ھەر قانداق جايدا بولۇشىمىزدىن قەتئىينەزەر، پەقەت ئۆزىمىزنىلا ئويلاپ ئەمەس، مىللەتنى قەلبىگە پۈككەن ئاساستا، مىللەتكە مەسئۇل بولغان ئاساستا ئىش قىلىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلالىغان ۋاقىتتىلا ئۇيغۇرلار بىر يۇقىرى سەپەتلىك مىللەت بولۇش**

تەرەپكە قاراپ ماڭىلايدۇ.

ئامېرىكا دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىكى ئوخشىمىغان ئارقا كۆرۈنۈشلۈك مىللەتلەر توپلانغان دۆلەت. ئاشۇنداق تۈرۈپمۇ ئۇ ھازىر دۇنيادىكى بىر ئەڭ تەرەققىي قىلغان ۋە ئەڭ مەدەنىيەتلىك دۆلەت قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. مەن بۇ دۆلەتنىڭ ھازىرقىدەك ھالەتكە يېتەلىشىدىكى سەۋەبلەرنى تەھلىل قىلىپ، مۇنداق بىر نەرسىنى ھېس قىلدىم. بىر دۆلەت، بىر رايون ياكى بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەتلىك بولالىشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى 2 نەرسىنىڭ ھېچ بولمىغاندا بىرى كەم بولسا بولمايدىكەن. ئۇنىڭ بىرى، ئىسمى-جىسمىغا لايىق ھەققىي قانۇن. يەنە بىرى ئىمان. مېنىڭ بىلىشىمچە ئامېرىكا نوپۇسىنىڭ 60 پىرسەنتتىن كۆپرەكى بىرەر دىنغا ئىشىنىدۇ. ئامېرىكىدىكى ئەڭ چوڭ دىن خرىستىئان دىنى بولۇپ، دۆلەتنىڭ نۇرغۇن ئەخلاقىي قۇرۇلمىسى مۇشۇ دىن ئاساسىغا قۇرۇلغان. مېنىڭ بىلىشىمچە ئامېرىكىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سانىمۇ 5 مىليوندىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئامېرىكىنىڭ دۆلەت قانۇن-پەرمانلىرى دۇنيا بويىچە ئەڭ كۈچلۈك. شۇڭا بۇ دۆلەتتىكى مىللەتلەرنىڭ شۇنچە ئەبجەش بولۇشىغا، ئۇلارنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ شۇنچە پەرقلىك بولۇشىغا قارىماي، بۇ دۆلەت دۇنيادىكى ئەڭ مەدەنىيەتلىك ۋە ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلىك ئورنىنى تۇتۇۋاتىدۇ. قانۇن بىلەن ئىمان ئەھۋالى ئۇيغۇر دىيارىدا قانداقراق؟ جۇڭگودىچۇ؟

**11-سوئال: ھازىر ئۇيغۇرلاردا چەت ئەللەرگە چىقىشقا قىزىقىدىغان ھالەت بار. ھازىر دۆلىتىمىزدە بۇنىڭغا ئىلھام بېرىش سىياسىتى بار. شۇڭىنىسى، بۇ جەھەتتە «كۆز قورقۇش» مەسىلىسى ئېغىر. سىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى قارىشىڭىز قانداق؟**

جاۋاب: مېنىڭچە چەت ئەللەرگە چىقىپ ئوقۇش ئىشىدا كۆز قورقۇشنىڭ مۇنداق سەۋەبلىرى بولۇشى مۇمكىن.

1. ئۆزىگە تولۇق ئىشەنچ باغلىيالماسلىق؛

2. ئىشنى نەدىن باشلاشنى ھەمدە نېمە ۋە قانداق تەييارلىق قىلىشنى بىلمەسلىك؛

3. «ئامېرىكا جۇڭگودىن قوبۇل قىلىدىغان ئوقۇغۇچىلار سانىنى ئازايتىپتۇ»، دېگەنگە ئوخشاش خاتا تەشۋىقاتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش؛

تۆۋەندە بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە بىر ئاز ئايرىم-ئايرىم توختىلىپ ئۆتەي.

1. ئۆزىگە تولۇق ئىشەنچ باغلىيالماسلىق

يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، مەن ئۇيغۇر دىيارىدىكى ياش-ئۆسمۈرلەر بىلەن ئالاقە قىلىش جەريانىدا، نۇرغۇن ياشلارنىڭ ئۆز-ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنىڭ ئىنتايىن تۆۋەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. مېنىڭچە ئۇيغۇرلار ئۇچۇن بۇنداق ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەبنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن كۆرگىلى بولمايدۇ. بىر ئادەمنىڭ قانداق بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئاتا-ئانىنىڭ تەربىيىسى، مەكتەپ تەربىيىسى ۋە جەمئىيەت تەربىيىسىگە باغلىق بولىدۇ. ھەممە كىشىدىن ئوخشاش سىزىقنى بويلاپ مېڭىش، ئوخشاش ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئاڭغا ئىگە بولۇش ۋە ھەممە ئىشتا ئوخشاش ئويلاش تەلەپ قىلىنغان، كىشىلەرنىڭ مۇستەقىل ئويلاپ ئىش قىلىشى قىلچىمۇ تەشەببۇس قىلىنمىغان ياكى پۈتۈنلەي چەكلەنگەن، كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە غورۇرى ئازراقمۇ ھىمايىگە ئىگە بولمىغان ياكى تەرەققىي قىلدۇرۇلمىغان جەمئىيەتتە، ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆز-ئۆزىگە تولۇق ئىشەنچ باغلىيالايدىغان بولۇپ چوڭ بولۇشى ئىنتايىن قىيىنغا توختايدۇ. بۇ جەھەتتە ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو، جۈملىدىن ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئوتتۇرىسىدا ئاسمان-زېمىن پەرق بار. مەكتەپ ۋە جەمئىيەت بۇ ئىشقا ھېچ قانداق كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ھازىرقىدەك بىر شارائىتتا، ئۆز پەرزەنتلىرىنى بۇ جەھەتتە ساغلام ئۆسۈپ-يېتىلىشكە كاپالەتلىك قىلىش يۈكى پۈتۈنلەي ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ. شۇڭلاشقا ھەر بىر ئاتا-ئانىلار بۇ ئىشقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك. پەرزەنتلىرى ئاق-قارىنى بىر ئاز پەرق ئېتەلەيدىغان بولغان ۋاقتتىن باشلاپلا، ئۇلارنىڭ مۇستەقىل ئويلاش ۋە مۇستەقىل ئىش قىلىش ئىقتىدارىنى ۋە ئۆز-ئۆزىگە ئىشىنىش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.

مەن مۇشۇ سۆھبەتنىڭ ئالدىنقى بىر قىسمىدا، ئامېرىكىنىڭ كىنو بازىرى بولغان ھوللىيۋودتىكى ئوسكار مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بەزى كىنو چولپانلىرىنى تونۇشتۇرۇپ كېلىپ، ئۇلار ئوسكار مۇكاپاتى مۇراسىمىدا سۆزلەپ، ئۆزلىرىنىڭ قانداق قىلىپ مۇشۇنداق مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى ئۈستىدە توختالغاندا، ئورتاق ھالدا 1-بولۇپ ئۆز ئاتا-ئانىسىغا رەھمەت ئېيتىپ، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان قوللىشى ۋە ئىشەنچى بولمىغان بولسا، ئۆزلىرىنىڭ بۈگۈنكى كۈنىمۇ بولمىغانلىقىنى ئېيتقانلىقىنى تەسۋىرلىگەن ئىدىم. ئامېرىكىدا بۇ ئەھۋال يالغۇز

كىنو ئارتىسلىرى بىلەنلا چەكلەنگەن ئەمەس. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈش مۇراسىمى، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ۋە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈش مۇراسىمىنىڭ ھەممىسىدە سۆزگە چىققان ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى ۋە مەكتەپ باشلىقلىرى ئالدى بىلەن ئاتا-ئانىلارغا رەھمەت ئېيتىدۇ. ئاتا-ئانىلارنىڭ شۇ كۈنگە كەلگۈچە ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ياخشى تەربىيە ئېلىشى يولىدا ئاققۇزغان قان-تەرلىرىگە تەشەككۇر ئېيتىدۇ. بۇ ئامېرىكىدىكى ئىنتايىن ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال بولۇپ، بۇنىڭدىن بىز بالىلارنىڭ ھەر جەھەتتىن ساغلام ئۆسۈپ-يېتىلىشىدە ئاتا-ئانىلارنىڭ رولىنىڭ نەقەدەر چوڭ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ يەردە ئىنتايىن ئاددىي بىر ئۇقۇم بار: ئەگەر سىز بالىڭىزنىڭ ئاتا-ئانىسى تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىشەنمىسىڭىز، سىز جەمئىيەتتىكى باشقا ھېچ قانداق كىشىلەردىن ئۆز بالىڭىزغا ئىشىنىشنى ئۈمىد قىلالمايسىز.

مەن مۇشۇ سۆھبەتنىڭ 1-قىسمىدا، ئوغلۇم دىلشاتنىڭ ئۆزى بىر كومپيۇتېر قۇراشتۇرۇش پىلانىنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالغا ئىدىم. ئۆتكەن يىلى (2005-يىلى) يازلىق تەتىلدە، ئۇ كومپيۇتېر زاپچاسلىرى توغرىسىدا بىر تەپسىلىي تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئالدى بىلەن قايسى زاپچاسنى قايسى شىركەتتىن سېتىۋېلىش، ھەر بىر زاپچاسنىڭ باھاسى ۋە ئومۇمىي چىقىم توغرىسىدا بىر تەپسىلىي جەدۋەل ئىشلەپ چىقتى. دىلشات بۇ جەدۋەلگە ئۆزى پۈتۈنلەي قانائەتلەنگۈدەك بولغاندىن كېيىن، مەن ئۇ جەدۋەلنى ئەستايىدىللىق بىلەن بىر قېتىم كۆزدىن كۆچۈردۈم. ھەمدە دىلشاتتىن خېلى كۆپ سوئاللارنى سورىدىم. بۇ چاغدا دىلشات كومپيۇتېر قاتتىق دېتاللىرى توغرىسىدا ئىنتايىن مۇكەممەل ۋە كەڭ دائىرىلىك بىلىمگە ئىگە بولۇپ بولغان بولغاچقا، مېنىڭ بىرەر سوئاللىرىمدىمۇ تۇتۇلۇپ قالمىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا 2600 دوللار پۇل بەردىم. بۇرۇن دېيىشكىنىمىز بويىچە، بۇ پۇلنىڭ يېرىمىنى مەن ئۇنىڭغا بەرگەن بولۇپ، قالغان يېرىمى قەرز ئىدى. دىلشات ئىنتېرنېت ئارقىلىق قاتتىق دېتاللارنى بۇيرۇتۇپ ئېلىپ، ھەممە نەرسە تەل بولغاندا، 2 كۈن ئولتۇرۇپ كومپيۇتېرنى قۇراشتۇردى. ھەمدە بۇ كومپيۇتېر 1-قېتىمدىلا نورمال ئىشلىدى (تۆۋەندىكى 1- ۋە 2-رەسىم). بىز ئائىلىمىزدە بۇ غەلىبىنى ئازراق تەبرىكلىدۇق. كومپيۇتېر پۈتۈپ بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، دىلشات ئۆزى خىزمەت ئىزدەشنى باشلىدى. ھەمدە 1-كۈنىلا ئۆيگە 13 كىلومېتىر كېلىدىغان، كالىفورنىيىدە 20 نەچچە دۇكىنى بار بىر كومپيۇتېر شىركىتىدىن خىزمەت تاپتى (دىلشات 2005-يىلى ئىيۇندا شوپۇرلۇق كىنىشكىسى ئېلىپ بولغان

بولۇپ، مەكتەپكە ۋە باشقا يەرلەرگە ئۆزى ماشىنا ھەيدەپ بېرىۋاتاتتى). قىلىدىغان ئىشى خېرىدارلارغا ياردەملىشىپ كومپيۇتېر ۋە ئۇنىڭ قاتتىق دېتاللىرىنى تاللاش ۋە سېتىش ھەمدە كومپيۇتېرنىڭ بەزى كىچىك چاتاقلىرىنى ئوڭشاش قاتارلىقلار بولۇپ، سائەتلىك مائاشى 8.5 دوللار بولىدى. يازلىق تەتىلنىڭ قالغان قىسمىدا پۈتۈن كۈن (ھەپتىسىگە 40 سائەت) ئىشلىدى. بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، شىركەت بويىچە ھەر بىر دۇكاندىن بىرلا ئادەمگە بېرىلىدىغان «ئايلىق نەمۇنىچى» دېگەن بىر مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۆتكەن يىلى كۈزدە ئوقۇش باشلانغاندىن كېيىنمۇ ھەپتىسىگە 20 سائەتتىن سەل ئارتۇقراق ئىشلىدى. نۇرغۇن پۇل تاپتى. مېنىڭ قەرزىمنى تولۇق قايتۇرۇپلا قالماي، كومپيۇتېرغا داۋاملىق ئۇنى ھەيۋەتلىك كۆرستىدىغان ياكى ئۇنىڭ سۈرئىتىنى تېخىمۇ تېز قىلىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ، ئۇلارنى قۇراشتۇرۇپ ئوينىدى. بىر مەزگىل ئۆزى ۋە ھەدىسى ئۈچۈنمۇ تاپقان پۇلىنى پۇخادىن چىققۇچە خەجلىدى. بۇ يىل مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈمدە ئۇ ماڭا 160 دوللارلىق، ئۆز-ئۆزىنى تازىلايدىغان ئېلېكترونلۇق ساقال ئالغۇچتىن بىرنى ئېلىپ سوۋغا قىلدى. ئامېرىكىنىڭ «ئاتىلار بايرىمى» دا ماڭا (ئەمەلىيەتتە پۈتۈن ئائىلىگە) 850 دوللارلىق، سۈرەتنى بىۋاستە DVD تەخسىسىگە ئالىدىغان، تېخى يېقىندا بازارغا سېلىنغان ۋىدىئو كامېرىدىن بىرنى ئېلىپ سوۋغات قىلدى. بۇ يىل 9-ئايدا ئوقۇش باشلانغاندىن كېيىن، ئالىي مەكتەپكە ئىلتىماس قىلىش ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، ئۇ خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ چىقىپ كەتتى. كېلەر يىلى 1- ياكى 2-ئايلاردىن كېيىن، ئالىي مەكتەپكە ئىلتىماس قىلىش ئىشلىرى بىرەر قۇر ئاخىرلاشقاندا، ھېلىقى دۇكاندىكى خىزمەتنى قايتا قىلىش ئۈچۈن بېرىپ باقماقچى بولۇۋاتىدۇ. مەن دىلشاتنىڭ بۇ خىزمەت تېپىش ۋە ئۇنىڭدىن ئىستېپا بېرىشتىكى ھېچ قانداق جەريانىغا ئارىلاشمىدىم. ئەگەر مەن ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەن، 1300 دوللارنى مەبلەغ سالمىغان ۋە قالغان 1300 دوللارنى بېرىپ تۇرمىغان بولسام، دىلشاتمۇ باشقا نۇرغۇن ئامېرىكىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئوخشاش رېستوران ياكى باشقا تۇرمۇش بۇيۇملىرى سودا دۇكانلىرىدا ئىشلىگەن بولاتتى. سائىتىگە ئاران 6.75 دوللار ئالغان بولاتتى. ئۇنداق خىزمەتلەردە ھېچ قانداق تېخنىكا ئۆگىنەلمىگەن بولاتتى.

يېقىندا، يەنى 2006-يىلى 6-نويابىر كۈنى كەچتە، دىلشاتنىڭ مەكتىپىدە مەملىكەتلىك شان-شەرەپ جەمئىيىتىنىڭ يىللىق پوتلۇك (ئىنگلىزچە potluck) زىياپىتى بولدى. بۇ زىياپەتكە قاتناشقان ھەر بىر ئائىلە بىردىن تاماق تەييارلاپ

كېلىپ قىلىدىغان زىياپەت بولۇپ، يىغىلغان تاماقلارنى بىر جايغا قويۇپ، ئۇنىڭغا يىغىنغا كەلگەن ھەممە ئاتا-ئانىلار ۋە قېرىنداشلار بىرلىكتە ئېغىز تەگدۇق. دىلشات بۇ جەمئىيەتنىڭ ئۆز مەكتىپىدىكى شۆبىسى قۇرۇلغاندىن تارتىپ ئۇنىڭغا رەئىس بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، بىر سائەتتەك يىغىنمۇ ئېچىلدى. يىغىنغا سۆزگە چىققان بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئىسمى Dustin Walker بولۇپ، ئۇ بۇ يىل يازدا ئامېرىكا پايتەختىدىكى ئاقسارايغا بېرىپ، 2 ئاي ئوقۇغۇچى خىزمەتچى بولۇپ ئىشلەپ كەلگەن ئىكەن. بۇنداق خىزمەتچىلەرنى ئىنگلىزچە «page» دەپ ئاتايدىغان بولۇپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئاۋام پالاتاسى ئەزالىرى يازلىق تەتىل جەريانىدا ئۆزلىرىگە ياردەمچى قىلىپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرنى ئەكېلىپ ئىشلەتسە بولىدىكەن. بۇ يىل يازدا ئاقسارايدا ئاشۇنداق ئوقۇغۇچى خىزمەتچىدىن 73 كىشى ئىشلەپتۇ. ئۇلارنىڭ كېيىنىشى ئاقسارايىنىڭ رەسمىي خىزمەتچىلىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، مەن مۇشۇ سوئال جاۋابنىڭ ئاخىرىغا Dustin بىلەن ئوغلۇم دىلشاتنىڭ بىرگە چۈشكەن رەسىمىدىن بىرنى قىستۇرۇپ قويدۇم (3-رەسىم). Dustin نىڭ ئاتا-ئانىسى باشلىق ئەمەس. ئۇ ئوقۇشى ناھايىتى ياخشى ۋە كېلەر يىلى ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان مەملىكەتلىك شان-شەرەپ جەمئىيىتىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ، ئۆزى سىياسىيغا ئىنتايىن قىزىققانلىقى، كەلگۈسىدە بىر سېناتور بولۇپ ئىشلەش ئارزۇسى بولغانلىقى ئۈچۈن، بىزنىڭ شەھەر جايلاشقان رايونغا قاراشلىق ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئاۋام پالاتاسى ئەزاسى (ئىنگلىزچە house representetive) گە ئېيتىپ، ئاشۇ خىزمەتنى ئۆزى ھەل قىلىپتۇ. Dustin نىڭ دېيىشىچە، گەرچە ئۇ ئاقسارايدا پەقەت 2 ئايلا ئىشلىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆزى تەسەۋۋۇر قىلالمىغۇسىز دەرىجىدە ئېچىلىپتۇ. ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمىتى قانداق ئىشلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا ئىنتايىن كۆپ بىلىمگە ئىگە بولۇپتۇ. بۇرۇن ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان ئىشلارنى قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپتۇ. بۇ ئىشنىڭ ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرىگە تەسىر كۆرسىتىشىدە گەپ يوق. دىلشاتنىڭ يەنە بىر ئەسلى تېگى كورىيەلىك دوستى بار. ئۇنىڭ ئوقۇشىمۇ ئىنتايىن ياخشى بولۇپ، ئۇ ھازىردىن باشلاپلا كەلگۈسىدە ئامېرىكىنىڭ كورىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ باشلىقى بولۇشنى نىشان قىلىۋېتىپتۇ.

ئامېرىكا ياشلارنىڭ ئۆز-ئۆزىگە ئىشەنچ تۇرغۇزۇشىغا، ئۆز-ئۆزىنى سىناپ بېقىشىغا مانا مۇشۇنداق شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىدۇ. ئۇنى ئاتا-ئانىلارمۇ ناھايىتى يېقىندىن قوللايدۇ.

ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ھازىرقى شارائىتىدا، باللار ئۆز-ئۆزىگە بولغان ئىشەنچنى يېتىلدۈرۈشتە، ئاتا-ئانىلار ئاچقۇچلۇق رول ئوينىيالايدۇ. بالىڭىز قىلغان بىر ئىشنى بىز 1 دىن 10 غىچە بولغان بىر ئۆلچەمدە ئۆلچەيلى. 10 ئەڭ ياخشى، 1 ئەڭ ناچار بولسۇن. ئەگەر بالىڭىز قىلغان ئىشنىڭ 3 ئۆلچىمى ياخشى (ياكى توغرا)، قالغان 7 ئۆلچىمى ناچار (ياكى خاتا) بولغان بولسا، بالىڭىز سىزدىن بۇ ئىشنى ئۆزىنىڭ قانداقراق قىلغانلىقىنى سورىغاندا، سىز ئالدى بىلەن ئۇنىڭ 3 ئۆلچىمىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈڭ. «ماۋۇ، ماۋۇ يېرىنى ناھايىتى ياخشى قىلىپسەن. مەن ئۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇش بولدۇم»، دەڭ. ئاندىن، «مېنىڭچە ماۋۇ يېرىنى مۇنداق قىلغان بولساڭ ياخشىراق بولار ئىكەن. سەن قانداق قارايسەن؟» دەڭ. شۇنداق دېسىڭىز، بالىڭىز خاتالىقىنى ئۆزى تاپىدۇ ۋە ئۆزى ھېس قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنى «ھوي دۆت! كاللاڭ ئىشلىمىدىمۇ؟» دەپ تىللاپ چۇشۇپ كەتسىڭىز، بالىڭىز سىزنىڭ مۇشۇنداق تىللىغىنىڭىز ئۈچۈن «ئەقىللىق» بولۇپ قالمايدۇ. بالىڭىزنىڭ كاللىسى ياخشىراق ئىشلەيدىغانمۇ بولۇپ قالمايدۇ. ئۇنىڭ دەل ئەكسىچە، بالىڭىزنىڭ ئۆز-ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ئاجىزلىشىپ، بارا-بارا ئۆزى مۇستەقىل ئىش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان، ئۆزى قىلغان ھەممە ئىشقا ئىشەنچ باغلىيالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ياشلارنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئىرادىسى، ھەمدە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان ئىشەنچى بىلەن چوڭ بولۇشىدا ئاتا-ئانا ئىنتايىن ھالقىلىق رول ئوينايدۇ. بالىڭىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىنلا، ئەگەر ئۇنىڭ كەلگۈسىدە چەتكە چىقىپ ئوقۇشنى ئارزۇ قىلسىڭىز، بالىڭىزغا بۇنى ئېنىق ئېيتىڭ. پۇرسەتلا بولسا بالىڭىزغا چەتكە چىقىپ ئوقۇشنىڭ پايدىسىنى سۆزلەپ تۇرۇڭ. ئۇنىڭ تىرىشسىلا بۇ غايىگە يېتەلەيدىغانلىقىنى قۇلىقىغا سىڭىپ تۇرۇڭ. سىزنىڭ ئىشەنچىڭىز كامىل ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ تۇرۇڭ. ھەرگىز «سەن چەت ئەلگە چىقالىساڭ، بىز ساڭا 100 مىڭ سوم پۇل يىغىپ بېرىمىز»، دەپ ۋەدە قىلماڭ. ئۇنداق ۋەدە كۆپىنچە ھالەتتە كاپالەتكە ئىگە بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا «بىز سېنىڭ كەلگۈسىدە چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشۇڭنى يۈزدەيۈز پىرسەنت قوللايمىز. ساڭا قولىمىزدىن كېلىشىچە ياردەمدە بولىمىز»، دەپ تۇرۇڭ. بالىنى چەت ئەلگە چىقىرىپ ئوقۇتۇشتا ئىقتىساد بىر مۇھىم مەسىلە. لېكىن، ئۇنى چەت ئەلدىكى مەكتەپنىڭ ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشىش يولى بىلەن ھەل قىلغىلىمۇ بولىدۇ. بۇ مەسىلە ۋە چەتكە ئوقۇشقا چىقىشتىكى باشقا مۇھىم ئۆتكەللەر ئۈستىدە مەن تۆۋەندە يەنە

تەپسىلىي توختىلىمەن.

مەن مەرىپەت تور بېتىدە ئۇيغۇر دىيارىدىكى ياشلارغا قارىتا يازغان مۇراجىئەت خېتىمدە، تۆۋەندىكى بىر مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ فورمۇلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىم:

مۇۋەپپەقىيەت = تالانت + تىرىشچانلىق + پۇرسەت

بۇنىڭ مەنىسى، ھەر بىر تالانت ئىگىسى قاتتىق تىرىشسا ھەمدە زۆرۈر بولغان پۇرسەتكە ئېرىشەلىسە، قىلغان ئىشىدا چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. بۇ فورمۇلا كەلگۈسىدە چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇماقچى بولغان ياشلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇۋاپىق كېلىدۇ. يەنى، تالانتلىق ياشلار كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا كەلگۈسىدە چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش غايىسىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قاتتىق تىرىشسا، چوقۇم چەت ئەلگە چىقىش پۇرسىتىنى يارىتىپ، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيالايدۇ. بۇ جەھەتتە چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مىساللار ئىنتايىن كۆپ.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈپ كەتمىسەم بولمايدىغان يەنە بىر ئىش بار. ئۇيغۇر دىيارىدا تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرەلمەيدىغانلار مۇتلەق كۆپ ساننى ئىگىلەيدۇ. بۇ ھەرگىز ئۇ ياشلارنىڭ تالانتلىق ياكى ئەقىللىق ئەمەسلىكىدىن بولماستىن، جۇڭگودا نوپۇس بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئالىي مەكتەپنىڭ سانىنىڭ ئىنتايىن ئازلىقىدىن بولغان. جۇڭگودا ئالىي مەكتەپكە كىرەلمەي، كېيىن چەتكە چىققاندىن كېيىن ناھايىتى ياخشى ئوقۇپ كەتكەن كىشىلەر كۆرمىڭ تولا. ئىمكان بولسا تولۇق كۇرسىنى جۇڭگودا ئوقۇۋاتقانغا يەتمەيدۇ. ئەگەر بىر ياش جۇڭگودا ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمەي قالسا، ھەرگىز ئۇنى ئىشنىڭ تۈگەشكىنى، دەپ ئويلىماسلىقى كېرەك. يېڭى پۇرسەتنى داۋاملىق ئىزدىشى كېرەك. جۇڭگودا تولۇق كۇرسنى ئوقۇمىغانلار ئۈچۈن چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئۈچۈن كېتىدىغان ئىقتىسادنى ھەل قىلىش ئاسانغا توختىمايدۇ. ئەگەر ئاشۇنداق ئىقتىسادنى ھەل قىلالايدىغانلار بولسا، چەتكە چىقىپ ئوقۇش يولىنى سىناپ باقسا بولىدۇ.

2. ئىشنى نەدىن باشلاشنى، ھەمدە نېمە ۋە قانداق تەييارلىق قىلىشنى بىلمەسلىك

80-يىللاردىن بۇرۇن ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش

ئىشلىرىدىن ئاساسەن خەۋىرى يوق ئىدى. چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشىمۇ ئاساسەن يوق دېيەرلىك ئىدى. 1979-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر يىللىق خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشنى تۈگىتىپلا، مەن ئەخمەت نىياز ئىسىملىك بىر ساۋاقدىشىم بىلەن بىرلىكتە ئۆزلۈكۈمدىن ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشنى باشلىغىنىمدا، مەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مەسخىرە قىلىشىغا ئۇچرىغان ئىدىم. يېرىم يىلدىن كېيىن مېنىڭ كەسپىي ئوقۇش، ئوقۇغۇچى خىزمەتلىرىنى قىلىش ۋە ئۆزلۈكۈمدىن ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسىنىڭ ياخشى ماڭغانلىقى توغرىسىدا بىر ئاز تەشۋىقاتلار بولغاندىن كېيىن، مەكتەپتە چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش بىر دولقۇنغا ئايلانغانىدى. ھازىر ئەھۋال ئۇ چاغدىكىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. ھازىر دۇنيانىڭ نۇرغۇن يەرلىرىدە ئۇيغۇرلار بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقانلارمۇ ئىنتايىن كۆپ. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، ئۇيغۇر دىيارىغا قايتىپ كېتىپ ئىشلەۋاتقانلارمۇ بار. شۇڭا ھازىر چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش توغرىسىدا مەسلىھەت بېرەلەيدىغان كىشىلەرنى تېپىش ئۇنداق تەس ئەمەس. چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىش ئۈچۈن قانداق تەييارلىق قىلىش توغرىسىدىكى ئۇچۇرلار ئىنتېرنېتتىمۇ كەڭ كۆلەمدە تېپىلىدۇ.

چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىشقا قانداق تەييارلىق قىلىشنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىشتىكى قىيىن ئۆتكەللەرنىڭ نېمىلەر ئىكەنلىكىنى ئوبدان چۈشىنىۋېلىش كېرەك. مېنىڭچە چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشتا دۇچ كېلىدىغان ئەڭ قىيىن ئۆتكەللەر مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

1) بۇرۇنقى مەكتەپلەردە ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش

2) ئالىي مەكتەپ كەسپىنى ئوبدان تاللاش

3) چەت ئەل تىلىنى پۇختا ئۆگىنىش

4) چەت ئەلدە ئوقۇش ئۈچۈن كېتىدىغان ئىقتىسادنى ھەل قىلىش

چەت ئەلدە ئوقۇشقا تولۇق ئىشەنچ قىلالمىغان ياشلارنىڭ كۆپىنچىسى يۇقىرىقى 4 ئۆتكەلدىن ئۆتۈشكە كۆزى يەتمىگەنلىكتىن شۇنداق بولىدۇ. لېكىن، ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىرادىلىك ياشلار ئۈچۈن يۇقىرىقىلار بۆسۈپ ئۆتكىلى بولمايدىغان ئۆتكەل ئەمەس. ھازىر چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان، ياكى بۇرۇن ئوقۇپ باققان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ كۆپىنچىلىرى يۇقىرى ئۆتكەلدىن ئۆزلىرى ئۆتۈپ ئاندىن چەت ئەلگە چىققان. يەنى، بۇ جەھەتتە ئۇيغۇرلار ئىچىدە مىسال ئىنتايىن كۆپ. جۇڭگو مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ ھەم شۇنداق. بۇ جەھەتتە

تۆۋەنكى قىسىملاردا مەن يەنە تەپسىلىي توختىلىمەن. ھازىر يۇقىرىقى 4 ئۆتكەل ئۈستىدە بىر-بىرلەپ توختىلىپ ئۆتەي. گەرچە بۇ يەردە مەن 4 ئۆتكەلنى ئايرىم-ئايرىم تىزغان بولساممۇ، ئۇلار بىر-بىرى بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ نۇقتا تۆۋەندىكى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق تېخىمۇ ياخشىراق ئايدىڭلىشىدۇ. مەن بۇ يەردە ئاساسەن ئامېرىكىنىڭ ئەھۋالى ئاساسىدا سۆزلەيمەن. لېكىن، ئوتتۇرىغا قويغان نەرسىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ياۋروپا، ياپونىيە قاتارلىق باشقا نۇرغۇن چەت ئەللەرگىمۇ ئوخشاش كېلىدۇ.

1) بۇرۇنقى مەكتەپلەردە ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش. ئامېرىكىدىكى ئالىي مەكتەپلەر بىر چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىنى قوبۇل قىلىش-قىلماسلىقتا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۆز دۆلىتىدىكى ئوقۇغان مەكتىپى ۋە شۇ مەكتەپتىكى ئوقۇش نەتىجىسىگە قارايدۇ. مەسىلەن، جۇڭگونى ئېلىپ ئېيتساق، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن بىر ئوقۇغۇچىنىڭ قوبۇل قىلىنىش ئېھتىماللىقى، شىئەن قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن بىر ئوقۇغۇچىنىڭكىدىن يۇقىرىراق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ جۇڭگودىكى ئالىي مەكتەپتە ئالغان ئوقۇش نەتىجىسى ئىنتايىن مۇھىم. يالغۇز ئامېرىكا مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنىش ئۈچۈنلا ئەمەس، ئامېرىكىدىكى بىر مەكتەپنىڭ ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشىشتىمۇ جۇڭگودا ئوقۇغان مەكتەپ بىلەن ئاشۇ مەكتەپتىكى ئوقۇش نەتىجىسى ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

جۇڭگو ئالىي مائارىپى بىلەن ئامېرىكىنىڭ بىر چوڭ پەرقى، جۇڭگودىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر دەرستىكى ئوقۇش نەتىجىسى كۆپىنچە ھالدا مەۋسۇملۇق ئىمتىھاندا ئالغان نومۇرى ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ. بۇ نومۇر مۇتلەق بولىدۇ. يەنى، سىز بىر دەرستە 90 نومۇر ئالسىڭىز، سىزنىڭ ئوقۇش نەتىجە جەدۋىلىڭىزگىمۇ «90 نومۇر» دەپ يېزىلىدۇ. ئامېرىكىدا بولسا، گەرچە تاپشۇرۇق، Project ۋە ئىمتىھانلارغا 0 دىن 100 گىچە بولغان دائىرىدە نومۇر قويۇلىدىغان بولسىمۇ، ئالدى بىلەن بىر دەرس نەتىجىسى شۇ بىر مەۋسۇمدىكى تاپشۇرۇق، يېرىم مەۋسۇملۇق ئىمتىھان، دەرس Project نى ۋە مەۋسۇملۇق ئىمتىھان نەتىجىلىرى قاتارلىقلار ئاساسىدا چىقىرىلىدۇ. مەسىلەن، مەن بىر قېتىم ئوقۇغۇچىلارغا نەتىجە بەرگەندە، تاپشۇرۇق نەتىجىسىنى 20 پىرسەنت، ئىككى قېتىملىق مەۋسۇم ئوتتۇرىسىدىكى ئىمتىھانىنىڭ ھەر بىرسىنى 20 پىرسەنت، مەۋسۇملۇق ئىمتىھانىنى 40 پىرسەنت، دەپ ھېسابلىغان ئىدىم. شۇنداقلا ئامېرىكىدىكى ئوقۇش نەتىجىسى نىسپىي

بولىدۇ. يەنى، ئوقۇش نومۇرى 4 نومۇرلۇق سىستېمىنى قوللىنىدىغان بولۇپ، دەرس نەتىجىسى ئېلىپبە ھەرپى بويىچە بولىدۇ. بۇ ھەرپلەر تۆۋەندىكىدىن ئىبارەت: A=4, B=3, C=2, D=1, F=0. يەنى بىر دەرستە A ئالغان ئوقۇغۇچىنىڭ شۇ دەرستىكى نومۇرى 4 بولىدۇ. F ھەرپى دەرستىن ئۆتەلمىگەن ئوقۇغۇچىغا بېرىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ نومۇرى نۆل بولىدۇ. ئوقۇتقۇچى مەۋسۇم بېشىدا «مەن بۇ دەرستە 15 پىرسەنت ئوقۇغۇچىغا A، 30 پىرسەنتكە B، 30 پىرسەنتكە C، 20 پىرسەنتكە D، قالغان 5 پىرسەنت ئوقۇغۇچىغا F بېرىمەن»، دېگەنگە ئوخشاش بىر بەلگىلىمە چىقىرىدۇ. مەۋسۇم ئاخىرىدا بولسا بارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس نومۇرىنى چىقىرىپ، نومۇرى ئەڭ يۇقىرى بولغان 15 پىرسەنت ئوقۇغۇچىغا A بېرىدۇ. ئەڭ ئاخىردىكى 5 پىرسەنت ئوقۇغۇچىغا F بېرىدۇ. قالغانلىرى يۇقىرىدىكى ئالدىن بېكىتىلگەن بەلگىلىمە بويىچە F بىلەن F نىڭ ئارىلىقىدىكى نەتىجىنى ئالىدۇ. مۇشۇنداق بولغاچقا، بىر سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەلۇم بىر ئىمتىھاندا ئالغان ئەڭ يۇقىرى نومۇرى 60 تىن ئاشمىسىمۇ (مەسىلەن، ئىمتىھان سوئاللىرى بەك قىيىن چىقىرىلىپ قالغانلىق سەۋەبى بىلەن)، بۇ ئەھۋال بۇ بىر سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەرس نەتىجىسىگە ھېچ قانداق تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. دېمەك، بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر ئىلغار ۋە ئىلمىي سىستېمىدۇر. جۇڭگو مائارىپ تۈزۈمى بىلەن ئامېرىكا تۈزۈمىدىكى مۇشۇنداق پەرق تۈپەيلىدىن، جۇڭگو ئوقۇغۇچىلىرى زىيان تارتىۋاتقان ئەھۋال خېلى ئېغىر. شۇنداق بولسىمۇ، جۇڭگودىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇش نەتىجىسى تۆۋەنرەك بولۇپ قالغان ئوقۇغۇچىلار ئامېرىكىدىكى بىرەر مەكتەپكە ئىلتىماس قىلغاندا، يۇقىرىقى ئەھۋال توغرىسىدا بىر ۋاراق چۈشەنچە يېزىپ، ئۇنى ئىلتىماس جەدۋىلى بىلەن بىرگە ماتېرىيال بولۇپ مەكتەپكە ئەۋەتسە، ئۇنىڭ كۆپ پايدىسى بولۇشى مۇمكىن. ئامېرىكىدىكى نۇرغۇن مەكتەپلەر جۇڭگودىكى يۇقىرى ئەھۋالدىن خەۋەردار. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئەھۋالنى قايتا چۈشەندۈرۈشنىڭ پايدىسى بولسا بولىدۇكى، ھەرگىز زىيىنى يوق.

مەن ئۆيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئامېرىكىدىكى مەكتەپكە ئىلتىماس قىلغاندا، جۇڭگودىكى ئوقۇش نەتىجىسىنى ئامېرىكا نومۇرىغا ئايلاندۇرۇشقا ئاسانلىق بولسۇن ئۈچۈن، تەكلىپ سۈپىتىدە 3 خىل ئۆلچەم تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنى مەرىپەت تور بېتىگە قويۇپ قويدۇم. ئۇنىڭ ئادرېسى:

http://www.meripet.com/Main/ScoreTable.htm

2) ئالىي مەكتەپ كەسپىنى ئوبدان تاللاش. ئامېرىكا گىراژدانلىرىدىن ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، بىئولوگىيەلەرگە ئوخشاش ئايرىم ئىلىملەرنى ئوقۇيدىغانلار كۆپ ئەمەس. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىككى سەۋەبى: بىرسى بۇ كەسىپلەرنى ئوقۇش بىر قەدەر قىيىن. يەنە بىرسى ئۇ كەسپلەرنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن خىزمەت تېپىش قىيىن. شۇنداق بولغاچقا، ئامېرىكىدىكى ئالىي مەكتەپلەر يۇقىرىدەك كەسىپلەردە ئوقۇماقچى بولغان چەت ئەللىك ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىلىرىنى ئاسانراق قوبۇل قىلىدۇ. شۇنداقلا، ئاشۇنداق ئوقۇغۇچىلارنى بەكرەك جەلپ قىلىش ئۈچۈن، ئاشۇنداق بىر قىسىم ئايرىم ئىلىم ۋە ئىنژېنېرلىق كەسىپلىرىدە چەت ئەللىك ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىلىرىغا ئوقۇش مۇكاپات پۇلىنىمۇ ئاسانراق بېرىدۇ. ئامېرىكىدا ئەڭ كۆپ ئاقىدىغان ئېلېكتىر ئىنژېنېرلىقىغا ئوخشاش بەزى كەسپلەردە بولسا ھەرگىز ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بەرمەيدۇ. ئوقۇش مۇكاپاتى قىلىپ بېرىلىدىغان كەسپلەردىكى پۇل ئاساسەن خۇسۇسىي شىركەتلەر ۋە بىر قىسىم شەخسىيلەر ئىئانە قىلغان پۇلدىن كېلىدۇ. يەنى، بۇ شىركەت ۋە شەخسىيلەر بەزى ئاساسلىق پەنلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ياكى بولمىسا بەزى ئىنژېنېرلىق ياكى يۇقىرى تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئالىي مەكتەپلەرگە پۇل ئىئانە قىلىدۇ. ئىجتىمائىي پەنلەردە بۇنداق ئىش بولمىغاچقا، ئىجتىمائىي پەندە، ھەمدە ئىقتىساد، ئىگىلىك باشقۇرۇشقا ئوخشاش كەسپلەردە چەت ئەل ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن ئاساسەن ئوقۇش مۇكاپات پۇلى مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭا كەلگۈسىدە چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشتا پەقەت ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا تايانمىسا بولمايدىغان ياشلار چوقۇم جۇڭگودا ئوقۇماقچى بولغان تولۇق كۇرسنىڭ كەسپىنى ياخشى تاللىشى كېرەك. مەن تۆۋەندىكى تور بېتىگە كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر شۆبىسىنىڭ تەبىئىي پەن، ئىنژېنېرلىق ۋە بىئولوگىيە كەسىپلىرىنى كىرگۈزۈپ قويدۇم:

http://www.meripet.com/Main/QAUyghur2.htm

تەبىئىي پەن ۋە ئىنژېنېرلىق كەسپلىرى بىر-بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر كەسپتىن يەنە بىر كەسپكە ئۆزگەرمەك ئانچە تەس ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئامېرىكىدىكى ئالىي مەكتەپلەر ماگىستىرلىق ئۇنۋانىنى بىر كەسپتە ئوقۇپ، دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى باشقا بىر كەسپتە ئوقۇشقا پۈتۈنلەي يول قويىدۇ. ياكى بىر كەسپتىكى ماگىستىرلىق

ئۆنۋانى ئوقۇشىنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ، باشقا بىر كەسپتە يەنە بىر ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئېلىشقىمۇ پۈتۈنلەي يول قويىدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكىدىكى ئۈيغۇرلارنىڭ ئىچىدە بۇرۇنقى كەسپى سىياسەت بولۇپ، ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن كومپيۇتېر ئىلمى كەسپى ئوقۇغانلار بار. بۇرۇنقى كەسپىي ئىنگلىز تىلى بولۇپ، ئامېرىكىغا كەلگەندىن تەبىئىي پەن ئوقۇغانلاردىنمۇ نەچچىسى بار. جۇڭگودىكى تولۇق كۇرسنى ئىجتىمائىي پەندە ئوقۇپ، ئامېرىكىغا بىر تەبىئىي پەندە ماگىستىرلىق ئوقۇش ئۈچۈن ئىلتىماس قىلغانلارنىمۇ قوبۇل قىلىدۇ. لېكىن، ئۇنداقلارنى شەرتلىك ئاساستا قوبۇل قىلىدۇ. يەنى، ئۇلار ئامېرىكىدا ئوقۇماقچى بولغان كەسىپنىڭ ماگىستىرلىق ئوقۇشىنى باشلاشتىن بۇرۇن، چوقۇم ئالدى بىلەن تولۇق كۇرسنىڭ شۇ كەسپتىكى دەرسلىرىدىن 3 تىن 5 كىچە بولغان ئاساسلىق دەرسلىرىنى تولۇقلاپ ئوقۇشى كېرەك. بۇنداق قىلىشنىڭ بىر يېتەرسىزلىك، بۇ خىل يول بىلەن ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشىش ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس بولۇشى مۇمكىن.

دېمەك، ئەگەر سىزنىڭ ئەسلىدىكى قىزىقىدىغان كەسپىڭىز ئېلېكتر ئىنژېنېرلىقى بولۇپ، ئامېرىكىدا ئوقۇشقا ئۆزىڭىزنىڭ پۇلى بولمىسا، سىز جۇڭگودا تولۇق كەسپىنى فىزىكىدا ئوقۇپ، ئامېرىكىغىمۇ ماگىستىرلىق ئوقۇشى ئۈچۈن فىزىكا كەسپىگە كىرىپ، ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بىلەن ماگىستىرلىقنى پۈتتۈرۈپ، ئاندىن دوكتورلۇق ئوقۇشىنى يەنە ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بىلەن ئېلېكتر ئىنژېنېرلىقى كەسپىدە ئوقۇسىڭىز بولىدۇ. مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق كەسىپ مەسىلىسىنىمۇ، ئىقتىساد مەسىلىسىنىمۇ ھەل قىلالايسىز.

ئوقۇرمەنلەرنىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، مەن ئامېرىكىغا دەسلەپتە فىزىكىدا ماگىستىرلىق ئوقۇشى ئۈچۈن كېلىپ، ماگىستىرلىقنى تۈگەتكەندىن كېيىن دوكتورلۇقنى ئېلېكتر ئىنژېنېرلىقىدا ئوقۇغان ئىدىم. ئالدىنقى بىر-ئىككى يىلنىڭ ئىچىدە، جۇڭگودا كومپيۇتېر ئىلمى كەسپىدە ئوقۇپ، بىرەر يىل بىر خۇسۇسىي شىركەتتە يۇمشاق دېتال كەسپىدە ئىشلەپ، ئاندىن ئامېرىكىدىكى بىر مەكتەپكە كومپيۇتېر ئىلمى بويىچە دوكتورلۇق ئوقۇشى ئۈچۈن تولۇق ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بىلەن كەلگەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىدىن بىر قانچىسىنى ئۇچراتتىم. مۇشۇنداق باكلاۋۇر ئوقۇشىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بىر قانچە يىل ئىشلەپ، خىزمەت تەجرىبىسىگە ياكى بىر قىسىم ئىلمىي تەتقىقات تەجرىبىسىگە ئېرىشىپ، ئاندىن ئامېرىكىدىكى ئوقۇشقا ئىلتىماس قىلغاندا، قوبۇل قىلىنىش ۋە ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشىش ئېھتىماللىقى جىق يۇقىرى بولىدىكەن.

3) چەت ئەل تىلىنى پۇختا ئۆگىنىش. بۇ دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر دۆلەتكە بارسا چوقۇم تەلەپ قىلىنىدىغان بىر شەرت. ئامېرىكىدىكى ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىغا ئىلتىماس قىلىش ئۈچۈن، چوقۇم TOEFL بىلەن GRE دەپ ئاتىلىدىغان 2 ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، ئۇلاردا ئۆلچەمگە يېتىش كېرەك. بۇ ھەقتە www.meripet.com دا تەپسىلىي ئۇچۇر بار بولۇپ، مەن ئۇلارنى بۇ يەردە قايتا تەكرارلىمايمەن. جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە ئوقۇغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدە، تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرۈپ بولغۇچە TOEFL بىلەن GRE دا لاياقەتلىك بولۇپ بولۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بولۇپلا ئامېرىكىغا ئوقۇشقا كەلگەن ياشلار خېلى كۆپ. دېمەك، بۇنداق قىلىش پۈتۈنلەي مۇمكىن. ئۇيغۇر دىيارىدا ئۇيغۇرچە سىنىپتا ئوقۇغان ياشلار تىل ئۆتكىلىدىن ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ جەھەتتە ئاتا-ئانىلار ئىنتايىن چوڭ رول ئوينىيالايدۇ. ئۆز بالىسىنى چەتكە چىقىرىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئاتا-ئانىلار چوقۇم تىل ئۆگىنىش جەھەتتە ئىشنى بالدۇر باشلاپ، بالىسىغا ئىنچىكىلىك بىلەن يېتەكچىلىك قىلىپ، تىل ئۆگىنىش شەرت-شارائىتىنى ئوبدان يارىتىپ بېرىشى كېرەك. تىل ئۆگىنىش قىسقا ۋاقىت قاتتىق تىرىشىپ ئېرىشكىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇ بىر جۇغلىنىپ ماڭىدىغان نەرسە. ئىنگلىز تىلىنى پۇختا ئۆگىنىش ئۈچۈن كەم دېگەندە 3 يىل ۋاقىت كېتىدۇ. ياپون تىلى ئۆگىنىش ئۈچۈن كەم دېگەندە بىر يىل كېتىدۇ. شۇڭا بۇ جەھەتتە ئىشنى قانچە بالدۇر باشلىسا شۇنچە ياخشى. تىل ئۆگىنىشنى قانچە ئۈزۈلدۈرمەي ئىزچىل داۋاملاشتۇرسا شۇنچە ياخشى. تىل ئۆگىنىش بىرەر كەسپىي دەرس ئوقۇشقا قارىغاندا جىق قىيىن. شۇڭا ئىشنى باشلاشتىن بۇرۇن چوقۇم پۇختا ئىدىيىۋى تەييارلىق بولۇشى كېرەك. ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقمىغۇچە بوشاشماسلىق ئىرادىسى بولۇشى كېرەك.

4) چەت ئەلدە ئوقۇش ئۈچۈن كېتىدىغان ئىقتىسادنى ھەل قىلىش. نۇرغۇن كىشىلەر ئۈچۈن بۇ ئەڭ قىيىن ئۆتكەلدۇر. مەن يۇقىرىدا ئامېرىكىدىكى ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشىشنىڭ بەزى يوللىرىنى تەسۋىرلەپ ئۆتتۇم. ئۇنىڭدىن باشقا، فرانسىيىدە ئوقۇش مۇكاپات پۇلى، ئامېرىكىنىڭ فورد ئوقۇش مۇكاپات پۇلى، ۋە تۈركىيەدە ئوقۇش مۇكاپات پۇلى دېگەندەك بىر قىسىم ئوقۇش مۇكاپات پۇللىرىمۇ بار. يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، بىر نەچچە ئۇيغۇر ياشلىرى فورد ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بىلەن ئامېرىكىغا كەلدى. بۇ يىل مەن ۋە يالقۇن تاش ئىسىملىك بىر

ئۆكىمىز ئىككىمىز بىر قىسىم ئۇيغۇر ياشلىرىغا تۈركىيەدە ئوقۇش پۇرسىتىنى ھەل قىلىپ بەردۇق. بۇ يىل تۈركىيەگە ئوقۇشقا كەلگەن ئۇ ياشلار ھازىر ئىنتايىن ياخشى ئوقۇۋاتىدۇ. ئىككىنچى يىلىدىن باشلاپ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياخشى ئوقۇغانلارنىڭ ھەممىسى دۆلەت ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ. بۇ ئىش بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىشىدۇ. بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى بىلمەكچى بولغانلار مەن بىلەن ئېلخەت ئارقىلىق ئالاقىلەشسە بولىدۇ. مەن مۇشۇنداق ئوقۇش مۇكاپاتلىرى توغرىسىدا بىرەر ئۇچۇرغا ئېرىشسەم، ئۇلارنى دەرھال مەرىپەت تور بېتىگە چىقىرىپ قويۇۋاتىمەن. بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇ يەرگە چىقىرىشقا بولمايدىغان ئۇچۇرلارنى بولسا مەندىن ئېلخەت ئارقىلىق سورىغانلارغا ئەۋەتىپ بېرىۋاتىمەن.

قىسقىسى، ئۆز بالىلىرىنى چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىرىشنى پىلانلىغان ئاتا–ئانىلار ياكى ئۆزلىرى ئىقتىساد توپلىشى كېرەك. ياكى بولمىسا يۇقىرىدا مەن تەسۋىرلىگەن يوللاردىن بىرەرىنى ھەل قىلىشى كېرەك.

3. «ئامېرىكا چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار سانىنى ئازايتىپتۇ»، دېگەن خاتا تەشۋىقاتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش

مەندىن بەزى ئۇيغۇر ياشلىرى «ئامېرىكا ئۇيغۇرلارنى مۇسۇلمانكەن دەپ ئالمايدىغان بولۇپتۇ. بۇ راستمۇ؟» دەپ سورىدى. يەنە بەزىلىرى «ئامېرىكا جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار سانىنى ئازايتىپتۇ. بۇ راستمۇ؟» دەپ سوراشتى. بۇ سوئالەرنىڭ ھېچ قايسىسى توغرا ئەمەس. ئىنگلىزچە بىلىدىغان ھەمدە بۇ مەسىلىگە قىزىقىدىغان ياشلار تۆۋەندىكى ماتېرىيالنى ئوقۇپ باقسا بولىدۇ:

http://usinfo.state.gov/eap/Archive/2005/Mar/30–121750.html

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى چىقارغان بۇ ھۆججەتتە ئېيتىلىشىچە، 2003–2004–ئوقۇش يىلىدا جۇڭگودىن ئامېرىكىغا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 60 مىڭدىن ئارتۇق ئىكەن. ئامېرىكىدا شەخسىي پۇل بىلەن ئوقۇشقا كەلگەن (ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشكەنلەرمۇ مۇشۇنىڭ ئىچىدە) ئوقۇغۇچىلارغا F–1 ۋىزىسى، ھۆكۈمەت پۇلى بىلەن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار (مەسىلەن، بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەنلەر) غا J–1 ۋىزىسى بېرىدۇ. جۇڭگودىن 2003–يىلى F–1 ۋىزىسى بىلەن 16169 ئوقۇغۇچى كەلگەن بولۇپ، 2004–يىلى بولسا 18089 ئوقۇغۇچى كېلىپتۇ. يەنى، ئوقۇغۇچى سانى ئۆسۈپتۇ. يۇقىرى ھۆججەتتە ئېيتىلىشىچە،

جۇڭگودىن قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلار سانى بۇنىڭدىن كېيىن يەنە تەدرىجىي ھالدا ئۆستۈرۈلىدىكەن.

مېنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇرىدىغان مۇنداق بىر ئەھۋال بار: جۇڭگونىڭ نوپۇس سانى 1.3 مىليارد، ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇس سانىنى 8 مىليون بولسۇن. ئەگەر مۇشۇ نوپۇس سانى نىسبىتى بىلەن ئوخشاش نىسبەتتىكى ئۇيغۇرلار ئامېرىكىغا ئوقۇشقا كەلدى، دېسەك، يۇقىرى 60000 ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىدە 369 نەپىرى ئۇيغۇر بولۇشى كېرەك! لېكىن، مېنىڭ بىلىشىمچە ھازىر بىر يىلدا ئامېرىكىغا كېلىۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنىڭ سانى 5 كىشىگىمۇ بارمايدۇ. ئامېرىكىدىكى بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ سانىمۇ تەخمىنەن 500–700 ئارىلىقىدا بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. مەن ئىشلەيدىغان شەھەرگە يېقىن بىر يەردە Glandale دېگەن يەنە بىر كىچىك شەھەر بار. مەن يېقىندا بىر گېزىتتە ئوقۇسام، بۇ شەھەرنىڭ نوپۇسى 120 مىڭ بولۇپ، ئۇنىڭ 40 پىرسەنتى، يەنى 48 مىڭ كىشى، ئەرمىنىيىلىك ئىكەن. يەھۇدىيلارنىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى نوپۇسى 10 مىليونغا بارمايدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 3.3 مىليون كىشى ئامېرىكىدا ياشايدۇ. ئامېرىكىدىكى خەنزۇلارنىڭ سانىمۇ 1.5 مىليوندىن ئاشىدۇ. دېمەك، ئامېرىكا يارىتىپ بەرگەن شارائىتتىن تولۇق پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئۇيغۇرلار خېلىلا غەيرەت قىلىشى كېرەك. ئەگەر مەن يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتكەن جەھەتلەردە پۇختا تەييارلىق قىلسا، ھەر يىلىغا چوقۇم 300 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى ئامېرىكىغا كېلەلەيدۇ. مەن بۇنىڭغا تولۇق ئىشىنىمەن.

چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش توغرىسىدا تەپسىلىي ئۇچۇرغا ئېرىشمەكچى بولسىڭىز، ئالدى بىلەن مەن ياسىغان ۋە باشقۇرۇۋاتقان www.meripet.com تور بېتىنى زىيارەت قىلىڭ. مەن بۇ تور بېتىنى يېڭى ئۇچۇرلار بىلەن داۋاملىق تولۇقلاپ ۋە يېڭىلاپ تۇرىمەن. يېقىندا ئۇرۇمچى كەچلىك گېزىتىنىڭ مۇخبىرى، گۈلنار تىيىپ سىڭلىمىز نۇرغۇن ئىزدىنىپ يۈرۈپ، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇماقچى بولغانلار ئۈچۈن بىر ماقالە تەييارلىدى. ئۇنىڭ ئادرېسى http://www.meripet.com/Oqush/Bolum1.htm بولۇپ، مەن كەلگۈسىدە چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ياشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بۇ ماقالىنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن. مەرىپەت تور بېتىدىن باشقا، www.Biliwal.com تور بېتىدىمۇ چەتكە چىقىپ ئوقۇش توغرىسىدا خېلى كۆپ يازمىلار بار. ئۇنىڭدىنمۇ تولۇق پايدىلانسىڭىز بولىدۇ.

ماڭا ئوقۇرمەنلەردىن بالىنى قانداق تەربىيىلەش توغرىسىدىكى مەزمۇننى ئىمكانقەدەر كۆپرەك يېزىشىم توغرىسىدا داۋاملىق تەلەپلەر كېلىۋاتىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، گەرچە بۇ يەردىكى مەزمۇن بىلەن ئانچە چوڭ مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ، مەن ئېسىمگە كەلگەن بەزى نەرسىلەرنى بۇ يەرگە قىستۇرۇپ قوياي. بۇگۈن قانداق قىلىپ بالىنى بىر مەسىلە ئۈستىدە لوگىكىلىق، سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى بويىچە ئويلايدىغان قىلىپ تەربىيىلەش توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەي. مەن بالىسى يەرگە يىقىلىپ كېتىپ يىغلىسا، ئۇ بالىسىنىڭ يىغىسىنى توختىتىش ئۈچۈن يەرنى ئۇرۇپ، تېپىپ، تىللاپ بېرىدىغان ئۇيغۇر ئاتا-ئانىلىرىنى خېلى كۆپ ئۇچراتتىم. بۇنداق قىلىش ھەرگىزمۇ توغرا ئەمەس. بالىڭىزنى يىقىتىۋەتكەن يەر ئەمەس، ياكى باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇ بالىڭىزنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن، ياكى كىچىكلىكىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، سەۋەب بالىڭىزنىڭ ئۆزىدە. شۇڭا سىز يەرنى تېپىپ ياكى ئۇرۇپ بەرمەي، «بالام، ئۆزۈڭ يىقىلىپ چۈشتۈڭ. يىغلىما. ئورنۇڭدىن تۇرغىن. بۇنىڭدىن كېيىن قاراپ ماڭ» دەڭ. ئەگەر بالىڭىز ئۆزى قوپالىغۇدەك بولسا، سىز يۆلەپمۇ قويماڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، بۇ بالىڭىزغا ئەڭ كۆيۈنگەنلىك بولىدۇ. بىر قانچە قېتىم ئاشۇنداق قىلسىڭىز، بالىڭىز يىقىلىپ چۈشسە قىلچە يىغلىمايدىغان، ھەمدە سىزگىمۇ قاراپ يۈرمەي، ئورنىدىن ئۆزى تۇرىدىغان بولىدۇ. ئۇنداق قىلمىسىڭىز، بالىڭىزدا لوگىكىلىق تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى، ۋە ئىشلارنى سەۋەب-نەتىجە نۇقتىسى بويىچە توغرا ئويلاش ئىقتىدارىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر يېتىدۇ. شۇنداقلا بالىڭىز ھە دېسىلا سىزگە ياكى باشقىلارغا يۆلىنىۋالىدىغان بولۇپ قالىدۇ. مەن يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ئىنتېرنېت ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقان چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى بىر قىسىم بەس-مۇنازىرىلەرگە قاراپ، ئۇيغۇرلارنىڭ شەيئىلەر ئۈستىدە لوگىكىلىق تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنىڭ نەقەدەر تۆۋەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بىرسى بىر مەسىلە توغرىسىدا ئۆز كۆزقارىشىنى ئوتتۇرىغا قويسا، ئۆز-ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش 2–3 مەرتەمگە بارماي تورۇپلا مۇنازىرىنىڭ مەزمۇنى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. دەسلەپتە مۇنازىرە «سەن ئوتتۇرىغا قويغان xxx» دېگەن سىزىق بىلەن مېڭىپ، بىر دەمدىن كېيىنلا «سەن بۇرۇن xxx ئىدىڭ» دېگەنگە ئۆزگىرىپ، يەنە بىر دەمدىن كېيىن «سېنىڭ داداڭ xxx ئىدى. سېنىڭ تۇغقىنىڭ yyy ئىدى» دېگەنگە ئۆزگىرىپ، ئاخىرىدا قارىسىڭىز بۇ مۇنازىرە يېڭى باشلانغاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەزمۇندىن ئەسەرمۇ قالمىغان. ئاندىن ئەڭ ئاخىرىدا بىر-بىرىنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاۋاتقان.

هازىرمۇ چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىنتېرنېت ئارقىلىق بىر ئىلمىي مۇنازىرە ياكى پىكىر ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىش ئىنتايىن تەس. مۇنازىرىگە قاتناشقان خېلى كۆپ كىشىلەر ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. بۇ جەھەتتىكى ئىشلار مەن ھازىرغىچە ئۆزۈم كۆرۈپ باققان ئاق تەنلىكلەر جەمئىيىتىنىڭكىدىن ئىنتايىن چوڭ پەرق قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئاتا-ئانىلار بۇ جەھەتتىكى ئىشلارغا بالا تېخى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ ئىنتايىن دىققەت قىلىشى كېرەك. ئالدى بىلەن ئۆزلىرى ھەر بىر ئىشنى ئىنتايىن ئەستايىدىل، لوگىكىلىق تەپەككۇر بىلەن ئويلايدىغان بولۇشى، ئۆزىنىڭ ھەر بىر سۆزى ۋە ھەر بىر ھەرىكىتىنىڭ بالىسىغا قانداق تەسىر بولىدىغانلىقىنى ئالدىن ئويلىشى كېرەك. بىر تال ئىشتىمۇ بىخەستەلىك قىلماسلىقى كېرەك. «ماۋۇ ئىشنى بالامغا نېمە ئۈچۈن دەيمەن؟ ماۋۇ ئىشنى بالام ئۈچۈن نېمە مەقسەتتە قىلىمەن؟ مەن ئۇنىڭدىن قانداق نەتىجىگە ئېرىشمەكچى؟» دەپ ئۆز-ئۆزىڭىزدىن سوراپ تۇرۇڭ. پۇرسەت بولسىلا بالىڭىز بىلەن ئوخشاش ئورۇندا تۇرۇپ بەس-مۇنازىرە ئېلىپ بېرىڭ. ھەرگىز يېڭىۋېلىش ئۈچۈن ئادالەتسىزلىك قىلماڭ. «مەن دېگەن سېنىڭ داداڭ!» دەپ مەجبۇرى بويسۇندۇرماڭ. سىز بالىڭىزنى ئۆزىڭىزگە ئادالەتسىزلىك بىلەن مەجبۇرى بويسۇندۇرسىڭىز، باشقىلارمۇ بالىڭىزغا ئاشۇنداق قىلغاندا بالىڭىز قىلچە قارشىلىق كۆرسەتمەي، ئۇنى ئۈن-تىنسىز ھالدا قوبۇل قىلىدىغان بولۇپ چوڭ بولىدۇ. بالىڭىزغا توغرا نەرسىنى ۋە ياخشى ئىقتىدارنى ئۆگىتەلىسىڭىز، مۇنازىرىدە يېڭىلىپ قالسىڭىزمۇ كېرەك يوق. سىز ئادىل بولسىڭىزلا، سىزنىڭ بالىڭىز كۆڭلىدىكى ئابرويىڭىز ھەرگىزمۇ چۈشۈپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە بالىڭىز سىزنى ئۆزىگە تېخىمۇ بەكرەك ئۈرنەك قىلىدىغان بولىدۇ.



يۇقىرىقى رەسىمدە: ئەركىن سىدىقنىڭ ئوغلى دىلشات ئۆزىنىڭ ياتاق ئۆيىدە بىر كومپيۇتېر قۇراشتۇرماقتا.




يۇقىرىقى رەسىم: 2006-يىلى 6-نويابىر كۈنى كەچتە، دىلشاتنىڭ مەكتىپىدە مەملىكەتلىك شان-شەرەپ جەمئىيىتىنىڭ يىللىق پوتلۇك (ئىنگلىزچە potluck) زىياپىتى بولدى. دىلشات بۇ جەمئىيەتنىڭ ئۆز مەكتىپىدىكى شۆبىسى قۇرۇلغاندىن تارتىپ ئۇنىڭغا رەئىس بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، بىر سائەتتەك يىغىنمۇ ئېچىلدى. رەسىمدىكىسى يىغىنغا سۆزگە چىققان Dustin Walker ئىسىملىك ئوقۇغۇچى بىلەن دىلشاتتۇر.

**12-سوئال: ئامېرىكىلىقلارنىڭ «سورۇن مەدەنىيىتى» ھەققىدە ئىككى كەلىمە سۆزلەپ ئۆتەمسىز؟**

جاۋاب: ئامېرىكا بىر كۆپ مىللەتلىك، ياكى، تېخىمۇ توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا، ھەممە مىللەتلىك دۆلەت بولغاچقا، مېھماندارچىلىق ئادىتى ئۈستىدە توختالغاندا «ئامېرىكىلىق» دېگەن سۆز بىلەن ئامېرىكا ئەھۋالىنى توغرا تونۇشتۇرغىنى بولمايدۇ. چوقۇم ھەر بىر مىللەت ئۈستىدە ئايرىم-ئايرىم توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، مېنىڭ كۆزىتىشىمچە، ئامېرىكىدىكى مېكسىكىلىق، ھىندىستانلىقلارغا ئوخشاش كەمبەغەل دۆلەتلەردىن كەلگەن مىللەتلەر زىياپەت بىلەن كۆڭۈل ئېچىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان مېھماندارچىلىقنى كۆپرەك قىلىدۇ. كورېيەلىكلەر بولسا زىياپەتسىز مەدەنىي پائالىيەتلەرنى، مەسىلەن كىچىك بالىلارنىڭ پىئانىنو چېلىش مۇسابىقىسى، ۋە چوڭلارنىڭ پۇتبول ئويناش مۇسابىقىسى قاتارلىقلارنى كۆپرەك قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار بولسا زىياپەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر خىل يىغىلىشلارنى ئېلىپ بېرىش جەھەتتە دۇنيا بويىچە «دەرىجىدىن تاشقىرى مىللەت» بولالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

مەن ئامېرىكىغا كەلگەن 18 يىلدىن بۇيان، مېنىڭ ئۇيغۇردىن باشقا مىللەت ئۇيۇشتۇرغان سورۇنلارغا بېرىپ باققان ۋاقتىم ئىنتايىن ئاز بولدى. ئامېرىكىلىقلارنىڭ تويىدىن پەقەت بىرسىگىلا بېرىپ باقتىم. ھازىر ساناپ باقسام ئۆيىگە بېرىپ مېھمان بولۇپ باققان ئامېرىكىلىقلار ئائىلىسى پەقەت 10 ئەتراپىدا ئىكەن. بىز ئامېرىكىدا ئەڭ كۆپ قاتناشقان نەرسە ھەر يىلى يازدا شىركەتتىن ئۇيۇشتۇرىدىغان، ئىنگلىزچە «cincip» دەپ ئاتىلىدىغان دالا ئولتۇرۇشى بولدى. بۇ ئولتۇرۇشنى مەن تۆۋەندە «cincip» دەپ ئاتايمەن. قالغانلىرى بولسا بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز-ئارا ئولتۇرۇشىدۇر.

مەن قاتنىشىپ باققان پۇقرىقى ئامېرىكىلىقلار سورۇنىنى 2 تۈرگە ئايرىش مۇمكىن. ئۇنىڭ بىرسى ھەر بىر ئائىلىگە ئايرىم-ئايرىمدىن بىر كىشىلىك تاماق تەييارلايدىغان سورۇن. مەسىلەن، بىز قاتناشقان توي ئەنە شۇنداق بولدى. تويغا قاتناشقان بارلىق مېھمانلار ئالدىن بېكىتىلگەن 3-4 خىل تاماقنىڭ ئىچىدىن بىرنى تاللايدۇ. تاماق ۋاقتىدا ھەر بىر ئائىلىگە ئۆزى تاللىغان تاماق كەلتۈرۈلىدۇ. تاماقنىڭ پەرقى ئاساسەن ئۇنىڭدىكى گۆشتە بولۇپ، بىرسى توخۇ گۆشى، بىرسى

كالا گۆشى، يەنە بىرسى بېلىق دېگەندەك بولىدۇ. ئۇنىڭغا قوشۇمچە بىر ئاز ياغىيۇ ياكى گۈرۈچ، ھەمدە ئازراق سەي-كۆكتاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كەلتۈرۈلگەن تاماقتا ئادەم ئارانلا تويىدۇ (تويمايدىغانلارمۇ چوقۇم ئاز بولماسلىقى مۇمكىن). ئىككىنچى سورۇن ھەممە تاماقنى بىر جايغا قويۇپ، مېھمانلار ئۆزى خالىغان تاماقلارنى بىر تەخسىگە ئېلىپ، ئۆزى خالىغان جايغا بېرىپ يەيدىغان سورۇندىن ئىبارەت. بۇ خىلدىكى سورۇن ئامېرىكىدا ئەڭ ئومۇمىيلاشقان بولۇپ، ھازىر بىر رايوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى بىر يەرگە جەم بولۇپ ئېلىپ بارىدىغان يىغىلىشلاردىمۇ مۇشۇنداق قىلىدىغان بولۇپ كەتتى. بۇنداق سورۇندىمۇ ئولتۇرغان جايىڭىزدا تاماق بولمىغان بولغاچقا، تاماق يېيىش پەقەت 30 مىنۇت ئەتراپىدا داۋاملىشىپ، قالغان ۋاقىتلاردا تاماق ئانچە يېيىلمەيدۇ. ئۇيغۇر دىيارىدىكىدەك چوڭ تاماق ئۇستىلى يوق. تاماق ئۇستىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چۆرگىلەيدىغان قىسمىمۇ يوق. شۇڭا ھەممە ئادەم بىر ئۇستەلگە توپلاشقان ئوپچە سورۇن ۋە ئوپچە سورۇندىكى ئورتاق پاراڭمۇ يوق. ئامېرىكىلىقلار picnic قىلغاندا، ياكى ھويلىسىدا مېھمان كۈتكەندە، ھەرگىز سورۇننى بىر ئورتاق سۆزدىن باشلىمايدۇ. شىركەتنىڭ picnic لىرىدىمۇ ھېچ قانداق باشلىق، ھېچ قانداق كىشى كوللېكتىپقا سۆز قىلمايدۇ. picnic نىڭ مەقستى پەقەت يېيىش ۋە كۆڭۈل ئېچىش بولغاچقا، شۇنىلا قىلىپ تارقايدۇ. مەن ئامېرىكىنىڭ مېھماندارچىلىق سورۇنى توغرىسىدا مۇشۇ جاۋابنىڭ ئاخىرىدا يەنە ئازراق توختىلىمەن.

ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ مېھمان بولۇش سەرگۈزەشتىلىرىمدىن شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئۇلارنىڭ تەييارلىغان تامىقى ئېشىپ قالسا، ئۇ بىر نورمالسىزلىق ئىكەن. ئۆي ئىگىسى «ماۋۇ كىچىككىنە ئېشىپ قالدى. قايسىڭلار يەيسىلەر؟» دەپ تۇۋلاپ كېتىدىكەن. بۇ جەھەتتە بىز ئۇيغۇرلار دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىكەنمىز: بىز چوقۇم راۋۇرۇس ئېشىپ قالغۇدەك تاماق تەييارلىشىمىز كېرەك. ئۇنداق قىلماي، تاماق تۈگەپ كەتسە، «تاماق يېتىشمىگەن» بولۇپ، ئۆي ئىگىسى ئىنتايىن نومۇس قىلىپ كېتىمىز.

ئامېرىكىدىكى ئاسىيالىق مىللەتلەر ئاچقان رېستوراندا بىر قىسىم چوڭ تەخسىدە چىقىدىغان يېمەكلىكلەر بار بولۇپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ رېستورانلىرىدا ئۇنداق ھەممە ئادەم بىللە يەيدىغان نەرسىلەر ئاساسەن يوق. بىر توپ ئادەم بىر رېستورانغا كىرسىمۇ، ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ تامىقىنى ئۆزى بۇيرۇيدۇ. بىز بەزىدە بىر چوڭ تۈرنى تاماملاپ، ئۇنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن باشلىقىمىز بىزنى ئۆز پۇلى

بىلەن بىر رېستورانغا چاقىرىپ قالسىمۇ، تاماقنى ھەر بىرىمىز ئايرىم-ئايرىم بۇيرۇيمىز. ئۇنىڭ پۇلىسىنى باشلىقىمىز تۆلەيدۇ. مۇشۇنداق ئۇپچە تاماق يوق سورۇننىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭدا ئاساسەن ئىسراپچىلىق بولمايدىكەن. ئامېرىكىلىقلار بۇيرۇتقان تامىقنى پاكىز يەپ تۈگىتىدۇ. ئەگەر يەپ بولالماي قالسا، ئېشىپ قالغىنىنى ئېلىپ كېتىدۇ. ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، مەن كۆپىنچە ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ ئېشىپ قالغان ئازراق گۇرۇچنىمۇ ئېلىپ كەتكىنىنى كۆردۈم. ئامېرىكىدىكى ھەممە رېستورانلار تاماقنى ئۆيگە ئەكېتىدىغان خېرىدارلار ئۈچۈن قەغەز قاچا ۋە پىلاستىك خالتا تەييارلاپ قويغان بولۇپ، سىز ئۇلاردىن قانچىلىك سورىسىڭىز ئۇلار سىزگە شۇنچىلىك بېرىدۇ. بەزى رېستورانلار تېخى تاماقنى ئۆزلىرى قەغەز قاچىغا قاچىلاپ، ئۇنى پىلاستىك خالتىغا سېلىپ، ھەتتا چىرايلىق چىگىپ تەييارلاپ بېرىدۇ. كىشىلەر نەزىرىدە بۇ بىر خىل ئېسىل ئەخلاق بولۇپ، ھېچ قانداق ئادەم بۇنداق قىلىشتىن نومۇس قىلمايدۇ. ئۇنىڭغا ئىنتايىن نورمال ئىش قاتارىدا مۇئامىلە قىلىدۇ.

ياپونلۇقلار ئاساسەن قورۇغان تاماق يېمەيدۇ. قىزىل گۆش (مەسىلەن، قوي گۆشى ۋە كالا گۆشى دېگەنلەر) نىمۇ ئاساسەن يېمەيدۇ. يەيدىغان گۆشى ئاساسەن دېڭىز ھايۋانلىرىنىڭ گۆشى بولۇپ، ھەر ۋاقلىق تاماقنى ئاز لېكىن كۆچلۈك قىلىپ يەيدۇ. شۇڭا ياپونلۇقلاردا سېمىز ئادەمنى تاپماق ئىنتايىن قىيىن. مېنىڭ ئاڭلىشىمچە ياۋروپالىقلارنىڭ بىر ۋاقلىق تامىقى ئىنتايىن ئاز بولۇپ، ياۋروپاغا بېرىپ باققان ئۇيغۇرلارنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئۇيغۇرلار ئۇ يەردىكى رېستوراندا سېتىلىدىغان بىر كىشىلىك تاماققا تويۇش ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. ياۋروپالىقلارنىڭ ھەر بىر ۋاقلىق تاماق ئۈچۈن ئىستېمال قىلىدىغان ئاشۇنداق ئاز بولغاچقا، ئۇ يەردىمۇ سېمىز ئادەملەر ئىنتايىن كەم ئۇچرايدىكەن.

مەن بۇ يىل يازدا ئۇيغۇر دىيارىغا بېرىپ، ئۈرۈمچى ۋە ئاقسۇدىكى رېستوران تەرەققىياتلىرىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن ھەيران قالدىم. ئۇيغۇرلارنىڭ رېستوران ساھەسىدە ئىگىلىك يارىتىش ۋە ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر بىناكارلىق-قۇرۇلۇش سەنئىتىنى جارى قىلدۇرۇش ۋە ئۇلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىدىن ئىنتايىن تەسىرلەندىم. ھەممە ئۇ رېستورانلارنىڭ تامىقىدىن يۇرتتا بولغان 3 ھەپتە جەريانىدا تازا پۇخادىن چىققۇچە ھۇزۇرلىنىۋالدىم. ئۇيغۇرلارنىڭ قۇرۇلۇش تېخنىكىسى، ۋە ئۆي ئىچىنى چىرايلىق نەقىش ۋە گۈزەل رەڭلەر بىلەن بېزەش تېخنىكىسىغا مەن ئىنتايىن قايىل بولدۇم. مېنىڭ بۇنداق

تۇرمۇشنى كەچۈرمىگىنىمگە، بۇنداق تەرەققىياتلارنى كۆرمىگىنىمگە 15 يىل بولغان ئىدى. بىز ئامېرىكىدا ھەقىقەتەنمۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىن ئايرىلغان ھالدا ياشايدىغانلىقىمىزنى ئىنتايىن چوڭقۇر ھېس قىلدىم. بىزنىڭ بۇ يەردە ئىشىمىز ئىنتايىن جىددىي، يولغا كېتىدىغان ۋاقتىمىز ناھايىتى ئۇزۇن بولغاچقا، ھەپتە ئارىلىقلىرىدىكى ھەر بىر كۈنىنىڭ كەچلىكى ئاران بىر خىل ئۇيغۇر تامىقى ئېتىپ يېيەلەيمىز. چۈشلۈكى بولسا ئالدىنقى ئاخشىمى ئېشىپ قالغان تاماقنى ئەكېتىپ يەيمىز. ياكى بولمىسا ئىدارىنىڭ ئاشخانىسىدىن (ئۇيغۇر تامىقى بولمىغاچقا) باشقا مىللەتلەرنىڭ تامىقىنى ئېلىپ يەيمىز. بەزىدە باشقىچىراق بىر نەرسە يېگۈمىز كېلىپ، پۇلنى كۆتۈرۈپ بازارغا چىقساقمۇ، ئاغزىمىزغا تېتىغۇدەك ھېچ نېمە تېپىلمايدۇ -- بىز ياشاۋاتقان لوس ئانژېلىس رايونىدا ھېچ قانداق ئۇيغۇر ياكى تۇڭگان رېستورانى يوق. بەزىدە تۈرك، ئىرانلىق، ئافغانىستانلىق قاتارلىق باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەر رېستورانىغا تاماق يېگىلى بارىمىز. لېكىن ئۇلارنىڭ تاماقلىرىنىڭ تەمىمۇ بىزنىڭكىدىن جىق پەرقلىق بولغاچقا، ئۇ تاماقلار بىز ئۈچۈن پەقەت «بىخەتەر» لا بولۇپ، بىزنىڭ ئۆز يۇرتىمىزنىڭ تامىقىغا بولغان سېغىنىشىمىزنى ئازراقمۇ قاندۇرالمايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر تامىقى ۋە توي-تۆكۈنگە ئوخشاش ئۇيغۇر سورۇنلىرى بىز ئۈچۈن ئامېرىكىدا تېپىلمايدىغان ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم نەرسىلەرنىڭ بىر قىسمىدۇر.

ئەمدى ئۇيغۇرلارنىڭ «سورۇن مەدەنىيىتى» دە ساقلىنىۋاتقان بىر قانچە مەسىلىلەر ئۈستىدىمۇ قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈپ كېتەي. بۇ مەسىلىلەر نۇرغۇن ئۇيغۇرلار ئۈچۈن سېزىلمىگەن نەرسىلەر ئەمەس-- مەن داۋاملىق باشقىلاردىن بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە غودۇرلىغىنىنى ۋە شىكايەت قىلغىنىنى ئاڭلاپ تۇرىمەن. ئېھتىمال ئۇيغۇر دىيارىدا بۇ ھەقتە ئاز بولمىغان نەرسىلەرمۇ يېزىلغان ۋە بىر قىسىم تەشۋىقاتلارمۇ ئېلىپ بېرىلغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولسىمۇ مەن بۇ يەردە ئەندىشە قىلىۋاتقان بىر قانچە مەسىلىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈپ كېتەي.

1. ئىسراپچىلىق. ئۇيغۇر دىيارىدىكى چوڭ شەھەرلەردە ئۆتكۈزۈلگەن ئۇيغۇر توي-تۆكۈنلىرىدىكى ئىسراپچىلىق ھەممە ئادەم بىلىدىغان، ۋە ھەممە ئادەم قاقشايدىغان بىر مەسىلە ئىكەن. ئەمەلىيەتتىمۇ، توي-تۆكۈندىكى ئىسراپچىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قالاق تەرىپىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ بىرى، دېيىشكە پۈتۈنلەي بولىدۇ. ھەرقانداق ئۆلچەم بىلەن قارىغاندىمۇ، ئۇنىڭدىن ھېچ

قانداق ئىلمىيلىك تېپىش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، مېنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، گەرچە بۇ مەسىلە بىر «مەسىلە» گە ئايلانغىلى نەچچە 10 يىل بولغان بولسىمۇ، بۇ مەسىلە ئۈستىدە كىشىلەر ئەڭ كۆپ قاقشايدىغان بولسىمۇ، ئۇ ۋىلايەت ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك شەھەرلەردە تېخىچە تۈزىتىلمەپتۇ. بەزى جەھەتتە تېخى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كەتكىلى تۇرۇپتۇ. ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىش مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۈچۈن خېلى قىيىنغا توختايدىغان بىر ئىش. شۇنداق بولسىمۇ، چوقۇم بىرەر ئادەم چىقىپ، بىر ئۆزگىرىشنى، بىر يېڭىلىقنى باشلاپ بېرىشى كېرەك. ھەممە ئادەم شىكايەت قىلىپ، لېكىن ھېچ كىم ئۆزگەرتمىسە، مەسىلە مەڭگۈ داۋاملىشىپ كېتىۋېرىدۇ. مېنىڭ ئامېرىكىغا ئوقۇشقا كەلگەن بىر ياش تونۇشۇم ئۆزى توي قىلغاندا، توي سورۇنلىرى ئۈچۈن ھېچ قانداق هاراق تەييارلىمىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تويى «ھاراقسىز توي» بولغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. مەن بۇ بىر ئومۇملاشقان ئىشمۇ-ئەمەسمۇ بىلمەيمەن. لېكىن مەن ئۇ تونۇشۇمدىن ئىنتايىن تەسىرلەندىم. ھەمدە پەخىرلەندىم. ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇنداق قىلىشتا جەمئىيەت بېسىمى ئاز بولمىغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئۇ ئاشۇنداق قىلالاپتۇ. ناچار «مەدەنىيەت» ۋە ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىشتە، ۋە يېڭىلىق يارىتىشتا بىزگە مانا مۇشۇنداق قىلالايدىغان ئۈيغۇر ياشلىرى كېرەك. مانا مۇشۇنداق يول باشلامچىلار كېرەك. ئەگەر خاتا ئىكەنلىكىنى سىز ئىلمىي جەھەتتىن تولۇق چۈشەنسىڭىز، ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشنى توختىتىڭ. مەن ئالدىنقى بىر سوئالغا يازغان جاۋابتا، بىر ياپونلۇق مىليونېرنىڭ ئۈرۈمچىدە سۇ قىسلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇيغۇرلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئۈرۈمچىدە تۇرغان 5–6 كۈن ئىچىدە بىر قېتىممۇ مۇنچىغا چۈشمىگەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتتۈم. ئۇيغۇرلار ئىچىدە ھەر كۈنى بىرەر ۋاق قورسىقى تويغىچە تاماق يېيەلمەيدىغان، يىلدا بىرەر قېتىممۇ پولو-لەغمەن يېيەلمەيدىغان ئۇيغۇر دېھقانلىرى كۆرمىگ تولىغۇ؟ بىر مېھمانغا نەچچە كىشىلىك يېمەكلىك تەييارلىتىپ توي قىلىۋاتقانلارنىڭ ئېسىگە ئاشۇ دېھقانلار زادىلا كەلمەمدىغاندۇ؟ توي-تۆكۈنگە تاماق تەييارلىتىشتا 2 نەرسە مەقسەت قىلىنغان. بىرسى مېھمانلارنىڭ قورسىقىنى تويدۇرۇش. يەنە بىرسى مېھمانلارغا ھەر خىل يېمەكلىكلەرنىڭ تەمىدىن بەھرىمەن بولۇش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرىش. بۇ 2 مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ھەرگىزمۇ هازىرقىدەك قىلىش كەتمەيدۇ. ئۇ مەقسەتلەرگە يېتىشنىڭمۇ ئىنتايىن ئىلغار ئىلمىي ئۇسۇلى بار. مەسىلەن، مەن كالىفورنىيىدە مۇنداق بىر رېستورانغا كىرىپ

تاماق يەپ باقتىم: رېستوراندىكى تاماقنىڭ تۈرى 20 خىل ئەتراپىدا بولۇپ، رېستوران خادىملىرى ھەر بىر خىل تاماقنى بىر كىچىك تەخسىگە سېلىپ، ئۇنى بىر ھارۋىغا رەتلىك بېسىپ، ھارۋىنى مېھمانلار ئارىسىدا سۆرەپ يۈرۈيدۇ. مېھمانلار بىر ھارۋا قېشىغا كەلگەندە ئۇنىڭدىكى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان تاماقلارنى تاللاپ ئېلىۋالىدۇ. تاماقنى يەپ بولۇپ قايتىشىدا، ھەر بىر خېرىدار ئۆزى تاللاپ قۇرۇقدىغان تەخسىلەرنى كۆتۈرۈپ، رېستوران ئىشىكىنىڭ قېشىدىكى پۇل تۆلەش پوكىيىگە بارىدۇ. ھەمدە ھەر بىر تەخسىگە بىر دوللار تاپشۇرىدۇ. مۇشۇ ئارقىلىق ھەممە ئادەم پەقەت ئۆزى ياخشى كۆرگەن تاماقنىلا يەپ، ھېچ قانداق تاماقنى ئىسراپ قىلمايدۇ.

مېنىڭ بىلىشىمچە ھازىر ناھىيە ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن دەرىجىلىك يېزىلاردا بىر توي زىياپىتى ئۈچۈن قىز-يىگىت ھەر ئىككى تەرەپنىڭ چىقىمىنى قوشقاندا 5000 سومدىن ئاز پۇل كېتىدىكەن. يەنى ئۇ يەرلەردە ئىسراپچىلىق ئاساسەن بولمايدىكەن. بولۇپمۇ دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك قىز-يىگىتلەر بۇ جەھەتتە ھەرگىز ئىسراپچىلىق قىلمايدىكەن. لېكىن، ئۈرۈمچىدەك چوڭ شەھەرلەردە بولسا بىر توي زىياپىتى ئۈچۈن كۆپىنچە ئەھۋالدا 10000 سومدىن كۆپ پۇل كېتىدىكەن. 20000 سومغا بارىدىغان ۋاقىتلارمۇ بار ئىكەن. مەن ئەقلى-ھوشى جايىدا ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ مىللىي تۈركۈم ئېڭى، مىللىي ھەمكارلىق ئېڭىنى ئۆستۈرۈشكە، ھەمدە ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندىكى ھەر بىر ھەرىكىتىگە مىللىي نومۇس-ئىپتىخارىنى ئۆلچەم قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ھازىرقى ئىسراپچىلىق ھەرگىز ئابرۇيلۇق ياكى شەرەپلىك ئىش ئەمەس. ئۇ بىر خىل نومۇس--بىر خىل مىللىي نومۇس.

2. تاماقنى ئارتۇقچە يەۋېلىش. بۇنىڭ ئىسپاتى ئۈچۈن، ئۈرۈمچى شەھىرى، ھەمدە ۋىلايەت ۋە ناھىيە شەھەرلىرىدىكى 40 ياشتىن ئاشقان ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ دومبىيىپ چىقىپ قالغان قورسىقى بىلەن 40 ياشتىن ئاشقان ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ سېمىزلىكىگە قاراشلا كۇپايە قىلىدۇ. بۇ مەسىلىنىڭ ھازىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئېلىپ كېلىۋاتقان زىيىنى ئىنتايىن چوڭ بولۇۋاتىدۇ. مەسىلەن، يېشى 40 تىن ئاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدە ئېغىر سالامەتلىك مەسىلىسى يوق كىشىلەرنىڭ نىسبىتى سىزچە قانچىلىكتۇر؟ 30 پىرسەنتكە بارارمۇ؟ ئامېرىكىدا يېشى 80 تىن ئاشسىمۇ ئۆزى ماشىنا ھەيدەپ، ئۆزىنىڭ ھەر خىل ئېھتىياجىدىن ئۆزى چىقىدىغانلار مۇتلەق كۆپ ساننى ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇرلار ئۈچۈن يېشى 80 دىن ئاشتى،

دېگەن نىمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ مۇشۇنداق چوڭ پەرقنىڭ كېلىپ چىقىشىدا، شەھەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك سەمرىپ كېتىشىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇرۇشنى كۆپ قىلىشى ھەمدە مېھماندارچىلىق سورۇنلىرىدا تاماقنى ئارتۇقچە يەۋېلىشى ئىنتايىن زور رول ئوينايدۇ. سەمرىپ كېتىشنىڭ ئادەم سالامەتلىكى ئۈچۈن بولغان زىيىنى ئىنتايىن كۆپ. ئامېرىكىدىكى دوكتور مەمەت ئەمىن بۇنداق زىيانلارنى تۆۋەندىكىدەك تىزىپ چىققان (مەنبەسى :(http://health.groups.yahoo.com/group/SaghlamBolung/message/35

1) تاجسىمان يۈرەك قان تومۇر كېسىلى (Coronary Artery Disease)

2) قىزىل قان تومۇر قېتىشىۋېلىش (Arteriosclerosis)

3) يۇقىرى قان بېسىمى (High blood pressure)

4) مېڭە قان تومۇر كېسىلى (stroke)

5) دىئابېت كېسىلى (Type 2 diabetes)

6) ئاياللارنىڭ چوڭ ئۈچەي راكى (Clone cancer)

7) قىزىل ئۆڭگەچ راكى (Esophagus cancer)

8)بۆرەك راكى (Kidney cancer)

9) سۆڭەك بوغۇم ياللۇغى (Osteoarthritis)

10) ئۆتتە تاش بولۇش قاتارلىق ئۆت كېسەللىكلىرى (Gallbladder disease)

11) مايلىق جىگەر كېسىلى (Fatty liver disease)

12) ئۆپكىنىڭ نەپەسلىنىش ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەن بولۇشى

13) ئۇخلىغاندا نەپىسى توختاپ قىلىش (Sleep apnea)

14) يىڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى 8 جىڭ ياكى 4 كىلودىن ئېشىپ كەتكەندە بوۋاقنىڭ ئەقلى قابىلىيىتى مەلۇم دەرىجىدە تەسىرگە ئۇچرىشى مۇمكىن. (يۇقىرىدا ئىسكوپكا ئىچىگە يېزىلغىنى شۇ كېسەلنىڭ ئىنگلىزچە ئاتىلىشىدۇر). بۇلارنىڭ ئىچىدە، ئۇيغۇرلارغا ئەڭ تونۇشلۇق بولغىنى دىئابېت كېسىلى بولۇشى مۇمكىن. دوكتور مەمەت ئەمىننىڭ ساغلاملىق توغرىسىدىكى باشقا يازمىلىرىنى ئوقۇماقچى بولسىڭىز، تۆۋەندىكى تور بېتىنى زىيارەت قىلسىڭىز بولىدۇ:

http://health.groups.yahoo.com/group/SaghlamBolung

3. تاماكىنىڭ زىيىنىغا ئۇچراش. تاماكىنىڭ زىيىنى ئامېرىكا جەمئىيىتى، رادىئو–تېلېۋىزورلىرى ۋە مەكتەپلەردە ئەڭ كۆپ تەشۋىق قىلىنىدىغان بىر نەرسىگە ئايلانغىلى خېلى ۋاقىتلار بولۇپ قالدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى يالغۇز بۇ ھەقتىكى تەشۋىقاتنى ئىزچىل تۈردە چىڭ تۇتۇپلا قالماستىن، تاماكا چېكىشنى ئازايتىش جەھەتتە مەمۇرى جەھەتتىنمۇ ئىنتايىن كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ تەدبىرنىڭ بىرسى تاماكىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تاماكا بېجى ئارقا–ئارقىدىن ئۆستۈرۈلدى. مەن ئامېرىكىغا يېڭى كەلگەندە بىر قاپ تاماكىنىڭ باھاسى بىر دوللاردىن سەل يۇقىرى ئىدى. ھازىر بولسا 3 يېرىم دوللار ئەتراپىغا كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئامېرىكىدا ئاممىۋى سورۇنلاردا تاماكا چېكىش قاتتىق چەكلەنگەن. مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئىدارە–شىركەتلەر ھېچ قانداق بىنانىڭ ئىچىدە تاماكا چېكىشكە يول قويمايدۇ. بەزى ئالىي مەكتەپلەر ۋە ئىدارىلەر بولسا ئۆز ئىدارىسىنىڭ دائىرىسىدىكى ھەر قانداق زېمىندا، مەيلى ئۇ بىرەر بىنانىڭ ئىچى بولسۇن ياكى تالا بولسۇن، تاماكا چېكىشكە بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا تۈزۈم چىقاردى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ تاماكا چېكىشنى بۇ دەرىجىدە چەكلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب، تاماكىنىڭ كىشىلەر سالامەتلىكىگە كەلتۈرىدىغان غايەت زور زىيىنىدىن ئىبارەتتۇر. يېقىنقى تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، تاماكا ھەر يىلى ئۆلتۈرىدىغان ئادەمنىڭ سانى دۇنيادىكى ئەڭ ۋەھشىي يۇقۇملۇق كېسەلنىڭكىدىنمۇ نەچچە ھەسسە يۇقىرى ئىكەن. تاماكا 17 خىلدىكى ئوخشىمىغان راك كېسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۆپكە راك كېسىلىنى ئەڭ كۆپ ۋە ئەڭ ئاسان پەيدا قىلىدىكەن. ئامېرىكىدا ئېلىپ بېرىلغان بەزى ئىلمىي تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، 1997–يىلىدىن 2001–يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، تاماكا چېكىش ياكى تاماكا چەككەن كىشىنىڭ يېنىدا تۇرۇش تۈپەيلىدىن ئامېرىكىدا ھەر يىلى بالدۇر ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ سانى 438,000 ئىكەن. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى مۇشۇنداق ئۆلۈم تۈپەيلىدىن تارتىۋاتقان يىللىق زىيان 92 مىليارد دوللار ئىكەن. ئەگەر بۇنىڭغا تاماكا چېكىشتىن كېلىپ چىققان كېسەللەرنى داۋالاش ئۈچۈن سەراپ قىلىنغان پۇلنى قوشقاندا، ھازىر يىللىق تاماكا چېكىش تۈپەيلىدىن تارتىلغان زىيان 167 مىليارد دوللاردىن ئاشىدىكەن.

مەن ئۇيغۇر دىيارىدا بۇ جەھەتتە ئېلىپ بېرىلغان بىرەر ئىلمىي تەتقىقاتنى ياكى ئېلان قىلىنغان ئىلمىي دوكلاتنى كۆرۈپ باقمىدىم. لېكىن، مەن كۆرگەن ئەھۋال ئىنتايىن ئېچىنىشلىق. توي–تۆكۈن ۋە باشقا ئولتۇرۇش سورۇنلىرىنىڭ

ھەممىسى تاماكا ئىسى بىلەن توشۇپ كېتىدىكەن. كىشىلەر ئۆز ئۆيىدە بەخىرامان تاماكا چېكىۋېرىدىكەن. بۇ ئەھۋال كىچىك باللار بار ئائىلىدىمۇ ئوخشاش ئىكەن. خىزمەت ئورۇنلىرىمۇ ھەم شۇنداق ئىكەن. يېقىنقى بىر قىسىم ئىلمىي تەتقىقاتلار نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، بىر ئۆيدە 5 جان ئادەم بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرسى ئوي ئىچىدە تاماكا چەكسە، يالغۇز تاماكا چەككۈچىنىڭ ئۆزى ئېغىر سالامەتلىك خەۋپىگە دۇچار بولۇپلا قالماي، قالغان 4 كىشى ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر ساغلامسىزلىق تەھدىتىگە ئۇچرايدۇ. بۇ ئەھۋال ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى بارلىق چوڭ-كىچىك مېھماندارچىلىق سورۇنلىرى ئۈچۈنمۇ ئوخشاش. يۇقىرىدەك ئۇچۇرلارنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە نېمە ئۈچۈن يېتىپ بارمايدىغانلىقىنى بىلمىدىم. ئۇيغۇرلار ئىچىدە كېسەللىكنىڭ ئىنتايىن كۆپلۈكى، ئەمما ئۇ كېسەللەرنى داۋالاشقا ئىقتىسادىي چامىسى يېتىدىغانلارنىڭ ئىنتايىن ئازلىقى ھەممە كىشى بىلىدىغان بىر ھەقىقەت. تاماكا چېكىشنى چەكلەش بالدۇر ئۆلۈپ كەتىشنى ئازايتىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى. شۇنداقلا ئۇ كېسەل بولۇپ بولغاندىن كېيىن داۋالاش بىلەن سېلىشتۇرغاندىمۇ كۆپ ئاسان ئۇسۇل. ئۇيغۇر خەلقى بۇ جەھەتتە ئۆز ئېڭىنى تېز سۈرئەتتە يۇقىرى كۆتۈرۈشكە جىددىي موھتاج.

ئامېرىكىدىكى دوكتور مەمەت ئەمىن ساغلام ياشاش ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارنى تىزغاندا، تاماكا چېكىشنى 1-ئورۇنغا قويغان. مەن ھەر بىر ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ يازمىنى بىر قېتىم ئوقۇپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئۇ يازمىنىڭ تور ئادرېسى:

http://health.groups.yahoo.com/group/SaghlamBolung/message/37

4. باللارغا بولغان زىيانلار. ئامېرىكىدا مەخسۇس چوڭلارنىڭ ئاخشاملىرى ھاراق ئىچىپ، ناخشا ئاڭلاپ، ئۇسسۇل ئويناپ كۆڭۈل ئېچىشى ئۈچۈن قۇرۇلغان، ئىنگلىزچە «bar» دەپ ئاتىلىدىغان شاراپخانىلىرى بار. ئۇنىڭ بەزىلىرىدە ناخشا، ئۇسسۇل، شاراپتىن باشقا، پەقەت چوڭلار ئۈچۈن تەييارلانغان قىلىن چاقچاقلارمۇ بولىدۇ. ئۇ يەردىكى مۇزىكىلارمۇ ئىنتايىن يۇقىرى ئاۋازدا قويۇلىدىغان، كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىگە نورمال ئاۋاز سۆزلىششى مۇمكىن ئەمەس. قېشىدىكى ئادەمگىمۇ قاتتىق ۋارقىراپ سۆزلىشى كېرەك. ئۇنداق قىلمىسا بىر-بىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىيالمايدۇ. لېكىن، بۇنداق سورۇنلار ۋە مەخسۇس ھاراق سېتىلىدىغان دۇكانلار ئائىلىلىكلەر جايلاشقان رايونلاردىن مەلۇم ئارىلىق يىراقلىقتا بولۇشى قانۇندا

بەلگىلەنگەن. بۇنداق سورۇن ۋە دۇكانلارغا يېشى 21 ياشتىن كىچىك ئۆسمۈرلەرنىڭ كىرىشى قاتتىق مەنئى قىلىنغان بولۇپ، دۇكان ئىگىلىرى يېشى كىچىكرەك كۆرۈنىدىغان بىرەر خېرىدارنى كۆرگەن ھامان، ئۇلاردىن شوپۇرلۇق پراۋنى ياكى باشقا كىملىك كىنىشكىسىنى كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. 21 ياشتىن كىچىكلەرگە ھېچ قانداق ئورۇن تاماكىمۇ ساتمايدۇ. توي زىياپىتى قاتارلىق چوڭ سورۇنلارغا ئاتا-ئانىلار ئاساسەن بالىلىرىنى ئاپارمايدۇ. چوقۇم ئۆيىگە كېلىپ بالىغا قاراپ بېرىدىغان بالا باققۇچى تېپىپ، بالىسىنى بىر قانچە سائەت شۇلارغا باققۇزۇپ، ئۆزلىرى مېھماندارچىلىق سورۇنلىرىغا بارىدۇ. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مېھماندارچىلىق سورۇنلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ زىيىنىغا ئۇچراۋاتقانلار بالىلار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بۇ زىيانلار كەم دېگەندە تۆۋەندىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: 1) چوڭلار ئۆز-ئارا قىلىشقان بولمىغۇر گەپ-سۆز ۋە چاقچاقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش. 2) كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ئىزچىل تۇردە ھاراق سورۇنىغا ئارىلىشىپ قېلىش. 3) تاماكا ئىسسىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراش. 4) يۇقىرى ناخشا-مۇزىكا ئاۋازى ئىچىدە ئىزچىل تۇردە 5 سائەت ئەتراپىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ زىيىنىغا ئۇچراش. ئامېرىكىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بىر ئادەم 85 دېتسىبېلدىن يۇقىرى ئاۋازنىڭ تەسىرىگە ئىزچىل ئۇچراۋەرسە، بۇ ئادەمنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارى تەدرىجىي ھالدا زەخىمگە ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇر توي-تۆكۈنلىرىدىكى ناخشا-مۇزىكىنىڭ ئاۋازى 150 دېتسىبېلغا يېتىشى مۇمكىن. بۇنداق يۇقىرى ئاۋاز بالىلارغا شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسەتمىگىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ ياشىنىشىغا ئەگىشىپ، قۇلىقى ئاڭلىماس بولۇپ قېلىش جەريانىنى جىق تېزلىتىشى مۇمكىن. 5) چارچاش ۋە يېتەرلىك ئۇخلىماسلىق تۈپەيلىدىن زېھنىنىڭ ئاجىزلىشىشى. ئۇيغۇرلاردا 5-8 سائەت داۋام قىلىدىغان، يېرىم كېچىدىن ئاشقىچە داۋام قىلىدىغان سورۇنلار ناھايىتى كۆپ. بۇنداق سورۇنلاردا چوڭلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۈزۈلۈپ قالمىغانلىقى، ھەمدە ئۇلار زېھنى ۋە جىسمانىي جەھەتتىن كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئانچە چارچاپ قالمايدۇ. لېكىن، بۇ بالىلار ئۈچۈن ئىنتايىن تەس. بالىلار ئۈچۈن لايىھىلەنمىگەن بۇنداق سورۇن ئۇلار ئۈچۈن ھېچ قانداق كۆڭۈل ئېچىش بولۇپ تۇيۇلماسلىقى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سورۇن داۋاملاشقان 5-8 سائەت ۋاقىت ئىچىدە ئۇلار قاتتىق چارچاپ، ئولتۇرۇش بولغان كۈنى يېتەرلىك ئۇخلىيالماي، ئۇلارنىڭ زېھنى تەدرىجىي ھالدا زەخىمگە ئۇچرىشى مۇمكىن. ئولتۇرۇش كۈنىنىڭ ئەتىسىدىكى ئوقۇش ۋە باشقا پائالىيەتلىرى

ئۇنۇملۇك بولماسلىقىمۇ تۇرغان گەپ. شۇڭا بىر ئولتۇرۇشقا بارماقچى بولغان ئاتا-ئانا چوقۇم «بالام قانداق قىلىدۇ؟»، دەپ ئۆزىدىن بىر قېتىم سوراپ قويۇشى كېرەك. ئۆزىڭىز كۆڭۈل ئېچىپ، بالىڭىز زىيانغا ئۇچرىسا، سىزگە بولغان ئاخىرقى پايدا نېمە بولىدۇ؟

5. ۋاقىت جەھەتتىكى زىيانلار. مەن يۇقىرىدا ئېيتىپ ئەتكەندەك، ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇردىن باشقا مىللەتلەر ئارىسىدا ئۆيىگە ياكى رېستورانغا مېھمان چاقىرىدىغان ئىش ئاساسەن يوق. ياپونىيە ۋە ياۋروپادىكى باشقا تەرەققىي قىلغان ئىلغار مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ ھەم شۇنداق. ئامېرىكىدا ھەر يىلى يازدا شىركەتتىن ئورۇنلاشتۇرىدىغان دالا ئولتۇرۇشى «cincip» بىر قېتىم بولىدۇ. 12-ئاينىڭ ئاخىرى شىركەتلەر بىر قېتىم «چىرىسماس يىغىلىشى» ئۆتكۈزىدۇ. خۇسۇسىي شىركەتلەر بۇ يىغىلىشلارنىڭ چىقىمىنى شىركەتتىن چىقىرىدۇ. ھۆكۈمەتكە تايىنىدىغان بىزنىڭكىگە ئوخشاش ئىدارە بولسا «چىرىسماس يىغىلىشى» نىڭ چىقىمىنى ئۆزىمىز كۆتۈرىمىز. شۇڭا ئۇنىڭغا قاتنىشىش-قاتناشماسلىق ئۆز ئىختىيارلىقىمىزدا بولىدۇ. ئامېرىكىلىقلار توي-مۇراسىمى ۋە ئۆلۈم بولغان ۋاقىتتا تۇققان ۋە دوستلىرىنى بىر قېتىم يىغىدۇ. 11-ئاينىڭ 20 نەچچىنچى كۈنى بولىدىغان «رەھمەت ئېيتىش بايرىمى» (ئىنگلىزچە «Thanksgiving Holiday») دە بولسا تۇغقانلار بىر ئۆيىگە جەم بولىدۇ. ئىدارە ياكى شىركەتلەردە بىر چوڭ نەتىجە قازىنىش بولغاندا، بىر گۇرۇپپا ئادەم ياكى شىركەت بويىچە تەبرىكلەش ئۈچۈن ئوقتىسىدىن بىرەر رېستورانغا ياكى مېھمانخانا زالىغا يىغىلىشلار بولىدۇ. مەن ئامېرىكىدىكى بۇنىڭدىن باشقا مېھماندارچىلىق پائالىيەتلىرىنى ئېسىمگە ئالالمىدىم. مەن ھازىرغىچە يەھۇدىيلارنىڭ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىغىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم. ياپونىنىڭ كوچىلىرىدا ماڭسىڭىز ياكى پويىزغا چىقسىڭىز ئاساسەن قايىقى تۇرۇك، قاتتىق ئويلىنىۋاتقان كىشىلەرنىلا كورىسىز. كۆلۈمسىرىگەن كىشىلەرنى ئاسانلىقچە تاپالمايسىز. دۇنيادا ئىنتايىن ئېچىنىشلىق، ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋال ئاستىدا قالسىمۇ، يەنە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، كۈلۈپ-يايراپ ياشىيالايدىغان مىللەتلەردىن ئۇيغۇردىن باشقىسى بولماسلىقى مۇمكىن. بۇ جەھەتتە ئۇيغۇرلار دۇنيا بويىچە بىر مۆجىزە ياراتتى، دەپ ئېيتالىشىمىز مۇمكىن. لېكىن ھازىر بۇنداق كۈلۈپ-يايراشلار ۋاقىت جەھەتتىكى ناھايىتى چوڭ ئىسراپچىلىق بەدىلىگە كېلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ

مېھماندارچىلىق جەھەتتىكى ئۆرپ ئادىتى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆز كەسپىدە باشقىلارنى بېسىپ چۈشىشىگە، ياكى بېسىپ چۈشەلىگەن تەقدىردىمۇ ئاشۇ ئورنىنى ساقلاپ تۇرالىشىغا ئېغىر دەرىجىدە زىيان سېلىۋاتىدۇ. كۆپ ئوينايدىغان مىللەت كۆپ ئويلايدىغان مىللەت بىلەن بىرگە ياشىسا چوقۇم زىيان تارتىدۇ. بۇنى ھازىر ھەممە ئادەم كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇنداق ياشاش مۇھىتىنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن بولمىسا، ئۇ ھالدا بىر نورمالنى ئادەم قاتارىدا ياشىيالىشى ئۈچۈن كۆپ ئوينايدىغان مىللەت ئۆزىنى بىر ئاز ئۆزگەرتىشى كېرەك. ئەسلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ساز-مۇزىكا ۋە ناخشا-ئۇسسۇلغا ماھىر بولۇشى ئۇلارنىڭ بىر چوڭ مىللىي ئارتۇقچىلىقى ئىدى. ئەقىل ئىشلىتىپ، ئىلمىي يوسۇندا ئىش كۆرگەندە، ئەسلىدە بۇ ئالاھىدىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجادىيەت تۇرمۇشىغا ھېچ قانداق ئەكسى تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت تۇرمۇشىنى ياكى پەن-تېخنىكا ۋە كەسىپ جەھەتتىكى ئىلگىرىلىشىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرگەن بولاتتى. بۇ جەھەتتە ھازىر ئۇيغۇرلار ئىچىدە نەمۇنىلىك رول ئويناۋاتقان مىساللار ئاز ئەمەس. لېكىن، ئومۇمىيۈزلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ھازىر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئويۇن-تاماشىغا بېرىلىپ كېتىپ، ئۆز كەسپى جەھەتتە باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا قېلىۋاتقان ئەھۋال ئىنتايىن ئېغىر. ھەمدە ئۇ بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كەتىۋاتىدۇ. بالىڭىز ماڭغان ۋاقتىتىن تارتىپلا ئۇسسۇل ئويناشنى مەشىق قىلىپ چوڭ بولغىنى بىر ياخشى ئىش. ئۇ سىزگە نۇرغۇن خۇشاللىقلارنى ئېلىپ كېلەلەيدۇ. ئۇنىڭ بالىڭىزنىڭ بىر ئۇيغۇر بولۇپ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگىمۇ كۆپ پايدىسى بار. لېكىن، بالىڭىزغا ئۇسسۇل ئۆگىتىش بىلەن بىرگە كىتاب ئوقۇشنى ئۆگىتىشنىمۇ ئۇنتۇلۇپ قالماڭ. بالىڭىز كەلگۈسىدە ناخشىچى ياكى ئۇسسۇلچى بولالماسلىقى مۇمكىن. ئەگەر ھەممە ئۇيغۇر بالىلىرى ئۇسسۇل ئويناشنى ئۆگىنىش بىلەنلا چوڭ بولۇپ، چوڭ بولغاندا ھەممىسى ئۇسسۇلچى بولۇپ كەتسە، ئۇيغۇرنىڭ تۈگەشكىنى شۇ. بالىڭىز ئۇسسۇلدىن باشقا ھەر قانداق بىر كەسپنى ياخشى قىلىشى ئۈچۈن، باشقىلار بىلەن رىقابەتلىشەلەيدىغان بولالىشى ئۈچۈن، چوقۇم كىتاب ئوقۇشنى ۋە بىلىم ئېلىشنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ چوڭ بولۇشى كېرەك.

كىشىلەرنىڭ ھەممىسى «ئىشلار بۇزۇلۇپ كەتتى» دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالغاندا، ئۇلار كۆپىنچە ئەھۋالدا ئىشنى تېخىمۇ بۇزۇشقا قاراپ يول تۇتىدۇ. ئۇيغۇر مېھماندارچىلىقىدىكى ئىسراپچىلىق ھازىر مانا مۇشۇنداق «بۇزۇلۇپ كەتكەن

ئىشلار» دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەندەك قىلىدۇ. ئۇيغۇر مېھماندارچىلىقىنىڭ ھازىرقى ھالىتى مەلۇم دەرىجىدە ئۇيغۇرلارنى ئاجىزلاشتۇرۇش رولىنى ئوينىۋاتقانلىقىنى، مېھماندارچىلىقتىكى تاماق ۋە ۋاقىت ئىسراپچىلىقى، ئارتۇق يەۋېلىش، تاماكا ئىسى ۋە يۇقىرى ئاۋازنىڭ زىيىنىغا ئۇچراش قاتارلىقلارنىڭ بىر ئېغىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى توغرا چۈشىنىش ھەرگىز ئىلغار مىللەت، ئىلغار مىللىي مەدەنىيەت ۋە ئىلغار مىللىي ئۆرپ-ئادەت قاتارلىقلار توغرىسىدىكى كەڭ دائىرىلىك بىلىمنى تەلەپ قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ بىر ئېغىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ھەر بىر ئەقلى-ھوشى جايىدا كىشىلەر ئۆز ئەقلىنى ئازراق ئىشقا سالسىلا كۇپايە. كىشىلەردە مەلۇم بىر ئىشنىڭ ئوخشىلىشىغا نىسبەتەن ئۇمىد پەيدا بولغاندا، ئۇلارمۇ مەدەنىيەتلىك ۋە ئىلمىي يوسۇندا ياشاشقا قاراپ مېڭىپ، ئۇ ئىشنىڭ ئوخشىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇڭا يۇقىرىقى ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشنىڭ بىردىن بىر ئۇسۇلى، ئۇيغۇرلاردا ئىشنى ئوخشاشقا بولغان ئىشەنچىنى پەيدا قىلىش. بۇ جەھەتتە چوقۇم بىر قىسىم كىشىلەر، بولۇپمۇ ياشلار باشلامچى بولۇشى كېرەك.

ئاخىرىدا مەن بالا تەربىيىسى توغرىسىدا ئازراق توختىلىپ ئۆتەي. ھازىرقى مېڭە تەرەققىياتى توغرىسىدىكى ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ كۆرسىتىشىچە، بىر ئادەم ئۆزىنىڭ كىچىك بالىلىق دەۋرىدە بېشىدىن كەچۈرگەن روھىي جەھەتتىكى، فىزىكىلىق جەھەتتىكى ۋە ئەقلىي جەھەتتىكى مۇھىت شۇ كىشىنىڭ مېڭىسىنىڭ تۈزىلىشىگە ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىر كىچىك بالىغا ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ۋە باشقا بالا باققۇچىلارنىڭ قانداق قارىغانلىقى بۇ بالىنىڭ كېيىنچەكتىكى مەكتەپ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى جەمئىيەت ھاياتىنىڭ قانداق بولۇشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئامېرىكا بالا قۇچاقتىكى ۋاقتىتىن باشلاپ 5 ياشقا كىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئاتا-ئانىلار ئۇلارنى قانداق تەربىيىلىسە بالىلار ئەڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلەلەيدىغانلىقى جەھەتتە يېتەكچىلىك رول ئوينايدىغان ئومۇمىيۈزلۈك ۋە مەركەزلەشكەن مۇلازىمەت ئورۇنلىرىنى قۇرۇپ چىققان بولۇپ، بۇ ئورۇنلار جەمئىيەت ئۈچۈن ھەقسىز خىزمەت قىلىدۇ. مۇشۇنداق ئورۇننىڭ بىرسى «كالىفورنىيە پەرزەنتلەر ۋە ئائىلىلەر كومىتېتى» دىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ تور بەت ئادرېسى:

http://www.ccfc.ca.gov

نۇرغۇن ئۇيغۇر ياش ئانىلىرى ماڭا ئېلخەت يېزىپ، مەندىن مۇشۇ سۆھبەتتە ئىمكانقەدەر ئامېرىكىلىقلارنىڭ بالا تەربىيىلەش ئۇسۇلىغا ئائىت مەزمۇنلارنى كۆپرەك كىرگۈزۈشۈمنى تەلەپ قىلدى. «قانداق قىلغاندا بالىنى ياخشى تەربىيىلىگىلى بولىدۇ؟»، دەپ ئايرىم سوئال چىقارغان قېرىنداشلارمۇ بار. ھەقىقەتەنمۇ ئامېرىكىدا بالا تەربىيىسى توغرىسىدىكى بىلىم ۋە ئۇچۇر ئىنتايىن كۆپ. كالىفورنىيىدىكى 10 كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن 22 كالىفورنىيە شتات ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھەممىسىدە «بالىلار تەرەققىياتى» (ئىنگلىزچە «Child Developement») دېگەن مەخسۇس فاكۇلتېتلار بار بولۇپ، بالىلار يەسلىسىدە ئىشلەيدىغانلار كەم دېگەندە مۇشۇ كەسىپتە ئوقۇپ، 12 ئوقۇش نومۇرى (ئىنگلىزچە «Unit») نى تاماملىشى كېرەك. بۇ ھەپتىسىگە 3 سائەت ئۆتىلىدىغان، بىر يىل 2 مەۋسۇمغا بۆلىنىدىغان مەۋسۇملۇق دەرستىن 4 دەرسكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنداق قىلمايدىكەن ئۇلارنى ھەرگىز بالىلار يەسلىسىگە خىزمەتكە ئالمايدۇ. مېنىڭ بىلىشىمچە، باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولىدىغانلار كەم دېگەندە مۇشۇ كەسىپتە باكالاۋۇر ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن بولۇشى كېرەك. مەن يۇقىرىقىدەك بالىلىرىغا ھەقىقىي كۆيۈنىدىغان، بالىلىرىنىڭ ھەر جەھەتتىن ساغلام ۋە ئەتراپلىق ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلىدىغان ئۇيغۇر ئانىلىرىدىن ئىنتايىن رازىمەن. ئۇلاردىن پەخىرلىنىمەن. قولۇمدىن كېلىشىچە ئۇلارنى قوللاشنى، ئۇلارغا ياردەم قىلىشنى ئارزۇ قىلىمەن. لېكىن، ئەگەر مەن يۇقۇرقىدەك سوئالغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىمەن دېسەم، ياكى ئۆزۈم بىر ئالىي مەكتەپنىڭ «بالىلار تەرەققىياتى» دېگەن كەسپىدە ئوقۇشۇم كېرەك. ياكى بولمىسا ئاشۇ كەسىپكە ئائىت كىتابلارنى ئۆزۈم ئۆگىنىپ چىقىشىم كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈم بىر كىتاب يېزىشىم كېرەك. لېكىن، مېنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىم ئۆزۈمنىڭ ئۇنداق قىلىشىغا يول قويمايدۇ. شۇڭا ئەگەر ۋەتەندە بۇ ساھەگە قىزىقىدىغان ھەمدە ئىنگلىزچىنى بىلىدىغانلار بولسا، مەن ئۇلارغا ئۆزلىرىگە كېرەكلىك بولغان، بالا تەربىيىلەشكە ئائىت ھازىرقى زامان بىلىملىرى بار ئىنگلىزچە تور بەتلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ بېرىشنى خالايمەن. مەسىلەن، يۇقىرىقى تور بېتىنىڭ تۆۋەندىكى سەھىپىسىدە بالا تەربىيىسىگە ئائىت ئىنتايىن مۇھىم ئۇچۇرلار بار ئىكەن:

http://www.ccfc.ca.gov/pubs.htm

ئۇنىڭدىن باشقا، بالا تەربىيىسىگە ئائىت مەلۇم بىر مەسىلە ئۈستىدە ئايرىم

سوئالى بارلار بولسا، ماڭا سوئالىنى ئېلخەت ئارقىلىق ماڭدۇرۇپ بەرسە، مەن ئىنگلىزچە ماتېرىياللار ئارقىلىق ئىزدىنىپ، ئۇ سوئالغا جاۋاب تېپىشقا تىرىشىپ باقساممۇ، ھەمدە ئۆزۈم قانائەتلەنگۈدەك بىر نەرسە يازالىسام، ئۇنى تور بېتى ئارقىلىق ھەممە ئوقۇرمەنلەرگە سۇنساممۇ بولىدۇ. مېنىڭ ئالاقىلىشىش ئېلخەت ئادرېسىم: erkinsidiq@gmail.com

پەرزەنت كۆرۈشنىڭ ئۆزىلا تۆھپە ئەمەس. پەرزەنت كۆرۈپ، ئۇنى بىر جەمئىيەتكە ئەسقاتىدىغان ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ يېتىلدۈرمەسلىك بىر چوڭ مەسئۇلىيەتسىزلىك. ئۇ ھەتتا بەزىدە بىر خىل جىنايەت. مەن داۋاملىق ئۆزلىرىنىڭ شاد-خۇراملىقىنى ئىستەيدىغان ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئېھتىياجىنىمۇ ھەر زامان ۋە ھەر جايدا ئېسىدىن چىقىرىپ قويماسلىقىنى، بالىسىنى ساغلام ۋە ئەتراپلىق تەربىيىلەپ يېتىلدۈرۈشكە خۇددى بىر سىستېما ئىنژېنېرلىقى پروجېكتىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنى مۇكەممەل ئېلىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# سەلكىن تور بېتىنىڭ ئەركىن سىدىق بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەت خاتىرىسى




**سەلكىن تور بېتىنىڭ ئىلاۋىسى:** بۇ قېتىمقى سۆھبىتىمىزگە ئامېرىكا ئالەم قاتنىشى ئىدارىسى (NASA) ئوپتىكا تەتقىقات ئىنژېنېرى، ئۇيغۇرلارنىڭ پەخىرلىك ئالىمى، دوكتور ئەركىن سىدىق ئەپەندى ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. سۆھبەتتە ئەركىن سىدىق ئەپەندى ئۆزىنىڭ كەسپى تەتقىقات ئىشلىرى، بىر قىسىم دۇنياۋى ئىلغار پەن-تېخنىكا تەتقىقات يېڭىلىقلىرىنى تونۇشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ ھايات مۇساپىسى، مۇۋەپپەقىيەت يولى، ئائىلە، پەرزەنت تەربىيىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەجرىبىلىرىنى

سۆزلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر تور بېكەتلىرى ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرى، ئىنتېرنېتتىكى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇيغۇر ياشلىرىغا ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى فورمۇلىسىنى شەرھلەش بىلەن بىرگە، زور ئۈمىدلىرىنى تىلىدى.

سۆھبەت گەرچە يېپىق ھالەتتە ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ھەرساھە ياشلىرىدىن 30 دىن ئارتۇق ياش سۆھبەت نەق مەيدانىغا كېلىپ سۆھبەتنى ئاڭلىدى ۋە ئەركىن سىدىق ئاكا بىلەن بىر قىسىم مەسىلىلەر ھەققىدە ئۆز-ئارا پىكىرلەشتى. (نەق مەيدان سۆھبەتكە كەلگەن ياشلارنىڭ قىزغىنلىقى ۋە ئەستايىدىللىقىدىن ياشلىرىمىزنىڭ ئالىمىمىزغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتىنى، شۇنداقلا بىلىم ئىگىلەشكە، ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەشكە بولغان ئىنتىلىشى ۋە ئۈتتەك ئىشتىياقىنى كۆرۈۋېلىش قىيىن ئەمەس ئىدى. (سۆھبەت ئاخىرىدا بىر ئۇيغۇر شىركىتىنىڭ دىرېكتورى ئۇيغۇر ياشلىرىغا ۋاكالىتەن بۇ پەخىرلىك ئالىمىمىزغا تون كىيدۈردى. يەنە بىر ئۇيغۇر شىركىتىنىڭ دىرېكتورى ئەركىن سىدىق ئاكىغا دوپپا كىيدۈردى. سۆھبەت يۇقىرى كەيپىيات ۋە قىزغىنلىق ئىچىدە 2 سائەت ئەتراپىدا داۋام قىلدى، سۆھبەتتىن كېيىن سەلكىن شىركىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئەركىن سىدىق ئاكا ئۈچۈن ھاردۇق چېيى بېرىلدى. چايغا 20 دىن ئارتۇق ھەر ساھە ياشلار قاتناشتى ۋە ئەركىن سىدىق ئاكا بىلەن قىزغىن سۆھبەتتە بولدى.

**رىياسەتچى: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم سەلكىن تور بېكىتىنىڭ ئەزىز كۆرۈرمەنلىرى. سەلكىن تور بېكىتى «قەلب ساداسى» پروگراممىسىنىڭ يېڭى سانىنى كۆرۈشۈڭلارنى قارشى ئالىمىز. بىز بۇ قېتىمقى پروگراممىمىزغا ھەممىمىزگە تونۇشلۇق بولغان پەخىرلىك ئالىمىمىز، ئامېرىكا ئالەم قاتنىشى ئىدارىسىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئوپتىكا ئىنژېنېرى ئەركىن سىدىق ئەپەندىنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلدۇق.**

**رىياسەتچى:** ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەركىن ئاكا.

**ئەركىن سىدىق:** ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

**رىياسەتچى: ئەركىن سىدىق ئاكا، قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى چىقىرىپ، بۈگۈنكى سۆھبەتكە قاتناشقىنىڭىزغا سەلكىن تور بېكىتى ۋە بارلىق تورداشلار نامىدىن رەھمىتىمىزنى بىلدۈرىمىز. ئۇنداقتا سۆھبىتىمىزنى باشلاپ كەتسەك. ئەركىن**

سىدىق ئاكا، بىز سىزنىڭ ئۆز كەسپىڭىزدىكى دۇنياۋى ئۇتۇقلىرىڭىزدىن شۇنچىلىك پەخىرلىنىپ كېلىۋاتىمىز، ھەمدە تور ئارقىلىق بىزگە يوللاپ تۇرۇۋاتقان نادىر ماقالە-يازمىلىرىدىنمۇ ئاجايىپ زور مەنپەئەتكە ئېرىشىپ تۇرۇۋاتىمىز. بۇ جەھەتتە سىزگە چوڭقۇر تەشەككۈر ئېيتىمىز. سىزمۇ ئۇيغۇر تور بېكەتلىرىدىكى خىلمۇ-خىل سەۋىيىدىكى يازمىلارنى، پائالىيەتلەرنى، ۋە تۈرلۈك سۆز-ھەرىكەتلەرنى كۆرۈپ تۇرىدىغانسىز. توردىكى يازمىلار، پائالىيەتلەر، سۆز-ھەرىكەتلەردىن دىيارىمىزدىكى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ھازىرقى ھالىتى، سەۋىيىسى، ۋە ئىنتىلىشىنى قانداق چۈشىنىسىز، ۋە قانداق باھا بېرىسىز؟

**ئەركىن سىدىق:** ئەمدى، ھەممىمىزگە مەلۇمدەك، ئۇيغۇر مىللىتى ئىنتايىن ئاقكۆڭۈل، ساپ دىل، باشقىلارنى ئۆزىدىن ئۇستۇن قويىدىغان، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى ناھايىتى ئالىي شەرەپ دەپ بىلىدىغان ئاشۇنداق بىر مىللەت ئەمدى. مەن مۇشۇنىڭ ئۆزىنى ئۇيغۇر تور بەتچىلىكىدىنمۇ كۆرۈۋاتىمەن. ئۇيغۇر دىيارىدا شۇنداق كۆپ ئۇيغۇر تور بېكەتلىرى قۇرۇلۇپتۇ. ئۇنىڭ كۆپىنچىسىنى قىلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى سەييارە قىلىۋېتىپتۇ. ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى، پۇلىنى، زېھنىنى چىقىرىپ شۇنداق قىلغىلى تۇرۇپتۇ. ئۆزىمىزنىڭ يۇرتىغا، خەلقىمىزگە پايدىلىق بولسۇن دەپ ئەمدى. مەن شۇنداق تەسىرلەندىم. ھازىر ھەر بىر كىشى ئۇچۇن ئۆزى بىر خىزمەت ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ جېنىنى بېقىپ مېڭىشمۇ ناھايىتى مۇھىم. شۇنىڭ سىرتىدا ۋاقتىنى، زېھنىنى، پۇلىنى چىقىرىپ ئاشۇنداق قىلىشمۇ ئاسان ئەمەس. ئۇيغۇر تور بەتچىلىكىنىڭ ئۆزىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشۇنداق ئالىيجاناب خىسلەتلىرىنى كۆرۈۋالدىم. بۇ بىرسى. يەنە بىرسى، ئۇيغۇر تور بەتچىلىكى باشلانغىلى تېخى ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت بولمىدى. ئاشۇنداق تۇرۇپمۇ ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، سۈپەت جەھەتتىن، تېخنىكىلىق سۈپەت جەھەتتىن بولسۇن، مەزمۇن، قۇرۇلما ھەر قايسى جەھەتلەردىن ناھايىتى بىر ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەنلىكىدىن ناھايىتى تەسىرلەندىم. مەن بۇرۇن كونا يېزىقنى تور بەتلەرگە چىقىرىشتا خېلى قىيىنلىمىز، دەپ ئويلايتتىم. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ۋاقتىتا، بولۇپمۇ تور بەتلىرى يېڭىدىن چىققان ۋاقىتلاردا شۇنداق ئويلايتتىم. ھازىر قارىسام ئۇ ئەندىشىلەر پۈتۈنلەي يوقاپ بولدى. تور بەتلىرىدە ئىشلىتىدىغان نۇرغۇن قورال‍لار، يۇمشاق دېتال‍لار ياشلارنىڭ سەييارە ئىشلىشى ئارقىلىق شۇنداق تېز مەيدانغا كېلىپ، ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى. شۇڭا مەن ئۇنىڭدىن شۇنداق سۆيۈندۈم. ئاشۇ ئىشلارمۇ ماڭا ناھايىتى چوڭ

ئىلھام بولۇۋاتىدۇ چەت ئەلدە تۇرۇپ.

**رىياسەتچى:** ئۇيغۇر تور بەتلىرىنى كۆزىتىشكىزچە، ھازىرقى ئۇيغۇر تور بەتلىرىنىڭ ھالىتى، كۆلىمى، سەۋىيىسى، ۋە يۆنىلىشىنى قانچىلىك دەرىجىدە دەپ قارايسىز؟ ھازىرقى تور بېكەتچىلىكىمىزنى قانداق قىلغاندا ئىلغار، سەرخىل، خەلققە تېخىمۇ نەپ بېرەلەيدىغان تور بېكەتلەر سەۋىيىسىگە يەتكۈزگىلى بولار؟ بۇ ھەقتىكى تەكلىپ-پىكىرلىرىڭىزنى كەڭ-كۆشادە ئاڭلاپ باققان بولساق.

**ئەركىن سىدىق:** ئەمدى، يېقىنقى بىر قانچە يىلنىڭ مابەينىدە، تور بەتنىڭ ئۆزىدە مۇشۇنداق سۆھبەت ئېلىپ بېرىش، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان ئىلغار شەخسلەر، ئالاھىدە نەتىجە قازانغان، ياكى ئۆز كەسپىدە باشلامچى بولۇپ مېڭىۋاتقان شەخسلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش، مۇشۇنداق بىر تور سۆھبەت مەدەنىيىتىدەك بىر نەرسە ۋۇجۇدقا كېلىپ، ناھايىتى مول مەزمۇنلار يوللىنىشقا باشلىدى. بۇنىڭغا بىر مەزگىل بولۇپ قالدى. مەن بۇنى ناھايىتى ياخشى دەپ ئويلايمەن. بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى قايتىدىن بايقاش باسقۇچى، ئۆز-ئۆزىنى قايتىدىن بايقاش پائالىيىتى دەپ قاراشقا بولىدۇ. نېمىشقا دېسىڭىز، خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل ئۇيغۇرلار پەقەت ئۆزىنىڭ سەلبىي تەرەپلىرىنىلا كۆرۈپ، ئىجابىي، ئۆزىدىكى ياخشى ئىشلارنى كۆرمەي، بىر ئاز چۈشكۈنلىشىش ئەھۋاللىرى يۈز بەرگەن. يېقىندا مۇشۇ سۆھبەت ئارقىلىق، «ئۇيغۇرلاردا زادى قانداق ئادەملەر بار؟ قانداق ئىشلار بار؟» مۇشۇ ئىشلاردىن تورچىلار خەۋەر تېپىپ، «ئۇيغۇرلارمۇ بوش ئەمەسكەن، ئۇيغۇرلاردىمۇ نى-نى ئىشلارنى قىلىۋاتقان ئادەملەر بار ئىكەن» دەپ، ناھايىتى كۆپ كىشىلەرگە ئىلھام بېرىپ، بۇ جەھەتتە ناھايىتى ياخشى بىر ئىش شەكىللەندى. مېنىڭچە بولسا، بۇ جەھەتتىكى ئىشلارنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ تور بەتلىرىدىكى رولىنى تېخىمۇ ياخشىراق جارى قىلدۇرۇشقا بىر ئاز تىرىشسا، دەپ ئويلايمەن. مەن نۇرغۇن تور بەتلىرىگە قارىسام «مەشھۇر شەخسلەر بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت» دەيدىغان ئاشۇنداق بىر سەھىپىلەر بار ئىكەن. بىزنىڭ بۇ يەردە مەشھۇر شەخسلەردىن ناخشىچىلار، ئۇسسۇلچىلار، ئارتىسلار كۆپ بولغاندىكىن، كۆپىنچىسى شۇلار كۆپرەك سالماقنى ئىگىلەيدىكەن ئەمدى. مېنىڭچە، زىيالىيلارمۇ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، ئۆزىنىڭ بىلىم دائىرىسى ئىچىدە ئاممىباب قىلىپ، تولۇقسىزدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسى بار كىشىلەر چۈشىنەلەيدىغان بىر دەرىجىدە ئۆزىنىڭ بىلىمىنى خەلققە يەتكۈزۈشكە بىر تىرىشىپ باقسا، دەپ ئويلايمەن. بۇ ئىشلاردا چەت ئەلدە ناھايىتى كەڭرى. چەت

ئەلدە مەلۇم بىر كەسپىي ساھەدە نەتىجە قازانغان شەخسلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر تور بېتى بار. ئۇنى ئۆزى ياسىشى ناتايىن. ئۇلار ئادەم ياللاپ ياساتقۇزىدۇ. لېكىن، ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىنى باشقىلار پايدىلانسۇن دەپ شۇ يەرگە قويۇپ قويىدۇ. مېنىڭچە ئۇيغۇر دىيارى پۈتۈن دۆلەت مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بەك چوڭ يەرمۇ ئەمەس. كىتاب-ژۇرناللارنىڭ تارقىلىشى ئۇنچە يۇقىرى ئەمەس. ئاشۇنداق بولغاندىكىن، بۇ ساھەدە تور بېتى ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ، دەپ ئويلايمەن. شۇڭا زىيالىيلارمۇ مۇشۇ قوشۇنغا كېلىپ، ئۆز بىلىمى خەلققە بېرىش، بىلىمنىڭ زاكىتىنى بېرىش، مۇشۇ ساھەدە بەكرەك كۈچىسە، دەپ ئۈمىد قىلىمەن.

**رىياسەتچى:** ئۇنداق بولسا سىز ھازىر چەت ئەللەردىمۇ ئۆزىنىڭ ئايرىم تور بېكەتلىرى بار دەپ ئۆتتىڭىز. ئۆزىنىڭ مەزمۇنلىرىنىلا تورغا چىقىرامدۇ، ياكى ئۇنىڭدىن سىرت مەزمۇنلارنىمۇ تورغا چىقىرامدۇ؟ مەسىلەن، كىشىلەرگە مەنپەئەت، زوق بېرىدىغان، خەلققە پايدىلىق مەزمۇنلارنىمۇ تورغا چىقىرامدۇ؟

**ئەركىن سىدىق:** مېنىڭ كۆرگەنلىرىمدە، ئۆزىنىڭ تەتقىقات مەزمۇنلىرىنى ئاسان قىلغان، شۇ ئاساستا ئاشۇ بىر ساھەدىكى بىلىمنى كەڭ دائىرىدە باشقىلارغا تونۇشتۇرۇش تور بەتلىرى بەك كۆپ. ھازىر بىر تور بەتلىرىگە كىرىپ، بىر ئۇچۇر لازىم بولۇپ قالسا، مۇھىم سۆزلەرنى كىرگۈزۈپ ئىزدىسىڭىز نۇرغۇن تور بەتلىرى چىقىدۇ. سىز ئىزدىگەن بىلىمنىڭ ھەممىسىنى چىقىدۇ-دە تور بېتىدىن. شۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقىدەك كۇتۇپخانىلارغا بېرىپ ماتېرىيال ئىزدەيدىغان ئىشلار تۈگەپ كەتتى ھازىر، ھەممىسى تور بەتلىرىدە بولغانلىقى ئۈچۈن. مېنىڭ بىر دىققەت قىلغىنىم، ئۆزۈم بەزى بىر كىشىلەرنىڭ كىتابلىرىغا بىر ئاز قىزىقىپ، ئىسمىنى بىر يەردىن ئاڭلاپ، ئۇنىڭ قانداق ئەسەرلىرى باردۇ، دەپ ئىنتېرنېتقا كىرگۈزۈپ ئىزدەپ باقسام، بىردەمدىلا نۇرغۇن ئۇچۇرلارنى چىقىرىپ بېرىدۇ. بىردەمنىڭ ئىچىدىلا شۇ ئادەم توغرۇلۇق نۇرغۇن ئۇچۇر تاپالايمەن-دە. بەزى بىر قىسىملىرى ئۆزلىرى قۇرغان تور بەتلىرىدە بار ئىكەن. شۇلارنى كۆرۈپ شۇنداق تەسىرلەندىم. بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىزمۇ خېلى بار. مۇشۇ جەھەتتە تېخىمۇ چوڭراق رول ئوينىسا، دەپ ئۈمىد قىلىمەن.

**رىياسەتچى:** سىز چەت ئەلدە يۈز تۈرلۈك، ۋە تور ۋاستىسى ئارقىلىق نۇرغۇن ئۇيغۇرلار بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرىسىز. ئۆزىڭىزنىڭ تەجرىبىلىرى، ۋە تەھلىللىرى ئاساسىدا چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىر ئىلمىي، مەدەنىي، ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىنى قانداق باھالايسىز؟

**ئەركىن سىدىق:** چەت ئەللەردە ئوقۇپ بىرەر ئۇنۋان ئېلىپ، ئۇ بۇ يەردە ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ باقىدىغان بولساق، ئومۇمىيۈزلۈك قىلىپ ئېيتقاندا ئەھۋالى ئىنتايىن ياخشى. ئۇلار ھەممىسى ئۆزىنىڭ خىزمەت ئورۇنلىرىدا ناھايىتى ئىلغار شەخسلەردىن بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. مەن بۇنى ئۆتكەندە بىر يازمامدا ئازراق خۇلاسىلەپ قويدۇم. تولۇق خۇلاسە ئەمەس، ئۆزۈمنىڭ بىلگەنلىرىنى كىرگۈزۈپ قويدۇم. ئىشقىلىپ، ناھايىتى ئىلغار. بۇ بىر تەرەپ. ئىككىنچى بىر تەرەپ، چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارمۇ ئۆزىنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ كەلگۈسىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىمكان بار ئۆزى ياشىغان رايوندا بىر ئۇيغۇر جەمئىيىتى شەكىللەندۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيىتى بويىچە ياشاش، باللارغا ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئۆگىتىش ئىشىنى خېلى كەڭ تۈردە ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق بىر ئىش ھازىر ھەممە يەردە شەكىللىنىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلار بىر ئاز توپلىشىپ ياشايدىغان ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە. مەسىلەن، 5 ئائىلىدىن كۆپرەك ئۇيغۇر ياشايدىغان بىر رايون بولسا، مۇشۇنداق بىر ئىش شەكىللىنىۋاتىدۇ. مۇشۇ يەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتىمىز بويىچە. ئەمەلىيەتتە بىر قىسىم ئۆرپ ئادەتلىرىمىزنى بۇ يەرگە قارىغاندا بەكرەك ساقلاۋاتىدۇ. مەسىلەن چەت ئەلدىكى قىزلارنىڭ ھەممىسى تاماق ئېتىشكە ئىنتايىن ئۇستا. ئۇيغۇر تامىقى باشقا يەردىمۇ يوق. شۇنداق بولغاچقا، مېھماندارچىلىق ئوينىغاندا، بازاردىن ئەكېلىدىغان تاماق يوق، شۇڭا ھەممىسى ئۆيدە ئېتىدۇ. بۇ يەردە ئەتىۋارلىق چوڭ بولۇپ، قازان بېشىغىمۇ يېقىن بارماي چوڭ بولغان، چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن قىزلار تاماقتا ئىنتايىن ئۇستا بولۇپ كېتىپ بارىدۇ. ھەممىسى ئۇيغۇر تائاملىرى. بىزنىڭ مۇشۇ لەغمەن، پولۇ، مانتا، چۆچۈرە دېگەندەك. تاماقتا شۇنداق ئۇستا. بۇ يەردىكى قىزلارنى بىر ئاز ئۇنتۇپ قالدى، دەپ ئاڭلىدىم. بۇ جەھەتتە چەت ئەلدە ئۇيغۇرلار ئۆزىمىزنىڭ ئادىتىنى، ئەنئەنىسىنى ئوبدان ساقلاپ مېڭىۋاتىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

**رىياسەتچى:** مۇشۇ ھەقتە بىر مىسال ئېلىپ سۆزلەپ بېرەمسىز؟

**ئەركىن سىدىق:** مەسىلەن، بىز تۇرۇۋاتقان لوس ئانژېلىستىمۇ 18 ئائىلىدەك ئۇيغۇرلار بار. بىز ئۇ يەردە ياشىغاندا ئادەتتە بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز يۇرتىمىزدىكىگە ئوخشمايدۇ. بىزنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۇ يەردە مەۋجۇت ئەمەس. بىز پۈتۈنلەي چەتئەللىكلەر بىلەن تۇرىمىز، چەتئەللىكلەر بىلەن ئىشلەيمىز. شۇنداق بولغاچقا، ئادەتتە بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەدەنىيەتسىز ياشايمىز دېسەك بولىدۇ. بىزنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى يوق ئۇ يەردە.

ئۇيغۇرلار بەك ئادەم سېغىنىدىغان بىر مىللەت ئەمدى، بىز مۇشۇنداق بىللە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىشنى ياخشى كۆرىمىز. مۇشۇنداق بىر مەدەنىي پائالىيىتىمىزنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ يەردىمۇ ئولتۇرۇشلار بولىدۇ. بەزىدە نەزىر بولىدۇ. توي ئانچە بولمايدۇ. مەن ئامېرىكىغا چىققاندىن بۇيان 2-3 تويغا قاتنىشىپ باقتىممىكىن. ئۇ يەردىكى توي بىلەن بۇ يەردىكى تويىنى سېلىشتۇرۇش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئۇ يەردە توي كۆپ ئاددىي. بۇ يەردىكىگە ئوخشىمايدۇ. بىر نەرسە، بىز بىر يەردە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىپ قىلىش ئۈچۈن، بىزنىڭ لوس ئانژېلىستىمۇ ئالدىنقى يىلى ئاياللار چېيى باشلانغان. ئۇ يەردىكى ئاياللارنىڭ كىچىك بالىلىرى بارلار كۆپ. 4 ياشلىق، 6 ياشلىق بالىلىرى بارلىرى كۆپتە. شۇنداق بولغاچقا، ئاياللار نۆۋەتلىشىپ بىر يىلدەك چاي ئوينىدى، ئايدا بىرەر قېتىپ چاقىرىشىپ. ئەرلەر ئۆيدە بالا باقتى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ يىللاردىن ئەرلەرنىڭ قورسىقى كۆپۈپ، «بىز بالا بېقىپ ئولتۇرىمىزمۇ، بىزمۇ ئوينايلى» دەپ، بۇ يىل بالىلارنى ئاياللارغا قويۇپ قويۇپ، ئەرلەر ئويناۋاتىمىز. ئاشۇنداق قىلساق، بىز تاماقلارنى ھەممىسىنى ئۆيدە ئېتىمىز. سىرتتىن ئەكېلىدىغان، ئاغزىمىزغا تېتىيدىغان تاماقلارمۇ يوق. تاپقىلى بولمايدۇ. پولۇ، مانتا، سامسا، چوڭ تەخسىلىك توخۇ گۆشى قورۇمىسى قاتارلىق تاماقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆيدە پىشۇرۇپ، ناھايىتى مېھماندوست ئۆتىمىز. سورۇنىمىزمۇ مول ئۇ يەردە. لېكىن، بۇ يەردىكىدەك ئىسراپ قىلمايمىز، لېكىن خېلى مول. ئاشۇ تاماقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆيدە چىقىرىمىز. ئاشۇنىڭ بىلەن، بىز بىر تەرەپتىن تاماق يەپ، بىر تەرەپتىن پاراڭلىشىپ دېگەندەك ئولتۇرىمىز. شۇ ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە بولغان سېغىنىشىمىزنى قاندۇرۇۋالىمىز.

**رىياسەتچى:** بىلىشىمچە، سىز بىر تەبىئىي-پەن ئالىملا ئەمەس، يەنە بىر مائارىپچى، مائارىپ تەتقىقاتچىسى، ھەمدە يارامىلىق ئىككى پەرزەنتنى تەربىيىلەپ كېلىۋاتقان يارامىلىق دادا. مۇشۇ نۇقتىلاردىن، پەرزەنت تەربىيىلەش، ئائىلە مائارىپىدىكى ئاساسلىق تەشەببۇس ۋە تەجرىبىلىرىڭىزنى كونكرېت سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز.

**ئەركىن سىدىق:** رەھمەت، سىزنىڭ بايامقى بارلىق گەپلىرىڭىزنى ماڭا بىر رىغبەت، دەپ چۈشىنىمەن. مەن يەنىلا بىر ئاددىي ئوپتىكا ئىنژېنېرى. قالغان نەرسىلىرىمنى قوشۇمچە قىلىۋاتىمەن. مەخسۇس تەتقىقات قىلىپ ئېلىپ بېرىۋاتقان يېرىم يوق. مەن ۋەتەنگە قايتىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ مەندىن بالا تەربىيىلەش توغرۇلۇق كۆپ سوئاللار چۈشۈۋاتىدۇ. مەن ئۆزۈمنى ھازىرغىچە بالا

تەربىيىلەشتە بىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغان دادا، دەپ ھېسابلىمايمەن. بالىمىزنىڭ قانداق چىقىدىغانلىقىنى كەلگۈسىدە كۆرىمىز. شۇنداق بولسىمۇ، بۇنى ئەينى ۋاقىتلاردا نەزەرىيە نۇقتىسىدىن كۆپ ئويلىمىغان. لېكىن، ئاتا-ئانا ئۇچۇن بالا ئەڭ قىممەتلىك. بالا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىسا، ئاتا-ئانا ھەرگىز مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالمايدۇ، ئۆزىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ھېسابلىمايدۇ. ئاشۇنداق بولغاچقا بىز بالىغا بۇرۇندىن تارتىپ كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن. يېقىندا بۇ ئىش توغرۇلۇق بىر يۇقىرىراق سەۋىيىدە ئويلىنىپ باقتىم. زادى مۇشۇ ئائىلە مۇناسىۋىتىنى قانداق ئورۇنغا قويۇش كېرەك، دېگەن ئىش ئۈستىدە ئويلىنىپ باقتىم. چەت ئەللىكلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئامېرىكىلىقلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئائىلىگە بولغان مۇئامىلىسىنى بىر ئاز كۆزىتىپ باقتىم. مېنىڭ يازمىلىرىمنى ئوقۇپ باققانلار بىلىشى مۇمكىن، مەن مۇشۇ ئائىلىدىكى مۇناسىۋەت، ۋە خىزمەت مۇشۇلارنى بىر تىزىپ چىقتىم، قايسىسى ئەڭ مۇھىم دېگەنگە. شۇنىڭدا ئەر ئۇچۇن ئايالى ئەڭ مۇھىم، ئايالى ئۇچۇن ئېرى ئەڭ مۇھىم، بۇ 1-ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىككىنچىسى بالا، ئۈچىنچىسى ئاتا-ئانا، تۆتىنچىسى خىزمەت. ئۇنىڭدىن كېيىن دوست-بۇرادەر، تۇغقانلار بويىچە ماڭىدۇ، دەپ تىزىپ چىقتىم. ئامېرىكىدا بۇ ئىش ناھايىتى ئېنىق. ئەر-خوتۇن ئىككىسى ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، ئىككىنچى بالا. شۇنداق بولغاچقا بالا تەربىيىلەشنى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ تۇرۇپ قارايدۇ. بالا تەربىيىلەشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ قارايدۇ، دېگەندە ئەمدى، بالا ئاشۇنداق مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ. مەن بايا دېگەن گەپلەرنىڭ ئىچىدە ئويۇن-تاماشىنى تىزمىدىم، ئويۇن-تاماشا يوق بۇنىڭ ئىچىدە. ئويۇن-تاماشا دېگەن جىق ئارقىسىدا كېلىدىغان نەرسە-دە. ئاشۇنداق بولغاچقا، ئالدى بىلەن پۈتۈن كۈچى بىلەن بالىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، ئېشىنغاندا ئاندىن باشقا بىرسىنى قىلىمىز دېگەن گەپ. بۇ ئىشلار ئامېرىكىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئاشۇنداق. مەيلى ياپونلۇقلار بولسۇن، مەيلى ئامېرىكىلىقلار بولسۇن، بىر بالا تۇغۇلغاندىكىن، ئانا كۆپىنچە ئەھۋاللاردا ئىشلىمىسىمۇ ئوبدان جېنىنى بېقىپ ماڭالىغانلىقى ئۈچۈن. بىرىنچىدىن ئىشلىمەيدۇ، ئىككىنچىدىن بالىنى ئاشۇنداق تەربىيىلىمىسە يۇقىرى سۈپەت بىلەن تەربىيىلەنمەيدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن ئانا پۈتۈن كۈن پۈتۈن كۈچىنى بالىغا قارىتىپ تۇرۇپ، بالا تەربىيىلەيدىغان گەپ. ئاشۇنداقكەن. ئاق تەنلىكلەرنىڭ بالىلىرى شۇنداق ئەدەپ-ئەخلاقلىق. ئۇلارغا كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ نېمە توغرا، نېمە خاتا، بىردىن-بىردىن ئۆگىتىدۇ. ياپونلۇقلارمۇ شۇ. بىر

كىچىككىنە خاتالىقنى تېپىۋالسا، «بالام ماۋۇ ئىشنى خاتا قىلدىڭ، بۇنى مۇنداقراق قىلىسەن» دەپ بىردىن ئۆگىتىدۇ. تىللاپ، ئۇرۇپ قىلمايدۇ، بەلكى سىلىقلىق بىلەن ئۆگىتىدۇ. شۇنداق قىلغاندىكىن، ئۇلار كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا نېمىنىڭ ياخشى ئىش، نېمىنىڭ ئەسكى ئىش ئىكەنلىكىنى ئۆگىنىپ چىقىدىغان گەپ. بۇ بىرسى. ئىككىنچىسى بالىنىڭ كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ مۇستەقىل ئىش قىلىش، بىر ئاز تەۋەككۇلچىلىك قىلىش ئىشلىرىغىمۇ ئاتا-ئانىلار ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ. بولۇپمۇ بالىنى رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرۇش ناھايىتى مۇھىم. سىلەر ماۋۇ ھوللىۋودتىكى يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان ئوسكار مۇكاپاتىنى بېرىش مۇراسىمىنى كۆرۈپ باقتىڭلارمىكىن. شۇ مۇكاپاتنى ئېلىشقا چىققانلارنىڭ دېگەن سۆزلىرىگە دىققەت قىلىپ باقساڭلار، ئۇلارنىڭ بىرىنچى بولۇپ دەيدىغىنى «مەن ئالدى بىلەن ئاتا-ئانامغا رەھمەت ئېيتىمەن، ئۇلارنىڭ مېنى كىچىك ۋاقتىمدىن باشلاپ رىغبەتلەندۈرۈپ، بالام سەن مۇشۇ ئىشنى قىلالايسەن، قىلالايسەن ... دەپ تۇرغىنىغا رەھمەت ئېيتىمەن»، دەيدۇ. دېمەكچى، ئاشۇ كىشىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىدا، ئاتا-ئانىنىڭ كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرۇشى ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان گەپ. ئامېرىكىدا بالىنى شۇنداق تەربىيىلەيدۇ. بالىنى «سەن بۇ دۇنيادىكى ھەممە ئىشنى قىلالايسەن» دەپ تەربىيىلەيدۇ. سەن دۆت، دېمەيدۇ. سەن ھەممە ئىشنى قىلالايسەن، دەپ تەربىيىلەيدۇ. ئۆتكەندە مەن بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ، بىر خانىم مەندىن سوئال سورىغان ئىدى. مەن بىر مىسال كەلتۈرۈپ قويدۇم. بەزى چاغدا بالىڭىز سىزنى بەزى ئىشتا يالغانچىلىق قىلىپ سىزنى ئالدىدى، سىزنى گوللىدى. سىزنى ئالدىغانلىقىنى سىز ئۇقىسىز. شۇنداق بولسىمۇ، سىز بالىڭىزنى ئەيىبلىمەي، چاندۇرماي تۇرۇپ، «بالام سەن قالتىس قىلىۋېتىپسەن» دەپ چاندۇرماي تۇرغىنىڭىز ياخشى. چاندۇرماي تۇرۇپ سەل ئۆتكۈزۈۋەتكەندىن كېيىن، «بالام ماۋۇ ئىشنى مۇنداق قىلساڭ خاتا. يالغان گەپ قىلساڭ خاتا» دېسىڭىز بولىدۇ. ئاۋۇ ئىشتا ئۆزىڭىزگە نىسبەتەن، «ئاۋۇ ئىشنى قالتىس قىلىۋېتىپسەن» دېيىشىڭىز كېرەك. شۇنداق قىلسىڭىز بالا «ئاتا-ئانامنى گوللىيالىدىم»، دەپ بىراقلا ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ئاشىدۇ. شۇڭا، بۇ يەردىكى مۇھىم نۇقتا نېمە دېگەندە، ھەرگىز بالىنىڭ ئىشەنچىنى يەرگە ئۇرماسلىق كېرەك، ھەر قانداق ئەھۋالدا. يەرگە ئۇرۇش ئەمەس، ئەكسىچە ئۇنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك (بالىنىڭ ئۆز-ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى). ئاشۇنداق قىلسا، بالا چوڭ بولغاندا بالا چوڭ-چوڭ ئىشلارنى قىلالايدىغان بولۇپ چوڭ بولىدۇ.

مېنىڭ يەنە بىر كۆڭۈل بۆلگەن تەرىپىم، بىز ئاز ئۇقۇپ تۇرۇپ ھازىرغىچە قىلىپ كەلگەن ئىشىمىزنىڭ يەنە بىرى، ئاتا-ئانىنىڭ بالىغا ئۈلگە بولۇشى. بۇ بەك مۇھىم. مەن بەك ئادىل، ئۆيدىمۇ ئادىل، سىرتتىمۇ ئادىل، بالامغىمۇ بەك ئادىل. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۆزۈمنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىپ، بالىنى ئۆزۈمدىن يۇقىرىراق ئورۇنغا قويۇپ كەلگەن بولغاچقا، ئۇلارمۇ تەبىئىي ھالدا بىزگە نىسبەتەن بىزنىڭ گېپىمىزنى ئاڭلايدىغان، بىزنىڭ دېگىنىمىز بويىچە ئىش قىلىدىغان، ياخشى تەرەپكە يۈزلىنىدىغان بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

بالا تەربىيىلەش بىر چوڭ ئىلىم. ئۇنى بۇ يەردە 5-10 مىنۇت ئىچىدە سۆزلەپ بولغىلى بولمايدۇ. يېقىندا بىر نەچچە دوستلار ماڭا مۇشۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بالىنى قانداق تەربىيىلىسەك بولىدۇ، بولسا مۇشۇ توغرىسىدا ئىزدىنىپ باقسىڭىز بوپتىكەن، دەپ. خۇدايىم بۇيرۇسا، قايتىپ بارغاندىن كېيىن مۇشۇ توغرىسىدا بىر ئاز ئىزدىنىپ، بالىنى قانداق تەربىيىلەش توغرۇلۇق بىر نەرسە يازاي، دەپ ئويلاۋاتىمەن. مەن بىر ئوپتىكا ئىنژېنېرى، نېمە سورىسا چىقىۋېرىدىغان ئادەم ئەمەس. ئۆزۈمدە ئۇنداق بىلىملەر يوق. شۇنداق بولسىمۇ، ئىنگلىزچە ماتېرىياللارنى كۆرەلىگەندىكىن، بىر ئاز ئىزدىنىپ، ماتېرىيال توپلاپ، شۇنى بىر يېزىپ چىقىپ يوللاپ بېرەي، دەپ ئويلاۋاتىمەن.

**رىياسەتچى:** كىشىلەردىن ئاڭلىشىمچە، ھەممىمىز شۇنداق دەيمىزغۇ، ئادەتتە چەت ئەللىكلەر بالىلىرىنى كىچىك ۋاقتىدا نېمىگە قىزىقسا (بىزنىڭ بۇ يەردە توققۇز يىللىق مەجبۇرى مائارىپ دەپ، باشلانغۇچتىن تولۇق ئوتتۇرىغىچە بولىدىغۇ) شۇنىڭغا بېرىۋېتىدۇ دەيدىكەن ...

**ئەركىن سىدىق:** ئۇ دېگىنىڭىز توغرا. مەن يۇرتقا كەلگەندىن كېيىنمۇ بۇ سوئال ماڭا بىر نەچچە قېتىم چۈشتى. ماڭا بىر نەچچە ئەھۋاللارنى دەپ، «مەن كەسپىنى قانداق تاللىسام بولىدۇ؟ مەن دوختۇرلۇق قىلغىنىم ياخشىمۇ؟ مەسىلەن كلىنىكىلىق دوختۇر بولغىنىم ياخشىمۇ، ياكى چىش دوختۇرى بولغىنىم ياخشىمۇ؟ ياكى دورىگەرچىلىكتە ئوقۇغىنىم ياخشىمۇ؟ سىزچە قايسى ياخشى؟» دەپ سورىغانلار بار. مەن دەرھاللا ئۇلارغا «سىز ئولتۇرۇپ، يۈرىكىڭىزدىن سوراپ بېقىڭ. ئۆزىڭىزنىڭ قايسىسىنى قىلغۇڭىز بار؟» دەپ سورىدىم. ئامېرىكىدا ئاتا-ئانىنىڭ بالىنى تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتى بار. بولۇپمۇ 18 ياشقا كىرگۈچىلىك بالىغا ئوبدان قاراپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ئېھتىياجىدىن چىقىپ، بايا دېگەندەك مۇھىم ئىشلاردا بالىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ بالىسىنى ناھايىتى ئوبدان كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ

قايسى جەھەتتە ئالاھىدىلىكى بار، قايسى جەھەتتە ئاجىز، ئاجىز تەرەپلىرىنى قانداق قىلغاندا تولۇقلاپ كەتكىلى بولىدۇ، ئۇنى قانداق يېتىلدۇرگىلى بولىدۇ، مۇشۇ جەھەتتىن بالىنى ناھايىتى ئىنچىكە كۆزىتىدۇ بۇلار. ئاشۇنداق قىلىپ يۈرۈپ، 18 ياشقا كىرگۈچىلىك بالىنى ئىنتايىن بەلەن باقىدۇ. 18 ياشقا كىرگەندىن كېيىنلا چىقىرىۋېتىدۇ ئۆيدىن، بالا ئۆز-ئۆزىنى باقىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھاياتقا تۇتقان پرىنسىپى، 18 ياشقا كىرگۈچىلىك بالىنى ئوبدان تەربىيىلەيدۇ ئۇلار، 18 ياشتىن كېيىنكى ئىشلىرىنى بولسا پۈتۈنلەي بالىنىڭ ئۆزىگە قويۇپ بېرىدۇ. بولۇپمۇ، كەلگۈسىدە نېمە ئىش قىلىش توغرۇلۇق قارار چىقىرىشتا، ئۇ قارارنى بالا ئۆزى چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبى نېمە دېگەندە، ئاتا-ئانا بەرىبىر بالىدىن بالدۇر تۈگەپ كېتىدۇ. قىلىدىغان خىزمەتنى بالا قىلىدۇ-دە، ئۇنى ئاتا-ئانا قىلمايدۇ. ئاشۇنداق بولغاچقا، ئۇنى بالا ئۆزى تاللىمىسا، ئەگەر ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان بىرەر كەسىپكە كىرىپ قالسا، ئۇ خىزمەتنى ئىشلەش بالا ئۈچۈن بىر ھۇزۇرلۇق بولمايدۇ، بەلكى ئۇ بىر ئازاب بولىدۇ. ھەر كۈنى ئىشقا بارغۇسى كەلمەيدىغان، ئىشقا بويىنىنى تارتقاندەك بارىدىغان، ئىشنى ياخشى قىلالماي چۈشكۈنلىشىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئامېرىكىلىقلارنىڭ كۆز-قارىشىدا، خىزمەتنىڭ ئۆزىمۇ بىر ھۇزۇرلىنىش جەريانى. نېمىشقا دېسىڭىز، ئاشۇ ئۆزى ئۈچۈن ھۇزۇرلىنىدىغان ئىشتە. كىشىلەر تولا خىزمەت ئالمىشىپ يۈرۈپ، ئۆزى نېمىگە قىزىقىدۇ، نېمىنى ئەڭ ياخشى قىلىدۇ، مۇشۇنى تەخمىنلاشتۇرۇپ تەكشەش ئۈچۈن، نۇرغۇن خىزمەت ئالماشتۇرۇپ يۈرۈپ، ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان، ئۆزى ئەڭ ياخشى قىلالايدىغان مۇشۇ ئىككىسىنىڭ بىرلەشمىسى، مۇشۇنى تېپىپ، شۇ يەردە تۇرىدۇ. شۇنىڭدا ئۆمۈر بويى ماڭىدۇ. شۇڭا بۇ بەك مۇھىم. ئاتا-ئانىلار بالىغا كەسىپ تاللاش ئىشىدا بىر ئاز يول كۆرسەتسە بولىدۇ. مەسىلەن ماۋۇ كەسىپ مۇنداق، ئاۋۇ كەسىپ ئانداقكەن، بالام سېنىڭ قايسىسىنى قىلغۇڭ بار دەپ، قىلسا بولىدۇ. لېكىن، مەجبۇرى كەسىپنى تاڭسا مېنىڭچە توغرا ئەمەس. نېمىشقا دېگەندە، ئۇ كەسىپنى قىلىدىغىنى ئاتا-ئانا ئەمەس، بالا ئۆزى-دە. شۇڭا بالا تاللىغىنى ياخشىراق، دەپ ئويلايمەن.

**رىياسەتچى:** ئۇنداق بولسا ئەركىن سىدىق ئاكا، سىزدىن بىر سوئالنى سورىغۇم كېلىۋاتىدۇ. سىز كىچىك ۋاقتىڭىزنى باشلاپ ئۆزىڭىزگە بىر فورمۇلانى تۈزۈپ كەپتىكەنسىز. مۇشۇ ئەسلىمىلىرىڭىزنى بىر ئەسلەپ ئۆتسىڭىز بوپتىكەن.

**ئەركىن سىدىق:** بولىدۇ. ئۇ فورمۇلا قانداق كېلىپ چىققان دېسىڭىز، مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇش جەريانىدا بىر-ئىككى يىللاردىن كېيىن

ئۆگىنىش، ئۆزۈمنىڭ تىل ۋە كەسىپ ئۆگىنىشى، ئوقۇغۇچىلار خىزمىتى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر ئاز كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدىم. شۇ چاغدىمۇ نۇرغۇن باللار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزەتتىم. «سىز قانداق قىلدىڭىز؟ بۇ ئىشتا قانداق قىلغاندا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغىلى بولىدۇ؟» دېگەن سوئاللار كۆپ چۈشەتتى. بۇ ئىش ئۈستىدە ئازراق ئويلىنىپ بىر تەڭلىمە تۈزۈپ باققان شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە. مۇۋەپپەقىيەت دېگەن تالانت، تىرىشچانلىق، ۋە پۇرسەتتىن ئىبارەت مۇشۇ 3 نەرسىنىڭ يىغىندىسىغا تەڭ، دەپ بىر فورمۇلانى تۈزۈپ چىققان ئىدىم. ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن شۇنداق بىر خۇلاسىگە كەلگەن. ئۇ خۇلاسەمنى بىر قېتىم يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى كۈتۈۋېلىش مۇراسىمىدا يوغان بىر قەغەزگە يېزىپ ئوتتۇرىغا چاپلاپ قويغاي، دەپمۇ ئويلاپ باققان. ئۇ چاغدا مەن ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولغاچقا شۇنداق قىلالايتتىم. لېكىن ئۇنداق قىلماپتىكەنمەن. شۇنداق بىر تەڭلىمە تۈزۈپ چىققان. يېقىندا ئۇنى سەل مۇرەككەپرەك قىلىۋەتتىم. لېكىن، ئاشۇ تەڭلىمە هازىرمۇ كۈچكە ئىگە. ئەقىل (تالانت)، تىرىشچانلىق، پۇرسەت. ئۇيغۇرلار ئۈچۈن پۇرسەتنىڭ سالمىقى بەك ئېغىر توختايدۇ. پۇرسەت جەھەتتە ناھايىتى جىق كۈچىمىسەك پۇرسەت قولغا كەلمەيدۇ. لېكىن ئاشۇ تەڭلىمە هازىرمۇ كۈچكە ئىگە دەپ ئويلايمەن. بۇ تەڭلىمە بىرەر مەسىلىنى ھەل قىلىپ بەرمەيدۇ. پەقەت ھەل قىلىپ بېرىدىغان نەرسە نېمە دېسە، مەسىلەن، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلار ئالىي مەكتەپكە شۇنداق تاللىنىپ كىرگەن-دە. نۇرغۇن ئىمتىھان بېرىپ، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىن تاللىنىپ كىرگەن. ئۇلۇشكۈن مەن ئىگىلەپ باقسام، بىرەر مىڭ ئوقۇغۇچى ئىلتىماس قىلسا، قوبۇل قىلىنىدىغىنى 40% دەك بولامدىكىن، ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئازمىكىن، ئاشۇنداق بىر گەپنى ئاڭلىدىم. دېمەكچى بولغىنىم، شۇنداق ئەقلى ياخشى باللار تاللىنىپ كىرىدىكەن. شۇڭا بۇ شەرتنى هازىرلىدى دېگەن گەپ. ئىككىنچىسى تىرىشچانلىق. پۇرسەتمۇ بار بولۇپ، ئەقىلمۇ بار بولۇپ، تىرىشچانلىق بولمىسا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغىلى بولمايدۇ. مېنىڭ ئاساسلىق دېمەكچى بولغىنىم ئاشۇ يەردە. شۇڭا تىرىشچانلىق جەھەتتە ھەممە ئادەم ئوبدان ئويلانسا بولىدۇ.

**رىياسەتچى:** بىزنىڭ كونا چۈشەنچىمىز بويىچە، تەبىئىي پەن بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارنىڭ قولىدىن ئاممىباب، ئەدەبىي ماقالىلەرنى قاملاشتۇرۇپ يېزىش تازا كەلمەيدۇ، دەپ ئويلاپ كېلىۋاتقان ئىدۇق. سىز ماقالە يېزىشتىكى بۇ جانلىق ئۇسلۇب ۋە قابىلىيەتنى قانداق يېتىلدۈرگەن؟ ماقالە يېزىش ھەققىدىكى

تەشەببۇسلىرىڭىزنى ئۆز ئاغزىڭىزدىن ئاڭلاپ باققان بولساق.

**ئەركىن سىدىق:** مەن ئۇنى ئۇيغۇر تىلىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇغان ۋاقتىمدا يېتىلدۈرگەن. ھازىر ئويلاپ باقسام، ئاقسۇ 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئەدەبىياتنى ناھايىتى ياخشى ئۆتۈپتىكەن. نېمىشقا بۇنداق دەيسىز دېسىڭىز، مانداق ماقالىنى مانداق يېزىش ھازىر قىلىدىغان ئىش ئەمەس. مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدىمۇ ئانچە-مۇنچە بىر نەرسىلەرنى يازاتتىم. «شىنجاڭ مائارىپ ژۇرنىلى» غا، «ياشلار ژۇرنىلى» غا يازاتتىم. ئۇ چاغدا تەكلىپ قىلغان چاغدا يازغان. ئۇنىڭدىن باشقا، مېنىڭ بىر ماقالەم بار ئىدى، «مەن قانداق ئۆگەندىم؟» دەيدىغان. ئۇ بىر ماقالىنى ئېلان قىلغان ئىدىم. ئۇنىڭدىن باشقا، «تەبىئىي-پەن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىش ئۇسۇلى» دەپ بىر پارچە ماقالە يازغان. شۇ چاغدىمۇ شۇ ماقالىلەرنى يازسام، تەھرىرلەيدىغانلار ئانچە كۆپ ئۆزگەرتمەيلا باساتتى. جىق قىسقارتىۋېتەتتى مېنىڭ نەرسىلىرىمنى، لېكىن قۇرۇلمىسىنى ئۇنچىۋالا ئۆزگەرتىۋەتمەيتتى. شۇ چاغدىمۇ ئامىباپ يازىدىكەندۇقمەن.

چەت ئەلگە چىقىپ كىتابلارنى دائىم ئوقۇپ تۇرىمەن. پەلسەپىلىك، كىشىلىك ھايات، مۇۋەپپەقىيەت، داھىي دېگەنگە ئوخشاش كىتابلارنى ئوقۇپ تۇرىمەن. ئاشۇلارنى ئوقۇپ باقسام، شۇنچىلىك داڭلىق ئادەملەر يازغان كىتابلارنى كۆرسىڭىز ئۇنىڭ تىلى شۇنچىلىك ئاددىي. شۇ كىتاب ئۇيغۇرچە بولۇپ قالسا، بىزنىڭ مۇشۇ ئۇيغۇر دىيارىدىكى تولۇقسىزنىڭ باللىرى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدۇ ئاشۇ كىتابلارنى. شۇنچىلىك ئاددىي تىلدا يازىدىكەن. مۇنداق ئويلاپ باقسىڭىز ئەقىلگە مۇۋاپىق نەرسە ئىكەن. نېمىشقا دېسىڭىز، ئانداق تۇرمۇشقا ئائىت، پەلسەپىۋى كىتابلارنى ئادەتتە ھەممە ئادەم ئوقۇسۇن، دەپ يازىدۇ يازغان ئادەم. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەممە ئادەم ئوقۇپ چۈشىنىشى ئۈچۈن، ئاددىي تىلدا يازمىسا ئۇنداق قىلغىلى بولمايدىغان گەپ. بىزنىڭ بۇ يەردە يېزىلغان بەزى كىتابلارنى خېلى ئوبدان سەۋىيىسى بولمىسا ئوقۇپ چۈشەنگىلى بولمايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى ئوقۇيدىغان ئادەم ئاز، ئۇنىڭ ئۈنۈمىدىن پايدىلىنىدىغان ئادەم ئاز بولىدۇ دېگەن گەپ. ھازىر ئامېرىكىدا ئاۋۇ ئىشنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇ ئىشقا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغان بولدۇم. ئىمكان بار ئاددىيراق سۆزلەرنى ئىشلىتەي، دەپ ئويلايمەن. يەنە بىر تەرەپ، مەن بىر تەبىئىي پەنچى ئادەم. ھازىر ۋەتەندىن ئايرىلغىلىمۇ 25 يىلدىن ئېشىپ كەتتى ماڭا. 1983-يىلى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈردۈم. 1985-يىلى ياپونىيەگە

كەتتىم، 24 يىل بويىتۇ ئۇيغۇر دىيارىدىن چىقىپ كەتكىلى. شۇنداق بولغاچقا، مېنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ يېقىنقى سۆزلۈكلىرىدىن ئانچە خەۋىرىم يوق. مېنىڭ كۆپلەپ ئۇيغۇرچە كىتاب ئوقۇيدىغان ۋاقتىم يوق. شۇڭا كۆپىنچە بۇرۇن ئېسىمدە قېلىپ قالغان سۆزلەرنى ئىشلىتىپ يېزىۋاتىمەن. تاپالمىسام لۇغەت ئاختۇرۇپ، پەقەت بولمىسا ئىنگلىزچىسىنى يېزىپ قويىمەن. ماۋۇ سۆزنىڭ مەنىسى مۇنداق ئىدى، دەپ يېزىپ قويىمەن. ئەمدى بۇ بىر ئاددىيلا ئۇقۇم. باشقىلارنى بىز يازغان نەرسىلەرنى ئوقۇسۇن دېسەك، باشقىلار چۈشەنگۈدەك بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىسا ھېچكىم ئوقۇمايدۇ، ھەم ئۇنىڭ مەزمۇنىدىن پايدىلىنالمايدۇ.

**رىياسەتچى:** بايا سىز دەپ ئۆتتىڭىز. ئۇيغۇر تىلىدا بەزى كىتابلار سەل مۇرەككەپقۇ، لېكىن ئىنگلىز تىلىدا ئاڭلىشىمچە ئۆگەنگۈچىلەر قانچە ئاددىي تىلدا سۆزلىسە باشقىلارنىڭ شۇنچە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ، دەيدىكەن.

**ئەركىن سىدىق:** شۇ، ئاشۇنداق. كىشىلەر كىتابلارنى ئوقۇش جەريانىدا، شۇ كىشىنىڭ نامى چىقىدىغان گەپتە. مۇشۇنداق بىر كىتاب بار ئىكەن، دەپ ئېلىپ ئوقۇپ قىلىدۇ. ئاندىن، ئۇنى مەخسۇس باھالايدىغانلار بار. باھالايدىغان باھا يازىدۇ ئۇ كىتابلارغا. ئامازون دەپ بىر تور بېتى بار، ئۇ دۇنيادا كىتاب سېتىشتا ئەڭ داڭلىق بىر شىركەت، ئىنتېرنېتتا كىتاب سېتىشتا. ئاشۇنىڭغا قارىسىڭىز، ھەر بىر كىتاب چىققاندىكىن، باشقىلار شۇ كىتابقا باھا يازىدۇ. باھا يازغاندا ئۇنىڭ ئاممىبابلىقىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئامىل. مەن ئۆتكەندە تور بەتلەردە مۇشۇ گەپلەرنى چىقارغاندىكىن كېيىن، ماقالىلەرنى ئاممىباب تىلدا يېزىشنى چىقارغاندىكىن كېيىن، بەزىبىر تورداشلار «ئەگەر ئۇنداق قىلىۋەرسەك، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇرەككەپ يۇقىرى سەۋىيىلىك سۆزلۈكلىرىنى ئىشلەتمەي ماۋۇ تىل سەۋىيىسى چۈشۈپ كەتمەمدۇ؟» دېگەن پىكىرلەر چىقتى. ئۇ دېگەن توغرا. لېكىن، مېنىڭچە يازغان كىتاب-ماقالىلەرنى ئىككى تۈرگە ئايرىش كېرەك. ئۇنىڭ بىرسى پۈتۈن خەلق ئاممىسىغا قارىتىلغان كىتاب، يەنە بىرسى ئىلمىي ماقالە. ئىلمىي ماقالىلەر مۇرەككەپ يېزىلسا بولىۋېرىدۇ. ئىلمىي ماقالە يازىدىغانلار، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىدىغانلار شۇ كەسىپ ئەھلى بولغاچقا، ئۇلار قانچە مۇرەككەپ بولسىمۇ چۈشىنەلەيدۇ. تىلنىڭ ساپاسىنى ئاشۇ ئارقىلىق ساقلاش كېرەك. لېكىن، كەڭ خەلق ئاممىسى پايدىلىنىدىغان نەرسىلەرنى چوقۇم ئاممىباب تىلدا يېزىش كېرەك. ئاشۇنداق بولمىسا خەلق ئاممىسى ئۈچۈن پايدىسى يوق ئۇنىڭ.

**رىياسەتچى:** ئۆزىنىڭ كەسىپتىكى ھازىرقى تەتقىقاتلىرىڭىز، ئۇتۇقلىرىڭىز، ۋە

ئىزدىنىشلىرىڭىزگىمۇ بىز ئۆزۈندىن بۇيان قىزىقىپ كېلىۋاتىمىز. مۇشۇ ھەقتىمۇ بىزنى بىر خەۋەردار قىلغان بولسىڭىز.

**ئەركىن سىدىق:** مەرپەت تورىغا كىرىدىغانلار بىر ئاز بىلىشى مۇمكىن. مەن ھازىرغا قەدەر ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالە 70 تىن ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە پاتېنتتىن ئۈچى بار. ئامېرىكىدا كىتاب بابى (Book Chapter) دەپ بىر نەرسە بار. باب دېگەن 1-باب، 2-باب، دەپ بىر نەرسە بار ئەمەسمۇ. ئالىي مەكتەپلەردىكى، تەتقىقات ئورۇنلىرىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنى يىغىپ مەلۇم بىر تېما ئاستىدا بىر كىتاب تۈزەيلى، دەپ ئۇ كىتابنىڭ ئوخشىمىغان بابىنى ھەر بىر گۇرۇپپىغا تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىگە ئاساسەن، سەن مانى ياز، سەن ئاۋۇنى ياز، دەپ بۆلۈپ بېرىدۇ. ئاشۇنداق قىلىپ، شۇنى بىرلەشتۈرۈپ بىر كىتاب يازىدۇ. ئاشۇنىڭغا چىققان نەرسىمىزنى بىز كىتاب بابى دەيمىز. ئاشۇ كىتاب بابىدىن ئۈچى بار. قالغانلىرى ژۇرنال، ۋە يىغىنلاردا ئېلان قىلىندى. مەن ھازىر ئامېرىكىنىڭ NASA دەپ ئاتىلىدىغان ئالەم قاتناش ئىدارىسىدە ئىشلەۋاتىمەن. بىزنىڭ ئىدارىدە 5000 دىن ئارتۇق ئادەم بار. NASA نىڭ 10 مەركىزى بار ئامېرىكىدا. بىزنىڭ ئىدارە شۇنىڭ بىرسى. سەل مۇھىم تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارىدىغان ئورۇن. جەمئىي 5000 ئادىمىمىز بار. بۇنىڭ ئىچىدە 1/3 ئادەمنىڭ، يەنى 1700 دەك ئادەمنىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋانى بار، قالغان 1/3 ئادەمنىڭ ماگىستىرلىق ئۇنۋانى بار، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەر. كائىناتقا چىقىرىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىزنىڭ ئىدارىدە تەتقىق قىلىمىز. ھەم چىقىرىمىز، ھەم باشقۇرىمىز. بىزنىڭ ھازىر ئالەم بوشلۇقىدا ئۇچۇپ يۈرگەن نەرسىدىن 19 ى بار، مارسنىڭ ئۈستىدە مېڭىپ يۈرۈۋاتقان 3 ماشىنا بار ھازىر. مېنىڭ يېقىندا ئۇقۇشۇمچە، ئۆزۈم ئىدارىدىن ئىزدەپ كۆرۈپ باقتىم. تۈركىي مىللەتلەر ئىچىدىن مەن يالغۇز ئىكەنمەن ئۇ ئىدارىدە. 2 يىلنىڭ ئالدىدا قىزىم كىردى بۇ ئىدارىگە، ھازىر 2 ئۇيغۇر بار بولدۇق. مۇنداق خىزمەت بار ئىكەن، دەپ قىزىمنى مەن تونۇشتۇرمىدىم. ئۆزى ئىلتىماس قىلىپ كىردى. قىزىمنىڭ ئوقۇغىنى ئىقتىساد كەسپى بولۇپ، ئۇ ئىدارىنىڭ مالىيە بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ، خېلى جىق پۇلنى باشقۇرىدۇ، 500 مىليون دوللاردەك پۇلنى باشقۇرىدۇ.

مېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمنىڭ بىرسى، كائىناتتا ئادەمگە ئوخشاش جانلىقلار بار بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى بولغان باشقا پلانېتلارنى تاپىدىغان تېلېسكوپلارنى ياساش. شۇ ئىشنى قىلىۋاتىمەن. ئالەم قاتناش ئىدارىسىنىڭ 3 چوڭ

ۋەزىيىتى بار: (1) بىز نەدىن كەلدۇق؟ ئىنسانلار، يەر شارى نەدىن كەلدى؟ شۇنى ئېنىقلاپ بېقىش؛ (2) بىز نەگە بارىمىز؟ كائىنات بۇنىڭ 13 مىليارد يىل بۇرۇن بىر چوڭ پارتلاشتىن پەيدا بولغان. ئەمدى بۇنىڭ تەقدىرى قانداق بولىدۇ؟ پارتلاپ چوڭ بولغاندىكىن يەنە كىچىكلەپ يوقاپ كېتەمدۇ، ياكى بىر خىل تۇرامدۇ، ياكى داۋاملىق كېڭىيىپ ماڭامدۇ؟ مۇشۇنى ئېنىقلاپ چىقىش. (3) كائىناتتا بىزنىڭ باشقىمۇ ئادەم بارمۇ-يوق؟ مۇشۇنى ئېنىقلاپ بېقىش. نۇرغۇن توورداشلار، قېرىنداشلار مۇشۇ UFO دېگەن ئۇچار تەخسىنىڭ گېپىنى كۆپ ئاڭلىغان. ئۇچار تەخسىنىڭ ئىشىنى 1977-يىلى ئامېرىكا يالغان ئىكەن، دەپ خۇلاسە چىقىرىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتلارنى ھەممىسىنى توختىتىۋەتكەن. ھازىرمۇ ئۇنى تەتقىق قىلىۋاتقانلار بار ئىكەن. كانادادا بىر «ئۇچار تەخسە مەركىزى» دەپ بىر تەتقىقات مەركىزى بار ئىكەن. ئامېرىكا بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتلارنى توختىتىۋەتكەن، ئۇنى يالغان دەپلا چىقىرىۋەتتى. ئامېرىكا «مەن ئۇچار تەخسىگە چىقىپ باققان، بىر ھەپتە تۇرۇپ چۈشتۇم» دېگەنلەردىن جەمئىي 165 تەك ئادەمنى تىزىملاپتۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە خېلى يۇقىرى ئۇنۋانلىرى بار، خېلى يۇقىرى خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەيدىغانلارمۇ بار ئىكەن. كېيىن ئۇنى تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇنى يالغان ئىكەن، دەپلا چىقىرىۋەتتى. خەۋەرىڭلاردا بار، ئامېرىكىدا يالغانچىلارنى، راستمۇ-يالغانمۇ شۇنى تەكشۈرىدىغان ماشىنىسى بار. شۇنىڭدا دېگەن گېپىنىڭ راست-يالغانلىقىنى تەكشۈرەلەيدۇ. ئۇ يۈزدە-يۈز توغرا ئەمەسكەن، ئەمما مېنىڭ بىلىشىمچە 95% تىن يۇقىرى توغرا چىقىدىكەن. ئاشۇلارغا سېلىپ بېقىپ يۈرۈپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى يالغان ئىكەن، دەپلا چىقىرىۋەتتى.

**رىياسەتچى:** يالغان سۆزلىسە مۇنداق قىلىپ بىلىۋالىدىكەن-دە؟

**ئەركىن سىدىق:** ئۇنى مۇنداقلا قىلمايدۇ. بىر-ئىككى سائەت ياتقۇزۇپ قويۇپ، سوئال سوراپ تۇرۇپ ئېنىقلايدۇ. كىنولاردا كۆرگەن بولۇشۇڭلار مۇمكىن، ئاشۇنداق قىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق تېپىپ، بۇ يالغان ئىكەن، دەپ چىقىرىۋەتتى. بىزنىڭ ماۋۇ ساھەدە ئىشلەيدىغانلار ئىككى نەرسىگە ئىشىنىمىز. بىرىنچىسى، كائىناتتا ئادەم، ۋە باشقا جانلىقلار بار پلانېتىلار چوقۇم بار دەپ ئىشىنىمىز. نېمىشقا دېسىڭىز، بىزنىڭ قۇياش سىستېمىسى 8 چوڭ پلانېتا بولۇپ، سامان يولى گالاكسى دەپ ئاتىلىدىغان بىر گالاكسىدا. سامان يولى گالاكسىنىڭ ئۆزىدە 200 مىليارد يۇلتۇز بار. بىز ئاخشىمى ئاسمانغا قارىغىنىمىزدا يۇلتۇزلارنى كۆزىمىزدە كۆرىمىز. ئەگەر تېلېسكوپ بىلەن قارايدىغان بولساق قۇمنى كۆرگەندەكلا كۆرىمىز. يۇلتۇزلار خۇددى

دېڭىزنىڭ بويىدىكى قۇمغىلا ئوخشايدۇ. ئەمەلىيەتتە شۇنچىلىك قويۇق. 200 مىليارد يۇلتۇز بار. پۈتۈن كائىناتتا گالاكسىدىن 200 مىليارد بار. كائىنات ئاشۇنداق چوڭ بولغاچقا، شۇلارنىڭ ئىچىدە يەر شارىغا ئوخشاش هاۋاسى بار، سۈيى بار، تېمپېراتۇرىسىمۇ ياشاشقا توغرا كېلىدىغان باشقا پلانېتىلار چوقۇم بار، دەپ ئويلايمىز. ئىككىنچىسى، بىزنىڭ پەرەز قىلىشىمىزچە باشقا پلانېتىلاردا ئادەم بولسىمۇ، ئۇلارنى بىزدىن ئەقىللىق ئەمەس، دەپ ئويلايمىز. سەۋەبى نېمە دېسىڭىز، ئۇلار ئەقىللىق بولسا، بۇ چاغقىچە بىزنى ئىزدەپ تاپاتتى. ئۇلار ئەقىللىق بولمىغاچقا بىز ئۇلارنى ئىزدەۋاتىمىز. ئىزدەۋاتقىلى خېلى ئۇزۇن بولدى. NASA دىن 1977-يىلى 2 ئالەم ئۇچقۇرى قويۇۋەتكەن. قۇياش سىستېمىسى بىر تەخسىگە ئوخشايدۇ. ئوتتۇرىدا كۈن بار، ئەتراپىدا 8 پلانېتا ئايلىنىدۇ. ئالەم ئۇچقۇرىنىڭ بىرسىنى بىر تەرەپكە يەنە بىرسىنى يەنە بىر تەرەپكە قىلىپ ماڭدۇرۇۋەتكەن. ئۇلارنى ماڭدۇرۇۋەتكىلى هازىر 32 يىل بولدى. بۇ 2 ئالەم ئۇچقۇرى ئۇچۇۋېرىپ هازىر قۇياش سىستېمىسىدىن چىقىپ بولاي، دېدى. ئۇنىڭدا بىر ئالتۇن تەخسە دېگەن بىر تەخسە بار، خۇددى پاتېفون تەخسىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭغا 28 مىللەتنىڭ ئاۋازىنى، ناخشىسىنى، رەسىملىرىنى ئېلىپ ماڭدۇرۇپ، توختىماي تارقىتىپ تۇرىدۇ. باشقا پلانېتىلاردا ئادەم بولۇپ قالسا، ئۇنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى كۆرۈپ، «هە!... قۇياش سىستېمىسىدا يەر شارى باركەن، ئۇنىڭدا ئادەم باركەن» دەپ بىزنى ئىزدەپ كېلىپ قالامدىكىن دەپ قويۇۋەتكەن. هازىرغا قەدەر هېچكىم ئىزدەپ كەلمىدى تېخىچىلىك (كۈلكە)... شۇنىڭغا قاراپ بىز ئۇلاردىن ئەقىللىقراق ئىكەنمىز، دەپ ئويلاۋاتىمىز. ئۇ تەخسىنىڭ بىرسى بىزنىڭ ئىدارىدە بار ئىكەن. كۆرگەزمىگە قويۇپ قويغان ئىكەن. كۈنۈپكىسىنى باسسىڭىز، قايسى تىللار بارلىقى ھەممىسى چىقىدىكەن. مەن شۇنى ئىدارىگە كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئاڭلاپ باقتىم. ئاڭلاپ باقسام، «سالام» دېگەن گەپمۇ چىقتى، «سەلام» دېگەن گەپمۇ چىقتىم. بۇنى ئاڭلاپ «ۋوي، ئۇيغۇرمۇ بار ئوخشايدۇ» دەپ خوش بولۇپ كېتىپ، چۈشەندۈرۈشىنى ئوقۇسام، بىرسى تۈركچە ئىكەن، بىرسى ئەرەبچە ئىكەن. ئۇيغۇرلار يوق ئىكەن. كېيىنكى قېتىم مۇشۇنداق قىلىپ قالسا ئۇيغۇرچىنىمۇ كىرگۈزۈپ قويىاي دەپ ئويلاۋاتىمەن. (كۈلكە) ...

تاشقى پلانېتىلارنى ئىزدەش خېلى بۇرۇن باشلىنىپ بولغان. NASA نىڭ بىر تور بېتى بار. تور بېتىدە قانچە پلانېتا تېپىلدى، سانىنى كىرگۈزۈپ تۇرىدۇ. ئۆتكەندە قاراپ باقسام، هازىرغا قەدەر 310 پلانېتا تېپىلىپتۇ. بۇ پلانېتىلارنى بىۋاستە كۆرگەن ئەمەس. بۇ پلانېتىلار بىزنىڭ يۈپتېرغا ئوخشاش ناهايىتى چوڭ. ئۇ پلانېتا يۇلتۇزنى

ئايلانغان ۋاقىتتا تارتىش كۈچى سەۋەبىدىن يۇلتۇز بىلەن لاغايلايدۇ. ماۋۇ يېنىغا كەلسە ماۋۇ يەرگىرەك ماڭىدۇ، يەنە بىر يېنىغا كەلسە مانداقراق ماڭىدۇ. ئاشۇ يۇلتۇزغا قاراپ تۇرۇپ، مۇشۇ يەرنىڭ چۆرىسىدە پلانېتا باركەن، ئۇنىڭ چوڭلۇقى مانچىلىككەن، ئۇنىڭ ئوربىتىسى مانچىلىككەن دېگەنلەرنى ھېسابلاپ چىققىلى بولىدۇ. ھازىرغا قەدەر مۇشۇنىڭدىن 310 نى تېپىپ بولدى. يېقىندا 3-ئايدا كەپلېر دېگەن يەنە بىر تېلېسكوپنى قويۇپ بەردۇق. ئۇ تېلېسكوپمۇ سامان يولى گالاكسىدىكى 30 نۇر يىلى ئىچىدىكى 10 مىڭ يۇلتۇزنى تەكشۈرمەكچى. ئاشۇ 10 مىڭ يۇلتۇزنى ھەر يېرىم سائەتتە بىر قېتىم رەسىمگە ئېلىپ بولىدىكەن. رەسىمگە ئېلىپ، ئاشۇنىڭ مىدىرلىشىغا قاراپ بېقىپ، مەلۇم يەردە يۇلتۇز بولۇپ قالسا، ئۇ يەرگە يوغان پلانېتا كېلىپ قالسا يۇلتۇزنىڭ نۇرىنى توسۇۋالىدۇ. توسۇۋېلىپ يۇلتۇزنىڭ نۇرى ئازراق ئۇنىڭغا چۈشىدۇ. ئاشۇنى ئۆلچەپ يۈرۈپ، ئاشۇ يۇلتۇزنىڭ ئۆپچۆرىسىدە پلانېتا بارمۇ-يوقمۇ، قانچىسى بار، دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېنىقلىغىلى بولىدىكەن. شۇنى كۆزىتىدىغانغا ماۋۇ تېلېسكوپنى قويۇپ بەردى.

مېنىڭ قىلىۋاتقان تېلېسكوپنىڭ تېخنىكىسى ئۆلاردىنمۇ يۇقىرى. ئۇ پلانېتىلارنى بىۋاسىتە كۆرىدىغان تېلېسكوپ. نېمىشقا پلانېتىلارنى بىۋاسىتە كۆرىدىغان تېلېسكوپ دېسىڭىز، قالغان يۇلتۇزلار بىزدىن بەك يىراق. بىزنىڭ قۇياش سىستېمىسىغا ئەڭ يېقىن يۇلتۇز 2.6 نۇر يىلى يىراقلىقتا. نۇر يىلى دېگەن ئارىلىقنى چۈشەندۈرىدىغان بىرلىك بولۇپ، بىر نۇر يىلى دېگەن گەپ نۇر بىر يىل ئىچىدە باسىدىغان ئارىلىق دېگەن گەپ. نۇر بىر يىلدا قانچىلىك ئارىلىقنى باسىدۇ، دېسىڭىز، ئۇنى دەپ بولغىلى بولمايدۇ. ئۇ بەك چوڭ سان، ئادەمنىڭ ئاغزى پاتمايدۇ. شۇڭا ئۇنى بىر نۇر يىلى دەپ ئاتىۋالغان. نۇر بىر سېكۇنتىغا 300 مىڭ كىلومېتىر ماڭىدۇ. شۇڭا قۇياشنىڭ نۇرىمۇ يەر شارىغا بىر نەچچە مىنۇتتا كېلىدىغۇ دەيمەن. باياتىن قاراپ باقسا، پلۇتون دەپ بىر پلانېتا بار ئىدى. كېيىن ئۇنى باھالاپ بەك كىچىككەن دەپ، پلانېتىدىن چىقىرىۋەتتى. شۇ پلانېتىدىن يەر شارىغا نۇر كېلىش ئۈچۈن، 9 سائەتمۇ ۋاقىت كېتىدىكەن. شۇڭا 2.6 نۇر يىلى دېگەن گەپ بەك يىراق. بىزگە ئەڭ يېقىن يۇلتۇزنىڭ بىز بىلەن بولغان ئارىلىقى 2.6 نۇر يىلى دېگەن گەپتە. قالغان يۇلتۇزلار بىزدىن تېخىمۇ يىراق دېگەن گەپ. بۇنى قانداق چۈشەنسىڭىز بولىدۇ، دېسىڭىز، كېچىسى ئاسمانغا قاراپ يۇلتۇزلارنى كۆرىسىز. بۇنىڭ ئىچىدە سىز كۆرگەن يۇلتۇزلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ يېقىنىنىڭ نۇرى 2.6 يىلى بۇرۇن چىققان نۇر. قالغانلىرى بولسا تېخى ئۇنىڭدىنمۇ يىراق. ئاشۇنداق يىراق بولغاچقا، شۇ

يۇلتۇزلارنى تېلېسكوپ بىلەن قارىسىڭىز، پلانېتىلار بىلەن يۇلتۇز بىر-بىرىگە چاپلىشىپ قالغان بولىدۇ، چاپلىشىپ قالغاندەكلا كۆرىدۇ، ئارىلىقى شۇنداق يېقىن. شۇڭا سىز پلانېتىلارنى كۆرەي دېسىڭىز كۆرەلمەيسىز. پلانېتىلاردىن نۇر چىقمايدۇ. يۇلتۇزدىن نۇر چىقىدۇ، پلانېتىلاردىن نۇر چىقمايدۇ. بىزنىڭ ئايدىنمۇ نۇر چىقمايدۇ. ئاينى بىزنىڭ كۆرەلىشىمىزدىكى سەۋەب، كۈننىڭ نۇرى ئايغا چۈشىدۇ، ئايدىن قايتىپ كەلگەن نۇر ئارقىلىق بىز ئاينى كۆرەلەيمىز. پلانېتا دېگەن شۇنداق نەرسە. بۇ ئىككىسىنىڭ نۇرىنىڭ پەرقى 10 مىليارد ھەسسە پەرقى بار. يۇلتۇزنىڭ نۇرى پلانېتىنىڭ نۇرىدىن 10 مىليارد ھەسسە كۈچلۈك. ئاشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، سىز پلانېتىلارنى كۆرۈش ئۈچۈن يۇلتۇزنىڭ نۇرىنى يوق قىلىۋەتمىسىڭىز بولمايدۇ. ئۇنى يوق قىلىۋەتمىسىڭىز پلانېتىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ھازىر بىز ياساۋاتقان تېلېسكوپ دەل شۇنداق تېلېسكوپ. تېلېسكوپنىڭ ئىچىدە بىز يۇلتۇزنىڭ نۇرىنى يوق قىلىۋېتىپ، ئاندىن پلانېتىنى كۆرەلەيمىز. ئۇنى 2016-يىلى قويۇپ بەرمەكچى. بۇنداق تېلېسكوپلارغا بولغان تەلەپ بەك يۇقىرى. بىز ياساۋاتقان تېلېسكوپنىڭ ئاساسىي ئەينىكى سوقىچاق بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 8 مېتىر، كەڭلىكى 3.5 مېتىر، ئېللىپس شەكىللىك بولىدۇ. نېمىشقا ئاشۇنداق دېسىڭىز، ئادەتتە تېلېسكوپنىڭ ئەينىكى قانچە چوڭ بولسا ئۇنىڭ پەرق ئېتىش ئىقتىدارى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. بىزنىڭ چوڭ تېلېسكوپنى قويۇپ بەرگۈمىزمۇ بار، ئەمما 8 مېتىرلىق يۇمىلاقنى قويۇپ بېرەيلى، دېسەك، ئۇنى ئاسمانغا ئاچىقىدىغان راكېتا يوق ھازىر. ئۇنىڭغا 8 مېتىرلىق راكېتا كېتىدۇ. ئۇنداق چوڭ راكېتا بولمىغانلىقى ئۈچۈن، تېلېسكوپنى سوقىچاق قىلىپ، بىر چېلەكتەك نەرسىنىڭ ئىچىگە قاچىلاپ، راكېتانىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىرىدىغان گەپ. چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئاسمانغا چىقىرىلغاندىن كېيىن ئۇ ئېچىلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا تېلېسكوپنى ئايلاندۇرۇپ يۇرۇپ، 8 مېتىرلىق تېلېسكوپتەك پايدىلانغىلى بولىدۇ. ئاشۇنداق تېلېسكوپنىڭ توغرىلىق دەرىجىسىگە بولغان تەلەپ 30 نانومېتىر. 8 مېتىرلىق ئەينەككە بولغان توغرىلىق دەرىجىسى، يۈزىنىڭ تەكشىلىك دەرىجىسى 30 نانومېتىر. نانومېتىر دېگەن قانداق بىرلىك دېسىڭىز، 1 مېتىر 1000 مىللىمېتىر، 1 مىللىمېتىر 1000 مىكرومېتىر، 1 مىكرومېتىر 1000 نانومېتىر. ئاشۇنداق ئويلاپ باقسىڭىز بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ چېچىنىڭ توملۇقى 15 مىكرومېتىردىن 180 مىكرومېتىرغىچە كېلىدىكەن. قارا قاشلىق، توم چاچلار 180 مىكرومېتىر، سېرىقراق چاچلار 15 مىكرومېتىر كېلىدىغان ئوخشايدۇ (كۈلكە). ئاشۇنداق بولغاچقا، ئەڭ ئىنچىكە چاچنى ئالسىڭىز

15 مىكرومېتىر كېلىدۇ، دېگەن گەپ. ئاشۇ دېگەن 15000 نانومېتىر دېگەن گەپتە. ئۇيلاپ بېقىڭ، 8 مېتىرلىق تېلېسكوپنىڭ توغرىلىق دەرىجىسى 30 نانومېتىر بولۇشى كېرەك-تە. ئاشۇنداق بولمىسا، ئابايا مەن دېگەندەك يۇلتۇزنىڭ نۇرىنى 10 نىڭ 10 دەرىجىسىگىچە يوقىتىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا تەلەپ بەك يۇقىرى، بەك تەس، ھەمدە ۋاقىت بەك جىق كېتىدۇ. ھازىر بىزنىڭ پىلانىمىزدا 2016-يىلى قويۇپ بەرمەكچى. ئۇنى قويۇۋېتىپ، ھازىرقى پەرەزدە، 2030-يىللىرى جانلىقلار بار پلانېتىلار تېپىلىشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىۋاتىمىز. شۇڭا، تورغا كىرىۋاتقان ياشلارنىڭ ھەممىسى كېيىن ئاشۇنداق نەرسىنى كۆرەلەيدۇ، دەپ ئويلايمەن. ئەمدى مۇشۇنىڭغا ئۇلاپلا دەۋەتسەم، كائىنات قانچىلىك چوڭ، دېگەننى. باياتىن نۇر يىلىنى ئازراق چۈشەندۈرۈپ قويدۇم. كائىناتمۇ تەخسىگە ئوخشايدۇ. بىر تەرىپى يۇمىلاق چوڭ، يەنە بىر تەرىپى سەل نېپىزرەك. تەخسىنىڭ بىر تەرىپىدىن يەنە بىر تەرىپىگىچە بولغان ئارىلىق 100 مىڭ نۇر يىلى، قېلىنلىقى 3000 نۇر يىلى ئىكەن. ھازىرغا قەدەر مۆلچەرلەپ چىققىنى ئاشۇنداق ئىكەن. بۇ ساھەدە دەيدىغىنىم مۇشۇنداق.

**رىياسەتچى:** سىز شۇنچە مۇھىم تەتقىقاتلار شۇنداق ئالدىراش ئىكەنسىز. شۇنداقتىمۇ، نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ تور ئارقىلىق سىزدىن سورىغان سوئاللىرىغا ئىنتايىن ئەستايىدىللىق بىلەن جاۋاب بېرىپ كېلىۋاتىسىز، ياكى سۆھبەتتە بولۇۋاتىسىز. سىز بۇ جەھەتتە ۋاقتىڭىزنى قانداق ئورۇنلاشتۇردىڭىز؟ سىزنىڭ خىزمەت، ۋە ياكى تۇرمۇشىڭىزغا تەسىرى بولمىدىما؟

**ئەركىن سىدىق:** ئەمدى ئازراق توسالغۇ بولىدۇ. ئامانگۈل (ئايالىم) مۇ نۇرغۇن يۈكلىرىمنى كۆتۈرۈپ دېگەندەك، مېنى بەك ئوبدان قوللاۋاتىدۇ. يېقىندىن يانقى ئوقۇغۇچىلارمۇ بۇ سوئالنى مەندىن ناھايىتى كۆپ سورىدى. مېنىڭ 1-سىنىپتىن تارتىپ ئۆگىنىشىم ياخشى بولغاچقا، باشقىلارغا ياردەم قىلىش ماڭا بىر ئادەت بولۇپ قاپتىكەن. كىچىكىمدىن تارتىپ مەندىن سوئال سورىغانلارغا ئوبدان چۈشەندۈرۈپ ياردەم قىلاتتىم. بۇ ئادەت ئىزچىل تۇردە داۋاملاشتى. يەنە بىرسى، مېنىڭ بۈگۈنكىدەك كۈنگە كېلىشىمدە تارتمىغان جاپايىم ئاز قالمىدى. دۇنيادا بار جاپانىڭ ھەممىسىنى تارتىپ باققان. ئۇنى ئۇقمىغانلارغا دېسەم مەن بۈگۈنكى كۈنگە ئاسانلا كېلىپ قالغاندەك بىلىنىدۇ. ھازىر ئۇنى دېسەم بىر نەچچە مىنۇتتىلا سۆزلەپ بولغىلى بولىدۇ. لېكىن، ئەمەلىيەتتە ھەممە ئىشلارنى كۆرۈپ باققان. بىز كىچىك ۋاقىتلاردا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا ئىشىكنى ئېچىپ قويۇپ مەكتەپ باشقۇرۇش

بولۇپ كەتتى. تۇرمۇش شۇنداق قىيىنچىلىق. مەكتەپكە قىغ يىغىپ ئۆتكۈزىدىغان ئىشلىرىمىز بار ئىدى. مەن كېيىن دېھقان بولدۇم، ئىشچى بولدۇم، بىر مەزگىل پادىچى بولدۇم. كېيىن ئوقۇتقۇچى بولۇپ دېگەندەك، مۇشۇنداق نۇرغۇن جەريانلارنى بېسىپ ئۆتتۇم. مۇشۇنداق بولغاچقا، مۇشۇنداق ئېگىز-پەسلىكنى كۆرۈش جەريانىدا ئادەم نۇرغۇن ئىشلاردا تەجرىبىلىك بولۇپ كېتىدىكەن. ئۆزۈمنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن بولغاچقا، ھازىر ياشلارنىڭ مەندىن سورىغان نۇرغۇن سوئاللىرىغا جاۋاب تېپىش مەن ئۈچۈن ئۇنچىۋالا تەس ئەمەس. مېنىڭ ئويلايدىغىنىم، ئىنسان ئۈچۈن باشقىلارنىڭ تەقدىرىدە ياكى باشقىلارنىڭ ئەھۋالىدا بىر ئاز ئۆزگىرىش پەيدا قىلالىسا، ئۇ ئادەمگە ناھايىتى زور خۇشاللىق ئەكېلىدۇ. خۇشاللىق ئەكېلىشنىڭ مەنبەسى بەك كۆپ. بەزەنلەر تېلېۋىزور كۆرۈپ خوش بولىدۇ، بەزەنلەر كىنو كۆرۈپ، بەزى قىزلار گىرىم قىلىپ، ئوبدان كىيىنىپ دېگەندەك...ئاشۇنداق خوش بولىدۇ. ماڭىمۇ خۇشاللىق ئەكېلىدىغان بىر ئىش، باشقىلارغا ياردەم قىلىپ، شۇلارنىڭ ئەھۋالىدا ئازراق بولسىمۇ ئۆزگىرىش پەيدا قىلالىسام، مەن ئۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولىمەن. ئاشۇنداق بولغاچقا، مەن ئۆزۈمگە ئادەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن. مەن ھازىر ئىدارىدە كۈنىگە 9 سائەت ئىشلەيمەن. بىزنىڭ ئىدارە ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ ھەر كۈنى 9 سائەت ئىشلەپ، 2 ھەپتىدە بىر قېتىم جۈمە كۈنى دەم ئالىدىغان قىلىۋەتكەن. شەنبە-يەكشەنبە كۈنى چوقۇم دەم ئالىمىز. 2 ھەپتىدە بىر قېتىم جۈمە كۈنىمۇ دەم ئالىمىز، شۇنىڭ بىلەن 3 كۈن دەم ئېلىش بولىدۇ. كۈنىگە 9 سائەتتىن ئىشلەپ. ئاشۇنداق قىلىمىز، خىزمەتكە 9 سائەت كېتىدۇ، چۈشلۈك تاماقتا بىر سائەت تاماق يەيمىز، بىر سائەت تاماق ۋاقتىدىمۇ، ھەر كۈنى تاماقنى ئەكېتىپ، ئۆزۈمنىڭ ئۈستىلىدە يەپلا، كەلگەن خەتلەرگە جاۋاب بېرىمەن. يولغا 2 سائەت كېتىدۇ. بىزنىڭ ئىدارە ئۆيدىن 45 كىلومېتىردەك يىراقلىقتا، شۇڭا ئىشقا بارغۇچە 1 سائەت، كەلگۈچە 1 سائەت كېتىدۇ ماشىنا ھەيدەپ. شۇنداقتا 12 سائەت تۈگىدى، دېگەن گەپ. كەچتە ئۆيگە كېلىپ تاماقنى يەپ، ئازراق چېنىقىمىز. يېرىم سائەتتەك ماڭىمىز. چۈش ۋاقتى يېرىم سائەتتەك ماڭىمەن. كەچ ۋاقتى يېرىم سائەتتەك ماڭىمەن. ئۇنىڭدىن كېيىنلا ئولتۇرۇپ، كومپيۇتېرنى ئېچىپ قۇچىقىمغا قويۇۋېلىپ كەلگەن خەتلەرگە جاۋاب خەت يازىمەن. ھېرىپ كېتىمەن، بولۇپمۇ بېلىم بەك تېلىپ ئاغرىپ كېتىدۇ. ئاشۇنداق ۋاقىتلاردا سافادا ئولتۇرۇپلا ئاشۇنداق قىلىمەن. ئەمدى ماۋۇ يازىدىغان نەرسىلەرنى ئادەتتە مۇشۇ دەم ئېلىش كۈنلىرى يازىمەن. يېقىندىن بۇيان مېنىڭ دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىم كۆپىنچە شۇنىڭ بىلەن

كېتىۋاتىدۇ، ئەگەر ماقالىنى ئارقا-ئارقىدىن چىقىرىمەن دېسەم. شۇنداق بولسىمۇ، ئۆزۈم زېرىكىشلىك ياكى باشقىچە ھېس قىلمايمەن. بەزىدە ھارىمەن، لېكىن زېرىكىشلىك ھېس قىلمايمەن. نېمىشقا دېسىڭىز، ئاشۇنى يېزىش ئارقىلىق، نۇرغۇن باللارنىڭ ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ. كېيىن ماڭا ئۇلار خەت يازىدۇ. «بۇرۇن مۇنداقتىم، ھازىر مۇنداق بولدۇم»، دەپ خەت يازىدۇ. بۇنى كۆرۈپ ئىنتايىن خوش بولۇپ كېتىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەر يىلى ياۋروپاغا نەچچە بالا چىقىۋاتىدۇ، ئامېرىكىغىمۇ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلارمۇ كېلىپ بولغاندىن كېيىن، ماڭا خەت يازىدۇ: «ئەركىن ئاكا، پوكۇنى ۋاقتىتا سىز ماڭا ياردەم قىلغانتىڭىز، مەن ھازىر چەت ئەلگە چىقىپ بولدۇم» دەپ. بۇنى كۆرۈپ خۇددى ئۆزۈم چەت ئەلگە چىققاندەك شۇنداق خوش بولۇپ كېتىمەن. ئەينى ۋاقىتتا بىز ياپونىيەگە چىققاندىمۇ شۇنداق تەسكە توختاپ كەتكەن. بىز 1-تۈركۈمدە 85-يىلى ياپونىيەگە چىقتۇق. ئۇنىڭدىن بۇرۇن چەت ئەلگە چىقىش دېگەن نەرسىنى بىز تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايتتۇق. شۇنداق چوڭ ئارزۇيىمىز بار ئىدىيۇ، تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايتتۇق. بۇ قېتىم بۇ ئىش ھەل بولدى. مەن چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىن بارا-بارا ئۆسۈپ ھازىرقى دەرىجىگە كېلەلىدىم. ئاشۇ باللارغىمۇ ئاشۇنداق پۇرسەت چىقسۇن، بولسا ھەممە ئادەملەرگە ئۆز ئىقتىدارىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلدۇرىدىغان مۇشۇنداق بىر پۇرسەت بولسىكەن، دېگەن بىر نىيەتتە ئۆزۈمنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغان ئىشنى قىلاي دەپ تىرىشىپ كېلىۋاتىمەن.

**رىياسەتچى:** ئابايا زىيارەت قىلىشتىن ئاۋۋال، باشقىلارنىڭ بىر گېپىنى ئاڭلاپ ئالدىم. بۇلار ئادەتتە سىزدىن سوئالنى شۇنچىلىك تېز سورايدىكەن. سىز شۇنچىلىك ئالدىراش تۇرۇپمۇ شۇنچىلىك تېز جاۋاب قايتۇرىدىكەنسىز. ئاڭلىسام ئۇلار شۇنداق سۆيۈنۈپ كېتىپتۇ.

**ئەركىن سىدىق:** رەھمەت، رەھمەت!... مەن بۇرۇن ئىمكان بار شۇ كۈننىڭ ئۆزىدىلا، بولمىسا 3 كۈن ئىچىدە جاۋاب بېرەي دەپ ئۆزۈمگە پرىنسىپ قىلىۋالغان. كۆپىنچە 3 كۈن ئىچىدە جاۋاب بېرىپ كېلىۋاتىمەن. بەزى ياشلار، چەت ئەلگە چىقىشقا ئىلتىماس قىلىۋاتقان ياشلار كىچىك سوئاللارنى ئارقىمۇ-ئارقا سوراۋېرىپ، مەندىن بەزى نەرسىلەرنى قىلىپ بەرسىڭىز دەيدۇ. مەسىلەن، جەدۋەلنى تولدۇرۇپ بەرسىڭىز، مەكتەپكە ماڭدۇرۇپ بەرسىڭىز، دەپ سورايدىغانلار بار. ئۇنداق قىلىشقا مېنىڭ پەقەت قۇدرىتىم يەتمەيدۇ. شۇنداق ۋاقىتتا مەن ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ «ئۇكام، مەن بۇنى قىلالمايمەن. يۇرتتىن ئىنگلىزچىنى بىلىدىغان بىرسىنى تېپىپ

قىلدۇرۇڭ. ماڭا كېلىدىغان خەتلەر بەك كۆپ. ئۇ ئىشلارغا مېنىڭ ۋاقتىم يەتمەيدۇ»، دەپ قويۇپ، بەزەنلەرگە ئاخىرىدا توختاپ قالغان ۋاقىتلىرىمۇ بار. لېكىن كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇنداق ئەمەس، ھەممىسىگە جاۋاب بېرىپ كېلىۋاتىمەن. ئىمكان بار 3 كۈن ئىچىدە جاۋاب بېرەي، دەپ شۇنىڭغا تىرىشىپ كېلىۋاتىمەن.

**رىياسەتچى:** بەلكىم سىزنىڭمۇ خەۋىرىڭىزدە بار بولۇشى مۇمكىن. يېقىندا ئۇيغۇر زىيالىيلىرى كۆپ تەرەپلىمە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ھەر يىلى 5-ئاينىڭ 5-كۈنىنى «ئۇيغۇر دوپپا مەدەنىيەت بايرىمى» ئۆتكۈزۈش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى. سىز بۇنداق تۈردىكى پائالىيەتلەرنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىي مەۋجۇتلۇقىدىكى رولىغا قانداق قارايسىز؟

**ئەركىن سىدىق:** بۇ بەك مۇھىم. مەن سەلكىن توردا بۇنى كۆرۈپ شۇنداق خۇشال بولدۇم. خوش بولۇپ، بۇ ئۇچۇرنى مېنىڭ مەرىپەت تور بېتىمگىمۇ چىقىرىپ قويدۇم. مەرىپەت تور بېتىگىمۇ بىر ھەپتىدەك قويۇپ قويدۇم. نېمىشقا دېسىڭىز بۇ بەك مۇھىم. دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەر، فىرانسىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە قاتارلىقلارغا قاراپ باقىدىغان بولساڭلار، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى نەرسىلىرىنى ئىنتايىن ئايايدۇ. كونا بىنالىرىنى پەقەت چاقمايدۇ، كونا كىتابلىرىنى پەقەت يوقاتمايدۇ، كونا ئۆرپ-ئادەت، كىيىملىرىنى پەقەت يوقاتمايدۇ. بەك ئەتىۋارلايدۇ. ياپونىيەدە بۇنى مەخسۇس قوغدايدۇ. مەن ئۆتكەن يىلى فىرانسىيەگە بېرىپ كەلدىم. فىرانسىيەنىڭ پارىژ شەھىرىگە باردىم. پارىژنىڭ 2 شەھىرى بار ئىكەن، بىرسى كونا شەھەر، بىرسى يېڭى شەھەر. كونا شەھەر قەدىمكىلا شەھەر ئىكەن. ئەڭ يېڭى بىنالىرىمۇ نەچچە 100 يىل بۇرۇنقى بىنالار ئىكەن. ئۇلار ھازىرقى زامان بىناكارلىق تەرەققىياتىدىن قېلىپ قالمايلى، دەپ يېڭىدىن بىر يەر ئاجرىتىپ، پۈتۈن يېڭى بىنالارنى شۇ يەردە قۇرۇشقا باشلاپتۇ. لېكىن، كونا بىنالىرىنىڭ ئارىسىغا ھېچقانداق يېڭى بىنالىرىنى ئارىلاشتۇرماپتۇ. شۇنداق بولغاچقا، سىز پارىژنىڭ كونا تەرىپىگە بارسىڭىز، ئۆزىڭىزنى نەچچە يۈز يىل، نەچچە ئەسىردىن بۇرۇنقى بىر دۆلەتكە بارغاندەك ھېس قىلىدىكەنسىز. شۇڭا ئۇلار بەك كۆڭۈل بۆلىدۇ. شۇڭا، دېمەكچى، بىر مىللەت ئۆزىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى، مەدەنىيىتىنى، ئۆزىگە تەۋە بىر قىسىم نەرسىلىرىنى ساقلاشتا ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ئۆرپ-ئادىتىنى ساقلاش بەك مۇھىم. شۇڭا مۇشۇ دوپپا مەدەنىيەت بايرىمى شۇنداق ئوبدان رول ئوينايدۇ، ئاشۇنداق قىلىشنىڭ بىر ياخشى قىسمى، دەپ ئويلايمەن. بەك ياخشى بوپتۇ، بەك خوش بولدۇم.

**رىياسەتچى:** پارىژدا كونا شەھەر بىلەن يېڭى شەھەر ئايرىلىدۇ، دېدىڭىز. ئۇنداقتا ئۇ كونا شەھەر ئاسار-ئەتىقە سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالامدۇ، ياكى ئۇ يەردە كىشىلەرمۇ ياشامدۇ؟

**ئەركىن سىدىق:** ياشايدۇ. ھەممىسى سېلىنىۋاتقان بىنالار. لېكىن، شەھەرنىڭ تۈسى ئۆزگىرىپ كەتمىسۇن، دەپ ئۇلار ھېچقانداق يېڭى بىنا سالماپتۇ. يېڭىدىن قۇرۇلۇش سالغۇسى كېلىپ كەتكەنلەرگە، بىر جايىنى بېكىتىپ بېرىپ، يېڭىدىن بىر شەھەر قۇرۇپتۇ. قارىسىڭىز شۇنداق يېقىن، پىيادە بارالايدىكەنسىز، ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى شۇنداق يېقىن ئىكەن. لېكىن پۈتۈنلەي ئايرىم يەردە ئىكەن.

**رىياسەتچى:** كۆرۈنەرلىك ئايرىلىپلا تۇرىدۇ-دە؟

**ئەركىن سىدىق:** شۇنداق، كۆرۈنەرلىك ئايرىلىپلا تۇرىدىكەن. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىشىكى بار ئىكەن پارىژنىڭ، كىنولاردا كۆرگەن بولۇشۇڭلار مۇمكىن، كونا شەھەردە كونا ئىشىك، يېڭى شەھەردە يېڭى ئىشىك بار ئىكەن. ئىككىسى بىرسى-بىرسىگە قاراقلىق، پاراللېل تۇرىدىكەن. ئاشۇنداق ساپتۇ.

**رىياسەتچى:** ئەركىن سىدىق ئاكا، ئاخىرىدا سوراپ باقسام، سىزنىڭ ئۆيغۇر ياشلىرىغا دەيدىغان قانداق يۈرەك سۆزلىرىڭىز بار؟

**ئەركىن سىدىق:** بولىدۇ. يېقىندا مەندىن كۆپ سوئاللار سورالدى، مەن كۆرۈشكەن ئوقۇغۇچىلاردىن. سىز قانداق ئۆگەنگەن؟ سىز قانداق قىلغان؟ دەپ. ئۇلارغا مېنىڭ ھازىرغا قەدەر قانداق قىلىپ ھازىرقىدەك بىر دەرىجىدە كەلگەنلىكىمنى چۈشەندۈرۈپ قويدۇم. مەن كىچىكىمدىن تارتىپلا بۇ ئىشلارنى نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ئويلاپ قىلغان ئەمەس. دەسلەپتە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزۈمنىڭ تەقدىرىنى بىر ئۆزگەرتەي، دەپ ئويلىغان ئىدى. كىچىك ۋاقتىمىزدا بىزنىڭ ئائىلىمۇ شۇنداق قىيىنچىلىق بار بىر ئائىلە ئىدى. دادام كادىر ئىدى. كادىر بولغان بىلەن، دادام يالغۇز ئىشلەپ، بىز 6 بالا، 8 جان ئادەم دادامنىڭ قولىغا قاراشلىق ئىدۇق. ئاشۇنداق بولغاچقا كىچىك ۋاقتىمدا ئىنتايىن جاپادا ئۆتكەن. شۇ چاغدىلا، مەن ئوبدان ئوقۇپ تەقدىرىمنى ئۆزگەرتەي، دەيدىغان دەسلەپكى شەكىللەنگەن ئاڭ شۇ ئىدى. مەكتەپكە بەك ئامراق ئىدىم. كېيىن 5-، 6-سىنىپلارغا چىقىپ ئانچە-مۇنچە ئىش قىلالىغۇدەك، ھارۋا سۆرىيەلىگۈدەك بولغان چاغلىرىمدا دادام بەزى چاغدا «بۈگۈن مەكتەپكە بارماي ئۇن ئەكېلىشىپ بەر» دەيتتى. مەن ماقۇل، دەپ، دادامغا ئۇقتۇرماي تالاغا چىقىپ، سومكامنى تىقىپ قويۇپ بىر يەرگە، تالاغا چىققان بولۇپلا مەكتەپكە قېچىپ كېتەتتىم. قېچىپ كېتىپ تاياق

يەيتتىم بەزى چاغدا. مەكتەپكە شۇنداق ئامراق ئىدىم زادى. كېيىنچە بۇنداق ئارزۇ، بۇنداق نىشان تېخىمۇ كېڭەيدى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن 3 نەرسىنى ئۆزۈمگە نىشان قىلغان شۇ ۋاقىتتا: بىرسى، دۇنيادا بار ئوقۇشنىڭ ھەممىنى ئوقاي دەيدىغان نىشان ئىدى. ئۆزۈم ئوقۇشقا شۇنداق ئامراق ئەمدى. ئاشۇنداق ئويلىغانتىم، كېيىن ئويلىسام دۇنيادا بېرىلىدىغان ئۇنۋاننىڭ ھەممىسىنى ئالاي، دەپ ئويلاپتىكەنمەن. بىر ئادەم بىلىمنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىپ بولغىلى بولمايدىكەن. ئۆگەنسىمۇ بىر ساھەدە دوكتور-ئاشتىغىچە ئوقۇيدىغان ئىشكەن. مەن ئۇنى قىلدىم. ئىككىنچىسى، بىر بەختلىك ئائىلە قۇراي دەيدىغان ئارزۇيۇم بار ئىدى. ئۈچىنچىسى، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزۈمنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتەي، بىزنىڭ ئائىلىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتەي، دېگەن مۇشۇ 3 نەرسىنى ئۆزۈمگە نىشان قىلغان. ھازىر مەن مۇشۇ 3 نىشانىمغا يەتتىم. ھازىر دېسەم نۇرغۇن ياشلارغا ناھايىتى ئاددىي ئاڭلىنىدۇ. شۇ دەرىجىگە كېلىش ئۈچۈن مەندە تۆلىگەن بەدەل بەك كۆپ. مەن ياش ۋاقتىمدا ياشلار بەھرىمەن بولىدىغان ئىشلاردىن ئاساسەن بەھرىمەن بولالمىغان. بەھرىمەن بولمىغان زادى. ئۆزۈمگە شۇنداق بىر يولنى تاللىغان-دە. ئاشۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ۋاز كېچىپ، مەكتەپكە، ئوقۇشقىلا بېرىلىپ، ئاشۇنداق قىلىپ ھازىرقىدەك كۈنگە كەلدىم.

مېنىڭ ياشلارغا دەيدىغىنىم، مۇنداق 2 ئىشقا ئادەتلەنسە، دەپ ئۈمىد قىلىمەن. بۇنىڭ بىرسى، ئادەم ھەر بىر كۈنى نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە خىزمەت بار، ئويۇن-تاماشا بار، ۋە باشقا ئىشلار بار. مەن ياشلاردىن ھەر بىر ئىشنى قىلغان چاغدا «بۇ ئىشنىڭ مەن ئۈچۈن نېمە قىممىتى بار؟» دەپ سوراپ باقسا دەيمەن. ئاشۇ مېنىڭ ئادىتىم. مەن ھەر كۈنى قىلىدىغان ئىشلارنى تىزىۋېلىپ، قايسىنىڭ قىممىتى قانچىلىك، دەپ ئويلاپ باقىمەن. بەزى ئىشلارنى قىممىتى بولمىسا ئۇ ئىشنى پۈتۈنلەي تاشلىۋېتىمەن، قىلمايلا قويىمەن. ئۇنداق قىلىشتىكى سەۋەب، بىر ئادەم قالغان ئادەملەردىن بىر ياخشىراق نەتىجىگە ئېرىشەي، دېمەكچى بولسا، چوقۇم ئۇلارغا قارىغاندا بەكرەك تىرىشىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا يول يوق. ئۇنىڭ باشقا، ئادەمنىڭ ۋاقتى، زېھنىي كۈچى چەكلىك بولىدۇ. ئاشۇنداق بولغاندىكىن، ھەر بىر ئىشلارنى قىلغاندىكى تاللاشنى مۇۋاپىق قىلىش كېرەك. ئەگەر ئۇنى يولىدا تاللىيالمىسا ئادەم ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ، كېيىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ. شۇڭا مەن ئاشۇنداق ئادەتلەنگەن: ھەر بىر ئىشنى ماۋۇ ئىشنىڭ مەن ئۈچۈن نېمە قىممىتى بار؟ دەپ سورايمەن. مەن ئاشۇنداق ئويلايمەن. بەزى ئىشلارنىڭ

مەن ئۈچۈن قىممىتى بولمايدىكەن، ئۈنىڭدىن ۋاز كېچىپ، يۈزدە-يۈز پىرسەنت ئۆزۈمنى قىممىتى بار ئىشقا يۆتكەيمەن. بۇ بىرسى. ئىككىنچىسى، مەن ئالىي مەكتەپكە چىققاندىن تارتىپ، ھەر كۈنى كەچتە ئۇخلاشتىن بۇرۇن «مەن بۈگۈن قانچىلىك نەرسە ئۆگەندىم؟» دەپ ئۆزۈمدىن ئۆزۈم سوراپ باقىمەن. ئەگەر بىرەر كۈنى ئۆگەنمىگەن بولسام كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولۇپ كېتىدۇ. كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولۇپ كېتىپ، ماۋۇ ئىشىم بولمىدى، مەن ئەتە ياخشىراق تىرىشمىسام بولمايدۇ، دەپ ئويلايمەن. شۇڭا مەن ياشلاردىن ئاشۇنداق ئادەتلەنسىكەن، دەپ ئۈمىد قىلىمەن. بۈگۈن تېخى بىر ئوقۇغۇچى ماڭا تېلېفون قىلىپ سورىدى. «ئەركىن ئاكا، مەن ئادەتتە بەك تىرىشىپ ئوقۇيمەن، بەزى چاغدا تىرىشىپ ئوقۇيالايمەن، بەزى چاغدا تىرىشىپ ئوقۇيالمايمەن. بەزى چاغدا زېرىكىپ قالىمەن، ھېرىپ قالىمەن. سىز مۇشۇنى قانداق قىلغان؟» دەيدۇ. ئادەمنىڭ ئۆگىنىشتىكى قىزغىنلىقى، روھى داۋاملىق بىر خىل بولۇۋەرمەيدۇ. مېنىڭمۇ بىر خىل بولۇۋەرمەيدۇ. مېنىڭمۇ بەزىدە ھېرىپ قالىدىغان، كاللام تازا ياخشى ئىشلىمەيدىغان كۈنلىرىم بار. ئاشۇنداق ۋاقىتتا بىر ئىشنى قىلىپ ھېرىپ قالسام، ئۆزۈم مۇھىم دەپ ئويلاپ، قىلىپ ھېرىپ قالسام، يەنە بىر ئىش بار. مەن ئۈچۈن ئانچە مۇھىم ئەمەس، ئەمما ئىنتايىن قىلغۇم كېلىپ كەتكەن ئىشتە (بۇرۇن ئۆزۈمنى چەكلەپ قويغان ئىش). بەك قىلغۇم بار، ئەمما ماۋۇنىڭدەك مۇھىم بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاۋۇنى توختىتىپ قويغان ئىشتە. شۇڭا ماۋۇ ئىشنى قىلىپ ھېرىپ كەتكەن ۋاقتىمدا ئاۋۇ ئىشنى قىلىۋالىمەن. بەربىر ۋاقىت ئىسراپ بولىدىغاندىكىن، دەپ ئانى قىلىمەن. ئاشۇنداق قىلغاندىكىن ۋاقىتتىن ناھايىتى تولۇق پايدىلىنالايمەن. ئاشۇنداق قىلىپ كېلىۋاتىمەن. مەندىن ئۆگىنىش ئۇسۇللىرى قاتارلىقلارنى سورىغان ياشلارمۇ كۆپ. بۇ نەرسىلەرمۇ بۇنداق ئۇنىۋېرسال ئۇسۇل يوق. بۇنىڭ ھەممىسى ئادەمگە باغلىق. مېنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكىم، مەن بەك كۆپ تەجرىبە قىلىمەن. ھەممە ئىشنى تەجرىبە قىلىمەن. ئۆگىنىش قىلسام، ئۆگىنىش ئۇسۇلى، باشقا ئىشنى قىلسام، تەجرىبە قىلىمەن. تەجرىبە قىلىپ بېقىپ، ئۆزۈم ئويلىغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ بېقىپ، شۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىسىنى تاللاپ، شۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا باشلايمەن. مېنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلۇم مۇشۇنداق شەكىللەنگەن. ياشلارغا نىسبەتەن ئۆگىنىش ئۇسۇلى، بەزى ئادەملەر كۈندۈزى ئۇخلاپ، كېچىسى ئۇخلىماي ئۆگىنىش قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بەزى ئادەملەر ئۆرە تۇرۇپ ئۆگىنىش قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، بەزەنلەر ئولتۇرۇپ. بۇ ئادەمگە قاراپ ئوخشىمايدۇ. بۇنى ھەر بىر ئادەم ماڭا قايسى ئۇسۇل

ئەڭ مۇۋاپىقكەن، دەپ بايا دېگەندەك تەجرىبە قىلىپ بېقىپ، شۇ ئارقىلىق ئەڭ ياخشى ئۇسۇلنى تاپقىنى ياخشى. بۇنىڭدا قانداقتۇر بىر سىرلىق، ياخشى ئۆگىنىش ئۇسۇلى بار ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالماسلىق كېرەك. بۇنى ھەر بىر ئادەم ئۆزى يەكۈنلەش كېرەك.

مەن دەسلەپتە دېگەن ئىككى نەرسە بەك مۇھىم. بۇ ئىككىسى. ئۈچىنچىسى، بىر نىشاننى تىكلىگەن ئىكەن، چوقۇم بىر قىسىم ئىشلاردىن ۋاز كېچىپ، ئاشۇ نىشانغا يېتىمەن، دەپ قاتتىق تىرىشىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا يول يوق. قاتتىق تىرىشماي قىلسا، نۇرغۇن ئىشلار بىز ماۋۇ يەردە دېگەندەك ئاسان ئەمەس، ھەم قىزىقارلىق ئەمەس. مەسىلەن، تىل ئۆگىنىش قىزىقارلىق ئىش ئەمەس. ئۇ شۇنداق زېرىكىشلىك ئىش. تىل ئۆگىنىشكە قارىغاندا نۇرغۇن ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان ئىشلار بار. شۇڭا بىر قىسىم ئادەم مەن ۋاقىت چىقىپ ئۆگىنىمەن، دەپ باقىدۇ. ئەمما، ئۇ ۋاقىتنى مەڭگۈ چىقىرالمايدۇ. تىل ئۆگىنىشكە ۋاقىت تاپسام ئۆگىنىمەن ئەمەس، چوقۇم ۋاقىت چىقىرىپ ئۆگىنىش كېرەك. زېرىكىپ كەتسىمۇ چوقۇم ئۆگىنىش كېرەك. ئاشۇنداق قىلمىسا ئۇنىڭدىن بىر نەتىجە قازانغىلى بولمايدۇ. قالغان ئۆگىنىشلەرمۇ ئاشۇنداق. بىر نىشاننى تىكلەپ، ئابايا دېگەندەك ھەر بىر كۈننى ئىسراپ قىلماي، كەچ ۋاقتى مەن بۈگۈن نېمە ئۆگەندىم، دەپ سوراپ، ھەر بىر ئىشنى قىلغاندا بۇ ئىشنىڭ نېمە قىممىتى بار دەپ سوراپ، ئاشۇنداق قىلىپ مېڭىش كېرەك.

ئەمدى يەنە بىر نەرسە، مېنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى، ۋە ئالىي مەكتەپتىكى ياشلارغا دەيدىغان گېپىم، بىئولوگىيە بىلىمى بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا، ئادەم 120 يىل ياشاشقا پروگراممىلانغان. ئادەم تۇغۇلغاندا ئەسلى ياشاش يىلى 120 يىل ئەمدى. ھەممە ئىشنى ئۆز جايىدا قىلىپ ياشىسا 120 يىل ياشىيالايدۇ، دېگەن گەپ. مېنىڭ بىلىشىمچە، ھازىر دۇنيادا 110 ياشقا كىرگەن بىر نەچچە ئادەملەر بار. ھازىرقى دەۋردە كەم دېگەندە 80 ياش ياشىيالايدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپتىكى، ۋە ئالىي مەكتەپنىڭ باللىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۆلارنىڭ ئالدىدا يەنە 55 يىلدەك ياشاش دەۋرى بار. شۇ 55 يىلنى ياخشى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، چوقۇم ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ۋە ئالىي مەكتەپتىكى 10 يىلنى جاپالىق ئۆتكۈزۈش كېرەك، تىرىشىش كېرەك، ئۇنى ئىسراپ قىلماسلىق كېرەك. بۈگۈن بۇ گەپنى مەن بىر ياشقا دېدىم. بۇ بەك مۇھىم. ماۋۇ 10 يىل ۋاقىت ئىچىدە بىر قىسىم نەرسىلەرنى قۇربان قىلىپ، كېيىنكى 55 يىلدا ياخشى ياشاي دېگەن ماۋۇ ھېسابنى بەك ئوبدان قىلىش كېرەك. ئەگەر ئۇنداق

قىلمايدىكەن، ئەگەر مۇشۇ 10 يىلنى ياخشى ئۆتكۈزمەيدىكەن، كېيىنكى 55 يىلنى ياخشى ئۆتكۈزگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، مەن ھەر بىر ئۇيغۇر ياشلىرىدىن مۇشۇ ئۇقۇمنى ئېسىدە چىڭ ساقلىسا، دەپ ئۈمىد قىلىمەن.

**ئاڭلىغۇچى:** بايا سىز دەپ ئۆتتۈپ كەتتىڭىز. پۇرسەتلەر نۇرغۇن ئەھۋالدا ناھايىتى تەستە قولغا كېلىدۇ. شۇنداق بولغاندا، بىز جەمئىيىتىمىزگە مۇنداق قارايدىغان بولساق، (ئۆزۈمنىڭ كۆزىتىشىچە) ئۆزۈمنىڭ نۇرغۇن ئىلغار پىكىرلىك ساۋاقداشلىرىم بار. ئۇلار نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ، يەنى ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ ئوقۇشنى ئاخىرغىچە ئوقۇپ باقسام دەيدىغان ئىرادىسى بار. ئۇلارغا ئائىلە شارائىتى ۋە پۇرسەتلەر قىيىن بولغاندىكىن، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ مەلۇم دەرىجە بارغاندا خىزمەت تېپىش پۇرستى، يەنە داۋاملىق ئوقۇپ بېقىش ئارزۇسى بولغاندىكىن، يەنە ئاتا-ئانىلىرىنىڭ تەشۋىشلىرى ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن گاڭگىراش بولغاندىكىن، مۇشۇنداق گاڭگىراش ئىچىدە ئۆتۈپ كېتىپ بارغان مۇشۇنداق نۇرغۇن ساۋاقداشلىرىم بار. ئۆزۈممۇ مۇشۇنداق گاڭگىراشلارنى بېشىمدىن ئۆتكۈزۈپ باققان. ھازىرقى دەۋردە ياۋروپا، ئامېرىكىلار پەن-تېخنىكىدا دۇنيانىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. نۇرغۇن كىشىلەر ئەڭ ياخشى بىلىمنى ئىگەللەيلى، دېگەندىكىن، شۇ يەرگە بېرىش ئارزۇسى تۇغۇلۇۋاتىدۇ. سىز مۇشۇنداق ياشلارغا، چەت ئەلدە ئوقۇش ئارزۇسىدىكى ياشلارغا، قىيىنچىلىقلارغا نىسبەتەن، جۈملىدىن ئاتا-ئانىلارغا نىسبەتەن، سىزنىڭ كۆز-قارىشىڭىزنى ئاڭلاپ باققۇم بار ئىدى.

**ئەركىن سىدىق:** مەن يېقىنقى بىر-ئىككى يىل ئىچىدە، تور بەتلىرىدە، ئاتا-ئانىسىنى دەپ ئۆزىنىڭ يۇرتىغا كېتىپ، ھازىر قاتتىق پۇشايمان قىلغان يازمىلارنى كۆردۈم. بۇ بايا مەن دېگەندەك كەسپىنىڭ ئىشىغا بىر ئاز باغلىنىپ قالىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە قارىغاندا، بىر بالىنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسىنى ئوبدان بېقىش مەجبۇرىيىتىمۇ بار، ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىنىمۇ بېقىش مەجبۇرىيىتى بار. ئەمما، غەربلىكلەردە ئۇنداق ئەمەس. غەربلىكلەردە ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ بالىسىنى ياخشى بېقىش مەجبۇرىيىتى بار، ئاتا-ئانىلارغا ئۇنچە قاراپ كەتمەيدۇ. قارايدىغانلارمۇ بار، لېكىن ئۇنى ئۇيغۇرنىڭكىگە ھەرگىز سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. مېنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ بالىنىڭ ئاتا-ئانىنى بېقىش ماۋۇ بىر تەرىپىنى ناھايىتى ئېسىل ئەنئەنە دەپ قاراشقا بولىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، تاللاش مەسىلىسىگە كەلگەندە ئاتا-ئانىلارمۇ ئويلىنىپ باقسا بولىدۇ. چەتئەللىكلەرنىڭ كۆز قارىشى بويىچە، بىر ئاتا-ئانا نۇرغۇن قۇربانلىقلارنى بېرىپ ئۆز بالىسىنى ناھايىتى ئوبدان

باقسا، بۇ ئاتا-ئانىنىڭ تاللىشى. ئۆزى رازى بولۇپ ئاشۇ يولنى تاللىغان. مەن بالامنى ئۇبدان باقاي، مەن ئۆزۈم يېمەي بالامغا بېرەي. ئۆزۈم كىيمەي بالامغا بېرەي، دەپ ئاتا-ئانا مۇشۇنداق تاللىغان. كۆپىنچە ئەھۋالدا ئۇنىڭغا بالىلارنىڭ مەجبۇرلىغان بولۇشى ناتايىن. شۇنداق بولغاچقا، ئاخىرىدا «مەن ساڭا شۇنداق بەرگەنتىم، سەن مېنىڭ قېشىمغا قايتىپ كېلىپ مېنى باققىن»، دەپ تۇرۇۋالسا ئەقىل جەھەتتىن، بولۇپمۇ ماۋۇ ئىلمىيلىق نۇقتىسىدىن مۇۋاپىق بولمايدۇ. ئامېرىكىلىقلارنىڭ نۇقتىئىنەزىرى بويىچە ئېيتقاندا. بايامقى چەت ئەلگە چىقىشتىكى گەپنىڭ مەزمۇنىمۇ شۇ، يۇرتقا قايتىشتىكى گەپنىڭ مەزمۇنى مۇشۇ شۇ. يۇرتقا قايتىپ كېتىپ، ھازىر ئەمدى ئاتا-ئانىلار ياشىنىپ قېلىپ، ياكى تۈگەپ كېتىپ قالغاندىن كېيىن، ئاندىن بالا قاتتىق نارازى بولغان ئاشۇنداق نەرسىلەرنى كۆردۈم. بۇمۇ بايام دېگەن بىلەن ئوخشاش نەرسە، چوقۇم بالىغا تاللاش ھوقۇقى بېرىشى كېرەك. ئەگەر بالا ئىنساپلىق چوڭ بولغان بولسا، چەت ئەلدە بولسىمۇ ئاتا-ئانىسىغا قولىدىن كېلىشىچە قارايدۇ. ئاغرىپ تارتىپ بىر نەرسە بولۇپ قالسا دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قىلالماسلىقى مۇمكىن، ئەمما باشقىچە يول بىلەن ئاتا-ئانىسىنى بېقىشقا، ياردەملىشىشكە تىرىشىدۇ. ئۇيغۇرنىڭ پەرزەنتلىرى-دە ئەمدى. شۇڭا «مەن ئەينى ۋاقىتتا سېنى شۇنداق باققانلىقىم ئۈچۈن سەن قايتىپ كېلىپ مېنى باققىن» دېگەن بۇ ئىشقا غەربلىكلەرنىڭ نۇقتىئىنەزىرى بويىچە قارىغاندا توغرا ئەمەس. بالىغا بۇ جەھەتتە، بولۇپمۇ ئۆمۈرلۈك كەسىپ، ئۆمۈرلۈك ھايات يولى، بۇنى قانداق تاللاش مەسىلىسىنى بالىغا بەرگەن ياخشى. بولمىسا بالا بىر ئۆمۈر بەختسىز ئۆتۈپ قالىدىغان ئەھۋال بار. بۇنى مەن تور بەتلىرىدە خېلى كۆردۈم.

**ئاڭلىغۇچى:** چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئارزۇسى بولغان نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن چەتكە چىقىپ ئوقۇش پۇرسىتىمۇ ئىنتايىن قىيىن ھالەتكە توغرا كېلىۋاتىدۇ. بىر قىسىم بالىلارغا نىسبەتەن، ئۆزىنىڭ كەسپىنى ئىنتايىن قىزغىن سۆيىدۇ، ئىنگلىز تىلى نەتىجىسىمۇ ياخشى. لېكىن چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىن مەلۇم بىر خىل ئازراق ئۆزگىرىشلەر بولۇپ قالىدىغان، (ئوخشىمىغان ئۇسۇل، ياكى ئوخشىمىغان لايىقتا)، شۇنىڭغا نىسبەتەن، ئالدى بىلەن مۇشۇ يەردە تەييارلىقنى پۈتۈن تەق قىلىۋېلىپ، ئاشۇ يەرگە چىققاندىن كېيىن ئاشۇ يەرگە چىقىپ قىزىقىپ ئۆگىنىشكە ئۇرۇنۇشى كېرەكمۇ، ياكى ئاشۇ يەرگە چىقىۋالغاندىن ئۆز ئارزۇسىغا چۈشۈۋالالايدىغان ئىمكانىيەتلەر خېلى كەڭرى بولۇشىمۇ مۇمكىنمۇ؟

**ئەركىن سىدىق:** مۇشۇ چەتكە چىقىپ ئوقۇش مەسىلىسىدە، ھەممە ياشلار ئۆچۈن چەتكە چىقىشنىڭ ھەممە شەرتلىرىنى تولۇق ھازىرلاپ ئاندىن چەتكە چىقىش ئىمكانىيىتى يوق ئىكەن. شۇنداق بولغاندىكىن، چەتكە چىقىپ بولغاندىن كېيىن، بىر قىسىم شەرتلەرنى تولۇقلاپ داۋاملىق ئوقۇش ئىمكانىيىتى بارمۇ، دېگەن سوئال ئەمدى. سوئالنىڭ مەزمۇنى مۇشۇ. مېنىڭچە بۇ ئىككى تەرەپكە قارىتىلغان. بىرسى ئىقتىساد. يەنە بىرسى، چەت ئەلدىكى مەكتەپلەرگە كىرىش شەرتىنى ھازىرلاش مەسىلىسى. مەسىلەن، ئامېرىكىغا بېرىپ ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇماقچى بولسا، TOEFL دېگەن بىر ئىمتىھان بار، ئىنگلىزچىدىن ئالىدىغان. ئاندىن كېيىن GRE دەيدىغان يەنە بىر ئىمتىھان بار، ئاسپىرانتلىققا كىرىدىغانلاردىن ئېلىنىدىغان ئىمتىھان. ئەمدى بۇنىڭغا شەرتى توشمىسا قانداق قىلىش كېرەك؟ ئىككىنچىسى ئاۋۇلار تەلەپ قىلغان پۇلنىڭ ھەممىسى بولمىسا قانداق قىلىش كېرەك، دېگەن مەسىلە. پۇل مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇلار ۋىزا بېرىدىغاندا پۇلنى قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ. مەسىلەن، ياۋروپالارغا بارماقچى بولسا، 1-يىلى 7000 دوللار، ياكى 10 مىڭ دوللار پۇل بارلىقى ھەققىدىكى بىر بانكا ئىسپاتىنى ئاپارمىسا بولمايدۇ. شۇ ئىسپاتنى ئاپىرىپ، شۇنچىلىك پۇل بىلەن چىقىۋاتقان ئۇيغۇرلارمۇ بار، باشقا مىللەتلەرمۇ بار. ئۇنىڭ ھەممىسىنى تاپالماي تۇرۇپ، ئىسپاتنى تەييارلىۋېلىپ، ئازراق پۇل بىلەن بېرىپ ئاۋۇ يەرگە، ئاۋۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇپ ئاشۇنداق قىلىپ كەتكەنلەرمۇ بار. بۇ جەھەتتە ياۋروپادىكى پۇرسەت ياخشىراق ئىكەن. ياۋروپادا ئوقۇغۇچىلار بىر ئاز ئىشلەپ پۇل تېپىپ جېنىنى باقىدىغان ئاشۇنداق پۇرسەتلەر بار ئىكەن. ئامېرىكىدا بىر ئاز تەسرەك. ئامېرىكىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپنىڭ سىرتىدا ئىشلەشكە يول قويمايدۇ. مەكتەپنىڭ ئىچىدە ئىشلەشكە يول قويىدۇ، ئەمما سىرتىدا ئىشلەشكە يول قويمايدۇ. ئىشلىگەندىمۇ ھەپتىسىگە 20 سائەت، 20 سائەت دېگەن يېرىم كۈن، ئىشلىگىلى قويىدۇ. يېرىم كۈن ئىشلىگەن پۇل بىلەن تۇرمۇش پۇلىنى قامداپ كېتىش بىر ئاز تەس. ئاشۇنداق بولغاچقا بەلگىلىك ئىقتىساد بولمىسا بولمايدۇ. ئەڭ ياخشى ئۇسۇل يەنىلا ئىلتىماس قىلغان مەكتەپلەرنىڭ شەرتلىرىنى تولۇق ھازىرلاپ، بولسا ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بىلەن بېرىشقا تىرىشقان ئەڭ ياخشى. ھازىر ئامېرىكىغا ھەر يىلى جۇڭگودىن 60-70 مىڭ ئوقۇغۇچى بېرىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ تەڭدىن تولىسى ئۆزىنىڭ شەخسىي پۇلى بىلەن بېرىۋاتقانلار. شەخسىي پۇلى دېگەندىمۇ ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بىلەن بېرىۋاتقانلار

كۆپ. ياۋروپا، ئامېرىكىغا ئوقۇشقا بېرىش ئۈچۈن مۇنداق 5 شەرتنى ھازىرلاش كېرەك: (1) ئوقۇش نەتىجىسى، مۇشۇ يەردىكى تولۇق كۇرسنى ئوقۇغان ۋاقىتتىكى ئوقۇش نەتىجىسى؛ (2) دىپلوم؛ (3) TOEFL ئىمتىھان نەتىجىسى؛ (4) GRE ئىمتىھان نەتىجىسى؛ (5) ئىقتىساد. مۇشۇ 5 نەرسىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشكەنلەر ئۈچۈن ئىقتىساد مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس ئەمدى. ئەگەر نەتىجىسى ياخشى بولسا، دىپلومنى ئالىدۇ نۇرغۇن باللار، TOEFL، GRE ئىمتىھانلىرىدىن ئوبدان نەتىجە ئالالىسا ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بىلەن ئوقۇيالايدۇ. بولۇپمۇ ئاساسلىقى تەبىئىي–پەن، ئىنژېنېرلىق كەسپىدىكىلەر. شۇڭا، ئاشۇ 60–70 مىلىك ئادەمنىڭ ئىچىدە ھازىر ئۇيغۇرلاردىن چىقىۋاتقانلار ئاران 4–5 ئادەم يىلىغا ئامېرىكىغا. سانى بەك ئاز. بولسا بىزنىڭ ياشلىرىمىز مۇشۇ يولنى چۈشىنىپ، بولۇپمۇ ئاتا–ئانىلار كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ باللارغا مۇشۇ نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ، بەكرەك تىرىشىشقا ئۈندىسە. بولۇپمۇ تولۇق كۇرسنى ئوقۇپ بولغۇچىلىق TOEFL، GRE ئىمتىھانلاردىن تولۇق لاياقەتلىك بولغىلى بولىدۇ. مۇشۇنداق قىلىپ چىقىۋاتقانلار خېلى كۆپ. بۇنى ئۇيغۇرلارمۇ قىلالايدۇ. شۇڭا بالدۇرراق تەييارلىق قىلىشقا باشلاپ، ۋاقىتنى زايە قىلىۋەتمەسلىك كېرەك. مەن تېخى بۈگۈن بىر ياش بىلەن پاراڭلاشتىم. ئۇ دەيدۇ، «مەن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ، بىر يىل مەخسۇس TOEFL ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىدىغان كۇرسلاردا ئوقۇپ تەييارلىق قىلىپ، ئىنگلىزچىنى شۇ چاغدا ئۆگىنىپ چىقالامدىم؟» بۇ تىلنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆگەنگىلى بولمايدۇ. سەۋەبى نېمە دېسە، ئادەمنىڭ بىر كۈن ئىچىدە ئۇنتۇۋالىدىغان سۆزنىڭ چېكى بار. ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتسە ئۇنتۇۋالغىلى بولمايدۇ. ئاشۇنداق بولغاچقا ئۇنى ئۇزۇن مۇددەت يىغىش كېرەك. ئادەتتە ئىنگلىز تىلىنى پۇختا ئۆگىنىش ئۈچۈن 2–3 يىل ۋاقىت كېتىدۇ. شۇڭا بۇنى بالدۇرراق باشلىغان ياخشى. ئاخىرىدا مەن بىر يىل قاتتىق تىرىشىپ ئۆگىنىپلا ئۆگىنىپ كېتىمەن، دەپ ئويلىماسلىق كېرەك. ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ. گىرامماتىكىنى ئۆگەنگىلى بولىدۇ، ئەمما سۆزلۈكنى يىغىپ بولغىلى بولمايدۇ. بۇنى چوقۇم 2–3 يىل ۋاقىت ئاجرىتىپ بالدۇرراق باشلاپ قىلىش كېرەك.

**رىياسەتچى:** ئاخىرىدا، يەھۇدىيلار توغرۇلۇق ئازراق سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز.

**ئەركىن سىدىق:** مەن يەھۇدىيلارنى بەك چۈشىنىپ كەتتىم. ھازىر ئۆزۈمنىڭ خىزمەتداشلىرىمنىڭ ئارىسىدا 4–5 يەھۇدىي بار، ھەم يەھۇدىي دوستۇم بار. ئۇلار بىلەن كۆپ پاراڭلىشىمەن. ئۇلار ئۈچۈن بالىغا كىتاب ئوقۇتۇش، بالىنى بىلىم

ساھەسىدە باشقىلاردىن كۆپ يۇقىرى تەربىيىلەش شۇنداق قاتتىق ئەنئەنە بولۇپ كەتكەن. مېنىڭ يېقىن ئۆتىدىغان، بىللە ئىشلەيدىغان بىر سەپدىشىم بار. ئۇنىڭ ئۆيى بىزنىڭ ئىدارىگە 5 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر ئارىلىقتا ئىدى. يېقىندا ئۇ ئۆيىنى مەن تۇرۇۋاتقان شەھەرگە يۆتكەپ كەلدى (50 كىلومېتىر يىراقلىقتا). «نېمىشقا ئۇنداق قىلدىڭ؟» دېسەم، «ئاۋۇ مەن تۇرۇۋاتقان شەھەردىكى مەكتەپنىڭ سۈپىتى سەل چۈشۈپ كېتىپ بارىدۇ، سىلەرنىڭ ماۋۇ شەھەردىكى مەكتەپنىڭ سۈپىتى بەك ياخشىكەن» دەيدۇ. ئاۋۇ ئۆزى تۇرۇۋاتقان شەھەردىكى مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى چۈشۈپ كەتتى، بالىسىنى ياخشىراق مەكتەپتە ئوقۇتىمەن، دەپ، ئىدارىگە 5 كىلومېتىر كېلىدىغان ئۆيىنى سېتىۋېتىپ، 50 كىلومېتىر كېلىدىغان يەرگە يۆتكەپ كەلدى. بۇ يېقىندا بولغان بىر مىسال ئەمدى. ھازىر ئاشۇ كىشىمۇ ئىدارىگە ئىشقا بېرىپ-كېلىشكە ھەر كۈنى 100 كىلومېتىر ماشىنا ھەيدىمىسە بولمايدۇ-دە، بالامنى ياخشىراق مەكتەپتە ئوقۇتىمەن دەپ. مېنىڭ دوستلىرىمنىڭ ئىچىدىمۇ ئاتا-ئانىسى شۇنچە كەمبەغەل، 2 خىزمەت، 3 خىزمەتنى ئىشلەپ يۈرۈپ، بالىسىنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇپ دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغۇچە ئوقۇتقانلار بەك كۆپ. سىلەرمۇ ئۇقىسىلەر، ھازىر يەھۇدىيلارنىڭ ئىسرائىلىيەدە 5 مىليون ئاھالىسى بار، ئامېرىكىدا 6 مىليون ئاھالىسى بار. لېكىن، دۇنيانى خېلى سوراۋاتىدۇ بۇلار. شۇنچىلىك كۈچلۈك. ئىسرائىلىيەدىكى نوپۇسىنىڭ 1/4 قىسمى ئىنژېنېر ئۇلارنىڭ. ئاشۇنداق كۈچلىنىپ كەتتى. ھازىر ئامېرىكىدىمۇ ھوللىۋۇدتىكى كىنو ستۇدىيىلىرى پۈتۈنلەي يەھۇدىيلارنىڭ قولىدا. بانكا ئاشۇلارنىڭ قولىدا. ئىشقىلىپ، بۇلار دۇنيادىكى قىيىن ئىشلارنى قىلىشقا بەك قادىر ئىكەن. ئاشۇنداق بولۇپ قېلىشى، بايا مەن دېگەندەك بالىنى شۇنداق قاتتىق تەربىيىلىگەنلىكى ئۈچۈن. مەن بۇرۇنقى يازمىلىرىمدىمۇ يازدىم، يەھۇدىيلارنىڭ ھازىرغىچە ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ يۈرگىنى كۆرۈپ باقمىدىم. مەن ئۇلارنىڭ يىغىلىشلىرىغىمۇ بېرىپ باقتىم. لېكىن ئۇنداق قىسىملار يوق. ئەمدى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سەنئەت مەدەنىيىتى بەك ئېسىل نەرسە بۇ. ئۇيغۇرلار ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدىمۇ ئۆزىنىڭ سەنئىتىدىن پايدىلىنىپ ناھايىتى خۇشال ياشىيالايدىغان مىللەت. لېكىن، بىر ئاز تەڭپۇڭلۇق بولمىسا بولمايدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ئىلىم-پەندە قەد كۆتۈرىمەن، دەيدىكەن، چوقۇم بالا تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ھازىر پۈتۈن تەشۋىقات ناخشا-ئۇسسۇل ئۈستىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، كىچىك بالىلار چوڭ بولۇۋاتقاندا كىتابقا بېرىلمەي، ناخشا-ئۇسسۇلغا بېرىلىپ كېتىۋاتىدۇ. كىتاب

ئوقۇش مۇسابىقىسى، بىلىمنى سىناش مۇسابىقىسى يوق، ئەمما ئۇسسۇل ئويناش مۇسابىقىسى بار-دە. شۇنداق بولغاندىكىن، پۈتۈن نەزەر ئارتىس بولۇش، ئۇسسۇلچى بولۇشقا قارىتىلىپ قالغان. بۇ ناھايىتى چوڭ تەڭپۇڭسىزلىق، بىر مىللەت ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ تەڭپۇڭسىزلىق. مېنىڭچە بۇ ساھەدە زىيالىيلارنىڭ رولى چوڭ، زىيالىيلار چوڭ رول ئوينىيالايدۇ، مۇشۇنى ئوبدان تەتقىق قىلىپ باقسا بولىدۇ. بىزنىڭ مۇنداق مېڭىشىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈن ناھايىتى پايدىسىز. ناخشا-ئۇسسۇل ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر قىسمى، بەكمۇ ياخشى نەرسە. ئۇنى مەڭگۈ يوقاتماسلىقىمىز كېرەك. داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك. لېكىن، ئۇنى بىلىم ئېلىشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ قويساق پەقەت بولمايدۇ. بۇ يەردە چوقۇم بىر تەڭپۇڭلۇق بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئۇيغۇرلار يەھۇدىيلارغا يېتىمەن، دېسە، چوقۇم يەھۇدىيلاردەك قىلىش كېرەك. بۇ ناھايىتى ئېنىق. ئەگەر ئۇ دەرىجىدە بولمىسىمۇ، ئىلىم-پەندە ھازىرقىدىن ياخشىراق قەد كۆتۈرۈپ ھېچ بولمىغاندا ئوتتۇراھال، ياكى تەرەققىي قىلغان مىللەتلەر قاتارىغا ئۆتىمەن، دەيدىكەن، چوقۇم باللارغا كىتاب ئوقۇشنى ئادەت قىلىش كېرەك. ئۆيدە كىتاب قويىدىغان يەر بولۇشى كېرەك، كىتاب قويىدىغان ئۈستەل بولۇشى كېرەك. مەن جىق ئۆيلەرگە كىردىم. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىدە بۇنداق نەرسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا بۇ بەك مۇھىم نەرسە. بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ جەھەتتە تەدرىجىي يۆتكەلمىسەك، بىز ئۆزىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلمەيمىز.

**رىياسەتچى:** سىزنىڭ ئالەمشۇمۇل نەتىجىلىرىڭىز ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىگە كەلتۈرگەن شان-شەرەپلىرىڭىزگە رەھمەت ئېيتىش، ئۇيغۇر ياشلىرىغا تور ياكى سۆھبەتلەر ئارقىلىق يول كۆرسىتىپ روھىي مەدەت بەرگىنىڭىزگە تەشەككۈر بىلدۈرۈش مەقسىتىدە ئۇيغۇر ياشلىرىغا ۋاكالىتەن تون كىيدۈرۈشنى لايىق تاپتۇق. بۇنىڭغا فۇرقان شىركىتىنىڭ دىرېكتورىنى تەكلىپ قىلىمىز.

**ئەركىن سىدىق:** رەھمەت. سىلەرگە كۆپ رەھمەت ...

**رىياسەتچى:** ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ سان پروگراممىمىز مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى. كېيىنكى ساندا كۆرۈشەيلى.

# ئەركىن سىدىقنىڭ قىسقىچە ئوقۇش ۋە خىزمەت تارىخى

- 1958: ئاقسۇدا تۇغۇلغان
- 1965 ـ 1971: ئاقسۇ شەھەرلىك 4 ـ باشلانغۇچتا ئوقۇغان
- 1971 ـ 1976: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان
- 1976 ـ 1978: ئونسۇ ناھىيىسىدە «قايتا تەربىيە» ئالغان
- 1978 ـ 1983: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا باكلاۋۇرلۇقتا ئوقۇغان
- 1983 ـ 1984: شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان
- 1984 ـ 1985: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولغان
- 1985 ـ 1988: ياپونىيەدە ئوقۇپ، تەتقىقات ئېلىپ بارغان
- 1988 ـ 1990: ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماگىستىرلىقتا ئوقۇغان
- 1990 ـ 1995: كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى (Davis) تە دوكتورلۇقتا ئوقۇغان
- 1995 ـ 1997: كالىفورنىيەدىكى «سانديئا دۆلەت تەجرىبىخانىسى» دا دوكتور ـ ئاشتى بولغان
- 1997 ـ 2004: كالىفورنىيە كىرىمنىي جىلغىسىدىكى ئۈچ شىركەتتە ئىشلىگەن
- 2004 ـ ھازىرغىچە: كالىفورنىيە لوس ئانژېلىس رايونىدىكى NASA مەركىزى JPL دە ئىشلەۋاتىدۇ

Araf

ERKİN SİDİQ YAZILARI 4. KİTAP
GÖNÜL GÖNÜLDEN SU İÇER
– Biliwal ve Selkin İnternet Röportajları

**ERKİN SİDİQ (AMERİKA)**
erkinsidiq@gmail.com

**Editör:** Abdulaziz BESTOĞRAK
**Kapak & Mizanpa:** Efvan & Pidakar
**İrtibat:** Tedbir Ltd. www.tedbirltd.com

**Baskı ve Mücellit:**
Tunçel Ofset Matbaacılık Yayıncılık San. ve Tic. Ltd. Şti.
Topkapı / İstanbul Tel: (0212) 501 9 585 - (0212) 565 37 00

**ISBN:** 978-605-9078-75-7

Yayıncı Sertifika No: 12628
**1 Baskı:** Mayıs, 2016

AĞAÇ KİTABEVİ YAY. İNŞ. TAAH.
GIDA VE MEDİKAL ARAÇLAR. SAN. TİC. LTD. ŞTİ
Fevzi Paşa Cad. Şehit Kubilay Sk. No: 6 Fatih/İstanbul

"Araf Yayınları" bir Ağaç Kitabevi" markasıdır
Kaynak gösterilerek alıntı yapılabilir
İzinsiz çoğaltılamaz, basılamaz.

# كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۆئچە



## بىلشىڭ ۋە سالكىن تورى سۆھبەت خاتىرىسى

### ئىلكىن سىدىق يازمىلىرى

1234567890

2000S